ياسىنجان سادىق

# يۇلتۇز، كۆزۈڭنى قىسما



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ياسىنجان سادىق
يۇلتۇز، كۆزۈڭنى قىسما
شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## ياسىنجان سادىق ئەسەرلىرى

جاللات خېنىم (1)
جاللات خېنىم (2)
شەرەنداز ئايال
داۋان
كۆيلەر خانىشى
بۇلبۇلىستان
**يۇلتۇز، كۆزۈڭنى قىسما**
پوچتالىيون ئەتە يەنە كېلىدۇ

ISBN 978-7-228-17044-9

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ياسىنجان سادىق

# يۇلتۇز، كۆزۈڭنى قىسما

(ھېكايىلەر)

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uygurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

星星,别眨眼：维吾尔文 / 牙森江·沙迪克著. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社, 2013.9
ISBN 978-7-228-17044-9

Ⅰ.①星… Ⅱ.①牙… Ⅲ.①短篇小说 — 小说集 — 中国 — 当代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I247.7

中国版本图书馆CIP数据核字(2013)第238418号

责任编辑　孜来汗·艾则孜
责任校对　赛娜瓦尔·依布拉音
特约校对　万力·在顿
封面设计　买买提·诺比提
出　　版　新疆人民出版总社
　　　　　新疆人民出版社
电　　话　0991-2827472
地　　址　乌鲁木齐市解放南路348号
邮　　编　830001
印　　刷　北京顺诚彩色印刷有限公司
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本　880×1230毫米 32开本
印　　张　14.25
版　　次　2013年9月第1版
印　　次　2013年9月第1次印刷
印　　数　1-3000
定　　价　40.00 元


— ياسىنجان سادىق چوغلان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

يۇلتۇز، كۆزۈڭنى قىسما ...... 1
كۆيۈك ئاپتاپ ...... 18
چىلان تۇپراق ...... 26
ئاھ، قىزلار ...... 47
بىلىقچى ھەققىدە ھېكايە ...... 57
قارا قاغا ...... 85
ناتونۇشلار يېزىشقان خەت ...... 105
چاشقان ئاپتى ...... 113
غورا پەسلى ...... 143
يا ئۇچارمەن، يا چۈشەرمەن ...... 163
باھار ھامان ئىللىق ...... 170
بۇلاڭچى ...... 178
ياشىسۇن نىكاھتىن ئاجرىشىش ...... 201
كالا ...... 219
«دىۋان مەشرەپ»كە تۆكۈلگەن قان ...... 238
قۇيرۇق ...... 257
يازغۇچى، ھۆرمەت شارابى ۋە چىۋىن ...... 279
ئېچىل پاختام ...... 290
قارىقۇمچاق ...... 320
سۆگەل ...... 329
تاۋۇس ئەللەيىن (1) ...... 341
تاۋۇس ئەللەيىن (2) ...... 369

پاتمەنىڭ كۆڭلىكى ........................ 396
تاز ۋە چىۋىن ........................ 414
ئامەت ــ ئىشچانغا يار ........................ 430
مۇھەببەت گۈلگە ئوخشايدۇ ........................ 444

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يۇلتۇز، كۆزۈڭنى قىسما

ئايالىم ئازراقمۇ رومانتىك ئەمەس ئىدى.

خىزمەتتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتقىنىمدا، بولۇپمۇ بىرنەچچە كۈنلۈك كاماندىروپكىدىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىمدە ئۇنىڭ ئەركىلەپ بوينۇمغا ئېسىلىشىنى، سۆيۈش، قۇچاقلاش ئارقىلىق سېغىنىشىنى ئىپادىلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم، خۇددى كىنولاردىكىگە ئوخشاش. قاچانلاردىن بېرى ئۇنىڭدىن مۇشۇنداق رومانتىك ھېسسىياتنى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ قالغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. راستىنى ئېيتسام، بىز قىزغىن مۇھەببەت قاينىمىغا چۆكۈپ، يۇرۇشۇپ توي قىلمىغانىدۇق. ئازغىنا كەم ئون بەش يىللىق ئەر ـ خوتۇنچىلىق ھاياتىمىز قىزىقمۇ، سوغۇقمۇ ئەمەس، ئىلمان بىر كەيپىياتتا تىنچ داۋاملىشىپ كېلىۋاتاتتى. ھەئە، بىزنىڭ مۇشۇ ئون بەش يىللىق ئائىلىۋى تۇرمۇشىمىزنى «تىنچ» دېگەن سۆز بىلەن سۈپەتلىسەم، بەلكىم ئەڭ مۇۋاپىق بولار. چۈنكى، بىز توي قىلغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە بىرەر قېتىممۇ قاتتىق يىرىكلىشىپ قالمىدۇق. تاسادىپىي بىر ئىشلارغا ئاچچىقلىنىپ ۋارقىراش ـ جارقىراشلىرىم، يولسىزلارچە ئەيىبلەشلىرىم ئۇنىڭ ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن سۈكۈت قىلىشى، ئەستايىدىللىق بىلەن چۈشەنچە بېرىشلىرى، كەڭ قورساقلىق بىلەن كەچۈرۈم سوراشلىرى بىلەن بېسىقىپ قالاتتى. پارتلاش ئېھتىمالى بولغان ئائىلە ماجىراسىنىڭ پىلتىسىغا ئوت يېقىلمايتتى. ئاخىرقى ھېسابتا مەن ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، سۆزلەپ ـ سۆزلەپ بېسىقىپ قالاتتىم. بىردەمدىن كېيىنلا ئۇنىڭغا ئورۇنسىز

ۋارقىراپ، يولسىزلارچە ئەيىبلەپ دىلىمغا ئازار بەرگەنلىكىمنى ھېس قىلىپ قالاتتىم ـ دە، خىجىللىق، ئۆز ـ ئۆزۈمنى ئەيىبلەش تۇيغۇلىرى ۋۇجۇدۇمنى ئازابلايتتى. خاتالىقىمنى، يولسىزلىقىمنى، ئالدىراقسانلىقىمنى تەن ئېلىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىماقچىمۇ بولاتتىم. لېكىن، ئۇنىڭ ئاشۇ ئىچكى تۇيغۇلىرىنى يوشۇرۇپ تۇرغان سوغۇققان چىرايىغا، قەيسەرلىك، چىدامچانلىق، سۈكۈت بىلىقىپ تۇرغان چوڭ ـ چوڭ قوي كۆزلىرىگە قاراپ بۇ نىيىتىمدىن تېزلا يېنىۋالاتتىم. قايتىدىن جەھلىم قاتاتتى. ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغانلىقىمنى سەزگەندە ماڭا بولغان ھېسداشلىقىنى تىلى ئارقىلىق بىلدۈرمىسىمۇ چىراي ئىپادىسى ئارقىلىق بىلدۈرسە، بىرەر تېمىم ياش تۆكۈپ قويسا نېمە بولىدۇ؟ مېنى بۇنداق قىلىشىمغا ئەرزىمەيدۇ دەپ قارامدۇ يا؟ بىلمەن، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇنچىلىك قاتتىق ئەمەس، خېلىلا ياشلىق. چۈنكى، ئۇنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىكى ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان پېرسوناژلارغا ھېسداشلىق قىلىپ تاراملاپ ياش تۆككىنىنى تالاي قېتىم كۆرگەنمەن.

ھەئە، نەزىرىمدە ئۇ ئازراقمۇ رومانتىك ئەمەس ئىدى. مېنى سېغىنغانلىقىنى، ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن باغرىمغا ئۆزىنى ئاتمىغان، بوينۇمغا ئېسىلمىغان، لەۋلىرىمگە سۆيۈپ باقمىغانىدى. مەن ئۇنىڭدىن شۇنى تەمە قىلاتتىم، بولۇپمۇ بىرنەچچە كۈنلۈك كاماندىروپكىدىن ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىمدە.

— ھارماي كەلدىڭىزمۇ، چاي ئىچەمسىز، قورسىقىڭىز ئاچتىمۇ؟ كېلىشىڭىزنى بىلگەن بولسام، تاماق ئەتكەچ تۇراتتىم. بىرئاز تەخىر قىلىڭ، ھازىرلا تاماق قىلاي، نېمە يېگۈڭىز بار؟

ھارغىنىممۇ، ئاچقىنىممۇ، ئۇسسىغىنىممۇ راست. لېكىن، شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ قۇچاقلىشىغا، سۆيۈشىگە، ئاياللىق نازاكىتى بىلەن ئەركىلىشىگە بەكرەك تەشنا ئىدىم، خۇددى كىنو،

تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدىكىگە ئوخشاش. ئەمما، ئۇ باغرىمغا ئۆزىنى ئېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، خۇددى ئۈۋچىدىن قورققان كېيىككە ئوخشاش مەندىن بىرنەچچە قەدەم نېرى تۇرۇۋالاتتى. خۇددى ساداقەتمەن خىزمەتكار غوجايىنىدىن ئەھۋال سورىغاندەك ئەھۋال سورايتتى. كاماندىروپكىدىن بىرەر نەرسە ئالغاچ كەلگەنمىدۇ دەپ قوللىرىمغا تەمەگەرلىك بىلەن قاراپمۇ قويمايتتى، خۇددى ئۆيگە ھەرقاچان قۇرۇق قول كېلىشىم شەرتتەك، بىرنەرسە ئالغاچ كېلىشىمنىڭ ھاجىتى يوقتەك. ئۇنى قۇچاقلاشنى، سۆيۈشنى ئىزدىگەن ئوتتەك ھېسسىياتىم بىردىنلا سوۋۇيتتى.

ھېلىمۇ ياخشى بۇ سۇس، ئىلمان كەيپىياتنى مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەن بالىلىرىم جانلاندۇرۇپ قىزىتىۋېتەتتى. ئۇ تۇنجى تۇغۇتىدا ئوغۇل، ئىككىنچى تۇغۇتىدا قوشكېزەك قىز تۇغۇپ بەرگەنىدى. ئون ئۈچ ـ ئون تۆت ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان ئوغلۇم بالىلىق قىلىپ ئەركىلىمەيدىغان، يىگىت بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغاندەك مەن بىلەن «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، تاپشۇرۇق ئىشلەش ئۈچۈن ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ چوڭ ئادەملەردەك ماڭا قول بېرىشلىرى مېنى ئۇنى قۇچاقلاشتىن، سۆيۈشتىن توسۇپ قالاتتى. ئايالىم ئوغلۇمغا مەن بىلەن ئاشۇنداق سالاملىشىپ كۆرۈشۈشنى ئۆگەتكەنىدى. ئوغلۇمدىكى بۇ ئۆزگىرىشتىن تۇرۇپ خۇش بولاتتىم، تۇرۇپ كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى، خۇددى ئوغلۇم مەندىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك. پەقەت قوشكېزەك قىزلىرىملا كۆڭلۈمدىكى غەشلىكنى كۆتۈرۈۋېتەتتى. ئىشىكتىن كىرىپلا «ئوھۇي، دادام قايتىپ كەپتۇ» دېگىنىچە باغرىمغا ئۆزىنى ئاتاتتى، بوينۇمغا ئېسىلىپ، مەڭزىمگە سۆيەتتى، ئۆسۈپ كەتكەن ساقاللىرىمنى سىلايتتى. شوخ، بالىلارچە قىلىقلىرى بىلەن كۆڭلۈمنى ئاۋۇنداتتى.

ئىككى قىزىمنى قانماي سۆيەتتىم، قۇچاقلايتتىم، چۈنكى ئۇلاردا ئايالىمنىڭ ھىدى بار ئىدى.

— بولدى، داداڭلارنى ئارام ئالغىلى قويۇپ، تاپشۇرۇقۇڭلارنى ئىشلەڭلار.

ئايالىم ئەنە شۇنداق سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ قىزلىرىمىزنىمۇ قۇچىقىمدىن ئايرىۋېتەتتى.

— ھېرىپ قالمىدىم، بىردەم ئوينىغىلى قويۇڭ.

— ئاۋۋال تاپشۇرۇقنى ئىشلىۋالسۇن. تۇرۇڭلار، پاراڭ سېلىشماي تاپشۇرۇقنى كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەڭلار ـ ھە.

بالىلارنى تاپشۇرۇق ئىشلىتىشتىن ئىبارەت بۇ ئورۇنلۇق سەۋەب ئالدىدا نارازى بولسامۇ غىڭ قىلالمايتتىم. چۈنكى، بالىلارنىڭ تاپشۇرۇقى ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى. ۋاقتىدا ئىشلىمىسە كەچلىك ئۇخلايدىغان ۋاقتىغا تەسىر يېتەتتى. ئاشۇ ئوماق پەرىشتىلىرىمنىڭ مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇق ئىشلەشلىرىگە قاراپ ئىچىم ئاغرىپ كېتەتتى. ناۋادا ئوقۇتقۇچىلىرى تاپشۇرۇقلارنى ئازراق بەرگەن بولسا ـ ھە...

ھەئە، بىردىنبىر ئەرمىكىم تېلېۋىزور ئىدى. ئەمما، ئاسانلىقچە ئايىغى چىقمايدىغان، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدىن قىلچىلىك زوق ئالالمايتتىم. ئەلۋەتتە، قەدەممە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان قۇچاقلىشىش، سۆيۈشۈش كۆرۈنۈشلىرى، پېرسوناژلارنىڭ رومانتىك تۇرمۇشى ھېسسىياتىمنى غىدىقلايتتى. ئايالىم بىلەن ئاشۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىكى پېرسوناژلارغا ئوخشاش رومانتىك ياشاشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئاجايىپ شېرىن خىياللارغا ئەسىر بولاتتىم. ئەمما، رېئاللىق ئۇنداق ئەمەس ئىدى. بىز ئىشتىن قايتىپ كەلگەنلەردە قۇچاقلىشىش، سۆيۈشۈش تۇگۇل، ھەتتا بىر ـ بىرىمىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمىزنىمۇ دېيىشىپ باقمىغاندۇق. ئايالىم تېلېۋىزور كۆرۈشكە بەكلا ئامراق ئىدى. ئەمما، بالىلار تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقان ۋاقىتتا پەقەتلا تېلېۋىزور

كۆرمەيتتى. قولىغا كىتاب ئېلىۋېلىپ ئوقۇسا ــ ئوقۇمىسا تۇتۇپ ئولتۇراتتى ياكى ئۇششاق ــ چۇششەك ئۆي ئىشلىرىنى قىلاتتى. مېنىمۇ تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىنى پەس قىلىپ كۆرۈشكە، بالىلارنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە دەخلى قىلماسلىقىقا ئاگاھلاندۇراتتى. ئىداريدىكى زىيادە خىزمەت بېسىمى، كەسىپى رىقابەت، باشلىقلىرىمنىڭ غوجايىنلارچە قاپاق تۈرۈپ ۋارقىراپ ــ جارقىراشلىرى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش، شاللىۋېتىش ھەققىدىكى قورقاقلىرى سەۋەبىدىن چىققىلغان نېرۋىلىرىم ئۆيدىمۇ ئارامچىلىق، تەسەللى تاپالمايتتى.

بالىلارنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئۈچۈن تىرىشىپ ــ تىرمىشىپ پۇل جۇغلاشتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئايالىم زىيادە تېجەشلىك ئىدى. ئائىلىمىزنىڭ بارلىق چىقىمىنى ئۆزى بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇراتتى. ھەئە، شۇ چاغقىچە ئۇ جەمئىيەتتە ۋابادەك يامراپ كەتكەن قاتار چايىنىڭ بىرسىگىمۇ قاتناشمىغانىدى. ساۋاقداشلىرى، خىزمەتداشلىرى، دوستلىرىنىڭ قاتار چاي ئويناش ھەققىدىكى تەكلىپلىرىنى سىلىق، ئەمما قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىۋەتكەنىدى.

ــ چاي ئوينىغۇڭىز بولسا ئويناڭ. ئۇلار گۇناھنى مەندىن كۆرۈپ، ئېرى زالىم، ئىچى تار ئادەم ئوخشايدۇ، دەپ قالمىسۇن يەنە؟

ــ نېمەدەپ قالسا قالامدۇ. ئوشۇق ــ ئارتۇق چىقىم قىلىپ، چاي ئويناشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمىدى. قىلىشقا تېگىشلىك مېھماندارچىلىق، توي ــ تۆكۈن، نەزىر ــ چىراغ، ئادەمگەرچىلىكتىن قېلىپ قالمىساملا بولدى.

دوستلىرىم، خىزمەتداشلىرىم بىلەن ئانچە ــ مۇنچە ئىچىپ قوياتتىم. داۋاملىق باشقىلارنىڭ قىلغان سورۇنىدا مېھمان بولۇپ يۈرگىلى بولمايدىكەن. پەيتىنى تېپىپ ئۇلارنىمۇ مېھمان قىلاتتىم. ئەنە ئاشۇنداق ئولتۇرۇشلارغا جىقراق پۇل خەجلىۋەتكەن ۋاقتىمدا، ئۇ چاندۇرماي پەيتىنى تېپىپ ماڭا

ئائىلىمىزنىڭ بىرنەچچە ئايلىق كىرىم ـ چىقىمىدىن ھېساب چىقىرىپ بېرەتتى. ئەلۋەتتە، ئۇ چىقىملارنىڭ كۆپىنچىسى مېنىڭ ئولتۇرۇشلارغا خەجلىگەن پۇللىرىم ئىدى.

— نېمە، مېنى ئورۇنسىز پۇل خەجلىدىڭ دېمەكچىمۇسىز؟

— ياقەي، ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن. ئەمدى شۇ ئائىلىمىزنىڭ كىرىم ـ چىقىمىدىن خەۋەر تېپىپ قالسۇن دېدىم. ئىككىمىزنىڭ مائاشىدىن باشقا قانچىلىك كىرىمىمىز بار ئىدى بىزنىڭ؟ ھەرھالدا پۇلنى پىلانلاپ خەجلىگىنىمىز ياخشى. بۇ ئايدا پىلان بويىچە بانكىغا قويۇشقا تېگىشلىك پۇلنى قويالماي قالدۇق.

— ئۇ پۇللارنى مەن ئولتۇرۇش قىلىپ خەجلىۋەتكەن ئوخشىمامدىمەن؟

— نېمانچە تەتۈرلۈك قىلىسىز؟ قاراڭ، مۇشۇ ئىككى ئاي ئىچىدە توي، خەتنە توي، ئۆي مەرىكىسى، نەزىر بولۇپ، جەمئىي بەش ئادەمگەرچىلىككە پۇل چىقىرىپتىمىز...

«تازىمۇ بىر پىخسىق خوتۇن بۇ. يا ئۆزى خەجلىمەيدۇ، يا ئادەمنى خەجلىگىلى قويمايدۇ. بۇ قەستەن مېنى ئوشۇق پۇل خەجلىدىڭ دېگىنى بولماي نېمە؟ ...»

قولۇم ـ قوشنا، خىزمەتداشلارنىڭ، ئەل ـ ئاغىنىلەرنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ھەۋىسى كېلىدۇ. بىزنى ئىناق ئائىلە، ئامراق ئەر ـ خوتۇنلار دەپ تەرىپلىشىدۇ. دېمىسىمۇ ئۆيدە قوشنىلار بىلىپ قالغۇدەك چوڭ ماجىرا چىقىپ باقمىدى. ئىقتىسادتىن قىينىلىپ كىمگىدۇر بويۇن قىسىپ باقمىدۇق. ھېيت ـ ئايەم، بالىلار بايرىمى، تۇغۇلغان كۈنلەردە بالىلىرىمىزغا يېڭى كىيىملەرنى ئېلىپ بېرىپ، گۈلدەك ياساپ قويىمىز. ئەمما تۇرمۇشىمىزدا قىلچىلىك رومانتىكا يوق. باشقا ئەر ـ خوتۇنلار ئامراقلىقىدىن ئەركىلىشىپ، چاقچاقلىشىپ، چاقچاقلىرى چېكىگە چىقىپ ئۇرۇشۇپ قالارىمىش، ئاچىرىشىمىز دەپ سۆرىشىپ يۈرەرىمىش. ئاندىن يەنە ئەپلىشىپ قالارىمىش. بۇنداق چاغدا مۇھەببىتى

تېخىمۇ بەك چىقىپ كېتەرىمىش. ئەمما، مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا ئۇنداق رومانتىك كەيپىيات يوق. خوتۇنۇم مېنى بىرەر قېتىم ئايال زاتىدىن كۆنلەپ قويغان بولسىچۇ كاشكى.

گاھىدا ئويلاپ قالىمەن: ناۋادا ئىككىمىز مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغان بولساق، تۇرمۇشىمىزدا ئاشۇنداق رومانتىكا بولارمىكىنتاڭ.

ھەئە، مەنمۇ مۇھەببەتلەشكەن، مۇھەببەتنىڭ تەمىنى تېتىغان. بىراق، ئۇ ئالىي مەكتەپ ھاياتىمدىكى ئۆتتۈلماس تاتلىق ئەسلىمە، خالاس.

ئىكاھلاپ ئالغان ئايالى بىلەن بىر يوتقاندا يېتىپ تۇرۇپ باشقا ئايالنى ئەسلەشنىڭ ئېغىر ئەخلاقسىزلىق ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. لېكىن، ئەنە ئاشۇنداق رومانتىك تۇرمۇشقا ھەۋەس قىلىپ قالغان ۋاقىتلىرىمدا ئالىي مەكتەپتىكى تۇنجى سۆيگىنىمنى ئەسلەيمەن، خورسىنىمەن. ئوقۇش پۈتكۈزگەن ۋاقتىمىزدا خىزمەت تەقسىماتىمىز بىر يەرگە بولغان بولسا، ھەر ئىككىلىمىز ئۆز يۇرتىمىزغا كەتمىگەن بولساق، چوقۇم توي قىلغان بولاتتۇق. شۇنداق، ئۇ ئاۋۋال توي قىلىۋالدى. توي قىلغانلىق خەۋىرىنى ساۋاقداشلىرىمدىن ئۇقتۇم. كېيىن ئاتا ـ ئانامنىڭ زورى بىلەن مەنمۇ توي قىلدىم. تۇنجى سۆيگىنىمنى ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشتىم. باللىرىم ئارقا ـ ئارقىدىن تۇغۇلغاندا ئۇنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك بولدۇم. كېيىن باللار چوڭ بولدى، باش كۆتۈرمەي تاپشۇرۇق ئىشلەيدىغان، مەن بىلەن بوينۇمغا ئېسىلىپ ئەركىلەپ، سۆيۈپ ئوينىشىدىغان ۋاقىت چىقىرالمايدىغان بولدى. ئايالىممۇ ھە دېسىلا «تاپشۇرۇق ئىشلە» دەپ باللىرىمنى يېنىمدىن ئايرىۋېتىدىغان بولدى. ئۆزى بولسا ئۆي، بالا، خىزمەت دەپ مېنىڭ ھېسسىياتىم بىلەن كارى بولمىدى. ئەنە شۇ چاغلاردىن باشلاپ ئاشۇنداق رومانتىك تۇرمۇشقا ئىنتىلىدىغان بولۇپ قالغان ئوخشايمەن.

باللىرىم مەكتەپتىن يانسا باش كۆتۈرمەي تاپشۇرۇق

ئىشلەيدۇ. ئايالىم تاماق ئېتىش، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش بىلەن ھەلەك. ئىداردە خىزمەت بېسىمىم خوپ بار. باشلىقلىرىم غوجايىنلارچە كىبىرى بىلەن سىياسەتنى قارا مۇشۇككە ئايلاندۇرۇۋالغان. شۇ سەۋەبلىك مېنىڭلا ئەمەس، باشقا خىزمەتداشلارنىڭمۇ، ئەل ـ ئاغىنىلەرنىڭمۇ يەتكۈچە ئىچ پۇشۇقى بار. شۇڭا، ئانچە ـ مۇنچە سىرتلاردا ئولتۇرۇش قىلىپ ئىچىۋالىمىز، ئولتۇرۇشلىرىمىز ئاساسەن «رەڭلىك»، ئولتۇرۇشلىرىمىزغا چىرايلىق قىزلار بىلەن رەڭ بېرىمىز. تۇرمۇشىمىزغا، قۇرۇغان ھېسسىياتىمىزغا ئەنە ئاشۇ ئۇسۇلدا سۇنئىي رەڭ بېرىمىز، ساختا رومانتىكا ئىزدەيمىز. باشقىلارغا قانداقكىنتاڭ، لېكىن مەن ئۇنداق «رەڭلىك» ئولتۇرۇشلاردىكى رومانتىكىدىن ئانچە زوق، لەززەت ئالالمايمەن، خۇددى سۇنئىي گۈلدىن پۇراق، بەھرە ئالالمىغاندەك. ئەنە ئاشۇنداق «رەڭلىك» ئولتۇرۇشلاردىن كېيىن بىرنەچچە ۋاق ئايالىمنىڭ رومانتىك بولۇشىنى، تۇرمۇشۇمغا ھەقىقىي رەڭ، چىن پۇراق، قايناق ھېسسىيات ئاتا قىلىشىنى شۇنچىلىك تەمە قىلىمەن...

تۈيۈقسىزلا كەلگەن بىر تېلېفون مېنى شۇنچىلىك ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. تېلېفوننى ساۋاقداشلىرىم بەرگەنىدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلىكىمىزنىڭ يىگىرمە يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ھەممە ساۋاقداشلار ئۈرۈمچىگە قايتا جەم بولىدىغان بوپتىمىز. ھاياجاندىن ئاشۇ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمگە قايتقاندەك بولۇپ قالدىم. ساۋاقداشلار يىگىرمە يىلدىن كېيىن قايتا يۈز كۆرۈشسەك، قانداق بولۇپ كېتەرمىز ـ ھە؟ راست، خالىدە قانداق تۇرغاندۇ؟ ھېلىمۇ شۇنداق چىرايلىق تۇردىمىكىن؟ ئۇنىڭ بىلەن قانداق تەرزدە كۆرۈشەرمەن؟ مېنى، مۇھەببىتىمىزنى ئۇنتۇپمۇ كەتكەندۇ تايىنلىق. كۆرۈشكەندە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاي، ئىچكى تۈيغۇمنى ئاشكارىلىماي. لېكىن، ئۇ بەكمۇ رومانتىك قىز ئىدى. بولدىلا ئارتۇقچە غەم قىلماي. سىنىپىمىزدا مۇھەببەتلىشىپ، كېيىن توي قىلالمىغانلار يالغۇز خالىدە بىلەن

مەنلىمىدىم؟! ئۆنىڭ ئۈستىگە خالىدە ئاۋۋال توي قىلىۋالغان تۇرسا. يۈرىكىمدىكى ھاياجان، ئەندىشىلەرنى ئايالىمغا بىلدۈرمەسلىككە تىرىشتىم.

— ئىدارىڭىزدىن رۇخسەت سوراڭ، بىللە بېرىپ كېلەيلى.

ھەئە، ئايالىمنىڭ بۇ يىغلىشقا بېرىشنى چىن كۆڭلۈمدىن خالاپ كەتمەيتتىم. پەقەت مۇنداقلا دەپ قويغانىدىم. بىر ھېسابتا بۇ ئۆنىڭغا بولغان ھۆرمىتىم ئىدى، ئەلۋەتتە.

— ھازىر ئىدارىمىزنىڭ خىزمىتى بەك ئالدىراش، ئۆزىڭىز بېرىپ كېلىڭ. بىللە بارىدىغانغا يەنە پۇرسەت كېلەر، — دېدى ئۇ سىلىقلا رەت قىلىپ.

— مەيلى ئەمىسە، — دېدىم قايتا زورلىماي.

— قاچان ماڭىسىز؟

— ئۆگۈنلۈككە.

— ئۇنداق بولسا يۈرۈڭ، بازارغا چىقايلى.

— بازارغا چىقىپ نېمە قىلىمىز؟

— سىزگە بىر قۇر كىيىم ئالايلى.

— ئۇرۇمچىگە كىيىپ بارغۇدەك كىيىملىرىم بارغۇ؟

— شۇنداق بولسىمۇ ئالايلى، — دېدى ئايالىم قەتئىيلىك بىلەن، — يىگىرمە يىللىق ساۋاقداشلار يىغىلىشى تۇرسا، ئوبدانراق كىيىنىپ بارمىسىڭىز بولمايدۇ.

— مېنى راسا بىر يىگىتتەك جابدۇۋېتەي دەپسىز -دە، — دېدىم چاقچاق قىلىپ، — ئىسىل كىيىنسەم نوچىلىقىم تۇتۇپ كېتىپ، چاتاق چىقىرىپ قويماي يەنە.

ئايالىم مىيىقىدا كۈلدى.

— يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا چىقمىغان چاتاق ئەمدى چىقماس.

نېمە ئۈچۈندۇر تېخىمۇ بەك ئەزۋەيلىگۈم كەلدى.

— يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا چاتاق چىققان - چىقمىغانلىقىنى سىز قانداق بىلىسىز؟

شۇ تۇرقىدا ئايالىمنىڭ تېرىكىشىشى، ئازراقمۇ بولسا تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ، دومسىيىشىنى خالايتتىم.

— ئىشقىلىپ، خۇدايىم كۆڭلىڭىزگە ئىنساب بېرەر، ئۈچ بالىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرسىڭىز، چاتاق چىقارماي ساق سالامەت قايتىپ كېلىسىز.

ئايالىمنىڭ بەخىرامان دېگەن بۇ جاۋابى غۇژژىدە نېرۋامغا تەگدى. ئۇنىڭدىن بۇنداق جاۋابنى كۈتمىگەنىدىم. «چاتاق چىقىرىپ بېقىڭا قېنى، كۆرىدىغان كۈنىڭىز بار. تىنچ بېرىپ تىنچ قايتىپ كېلىڭ...» دېگەن بولسا، كۆڭلىدە كۈنلىمىسىمۇ، ئاغزىدا بولسىمۇ كۈنلەيدىغانلىقىنى، مېنى باشقا ئاياللاردىن قىزغىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ قويغان بولسا ـ هە. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەقەللىي شۇنچىلىك رومانتىكىلىقمۇ يوقمىدۇ؟

— سىزنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم، چاتاق چىقىرىپ قويارمەنمۇ؟ ئۆزىڭىزنى ئاشۇ ئۈچ بالىچىلىكمۇ كۆرمەمسىز؟

ئۇ كۆزۈمگە يالتىيىدە قارىدى. ئاق سۈزۈك چىرايىغا سۈس قىزىللىق يامرىدى. شۇ تاپتا ئۇ ماڭا «ياقەي، گېپىمنى خاتا چۈشىنىپ قاپسىز. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم قەلبىڭىزدە ئۈچ بالا بولسا مەنمۇ بولغان بولىمەن. قەلبىڭىزدىكى ئورنۇم ئاشۇ ئۈچ بالىمىزدىن يۇقىرى تۇرىدۇ. مېنىڭ قەلبىمدىمۇ سىز ئەنە شۇنداق يۇقىرى ئورۇندا» دەپ چۈشەنچە بېرىدۇ دەپ ئويلىدىم. ئۆزۈممۇ ئۇنىڭغا «پەقەت سىزنىلا ياخشى كۆرىمەن. قەلبىمدە سىز بىرىنچى ئورۇندا، ئۈچ بالىمىز ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. سىزدىن باشقا ھېچكىمگە قارىمايمەن» دەپ ۋەدە بېرىشكە تەييارلاندىم. پاھ، بۇ نېمىدېگەن كاتتا رومانتىكىلىق كۆرۈنۈش ـ ھە! ...

— نەچچە پۇل ئېلىۋالاي دەيسىز، بەش مىڭ كوي يېتەمدۇ؟

ئەپسۇس، ئۇ تېمىنى بۇرىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كۈتكىنىمدەك جاۋابقا ئېرىشەلمىدىم. كۆز ئالدىمدىكى رومانتىكا چۇل ـ چۇل بولۇپ كەتتى. كەيپىم ئۇچتى، غۇژژىدە كەلگەن ئاچچىقىم

چىرايىمغا تېپىپ چىقتى.

— ئېشىپ قالىدۇ!

ئۇ نېمىگە ئاچچىقلانغانلىقىمنى بىلمىگەندەك بەخىرامان سۆزلەشكە باشلىدى.

— پۇلنى ئاشۇرىمەن دېمەي، كەتتاشا خەجلەڭ. ساۋاقداشلىرىڭىزنىڭ ئالدىدا چېنىپ قالمىسىڭىزلا بولدى. ھە راست، ئوقۇتقۇچىڭىزغا يۇرتىمىزنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتىدىن ئازراق سوۋغات تەييارلايلى.

خۇيۇم تۇتۇپ قالغانىدى. چىش يېرىپ گەپ قىلمىدىم. ئۇ ئۇرۇمچىدىن بىرەر نەرسە ئالغاچ كېلىشىمنىمۇ تاپىلىمىدى. مەنمۇ ئۇنىڭدىن نېمە ئالغاچ كېلەي دەپ سورىمىدىم. ھەئە، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈپ خوشلاشقۇم بار ئىدى، ئەپسۇس، ئۇنداق خوشلىشىش نېسىپ بولمىدى.

ساۋاقداش دېگەن يىگىرمە يىلدىن كېيىن كۆرۈشسىمۇ يەنىلا ساۋاقداش ئىكەن. ئون ئۈچ – ئون تۆت ياشقا كىرىپ قالغان باللىرىمىز بارلىقىنى ئۇنتۇپ، پۇتۇنلەي باللىقىمىزغا، غەمسىز ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمىزغا قايتىپ كەتكەندۇق. خالىدە يەنىلا ئاشۇنداق چىرايلىق، ئاشۇنداق شوخ تۇرۇپتۇ. ھەئە، پىشقان جۇۋانلارغا خاس باشقىچە جەلپكار بولۇپ قاپتۇ تېخى. ئۇ قىز ساۋاقداشلار بىلەنلا ئەمەس، ئوغۇل ساۋاقداشلار بىلەنمۇ بىر – بىرلەپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. كۆرۈشۈش نۆۋىتى ماڭا كەلگەندە بوينۇمغا گىرە سېلىپ، قويۇپ بەرمىدى.

— چىڭراق قۇچاقلىمامسەن، مەخمۇت، ئەجەب تىترەيسەنغۇ؟

خالىدەنىڭ شوخلۇق قىلىپ دېگەن بۇ گېپىدىن ساۋاقداشلار قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

ھەئە، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مەن ئىزدىگەن رومانتىكا مانا مۇشۇ ئىدى. ئەمما، ھەقىقىي دۈچ كەلگەندە نېمە ئۈچۈندۇر قوبۇل قىلالمايۋاتاتتىم. ئەتراپىمدا ساۋاقداشلىرىم قاقاھلاپ كۈلۈۋاتقان، ھەر خىل چاقچاقلارنى قىلىۋاتقاندەك قىلغان بىلەن،

ئاللىقانداق غايىۋى كۈچ مېنى ئەيىبلەۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدىم. ئۆزۈمنى ئەركىن ـ ئازادە تۇتالمايۋاتاتتىم، تىترەۋاتاتتىم. بۇ تىترەك قانداقتۇر ھاياجاندىن ئەمەس ئىدى. ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالغان ئەخلاق قارىشىم، ئاتىلىق مەسئۇلىيىتىم، ئەرلىك مەجبۇرىيىتىم مېنى چەكلەۋاتقان، ئەيىبلەۋاتقان بولسا كېرەك، ئېھتىمالىم. لېكىن، شۇنداقتىمۇ يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرىدە بۇرۇنقى سۆيگىنىمنىڭ قوقاسلىرى يېلىنجاپ قالغانىدى. تانسىنىمۇ، ئۇسسۇلنىمۇ بىللە ئوينايتتۇق، خۇددى يىگىرمە يىل ئاۋۋالقىدەكلا.

ئىككى كۈن ئوقۇتقۇچىمىزنى، مەكتىپىمىزنى يوقلاش بىلەن ئالدىراش ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا تارتىنىش، قورۇنۇشلىرىمىز يوقاپ قايتىدىن ئۆزلىشىپ كەتتۇق. مۇھەببەتنىڭ ئۆچكەن كونا ئوتلىرى قايتىدىن يانغان بىرقانچە ساۋاقداش ئوچۇق ـ ئاشكارا يېقىنلىشىپمۇ قالغانىدى. لېكىن، ئۇلارغا ھېچكىم ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن قارىمايتتى. ھەئە، ھەممەيلەن ئائىلىمىزنى، بالىلىرىمىزنى، جورىمىزنى ئەستىن چىقىرىپ قويغانىدۇق.

مانا بۈگۈن ئوقۇتقۇچىلىرىمىزدىن ئايرىلىپ خاس ساۋاقداشلار رېستورانغا جەم بولدۇق. پىلانىمىزدا ئەتىدىن باشلاپ ئىككى كۈن ئۈرۈمچىنىڭ ئەتراپىدىكى بوغدا كۆلى قاتارلىق مەنزىرىلىك رايونلارغا چىقىپ، قانغۇچە سەيلە قىلغاندىن كېيىن خوشلاشماقچىدۇق.

— ھازىردىن باشلاپ خاسلا ساۋاقداشلار يالغۇز قالدۇق، — دېدى سىنىپ باشلىقىمىز جالال قەدەھ سۆزى قىلىپ، — يەنە ئىككى ئاخشام ۋاقتىمىز بار، شۇڭا پۇرسەتنى چىڭ تۇتايلى، — ئۇ رومكىسىنى ھەممەيلەن بىلەن بىر قۇر سوقۇشتۇرۇپ نۆۋەت ماڭا كەلگەندە كۆزىنى شوخلۇق بىلەن قىسىپ قويدى، — گېپىمنى چۈشەنگەنسەن، مەخمۇت، پۇرسەتنى قولدىن بەرمە.

خالىدە قىزىل ھاراق ئىچىپ ئوبدانلا تەڭشىلىپ قالغانىدى. توختىماي ئۇسسۇل ئوينايتتى، ناخشا ئېيتاتتى. مەن بىلەن تانسا

ئوينىغاچ نېمىشقا ئالدىراپ توي قىلىۋالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرەتتى. «توي قىلالىشىمىزغا ئىشەنچ قىلالمىدىم. ئاتا ـ ئانام زورلاپ تۇرۇۋالدى. سېنى پەقەتلا ئۇنتۇيالمىدىم. سەنمۇ مېنى ئۇنتۇپ كەتكەنسەن تايىنلىق، ئەسلەپ تۇردۇڭمۇ؟» ئۇنىڭ سۆزلىرىگە، سوئاللىرىغا لايىقىدا جاۋاب بېرەتتىم. ھەئە، قول قوللارغا كىرىشىپ، نەپەس نەپەسلەرگە ئۇرۇلۇپ تۇرغاندا ئادەم ھەممىنى ئۇنتۇيدىكەن. ئاللىقانداق بىر ئىستەكتىن ئوت بولۇپ ياناتتىم. ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا ۋەدىلىشەتتۇق.

رېستوراندىن تارقىغاندىن كېيىن ياتاقتا ئىچىشتۇق. ساۋاقداشلار ھەممىيلەن مېھمانخانىنىڭ بىر قەۋىتىگە چۈشكەنىدۇق. بايا رېستوراندا خالىدە بىلەن تولا تانسا ئويناپ ھاراق ئىچىش نۆۋىتىم ئۆتۈپ كەتكەنمۇ قانداق، باشقا ساۋاقداشلارغا سېلىشتۇرغاندا خېلىلا ساق ئىدىم. ئانچە مەست بولمىغانلىرىمىزدىن سەككىز ـ ئونىمىز جالالنىڭ ياتىقىغا توپلىشىپ يەنە ئىچىشكە كىرىشكەنىدۇق. ساۋاقداشلار يەنە بەس ـ بەستە ئەمىلىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى، يەنە پات يېقىندا ئۆسۈش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى، تىجارەت قىلىپ خېلى كۆپ پۇل تاپقانلىقىنى، ئالىي ئۇنۋان ئالغانلىقىنى، ئاشنىسىنىڭ نەچچىگە يەتكەنلىكىنى ماختىنىپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى. يەنە بىرلىرى «بىر تىزىق مارجان، بىر دەستە گۈلدەك» دەپ ساۋاقداشلار ناخشىسىنى توختىماي غىڭشىيتتى. ھەئە، بۇلارمۇ خۇدىنى بىلمىگۇدەك مەست بولۇپ كەتكەنىدى.

بىر چاغدا يانفونۇم جىرىڭلاپ كەتتى. تېلېفون خالىدەنىڭ ياتىقىدىن بېرىلگەنىدى. يانفوننى ئاستا قۇلىقىمغا تۇتتۇم.

— سېنى ساقلاۋاتىمەن، ئىچىۋېرەمسەن، ئەمدى كىرمىسەڭ ياتاقنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋېتىمەن...

گەپ قىلماي ئاستا يانفوننى بېسىۋەتتىم.

ھەئە، خالىدەنىڭ ياتىقىغا شۇنداق كىرگۈم بار ئىدى. ئىككى كۈندىن بېرى ھەر كۈنى ئاخشىمى خالىدەنىڭ ياتىقىغا كىرىشنى

ئويلاپ كەلگەنىدىم. لېكىن، قانداقتۇر بىر كۈچ مېنى بۇ ۋەسۋەسىدىن تۇسۇپ قويۇۋاتاتتى. مانا ھازىر ئۆزۈمنى پەقەتلا تۇتۇۋالالمىدىم. ئاستا سورۇندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتىم. خالىدەنىڭ ياتىقى كارىدورنىڭ ئۇ بېشىدا ئىدى. كارىدور غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. ياتاقنىڭ ئىشىكى راستىلا ئوچۇق ئىكەن. ياتاققا كىرىپ بىخەتەرلىك قۇلۇپىنى بېسىۋەتتىم. خالىدە ئىچ كىيىم بىلەن كارىۋاتتا ياتاتتى، ياتاقنىڭ ئوتتۇرىغا كېلىپ يا ئالدىمغا مېڭىشىمنى، يا ئارقامغا يېنىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدىم.

— ھاڭۋېقىپ تۇرىسەنغۇ؟

دەرھال ئېسىمنى يىغدىم.

خالىدەنىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كەتكەنىدى. قايتا پەرداز قىلىۋالغان بولسا كېرەك، لەۋلىرى چوغدەك جۇلالايتتى.

كارىۋاتنىڭ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردۇم.

خالىدە دەس ئورنىدىن تۇرۇپ بوينۇمغا گىرە سالدى. ئىختىيارسىز سۆيۈشۈپ كەتتۇق. ھەئە، ئوقۇش پۈتكۈزۈش ھارپىسىدا مەكتەپ بېغىدىكى دەرەخلىكتە مۇشۇنداق سۆيۈشۈپ خوشلاشقانىدۇق. ئۇ چاغدا ھەر ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرى ياش ئىدى، پەقەت خوشلىشىش ئۈچۈنلا سۆيۈشكەنىدۇق. ھازىر بولسا كونتروللۇقىنى يوقاتقان جىنسىي ئىستەكنىڭ تۈرتكىسىدە سۆيۈشۈۋاتاتتۇق...

— ئايالىڭ چىرايلىقمۇ؟

خالىدەنىڭ تۇيۇقسىز سورىغان بۇ سوئالى لاۋۇلداۋاتقان ھېسسىياتىمغا خۇددى سوغۇق سۇ چاچقاندەك تەسىر قىلدى. جاۋاب بەرمەي تۇرۇۋالدىم، جاۋاب بەرگۇم، ئايالىمنى ئەسكە ئالغۇم يوق ئىدى. لېكىن، ئۇ ياندۇرۇپ يەنە سورىدى.

— گەپ قىلە، ئايالىڭ چىرايلىقمۇ؟

جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم.

— ھەئە، چىرايلىق...

خالىدە شۇ ھامان لېۋىمدىن لېۋىنى ئەپقاچتى.

— بالىلىرىڭ ئايالىڭغا ئوخشامدۇ، ساغىمۇ؟

بۇ سوئال بىلەن تەڭلا ئەسەبىي ھېسسىياتىنىڭ كونتروللۇقىدىن تولۇق چىقىپ كەتتىم. ئوغلۇم ئانىسىغا، ئىككى قىزىم ماڭا ئوخشايتتى، خۇددى تېرىمىزنى كىيدۇرۇپ قويغاندەكلا. شۇ دەقىقىدە بالىلىرىم يېنىمغا كېلىۋالغانىدى. قىزلىرىم بوينۇمغا ئېسىلىپ، يۇمران ئالىقانلىرى بىلەن يىرىك ساقاللىرىمنى سىلاۋاتاتتى. ھەئە، ئىككى قىزىمدىن ئانىسىنىڭ ھىدى كېلەتتى، خۇددى پۇراپ ـ پۇراپ قانمايدىغان باھارنىڭ ھىدىدەكلا. ئەمما، قۇچىقىمدىكى مۇنۇ ئايالدىن — يىگىرمە يىل ئاۋۋالقى سۆيگىنىمدىن هاراق پۇرىقى كېلەتتى، خۇددى ئېچىغان، بىخسىغان يازنىڭ ھىدىدەكلا. خالىدە يىگىرمە يىل ئاۋۋالقىدەكلا شوخ، سۆزمەن ئىدى. ئەمما، ئايالىم كەم سۆز، ئېغىر ـ بېسىق ئىدى. خالىدە ھېسسىياتقا، رومانتىكىغا باي ئىدى. ئەمما، ئايالىم ئازراقمۇ رومانتىك ئەمەس ئىدى...

خالىدە مېنى يەنە سۆيۈشكە، كۆڭلەكلىرىمنىڭ تۈگمىسىنى يېشىشكە باشلىدى. خېنە ياغقان ئىنچىكە بارماقلىرى مەيدىلىرىمنى غىدىقلايتتى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ قوللىرىنى ئاستا ئىتتىرىۋېتىپ، دەس ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

— نېمە بولدى، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ كەتتىڭغۇ؟

— تاماكا چېكىۋالاي.

— تازىمۇ بىر ۋاقىتتا تاماكا خۇمارىڭ تۇتىدىكىنە سېنىڭ. خالىدە شۇنداق دېگىنىچە دومسايدى.

— تاماكا ئېلىپ كىرەي.

شۇنداق دېگىنىمچە سىرتقا ماڭدىم. خالىدە لام ـ جىم دېمىدى.

مەست ساۋاقداشلىرىمنىڭ كۈلكە ـ چاقچاقلىرى كارىدورغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كىمدۇر بىرسى ساۋاقداشلار ناخشىسىنى توختىماي غىڭشىيتتى. كارىدورنىڭ ئۇ بېشىدىكى مېھمانلارنىڭ ھاۋالىنىشى ئۈچۈن ئالاھىدە لايىھەلەنگەن بالكونغا كۆزۈم

چۈشتى. سىرتنىڭ هاۋاسى تولىمۇ سالقىن ھەم ساپ ئىدى. بايا خالىدەگە تاماكا ئېلىپ كىرەي دەپ يالغان سۆزلەپ قويغانىدىم. يانچۇقۇمدىن بىر تال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردۇم، ئۆيدىمۇ تاماكىنى داۋاملىق سىرتقا چىقىپ چېكەتتىم. قىزلىرىم ئۆيدە تاماكا چېكىشىمگە يول قويمايتتى. مېنى تاماكا تاشلاتقۇزالمىغان ئايالىم ماڭا قىزلىرىم ئارقىلىق تاقابىل تۇرغاندەك قىلاتتى.

— خۇش بولايلى، تاماكا چەكمەڭ، دادا، تاماكىنىڭ سالامەتلىككە زىيانلىقلىقىنى بىلمەمسىز؟

شۇ تاپتا قىزلىرىم قۇلاق تۈۋىمدە ئەنە شۇنداق شىۋىرلاۋاتاتتى.

تاماكىنى ئۈچۈرۈۋېتىپ ئاسمانغا قارىدىم. تاڭ ئاتاي دەپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يۇلتۇزلار تولىمۇ يارقىن جۇلالايتتى. ئەنە ئاۋۇ يۇلتۇز ماڭا شوخلۇق بىلەن كۆز قىسىۋاتاتتى، خۇددى خالىدەنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاش. ئەنە ئاۋۇ يۇلتۇز تولىمۇ غۇۋا ئىدى، جىمىرلىغىنىنىمۇ، كۆز قىسقىنىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى، ئەمما تولىمۇ مېھرىلىك ئىدى، خۇددى ئايالىمنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاش. نېمە ئۈچۈندۇر ھېلىقى غۇۋا، ئەمما مېھرىلىك يۇلتۇزدىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەيۋاتاتتىم. ھەئە، شۇ تاپتا ئايالىمنى سېغىنغان، ئۇنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدىم.

ئايالىم راستىلا رومانتىك ئەمەس، ئەمما مەنچۇ؟ ئۇنىڭغا قانچىلىك رومانتىك تۇيغۇ بەخش ئېتەلىدىم؟ ئۇنىڭ مېنى قۇچاقلىشىنى، سۆيۈشىنى، ئەركىلىشىنى تەمە قىلدىم - يۇ، ئەمما ئۆزۈم ئۇنى نېمىشقا تەشەببۇسكارلىق بىلەن قۇچاقلىمىدىم، سۆيمىدىم، ئەركىلەتمىدىم؟ ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى دېمىدىم؟ توغرا، ياخشى كۆرگەن ئادىمىدىن سۆيگۈنى، سۆيۈلۈشنى تەلەپ قىلىش كېرەك، لېكىن ياخشى كۆرگەن ئادىمىگە سۆيگۈنى، سۆيۈلۈشنى ئاتا قىلىشنىمۇ بىلىش كېرەك. چۈنكى، سۆيۈشتىن سۆيۈلۈش كېلىپ چىقىدۇ. مەن

ئىزدىگەن رومانتىكا دەل مۇشۇ. ھەئە، شۇ دەقىقىدە ئايالىمنى شۇنچىلىك سېغىندىمكى، ئىمكان بولسا دەقىقە ئىچىدە يېنىدا پەيدا بولسام، ئۇنى ئوتلۇق مېھرىم بىلەن، ئەرلىك سۆيگۈم بىلەن باغرىمغا باسسام، قۇچاقلىسام، قانماي سۆيسەم...

تاڭ پەيتىدىكى كۆپكۆك ئاسمان گۈمبىزىگە يەنە قارىدىم. ھېلىقى شوخلۇق بىلەن كۆز قىسىۋاتقان يۇلتۇزنىڭ جىمىرلاشلىرى ئەمدى ماڭا رومانتىكىلىق ئەمەس، بىزەڭلىك بولۇپ تۇيۇلدى. ئىختىيارسىز پىچىرلىدىم:

— يۇلتۇز، كۆزۈڭنى قىسما!

2006 ـ يىلى فېۋرال، يەكەن



www.uyghurkitap.com

# كۆيۈك ئاپتاپ

قۇياش كۆيدۈرگۈچى نۇرلىرىنى زېمىنغا جاي تاللىمايلا چېچىۋاتاتتى. ناھىيە مەركىزىدىكى بۇ ئۇلاغ بازىرى كۆيۈك ئاپتاپتا خۇددى قايناۋاتقان غايەت يوغان قازانغا ئوخشايتتى. بازاردىكى ئالارمەنلەرمۇ، ساتارمەنلەرمۇ خۇددى ئۆزىنىڭ سېتىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ھايۋانلارغا ئوخشاش روھسىز ئىدى. ئايتۇراخان ئەتىگەندىن بېرى قېرى بۇقىنىڭ باھاسىنى زىيادە يۇقىرى قويۇپ، كەلگەن خېرىدارلارنى قاچۇرۇۋېتىپ تۇرغان ئېرىگە بىزارلىق بىلەن قاراپ قويدى ـ دە، ئۇسساپ، قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالىدى. «خېرىدارنىڭ كۆزىگە بىر سىقىم توپا بىلەن ئۇرۇپ، قارا باستۇرىمەن دەيدۇ بۇ پىخسىق». ئۇ ئاغزىدىن بىر غېرىچ شالىنى ئېقىتىپ، مۈگدەپ تۇرغان قېرى بۇقىغا ئاداۋەت بىلەن قارىدى. بۇقا ھەم قېرى، ھەم ئورۇق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ تۇراتتى. دۈمبىسىدىكى يېغىرىنىڭ ئەتراپىدا چىۋىنلەر گىژىلدايتتى. ئايتۇراخانغا بۇقىنىڭ تىكەنلىك ئۇزۇن تىلىنى چىقىرىپ، بۇرنىنىڭ ئىككى تۆشۈكىنى نۆۋەت بىلەن يالىشى قىزىق تۇيۇلدىمۇ، ئەيتاۋۇر بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن نەزىرىنى بۇقىنىڭ باشبېغىنى مەھكەم تۇتۇپ، خېرىدارلارغا ئۈمىد بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان ئېرىگە ئاغدۇردى.

ئاپتاپتا كۆيۈپ قازاننىڭ تۇۋىدەك قارىداپ كەتكەن چىراي، چاپاق باسقان ھېسسىياتسىز كۆز، ئۇزاقتىن بېرى ساتىراش كۆرمەي تەرتىپسىز ئۆسۈپ، چاڭگىلىشىپ كەتكەن ساقال ـ بۇرۇت، ھەرىنىڭ چىشىدەك مەزمۇت، ئەمما تولا چېكىلگەن

ئاسۋالدىن سارغىيىپ، قارىداپ كەتكەن مەينەت چىش، بىر تال مەدەكىنى پاتۇرۇپ قويغاندەك كومشار بۇرنىنىڭ تۆشۈكىدىن شاخچىلاپ چىقىپ، بۇرۇت بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن تۈكچىلەر، مايلىشىپ رەڭگىنى يوقاتقان شاپاق دوپپا... ئايتۇراخان گويا تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك سەسكەندى - دە، كۆزىنى دەررۇ ئېرىنىڭ چىرايىدىن يۆتكىدى. كىشىلەر: «قاراڭلار، قۇيغان ئۆپكىدەك ئاپپاق، چىرايلىق چوكاننىڭ ئېرى ئۇتياشلىقا تىكلەپ قويغان قارانچۇقتەك مۇنۇ مەخلۇق ئىكەن» دەپ زاڭلىق قىلىدىغاندەك ئېرىدىن ئىككى قەدەم يىراقلاشتى. چوغقا دەسسەپ تۇرغاندەك بىئارام بولدى. يېنىدىكى بالىنىڭ چىرقىراپ يىغلىشى ئۇنىڭ دىققىتىنى چالغىتتى. بالا نېمىگىدۇر خەقىش قىلىپ يىغلاۋاتاتتى. ئانىسى — كۆسەيدەك قاپقارا، شۇپۇڭدەك ئورۇق چوكان بالىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، يېنىدىكى ئەرگە ۋارقىراۋاتاتتى:

— ئاتايىن شەھەرگە ئەكىرىپ، بەرگەن ئەللىك كوي پۇلۇڭغا نېمە كېلەتتى؟! ... ھاگىرىما شۇم! ھېلى زۇۋانىڭغا...

ئايتۇراخاننىڭ چىرايلىق كۆزلىرى چوكاننىڭ ھېچقانداق جەلپكارلىقى يوق، رەندە سىلىۋەتكەندەك تۇپتۇز مەيدىسىنى ۋە قامىتىگە پەقەتلا ياراشمىغان قىممەت باھالىق كۆڭلىكىنى ئۆزىنىڭ بىر جۈپ چىلگە ئېسىپ قويغاندەك چوقچىيىپ تۇرغان كۆكسىگە ۋە تولا يۇيۇپ پېتىدىن چۈشۈپ كەتكەن ئەتلەس كۆڭلىكىگە سېلىشتۇرۇپ ئۆلگۈردى. «ھەرقانچە ئېسىل رەختتىن كۆڭلەك بولغان بىلەن ياراشمىسا بىكار.» ئۇ ئىچى قارىلىق بىلەن غۇدۇرىدى - دە، كۆزىنى چوكاننىڭ يېنىدىكى ئەرگە يۆتكىدى.

پاكىز چۈشۈرۈلگەن باشقا قىرلاپ كىيىلگەن بادام دوپپا، قوشۇما قاش، ئىلمەك بۇرۇن، چىرايلىق ياسىتىلغان قاپقارا بۇرۇت، كۆڭلەكنىڭ ئۈستىدىن قاملاشتۇرۇپ چىگىلگەن يېشىل تاۋار بەلباغ. ئۇ قولىدىكى بىر تۇتام پۇلنى يېنىدىكى ئايالغا

www.uyghurkitap.com

تەڭلەۋاتاتتى. ئايتۇراخاننىڭ كۆزى ئەرنىڭ كۆڭلىكىدىن ئېچىلىپ قالغان مەيدىسىدىكى قاپقارا تۈكلەرگە چۈشۈشى بىلەن، ۋۇجۇدى تاتلىق بىر خىل سېزىم ئىلكىدە جۇغۇلدىدى. يۈرىكىنى ئاچچىق بىر تۇيغۇ ئېچىشتۇردى. ئېرى بىر خېرىدار بىلەن بۇقىنى سودىلىشىۋاتاتتى. «ئەبگار قېرى، خۇدانىڭ ئالدىدا نېمە گۇناھىم بار بولغىيدى؟ قېرى بولسىمۇ پۇلى جىق، پۇلنىڭ راھىتىنى كۆرسەن، ئۆلۈپ قالسا ئاشۇ يېمەي - كىيمەي جۇغلىغان مال - دۇنيالىرى ساڭا قالىدۇ دېيىشىدۇ تېخى. كىم بىلىدۇ، ئېشەك ئاۋۋال ئۆلەمدۇ، ھەيدىگۇچىمۇ؟ رەھمەتلىك ئاتا - ئانام بولغان بولسىغۇ... ئىسىت، شور پېشانەم، خەقنىڭ نى قىزلىرىمۇ نىكاھلانماستا يۈت كۆتۈرۈپ يۈرۈيمۇ، كۆڭلىدىكىدەك ئەرگە نېسىپ بولۇشتى. بىر قېتىم ئات كۆتۈرۈپ قالغان گۇناھىم ئۈچۈن... خەق ئاپتاپ چېقىۋەتكەن ناشپېكەردەك خوتۇنلىرىغىمۇ خېلى ئۇنى - بۇنى ئېلىپ بېرىدىكەن. ئېرىڭ بارمۇ دېسە بار دېگۈچىلىكى بار ئەرگە تېگىۋېلىپ، كىيمەن دېگەننى كىيىپ، خەجلەيمەن دېگەننى خەجلەپ يۈرىدىكەن...» ئايتۇراخان خىيال قىلغاچ بايىقى ئەر - خوتۇنلارغا قارىدى. ئەر ھېلىقى خەقىش بالىسىنى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، قېشىدىكى ئوتتا پۇچىلىنىپ كەتكەن كۆسەيدەك چوكان بىلەن بىر يانغا مېڭىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتاتتى. «خۇدا چىراي، ئىسكەتتىن تەلىيىنى بەرمىگەن بىلەن، ئەردىن بەختىنى بېرىپتىكەن قارا پاقىنىڭ.» ئايتۇراخان «قارا» دېگەندەك بولۇپ ئالدىغا قارىدى - دە، كۆزلىرى ئۆزىگە يەۋەتكۇدەك چەكچىيىپ تۇرغان ئوتتۇز ياشلار ئەتراپىدىكى يىگىتنىڭ خۇمارلىق چېقىر كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بېشىغا قارا كەپكە كىيىۋالغان، چاچ - ساقاللىرىنى ھېلىلا ياسىتىپ چىققان بۇ يىگىت زامانغا لايىق كىيىنىۋالغانىدى. ئۇ چېقىر كۆزلەرنىڭ بېزىرىپ قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئاستا يەرگە قارىۋالدى. «ئەجەبمۇ كۆزى يامان قارا پاتاڭكىنە، كۈپكۈندۈزدە ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە

قاراپ...»

— ساتقىلى مال ئەكىرگەنمىدىلە، خېنىم؟ — دېدى يىگىت كۆزىنى قىسىپ.

ئايتۇراخاننىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ كەتتى. يۈزى ياللىدە ئوت ئالدى. سەت بىر ئىش قىلىپ قويغاندەك دەرھال ئېرى تەرەپكە قارىدى. «بېشىنى يەيدىغان قارا پاتاڭ، ئېرىم تۇرسا چاقچاق قىلىۋاتقىنىنى...»

— ھوي، نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسىلە، كېلىپ ما پۇلنى ساناڭلا.

ئايتۇراخان ئېرىنىڭ كۇنداشلىق ۋە غەزەپ ئارىلاش چەكچەيگەن كۆزىگە قورقۇمسىراپ قارىدى ـ دە، ئىككى چامداپلا قېشىغا كەلدى. كالىنىڭ سودىسى پۈتكەنىدى. ئايتۇراخان «بىسمىللا» دەپ پۇلنى ساندى:

— ئالتە يۈز ئەللىك كوي ئىكەن.

— ھە، سىقىملاپ تۇرماي، دەرھال ئىچكىرىرەك سالىلى!

«توڭ قېرى، ئادەم بار ـ يوق دېمەي سىلىكىشلەيدۇ تېخى!» ئايتۇراخان غەزىپىنى زورغا بېسىۋالدى. كۆز ئالدىغا بايىقى «قارا پاقا»نىڭ ئۇچىسىدىكى كۆڭلەك قايتىدىن پەيدا بولدى. قېرىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمىگەن ياخشى. ئاشۇ بىر كۆڭلەككىلىك ئۇچۇن ئىككى ھەپتىدىن بېرى ئاز جېدەل بولدىمۇ؟ تېخى ئەتىگەنمۇ بۇقىنى بازارغا ئېلىپ مېڭىشنىڭ ئالدىدا خېلى كۆپ تىل ـ دەشنەملەردىن كېيىن ئېرىنىڭ ئاغزىدىن «قېنى بازارغا بارايلى. بۇقىنى ساتقاندىن كېيىن بىر گەپ بولار»نى ئاران ئاڭلىيالىغان. مانا ئەمدى «ئوسۇرغاققا ئارپا نېنى باھانە» دەپ، قېرى گېپىدىن يېنىۋالسا قانداق قىلغۇلۇق؟! ئاشۇ بىر كۆڭلەككىلىك ئۇچۇن بۇنىڭدىن سېسىقراق تىل ـ دەشنەم بولسىمۇ چىداش كېرەك.

— يۈرۈڭلا، قورساققا ئازراق بىرنېمە يەۋالايلى.

ئېرىنىڭ بۇ گېپى بىلەن ئايتۇراخاننىڭ ۋۇجۇدىدا باياتىن بېرى بىردەم نېرى كەتكەن ئاچلىق بىلەن ئۇسسۇزلۇق ئازابى

دەرھال غەلىيان كۆتۈردى. بىر كۆڭلەكلىك رەختنىڭ ۋەسۋەسىسىدە پەيدا بولغان ئاغزىدىكى شۆلگەيلەر دەرھال يوقىلىپ، خۇددى چوغ سىلىۋالغاندەك تاماقلىرى قۇرۇشقا باشلىدى ـ دە، ئىررىنىڭ كەينىدىن ئۈن ـ تىنسىزلا ئەگەشتى.

— ياز كۈنلۈكىدە ئاشخانا بەك بىسىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە تامىقىمۇ ناچارلىشىپ كېتىدىكەن. شۇڭا، نان بىلەن لەڭپۇڭ ئىچەيلى.

«مەيلىلا، قورساق تويسىلا بولدى. بىر كويلۇق ئۈزۈك لەڭمەننى دەپ، بىر كۆڭلەكلىكتىن قۇرۇق قالمىغان ياخشى. چىداش كېرەك.»

ئايتۇراخان لازا ـ ئاچچىقسۇيىنى مولراق سالدۇرۇپ ئەتكۈزگەن بىر پىيالە لەڭپۇڭ بىلەن بىر گىردىنى پاكىز يەۋەتتى ـ دە، ئارقىسىدىن بىر پىيالە سوغۇق سۇنى گۇپپۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى.

— قورساق تويدىمۇ يا؟

— تويدى.

— ئۇنداق بولسا ھېلىقى پۇلدىن يۈز كوي ئېلىپ بېرىپ، سىلى ئىشەك ھارۋىسىنىڭ قېشىغا بارغاچ تۇرۇڭلا، مەن باشقا بازارنى بىر ئايلىنىپ كېلەي. يەنە تۆشۈكلۈك سودىسى قىلدىم دەپ، پۇلنى بۇزۇپ يۈرمەي جىم تۇرغاچ تۇرۇڭلا. تۇز ـ سەرەڭگىنى مەن كەلگەندىن كېيىن ئالىمىز. پۇلغا ئوبدانراق ھېزى بولاسىلە.

— كۆڭلەكلىكنى...

— ھە، قېنى بىر گەپ بولا...

«پىخسىق تۈلكە، بىللە ئاپارسا قىممەت رەخت تۇتىدۇ دەپ، ئاپقان ھىيلىسىنى كىم بىلمەيدۇ. خۇدايىم يا رىزقىمنى كۆتۈرمىدى. ئاجرىشىپ كەتسەم، ئىگە بولغۇدەك ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ يوغانچىلىق قىلىدۇ ئەبگار. خەقنىڭ ئۆيىدە بىر يىلنىڭياقى يۈندىسىنى تۆكسەممۇ بىرەر

www.uyghurkitap.com

كـۆڭلەكـلـىك كەلـگـۈدەك پۇل بېـرەتـتى، ئەلـۋەتـتە. يـا ئـۇچـام كـىيىمنىڭ خوۋلۇقىنى كۆرمىسە، يـا بىر... بـىـر كۆڭلەكـلـىككـە يېخسىقلىق قىلىپ باقسۇنچۇ قېنى، خېتىمنى ئېلىپ، بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرىمەن. ھەممە ئادەم ھاپىز سەيپـۇڭ بىلەن سـاۋۇت كاپكىدەك ۋاي خوتۇنۇمنىڭ خېتىنى بېرىۋېتىپ، سىزنى ئالىمەن دەپ، قىلىدىغىنىنى قىلىپ بولۇپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالماس. بايىقى چېقىر كۆزنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا، چىرايىمـدىن ئانچە كەتمىگەن ئوخشايمەن...»

— يالغۇز مېڭىپ قاپلىغۇ، خېنىم؟

ئايتۇراخان چۆچۈپ خىيالىنى يىغىشتۇردى. ئالدىدا ھىجىيىپ تۇرغان چېقىر كۆزنى كۆرۈپ سەل ھودۇقتى.

— ئىسىت، مۇشۇنداق جانان ئۆرۈكتەك چىرايلىق خوتۇنىنـى بازارنىڭ نەق ئوتتۇرىسىدا تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قـالغان قانـداق ئەردۇ ئۇ؟

— ئوھۇش، كالتە ئاقساقاللىقىقا قويمىغاندىكىن، يولـلىرىنـى ماڭىسىلا.

— مۇڭلىنىپ مېڭىپ قـاپتىكـەنلا، ھەمراھ بـولغۇم كەلـدى، خېنىم. ئاچچىقلىرىنى ئۇنداق يامان قىلمىسىلا.

— قورققۇم كەلمەيدۇ، ھەمراھىم بار.

— ھېلىقى بوۋىكاما؟

چېـقىر كۆز ھـىجايغـىنىچـە ئايتۇراخـانىنىڭ كـۆزىگە قـاراپـلا تۇرۇۋالدى. تەمبەل قامەت، قىيامىغا يەتكەن شەھۋەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان شوخ كۆزلەر، چاڭقاپ كەتكەن لەۋلەر ئارىسىدىـن ئېقىپ كىرىپ، يۈرەككە ھۇزۇر بېغىشلىغۇچى شەربەتتەك تاتلىق چاقچاقلار... ئايـتۇراخانغـا بىر باغـلام بېدىـدەك سـاقال باسـقان لەۋلەردىن ئـىككى ئـېغىز يـۈرەكنى يايـراتقۇدەك سۆز ئـاڭلىمـاي تۇنجۇقۇپ ياشىغىلى قانچىلىك ۋاقىت بولدىكىنە!

— ئادەمنى تولا گەپكە سالمىسىلا؟

— گەپكە سالمىدىم، خېنىم. راست گەپ قىلىۋاتىمەن.

www.uyghurkitap.com

— قانداق قىلاي دەيلا زادى!

— يۈز كوي بېرەي.

ئايتۇراخان تاپىنى ئاستىدىكى يەر گومۇرۇلۇپ چۈشكەندەك چۆچۈدى. ئەتراپىغا خۇدۇكسىرەپ قارىدى. يېنىدىن موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەر ئۇلارنى كۆرمەيۋاتقاندەك، ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش يۈرۈشەتتى. ئايتۇراخاننىڭ يۈرىكى سەل ئىزىغا چۈشكەندەك بولدى. ئەمما، دەماللىققا بىر نېمە دېيەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— ئىككى يۈز كوي بەرسەمغۇ بولا؟ ماقۇل دېسىلە ئەمدى. ماڭسىلا، بەك يىراققا بارمايمىز. يېقىنلا يەردە بىر قورۇلۇش بار، بازار كۈنلۈكىدە قورۇلۇشچىلار ئىشلىمەيدۇ، بەك خالىي.

چېقىر كۆزنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى ئايتۇراخاننىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئىككى يۈز كوي دېگەن سۆز ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. ئىككى يۈز كوي، ئىككى يۈز كوي. بۇنچىلىك پۇلغا ھېلىقى «قارا پاقا»نىڭ ئۇچىسىدىكى كۆڭلەكلىكتىن نەچچىسى كېلەر؟ تۆتى كېلەرمۇ، ئىككىسى كېلەرمۇ يا؟ ھېچبولمىغاندا ئۈچى كېلەر. ئۇنىڭغا بۈگۈن ئېرىنىڭ كۆڭلەكلىك ئېلىپ بېرىشىدىن ئېلىپ بەرمەسلىك ئېھتىمالى چوڭراق. ئېلىپ بەردى دېگەندىمۇ باشقا ئاياللار ئاللىبۇرۇن كىيىپ تاشلىۋەتكەن، باھاسى چۈشكەن رەختتىن ئېلىپ بېرىدۇ. مۇشۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىرەر ئايغىچە پېشانىسىدىن مۇز ئېرىمەيدۇ... «ئاھ! نېمىدېگەن ئوتلۇق سۆيۈشلەر، نېمىدېگەن تاتلىق لەۋلەر ـ ھە! يىگىتنىڭ لېۋى دېگەن بەربىر يىگىتنىڭ لېۋى. ئۇنى بوۋاينىڭكىگە سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. شورا، قانچىلىك شورىساڭ مەيلى. بولسا چىشلەپ ئۈزۈۋال. ئىككى يۈز كوي، ئېھ، ئىككى يۈز كوي! تاتلىق، لەززەتلىك سۆيۈشلەرگە قوشۇپ ھەدىيە قىلىنغان ئىككى، ياق ئۈچ دانە ئېسىل رەختتىن تىكىلگەن، رەڭگى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان، مەھەللىدىكى ئاياللار ھەۋەس بىلەن قارىشىپ قالىدىغان كۆڭلەك...»

ئايتۇراخان شېرىن خىياللار ئىلكىدە ئاستا ـ ئاستا ئويغاندى، داق يەردە يالغۇز ياتقىنىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئەتراپقا ئەيمىنىپ قارىدى. تۆت تامنىڭ ئىچى قۇپقۇرۇق، چېقىر كۆز ھېچ يەردە يوق ئىدى. «نەگە كەتكەندۇ؟ تېخى ھېچ ئىش بولماي تۇرۇپ...» ئايتۇراخانغا يات كۆزلەر چەكچىيىپ قاراپ تۇرغاندەك بىلىندى ـ دە، ۋۇجۇدىنى بىردىنلا خىجىللىق تۇيغۇلىرى قاپلىدى. نومۇستىن ۋۇجۇدىدىكى بارلىق قانلار يۈزىگە تەپتى. دەرھال كىيىملىرىنى ئۇچۇن ئىشتىنىنى ئىزدىدى. بىراق، ئىشتىنى ھېچ يەردە يوق ئىدى. بىردىنلا ئىشتاننىڭ يانچۇقىغا سالغان، كالا ساتقان بەش يۈز ئەللىك كوي پۇل ئېسىگە كەلدى ـ دە، يۈرىكىگە قامچا تەگكەندەك بولۇپ چىرقىرىدە چىرقىرىغۇتتى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى.

ئايتۇراخان ئېسىنى يىغقاندا. ئۆزىنى مال بازىرىدا كۆردى. بازاردا ئادەم ۋە ھايۋانلار خېلىلا شالاڭلاپ قالغانىدى. ئالدى تەرەپتىن چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ، چاڭگىلىشىپ كەتكەن بىر ئادەم ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. قولتۇقىدا رەختتەك بىر نەرسە قىستۇرۇقلۇق ئىدى. ئايتۇراخان شارتتىدە كەينىگە ئۆرۈلدى ـ دە، مال بازىرىدىكى ئادەم ۋە ھايۋانلار توپىغا سىڭىپ كەتتى. غەربكە قىيسايغان قۇياش كۆيدۈرگۈچ نۇرلىرىنى زېمىنغا جاي تاللىماي تەكشى چېچىۋاتاتتى...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# چىلان تۇپراق

بوۋاي جىگدە چاتمىقىدىن ياسىۋالغان، تولا تۇتقانلىقتىن پارقىراپ كەتكەن هاسىسىنى تايانمايلا ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، هويلىنىڭ كەينىدىكى ئون يېتىم يىراقلىقتىكى قۇم دۆڭگە قاراپ شىپىرلاپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ سەكسەن ياشتىن هالقىغان بىلەن شۇنچە تىمەن، مەزمۇت، ئىشتىيى بەلەن، هەرقانداق ئىشتا ئۆزىنىڭ هۆددىسىدىن ئۆزى چىقالايدۇ. ئۇنىڭ قولىغا ئاشۇ جىگدە هاسىسىنى ئېلىۋالغىنىغا ئون يىلدىن ئاشتى، لېكىن بىر قېتىممۇ تايىنىپ يول ماڭغان يېرى يوق. يول ماڭسا هاسىسىنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇمايدۇ، لېكىن ئۇنى يا قولتۇقىغا قىسىدۇ، يا ئىككى قولى بىلەن كەينىگە تۇتقىنىچە ئېگىز، بەستلىك كەلگەن گەۋدىسىنى سەل ئالدىغا ئېگىپ مېڭىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئايىغى ياشلارنىڭكىدەك مەزمۇت. «ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ يېشىدىن هالقىغاندا، مېۋىلىك دەرەخنىڭ شېخىدىن هاسا ياساپ ئېلىۋېلىشى پەرز، ئۇنىڭ ساۋابى بەك چوڭ» دەيدۇ بوۋاي.

تېرەك بويى ئېگىزلىكتىكى بۇ قۇم دۆڭگە بۇ بوۋاي هەر كۈنى قوزا چۈش بىلەن بىر قېتىم چىقىپ خىيال سۈرىدۇ. ئېگىزدە تۇرۇپ يىراق ـ يىراقلارغا نەزەر تاشلايدۇ. دۆڭمەهەللە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بەش قولدەك ئايان بولىدۇ. دۆڭمەهەللە ئادەم تېرىسا ئۈنگۈدەك چىلان تۇپراقلىق ئېكىنزارلىقمۇ، قۇملۇق ـ قۇمۇشلۇقمۇ، سازلىق ـ زەيلىكمۇ ۋە بۇك ـ باراقسان باغ ـ ئورمانلارمۇ بار بىر چىرايلىق كەنت. بوۋاي مۇشۇ كەنتتىكى چوڭلاردىن بىرسى. بوي ـ بەست دېسە بار، تولۇق ئاقىرىپ

كەتمىگەن ساقلىنى بولۇشىغا قويۇۋەتمەي يارىشىملىق قىلىپ ياسىتىۋالغان، ئويۇن - چاقچاق، ناخشا - سازغا ئامراق، ئۆز سۆزلۈك بۇ بوۋاينى يالغۇز ئۆز جەمەتىدىكى بالىچاقا، نەۋرە - چەۋرىلىرىلا ئەمەس، پۈتۈن دۆڭمەھەللىدىكىلەر ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدۇ، تەپ تارتىدۇ. بوۋاينىڭ ھۆرمەت - ئىناۋىتى دۆڭمەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامىنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ.

بوۋاي ئايىغى ئاستىدا سۇدەك ئېقىۋاتقان قۇملارنى ئوشۇقىغىچە كەچكىنىچە ئاياغلىرىنى چاپسان - چاپسان يۆتكەپ بىر دەمدىلا قۇم دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بولدى. ئۇ بىر ئاز ھاسىراپ قالغان، چىرايى قىزىرىپ كەتكەنىدى. چېكە - پېشانىسىدە پەيدا بولغان چېكىم - چېكىم تەر تامچىلىرىنى ئاق يەكتەكنىڭ ئۈستىدىن باغلىۋالغان تاۋار بەلبېغى بىلەن سۈرتتى. قولىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ يىراق - يىراقلارغا نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭ بۈركۈتنىڭكىدەك سۈرلۈك كۆزلىرى ھېلىمۇ ئۆتكۈر ئىدى. دۆڭمەھەللىلىكلەر ئورما ئورۇۋاتقان بولۇپ، ئېتىزغا تورغاي چۈچىلىماستا چىققان ئورمىچىلارنىڭ بىر قىسمى ئورغاقلىرىنى بەلباغلىرىغا قىستۇرۇشقىنىچە ئۆيلىرىگە يېنىشقانىدى. يەنە بىر قىسملىرى ئورما ئورۇۋاتاتتى. كىمدۇر بىرسى بوۋاينى ئاڭلىسۇن دېگەندەك ئورما ناخشىسىنى باشلىدى. بوۋاينىڭ قۇلىقىغا ناخشىنىڭ ئاھاڭىمۇ، ناخشىچىنىڭ ئاۋازىمۇ ياقمىدى. «شۇمۇ ئورما ناخشىسى بولدىمۇ، — دەپ غودۇڭشىدى بوۋاي، — ئۆز ۋاقتىدا بىز ئورما ناخشىسىنى قانداق توۋلايتتۇق - ھە! يال - يال كۆيۈك ئاپتاپتىمۇ ناخشىمىزنىڭ كارامىتى بىلەن قىز - چوكانلار ئۇسسىغىنىنى، ئاچقىنىنى، ھارغىنىنى بىلمەي ئورما ئورۇيتتى. بىر كۈندە ئۈچ مو يەرنىڭ بۇغدىيىنى ئورۇپ بولاتتۇق. ناخشىمىز پۈتۈن مەھەللىنى چاڭ كەلتۈرەتتى. قىلغىلى ئىش، ئوينىغىلى ئويۇن تۇشۇمايتتى. ھازىرقى ياش بالىلا بېلىگە مۇشتلاپ بىر كۈندە تۆت پۇڭ يەرنىڭ بۇغدىيىنى ئاران ئورۇيدۇ.

ئەتىگىنى سەھەر قوپمايدۇ، كۈن ئارغامچا بويى ئۆرلەپ بولغۇچە بېشىمىز قىزىپ كەتتى، دەپ ئېتىزدىن ئۆيگە يۈگۈرەيدۇ. ئۇلار بېلى بوش، لايغەزەل چوڭ بولۇپ قالدى. ناخشا توۋلاشلىرىچۇ تېخى، بىر سوللۇق بۇغداينى ئوروپ بولغۇچە كاركىراپ قالىدۇ. يا ئاۋازى ئەر كىشىنىڭكىدەك چىقمىغان، يا ئوقۇغان ناخشىسىنىڭ ئاھاڭى قۇلاققا ياقمىغان. ئەمدى بۇزۇلمىغان مۇشۇ ئورما ناخشىلىرىمۇ قالمىغان ئوخشايدۇ. ئاڭلىسا تومۇزدىمۇ يۈرەككە خۇددى دوغاپ ئىچكەندەك گۈلۈپ ـ گۈلۈپ تېگىدىغان ئورما ناخشىلىرى، ناخشىچىلارمۇ قالماپتۇ...»

بوۋاي ئىختىيارسىز ئۆزى ناخشا توۋلاشقا باشلىدى:

ئورما ئورۇيسەن كۈندە،
تالامدۇ بىلەكلەرىڭ.
مەن يادىڭغا يەتكەندە،
كۆيمەمدۇ يۈرەكلەرىڭ.

ئورمىنى تولا ئوروپ،
بىلەكىڭ تالدىمۇ يارىم.
ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق،
يۈرەكىڭ قاندىمۇ يايرىم.
...

بوۋاي ھاسىسىنى قۇمغا سانجىپ قويۇپ، تۇرغان جايىدىلا ئولتۇردى. قۇم خېلىلا قىزىغانىدى. شوخ، لەرزان ئورما ناخشىسى، يۇمشاق، قىزىق قۇم بوۋاينىڭ ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ تاتلىق، كۈچلۈك بىر ئىستەكنى قوزغاپ قويدى. بوۋاي ھاياجانلاندى، ۋۇجۇدى جۇغۇلدىدى، بىر يەرلىرى قىمىرلىدى، يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقتى، تاماقلىرى قۇرۇشقا باشلىدى. بوۋاي ئاخىر ئۆزىنى تۇتۇۋالمىدى. قىزىق، يۇمشاق قۇمغا مەيدىسىنى

ئەسەبىيلىك بىلەن يىقىپ، كۆزلىرىنى يۇمىۋالدى. ئۇنىڭ بارماقلىرى مەھكەم كىرىشىپ كەتكەنىدى.
— ناۋاتخان... ئاھ، ناۋىتىم. نېمىشقىدۇر مېنى تاشلاپ قويۇپ ئۆزۈڭ بۇرۇن كېتىۋالغان بولغىيدىڭ؟ قەدرىڭگە يەتمىگەن، كۆڭلۈڭنى ئاللىغان يەرلىرىم يوق ئىدىغۇ مېنى بۇنچە دەرد ـ ئازابلارغا تاشلاپ قويۇپ كەتمىسەڭمۇ. ئون تۆت ياشلىق قىز چېغىڭدىكىدەك چېكەمگە گۈل قىلىپ قىسىپ كەلگەنىدىڭغۇ سېنى...

* * *

بوۋاي قۇم دۆڭىدىن چۈشۈپ هويلىغا كىرىپ كەلگىنىدە ئوتتۇرانچى ئوغلى، كېلىنى، نەۋرە ئوغلى، نەۋرە كېلىنى پېشايۋان ئاستىدا تاماق يەپ ئولتۇراتتى. ئۇلار بوۋاينى كۆرۈپ قولىدىكى قاچىنى يەرگە قويۇشتى. بوۋاي نېمىشقىدۇر خۇيلىنىپ قالغان بولۇپ، قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، قويۇق ساقال باسقان چىرايى تېخىمۇ بەك قورۇلۇپ كەتكەنىدى.
— نېمە ئىغىر بوي خوتۇندەك سەت ئولتۇرىسەن؟ — دېدى بوۋاي داق يەردىلا چاتىرىقىنى كېرىپ ئولتۇرۇپ ئاش ئىچىۋاتقان نەۋرە ئوغلىنىڭ پاقالچىقىغا هاسىسى بىلەن كوممىدە بىرنى سېلىپ.
يىگىت تاياق زەربىسىدىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. شۇ هامانلا شىمىنىڭ كاسىسىدىن پۇرقىراپ چۈشكەن توپىلار قاچىدىكى يېرىمىنى ئىچىپ بولغان ئاشقا چۈشتى. ئۇ بوۋايغا يەر تېگىدىن بىرنى ئالىيىۋېتىپ، ئاشنى ئىچىش ئۈچۈن قاچىنى قولىغا ئالدى.
— هۇ هايۋان، ئىسىت سېنىڭ ياشلىقىڭ، — دېدى بوۋاي نەۋرىسىگە هاسىسىنى شىلتىپ، — ياش بولغاندىكىن ئېتىزدىن كىرىپلا يۈت ـ قولۇڭنى پاكىز يۇيۇپ، كۆرپىگە چىقىپ،

www.uyghurkitap.com

داستىخاندا قويۇپ ئىچسەڭ بولمامدۇ ئاشنى تۇپىغا بۇلاپ ئىچكۈچە. ھايۋان جىنىدىمۇ يىمەكلىكلەرنى سەندىن پاكىزرەك يەيدۇ. لامزەللە ـ ئەبگارلىقىڭدىن خوتۇنۇڭمۇ ھۆرمىتىڭنى قىلمايدۇ سەن گۈينىڭ ـ ھۇ ئادەم ئىسكەتى يوق قوڭالتاق؟

بوۋاي ئەمدى ئوغلىغا يۈزلەندى:

— ھە، بۇغدايلارنى ئورۇپ بولدۇڭمۇ؟

— ئاز قالدى.

— ھېلىقى يەرنىڭ ئەنجىسىنى خامانغا توشۇپ بولۇشتىڭلىمۇ يا؟

— تېخى ئۇ يەردىكى بۇغدايغا ئورغاق سالمىدۇق.

— ئورغاق سالمىدۇق؟ — بوۋاي ئوغلىغا نارازىلىق بىلەن چەكچەيدى، — مەن ساڭا ئاۋۋال ئاشۇ يەرنىڭ بۇغدىيىنى ئورۇڭلار، دېمىگەنمىدىم؟!

— سىزغۇ شۇنداق دېگەن، دادا. لېكىن، — ئوغۇل بوۋايغا قورقۇمسىراپ قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇ بۇغدايلىقنىڭ ئورنى چەترەك، ھازىر ئورۇۋاتقان بۇغدايلىق كەنت بويىچە بىرتۇتاش قوناق تېرىشقا پىلانلانغان ئويمانلىقنىڭ ئىچىدە. شۇڭا، ئاۋۋال ئاشۇ ئېتىزلىقنى بىكارلاپ، قوناق تېرىشقا بىر تۇتاش تەييارلىمىساق، يېزا باشلىقى...

— ھە، گەپ قىلە، يېزا باشلىقى قانداق قىلىدۇ؟

— شۇ... شۇ... يېزىنىڭ بىرتۇتاش پىلانىغا تەسىر يېتىدۇ.

— بولدى، كوتۇلدىما، شۇجىلىقىڭنى ئەزالىرىڭغا بېرىپ قىل. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ بىرتۇتاش پىلانىمىش تېخى. ھوي، ھەرقايسىڭنىڭ بىرتۇتاش قىلمايدىغان نېمە ئىشىڭ بار زادى؟ بىرتۇتاش يەر ئاغدۇرۇش، بىرتۇتاش ئوغۇت چېچىش، بىرتۇتاش كۆنجۈرە سېلىش، بىرتۇتاش يالتىراق يېپىش، بىرتۇتاش ئۇرۇق سېلىش، بىرتۇتاش قوناق تېرىش، بىرتۇتاش كېۋەز تېرىش، بىرتۇتاش دېھقانچىلىق دورىسى چېچىش. يېزا باشلىقى خوتۇنۇڭلارنىڭ قۇچىقىغىمۇ بىرتۇتاش كىرىڭلار، دەيدىغان

ئوخشىمامدۇ ھەرقايسىڭغا. ھەممە ئىشنى بىرتۇتاش قىلىمىز، دەپ دېھقانلارنىڭ قۇيرۇقىغا پالاقلاپ كىرىۋالمىساڭمۇ، دېھقانچىلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامدۇ دېھقان خەق دېگەن؟!

— يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاشۇنداق، ئۇنداق قىلمىساق...

— تىلىڭنى چاينىماي ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلە، بالام. ماقۇل، دېھقانلارنىغۇ ئاشۇنداق قارا مۇشۇكلىرىڭ بىلەن، يالغان - ياۋىداقلىرىڭ بىلەن ئالدا. ئەمدى ماڭىمۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتنى پەش قىلامسەن، بالام؟ ھەرقايسىڭنىڭ بىرتۇتاش دەۋالغان ھىيلەڭنى دۆڭمەھەللىدە كىم بىلمەيدۇ؟ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى دەپ قويۇپ، ئۇرۇقلۇق، خىمىيەۋى ئوغۇت، يالتىراق، دېھقانچىلىق دورىسى، كۆنجۈرىلەرنى ئەرزان باھادا يۆتكەپ كېلىپ، دېھقانلارغا قىممەت باھادا بىرتۇتاش تاڭىسىلەر. سىلەرنىڭ بىرتۇتاش تەمىنلىگەن بىر قاپ ئوغۇتۇڭلار بىر يۈز يىگىرمە كوي، دېھقانلار شەھەرگە كىرىپ سېتىۋالسا سەكسەن كوي. تېخى ئۇلارنىڭ شەھەردىن مىڭبىر جاپادا ئەرزان باھادا سېتىۋالغان ئوغۇتلىرىنى جا - ساختا مال دەپ يەرگە چاچقىلى قويمايسىلەر. ماقۇل، ئوغۇتقۇ زاۋۇتتىن چىققان نەرسە، ئۇنىڭ راست ياكى ساختىلىقىنى ئايرىماق تەس. لېكىن، دېھقانلار سىلەر يۆتكەپ، بىرتۇتاش تەمىنلىگەن قىممەت باھالىق كۆنجۈرىنى ئالماي، ئۆزلىرى شەھەردىن ئەرزان باھالىق كۆنجۈرىنى سېتىۋېلىپ ئاچىقسا، ئىزا تارتماي ئاشۇ كۆنجۈرىنىمۇ جا دەپ يەرگە چاچقىلى قويمىدىڭلارغۇ؟ سېنىمۇ خېلى جىق ئوغۇل بالا بولدى، مېنى دورىدى، ئىزىمنى باستى، دەپ سۆيۈنگەنىدىم. ھوقۇق تۇتۇۋىدىڭ، سەنمۇ جالىشىپ يالغان گەپ قىلىدىغان، تۇتامى يوق ئادەم بولۇپ قالدىڭ.

بوۋاي بىر ئىغىز جاۋاب قايتۇرماي، يەرگە قاراپ ئولتۇرغان ئوغلىغا شۇنداقلا قاراپ ئىچى ئاغرىپ قالدىمۇ نېمە، سەل يۇمشىدى، ئەيىبلەشلىرىنى توختاتتى:

— ئۇ بىرتۇتاش قوناق تېرىيدىغان يېرىدىكى بۇغدىيىڭنى قاچان ئورۇساڭ ئورۇۋال. ھازىر مەنمۇ قولۇمغا ئورغاق ئالىمەن. ھېلىقى يەردىكى بۇغداينى ئاۋۋال ئورۇيمىز. ئەڭ ئاۋۋال شۇ بۇغداينىڭ ئەنجىسىنى خامانغا توشۇپ، تېپىپ چەشلىۋالمىساق بولمايدۇ.

ئوغۇل بوۋاينىڭ پىكرىگە قارشى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئۇ دادىسىنىڭ گەپ يېمەيدىغانلىقىنى، قىلىمەن دېگەن ئىشنى قىلماي قويمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

ھېلىقى يەر چوڭلۇقى تۆت مو كېلىدىغان بىر پارچە تېرىلغۇ يەر. بوۋاينىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، بۇلغانمىغان بىر پارچە چىلان تۇپراق زېمىن. خىمىيەۋى ئوغۇت دېھقانچىلىقتا ئومۇملاشقاندىن تارتىپ بوۋاي ئوغلى بىلەن نۇرغۇن قېتىم دەتالاش قىلىپ، دۆڭمەھەللىنىڭ چېتىگە جايلاشقان بۇ بىر پارچە يەرنى مەخسۇس ئىگىلىگەنىدى. ئۇ بۇ يەرگە بىر قېتىممۇ خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەتمەي قوتاندىكى كۆنجۈرىدەك بولۇپ كەتكەن قوي قىغلىرىنى تۆكتۈرەتتى. بۇ يەرنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى خىمىيەۋى ئوغۇت سېلىپ تېرىلغان زىرائەتلەردىن قېلىشمايتتى. «زاۋۇت ئوغۇتى سېلىپ تېرىغان يەرنىڭ ئاشلىقى بەك ئوخشىغاندەك قىلغان بىلەن ئادەمگە پايدا قىلمايدۇ، پاچاققا ماغدۇر بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋالاتتى بوۋاي گەرچە بۇ قاراشلىرىنى بىرەر ئىلمىي ئاساس بىلەن ئىسپاتلىيالمىسىمۇ، ئۆز پىكرىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋېلىپ.

ئۇ بۇ بىر پارچە يەرگە كۈزدە بۇغداي تېرىغاندىن تارتىپ، يازدا بۇغداينى ئورۇپ، خامانغا ئاپىرىپ، دېنىنى ئايرىۋالغۇچە ۋە بۇغداينىڭ ئورنىغا قوناق تېرىپ، كۈزدە يەنە بۇغداي تېرىغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى تېرىش، ئورۇش، خامان ئېلىش قاتارلىق مۇھىم ئىشلارنىڭ ئۈستىدە ئۆزى تۇراتتى. بۇ ئېتىزدىن چىققان ئاشلىقلارغا خىمىيەۋى ئوغۇت سېلىپ تېرىغان ئاشلىقلاردىن بىر تالمۇ دان ئارىلاشتۇرمايتتى. تۈگمەنگە ئاپىرىپ ئايرىم ئۇن

تارتقۇزاتتى. خىمىيەۋى ئوغۇت سېلىپ تېرىغان ئاشلىقلارنى يېيىشكە رۇخسەت قىلمايتتى.

— سەن شۇجى بولغاندىكىن، ئەزالارغا ئېيتقىن. زاۋۇت ئوغۇتىنى جىق ئىشلەتمىسۇن. ئۇلاغ قىغىنى يەرگە چىقىراق قويسۇن. ئۇلاغ قىغى دېگەن يەرنىڭ ئوزۇقى. ئۇلاغ قىغى يەرنى كۆچلەندۈرىدۇ، قۇۋۋەت بولىدۇ، — دەيتتى بوۋاي ئوغلىغا پات - پات تاپىلاپ، — ھازىر دېھقانلار يەرگە پەقەتلا ئۇلاغ - ئۇلمەكنىڭ قىغىنى قويمايدىغان بولىۋۇۋاپتۇ. زاۋۇت ئوغۇتىنى سېلىۋەرسە، ھازىر ئاش ئوخشىغاندەك قىلغان بىلەن، كېيىن يەر بۇزۇلىدۇ. زاۋۇت ئوغۇتىمۇ پايدا قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. يەردىن ئاش چىقمايدۇ. زاۋۇت ئوغۇتى سېلىپ تېرىغان ئاشلىقنى يەپ چوڭ بولغان باللارغا قاراپ باق. ئۇلارنىڭ بوي - بەستى ئاتا - بوۋىلارنىڭ بوي - بەستىگە پەقەتلا تارتمايۋاتىدۇ. تېنى يىگلەپ قورۇلۇپ كەتتى، بىر قاچا ئاشنى تۈگىتىپ ئىچەلمەيدىغان، بىر كەتمەننى تارتىپ چاپالمايدىغان، بىر خوتۇننىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئىلگىرى ياش باللار ئون سەككىز - يىگىرمە ياشقا كىرىپ بولغۇچە بوي دېسە چىناردەك، كۈچ دېسە بۇقىدەك بولۇپ چوڭ بولاتتى. تۆت خوتۇننىڭ ھۆددىسىدىن گەپ يوق چىقالايتتى. ھازىرقى ئوغۇل باللار خوتۇنى بىلەن ئەينەك تالىشىدىغان، بىر قاچا ئاشنى بىر سائەتتە يەيدىغان، كىيىم - كېچەكنى تار كىيىپ، خېنىمدەك چامداپ ماڭىدىغان، ئولتۇرغان يەردە ھەپتە ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالدى. تومۇرىدا ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قېنى سۇسلاپ كەتتى. كىيىمگە ئامراق، كەتمەنگە بوش، ئاشقا ئامراق، خوتۇنغا بوش چىقىپ قالدى. يالغان بولسا ئوغلۇڭنىڭ تۇرقىغىمۇ ئوبدانراق قاراپ باق، چىرايى بىزنى تارتقان بىلەن بوي - بەستى بىزنى تارتمىدى. يىگىرمە بەش ياشتىن ئاشقىنى بىلەن ئېگەك - مەيدىسىدە تۈزۈك ئەركەك تۈكى يوق، كىملەرنى دوراۋاتىدىكىنتاڭ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، چىرايىغا، تۇرقىغا قاراپ ماۋۇ مېنىڭ نەسلىم ئىكەن دەپ

ئايرىۋالماق، پەرق ئەتمەكمۇ تەس ئوخشايدۇ. ئۇلار ئىر كىشىگە ئوخشىمايدىغان، يالغانچى، قىلغان ئىش ـ ئوقەتلىرى ساختا بولۇپ كەتتى. باشقىلىرىغۇ كەتتى ـ باردى. لېكىن، تۇپراقنى يەرگە جالىق قىلسا بولمايتتى. بىز يەرگە قانچىلىك تەر تۆكسەك، مېھنەت قىلساق، يەر ئەجرىمىزنى شۇنچىلىك قايتۇرىدۇ. بەدىنىمىزگە قۇۋۋەت بولغۇدەك نېمەتلەرنى بېرىدۇ. يەرگە كەتمەن چاپمىساق، قۇۋۋەت بولغۇدەك قىلغلارنى ئىشلەتمەي، ھە دېگەندە زاۋۇتنىڭ ئوغۇتىنى چېچىپ قويۇپ، يەردىن جىقراق ئاشلىق تەلەپ قىلساق، سۆڭگىچىمىزنى ئايتايقا قاقلاپ ياتساق، يەرنىڭ بەرگەن ئاشلىقى پايدا قىلمايدۇ، بەرىكەت قىلمايدۇ. ئاخىرىدا ئۆزىمىزنىمۇ، مۇشۇ بىر تال دان چاچساق يۈزلەپ، مىڭلاپ دان بېرىدىغان چىلان تۇپراقنىمۇ تۈگەشتۈرىمىز، ۋەيران قىلىمىز.

ئوغۇل بوۋاينىڭ گېپىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. كۆڭلىدە قايىل بولاتتى. لېكىن، دادىسىنىڭ بۇ كۆرسەتمىلىرىنى دۆڭمەھەللىدىكىلەرگە ئوچۇق ـ ئاشكارا تەشەببۇس قىلمايتتى. چۈنكى، ئۇنداق قىلسا، يېزا باشلىقلىرى دۆڭمەھەللىگە بىرتۇتاش چۈشۈرۈپ بەرگەن خىمىيەۋى ئوغۇت بىلەن تەمىنلەش پىلانىنى ئورۇنلىيالمايتتى. يېزا بىرتۇتاش تەمىنلىگەن خىمىيەۋى ئوغۇتلارنى دېھقانلارغا مەجبۇرىي تېڭىپ، يېزا باشلىقلىرى بېكىتىپ بەرگەن باھا بويىچە پۇلىنى دېھقانلاردىن تولۇق يىغىۋېلىپ تاپشۇرمىسا، يېزا باشلىقلىرىدىن تەنقىد ئاڭلايتتى، ھەتتا ئەمىلىدىن ئايرىلىپ قالاتتى. ئۇ دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا قويياتتى، يېزا باشلىقلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا قەتئىي بويسۇناتتى.

* * *

بوۋاي قۇم دۆڭگە چىقىشقا خۇمار بولۇپ قالدى. قۇم دۆڭى ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى بىر نازىنىننىڭ يۇمشاق، ئوماق

قوچىقىدەك كۆرۈنۈپ ئۆزىگە ئوتتەك تارتاتتى. مەرھۇم مومىيىنىڭ مېھرىلىك قوچىقىدەك جەلپ قىلاتتى. بوۋاي ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ قوم دۆڭگىگە چىقاتتى ـ دە، ۋۇجۇدىدا قوترىغان بىر ئەسەبىي تۇيغۇنىڭ ئىسكەنجىسىدە مەيدىسىنى يۇمشاق، قىزىق قومغا ئۇزاققىچە ياقاتتى. تاتلىق ـ تاتلىق ئەسلىمىلەر قوينىغا شۇڭغۇيتتى.

ئۇ مومىيى بىلەن ئاز كەم ئاتمىش يىل ئەر ـ خوتۇن بولۇپ ياشىدى. ئاشۇ ئاتمىش يىل جەريانىدا نۇرغۇن ـ نۇرغۇن سەۋدالارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى، ھەر ـ ھەر قىسمەتلەرگە دۇچار بولدى. مومىيىنى ـــ ئۆز ۋاقتىدىكى ئاشۇ تومۇچۇقتەك گۈزىلىنى، «ناۋىتى»نى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ ئاشىنىلىرىنىڭ ئۆيىدە ھەپتە ـ ھەپتىلەپ قونۇپ كەلدى. خەق بىلەن ئاشنا تالىشىپ مۇشتلاشتى. كاللا ـ ماللىلارنى يېرىشتى، قاش ـ قاپاقلىرى زېدە بولدى. ئۆيگە ئاشۇنداق ۋەيرانە قايتىپ كەلگىنىدە يەنىلا ئاشۇ «ناۋىتى» ئالدىغا كۈلۈپ چىقتى. بوينىغا ئېسىلىپ يىغلىدى. پۇت ـ قوللىرىنى يۇمشاق تۇتۇپ قويدى. قوشلاپ سىلىنغان كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ياتقۇزۇپ كۆڭلى خالىغان تاماقنى ئېتىپ بەردى. زېدە بولغان، يېرىلغان، ئاغرىغان يەرلىرىنى سۆيدى، سىلىدى. خۇدادىن بارلىق ئىخلاسى بىلەن شىپالىق تىلىدى. ئۇنى بىرەرسىدىن كۈنلەپ بىر قېتىممۇ قاقشىمىدى. ئىشقىلىپ، كۆڭلىدىكىنى ھەرگىز بىلىندۇرمىدى، بوۋاي ئۇنى بىر ئۆمۈر ياخشى كۆرۈپ كەلدى، ھۆرمىتىنى قىلدى، قەدىرلىدى، ئاسرىدى. ئاشنا ئويناپ، خەقنىڭ خوتۇنلىرى بىلەن تۇتۇلۇپ قېلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتقان بىلەن، باشقا تەڭتۇشلىرىغا ئوخشاش خوتۇنىنىڭ ئۈستىگە خوتۇن ئالىدىغان، ھەپتىدە بىر قېتىم خوتۇن دومبالايدىغان ئىشنى قىلىپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلمىدى. توي كېچىسى ئون يەتتە ياشلىق شوخ يىگىت بۇ ئون تۆت ياشلىق مەستۇرە قىزنى ئەركىلىتىپ «ناۋىتىم» دەپ ئاتىغانىدى. ئەنە شۇ كۈنىدىن باشلاپ تاكى ئۇ

ئوماي بولۇپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغۇچە ئۆز ئىسمىنى ئاتىماي: «ناۋىتىم»، «ناۋاتخان» دەپ چاقىرىپ كەلدى. باشقىلارمۇ ئۇنى: «ناۋاتىنىسا»، «ناۋاتگۈل» ، «ناۋات ئايىم»، «ناۋات خېنىم»، «ناۋات ئانام»، «ناۋات چوڭ ئانام» دەپ ئاتىدى.

تەقدىر بوۋاينى ئاخىر داغدا قويدى. «ئون يەتتە ياشلىق قىزغا تېگىشمەيدىغان» مومىيىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەتتى. موماي پۈت ـ قولىنى ئۈزۈن سۇنغان كۈنى بوۋاي بىر تېمىممۇ كۆز يېشى قىلمىدى، ھازا ئاچمىدى. بالىلىرىنىمۇ، نەۋرىلىرىنىمۇ تۈزۈك ھازا ئاچقىلى قويمىدى. مومايىنى يەرلىكىگە قويغان كۈنىلا يەرلىكىنىڭ بېشىغا چېدىردىن بىرنى تىكتۈردى ـ دە، نەۋرىلىرىنى تۇپراق بېشىغا ئاش ـ تاماق توشۇغىلى سېلىپ، توپتوغرا قىرىق كۈن قەبرىدىن بىر دەممۇ ئايرىلمىدى. قىرىق كېچە ـ كۈندۈز قەبرىنى بېقىپ ياتتى.

قىرىق كۈندىن كېيىن بوۋاي ئۆيگە قايتىپ كەلدى. مەھەللە ـ جامائەت بىلەن ئارىلىشىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ خۇش چاقچاق ئاۋازى، كۈلكىسى يەنە پەيدا بولدى. بىر كۈنى بوۋاي ئوغلىنى چاقىرىپ مەھەللىدىكى ئىككى يىل ئاۋۋال ئېرىدىن تۇل قالغان ئوتتۇز بەش ياشلىق ئايزىمخانغا ئۆيلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئوغۇل دادىسىنىڭ بۇ قارارىنى كۆڭلىدە پەقەتلا توغرا تاپمىدى. لېكىن، كالپۇك يېرىپ بىر ئېغىز قارشىلىق بىلدۈرمىدى. بوۋاي چوكان بىلەن پۈتۈشۈپ بولغاندى. بىر كۈنى پېشىن نامىزىدىن كېيىن مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى قاتارلىق يەتتە ـ سەككىز نەپەر جامائەتنىڭ گۇۋاھ ـ شاھىتلىقى بىلەن بوۋاي بۇ چوكانغا ھەشەم ـ دەرەمسىزلا نىكاھلىنىۋالدى. شۇ كۈندىن باشلاپ بوۋاينىڭ ھۇجرىسىدىن ياش چوكاننىڭ كۈمۈش قوڭغۇراقتەك تاتلىق كۈلكىسى بېسىلمايدىغان بولدى. بوۋايمۇ ئىلگىرىكىدىن خېلىلا خۇش چاقچاق بولۇپ قالغاندى. ئەپسۇس، ئۇلارنىڭ بۇ ھەسەلدەك تۇرمۇشى ئۇزاققا بارمىدى.

بىر كۈنى بوۋاي پېشايۋان ئاستىدىكى كۆرپىدە يانپاشلاپ

ياتقىنىچە ياش چوكاننىڭ تاماق ئىچىشىگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئايزىمخان قازانغا ئاش تارتىپ سېلىش ئۈچۈن بوۋاينىڭ قېشىغا — سۇپىنىڭ ئۇستىگىلا ئاچقان سۇپىرىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئاش تارتىۋېتىپ، ئىككى قولىغا ئالغان پىلتىنى ئاش تاختىسىغا شۇنداقلا ئۇرۇشىغا، تويۇقسىزلا ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا ئىككى قېتىم يەل قويۇۋەتتى ۋە چاندۇرمىغان بولۇپ بوۋايغا قاراپ، بىر قىزىقچىلىق بولغاندەك پىسسىڭىدە كۈلۈۋەتتى. چوكان كۆڭلىدە بوۋاينى كۈلىدۇ، تاتلىقنىنا ئىككى ئېغىز چاقچاق قىلىدۇ، ئەركىلىتىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، ئەھۋال ئۇنداق بولمىدى. بوۋاي ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، سۇپىرىدىكى خېمىر يايىدىغان نوغۇچنى قولىغا ئېلىپ، ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا باغلاپ قويغان ئېشەكنى غەزەپ بىلەن دۇمبالاپ كەتتى:

— ھۇ، يۈزى قېلىن داپ، قاراپ تۇرسام مېنى كۆزۈڭگە ئىلماي ئۇسۇرۇۋاتىسىنا، مانا ئەمىسە، تويە ئۇسۇرغانغا...

بوۋاي ئېشەكنى تىللىغاچ، نوغۇچ بىلەن كۇمشىتىپ سالاتتى. چوكان بوۋاينىڭ مۆلچەرلىگۈسىز بۇ قەھر ـ غەزىپىنى كۆرۈپ، چىرايى ساپسېرىق سارغايغىنىچە تۇرغان جايىدا قېتىپلا قالدى. بوۋاي ھازىرلا يۇگۇرۇپ كېلىپ ئاشۇ نوغۇچ بىلەن ئۆزىنى دۇمبالايدىغاندەك ۋەھىمىگە چۈشتى، جالاقلاپ تىترىدى. دۇمبانى ئېشەك ئەمەس، ئۆزى يەۋاتقاندەك ئۇستىخانلىرى تىكەنلىشىپ، يۈرىكى سىرقىرىدى.

بوۋاي ئېشەكنى ھارغۇچە دۇمبالىغاندىن كېيىن ئاستا كەينىگە ياندى ـ دە، تېخىچىلا بۇتتەك قېتىپ تۇرغان چوكاننىڭ قېشىغا كېلىپ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى:

— خېنىم، سىلى ھازىردىن باشلاپ ئۈچ تالاق. نىكاھىمدىن چىكەتتىلە. ئەرگە تېگىۋالسىلا. دەرھال كۆزدە ـ كۆرپىلىرىنى ئېلىپ كۆزۈمدىن يىتسىلە.

چوكان پاڭگىدە يىغلىۋەتتى. بوۋاينىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ يېلىندى، يالۋۇردى. قەستەن يەل قويۇۋەتمىگەنلىكىنى قايتا ـ

قايتا ئېيتتى. لېكىن، بوۋاي ئۇنى تالاق قىلىپ بولغانىدى. ئەمدى بۇ گەپنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تالاق قىلىنغانلىقىنى ئېسىگە ئالغىنىدا قايتىدىن ئۈن قويۇپ يىغلىدى، چاچلىرىنى يۇلدى. نائىلاج بوۋايدىن ئايرىلدى. بوۋاي بىلەن قايتا يارىشىۋېلىشقا يول — پەتىۋا تېپىپ بەرگەن موللا-ئۆلىمالارغا نۇرغۇن ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى دەپ يۈردى. بوۋاي چوكانىنى ئاشىق — ساراڭ قىلىۋەتكەنىدى.

يېقىندىلا يەردىن ھاڭرىغان ئېشەكنىڭ ئاۋازى بوۋاينى ئەسلىمىلەر قوينىدىن تارتىپ چىقاردى. ئۇ قىزىق، يۇمشاق قۇمدىن مەيدىسىنى ئاستا كۆتۈردى. مەيدىسىدىكى قويۇق، قاپقارا، كۆرپىدەك تۈكلەرگە قېلىن بىر قات قۇم چاپلىشىپ قالغانىدى.

... ئۆيلىنىۋالسام بولاتتى. كۈنۈمنى كۈندە مۇشۇنداق قىزىق، يۇمشاق قۇمنى باغاشلاش بىلەن ئۆتكۈزسەم ئوبدان بولماس. ھېلىمۇ ياخشى خەق مېنىڭ نېمىشقا كۈندە بۇ قۇمغا مەيدەمنى ياقىدىغانلىقىمنى بىلمەيدۇ. ناۋادا بىلىپ قالىدىغان بولسا... ھەي ي... شۇ سالامەتخان يا گەپنى گاچچىدە ئۈزمىدى... بالىلىرىم، بالىلىرىملا، دەيدۇ. بالىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆيلۈك — ئوچاقلىق قىلىپ بولدى. ئۆزى تىكەندەك يالغۇز قالدى بىچارە مەزلۇم. يېشى سەل چوڭراق بولغان بىلەن پاكىز قېرىدى. ياش ۋاقتىدا ئۆزىنى ياخشى كۈتۈپتىكەنمۇ دەيمەن. بەدەنلىرى خىلىلا چىڭ كۆرۈنىدۇ. ئاشۇ كۈنى ئەجەب ياش بالىدەك قىلىق قىپتىمەن. يامان بولىدۇ، نىكاھ ئوقۇتۇۋېلىپ ئاندىن... دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالمىغان بولسا... مەندىن خاپا بولۇپمۇ قالغانمىدۇ؟ ھەي ي... نېمىشقا بالىلارنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرىدىغاندۇ؟ ئۇ دۆيۈزلەردىن ئۈمىد كۈتۈپ تۇرسا دەيدىغىنى يەنە شۇ: «قېرىغان چېغىڭىزدا يۈزىمىزنى تۆكۈپ، ئەرگە تېگىمەن دېمەي جىم ئولتۇرۇڭ. ئەرگە تەگمىسىڭىزمۇ سىزنىڭ نېمىڭىز كەم؟» ھىم، ئانىسى ئەرگە تەگسە يۈزى تۆكۈلەرمىش ئۇ

نوچىلارنىڭ. تېخى بىركىم يالغۇز مال ـ دۇنيا، كىيىم ـ كېچەك ئۈچۈنلا ئەرگە تېگىدىغاندەك، نېمىگىز كەم دەپ كېتىشلىرىنى. قېرىغان ئادەمدىمۇ كۆڭۈل بولىدىغانلىقىنى بىلىشمەمدىكىنە. بىزنى ئۆزلىرىگە ئوخشىتىدۇ. ئۇلار ياش بولغان بىلەن كۆڭلى ئاللىبۇرۇن ئۆلگەنلەر. ئەمما، بىزنىڭ كۆڭلىمىز تېخىچە ياپياش. ساقال ئەستاغپۇرۇللىغا يەتكەندە ئەپقاچاي دېسەم تېخى. ياش ۋاقىتلىرىم بولغان بولسىغۇ... ياق، مەيدەمنى قۇمغا يېقىپ يېتىۋەرمەي بىر ئامالىنى قىلاي. بالىلىرى بىلەن سۆزلىشىپ باقسام قانداق بولار؟ مېنىمۇ تىللاپ، ھاقارەتلەپ كېتەرمۇ يا... تىللىسا تىللىمامدۇ، ھەممىسى سالامەتخان ئۈچۈن، ئىتتىن قورققان ئابدال بولماپتۇ.

بوۋاي لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، پەسكە شامالدەك تېز چۈشتى.

*     *     *

سالامەتخان... چىرايلىق سالامەت خېنىم، مېنى دەپ ئاشۇنداق خورلۇق ـ ھاقارەتلەرگە قالدىڭىز ـ ھە! ... ئۇلار سىزنى ئەمەي ئېشەك ئېمىپ چوڭ بولغاندەك ئەقىلسىزلىك قىلىشىپ كەتتىغۇ؟! بولمىسا سىزنى شۇنچىۋالا ھاقارەتلەرمىدى؟ دىلىڭىزغا ئازار بېرەرمىدى؟ خاپا بولماڭ، سالامەت خېنىم، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، كۆزىڭىزدىن شۇنداقلا بىر تېمىم ياش چىقارسىڭىز، ئاشۇ بالىلىرىڭىزغا قارغىش بولۇپ قالىدۇ، بالىلىرىڭىز ئىلگىرى باسمايدۇ. خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ. نېمىلا بولسۇن ئۇلار بالا، بىز ئاتا ـ ئانا ئەمەسمۇ، كۆڭلى ـ كۆكسىمىزنى كەڭ تۇتايلى، ئەپۇ قىلايلى. سىز ئۇلارنى ئەپۇ قىلسىڭىز خۇدامۇ ئەپۇ قىلىدۇ.

بالىلار بۇزۇلۇپ كەتتى، ئەقىل ـ ھوشى، ئادىمىيلىكى بۇلغاندى. ئۇلار ھەرقانداق ئىشتا ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى،

مال ـ دۇنيانى ئويلايدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇلار بىزدىن كەچسە كېچىدۇكى، مال ـ دۇنيادىن كەچمەيدۇ. ئۇلارنىڭ يۈز ـ ئابرۇيى دېگىنى قۇرۇق گەپ. ئۇلار ئازغىنا پايدا ـ مەنپەئەت ئۈچۈن ھەرقانداق ئادەمنىڭ تاپىنىنى يالاشقا، بىر ـ بىرىنى پۇتلاپ، ئورا كولاپ، چېقىشتۇرۇپ قان قىلىشقا رازىكى، ھەرگىزمۇ مەن، كىم، ئاتا ـ بوۋام كىم، ئىلگىرى كىم ئىدۇق، ھازىر كىم بولۇۋاتىمىز، بۇ تۇپراق بىزگە، بالىلىرىمىزغا كېرەكمۇ، كېرەك ئەمەس، دېگەنلەرنى ئويلىمايدۇ. شۇڭا، ئۇلار بۇ چىلان تۇپراقنى بۇلاپ ـ تالاپ يەۋاتىدۇ، ماغدۇرىدىن كەتكۈزۈۋاتىدۇ، بۇزۇۋاتىدۇ. بۇلغاۋاتىدۇ. ئۇلار ئاشۇنداق ئەبگارلىشىپ ـ زەئىپلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، قورساقتىن، مال ـ دۇنيادىن باشقىنى ئويلىمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئادىمىيلىكنى، كاتتا ئىنسانىي ھەۋەسلەرنى ئۇنتۇپ كەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئوخشىتىپ بىزنىمۇ ئۆزلىرىدەك ئاجىز، زەئىپ كۆرۈۋاتىدۇ، چوڭ قويسا قايىنىغۇدەك ھەۋەسلىرىمىزگە چىدىمايۋاتىدۇ.

رەنجىمەڭ، سالامەت خېنىم. ئۇلار ئانام دېمىسە، مەن سىزنى خېنىم، دەيمەن، گۈلۈم دەيمەن، خىزمىتىڭىزنى قىلىمەن. سىز ئۇلارنى باقتىڭىز، بالىلىرىنىمۇ باقتىڭىز، ئەمدى بالىلىرىنىڭ بالىلىرىنىمۇ بېقىپ بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلىسىڭىزمۇ ئۇلار ھەرگىز: «ئانا، قانداق ئارزۇ ـ تەلەپلىرىڭىز بار؟» دەپ سوراپ قويمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەقىقىي ئىنسانلاردا بولىدىغان ئارزۇ ـ تەلەپلەر يوق. سىز تۇنۇگۈن ئاشۇ بالىلىرىڭىزنى دەپ، ئۇلاغ ـ ئۇلمەكلەرگە بىرتۇتام ئوت ئېلىپ تاشلاپ بەرگىلى كېۋەزلىككە چىقمىغان بولسىڭىز، مەنمۇ سىزنى كۆرمەي قالار ئىكەنمەن. قۇم دۆڭىدە ئولتۇرۇپ تۇيۇقسىزلا قارا دېگەندەك زايە بولۇپ كەتتى، شۇنداق قارىسام، سىز تۇرىسىز، يۈرىكىم سىلىپ كەتتى، قېشىڭىزغا بارغۇم، ئىككى ئېغىز مۇڭداشقۇم كەلدى. يۈگۈردۈممۇ، ئۇچتۇممۇ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە قېشىڭىزغا يېرىپ قاپتىمەن. ناھايىتى كۆزىڭىزگە

ئۇزاقراق قارىتۋالدىم، ئىككى ئېغىز چاقچاق قىلىۋالدىم. ماڭا هازىرچە شۇ لا كۇپايە ئىدى. بىراق، بالىلىرىڭىز تۇيۇقسىز لا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا قېشىمىزدا پەيدا بولدى ـ دە، بىر تاتلىق پاراڭلىرىمىزنى ئۈزۈپ قويدى. بىزنى خۇددى بىر ناشايان ئىش ئۈستىدە تۇتۇۋالغاندەك، ئېغىزىغا ئالغۇسىز سۆزلەر بىلەن هاقارەتلىدى. مېنى نېمە دەپ تىللىسا، هاقارەتلىسە، هەتتا يۇزۇمگە بىر ـ ئىككى تەستەك سېلىۋەتسىمۇ مەيلى ئىدى. لېكىن، سىزنى تىللىغىنى، هاقارەتلىگىنى يامان بولدى. بىر پەشۋا بىلەن نەۋرە ئوغلىڭىزنىڭ چىشىنى تۆكۈۋېتەي، كەنجى ئوغلىڭىزنىڭ قاڭشىرىنى ئېزىۋېتەي دېگەنىدىم، لېكىن سىز ئارا تۇرۇۋالدىڭىز. ئۇلار نېمىلا دېگەنبىلەن سىزنىڭ بالىلىرىڭىز ـــ يۈرەك پارىلىرىڭىز ئەمەسمۇ. بىر ئانا ئۈچۈن كۆز ئالدىدا بالىلىرىنىڭ تاياق يېگىنىنى كۆرۈشتىنمۇ ئېغىر ئىش يوق، مەن بۇنى چۈشىنىمەن، شۇڭا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم، ئۆزۈمگە هاي بەردىم. بىز بۇنداق كاككۇك بىلەن زەينەپتەك ئۆتنۈەرمەيلى، تېزرەك بىر قارارغا كېلىلى، سالامەت خېنىم. ياش ۋاقىتلىرىم بولغان بولسا، كۆزىڭىزگە قاراپ ئولتۇرمايتتىم، بىر مەزگىل بىر يانغا كېتىپ تۇرامدۇق يا؟ كېيىنچە بالىلارنىڭ ئاچچىقى يانغاندا قايتىپ كېلەرمىز...

قېشىدىلا بىركىمنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازىدىن بوۋاينىڭ خىيال يىپى ئۈزۈلۈپ كەتتى. بوۋاينىڭ قېشىدا ئوغلى قاراپ تۇراتتى. بوۋاي سۇرلۇك قارچىغا كۆزلىرىنى ئوغلىغا تىكتى.

ـــ سىلى بىلەن سۆزلىشەي دەپ كەلگەنىدىم، دادا.

بوۋاي سۆزلەۋەر، دېگەننى قىلىپ ئوغلىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇردى.

ـــ يېزىلىق هۆكۈمەت هېلىقى ئويمان يەرگە كېلەر يىلى كېۋەز تېرىمىساق قەتئىي بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى، شۇڭا...

ـــ ياق، بولمايدۇ، ـــ دېدى بوۋاي جاهىللىق بىلەن ئوغلىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ـــ كېۋەز، كېۋەز دەپ يۈرۈپ دۆڭمەهەللىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھەممە يېرى پاختا بولۇپ كەتتىغۇ ھازىر. ئاشۇ كىچىككىنە يەرگىمۇ مەجبۇرلاپ كېۋەز تېرىتساڭلار... كېيىلەر يىللى دۆڭمەھەللىلىكلەر پاختا يېمەيدىغاندۇ ھەرقاچان.

— كۆككۇم تەرەپتىن بىنەم ئېچىپ بۇغداي تېرىيدىغان بولدۇق.

— بىنەمنى ھازىر ئاچسا بۇغداي كېچىكىپ قالامدۇ؟

— بىنەمنى توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن ئاچىدىغان بولدۇق.

— يېڭى ئاچقان بىنەمنىڭ زىرائىتى ئىككى - ئۈچ يىلسىز ئوخشىمايدۇ.

— تۇ شاڭجاڭ: «خاتىرجەم بولۇڭلار، ئاشلىقتىن قىينالغان ۋاقتىڭلاردا بىر ئامالىنى قىلىپ بېرىمەن» دەيدۇ.

— تۇ شاڭجاڭ بىر ئامالىنى قىلىپ بەرسە، بىرتوتاش ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدۇق، دەپ باشقا يەردىن ئەرزان يۆتكەپ كېلىپ، دېھقانلاردىن نەپ ئالار ھەرقاچان. بولمايدۇ، مەن بۇ يەرگە ھەرگىز كېۋەز تېرىغىلى قويمايمەن.

— ماقۇل دەڭ، دادا، — دېدى ئوغلى يېلىنىپ، — سىز بۇنداق دەپ تۇرۇۋالسىڭىز، باشقىلارنى گېپىمگە كىرگۈزەلمەيمەن. ئۇ ئويماندا يالغۇز بىزنىڭلا يېرىمىز يوق. تۇ شاڭجاڭ: «دېھقانلار قارشىلىق قىلسا، بېسىم ئىشلىتىڭلار، ئۇنۇملۇك تەدبىر قوللىنىڭلار» دېگەن...

— تۇ شاڭجاڭ شۇنداق دېگەنمىدى، شۇجى غوجام؟ — دېدى بوۋاي ئوغلىغا قاراپ مەسخىرىلىك كۈلۈپ، — دەپ باقە، سەن ئادەممۇ، نېمە؟ سەن تۇ شاڭجاڭنىڭ غالچىسىمۇ ياكى دۆڭمەھەللىلىكلەرنىڭ شۇجىسىمۇ؟ دېھقانلار ئۈچۈن ئىككى ئېغىز ھەق گەپ قىلمىغان ئادەم نېمە قىلسەن شۇجى بولۇپ؟...

تۇيۇقسىز تراكتورنىڭ تاتىلدىغان ئاۋازى بوۋاينىڭ سۆزىنى بۆلۈپ قويدى. ئىككى دانە توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى كۆككۇم

تەرەپتىكى قومۇشلۇقتا بىنەم ئىچىشنى باشلىغانىدى. بوۋاينىڭ ئاغزى بىر دىنلا گەپكە كەلمىدى. ئۇ غالىبلارچە ھىجىيىپ تۇرغان ئوغلىغا قاراپ ھەممىنى چۈشەندى. ئەمدى ھېلىقى تۆت مو چىلان تۇپراق يەرنى بەرمەسكە بوۋاينىڭ ھېچقانداق ئىلاجى يوق. ئوغلى ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان. بۇ يەرگە بوۋاينىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىش ئۇچۇن ئەمەس، بوۋاينى جېدەل قىلىشتىن، دۆگمەھەللىلىكلەرنى قۇترىتىشتىن توسقىلى كەلگەن. بوۋاي ئوغلىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ. ئوغلى بوۋايدىن كۆرە ھېلىقى تۇ شاڭجاڭدىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ. تۇ شاڭجاڭنىڭ ھەربىر بۇيرۇقىنى ھەر ئاماللارنى قىلىپ ئورۇنلايدۇ. چۈنكى، بوۋاي ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلغان بىلەن، تۇ شاڭجاڭ ئۇنىڭغا ھوقۇق بەرگەن. ئۇ قېرىنداشلىرىنىڭ، يۇرتداشلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىپ، سېتىپمۇ بولسا بۇ ھوقۇقنى قوغدىمىسا، ھوقۇق بەرگۈچىنىڭ تاپىنىنى يالىمىسا بولمايدۇ. شۇڭا، بوۋاي ئوغلىنى ياراتمايدۇ، دۆشكەلەيدۇ، تىللايدۇ، زاڭلىق قىلىدۇ، يۈزىدىن يۈزىگە: «شۈجى غوجام» دەيدۇ. ئوغلى بۇ گەپنى باشقا كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىسا، مېنى زاڭلىق قىلدىڭ، دەپ ئۇرۇشىدۇ، مۇشتلىشىدۇ، ئەدىپىنى بېرىدۇ. بوۋاي قاتتىق ئاچچىقى كەلگەندە ئوغلىنى ئەنە شۇ سۆزلەر بىلەن مەسخىرە قىلىدۇ، ئىچىنى بوشىتىدۇ.

— ئاشۇ ئىككى تىراكتور ھەپتىدە نۇرغۇن بىنەم ئىچىپ بولىدۇ. بىز ھامىنى تېرىغاندىكىن ئاشۇ بىنەمدىن ئون بەش مو يەر ئېلىپ...

— ماڭ، تولا سەپرايىمنى ئۆرلەتمەي، كۆزۈمدىن يوقال، — دېدى بوۋاي ئوغلىغا ھاسىسىنى تەڭلەپ.

ئوغۇل بوۋايدىن شۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا قوم دۆڭنىڭ ئۈستىدىن يۈگۈرگەندەك چۈشۈپ كەتتى.

بوۋاي قوم دۆڭنىڭ ئۈستىدە ئۇزاق ئولتۇردى. كۆزىنىڭ

www.uyghurkitap.com

سوغۇق شامـــلى دۆڭدىكى قۇملارنى ئـۇچۇراتتى. قـومـۇشلارنىـڭ يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتاتتـى، بوۋاي شامالـغىمۇ، قۇمغىمۇ، سوغۇققىمۇ پەرۋا قىلمىدى. ئۇزۇلۇپ كەتكەن خىيال يىپىنى يەنە ئۇلىدى.

ــ مېنىڭ بالىلىرىمنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇ، سالامەتخان، ئۇلارنى تىلـلىسام، ۋارقىـرىسام، جىـم تۇرغىــنى مېنـى ھۆرمەتلىـگىـنى ئەمەس. سىلى ھازىر نېمە ئـىش قىلـىۋاتىدىغانلا؟ سـىلى بىلـەن كۆرۈشــەم، مۇڭداشــسام، نېمـە ئويلاۋاتقانلىقـلىرىنى بىلـسـەم بولاتتى. مېنىڭمـۇ سىلـىگە دەيدىغـان، سەملـىرىگە سالىدىغان مەسلىھەتىم بار ئىدى...

* * *

بۇگۈن بۇغداي تېرىش ئۈچۈن تەقسىملـەپ بـەرگەن يېڭـى بىنەمـگە بۇغداي ئۇرۇقى سېلىشقا تـەييارلىنىۋاتقـان دېھقانـلار يەرلىرىگە ئىشلىگەچ كۇسۇرلاشماقتا ئىدى.

ــ شۇجىنىڭ دادىسى سالامەتخاننى ئەپقېچىپ كېتىپتۇ.

ــ ئەپقاچماپتۇ، ئىككىسى بىللە قېچىپتۇ.

ــ قىرىغـان ۋاقتىدا خۇدايا توۋا دەپ نامـىزىنـى ئـوقـۇپ ئولتۇرماي...

ــ بالىلىرىنىڭ يۈزىنى تۆكۈپ...

ــ نى ئات، نى نومۇس دېسىلە.

ــ سالامەتخاننىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى ئانىسىدىن تېنىپتۇ.

ــ ئۆلۈك ـ تىرىكىگە بىز ئىگە ئەمەس، دېيىشىۋاتقۇدەك.

ــ توۋا دېسىلە، ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنداق دېمىگەندۇ؟

ــ ئانا دېيىشكە كىمنىڭمۇ ئاغزى بارىدۇ ئۇ خوتۇننى؟

ــ ئۆتكەنىدە قوناقلىقتا شۇجىنىڭ دادىسى بىلەن تۇتۇۋاپتىكەنمىش.

— خۇدايا تووۋا.
— شۇجىمۇ غېمىدە يوق يۈرىدۇغۇ؟
— قىلدىن قىيىق كەتسە تىللاپ، دۆشكەلەپ، يول كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ئادەمدىن قۇتۇلغىنىغا خۇشتۇر ھەرقاچان.
— ئۇنداقمۇ قىلىپ كەتمەس، دادا ئەمەسمۇ.
— شۇجىغا دادا كەممىدى؟! يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى شۇجى، شاڭجاڭلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ دادىسى.
— قېرىپ قالغىنى بىلەن راۋرۇس ئادەمتى جۇما ئۇ بوۋاي.
— ئېسىل ئادەمتى.
— ئەمدى دۆڭمەھەللە تۇگىشىدىغان بولدى.
— ئاڭلىدىڭلارمۇ، بوۋاينىڭ سالامەتخانىنى ئەپقاچقانلىقىنى ئاڭلاپ ئايزىمخان ھوشىدىن كېتىپتۇ.
— شۇنداقمۇ دەيسىلە، ھازىرغىچە ئەرگە تەگمەي بوۋايغا ئىشتەي ساقلاپ ئولتۇرغان ئۇ چوكان.
— ئاشۇ قېرىنىڭ نەرىگە كۆيۈپ قالغان بولغىيدى دەيمىنا.
— قېرى دېمەڭلار، ئوغلىدىن ئېشىپراق يىگىتلىكى بار ئادەم ئۇ.
— ھۇشت، ئاستا گەپ قىلىڭلار، شۇجى غوجام كېلىۋاتىدۇ.
— يېزىلىق ھۆكۈمەت بېكىتىپ بەرگەن ئۆلچەم بويىچە ھەر مو يەرگە يىگىرمە كىلودىن خىمىيەۋى ئوغۇت چاچىسىلەر، ئۆلچەمدىن كەم بولۇپ قالمىسۇن، ئوغۇتنى كەم چاچقۇچىلاردىن جەرىمانە ئېلىنىدۇ.
شۇجى يۇقىرىدىكى گەپلەرنى تەكرارلىغاچ دېھقانلارنىڭ يەرگە ئوغۇت چېچىشىنى نازارەت قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىراي - تۇرقىغا قاراپ دادىسىنىڭ بىر يەرگە چىقىپ كەتكەنلىكىدىن خۇش بولغانلىقىنى ياكى خاپا بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى. ئۇ يەرگە ئوغۇت چېچىۋاتقان ھەربىر دېھقاننىڭ قېشىغا كېلىپ تۆۋەندىكى گەپنى

ئېرىنمەي تەكرارلايتتى:

ــ يېزىلىق ھۆكۈمەت بېكىتىپ بەرگەن ئۆلچەم بويىچە ھەر مو يەرگە يىگىرمە كىلودىن خىمىيەۋى ئوغۇت چېچىڭلار، ئۆلچەمدىن كەم بولۇپ قالمىسۇن. ئوغۇتنى كەم چاچقۇچىلار جەرىمانە تۆلەيدۇ.



www.uyghurkitap.com

# ئاھ، قىزلار

يىگىتلەردىن تۆت ـ بەشىمىز بىر يەرگە كېلىپ قالدۇقمۇ بولدى، تەبىئىي ھالدا پاراڭنىڭ تېمىسىنى قىزلار ئىگىلەيدۇ. كىمنىڭدۇر يۇرگەن ياكى ئايرىلىپ كەتكەن قىزى ھەققىدە ياكى قىزلارنىڭ كىيىنىشى، پەرداز قىلىشى، يۇرۇش ـ تۇرۇشى، پەزىلىتى ھەققىدە ۋە ياكى قىزلارغا بولغان قاراشلىرىمىز ھەققىدە سۆزلىشىمىز، مۇنازىرىلىشىمىز. بۇ بىزدەك ئەر يېتىپ قالغان يىگىتلەرنىڭ ئەڭ چوڭ بىر ئالاھىدىلىكىمىز بولسا كېرەك. بىر چاغلاردا چوڭلارنىڭ ئاغزىدىن «خەنزۇ خەقتىن تۆت ئەر كىشى بىر يەرگە كەلسە قورساق پارىڭىنى سالىدۇ، بىز ئۇيغۇر خەقتىن تۆت ئەر كىشى بىر يەرگە كېلىپ قالسا خوتۇن پارىڭى سالىدۇ» دېگەننى ئاڭلاپ قالغانىدىم. بۇ ھەقىقەتەن راست گەپ ئىكەن. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام‌مۇ بالىلىقىم بىلەن خوشلىشىپ، بالاغەتكە يەتكىنىمدىن تارتىپ قىزلارنى ئويلىدىم، قىزلارنى خىيال قىلدىم، قىزلارنى چۈشىدىم، تەڭتۇشلار بىر يەرگە كەلسەك قىزلارنىڭ پارىڭىنى قىلدۇق. قايسىبىر قىزنىڭ قولىنى تۇتۇۋالغانلىقىمىزنى، كۆزىگە تىكىلىپ قارىۋالغانلىقىمىزنى، كېلىشتۈرۈپ ئىككى ئېغىز گەپ ئېيتىۋالغانلىقىمىزنى داڭلىنىپ، مەغرۇرلىنىپ تۇرۇپ سۆزلەشتۇق. قىزلار بىلەن ھاياتنىڭ تاتلىق، مەخپىي لەززەتلىرىنى سۈرۈپ چوڭقۇر خىياللار قايىنىمىغا غەرق بولدۇق. قىزلاردىن پارىڭىمىز، خىياللىرىمىز ئارقىلىق ھۇزۇر ئالدۇق، بارا ـ بارا چوڭ بولدۇق، ئەنە ئاشۇ تاتلىق خىياللىرىمىز،

چۈشلىرىمىز رېئاللىقتا ئايلاندى. قىزلار ئوغۇللۇق دەۋرىمىز بىلەن خوشلاشتۇرۇپ، بىزنى ئەرگە — ھەقىقىي بىر ئەرگە ئايلاندۇردى. ئۆزىمىزنىڭ ئەركەك ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلدۇردى، بىلدۇردى. يەنە شۇنىڭدىمۇ قىزلارنى تېما قىلغان پاراڭلىرىمىز توختاش تۇگۇل تېخىمۇ بەك ئاۋۇپ كەتتى. شۆلگەيلىرىمىزنى ئېقىتىپ تۇرۇپ سۆزلەشتۇق. سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ شېرىن، تاتلىق خىياللار قاينىمىغا يەنە غەرق بولدۇق.

مانا بۈگۈنمۇ شۇنداق پاراڭلار تەبىئىي ھالدا باشلاندى.

— ھە، ئاغىنىلەر، تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭلار، ئەجەب تاماكىنىڭ ئىسلىنى چېكىدىغان بولۇپ كەتتىڭلىغۇ؟ ئاخشام بىر كېچە خىش تىزىپ① ئوبدانلا غوس قوپارغان ئوخشىمامسەن؟ ئىشخانىلىرىمىز قوشنا بولغاندىكىن، بىزگىمۇ مۇنداق بىر ھايت دەۋېتىڭلا - ھە!

— سەندىن نېمە ئاياتتىمەۋە، ئاداش؟ بۈگۈن ئاخشاممۇ ئويناماقچى، خالىساڭ سېنىمۇ باشلاپ باراي، ئاز دېگەندە بىرەر مىڭنى يانچۇققا سېلىپ بارارسەن.

— ھەببەللى، ما گېپىڭلا ئوغۇل بالىچىلىقتا ياردى مانا، بۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇنداق سورۇن بولسا بىللە بارايلى. ھەي، شۇ نەرسىنىڭ مېھرىنىڭ ئىسسىقلىقىنى. ئويناپ قالساق كېچىچە ئادەمنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىگەن. كۈندۈزى خىزمەت خۇشياقمىغان. ھېلىمۇ ئۇ نەرسىنىڭ ئىسمى «قىما» بولۇپ قاپتىكەن. ناۋادا «قىل» دېگەن بولسا، قانچىلىك بولۇپ كېتەرمىزكىن؟

— نەچچە مىڭ كويغا كالتەكلىنىپمۇ تويمىدىڭلار - ھە، ئاداش، شۇ قىماغا؟

— ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ئابدۇللا چويۇن بىلەن روشەن قورچاقنىڭ تويى بولغۇدەك.

— نېمە؟ ئاشۇ روشەن قورچاقنىڭما؟ يائاللا ئاشۇ نەرسىگىمۇ

---

① خىش تىزىپ — ماجاڭ ئويناش دېمەكچى.

ئەر چىقىپتۇ ـ دە! چويۇن ئاداشقا يېپىشقان ئوخشىمامدۇ ئۇ يەر يېلىمى.

ـــ ياق، چويۇن ئاداش ئۆزى يېپىشۋاپتۇدەك.

ـــ ھەرقاچان تويلۇقى ئەرزان چۈشىدۇ، جىق چىقىم تارتمايلا توي قىلىنۋالىمەن دەپ يېپىشقاندۇ ئۇ پىخسىق ئاداش، شۇڭا بىكارغا چويۇن دېمەيمىز ـ دە، ئۇنى.

ـــ ھەي، ئادەمنىڭ ئاغزىدىكى گېپىگە قاراپ بىرنېمە دېگىلى بولمايدىكەن، تويىنىڭ گېپى بولسىلا ئابدۇللا ھېچكىمگە گەپ بەرمەيتتى. قىزلارنى چېكىپ تاللاپ تۇرۇپ، توغاچتەك بىرنېمىسى بار قىزلار بىلەن توي قىلىمەن دەپ پو ئاتاتتى. ئەمدى كېلىپ قىز تېپىلمىغاندەك ئاشۇ روشەن قورچاق بىلەن...

ـــ شۇنداقمۇ دەيسىلە، ئايالLAR دېگەننىڭ ھىيلىسى تولا خەق. روشەن قورچاقمۇ بوش نەرسە ئەمەس. چويۇن ئاداشنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋالغاندۇ ھەرقاچان.

ـــ بىرنېمە دەپ بولغىلى بولمايدۇ.

ـــ خوتۇن كىشى دېگەنزە...

ـــ ئۆز ۋاقتىدا قىزلارنى مەندەك چوڭ بىلىدىغان ئادەم يوق بولغىيدى. قىزلار بىلەن يالغۇز ئۇچرىشىپ قالسام تەمتىرەيتتىم. ئۇلارنى خىيال قىلسامۇ سۇر بېسىپ، يۈرىكىم پوكۇلدايتتى. توي كېچىسى قانداق قىلارمەن دەپ غەم يەيتتىم. ھېلىقى پاتەم داڭ بىلەن مەستچىلىكتە بىر كېچە بىللە يېتىپ ئوغۇللۇقۇمنى يوقاتقاندىن كېيىن بۇنداق نەرسىلەر كۆزۈمگە چۈمۈلىدەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى.

ـــ ئاغىنىلەر «ئاق كېچە»گە بېرىپ، بىر ئاخشام ئويناپ كەلمەمدۇق؟

ـــ داڭلىغۇدەك نېمىسى بار ئۇ يەرنىڭ، ساپلا دادۇيجاڭ، شۇجىلار بىلەن خوتۇن تالىشىپ...

ـــ ھازىر پەيزى بولۇپ كەتتى دېيىشىدۇغۇ. لوبىنى خېلى

يامان ئەمەس نەرسىلەردىن يەتتە ـ سەككىزنى ئەكەپتىمىش، ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا «ئاق كېچە»نىڭ پارىڭى.

— بارساق بارايلى، زېرىكىپ تۇرغاندا ئويناپ كەلمەمدۇق.

— ھازىر رېستوران، قاۋاقخانىلارغىمۇ ئەر كىشىدىن خوتۇن كىشى كۆپ كىرىدىغان بولۇپ قاپتۇغۇتاڭ.

— غېرىپ ـ سەنەم، تاھىر ـ زۆھرە، رابىيە ـ سەئىدىنلەرنىڭكىدەك ھەقىقىي سۆيگۈ ـ مۇھەببەت يوقاپ كەتتىغۇ ھازىر.

— ياق، ئۇنداقمۇ ئەمەس، مۇھەببەت ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدىغان قىزلار ھازىرمۇ تېپىلىدۇ.

— ۋايتاڭەي، بۇ گەپكە مەن ئىشەنمەيمەن جۇمۇ.

— مەنمۇ ئىشەنمەيمەن.

— ئىشىنىڭلار، ئاغىنىلەر، — دېدى باياتىن بېرى گەپ قىلماي ئولتۇرغان ئەنۋەرجان سۆز قىستۇرۇپ، — قىزلار سىلەر دېگەندەك ئۇنداق ئەمەس. مەن سىلەرگە بىر پارچە خەت كۆرسىتەي، بۇ بىر قىزنىڭ بىر ئاغىنەمگە يازغان خېتى ئىكەن، ئوقۇپ باقاي دەپ ئېلىۋالغانىدىم. سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي.

— قېنى ئۇ خەت، ئېلىڭلا، ئوقۇپ باقايلى.

ئەنۋەرجان ئىشخانىسىدىن بىر پارچە خەتنى كۆتۈرۈپ چىقتى. شۇ ھامان خەتكە ھەممەيلەننىڭ نەزىرى ئاغدۇرۇلدى. خەت مەكتەپ بالىلىرىنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىنىڭ قەغىزىگە يېزىلغان بولۇپ، تولا ئوقۇلغانلىقتىن كىرلىشىپ، قاتلانغان يەرلىرى قىيىلىپ كەتكەنىدى. خەتنىڭ ئاخىرىغا «ساڭا ئاشىق قىزچاقتىن» دېگەن چىرايلىق ئىمزا قويۇلغان بولۇپ، ئاشۇ ئىمزانىڭ ئۈستىگە قىزلارنىڭ لەۋ سۇرۇخ سۈرگەن كالپۇكىنىڭ ئىزى خۇددى تامغىدەك بېسىلغانىدى.

— ۋاھ، بۇ يەرگە لەۋنىڭ ئىزىنى چۈشۈرۈپتۇمۇ نېمە؟

— ھە شۇنداق ئىكەن، لەۋنىڭ ئىزى ئىكەن.

— پاراڭ سالماڭلار، خەتنى ئوقۇيلى.

ئەنۋەرجان خەتنى ئالدىرىماي ئوقۇشقا باشلىدى:

گۈل ئېچىلدى تەزىم بىلەن بۇلبۇلغا قاراپ،
جاۋابسىز قالارمۇ بۇ خېتىم ئېتىبارسىز قاراپ.

پاھ، شائىرمۇ نېمە ئۇ قىز؟ شېئىر بىلەن باشلاپتۇغۇ بۇ خەتنى.

— هاي، قوشۇق سالماي ئاڭلىغىنا، خەتنى ئوقىۋەر، ئەنۋەر.
ئەنۋەرجان خەتنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

«سۇلتان (كەچۈر، ئىسمىڭنى سۇلتان دەپ ئۆزۈم ئاتاۋەردىم)، بۇ خەتنى كۆرۈپ بەلكىم هەيران قالارسەن. ئەسلىي سەن بىلەن يۈزتۇرا سۆزلىشەي دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، جۈرئەت قىلالمىدىم. يەنە بىر تەرەپتىن قىزلىق غۇرۇرۇم يول قويمىدى. گەپ ـ سۆز قىلماي يۈرىۋېرىشكە يۈرىكىم چىدىمىدى. ئوتنىڭ تېشىدا كۆيگەندىن تاپىنلىق ئىچىدىلا كۆيەي دېدىم ـ دە، ئاخىر بۇ خەتنى يېزىشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇ خەتنى قانچىلىك غەيرەت بىلەن يېزىۋاتقىنىمنى پەقەت بىر ئۆزۈملا بىلىمەن. سەندىن ئۆمىدىم خېتىمنى ئاخىرىغىچە ئوقۇپ چىققىن.

سۇلتان، مەن سېنى كوندە كۆرۈپ تۇرىمەن. چۈنكى، بىز دائىم يولدا ئۇچرىشىپ قالىمىز. دەسلەپتە ساڭا ئانچە پەرۋا قىلىپمۇ كەتمىگەنىدىم. كۆزۈمگە چېلىقىپ قالساڭ «يەنە ئاشۇ بالا» دەپلا قوياتتىم. بارا ـ بارا كۆزلىرىم ئادەملەر توپىدىن سېنى ئىزدەيدىغان، بىرەر قېتىم يولدا سېنى ئۇچراتماي قالسام كۆڭلۈم يېرىم بولىدىغان، ئىزدىگەن مۆھىم نەرسەمنى تاپالماي قالغاندەك تىت ـتىت بولىدىغان بولۇپ قالدىم. كۆز ئالدىمدىن ئاشۇ ئورۇق، ۋىجىك گەۋدەڭ، ۋېلىسىپىت پېدالىنى تېز ـ تېز تېپىشلىرىڭ، ئۇچرىغانلىكى قىزلارنىڭ چىرايىغا يەۋەتكۈدەك بولۇپ تەكشى قاراشقا ئۆلگۈرىدىغان قوي كۆزلىرىڭ، يىگىتلەرگە خاس شەھۋانىي قاراشلىرىڭ نېرى كەتمەيدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزۈممۇ سەزمىگەن هالدا ئەتىگىنى ئىشقا بەش ـ ئون مىنۇت بۇرۇنراق مېڭىپ كوچا دوقمۇشىدىكى قاتناش بەلگە چىرىغى يېنىدا

ساقلاپ تۇرىدىغان، سەن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن يولۇمنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولۇپ قالدىم. سېنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن كېلىشىڭنى كۈتۈش مەن ئۈچۈن ھەم ئازابلىق، ھەم خۇشاللىق بىر ئىش. سەن كېلىپ بولغۇچە ۋۇجۇدۇم تۈگمەس زىددىيەتلەر بىلەن تولاتتى. «ئۇ مېنى ياخشى كۆرەرمۇ؟ مېنى سۆيەرمۇ؟ سۆيگۈمنى قوبۇل قىلارمۇ؟ مۇشۇنداق سەۋدايىلارچە ساقلاپ تۇرغىنىمنى بىلەرمۇ؟ ئاھ، خۇدا، مېنى بۇ ئوتتىن تېزرەك قۇتۇلدۇرساڭچۇ؟ ...» كاللامدىكى بۇ تۈگمەس تالاش ـ تارتىشلارنىڭ باش ـ ئاخىرى يوق ئىدى. خۇداغا ئىلتىجا قىلاتتىم. مەندىكى كۆيۈك ئوتىنى ساڭىمۇ سېلىشىنى تىلەيتتىم. سېنىڭ كېلىشىڭنى كۈتۈپ بولالماي بەخت ـ تەلىيىمگە ئۆزۈمچە پال سالاتتىم: ھازىردىن باشلاپ ۋېلسىپىتلىك ئوتتۇز ئادەم ئالدىمدىن ئۆتۈپ كېتىپ بولغۇچە سۇلتان كەلسە چوقۇم مۇھەببىتىگە ئېرىشەلەيمەن. كەلمىسە بارماق چىشلەپ قالىمەن دەپ ئويلايتتىم ـ دە، ۋېلسىپىتلەرنى ساناشقا باشلايتتىم. يىگىرمىدىن كېيىنكى ساناق ماڭا تولىمۇ ئېغىر كېلەتتى. يۈرىكىم دۈكۈلدەپ، كۆزۈمنى يۇمۇۋالغۇم كېلەتتى. ۋېلسىپىتلىكلەرنىڭ كەلمەي تۇرۇشىنى، ساناق ئوتتۇزغا بېرىپ بولغۇچە سېنىڭ كېلىپ قېلىشىڭنى تىلەيتتىم. گاھى ۋاقىتلاردا ساناق يىگىرمىدىن ئېشىپ بولغۇچە كېلىپ بولاتتىڭ. مەن دەرھال ساناقنى توختىتىپ، دىدارىڭغا قاراپ ئۈلگۈرۈپ بولغۇچە لىپپىدە ئۆتۈپ كېتەتتىڭ. كەينىڭدىن ھەسرەت بىلەن قاراپ قالاتتىم. ساقاللىرىڭنىڭ ئۆسۈپ قالغانلىقى ياكى كىيىملىرىڭنىڭ كىرلىشىپ قالغانلىقى كۆزۈمگە شۇنداقلا چېلىقاتتى. لېكىن، سەن پەرۋاسىز، تولىمۇ پەرۋاسىز ئۆتۈپ كېتەتتىڭ. يولۇڭغا سەۋدايىلارچە تەلمۈرۈپ تۇرغان مەندەك بىر قىز مەۋجۇت ئەمەستەك دىققەت قىلىپمۇ قويمايتتىڭ. سېنى كۆرۈپلا ۋۇجۇدۇمدا گۈررىدە پەيدا بولغان خۇشاللىق تۇيغۇلىرى شۇ ھامان شىپپىدە غايىب بولاتتى. يۈرىكىمگە قايتىدىن يىغا ياماشاتتى. ئاچچىق ھېسلارغا تولاتتى. گاھى ۋاقىتلاردا ۋېلسىپىتلىكلەردىن ئوتتۇزى ئۆتۈپ ساناق ئەللىككە توشقاندىمۇ كەلمەيتتىڭ. شۇ ھامان كاللامنى ھەر خىل ئەندىشىلىك ئوي ـ خىياللار ئىگىلەيتتى. «ئاغرىپ قالغاندىمۇ؟ بىرەر ھادىسە بولۇپ قالغاندىمۇ؟» دەپ پۇت ـ قولۇمدا

جان قالـمايتتـى. لېكـىن، دەرھاللا مۇشـۇنداق قاملاشـمىغـان شـۇم خىياللارنى قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمـنى ئەيىـبلەيتـتىم. خۇدادىـن ساقا ئامانلىق، سالامەتلىك تـىلەيتـتىم. كۆز چانقىـم لىققـىدە ياشقـا تولاتتى. ئازاب ـ ھەسرەت ئىلكىدە يەنە ئۆزۈمگە تەسەللى بېرەتتىم. «بايـقى ۋېلـسىـپـىتلىكـلەر بەك تېـز ئۆتۈپ قـالـدى. بۇ ھېـسـاب ئەمەس، پـىيادە ئادەمـلەردىن ئەلـلىكـى ئـۆتۈپ بولـغـۇچە سۇلـتـان كەلمىسە ئاندىن ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولىمەن» دەپ پىيـادىلەرنى سـاناشقا بـاشلايتتـىم. ساناق تـوشـۇشقا ئـاز قالغـانـدا، كۆزۈمنى يۇمـۇۋالغۇم، پـىـيادىلەرنـى قەستەنگە كۆرمەسكە سالغـۇم كېـلەتتى. قـىزىقـىـنچى سانـاقتىن كـېيىن كـەلگەن پـىـيادىلـەرگـە شۇنچىلىك ئۆچ بولۇپ كېتـەتتىم. ئـۇلارنى ئىچـىمدە قارغـايتتـىم، تىللايتتىم. شۇ چـاغدىمۇ كـەلمىسـەڭ ئاغدەك مۇڭ، ھـەسرەتلەرنـى يۇدۇگـىنىـمچە ئـىدارەمگە قـاراپ ماڭاتتـىم. ۋۇجۇدۇم دەريا ـ دەريـا ياشلارنى تۆكـەتتى. سېـنى كۆرۈش قـانچىلـىك ئازابلارغـا دۇچـار قىلسـا، كـۆرمەسلـىكمۇ مېـنى يەنـە شـۇنچىلـىك قىـيـنايتـتـى، يىغلىتاتتى.

يىراقتىن كۆرسەملا قەددىڭنى ئى يار،
ۋۇجۇدۇم ياپراقتەك تىترەپ كېتىدۇ.
سېنىلا باشلىغاچ قەلبىم تۆرىگە،
يۈرىكىم ھاياجاندا سوقۇپ كېتىدۇ.

سۇلتان، مۇشۇ قـۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ، كالـلاڭدا «بۇ قـىـز زادى كـىمدۇر؟» دېگـەن سوئال پەيـدا بولۇشى مـۇمكـىن. لـېكـىن، سـەن ھەرقانچە ئـويلانساڭـمۇ مېنـى ئەسلـىيەلمەيسەن. چىرايىمنى كـۆز ئالدىڭغا كەلتۈرەلمەيسەن. چۈنكى، بىز كـۈندە ئۇچرىشىپ تۇرغـان بىلەن، سەن بىرەر قېتىم ماڭا تەپسىلىيرەك تىكىلىپ قاراپ باققان ئەمەس. سېنىڭ كۆزلىرىڭ، ئاشۇ چىرايلىق، شوخ، ئەمـما بىپـەرۋا كۆزلىرىڭ ھېچقاچان بىرلا قىزنىڭ چىرايىغا ئۇزاقراق تىكىلىپ قادالغان ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن سېنىـڭ كۆزلـىرىڭگە ئـۆچ. ئاھ، ئاشۇ بەڭباش، شوخ، ئاچ كۆز، بىپەرۋا كۆزلىرىڭنى ئۆزۈمگىلا قارىتالىغان، بويسۇندۇرالىغان بولسام ـ ھە! كـۆزلىرىڭ مـاڭـا

ئىككى ـ ئۈچ سېكۇنت ئارتۇقراق قارىغان، تىكىلگەن بولسا، يۈرىكىم شۇررىدە ئېرىپ كېتەرمىدى ياكى كۆزلىرىڭدىن چاچرىغان ئۇچقۇندا گۇرررىدە ئوت تۇتىشىپ، ۋۇجۇدۇم كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتەرمىدى؟ مەيلى ئىدى. كۆزلىرىڭنى ئۆزۈمگە قارىتالىغان، بويسۇندۇرالىغان بولسام، ئېرىپ كەتسەممۇ، كۆيۈپ كەتسەممۇ مەيلى ئىدى. ھېچقانداق ئارمىنىم قالمايتتى.

مەن شەنبە، يەكشەنبىگە بەك ئۈچ بولۇپ قالدىم. چۈنكى، بۇ دەم ئېلىش كۈنى بولغانلىقى ئۈچۈن سەن ئىشقا بارمايسەن. ئەتىگىنى يولدا ئۇچرىشىش، سېنى كۆرۈش پۇرسىتى بولمايدۇ، سېنى كۆرەلمەي قالىمەن. قولۇمدىن كەلسە ئىدى، بۇ ئىككى كۈننى كالېنداردىن چىقىرىۋەتكەن بولار ئىدىم. شۇنداقتىمۇ، ئاشۇ قاتناش بەلگە چىرىغى يېنىدا كۈن ـ كۈن ساقلايمەن. لېكىن، سەن كەلمەيسەن، پۈتۈن شەھەرنى سەۋدايىلارچە ئىزدەپ چىقىمەن. ئىسمىڭنى ئۈنسىز توۋلايمەن. نەدە، كىمنىڭ قېشىدىلىقىڭنى پەرەز قىلىمەن. بۇنداق پەرەز ـ قىياسلارنى قىلىش مەن ئۈچۈن بەكمۇ قورقۇنچلۇق. چۈنكى، كاللامغا ياخشى پەرەز، ياخشى قىياسلار كەلمەيدۇ. ئۆزۈمنى يوقىتىپ ساراڭ، تەلۋە بولۇپ قالىمەن. ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ قانغۇچە يىغلايمەن. گېلىمدىن غىزا ئۆتمەيدۇ. يېقىندىن بېرى خېلىلا ياداپ قالدىم. خىزمەتداشلىرىم «ئورۇقلاپ، تېخىمۇ زىلۋا بولۇپ قاپسىز. فىگۇرىڭىز تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ. قانداق دورا قىلىپ مۇشۇنداق ئورۇقلىدىڭىز، دەپ بېرىڭ. بىزمۇ ئورۇقلايلى» دېيىشىدۇ. ئۇلارغا نېمە دەيمەن؟ ئازاب، ھەسرەت يەۋاتىمەن، دەيمەنمۇ؟ دورا يېمىدىم دېسەم ئۇلار پەقەتلا ئىشەنمىدى. ئىلگىرى ئورۇقلاش ئۈچۈن خېلى كۆپ ھەرىكەت قىلغان، ھەر خىل دورىلارنى يېگەن، چارە ـ ئامالLARنى قىلغانىدىم. لېكىن، پەقەتلا ئۈنۈمى بولمىغانىدى. مانا ئەمدى ئورۇقلىۋىدىم، قىلچىمۇ خۇش بولمىدىم. قەلبىمدىكى ھەسرەتلىرىمنى ئازراقمۇ يەڭگىللىتەلمىدى.

سۇلتان، ھەر قېتىم ئىسمىڭنى ئاتىغىنىمدا ۋۇجۇدۇم ياپراقتەك تىترەيدۇ. گۈلخان بولۇپ يانىدۇ. بىلەمسەن سۇلتان، مەن بۇ خەتنى چەكسىز سېغىنىش ئىلكىدە يېزىۋاتىمەن. سەن ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىدىغانسەن؟ بەلكىم دوستلىرىڭ بىلەن بىللە ھاراق ئىچىۋاتىدىغانسەن. ھاراقنىڭ كەيپىدە كۆڭلۈڭنى رام

قىلىۋالغان قايسىبىر قىز ئۈستىدە شېرىن خىيال سۈرۈۋاتىدىغانسەن. مەن هاراق ئىچىشنى ئوغۇللارنىڭ ئەرلىك بەلگىلىرىنىڭ بىرسى دەپ قارايمەن. هاراق ئىچىش خۇدا سىلەر ئوغۇللارغا نېسىپ قىلغان ئەڭ چوڭ ئامەت. چۈنكى، سىلەر نۇرغۇن ئازابلىرىڭلارنى، دەرد ـ هەسرەتلىرىڭلارنى هاراق بىلەن يەڭگىللىتىسىلەر. لېكىن، بىز قىزلار ئۇنداق قىلالمايمىز. خۇدا بىزگە يىغلاشنى، ياش قۇرۇمايدىغان بىر جۈپ كۆزنى نېسىپ قىلغانىكەن. شۇڭا، سىلەر ئوغۇللارغا شۇنداق هەۋىسىم كېلىدۇ. سۇلتان، بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ مېنى تازىمۇ بىر يولدىن چىقىپ كەتكەن قىز ئوخشايدۇ دەپ خاتا چۈشىنىپ قالما. مەن سېنى ياخشى كۆرگەنىكەنمەن، سېنىڭ هەممە قىلىقىڭنى، خۇي ـ ئادەتلىرىڭنى ياخشى كۆرۈشۈم كېرەك. بۇ مېنىڭ مىزانىم.

سۇلتان، بىر قىزنىڭ بىر يىگىتكە بۇنداق خەتنى يېزىشى ئاسانمۇ؟ يىگىتلەرگە سېنى ياخشى كۆرىمەن دەپ سۆيگۈ تەلىپى قويۇشى ئوڭايمۇ؟ بۇ تەرەپلەرنى سەنمۇ ئوبدان چۈشىنىسەن. ساڭا بولغان مۇھەببىتىم، سۆيگۈم مېنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. غەيرەت، كۈچ ئاتا قىلدى. سۇلتان، مەن هازىر سېنىڭ كۆز ئالدىڭدا قانداق بىر قىز سۈپىتىدە گەۋدىلىنىۋاتقاندىمەن؟ ساڭا ئەسكەرتىپ قويىدىغىنىم ئوبرازىمنى هەرگىزمۇ خۇنۇكلەشتۈرۈپ كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرمەسلىكىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

خەير، خېتىمنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇراي. ناۋادا مېنىڭ بۇ سۆيگۈ تەلىپىمنى ئويلىشىپ بېقىشنى، مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىساڭ، كېلەر هەپتە هېلىقى ئاق رەڭلىك بوغماق چاپىنىڭنى كىيىپ ئىشقا بارغىن، چاپاننى بىر هەپتە تولۇق كىيىشىڭ كېرەك. ناۋادا ئاشۇ بىر هەپتە ئىچىدە قارارىڭ ئۆزگىرىپ قالسا، چاپىنىڭنى ئالماشتۇرۇۋەتسەڭلا ماڭا بۇ كۇپايە. ئاشۇ بىر هەپتە سېنىڭ ئويلىنىشىڭغا تولۇق ۋاقىت چىقىدۇ. بۇ خەتكە هازىرچە ئىسمىمنى يېزىشنى خالىمىدىم. ۋاقتى كەلگەندە هېلىقى خەتنى يازغان قىز مانا مەن بولىمەن دەپ ئالدىڭدا پەيدا بولىمەن هەم ئىسمىمنىمۇ ئۆز ئاغزىم بىلەن ئېيتىپ بېرىمەن.

ساڭا ئاشىق قىزدىن.

×××× ـ يىلى ×× ـ ئاينىڭ ×× ـ كۈنى»

www.uyghurkitap.com

ئەنۋەرجان خەتنى ئوقۇپ تۈگىتىشى بىلەن ئارىنى بىرپەس جىمجىتلىق قاپلىدى.

— تازىمۇ شېرىن ـ شېكەر گەپكە ئۇستا بىرنېمە ئوخشايدۇ.

— ئەر ئالماي ئولتۇرۇپ قالغان سەت بىر قېرى قىزمىكىن تېخى.

— پاھ، ئادەمنى شۈررىدە ئېرىتىۋەتكۈدەك يېزىپتا خەتنى.

— قىزلار دېگەنزە...

— ھە، ئەنۋەرجان، ئاغىنىڭىز ھېلىقى قىز بىلەن كۆرۈشتىمۇ قانداق؟

— بىلمىدىم، — دېدى ئەنۋەرجان شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ. ئۇ ئاداش مۇشۇ بىر ھەپتىدىن بېرى ئاق بوغماق چاپىنىنى كىيىپ يۈرىدۇغۇ؟

— نەتىجىسىنى كېلەر ھەپتە بىلىمىز دەڭلا.

— ئۇلارنىڭ ئىشىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىزگە ئېيتىپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قالماڭلا

— ئالدىرىما توي باغىقى ئەكېلىپ بېرىمەنمۇ تېخى.

— ھەي ي... ماڭىمۇ ئاشۇنداق قىزدىن بىرەرسى كۆيۈپ قالسىچۇ.

— قاچانغىچە بويتاق ئۆتەرمىز، ئاغىنىلەر؟

خىزمەتداشلىرىم جىمىپ قېلىشتى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇلار ھازىر تونۇشىدىغان ياكى ياخشى كۆرۈپ قالغان قىزلارنى خىيال قىلىشىۋاتاتتى. قىزلار ھەقىقىدە تاتلىق، شېرىن ھېسسىياتلارغا چۆمۈلۈۋاتاتتى. ئارىدىن كىمدۇر بىرسى ئىختىيارسىز ئۇنلۈك پىچىرلاپ تاشلىدى:

— ئاھ، قىزلار! ...

1997 ـ يىلى 25 ـ ئاپرېل، يەكەن

# بىلىقچى ھەققىدە ھېكايە

يانتوقاي يۇرت ـ مەھەللىدىن يىراق، دەريا ساھىلىغا جايلاشقان، زەي ـ سىزمال سۇلارنىڭ يىغىلىشىدىن ھاسىل بولغان بىر كۆلچەك. يەرلىك كىشىلەر ئۇنى «ئامبار» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. ئۇ دەريا ساھىلىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈنمۇ سۈيىنى بىر قىسىم زەي سۇلارغا سىڭىشتۇرغاندا تۇزلۇق ـ ئاچچىق ئەمەس. ئۇنىڭغا ئەتراپىدىن زەي ـ سىزمال سۇلار چۈشۈپ تۇرغان بىلەن، ئۇنىڭ سۈيىمۇ دەرياغا سىزىپ تۇرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، يانتوقاينىڭ سۈيى «يا ئاقمايدىغان، يا تاشمايدىغان» ھالەتتە تۇرغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە «ئۆلۈك» سۇ ئەمەس. ئۇنىڭ كۆلىمى سەككىز ـ ئون مو ئەتراپىدا كېلىدۇ. كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى پارچە كىگىز نىڭ ئورنىدەك يەردە تېرەك بويى ئېگىزلىكتە قومۇش، يېكەنلەر ئۈنۈپ چىققان بولۇپ، كۆلگە ئۆزگىچە بىر گۈزەللىك بېغىشلاپ تۇرىدۇ. يانتوقاي مانا مۇشۇنداق جاڭگاللىقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى تەبىئىي شەكىللەنگەن بىر كۆلچەك. ئەمما، بۇ كۆلچەكنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ تۇرغان قومۇش، يانتاق، يۇلغۇن ۋە ئاندا ـ ساندا ئۆسكەن توغراقلار بىلەن قاپلانغان بۇ كۆز يەتكۈسىز جاڭگاللىقنىڭ ئىسمىمۇ يانتوقاي. كىشىلەر جاڭگالنىڭ ئىسمىنى كۆلگە قويغانمۇ ياكى بۇ جاڭگال كۆلنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانمۇ، بۇنىسى نامەلۇم.

يانتوقاي كۆلى يۇرت ـ مەھەللە ئىچىگە ئېشەك ھارۋىلىق تاق يېرىم كۈنلۈك يول. شۇڭلاشقا، ئوۋچىلار بۇ يەرگە ناگان ـ ناگاندا كېلىپ قالمىسا، پادىچىلار زىنھار كەلمەيدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر يانتوقاي كۆلىنى پەقەت ئاشۇ ئاز ساندىكى ئوۋچىلارنىڭ

ئاغزىدىن ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ كۆل سىرلىق، نامەلۇم بىر جاي.

تاسادىپىي پۇرسەتتە توشقان ئوۋلاپ كېلىپ قالغان قاۋۇز ئاكا يانتوقاي كۆلگە شۇنداقلا نەزەر تاشلاپ تۇرۇپ قالدى. ھەتتا بىردىنلا خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ يېقىندىن بېرى مۇشۇنداق يۇرت ـ مەھەللىدىن يىراق، سۈيىمۇ، ئوت ـ چۆپىمۇ بار، خىلۋەت ـ تىپتىنچ بىر ماكاننى تېپىپ شۇ يەردە باللىچاقىلىرى بىلەن خاتىرجەم، ئارامخۇدا ھايات كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

يانتوقاي ئۇنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك بىر ماكان ئىدى.

بىر قاراپلا ئۇ يانتوقاينى ياقتۇرۇپ قالدى.

خۇدايىم ئۇنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلىپ، ئارزۇسىغا يەتكۈزگەندى. ئۇ ئازراقمۇ ئىككىلەنمىدى.

«خۇدايىم بۇيرۇسا قىش چىقىپ، ھاۋا ـ جاھان سەل ئىللىسا، بىر كېچىدىلا ئىنىس ـ جىنىغا تۇيدۇرماي خوتۇن ـ بالىلىرىمنى ئېلىپلا مۇشۇ يەرگە كېلىۋالاي». ئۇ يانچۇق چىلىمىنىڭ سەيخانىسىغا تاماكا خالتىسىدىكى كۆك تاماكىدىن چىڭداپ باستى ـ دە، ئوت يېقىپ بىرنەچچىنى قېنىپ شورىۋالغاندىن كېيىن خىيالىنى داۋاملاشتۇردى: «يۇرتتىكى يەرنى كىم تېرىسا تېرىسۇن. ناخشاخۇن شۇجى ئۆزى تېرىسىمۇ، چېكىسىگە تاڭسىمۇ مەيلى. ھە دېسىلا، ئىككى گەپنىڭ بىرسىدە: ‹ھەق ـ سېلىقنى ئېغىر كۆرسىلە، يەرنى تاشلىسىلا، يۇرتنى باكالىسىلا، ئورنىلىرىغا يەر تېرىيدىغان ئادەم بار› دەپ دۆشكەللەيتتى. تايىنلىق مۇرادىغا يېتىۋالسۇن. خۇدايا تۈۋا، دېھقان بولغانغا، يەر تېرىغانغا شۇنداقمۇ تويامدۇ ئادەم بۇرنى ـ قۇلىقىغىچە ئىگەكىم. كوممۇنانى بىكار قىلىپ، يەرنى قولىمىزغا بەرگەندە، ئۆزىمىزگە تەقسىم بولغان يەرنىڭ بېشىغا چىقىپ تولىمۇ خۇش بولغان، خۇشلۇقىمىزدىن يىغلاپمۇ كەتكەندۇق. شۇنىڭدىن كېيىن كەتمەننى راۋرۇس چاپتۇق.

مەھەللە باشلىقى ھەيدەكچىلىك قىلمىسىمۇ، ئېتىز بېشىدىن مەھەللە ـ ئۆيگە كىرگۈمىز كەلمىدى. ئاشۇنداق راۋرۇس ئىشلىۋىدۇق، پىشكى نەپىمۇ ئالغان، خېلى ئوبدان پىتىلىنىپمۇ قالغانىدۇق. لېكىن ئىزە «بەشتە بىرتۇتاش»نىڭ... بولۇپمۇ پاختىنىڭ گېپى چىقىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت كېۋەز تېرىش ۋەزىپىمىزنى كۆپەيتكەندىن بېرى ئالتە ئاي ياز دېھقانچىلىق قىلدۇق دېگىنىمىز بىلەن، كېۋەز تېرىشتىن باشقا ئىش قىلمىدۇق. يۇقىرىدىن چۈشۈرگەن پاختا ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنلايمىز دەپ باشقا زىرائەتنى تېرىغىلى قويمىدى. ھەتتا سەي ـ كۆكتات، قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىشقىمۇ يول قويمىدى. تېرىساق يۇلۇۋەتتى. ھەيدەتكۈزۈۋەتتى. تېخى تۆپىلەپ جەرىمانە ئالدى. مولىقىدىن ئىككى يۈز ئەللىك جىڭدىن ئۈچ يۈز جىڭغىچە ساپ پاختا ئېلىپ، يۇقىرى سەۋىيە يارىتىمىز دەپ، يەرگە خىمىيەۋى ئوغۇت ـ كۆنجۈرىلەرنى ھەددىدىن زىيادە چاچقىلى سالىدۇ. كېۋەز مايسىسى بەك شاخلاپ كېتىپ، چېچەك غوزىغا ماڭمىسا، ئۈچىنى ئۈزگىلى، شېخىنى پۇتىغىلى سالىدۇ. تېز ئېچىلمىدى دەپ دېھقانچىلىق دورىسى چاچقىلى سالدى. مۇشۇ جەرياندا يەرگە خىمىيەۋى ئوغۇت، كۆنجۈرىلەرنى بەلگىلىمىدىن ئاز سېلىپسەن دەپ جەرىمانە؛ ئوغۇتنى زىيادە جىق سالغانلىقتىن مايسىلار پاك بولۇپ شاخلاپ كەتسە، ئۈچىنى ئۈزۈپ، شاخلىرىنى پۇتىماپسەن دەپ جەرىمانە؛ كېۋەز مايسىلىرىنىڭ يوپۇرمىقىنى قۇرۇتىدىغان، غوزىسىنى تېز ئېچىلدۇرىدىغان دېھقانچىلىق دورىلىرىنى چاچماپسەن دەپ جەرىمانە؛ كېۋەزنىڭ قىرلىرىغا ئۈنۈپ قالىدىغان زاراڭزا، ئاپتاپپەرەس، قوناق... قاتارلىق مايلىقدان، زىرائەتلەرنى يۇلۇۋەتمەپسەن دەپ جەرىمانە... ئىشقىلىپ، تېرىغان كېۋەزنىڭ ئۈنۈپ، غوزا بولۇپ ئېچىلغۇچە گەدەنگىچە جەرىمانىگە بوغۇلۇپ كېتىسەن. شۇنداقتىمۇ، چىشىڭنى چىڭ چىشلەپ ئالتە ئاي ياز كېۋەزنىڭ تۇۋىدە ئۆمىلەكلەپ ئالغان پاختىنى ساتقىلى ئاپارساڭ، ئەتىيازدا، يەرگە چىگىت سالغان چاغدىكى «بۇ يىل

پاختىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى چوقۇم ئۆسىدۇ، دېگەن چىرايلىق، ناۋاتتەك گەپلەر ھېچ يەردە يوق. يەنە شۇ ئۆتكەن يىلقى باھا. ئۆزۈڭ تېرىپ، مېھنەت سىڭدۇرۇپ ساتقىلى ئەكەلگەن نەرسىگە ئۆزۈڭ باھا قويالمايسەن. بۇنداق قىلىشقا ھېچقانداق ھەققىڭ – ھوقۇقۇڭ يوق. سېنىڭ پەقەت سېتىشلا مەجبۇرىيىتىڭ بار. باھانى قانداق قويۇش سېتىۋالغۇچىلارنىڭ ئىختىيارى. لېكىن، بۇنىڭغا ماقۇل دېمەسلىككە ئامالىڭ يوق. ياق دەيدىكەنسەن، جازا – جەرىمانە تەييار. چۈنكى، سېنىڭ نامىڭ دېھقان. ئېتىبارسىز تەر تۆكۈپ، قىممەتسىز بايلىق ياراتقۇچى. ئەمما، ئاشۇ پاختىنى ساتقىلى ئەكەلسەڭ مۇز چىراي پىرىيومچىلارنىڭ ھالى ئاندىن يامان. گۈلە – قاق، بادام – ياڭاق ئالغاچ بارمىساڭ، تۈرلۈك باھانە – سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ پىرىيوم قىلمايدۇ، دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە پاختىنى ساتىسەنۇ ئەمما پۇلى يېزا، كەنت بوغالتىرلىرىنىڭ چوتىنىڭ ئۇرۇقىدا قالىدۇ. قولۇڭغا تېگىدىغىنى ساتقان پاختىنىڭ جىڭ سانى خاتىرىلەنگەن قۇرۇق تالون. سەۋەبىنى سورۇشتۇرسەڭ، باش باھاردا باھاسىنى ئېيتىپ بەرمەيلا ساڭا مەجبۇرىي ئۆلەشتۈرۈپ بەرگەن ئورۇقلۇق چىگىت، سولياۋ يوپۇق، خىمىيەۋى ئوغۇت، كۈنجۈرە، دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ پۇلى ۋە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ مۇلازىمەت ھەققىنى تۇتۇۋالدۇق دەيدۇ. ئەمما، شۇ چاغدىمۇ ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ مۇقىم باھاسىنى بىلمەيسەن. ئەڭ ئاخىرقى غوزا كېۋەزلىرىگىچە ئەكېلىپ ساتساڭمۇ، يەرگە مەبلەغ قىلىپ سالغان ئاشۇ سېلىنمىلارنىڭ پۇلىنى ئاران تۆلىيەلەيسەن ياكى گەدىنىڭگە قەرز ئېشىپ قالىدۇ. تېخى يىللىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش ھۆددە كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنلىيالماپسەن دەپ، ناخشاخۇن شۇجىغا يەنە بىرمۇنچە جەرىمانە تۆلەيسەن. تىل – ئاھانەت ئاڭلايسەن. ۋادەرىخ، بۇ يەرنىڭ دەردىنى نېمە دېگۈلۈك؟! ئەسلىدە بىز دېھقان خەق يەردىن يامانلىساق، يەرنى تاشلاپ

قاچساق يامان بولاتتى. لېكىن، شۇنداق قىلماي ئامال بولمىدى. نېمە قىلىمەن ئالتە ئاي ياز يامغۇر، بوران، ئاپتاپ دېمەي ئېشەكتەك ئىشلەپمۇ جاننى باقالمىغان يەرنى يەنە تېرىپ؟! خۇدايىم تىلىكىمنى ئىجابەت قىلغان ئوخشايدۇ، مۇشۇنداق بىر خىلۋەت پاناھگاھنى قانچىلىك ئارمان قىلغانىدىم ـ ھە! بۇ يەر مەھەللىدىن ھەقىقەتەنمۇ يىراق جاڭگالنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر خىلۋەت يەر ئىكەن. بۇ ئەتراپقا بۇ زامانلاردا ئادەم كەلگەندەك قىلمايدۇ. دېمىسىمۇ باش ئەتىيازدىن كۈزگىچە ئېتىزلىقتىن، قىشچە ھاشار ـ بىنەمدىن نېرى بولالمايدىغان دېھقانلارنىڭ بۇ يەرگە ئوۋ ئوۋلاپ كەلگىلى نەدە چولىسى؟! مەنمۇ ئوۋلىغان ياۋا توشقان، قىرغاۋۇل قاتارلىق ئوۋ غەنىيمەتلىرىدىن بېرىپ ناخشاخۇن شۇجىنىڭ جەرىمانە، تىل ـ دەشنەملىرىدىن قۇتۇلارمەن، شۇ باھانىدا بالىلىرىمنى بىرەر قېتىممۇ بولسا گۆش دەيدىغان نەرسىگە ئېغىز تەگكۈزۈۋالارمەن دەپ تەۋەككۈلىگە ئۆيدىن چىقمىغان بولسام، بۇ يەرگە كېلىش ھەرگىز نېسىپ بولماس ئىكەن. شۇنداق قىلاي، يۇرتقا بېرىپ، بىساتىمدىن پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى سېتىپ، ئازراق پۇل تەخلەپ تۇراي، ئەتىيازلىققا ئاشۇ پۇلغا كېلىشىگە ئۇلاغ ـ ئىلمەك، ئوزۇق ـ تۈلۈك سېتىۋېلىپ، بىر كېچىدىلا خوتۇن ـ بالىلىرىم بىلەن بۇ يەرگە غىپپىدە كېلىۋالاي. كۆلنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئاۋۇ بىر پارچە يەرنى تۈزلەپ بىنەم ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلارمەن. ئىشقىلىپ، ناخشاخۇن شۇجىنىڭ جەرىمانە ـ سېلىقلىرىدىن، تىل ـ ھاقارەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ كەتسەكلا بولدى. ياراتقان ئىگەم يانتوقايدىنمۇ ئۆزىمىزگە تۇشلۇق رىزىق بېرەر...»

*　　*　　*

ئەتىيازنىڭ ئىللىق ھاۋاسى بىلەن تەڭ يانتوقاي يىللاردىكىدىن بۆلەكچە جانلىنىپ كەتتى. قاۋۇز ئاكا، ئايالى،

www.uyghurkitap.com

ئۈچ ئوغۇل، بىر قىزى ۋە بەش ـ ئالتە ئۇلاغ ـ ئۇلمەك بىر كېچىدىلا پەيدا بولۇپ، بۇ تىپتىنچ كۆل بويىنى باشقىچە بىر تۇسكە كىرگۈزدى. ئۇلار كەلگەن كۈنىلا كۆلنىڭ ئوتتۇر يىسىدىكى بورا قومۇشى، يېكەنلەرنى ئورۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى يۇلغۇن، توغراق قاقشاللىرى بىلەن ئەپچىلگىنە ئىككى ئېغىز كەپە ياسىۋالدى. ئاندىن كۆلنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن بىنەم ئېچىشقا كىرىشتى. بىر ھەپتە ئىچىدە يەتتە ـ سەككىز مو كەلگۈدەك يەر تەييار بولدى. بۇ يەرگە كۆلدىن ئېرىق چېپىپ سۇ باشلىدى.

يەر ھالال مېھنەت قىلغۇچىلارنى نېسىۋىسىز قويمايدۇ. ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ھېلىقى ئاچقان بىنەمگە تېرىغان قوناقلار باش ئارتىپ، دان تۇتۇشقا، قوغۇن پېلەكلىرىدە سويما چاچراشقا باشلىدى. ئۇنىڭغىچە قاۋۇز ئاكىلار يەنە سەككىز ـ ئون مو كەلگۈدەك بىنەم ئاچقان بولۇپ، كۈزلۈككە بۇغداي تېرىشقا تەييارلاپ قويغانىدى.

ــ بېلىق ! ... دادا... دادا... ماۋۇ يەرگە كەلسىلە، كۆلدە بېلىق بار ئىكەن.

قاۋۇز ئاكىنىڭ چوڭ ئوغلى قاسىم ئاخۇن كۆل بويىدا تۇيۇقسىزلا ئەنە ئاشۇنداق چۇقان سېلىشقا باشلىدى. ئۇ قولىدىكى تۆمۈر ئارىنى سۇغا سانجىپ، ئارىنىڭ دەستىسىگە مەھكەم ئېسىلغىنىچە تۇۋلاۋاتاتتى.

ــ ھە، نېمانچە تۇۋلايسەن؟ سۇ بار يەردە بېلىق بولىدۇ، ئاشۇنداق، ــ دېدى قاۋۇز ئاكا پەرۋاسىزلىق بىلەن.

ــ بۇ بەك چوڭ بېلىق ئىكەن. ئۇكام قادىر ئاخۇندەك بار ئىكەن. مەن ئۇنى ئارا بىلەن سانجىپ تۇتۇۋالدىم. ئىتتىكرەك كەلسىلە، دادا، كۈچۈم يەتمەيۋاتىدۇ.

قاۋۇز ئاكا شۇنداقلا قاراپ، ئوغلىنىڭ پۇتىدىكى سۇنىڭ چالغىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يۈگۈردى. قاسىم ئاخۇن ئارا بىلەن بېلىقنىڭ دۈمبىسىدىن زىخلىۋەتكەن بولۇپ، بېلىق ھە دەپ پالاقشىۋاتاتتى. بېلىق راستىلا قاۋۇز ئاكىنىڭ توققۇز ياشلىق

كىچىك ئوغلى قادىر ئاخۇندەك بار ئىدى.

شۇ كۈنى ئۇلار بېلىق گۆشىدىن تويغۇچە يېيىشتى. قاسىم ئاخۇن شۇ كۈندىن باشلاپ كۆلنىڭ ئەتراپىنى چۆرگۈلەيدىغان بولۇۋالدى.

— نېمانچە كۆلنىڭ بېشىدىن كېتەلمەيسەن، يالام؟ خۇددى قىلىدىغان باشقا ئىشىڭ يوقتەك؟

— يەنە ئۆتكەنكىدەك بېلىق ئۇچراپ قالارمىكىن دەيمىنا، دادا، — دېدى قاسىم ئاخۇن قولىدىكى تۆمۈر ئارىسىنى مەھكەم تۇتقىنىچە دادىسىنىڭ كۆزىگە قاراپ ھىجىيىپ.

— ئۇنداق تەلەي دېگەن كېلىۋەرمەيدۇ. ماڭ، ھاماقەتلىك قىلماي بىرىپ باشقا ئىشلىرىڭنى قىل، — دېدى قاۋۇز ئاكا قاپىقىنى تۈرۈپ.

— تور بولغان بولسىغۇ تۇتماق ئاسان ئىدى. كۆلدە بېلىق خېلى جىقتەك قىلىدۇ. ئوبدانراق بېلىق تورىمىزدىن بىرسى بولغان بولسا، خالىغان ۋاقىتتا بېلىق تۇتۇپ يېيەلەيتتۇق.

قاۋۇز ئاكا ئوغلىنىڭ بۇ گېپىگە ئاق - كۆك بىر نېمە دېمىدى - يۇ، لېكىن بىردىنلا ئويلىنىپ قالدى: «راست، بېلىق تۇتىدىغان تور بولغان بولسا، كۆلدىن ئانچە - مۇنچە بېلىق تۇتۇپ يەپ، قورساقنىڭ غېمىدىن قۇتۇلغان بولاتتۇق. ھازىر ئېتىمىزدىكى قوناقلار تېخى پىشمىدى. قويدىن بىرەرسىنى سوياي دېسە ھەممىسى بوغاز. ئۇنىڭ ئۈستىگە گۆشنى ئىسسىقتا ساقلاپ يېگىلى بولمايدۇ ... راست، ئۆتكەن يىلى قىشتا ھاشارغا بارغان سۇ ئامبىرىغا بېرىپ باقايمىكىن يا؟ شۇ يەردىن كونىراق بولسىمۇ بىرەر بېلىق تورىنىڭ ئامالى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس...»

قاۋۇز ئاكا شۇ كۈنى كەچتە ئۆيدىكىلەرگە ھېچقانداق گەپ قىلمايلا يانتوقايدىن غايىب بولدى - دە، ياندۇرقى كۈنى تاڭ سەھەردە يەنە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ دولىسىدا خېلىلا چوڭ بىر باغلام بېلىق تورى بار ئىدى. قاسىم ئاخۇن تورنى كۆرۈپ قەۋەتلا

www.uyghurkitap.com

خۇش بولۇپ كەتتى ـ دە، تورنى سۆرەپ كۆل بويىغا قاراپ ماڭدى.

— ئالدىرىماي تۇر، بالام، — دېدى قاۋۇز ئاكا، — ئاۋۋال مەن ناشتا قىلىۋالاي، ئاندىن تورنى سالايلى. سەن بۇ تورنى قانداق سېلىشنى تېخى بىلمەيسەن.

ئۇلار شۇ كۈنى كەچتە، ئەتىگەندە كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قومۇشلۇقنى چۆرگۈلىتىپ ئىككى قات قىلىپ سېلىپ قويغان تورنى يىغىشقا باشلىدى.

— ۋاھ! ماۋۇ كارامەتنى، — تووۋلىۋەتتى قاسىم ئاخۇن خۇشاللىقتا.

تورغا ئادەمنىڭ يوتىسىدەك، پاقالچىقىدەك بېلىقلاردىن خېلى جىق چۈشۈپ قالغانىدى.

قاۋۇز ئاكا بېلىقلارنى توردىن ئاجرىتىپ يەنە كۆلگە تاشلاشقا باشلىدى.

— نېمە قىلغانلىرى بۇ، دادا؟ ئاران تۇتقان بېلىقلارنى يەنە كۆلگە تاشلىۋېتىپ بارىلىغۇ؟ — دېدى قاسىم ئاخۇن ھەيران بولۇپ.

— تاشلىۋەتمىسەك شۇنچىۋالا بېلىقنى قانداق يەپ بولىمىز؟ يېيىشمىزگە تۇشلۇق تۇتمايمىزمۇ؟

— ئۇنداق قىلغۇچە شەھەرگە ئاپىرىپ ساتمايمىزمۇ؟ شەھەرلىكلەر بېلىققا بەك ئامراق. بۇ بېلىقلارنى ساتساق قولىمىزغا پىشكى پۇل كىرەتتى.

قاۋۇز ئاكا ئوغلىنىڭ بۇ مەسلىھەتىگە ئۇزاق باش قاتۇرۇپ ئولتۇرمىدى. توردىكى بېلىقلارنى كۆلگە تاشلىماي قىرغاققا ئاچىقىشقا باشلىدى. كۆڭلىدە ئوغلىنىڭ كۆرسەتكەن بۇ ياخشى مەسلىھەتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى.

قاۋۇز ئاكا شۇ كۈنى كېچىسى لىققىدە بېلىق بېسىلغان ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ شەھەرگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ يۇرتىنى تاشلاپ بالىچاقىلىرى بىلەن يانتوقايغا كېلىۋالغاندىن بېرى، بىر

يەرگە كەمدىن ـ كەم باراتتى. بارسىمۇ يۇرتتىكىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن، ناخشاخۇن شۇجىنىڭ بىلىپ قېلىپ، يۇرتقا يەنە قايتۇرۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ كېچىدە باراتتى. يەنە كېچىدە قايتىپ كېلەتتى. شۇڭلاشقا، يانتوقايدىكى بۇ خىلۋەت ماكاننى ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنىلىرىدىنمۇ مەخپىي تۇتقانىدى.

ئۇ شەھەرگە ئالتە قېتىم بېلىق توشۇۋىدى، ئويدانلا پۇللۇق بولۇپ قالدى. شەھەردە راستلا بېلىقنىڭ بازىرى ئىتتىك ئىدى. ئۇ باھا تالىشىپ ئولتۇرمايلا تېزلا قولدىن چىقاردى. بېلىقنى نەدىن ئەكەلگەنلىكىنى سورىغانلارغا مۇجمەللا بىرنېمىلەرنى دەپ جاۋاب بەردى. لېكىن، كۆلنىڭ ئورنىنى ئېيتمىدى. ئۇزاق ئۆتمەي كۆلدىكى بېلىقلار ئازلاشقا باشلىدى. كىچىك بالىنىڭ بىلىكىدەك چوڭلۇقتىكى بېلىقلارمۇ ئاز چىقاتتى. كۆلدىكى چوڭ بېلىقلار سېتىلىپ تۈگىگەنىدى. ئۇششاق بېلىقلار بەك ئۇششاق ئىدى. ئۇ بېلىقلار تورغا چۈشمەيتتى. تورغا چۈشكەن تەقدىردىمۇ تۇتۇپ شەھەرگە ئەكىرسە ساتماقمۇ تەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بېلىق تۇتۇشنى توختاتتى. ئەمما، قاسىم ئاخۇن يەنىلا كۆل بويىدىن نېرى بولالمىدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى قاۋۇز ئاكىنىڭ ئىچىنى پۇشۇردى.

— ئەمدى كۆل بويىنى تولا چۆرگىلىمە، بالام، كۆلدىكى بېلىقلارنىڭ تۇتقۇدەكلىرى تۈگىدى. كىچىكلىرى چوڭ بولۇۋالسۇن ئەمدى.

— سىلىگە دېيدىغان بىر مەسلىھەتىم بار ئىدى، دادا، — دېدى قاسىم ئاخۇن.

— مەسلىھەتىم دەمسەن؟ — دېدى قاۋۇز ئاكا قىزىققان ھالدا، — نېمە گېپىڭ بولسا تارتىنماي ئۇدۇللا دەۋەر، بالام.

— بۇ كۆلگە پىشكى بېلىق مايىسى① سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ باقايلىمىكىن دەيمەن...

— نېمە دېدىڭ؟ بېلىقنىمۇ باقىدىغان گەپمۇ؟ — دېدى قاۋۇز

---

① بېلىق مايىسى — بېلىمجان.

ئاكا ھەيران بولۇپ.

— كۆلدىكى بېلىقلارنى تۇتۇپ بولدۇق. ئۇششاقلىرى بەك ئۇششاق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك ئاز، — دەپ چۈشەندۈردى قاسىم ئاخۇن، — سىز بىلەن شەھەرگە بېلىق ساتقىلى چىققان چاغدا، بېلىق بازىرىدا بېلىق ساتىدىغانلار بىلەن مۇڭدىشىپ قالدىم. ئۇلارنىڭ مەخسۇس بېلىق بېقىش ئۈچۈن كولىغان كۆلچەكلىرى بار ئىكەن. ئۇلار ئاشۇ كۆلچەكلەرگە بېلىق مايسىلىرىنى سېلىپ، كېپەك، بېدە قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن بېقىپ، چوڭايتىپ ساتىدىكەن. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئون - يىگىرمە سانلىق① چوڭلۇقتىكى بېلىجانلارنى سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ، تۇجۇپىلەپ باقساق بىر يىلدا خېلى ئوبدان يوغىنايدۇ، دەيدۇ. تەييار كۆل بولغاندىكىن بىزمۇ شۇنداق قىلىپ باقمايلىمۇ، دادا.

قاۋۇز ئاكا ئوغلىنىڭ بۇ گېپىگە ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىدى. لېكىن، بىر كۈن ئويلاندى. كۆلدە راستلا تۈزۈككىنە بېلىق قالمىغانىدى. بېلىقنىڭ تەبىئىي كۆپىيىپ، يوغىنىشىنى كۈتسە، يەنە بەش - ئون يىل ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، ئوغلىنىڭ دېگەنلىرىگە ئانچە ئىشەنچ قىلالمايۋاتاتتى. «قاسىم ئاخۇننىڭ دېگەنلىرى راستىمىدۇ؟ راستلا بېلىقنىمۇ قوي، توخۇ باققاندەك بېقىپ، چوڭايتىپ ساتقىلى بولامدىغاندۇ؟ ‹بىر چوڭنىڭ گېپىگە كىر، بىر كىچىكنىڭ› دەپتىكەن. نېمىلا بولسۇن يەنە بىر قېتىم تەۋەككۇل قىلىپ بېقىش كېرەك. ئاۋادا قاسىم ئاخۇننىڭ دېگەنلىرى راست بولۇپ قالسا، بۇمۇ پۇل تېپىپ باي بولۇشنىڭ ئوبدان چارىسى ئىكەن». ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ئوغلىنىڭ قېشىغا كەلدى.

— سەن گېپىنى قىلغان ھېلىقى بېلىق مايسىلىرىنى نەدە ساتىدىكەن؟ يانتوقايغا قانداق توشۇپ ئەكەلگىلى بولىدىكەن؟

بۇ مەسىلىنى قاسىم ئاخۇنمۇ بىلمەيتتى. شۇڭلاشقا،

---

① سانلىق — سانتىمېتىر.



www.uyghurkitap.com

دادىسىنىڭ تۇيۇقسىز سورىغان بۇ سوئالىغا دەماللىقا جاۋاب بېرەلمەي بىرھازا تۇرۇپ قالدى.

— بۇنى مەنمۇ بىلمەيمەن، — دېدى ئۇ گەدىنىنى قاشلاپ تۇرۇپ، — شەھەرگە چىرىپ، بېلىق بازىرىدىكى بېلىقچىلاردىن ئۇقۇشۇپ باقساق بولارمىكىن.

«توغرا، شۇنداق قىلىش كېرەك. توۋا، مېنىڭ ماۋۇ قاپاق كاللامنى. قاسىم ئاخۇن بۇنچىلىك ئىشلارنى نەدىن بىلسۇن؟ ئۇمۇ يېزا مەكتىپىدە تۇزۇك ئوقۇمىغان، يېزىنىڭ سىرتىغا چىقىپ باقمىغان، ماڭا ئوخشاش ئېتىزلىقتىن، كېۋەزلىكتىن، ھاشاردىن نېرى بولالمىغان تۇرسا، بالىنى تەڭلىكتە قويۇپ، سورىغان سوئالىمنى كۆرمەمدىغان...»

قاۋۇز ئاكا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بېلىق ساتقان پۇلنى قويۇن يانچۇقىغا مەھكەم سالدى ـ دە، شۇ كۇنى كەچتىلا قاسىم ئاخۇن بىلەن شەھەرگە قاراپ يول ئالدى. ئۇلار كېتىپ تۆتىنچى كۇنى بامدات ۋاقتى بىلەن يانتوقاينىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تاتاتلىغىنىچە بىر قوش كوزۇپلۇق تىراكتور يېتىپ كەلدى. تىراكتوردا قاۋۇز ئاكا بىلەن قاسىم ئاخۇنمۇ بار ئىدى. تىراكتورنىڭ كوزۇپىغا كوزۇپ بىلەن تەڭ كەلگۇدەك قىلىپ، سۇ ئۆتمەيدىغان بىرېزېنت قاپ جايلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە لىقلاپ سۇ توشتۇرۇلغانىدى. سۇدا ئادەمنىڭ بىگىز بارمىقىدەك ۋە ئۇنىڭدىن چوڭراق بېلىجانلار پىلتىڭلاپ يۇرەتتى. ھەممەيلەن قول ـ قول تۇتۇپ چېلەك، داس ـ قاچىلار بىلەن بۇ بېلىجانلارنى ئۇسۇپ، يانتوقاي كۆلىگە تۆكۇشكە باشلىدى.

*  *  *

قاۋۇز ئاكىنىڭ يانتوقاي كۆلىگە بېلىق مايىسىسى سالغىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشتى. ئۇلار بېلىق مايىسىسى ساتىدىغان ئورۇندىكىلەرنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە كۆلچەككە كېپەك، قوناق

يارمىسى، بىدە قاتارلىق يەم ـ خەشەك، ئوت ـ چۆپلەرنى قەرەللىك تاشلاپ تۇردى. ئۇلار ئاچقان بىنەمگە بىدە تېرىغاندى. قاۋۇز ئاكىلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن كىملا بولسۇن بىرىلىسەن ھەر كۈنى ئاشۇ بىدىلەردىن ئوروپ، بېلىقلارغا تاشلاپ بېرىشنى ئۇنتۇمايتتى. بولۇپمۇ قاۋۇز ئاكا بېلىقلارغا يەم ـ خەشەك بېرىشكە بەكمۇ ھېرىس بولۇپ قالغاندى. ھەر قېتىم كۆلچەككە ياپيېشىل، يۇمران بىدىلەرنى تاشلىغىنىدا سۇ تېگىدىن «كىرىس ـ كىرىس» قىلغان يېقىملىق ئاۋاز چىقاتتى. بۇ بېلىقجانلارنىڭ ئوت ـ چۆپ يەۋاتقان ئاۋازى ئىدى. سۇغا كېپەك، يارما چاچقان ۋاقىتتا بولسا بېلىقجانلار سۇ ئۈستىگە موللاق ئېتىپ چىقىپ، تۈرلۈك شوخ ھەرىكەتلەر بىلەن ئادەمنىڭ زوقىنى قوزغايتتى. قاۋۇز ئاكا بېلىقجانلارنىڭ شوخ ھەرىكەتلىرىدىن ھوزۇرلىنىپ، شېرىن خىياللارغا ئەسىر بولاتتى. قىسقىسى، كۆلچەكتىكى بېلىقجانلارمۇ، قاۋۇز ئاكا ھەم ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرمۇ غەمسىز ئىدى. قاۋۇز ئاكا يانتوقايغا دەسلەپ كەلگەن ۋاقىتتا بىرەر غەيرىي شەپىنى، قاتتىقراق ئاۋازنى ئاڭلاپ قالسىمۇ ئالاقزادە بولۇپ، چۆچۈپ ئەتراپقا قارايتتى. يانتوقايغا قېچىپ كېلىۋالغىنىمنى ناخشاخۇن شۈجى بىلىۋالارمۇ؟ كەنت كادىرلىرىنى، كەنتتىكى ئامانلىق ساقلىغۇچىلارنى باشلاپ كېلىپ، مېنى يەنە يۇرتقا ئېلىپ كېتەرمۇ؟ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تۆلىمىگەن سېلىق، ھەق ـ جەرىمانىلەرگە ھېسابلىدىم دەپ ئەمدىلا ئاۋۇشقا باشلىغان چارۋا ماللىرىمنى تارتىۋالارمۇ، دەپ غەم يەيتتى، خاتىرجەمسىزلىنەتتى، كۆڭۈل ئارامى بۇزۇلاتتى. لېكىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇنداق تۇيغۇلاردىن، غەم ـ ئەندىشىلەردىن ئاستا ـ ئاستا قۇتۇلۇپ كەتتى. ھەتتا يانتوقاينىڭ خىلۋەت قوينى ئۇنىڭ بارلىق غەم ـ ئەندىشىلىرىنى ئۇنتۇلدۇردى. ناخشاخۇن شۈجىنىڭ ئىتنىڭ تۇكىدەك تولا سېلىق، ھەق، جەرىمانە، ھاشار ئەمگەكلىرىدىن قۇتۇلۇپ

كېتىدىغانلا ئىش بولسا، ئۇ مۇشۇ خىلۋەت جاڭگاللىقتا بىر ئۆمۈر يالغۇز، خاتىرجەم ياشاشقا رازى ئىدى.

ھېلىقى بېلىق مايسىسى سېتىپ بېرىپ، تىراكتور بىلەن بىر كېچىدىلا يانتوقايغا ئەكېلىپ بەرگەنلەرنىڭ گېپى راست چىقتى. بېلىق مايسىلىرى ئىككى يىل ئىچىدىلا ئادەمنىڭ ياقالچىقىدەك، بىلىكىدەك يوغىنىدى. بېلىقلار كۆل ئىچىدە توپ - توپ بولۇپ ئۈزۈپ يۈرەتتى. بېلىقچانلار چۈمگەك، سۇ چاشقىنى، بېلىقچى قۇشلارنىڭ يەپ كەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا تولۇق ئەي بولغانىدى. «خۇدايىم بۇيرۇسا، بېلىقلارنى كېلەر يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ ساتسام، بېلىق ساتقان پۇلنىڭ بىر قىسمىغا ياخشى نەسىللىك قوي، كالىلاردىن سېتىۋالسام، قالغان بىر قىسمىغا سوپەك①تىن بىرنى سېتىۋالسام، بىنەم ئاچسام...» قاۋۇز ئاكىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى قاناتلىنىپ غانسىرى يانتوقاي كۆز ئالدىدا جەننەتتەك بىر ماكان بولۇپ گەۋدىلىنەتتى.

قىش كېتىپ كۆلچەك - ئېرىقلاردىكى مۇزلار ئېرىشى ھامانلا قاۋۇز ئاكا كۆلدىن تۇنجى قېتىم بېلىق تۇتتى - دە، تۇتقان بېلىقلارنى ئېشەك ھارۋىسىغا بېسىپ، گۇگۇم پەيتى بىلەن شەھەرگە قاراپ يول ئالدى. ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى ئۇ شەھەرگە بىرنەچچە قېتىم كىرگەن بولسىمۇ، بېلىق بازىرىغا بېرىپ باقمىغانىدى. ھازىر بېلىقنىڭ باھاسى ئىككى - ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكىدىن خېلىلا ئۆرە ئىدى. قاۋۇز ئاكا بېلىقلارنى بازاردىكى بېلىق ئېلىپ ساتىدىغانلارغا توپ باھادىلا ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇلار قاۋۇز ئاكىغا بېلىقتىن قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىشىپ، ئالدىن زاكالەت پۇلىمۇ بەردى. بېلىق ساتقان پۇلنى قايتا ساناپ، قاۋۇز ئاكىنىڭ قوللىرى تىترەپ كەتتى. كۆزىگە غىللىدە ياش كەلدى. ئۇ ئاغزىغا چىش چىققاندىن بېرى تۇنجى قېتىم سىقىمى توشقۇدەك

① سوپەك — قول تىراكتورى.

پۇل تۇتۇپ باققانىدى. بۇ بىر ھارۋا بېلىقتىن ئۈچ يىل ئاۋۋال كۆلگە سالغان بېلىق مايسىسىنىڭ پۇلى ئاساسەن چىققانىدى. ئۇ شەھەرنى بىر قۇر ئايلىنىپ، ئۆينىڭ ئازراق تۆشۈكلۈك سودىسىنى قىلدى ـ دە، قاسىم ئاخۇن بىلەن ئاشخانىغا كىرىپ تويغۇدەك بىر غىزالىنىۋالغاندىن كېيىن يانتوقايغا قاراپ ئالدىراش يۈرۈپ كەتتى.

كۆلدە بېلىقلار زىيادە كۆپ ئىدى. تورنى شۇنداقلا يايسا بېلىق چىقاتتى. قاۋۇز ئاكا يانتوقايغا كېلىپلا يەنە بىر ھارۋا بېلىقنى ئېلىپ شەھەرگە قاراپ ماڭدى. ھاۋا سەل ئىسسىپ قالسا، بېلىق باھاسىنىڭ چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى شەھەردىكى بېلىق سودىگەرلىرىدىن ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، ئۇ جاپا تارتسىمۇ، بىر مەزگىل ئالدىراش ئىشلەشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق ئىشلەپ بىر ھەپتە ئىچىدە شەھەرگە ئالتە قېتىم قاتنىۋىدى، يانچۇقىمۇ خېلىلا تومپىيىپ قالدى. پۇلنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ يانتوقايدا تىكلىمەكچى بولغان ئىگىلىكى ھەققىدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرى كۆپەيمەكتە ئىدى.

بۈگۈنمۇ ئۇ ھارۋىدىكى بېلىقلارنى شەھەردىكى بېلىقپۇرۇشلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، يەنە ئالدىراش قايتىپ كەلدى ـ دە، كۆل بويىدىكى كەپىنىڭ ئورنىغا يېڭىلاپ سېلىنىۋالغان ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپلا قالدى. شۇ ھامان تاپىنىدىن كىرگەن بىر ئاغرىق مېڭىسىدىن چىقىپ كەتتى ھەم قورقۇنچ، ھەم غەزەپ ئارىلاش ئاچچىق، ئازابلىق بىر تۇيغۇ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالدى. مېڭىسىگە نەچچە ئونلاپ پىچاق سانجىلماقتا ئىدى. ئىشىكى ئالدىدا ناخشاخۇن شۇجى باشلىق بىرنەچچە كەنت كادىرلىرى ئۇنىڭغا قاراپ ھىجىيىپ تۇراتتى. ھەئە، كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بۇ كۈلكىسىدە قىلچىمۇ ساختىلىق، زەھەرخەندىلىك، يوشۇرۇن غەزەپ ـ نەپرەت يوق ئىدى. ئۇلار يۈرىكىدىن چىقىرىپ ھەقىقىي كۈلۈۋاتاتتى. قاۋۇز ئاكىغا ئۇزاق يىل ئايرىلىپ كەتكەن قېرىندىشىغا قارىغاندەك مېھرى بىلەن

قاراۋاتاتتى.

قاۋۇز ئاكا دەرھاللا ئەس ـ ھوشىنى يىغدى. پۇت ـ قولىغا قايتىدىن جان كىردى. دەرھال بۇ قىچقارمىغان مېھمانلارنىڭ ئالدىغا كۆرۈشكىلى ئىككى قولىنى تەڭلەپ كەلدى.

ـــ ھە، قاۋۇز ئاخۇن، نەچچە يىلدىن بېرى نەگە غايىب بولۇپ كەتتىڭ دېسەك، ئەسلىدە مۇشۇنداق بەلەن يەرنى تېپىۋاپتىكەنلا ـ ھە؟!

قاۋۇز ئاكا شۇجىنىڭ بۇ گېپىگە بىر نېمە دەپ بولغۇچە، شۇجى يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

ـــ ئەھۋال مەيەردىن ـ مەيەرگىچىنى دەپ قويۇپ كەتكەن بولسىلا، خەۋەر تېپىپ قالاتتۇق ئەمەسمۇ. نەگە كەتكەندۇ، نېمە بولغاندۇ، دەپ بەك ئەنسىرىدۇق. ئىز ـ دېرەكلىرىنى قىلدۇق. كېرەك يوق. يانتوقايمۇ بىزنىڭ يېزىغا، يەنە كېلىپ دەل بىزنىڭ كەنتنىڭ زېمىنىغا تەۋە جاڭگاللىق. نېمىلا دېگەنبىلەن بىزنىڭ كەنتنىڭ تەۋەلىكىدىن چىقىپ كەتمەپلا.

قاۋۇز ئاكا شۇجىنىڭ بۇ يەرنى قانداق قىلىپ بىلىۋالغانلىقىنى، نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى، بۇ گەپلەرنىمۇ نېمە مەقسەتتە دەۋاتقانلىقىنى پەقەتلا بىلەلمىدى. ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ قويۇپ، ئېغىلغا كىرىپ پاقلاندىن بىرنى سويدى. قاسىم ئاخۇن كۆلدىن بېلىق تۇتۇپ چىقتى. ناخشاخۇن شۇجىلار پاقلان گۆشى، بېلىق كاۋىپىنى تويغۇچە يېدى. ئۇلار قاۋۇز ئاكا كېلىپ بولغۇچە ئېغىلدىكى قوي، كالا، كۆلدىكى بېلىق، بىنەم يەرلەردىكى زىرائەتلەرنى كۆرۈپ، قاۋۇز ئاكىنىڭ ئائىلىدىن تەپسىلىي ئەھۋال ئىگىلەپ، كۆڭۈللىرىدە نېمىلەرنىدۇر بوداپ ئۈلگۈرگەنىدى. بېلىق كاۋىپىنى ئىشتىھا بىلەن يەپ ئولتۇرۇپ ناخشاخۇن شۇجى گەپ باشلىدى:

ـــ ئەسلىدە يۇرتنى رۇخسەتسىز تاشلاپ چىقىپ كەتكەنلىكلىرىنى، يانتوقايدا رۇخسەتسىز بىنەم ئاچقان ھەم بېلىق باققانلىقلىرىنى سۈرۈشتە قىلىشقا، جەرىمانە قويۇشقا

تېگىشلىك ئىدى. ئەمما، پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بېيىش يولىغا باشلاش سىياسىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاچقان بىنەملىرىنىڭ ئۈچ يىللىق سۇ ھەققىنى، كۆلنىڭ ئۈچ يىللىق ئىجارىسىنى تاپشۇرسىلا، باشقا ھەق ـ سېلىقلارنى سۈرۈشتە قىلمايلى، دېيىشتۇق. يەنە بىر گەپ، بايا سىلى شەھەردىن چىقىپ بولغۇچە بىز مۇشۇ ئولتۇرغان بارلىق كەنت كادىرلىرى مۇزاكىرىلىشىپ، سىلىنى ئالدىن بېيىغان ئون مىڭ كويلۇق كەسپىي ئائىلە قىلىپ بېكىتتۇق. ماتېرىياللىرىنى يېزىپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە يوللايمىز. يۇقىرىدىن تەكشۈرگىلى، كۆزدىن كەچۈرگىلى، سىلىنىڭ ئالدىن بېيىش تەجرىبىلىرىنى ئۆگەنگىلى كەلسە، ئۇلارغا يانتوقايغا قېچىپ كەلگەنىدىم دېمەي، كەنت تەشكىلى ماڭا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ يانتوقايدەك ئەۋزەل بايلىق شارائىتىغا ئىگە يەردە دادىللىق بىلەن ئىگىلىك تىكلىشىمگە مەدەت بەردى، كۆپلەپ ياردەم بەردى، ياخشى چارە ـ ئامال، تەدبىرلەرنى كۆرسىتىپ رەھبەرلىك قىلدى، دەپ جاۋاب بېرىلا. قالدى گەپنىڭ تەپسىلاتىنى سىلىگە ئايرىم دەپ بېرىمىز.

خۇددى خام ياغ ئىچىۋالغاندەك بىر تۈيغۇغا كېلىپ قالغان قاۋۇز ئاكىنىڭ كۆڭلىدىكى تۇمانلار بىردىنلا تاراپ كەتتى. ناخشاخۇن شۇجىنىڭ ھەم تەھدىت، ھەم بۇيرۇق تۇسىنى ئالغان سۆزلىرىگە ماقۇل دەپلا جاۋاب بەردى. ئۇلار يەنە نېمىلەرنىدۇر تاپىلاپ، قاۋۇز ئاكا ھەر بىرەيلەنگە تۆت ـ بەش تالدىن يوللۇق تۇتقان بېلىقلارنى ئېلىپ يانتوقايدىن كېتىشتى. قاۋۇز ئاكا ئۇلاردىن ئاسانلا قۇتۇلغىنىغا، ئۆزى ئويلىغىنىدەك ئۇلارنىڭ ئەسكىلىك قىلمىغىنىغا كۆڭلىدە قەۋەتلا خۇش بولدى.

ئەسلىدە ناخشاخۇن شۇجى قاۋۇز ئاكىنى شەھەردە بېلىق سېتىۋاتقاندا كۆرۈپ قالغانىدى. يوقاپ كەتكىلى ئۈچ ـ تۆت يىل بولۇپ قالغان بۇ ئادەمنىڭ شەھەردە بېلىق سېتىپ يۈرگىنى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. بىرىپ كۆرۈشمەكچى بولغانىدى،

لېكىن شۇ ھامانلا كۆڭلىگە باشقىچە ئوي پۈكتى ـ دە، قاۋۇز ئاكىنىڭ كەينىدىن قارا كۆرۈنە ئەگەشتى. ئۇ قاۋۇز ئاكىنىڭ يانتوقايدىكى ماكانىنى كۆرۈۋالغاندىن كېيىن كېچىلەپ يۇرتقا قايتتى ۋە ئەتىسى ئەتىگەندە بارلىق كەنت كادىرلىرىنى يىغىپ ئەھۋالنى ئېيتتى. ئۇلار بىردەك يانتوقايغا بېرىپ قاۋۇز ئاكىنى ئائىلىسى بىلەن يۇرتقا قايتۇرۇپ ئەكېلىش، روخسەتسىز بىنەم ئاچقان، بېلىق بېقىپ قىلغان كىرىمىنى پۈتۈنلەي مۇسادىرە قىلىپ، كەنت مالىيەسىگە كىرىم قىلىشنى قارار قىلىشتى.

ئۇلار يانتوقايغا يېتىپ كەلگەندە قاۋۇز ئاكا ئاللىبۇرۇن شەھەرگە بېلىق ساتقىلى كىرىپ كەتكەنىدى. قاۋۇز ئاكىنىڭ ئايالى ناخشاخۇن شۇجى قاتارلىق كەنت كادىرلىرىنى كۆرۈپ، دەسلەپتە چۆچۈدى، ھودۇقتى، تەمتىرىدى. كېيىن ئېسىنى يىغىپ ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى. قىرىق ـ ئەللىك توخۇمنى دەرھال پىشۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئاچىقتى. توخۇدىن ئىككىنى بوغۇزلىتىپ، پاكىز ئادالاپ قازانغا تىقتى. تاماق ئارىلىقىدا ناخشاخۇن شۇجى ئۇنىڭدىن قانداق قىلىپ، نېمە سەۋەبتىن يانتوقايغا كېلىپ قالغانلىقىنى، يانتوقايدا نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى سورىدى. ساددا، ئاق كۆڭۈل ئايال كۆلدە بېلىق تۇتقاندىن تارتىپ، بېلىق مايسىسى سالغىنىغىچە تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئۇلارنى باشلاپ چىقىپ يېڭىدىن ئاچقان بىنەم يەرلەرنى، زىرائەتلەرنى، قوتاندىكى قوي، كالىلارنى بىرمۇبىر كۆرسەتتى. بۇلارنى كۆرۈۋېتىپ ناخشاخۇن شۇجىنىڭ كاللىسىغا تويۇقسىز باشقا بىر ئەقىل كەلدى. شۇنىڭ بىلەن قاۋۇز ئاكىنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش، ئۆزلىرىنى يۇرتقا قايتۇرۇپ كېتىش قارارىدىن تېزلا ياندى. ئۇ قاۋۇز ئاكىنى ئۈچ ـ تۆت يىلدا بۇنچىۋالا ئىگىلىك تىكلەپ، بېيىپ كېتىدۇ دەپ پەقەتلا ئويلىمىغانىدى. ئېغىلدىكى قوي، كالىلارلا ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ئون نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىدى. ناخشاخۇن شۇجىنىڭمۇ بۇنچىلىك چارۋا ماللىرى يوق ئىدى. قاۋۇز ئاكىنى كەنت

www.uyghurkitap.com

بويىچە، ھەتتا پۈتۈن يېزا بويىچە بېيىغان دېھقانلارنىڭ ئالدى دېيىشكە بولاتتى. ھازىر يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرى دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، بېيىش يولىغا باشلاش، ھاللىق سەۋىيەگە يەتكۈزۈشنى ھەدەپ تەكىتلەۋاتاتتى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ باشقا قوشنا كەنتلەردىن ئون مىڭ يۈەنلىك كەسپىي ئائىلىلەر، ئالدىن بېيىغان ئائىلىلەر بىر ـ بىرلەپ بارلىققا كېلىۋاتاتتى. ئاشۇ كەنتلەرنىڭ شۇجىلىرى بولسا دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بېيىش يولىغا باشلىغان باشلامچى بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ماختىشىغا، تەقدىرلىشىگە، مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشىۋاتاتتى. تېخى يېقىندىلا يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت يېزا تەۋەسىدىكى ئاشۇنداق ئىلغار، نەمۇنىچى شۇجىلاردىن سەككىزنى تەشكىللەپ ئىچكىرى ئۆلكە ـ شەھەرلەرنى ساياھەت ـ ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئېلىپ كەتتى. ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇش يۈزىسىدىن يېزىلىق ھۆكۈمەت يىغىن ئاچقاندا، يېزا باشلىقى باشقا شۇجىلارنى بولدى دېگۈچە چۆككۈردى. ئىشلىگەن بارلىق خىزمەتلىرىنى يوققا چىقاردى. ھەتتا خېلى قاتتىق گەپلەرنى قىلدى. شۇ چاغدا ناخشاخۇن شۇجى ئىزا ـ ئاھانەتتىن ئۆلمىدى، ئۇنىڭدىن باشقىسى بولدى. ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەك ئېغىر كەلگىنى ئۇنىڭدەك رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگىلى يىگىرمە يىلدىن ئاشقان پېشقەدەم شۇجىنىڭ قېلىپ قېلىپ، تېخى شۇجى بولغىنىغا ئەمدىلا ئۈچ ـ تۆت يىل بولغان سويمەكلەرنىڭ ئايروپىلانلاردا ئولتۇرۇپ، چۈشىدىمۇ بېرىپ ـ كېلىشنى خىيال قىلمىغان بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، شېنجېنلاردەك كاتتا شەھەرلەرنى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن كۆرۈپ كېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكى بولدى. بۇ ناخشاخۇن شۇجى ئۈچۈن چىدىغۇسىز دەرد ـ ئەلەم ئەمەسمۇ ـ ھە! ئۇمۇ پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى دەپ يىگىرمە ـ ئوتتۇز يىللاپ تەر تۆكۈپ ئىشلىدىغۇ؟ كەنتتىكى دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرالمىغان، بېيىش يولىغا

باشلىيالىغان، كەنتتىن هازىرغىچە بىرمۇ ئون مىڭ يۈەنلىك ئائىلە چىقىرالمىغان دەپلا، ئۇنىڭ شۇنچە يىللىق خىزمەت ئەجرىگە كۆز يۇمسا بولامدىكەن؟ ئۇنىڭ هازىرغىچە شۇجى ـ يېزا باشلىقلىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى، تەلەپلىرىنى ئورۇنلىمىغان يېرى يوقتۇ؟ نېمىنى بۇيرۇسا شۇنى قىلدى. يېزىلىق هۆكۈمەت دېهقانلارغا بەلگىلەپ بەرگەن ۋەزىپە ـ كۆرسەتكۈچلەرنى تولۇقى بىلەن ئورۇنلىتىپ، هەق ـ سېلىقلارنى كەم قويماي يىغىۋالدى. ئورۇنلىيالمىسا جەرىمانە قويۇپ دەرهال ئەمەلىيلەشتۇردى. بۇ خىزمەتلەرنى ئىشلەشتە سۇسلۇق قىلغان، باشقا كەنت شۇجىلىرىنىڭ ئارقىسىدا قالغان يېرى يوق. پەقەت بىرمۇ ئون مىڭ يۈەنلىك ئائىلە چىقمىغان دەپلا شۇنداق قىلسا بولامدىكەن؟

ناخشاخۇن شۇجى قاۋۇز ئاكىنىڭ ئائىلە ئىگىلىكىنى كۆرگەندە، قاۋۇز ئاكىنى بىرەر يىل بۇرۇن ئۇچراتمىغانلىقىدىن هەسرەتلەندى. كەنتتىكىلەرنى هەرىكەتلەندۈرۈپ بەكرەك ئىز ـ دېرىكىنى قىلمىغانلىقىدىن پۇشايمان يېدى. شۇنداقتىمۇ، ئۆزىگە يەنە تېزلا تەسەللىي بەردى. شان ـ شۆهرەت، نام ـ ئابرۇي هەققىدىكى تاتلىق ئوي ـ خىياللار ۋۇجۇدىنى تېزلا ئەسىر قىلىۋالدى.

«... بوپتۇ، هېلىمۇ كېچىكمەيدۇ، — دەپ خىيالىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ، — مانا، ئۈچ ئېتىز ئېغىلدىكى شۇنچىۋالا قوي، كالىلار، كۆلدىكى بېلىقلار، يىگىرمە موغا يېقىن بىنەم يەردىكى ئوخشىغان زىرائەتلەرنىڭ قىممىتى ئاز دېگەندە قىرىق ـ ئەللىك مىڭ كويدىن ئاشىدۇ. شۇجى ـ شاڭجاڭلار كۆرۈپ قويسۇن. ناخشاخۇن شۇجىمۇ دېهقانلارنى باي قىلالامدىكەن ـ قىلالامدىكەن؟ باشقا شۇجىلارنىڭ كەنتىدىن كۆتىنى يۆلەشتۇرۇپ ئون مىڭ كويلۇق ئائىلىلەر چىققان بولسا، مانا مەن ناخشاخۇن شۇجىنىڭ كەنتىدىن قىرىق ـ ئەللىك مىڭ كويلۇق ئائىلىلەر چىقىدۇ. دەرهال دوكلات يېزىش كېرەك. بۇ تۆهپىنى هەرگىز كېچىك چاغلاشقا بولمايدۇ. ناۋادا هاكىملارنىڭ كۆزى

چۇشۇپ قالسا، ئۇ چاغدا ناخشاخۇن شۇجىنىڭ نامى، كارامىتى پۈتكۈل ناھىيەگە، ھەتتا پۈتكۈل ۋىلايەتكە پۇر كېتىدۇ. ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ ئىچكى ئۆلكىلەرنى ساياھەت قىلىدۇ. ھېلىقى سويمەك شۇجىلارمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا نوچىلىق قىلالمايدۇ. خۇشامەت قىلىپ سەت ھىجىيىشىدىغان بولىدۇ...»

كېيىنكى ئىشلار شۇنداق تېز يۈرۈشۈپ كەتتى. ناخشاخۇن شۇجىنىڭ كەنت كومىتېتى نامىدىن يازغان دوكلاتى يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ تېزلا دىققىتىنى تارتتى. شۇ ھامانلا دوكلاتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئون نەچچە كادىر ئەۋەتتى. ئۇلار يانتوقايدا ئۈچ كۈن تۇرۇپ، پاقالان گۆشى، بېلىق كاۋىپىغا سېسىق كېكىرىپ كېتىشتى ۋە يېزا رەھبەرلىكىگە كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ جۇملىدىن ناخشاخۇن شۇجىنىڭ «دانا» رەھبەرلىكىدە قاۋۇز ئاكىنىڭ قانداق قىلىپ يانتوقايدىن ئىبارەت بۇ ئادەم ئاياغ باسمايدىغان جاڭگاللىقتا بۇ يەرنىڭ تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ بېلىقچىلىق، باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، بىنەم ئېچىپ، دېھقانچىلىق قىلىپ ئىگىلىك تىكلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش قەدىمىنى دادىللىق بىلەن باسقانلىقىنى تەسىرلىك يازما دوكلات قىلىپ يوللىدى. شۇ ھامانلا يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى، ئاندىن كېيىن يېزا باشلىقى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۆمەك تەشكىللەپ مەخسۇس كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلدى. ناخشاخۇن شۇجى ئۇلارغا قاۋۇز ئاكىنىڭ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ «دانا» رەھبەرلىكىدە قانداق قىلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھاللىق سەۋىيەگە يەتكەنلىكىنى تەپسىلىي دوكلات قىلدى. پاقالانلار سويۇلدى. بېلىقلار كاۋاپ قىلىندى. قاۋۇز ئاكا ناخشاخۇن شۇجىنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن قاسىم ئاخۇننى بۇيرۇپ، يېزا بازىرىدىن ئىككى يەشىك ھاراق ئەكەلدۈرگەنىدى. بۇ ھاراقلارمۇ پاك ـ پاكىز ئىچىۋېتىلدى. پارتكوم شۇجىسى، يېزا باشلىقى قاتارلىق

رەھبەرلەر قاۋۇز ئاكىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيەگە يەتكەنلىكىنى، بۇ جەرياندا ناخشاخۇن شۇجىنىڭ دادىللىق بىلەن تەدبىر تۈزۈپ توغرا يېتەكلىگەنلىكىنى، رەھبەرلىك قىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇلارنىڭ روھىدىن پۈتكۈل يېزا خەلقىنىڭ، جۈملىدىن بارلىق كەنت شۇجىلىرىنىڭ ئۆگىنىشى لازىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. بۇ ئىشلاردىن قاۋۇز ئاكىمۇ، ناخشاخۇن شۇجىمۇ ئېيتقۇسىز خۇشاللىققا چۆمدى. ناخشاخۇن شۇجى يېزا رەھبەرلىكىنىڭ ئالاھىدە ماختىشىغا ئېرىشكەنلىكىدىن، كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇسىنىڭ تېزلا رېئاللىققا ئايلىنىۋاتقانلىقىدىن مەست بولۇپ كەتكەنىدى. ھەپتە ئۆتكەندە يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، پۈتكۈل يېزا تەۋەسىدىكى ھەرقايسى كەنتلەرنىڭ شۇجى، مۇدىر، مۇئاۋىن شۇجى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى بولۇپ يۈزدىن ئارتۇق ئادەمدىن تەشكىللەنگەن ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىش ئۈمىكى يانتوقايغا كەلدى. قاۋۇز ئاكا بەش قوينىڭ بېشىنى كەستى. كۆلگە ئىككى قېتىم تور تاشلىدى. تولۇق بىر كۈن پۈتكۈل يانتوقاي جاڭگىلىنى قوي گۆشى بىلەن بېلىق كاۋىپىنىڭ مەززىلىك ھىدى قاپلىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي ناھىيەدىكى شۇجى، ھاكىملارمۇ يانتوقايغا ئالاھىدە قەدەم تەشرىپ قىلدى. قاۋۇز ئاكا بىلەن تولىمۇ قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ناخشاخۇن شۇجىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ماختىدى. شۇنداق قىلىپ، يانتوقاينىڭ، قاۋۇز ئاكىنىڭ، ناخشاخۇن شۇجىنىڭ نامى پۈتكۈل ناھىيەگە پۇر كەتتى. پات ـ پات يانتوقاينى پاقلان گۆشىنىڭ، بېلىق كاۋىپىنىڭ مەززىلىك ھىدى قاپلاپ تۇراتتى. بېلىق كاۋىپىنىڭ ئاشۇ مەززىلىك ھىدىغا ئەگىشىپ تەرەپ ـ تەرەپتىن رەھبەرلەر، مېھمانلار، ئېكسكۇرسىيە، تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش ئۆمەكلىرى كېلىپ تۇراتتى.

قاۋۇز ئاكىنىڭ كۆلىنىڭ بېلىقنى شەھەرگە ئەكىرىپ سېتىپ، بۇ پۇللارغا كۆلگە يەنە بېلىق مايسىسى سېلىش، نەسىللىك قوي، كالىلارنى سېتىۋېلىپ چارۋا ماللارنى كۆپەيتىش، سوپەك سېتىۋېلىپ بىنەم ئېچىپ، كەڭ دائىرىدە دېھقانچىلىق قىلىش، باغ بىنا قىلىشتەك ئارزۇ - ئارمانلىرى پۈتۈنلەي كۆپۈككە ئايلاندى. چۈنكى، كۆلدىكى بېلىقلارنى، قوتاندىكى قويلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ ئۆگىنىش ئۆمەكلىرى، ناھىيە، يېزا باشلىقلىرى باشلاپ چىققان مېھمانلار ئاساسەن يەپ تۈگەتكەنىدى. مانا ئەمدى كۆلگە بىر كۈن كەچكىچە تور تاشلاپمۇ كىچىك بالىنىڭ بىلىكىچىلىك بېلىق تۇتقىلى بولمايتتى. كۆل قۇرۇقدىلىنىپ كەتكەنىدى.

قاۋۇز ئاكىنىڭ «بېلىقچىلىق كەسپىي ئائىلىسى» دېگەن نامى يىراق - يېقىنغا پۇر كەتكەنىدى. رەھبەرلەر، ئېكسكۇرسىيە ئۆمەكلىرى بىرسى كەتسە، بىرسى كېلىپ تۇراتتى. ئۇلارنى چوقۇم بېلىق كاۋىپى بىلەن كۈتۈۋېلىش كېرەك ئىدى. ئەمما، كۆلدە بېلىق تۈگەپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى قاۋۇز ئاكا ئېغىلدىكى قوي، كالىلىرىنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا شەھەردىن بېلىق سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ، ئاشۇ رەھبەرلەرنى، ئېكسكۇرسىيە ئۆمەكلىرىنى كۈتۈۋالىدىغان بولدى. بۇنىمۇ ناخشاخۇن شۇجىنىڭ ھەم تەھدىت، ھەم يېلىنىش ئارىلاش كۆرسەتكەن ئەقلى بىلەن قىلدى. مانا ئەمدى قاۋۇز ئاكىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ئالدىن بېيىغان بېلىقچىلىق كەسپىي ئائىلىسى دېگەن كاتتا نامىدىن باشقا كۆلدە نە بېلىق، قوتاندا نە قوي، كالىسى قالمىغانىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن: «يېزىغا مېھمان كېلىپ قالدى، دەرھال بېلىق تۇتۇپ ئەۋەتسىلە» دەپ ئىككىلىك خەت بىلەن پىكاپ كېلىپ تۇراتتى. قاۋۇز ئاكىنىڭ خۇددى بىر شېرىن چۈشتەك بىر مەزگىل داۋاملاشقان خۇشاللىقى، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى، ئۇلۇغۋار پىلانلىرى تېزلا غايىب بولۇشقا باشلىدى. قاۋۇز ئاكا

كۆل بويىغا چىقىپ ئۈزاقتىن ـ ئۈزاق خىيال سۈرەتتى. چىلىمغا كۆك تاماكىنى چىڭداپ بىسىپ ئاچچىق ـ ئاچچىق شورايتتى. ھەسرەتلىك ئۈھ تارتتى. ئۇ يانتوقايغا قېچىپ كېلىۋېلىپ ناخشاخۇن شۇجىنىڭ قار ـ يامغۇر يېغىپ تۇرىدىغان سەت گۆلىيىشلىرىدىن، نەشتەردەك تىل ـ ئاھانەتلىرىدىن، تۈگىمەس ئالۋان ـ سېلىق، جەرىمانىسىدىن، قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ھاشار ئەمگەكلىرىدىن قۇتۇلغان بىلەن، مانا ئەمدى يەنە شۇ ناخشاخۇن شۇجىنىڭ سەۋەبىدىن تاسادىپىي ئېرىشىپ قالغان شېرىن، ھەيۋەتلىك شان ـ شەرەپلەرنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز بېسىمى ئۇنى يەنە ھالسىرىتىپ قويغانىدى. شۇنچە كەڭرى يانتوقاي جاڭگاللىقى ئۇنىڭغا تار كېلىۋاتاتتى. مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ بۇ يەردىنمۇ تېز يوقال دەۋاتاتتى.

— خۇش خەۋەر! ئۇلتۇرماي تېز قوپسىلا، قاۋۇز ئاخۇن. بۇ دورەم مېھمانلارنىڭ كاتتىسى كېلىدىغان بولدى.

ناخشاخۇن شۇجى سېمىزلىكتىنمۇ ياكى ئالدىراپ ماڭغانلىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر ھاسىراپ كەتكەنىدى. تەر تەپچىرەپ تۇرغان مىس رەڭ، گۆشلۈك چىرايىدا ئاجايىپ بىر خۇشاللىقنىڭ شولىسى ئەلەڭگىيەتتى. ئۇ قاۋۇز ئاكىنىڭ ئىپادىسىز قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، رەنجىگەندەك تەرزدە يەنە سۆزلىدى:

— شۇنچە يەردىن دوپپامنىڭ چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي پالاقلاپ كەلسەم ھېچ ئىش بولمىغاندەك قاراپ تۇرىلىيا، قاۋۇز ئاخۇن؟ مۇنداق ئىككى ئېغىز گەپ سوراپ قويمالا ئەمدى.

— سورىمىسامۇ مېھماننىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەنلىكلىرىنى دېدىلىغۇ، شۇجى، — دېدى قاۋۇز ئاخۇن خۇشياقمىغان ھالدا.

— بۇ دورەمقى مېھماننى ئۇنچە كىچىك چاغلاپ كەتمىسىلە، قاۋۇز ئاخۇن. مېھمان ئۇرۇمچىدىن كېلىدۇ. ئاڭلاۋاتامىلا، قاۋۇز ئاخۇن، ئۇرۇمچىدىن. ئەمدى بۇ يانتوقاي جاڭگىلىغا ئۇرۇمچىلىك ئەزىز مېھمانلارنىڭمۇ ئايىغى تېگىدىغان بولدى دېسىلە، —

ناخشاخۇن شۇجى خۇددى كوچىدىن بەش مىوچەن پارچە پۇل تېپىۋالغان كىچىك بالىدەك قىن ـ قىنىغا پاتماي سۆزلەۋاتاتتى، — ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان مېھمانلارنىڭ دەرىجىسىنى بىلمىدىم. ئەمما، ۋىلايەتتىن ۋالىيلار، ناھىيەدىن ھاكىملار ھەمراھ بولۇپ بىللە كەلگۈدەك. بولىسىلا، ۋاقىت قىس، دەرھال تەييارلىق قىلمىساق بولمايدۇ. مېھمانلار ئۆگۈنلۈككە ئەتىگەندە ئۇدۇل يانتوقايغىلا كېلىدىغان بوپتۇ. ھازىردىن باشلاپ تېز، پۇختا تەييارلىق قىلمىساق، كاتتىلارنىڭ ئالدىدا سۇنۇپ قالىمىز.

— مېھمان كەلسە يانتوقاي مۇشۇ شۇ، كۆل ئەينا...

— ھەي ي... نېمە دېگەنلىرى بۇ، قاۋۇز ئاخۇن؟ — دېدى ناخشاخۇن شۇجى قاۋۇز ئاكىنىڭ تەنە ئارىلاش گېپىنى بۆلۈپ، — ئۇنداق دېمىسىلە. ئۇلار شۇنچە ئۇزاقتىن كېلىدىغان كاتتا باشلىقلار تۇرسا، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئىككى قولىمىزنى بۇرنىمىزغا تىقىپ چىقساق ياخشى بولماس.

— مېنىڭ نېمە ئىلاجىم بار دەيلا، شۇجى؟ كۆل بىلەن قوتاننىڭ ئەھۋالى سىلىگە ئايان، — قاۋۇز ئاكا شۇنداق دېدى ـ دە، تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى بىلەن چىلىمىنىڭ سەيخانىسىغا تاماكىسىنى چىڭداپ بېسىشقا باشلىدى. ناخشاخۇن شۇجى قاۋۇز ئاكىنىڭ قولىدىكى چىلىمنى تارتىۋېلىپ، ئاچچىق ـ ئاچچىق قىلىپ ئىككىنى شورىدى. ئاغزى ـ بۇرنىدىن يەڭدەك ئىس پۇرقىراپ چىقتى.

— سىلىمۇزە بارغانسېرى پىخسىقلىشىپ كېتىۋاتىلا جۇمۇ، قاۋۇز ئاخۇن، — دېدى ناخشاخۇن شۇجى چالا ھېجىيىپ، — مېھمانلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىسىلا قاپاقلىرى چۈشۈپ كېتىدىغان بولۇۋالدى. ماڭا قايلىسىلا، ئۆتكەن قېتىمقىغا ئوخشاش بىر ئامالىنى قىلمامدىلا ئەمدى.

ناخشاخۇن شۇجىنىڭ بىچارە تۇرقىغا قاراپ قاۋۇز ئاكا بىر ئاز يۇمشىدى.

— قانچىلىك مېھمان كەلگۈدەك؟



www.uyghurkitap.com

— مەنمۇ تازا بىلىپ بولالمىدىم. ئۇرۇمچىدىن كېلىدىغان ئۇ مېھمانغا ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىدىن بولۇپ ئاز دېگەندە ئوتتۇز ــ قىرىقچە ئادەم ھەمراھ بولۇپ كېلىدۇغۇ دەيمەن. ئەللىك كىشىلىك تەييارلىق قىلساق بولامدىكىن.

— ئېغىلدا مۇشۇ موزايلىق ئىنىكىمدىن باشقا ھېچنېمەم قالمىدى، — دېدى قاۋۇز ئاكا، — ئۆتكەن قېتىم مېھمانلارغا قوشقا قاتقۇدەك بولغان تورپاقنى سېتىپ، پۇلىغا شەھەردىن بېلىق سېتىۋېلىپ، ئۇلارغا يانتوقايىنىڭ بېلىقى دەپ كاۋاپ قىلىپ بەردۇق. ئالتە ئاي يازدىن بېرى مېھمان كۆتۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ، دېھقانچىلىقىمىز پەقەتلا ئوخشىمىدى. تاغاردا ئاشلىقنىڭ تايىنى يوق. پىلانىمدا ئاشۇ موزايلىق ئىنەكنى سېتىپ، پۇلىغا ئاشلىق سېتىۋېلىپ قىشتىن چىقىۋالارمىز، دەپ ئويلىغانىدىم...

— ھەرنېمە قىلسىلا بىر ئامالىنى قىلىپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىرايلىق چىقسىلا. قالدى گەپنى كېيىن دېيىشەيلى. قىشتا، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان نامرات ئائىلىلەر قاتارىدا قۇتقۇزۇش ئاشلىقىدىن جىقراق ھەل قىلىپ بېرەي. قانداق دەيلا، ئاشۇنداق قىلسامغۇ بولار؟

قاۋۇز ئاكا گەپ قىلماي يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى. ناخشاخۇن شۇجى قاۋۇز ئاكىغا گۆلەيدى:

— سىلىگە گەپ قىلىۋاتىمەن، قاۋۇز ئاخۇن. بىر ئېغىز گەپ قىلمىلا ئەمدى.

قاۋۇز ئاكا شۇجىنىڭ نەشتەردەك كۆزلىرىگە شۇنداقلا قارىدى ــ دە، ئاستا پىچىرلىدى:

— مەيلى، بېلىق كاۋىپىنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلاي، ئەمما مېھمانلارغا ھاراق قۇي دېسىلە، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن. موزايلىق ئىنەكنىڭ پۇلى ھەرقانچە بولسىمۇ، بېلىق كاۋىپىغا ئاران چىقىشىدۇ.

— بوپتۇ، بوپتۇ، شۇنداق قىلسىلا، ئۇلار چوڭ شەھەرلەردە ئالىي رېستورانلاردا هاراق ئىچىپ كۆنۈپ قالغان ئادەملەر. بۇ جاڭگاللىقتا هاراق ئىچمەن دەپمۇ تۇرۇۋالماس. «توشقان تېرىسىمۇ ئۈچ كۈنلۈككە چىدايدۇ» دەپتىكەن. چىدايلى، قاۋۇز ئاخۇن. مېنىڭ بىلىشىمچىمۇ سىلى يۇرتتىن بۇ جاڭگالغا قېچىپ كەلگەندە ئېشەك هارۋىلىرىغا يوتقان - كۆرپىلىرىنى بېسىپلا كەلگەنغۇ دەيمەن. يانتوقايغا كېلىپ كۆلنىڭ تەييار بېلىقىنى تۇتۇپ ساتتىلا، باج - سېلىقسىز يەر تېرىدىلا. شۇنچىۋالا ۋەج - دۇنيا، يۈز - ئابرۇي تاپتىلا. بىز تېخىچە سىلىدىن يانتوقايدىن ئاچقان بىنەمنىڭ، بېلىق باققان كۆلنىڭ، چارۋا مال باققان يايلاقلارنىڭ ئىجارىسىنى، يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك ھەق - سېلىقلارنى سۈرۈشتە قىلمىدۇق. نەچچە يىلدىن بېرى هاشار - ئەمگەككە قاتناشمىدىلا، بۇنىڭمۇ ھېساب - كىتابىنى قىلىشمىدۇق. قالدى گەپنى سىلى - بىز تىلىمىزنى ئۇقۇشىدىغان خەق بولغاندىكىن ئالدىرىماي قىلىشىۋالارمىز. ماقۇل ئەمىسە، مەن كەتتىم. تەييارلىقتا تېزرەك تۇتۇش قىلالا.

ناخشاخۇن شۈجى كەتتى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە ئېغىز گەپلىرى قاۋۇز ئاكىنىڭ يۈرىكىگە نەشتەر بولۇپ سانجىلدى. ئۇ ئولتۇرغان ئورنىدا مىدىرلىماي ئۇزاق ئويلاندى. چىلىمنىڭ سەيخانىسىنى ئىككى قېتىم يەڭگۈشلىدى. تاماكىنىڭ ئاچچىقىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چىقتى. «هازىرغۇ موزايلىق ئىنەكنى ساتارمەن. ئەمما، قىشچە يېگىلى ئاشلىق تاپالمىسام قانداق قىلارمەن؟ كەنتتىكى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان نامراتلار قاتارىدا قۇتقۇزۇش ئاشلىقى ئالسام، خەقلەر زاڭلىق قىلىپ كۈلمەسمۇ؟ ناۋادا ناخشاخۇن شۈجى بايا گېپىنى قىلغان سېلىقلارنى ھېسابلىسا، ئۇنىڭغا نېمىنى تۆلەپ بېرەرمەن؟ ... ئەقىللىك ئىت ئىگىسىگە ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەپتۇ، دەپتىكەن، ئەڭ ياخشىسى...»

*    *    *

ناخشاخۇن شۇجى بۇگۇن تولىمۇ خۇشال ئىدى. ئۇ ئەتىگەندە چاچ ـ ساقاللىرىنى پاكىز قىردۇردى. يېڭى بادام دوپپىسىنى، ھېيتلىق شىم ـ چاپىنىنى كىيدى. چاپىنىنىڭ بېلىنى يېڭى تاۋار بەلبېغى بىلەن مەھكەم باغلىدى. ئاندىن بىر قىسىم كەنت كادىرلىرىنى، دېھقانلارنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ، كەنت يوللىرىنى سۇ چېچىپ، پاكىز تازىلاشقا ئورۇنلاشتۇردى... موتوسىكلىتىنى ئوت ئالدۇرۇپ، يانتوقايغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئاچچىق شور پۈراپ تۇرىدىغان توپىلىق يولدا موتوسىكلىت كەينىدىن بوراندەك توپا ـ چاڭلارنى توزىتىپ، سىلكىنىپ ـ سىلكىنىپ كېتىۋاتاتتى. ناخشاخۇن شۇجى بولسا ئۆزۈمچىدىن كېلىدىغان مېھمانلارغا، ۋالىيلارغا ئۆزىنىڭ قانداق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دېھقانلارنى بېيىش يولىغا باشلاپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرغانلىقىنى، يانتوقاينىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئالدىن تەكشۈرۈپ كۆرۈپ قاۋۇز ئاخۇن ئائىلىسىنى بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ ئەكېلىپ، ئىگىلىك تىكلەشكە رىغبەتلەندۇرگەنلىكىنى، بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ قانداق جاپا تارتقانلىقىنى، چارە ـ تەدبىرلەرنى تۈزگەنلىكىنى قانداق سۆزلەپ بېرىش ھەققىدە قاتتىق باش قاتۇرۇۋاتاتتى. توپىلىق كاتاڭ يولدا موتوسىكلىتنىڭ سىلكىنىشلىرىمۇ ئۇنىڭ بۇ خىيالىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيۋاتاتتى. ۋالىيلارنىڭ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ماختاشلىرى قۇلىقى تۈۋىدە يېقىملىق ناخشىدەك جاراڭلايتتى...

ئۇ ئەنە شۇنداق شېرىن خىياللار ئىلكىدە يانتوقايغا يېتىپ كەلدى ـ دە، قاۋۇز ئاكىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ تۇرغان جايىدا تۇرۇپلا قالدى. يانتوقايدا ئىنس ـ جىن يوق ئىدى. قاۋۇز ئاكا بالىچاقىلىرىنى ئېلىپ، ئازغىنا لاقا ـ لۇقىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يەنە بىر قېتىم تۇيۇقسىز غايىب بولغانىدى.

— ۋاي خۇدايىم، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟

ناخشاخۇن شۇجى شۇلارنى دېدى ـ دە، بېشى قېيىپ كۆزى قاراڭغۇلاشقاندەك بولۇپ، تۇرغان جايىدا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

* * *

جاڭگالنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىسى. ئىنسان ئايىغى تەگمىگەن قومۇشلۇقتا قاۋۇز ئاكا ئېشەك هارۋىسىنى هەيدەپ كېتىۋاتاتتى. هارۋىدا ئايالى، بالىلىرى ئولتۇراتتى. هارۋىنىڭ كەينىگە باغلاپ قويغان موزايلىق ئىنەك پۇشۇلدىغىنىچە هۇرۇنلۇق بىلەن كېتىۋاتاتتى. هارۋىنىڭ ئىككى چاقى قومۇشلۇقتا يەرگە چوڭقۇر پېتىپ، يېڭىدىن ئەگرى ـ بۈگرى ئىزلارنى قالدۇراتتى. قاسىم ئاخۇننىڭ كۆزلىرى ئاشۇ ئەگرى ـ بۈگرى ئىزلارغا خىيالچانلىق بىلەن تىكىلگەنىدى. قاۋۇز ئاكا ئېشەكنى مېڭىشىغا قويۇپ بېرىپ بالىلىرىغا چۆچەك ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى.

— ... بېلىقچى بەكمۇ نامرات ئىكەن. كۈندە دەريادىن تۇتقان بېلىقى بىلەن بالىلىرىنى باقىدىكەن. بىر كۈنى بېلىقچى دەرياغا تولۇق بىر كۈن تور تاشلاپ ئاران دېگەندە بىر تال بېلىق تۇتۇپتۇ. بۇ بېلىقنى پادىشاھقا تەقدىم قىلىپ، شۇ ئارقىلىق پادىشاھتىن ئازراق ئىنئامغا ئېرىشىشنى ئويلاپتۇ ـ دە، شۇ هامان ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ. پادىشاھ بېلىقنى كۆرۈپ ناهايىتى خۇش بوپتۇ. بېلىقنى قوبۇل قىلىپ، بېلىقچىغا مىڭ تىللا ئىنئام قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن نامرات بېلىقچى يوقسۇزلۇقتىن قۇتۇلۇپ، باياشات، خۇرام ـ خۇشال ياشاپتۇ. بالىلىرىنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بوپتۇ.

1997 ـ يىلى 14 ـ نويابىر، يەكەن

# قارا قاغا

ھويلىدىكى قاپاق تېرەككە قونۇۋالغان قاغىنىڭ تاڭ سەھەردىلا سوزۇپ، ئارقىمۇئارقا ئۈچ قېتىم قاقىلدىشى ئۇلاغلىرىغا يەم ـ خەشەك بېرىش ئۈچۈن ئەمدىلا ئۆيدىن چىققان مەسۇم ھاڭگىنىڭ ئەرۋاھىنى قىرىق گەز ئۇچۇردى. ئۇ كەلگەن يېرىدە تاققىدە توختىدى ـ دە، «كۆزۈم كۆرمىدى، قۇلىقىم ئىشىتمىدى» دەپ ئۈچ قېتىم پىچىرلىغۇەتكەندىن كېيىن، يەردىن بىر تال كېسەك پارچىسىنى ئېلىپ قاپاق تېرەكنىڭ چىڭ ئۇچىغا قونۇۋالغان قاغىغا قارىتىپ زەرب بىلەن ئاتتى.

— يوقال، شۇم ئېغىز! نېرى كەت، ھۇ قارغىش تەگكۈرلەر...

مەسۇم ھاڭگىنىڭ ئىككى قېتىم ئاتقان چالمىسى قاپاق تېرەكنىڭ ئۇچىغا يېتىپ بارمىدىمۇ ياكى قاپاق تېرەكنىڭ ئۇچىغا قونۇۋالغان قاغا ئۆزىگە قارىتىپ ئېتىلغان چالمىنى كۆرمىدىمۇ، ئەيتاۋۇر مەسۇم ھاڭگىنى زاڭلىق قىلغاندەك قاناتلىرىنى كېرىپ قويۇپ، قونغان شاختىن مىدىرلىمىدى. قاغىنىڭ بۇ قىلىقى مەسۇم ھاڭگىنىڭ سەپراسىنى شۇنداق ئۆرلەتتۈەتتىكى، ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە يەردىن يەنە بىر تال پىششىق خىشنىڭ پارچىسىنى ئېلىپ قاغىغا ئاتتى.

— يوقال ! ھۇ كۆزۈم سەتى...

بۇ چاغدا قاغا سوزۇپ ـ سوزۇپ يەنە ئۈچ قېتىم قاقىلدىدى ـ دە، ئاندىن مەسۇم ھاڭگىنىڭ ھويلىسىنى بىر ئايلىنىپ ئۇچۇۋېتىپ كېتىپ قالدى. بۇ ئىش مەسۇم ھاڭگىغا تولىمۇ ھار كەلدى. ئۇنىڭ غەزەپتىن چەكچەيگەن كۆزلىرى قاغا ئۇچۇپ كەتكەن تەرەپكە تىكىلدى.

www.uyghurkitap.com

ــ ھوي كىشى، نېمانچە ھاڭۋېقىپ قاراپ قاللا؟ بولسىلا، چايلىرى سوۋۇپ قالدى.

ئايالنىڭ ئاۋازىدىن بىر ئاز ئېسىگە كەلگەن مەسۇم ھاڭگا ئەمدىلا بىر قەدەم چامداپ تۇرۇشىغا قاتتىق بىر نەرسىنىڭ بېشىغا زەرب بىلەن تېگىشىدىن «ۋاي» دەپ قالدى ـ دە، كۆزىدىن يالىلدە ئوت چاقناپ كەتتى. مېڭىسىدىن كىرگەن چىدىغۇسىز بىر ئاغرىق قولىنىڭ بارماقلىرىدىن تارتىپ پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە تارىدى. بېشىغا كىيىۋالغان شاپاق دوپپىسى قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كەتتى. ئەسلىدە قاغىغا ئۇچىنچى قېتىم ئاتقان پىششىق خىش پارچىسى قاپاق تېرەكنىڭ بىر چاتمىقىدا تۇرۇپ قالغان بولۇپ، شامالنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئەيتاۋۇر نەق مەسۇم ھاڭگىنىڭ كاللىسىغىلا چۈشكەنىدى. قانىنى كۆرۈپ ئايال بىردىنلا جىددىيلەشتى ـ دە، يۈگۈرۈپ كېلىپ يەردە تېخىچە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئېرىنىڭ بېشىنى تۇتتى.

ــ ۋاي ئانامەي، باشلىرى يېرىلىپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ.

بېشىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي ئاران ـ ئاران تۇرغان مەسۇم ھاڭگىنىڭ بىردىنلا تەلۋىلىكى تۇتتى ـ دە، بارلىق دەردىنى ئايالىدىن ئالدى.

ــ ئاززاق جاۋىلدا، پاسكىنا، ــ دېدى ئۇ ئايالىنىڭ ئاغزىغا قارسىسىدا بىر تەستەك سېلىپ، ــ ھېلى بىكار، ئاناڭنى...

ئايال دەسلەپ ئېرىنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ قورقۇپ تۈگۈلۈپ كەتتى. لېكىن، ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق يېگەن بىر تەستەكنىڭ ئەلىمىگە پەقەتلا چىدىمىدى ـ دە، ئاغزىنى بولۇشىغا قويۇۋەتتى.

ــ نېمە بولدى ماۋۇ دىۋانىگە؟ ھوي ئەبگار، نېمىشقا بىكاردىن ـ بىكارغا مېنى ئۇرىسەن؟ يا تار كاللاڭنى مەن يېرىۋەتمىسەم. ئەمچەكنى تاپالماي پورداقا ئۇسۇپ...

ــ ھېلى ئاناڭنى... ھۇ كۆزۈم سەتى قانجۇق...

مەسۇم ھاڭگا ئېتىلىپ بېرىپ ئايالنى يەنە ئىككى تەستەك

سالدى. ئايال ئىرىنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ دەرھال ئۆيگە قاچتى. مەسۇم ھاڭگا قوغلاپ كىلىپ ئايالىنىڭ يانپىشىغا زەرب بىلەن بىرنى تەپتى. ئايال يەرگە دومىلا چۈشتى ـ دە، بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى. ئۇ قاننى يۈز ـ كۆزىگە سۈركىدى ـ دە، ھويلىنى بىشىغا كىيىپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ئادەم بارمۇ، قۇتۇلدۇرۇڭلار، مەسۇم بەڭگى ئادەم ئۆلتۈردى!

ھويلىدىكى قىيا ـ چىيانى ئاڭلاپ قولۇم ـ قوشنىلار يۈگۈرۈپ كىرىشتى. ئايال قوشنىلارنى كۆرۈپ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئىرىنىڭ ياقىسىدىن مەھكەم قاماللاپ تۇتۇۋىلىپ ئاغزىنى بوراندەك قويۇۋەتتى:

— ئۇرە ئەمدى، ئۇرمامسەن، ھوي ھەزىلەك، بىكاردىن ـ بىكار مىنى ئۇرىدىغانغا ئاناڭنىڭ ئارپىسىنى خام ئۇرۇپتىمەنمۇ ـ ھە؟! گەپ قىلمامسەن، ھۇ شورۋا قولاق ھەزىلەك، ھۇ شورۋىدا ئەقلى بۇلغىنىپ كەتكەن ھەزىلەك.

— ھاي ـ ھاي، ئايىمخان، ئاغزىلىرىنى بۇنداق يامان قىلمىسىلا، — دىدى قوشنا بوۋاي ئايالنى جىمىلەپ، — ئاغزىلىرىنى بۇنداق بۇزسىلا، مەسۇماخۇن ئۇرماي قانداق قىلىدۇ؟ ماڭسىلا يۈگۈرسىلە، مەسۇماخۇننىڭ ياقىسىنى قويۇۋىتىپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇۋەتسىلە. ئەر ـ خوتۇن دىگەن بىر ـ بىرىگە يول قويۇپ چىرايلىق ئۆتىدىغان.

— قايسى ئەر ـ خوتۇنچىلىقنى دەيلا ياقۇپكا، ئەمدى بىزدە نىكاھ ئۈزۈلدى، — ئايىمخان شۇنداق دىگىنىچە ئىرىنىڭ ياقىسىنى قويۇۋىتىپ، ھۇقۇيتۇپ يىغلاشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ بۇ گىپىدىن ياقۇپ بوۋاي سەل چۆچۈگەندەك قىلدى ـ دە، يالتىيىدە مەسۇم ھاڭگىغا قارىدى.

— ئاغزىلىرىدىن گەپ چىقىرىۋەتكەن ئوخشىمامىلا، مەسۇماخۇن؟

— يوقسۇ، ھىچ ئىسىمدە يوق، — دىدى مەسۇم ھاڭگا قىزىرىپ ـ تاتىرىپ.

— ھوي لامزەللە، ئاغزىڭدىن گەپ چىقارمىغان بىلەن قوڭۇمغا ئىككىنى تەپمىدىڭمۇ؟ — ئايىمخان قوللىرىنى شىلتىپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى، — ئەر كىشى خوتۇننىڭ قوڭىغا تەپسە نىكاھ ئۈزۈلىدىغانلىقىنى ھەرقايسىلىرىمۇ بىلىدىغانلا ھەرقاچان مەن ھازىر ئانامنىڭ ئۆيىگە كەتمىسەم بولمايدۇ.

— راست تەپكەنمىدىلە؟ — سورىدى بوۋاي جىددىي تەلەپپۇزدا مەسۇم ھاڭگىدىن.

— سۆڭگىچىگىرەك تەپكەندەك قىلغان.

— ئەستا ماۋۇ چاتاقىنى، سۆڭگىچىگە تەپكۈچە قولىنى سۇندۇرۇۋەتسىلىچۇ.

— قارىھاجىمنى تېپىپ دەرھال قايتىدىن نىكاھ قىلىۋالسىلا ئەمدى.

— قوڭىغا تەپمەپتۇ، سۆڭگىچىگە تېپىپتۇ. شۇڭا، نىكاھ ئۈزۈلدى دېگىلى بولماس.

— نېمە دەيدىغانلا، سۆڭگەچمۇ قوڭغا تەۋە، ئوخشاشلا نىكاھ ئۈزۈلىدۇ.

— بولدى، تالاشماڭلار، قارىھاجىمدىن سوراپ بېقىپ بىراق بىر نېمە دېيلى.

— ئاپلا، بۈگۈن قارىھاجىم يوق.

— نەگە كەتكەندۇ؟

— ئەتىگەن شەھەرگە كىرىپ كەتكەن، ئەتىلەتىن پەيدا بولارمىكىن.

— ئۆزلىرىمۇ ئاڭلىدىلا، ئايىمخان، بۈگۈن قارىھاجىم يوق ئىكەن، — دېدى بوۋاي بولۇنغان پاراڭلارنى ئارىچىلاپ، — بۈگۈن تۇرۇپ تۇرسىلا، ئەتىگىچە قارىھاجىمدىن بىر گەپ ئاڭلاپ، مەسۇماخۇن بىلەن نىكاھلىرىنى يېڭىلاپ قويايلى.

— ياق، نىكاھنى يېڭىلاپ بولغۇچە ئانامنىڭ ئۆيىدە تۇرمىسام بولمايدۇ.

— ئۇنداق قىلمىسىلا، سىلى كەتسىلە بالىلىرى قانداق

قىلىدۇ؟ ئۇلاغ ـ ئۇلمەكتىن كىم خەۋەر ئالىدۇ؟ بالىلارغا تاماق ئېتىپ بېرىمەن دەپ مەسۇماخۇن قازان بېشىدا ساقلىنى سۆرەپ يۈرسە سەت تۇرا.

ـــ ھەرقايسىلىرى ئۇنداق دېگەن بىلەن، ـــ دېدى ئايىمخان تىرنىقىنى تاتىلاپ، ئۇنىڭ غەزىپى بېسىلىپ، خېلى پەسكويغا چۈشۈپ قالغانىدى، ئۇ بۇرنىنى شىلىك ـ شىلىك تارتىپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ـــ مەسۇماخۇن بىلەن ھازىر ئوتتۇرىمىزدا نىكاھ يوق. مەن بالىلارنى دەپ بۇ ئۆيدە قالغىنىم بىلەن تازا ئوبدان بولماسمىكىن.

ـــ نېمىدىن قورقىلا، ئايىمخان؟ يوتقانلىرىغا مەھكەم بولسىلا بولمىدىمۇ.

ـــ شۇ ئەمەسمۇ، يا مەسۇماخۇن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان ياش بالا بولمىغاندىكىن.

ـــ ھەي... شۇنداقمۇ دەيسىلە، ناۋادا مەسۇماخۇننىڭ ھاڭگىلىقى تۇتۇپ قالسا...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەتراپتىكى ياشلار پاراققىدە كۈلۈۋەتتى. بوۋاي ئۇلارغا قاراپ، قاپىقىنى تۈرۈپ، گېلىنى قىردى ـ دە، سۆز باشلىدى:

ـــ ئۇنداق بولسا سىلى بالىلار مەكتەپتىن كەلگەندە تاماق ئېتىپ بېرىپ، كەچتە بىزنىڭ مەزلۇم خەقنىڭ قېشىدا يېتىپ قالسىلا. شۇنداق قىلساق بولامدۇ، مەسۇماخۇن؟

مەسۇم ھاڭگا گەپ ـ سۆز قىلماي بېشىنى لىڭشىتتى.

ـــ ھالال نىكاھنى سەۋەبسىز ئۈزۈپ قويۇش ئېغىر گۇناھ، ـــ دېدى بوۋاي ئەتراپتىكىلەرنىمۇ ئاڭلىسۇن دېگەندەك قىلىپ.

جېدەل ـ ماجىرا بېسىققاندىن كېيىن مەسۇم ھاڭگىنىڭ كۆڭلى خېلىلا ئارام تېپىپ قالدى. ئەتىگەن قاغا قاقىلدىغاندا ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان قورقۇش، ۋەھىمىلەر پاك ـ پاكىز غايىب بولدى. «ئاشۇ قاغىنىڭ بېشارەت بەرگەن بالا ـ قازالىرى بېشىمنىڭ يېرىلىشى بىلەن توگەپ كەتكەي، ئىلاھىم» دېدى ئۇ

ئاستا پىچىرلاپ.

جىگدەقۇم — ناھىيە بازىرى بىلەن يېزا بازىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى كەڭ كەتكەن قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بىر كەنت ئىدى. ئېگىزدە تۇرۇپ قارىغان كىشىگە بۇ كەنت قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىلىپ قويغان چىرايلىق بىر پارچە گىلەمگە ئوخشاش كۆرۈنەتتى. جىگدەقۇمدا تېرىلغۇ يەر ئاز، جاڭگال كۆپ بولغاچقىمۇ، جىگدەقۇملۇقتىكىلەرنىڭ ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ يىگىرمە ـ ئوتتۇز تۇياقتىن چارۋا مېلى بار ئىدى. جىگدە قۇملۇقتىكىلەرنىڭ يەنە بىر ئۆزگىچىلىكى، لەقەمسىز كىشى تېپىلمايتتى. ئۇلار ئەدناسى ئىت ـ مۈشۈك، قوي ـ كالىلىرىغىمۇ ئىسىم ـ لەقەم قويۇۋالاتتى. جىگدەقۇملۇقتىكىلەردە ئاتا مىراس لەقەملەر كۆپ ئىدى. مەسۇم ھاڭگىنىڭ لەقىمىنىمۇ بەزىلەر ئۇنىڭ ئېشەككە بەكمۇ ئوخشىتىپ ھاڭرىيالايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ قويۇلغان دېسە، بەزىلەر دادىسىنىڭ لەقىمىگە ۋارىسلىق قىلغان، دېيىشەتتى. لېكىن، مەسۇم ھاڭگا بارلىق جىگدەقۇملۇقتىكىلەرگە ئوخشاش لەقىمىنى ھەرگىز ھار ئالمايتتى. مەھەللىدىكى كەپسىز باللار ئۇنىڭ بۇ لەقىمىنى يۈزىدىن يۈزىگە سېلىپ، ئېشەكنى دوراپ بەرگىن دېسە، ئۇ ئېشەكنى دوراپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ھاڭراپ كېتەتتى ـ دە، كەينىدىنلا باللارغا قوشۇلۇپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتەتتى. لەقىمىنىڭ ئېشەككە مۇناسىۋەتلىك ئىزاھاتىنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى سورىسا ئارتۇق گەپ قىلمايتتى ـ يۇ، ئەمما ئاغزىنى كالچايتىپ مەغرۇرلۇق بىلەن ھىجىياتتى.

«قاغىنىڭ قاقىلدىشى شۇملۇقتىن بېشارەت» دېگەنگە جىگدەقۇمدا ھەممە ئادەم ئىشىنەتتى. قۇشقاچ ئىسمايىل قارىھاجىم بولسا بۇ سۆزلەرنى: «قاغا ئابىھاياتنى ئوغرىلاپ ئىچىۋالغان، شۇڭا ئۇ مىڭ يىللاپ ئۆمۈر كۆرىدۇ. ھازىر جىگدەقۇمدا رەسۇلىللانىڭ جامالىنى كۆرگەن قاغىلارمۇ بار. قاغا ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەچكە ئادەملەرنىڭ بېشىغا كېلىدىغان بالا ـ

قازالارنى ئالدىن بىلىۋالالايدۇ» دەپ چۈشەندۈرەتتى. مەسۇم ھاڭگا بولسا بۇ سۆزلەرگە ھەممىدىن بەك ئىشىنەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن پېشكەللىكلەر قاغا بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ دادىسى بىرنەچچە قاغا ھويلىسىدىكى قاپاق تېرەككە چاڭگا تىزغان يىلى تام بېسىۋېلىپ قازا قىلغانىدى. ئانىسىنىڭ بولسا ئۇۋىسىدىن چۈشۈپ كەتكەن قاغا بالىسىنى ئىتتقا تاشلاپ بېرىپ ئەتىسى يۈتى سۇنۇپ كەتكەنىدى. يېقىنقى گەپنى ئېيتساق، بۇ يىل يازلىق كەلكۈن ھاشىرىدا، مەسۇم ھاڭگا ئۆزىگە بۆلۈنگەن چامنى باشقىلارغا سېتىپ قايتىپ كەلدى ــ دە، ئۆيىگە بارماي ئۇدۇللا مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى ھەسەلخان ناسناسنىڭ ئۆيىگە كىردى. ھەسەلخان ناسناس باشتا مەسۇم ھاڭگىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. كېيىن ئۇنىڭ قولىدىكى پۇلنى كۆرۈپ ماقۇل بولدى. ئۆيدە ھەسەلخان ناسناسنىڭ ئىنىسى بار ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار ئۆيدىن ئانچە يىراق بولمىغان قويۇق جىگدىلىككە كېلىپ ئەمدىلا ئىشنى باشلاپ تۇرۇشىغا، مەسۇم ھاڭگىنىڭ ئايالى ئايىمخان ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولدى ــ دە، يۇتكۇل ئورمانلىقنى بېشىغا كىيىپ ئاللا ــ توۋا سالدى. ھەسەلخان ناسناس بەدەر قاچتى. مەسۇم ھاڭگا بولسا ئايالىنىڭ قولىغا نەق ئەللىك يۈەن پۇل تۇتقۇزۇپ ئاران قۇتۇلدى. شۇ كۈنىمۇ بىر قاغا ئۇنىڭ بېشىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ بىرنەچچىنى قاقىلدىغانىدى.

بۈگۈن چۈشكىچە ئۇ ئايالى بىلەن ئېتىزنىڭ ئىشىنى قىلدى. ئاندىن ئۆيگە كېلىپ غىزالاندى. كاتەكتىكى چار خورازنى بوغۇزلىۋېتىپ، ئايالىغا خورازنى يۇڭداپ، ئېرىغداپ قويۇشنى ئىما ــ ئىشارەت بىلەن ئۇقتۇردى ــ دە، ئۇدۇل قوشقاچ ئىسمايىل قارىھاجىمنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ بۈگۈن ئايالى بىلەن ئىككى ئېغىز مۇڭدىشالماي، ئىچى سىقىلىپ شۇنچىلىك بۇرۇقتۇم بولدىكى، خۇددى بىرسى گېلىدىن بوغۇپ قويغاندەك قىينالدى. ئۇ ئىلگىرى ئايالى بىلەن نۇرغۇن قېتىم جېدەل

قىلىشقان، ئايالنى ئىشەكنى ئۇرغاندەك دۇمبالاپ، تېخى بىر قولىنىمۇ سۇندۇرۇۋەتكەنىدى. لېكىن، ئۇ چاغدا شۇ كۈنى ئاخشىمىلا ئايالنىڭ قوچىقىغا كىرىپ كۆڭلىنى ياسىغان، ئەپۇ سورىغانىدى. بىراق، بۇ قېتىمقىسى ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. بۇ نۆۋەت ئۇ ئايالنىڭ شەرىئەتتە ئۇرۇش چەكلەنگەن يېرىگە تېپىپ قويۇپ، نىكاھىنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. مانا، نىكاھى ئۈزۈلۈپ كېتىۋىدى، ئايالىغا گەپ قىلىش تۇگۇل چىرايىغىمۇ قارىيالمىدى، بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماقمۇ يېيەلمىدى، ئايالىغا ئىش تاپىلىيالمىدى، ئىش بۇيرۇيالمىدى، ئايالىمۇ يۈزىنى ياغلىق بىلەن چۈمپەردە قىلىپ ئورنىدى ـ دە، ئۇنىڭغا چىرايىنىمۇ كۆرسەتمىدى.

«ھۇ قارغىش تەگكۈر قاغا، ئۇچراتقان يېرىمدە ئۆلتۈرۈپ قۇرۇتۇۋەتمەيدىغان بولسام» دېدى ئۇ غودۇراپ.

قۇشقاچ ئىسمايىل قارىھاجىم ئۇنى ھويلىسىدىكى سۇپىدا كۈتۈۋالدى. ئۇ دۇئا ئوقۇپ، تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراپ بولغاندىن كېيىن، تۈنۈگۈنكى جېدەلنىڭ جەريانىنى بىر قۇر سۆزلەپ ئۆتتى ۋە قارىھاجىمدىن ھازىرلا بېرىپ، ئايالى بىلەن قايتا نىكاھلاپ قويۇشنى ئۆتۈندى.

— ناھايىتىمۇ ئوبدان، — ئىسمايىل قارىھاجىم ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل كۆردى ۋە ئاۋازىنى ۋەزمىن چىقىرىشقا تىرىشىپ نەسىھەت قىلدى، — بەزىلەرنىڭ «ئەر كىشى مەزلۇم كىشىنىڭ سۆڭگىچىگە تەپسە نىكاھ ئۈزۈلۈپ كەتمەيدۇ» دېگىنى قاملاشمايتۇ. سۆڭگەچ، ساغرا ھەممىسى ئوخشاشلا بىر گەپ. مەزلۇم خەقنىڭ قانداق يېرىگە ئۇرساق مەيلى، لېكىن سۆڭگەچ، ساغرىسىغا تېپىپ ئۇرماسلىق كېرەك. يەنە بىر گەپ، مەزلۇم خەقنى تىللاشقا توغرا كەلسە «ئۆيدىن چىق»، «كۆزۈمدىن يوقال» دەپ تىللىماسلىق كېرەك. چۈنكى، بۇ سۆزلەرمۇ «تالاق» قىلغانلىق بىلەن باراۋەر. يەنە بىر گەپ، مەسۇماخۇن، ئۆيدىكى مەزلۇم خەق بىر يەرگە بېرىپ كېلەي دەپ رۇخسەت سورىسا

ھەرگىز «بىرىپ كەلسىلە» ياكى «ماقۇل» دېگەن سۆزنى قىلماسلىق كېرەك. دېيىشكە توغرا كەلسە «پات كەلسىلە» دېسە بولىدۇ. بولمىسا ئۇخشاشلا نىكاھىدىن چىقىپ كېتىدۇ...

— ھەممىسى مۇشۇ لەنىتى قاغىنىڭ كاساپىتى، — دېدى مەسۇم ھاڭگا دادلاپ، — ئاشۇ قاغا قاقىلدىمىغان بولسا بۇ جېدەلمۇ چىقمايتتى، — ئۇ بىر ئاز تۇرۇۋالدى - دە، قارىھاجىمنىڭ گەپ قىلماي ماڭغىنىنى كۆرۈپ يەنە قوشۇپ قويدى، — بىر ھېسابتا بۇ جېدەلنىڭ چىققىنىمۇ ئوبدان بولدى. بولمىسا نەچچە كۈنگىچە كۆڭلۈم ئارام تاپمايتتى. ھەممە بالا - قازا مۇشۇ جېدەل بىلەن كېتەر ئىلاھىم.

— ئىلاھىم شۇنداق بولغاي، — دېدى قارىھاجىمۇ قوشۇلۇپ، — قاغا ئەقىللىك جانىۋار، ئۇ ئابىھاياتنى ئىچىۋالغانلىقى ئۈچۈن قېرىمايدۇ. ئۆز ئەجىلىدە ئۆلمەيدۇ. مۇشۇ جىگدەقۇمدىمۇ جانابىي رەسۇلىللانىڭ جامالىنى كۆرگەن قاغىلاردىن بار. ئۇ ھەرقانداق بالا - قازانى ئالدىن سېزىپ بېشارەت بېرىدۇ. بىر رىۋايەتتە دېيىلىشىچە، قاغا يەندىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئۆلۈم شەپىسىنى يەتتە كۈن ئاۋۋال سېزەرىمىش. بۇرنىغا يەتتە كۈن ئاۋۋال ئۆلۈم پۇرارىمىش. شۇڭا، قاغا قاقىلدىغان ئۆيدىن ئاسان ئۆلۈم - يېتىم چىقارىمىش.

قارىھاجىمنىڭ ئاخىرقى گېپىدىن مەسۇم ھاڭگىنىڭ تېنى يەڭگىل بىر جۇغۇلداپ توختىدى. ۋۇجۇدىغا قايتىدىن بىر ۋەھىمە چاڭگال سالدى.

مەسۇم ھاڭگا مىڭلىغان قاغىلارنىڭ ئارىسىدا قالغانىدى. قاغىلار خور ئېيتقاندەك بەس - بەستە قاقىلدايتتى. مەسۇم ھاڭگا قاغىلارغا توختىماي چالما ئاتاتتى. قاغىلار بولسا ئۆركۈش ئۆياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە ئايلىناتتى. مەغرۇر قانات قاقاتتى. ئۇ قاچماقچى بولۇۋىدى، پۇت - قولى پەقەتلا ھەرىكەتلەنمىدى. ئاتقان چالمىلىرى قاغىلارغا تېگىش تۇگۇل ئۆزىنىڭ بويىدىن بىر ئازمۇ ئېگىز ئۆرلىمەي يەرگە چۈشۈپ

www.uyghurkitap.com

كېتەتتى. قاغىلار ئۇنىڭ باش ـ مۈرىلىرىگە قونۇپ يۈز ـ كۆزلىرىنى چوقۇلاشقا باشلىدى. ئۇ قاتتىق ۋارقىرىغىنىچە كۆزىنى ئاچتى ـ دە، بېشىدا قاراپ تۇرغان ساۋۇت دوكىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنى قارا باسقانىدى. يۈرىكى تېخىچىلا سېلىۋاتاتتى. ۋۇجۇدىنى قاپلىغان سوغۇق تەردىن كىيىملىرى چاپلىشىپ كەتكەنىدى.

ــ ساڭا بۇ يۇلغۇنلارنى كېسىشكە كىم رۇخسەت قىلدى؟ ــ ساۋۇت دوكىنىڭ سۇرلۇك كۆزلىرى ئۇنى خېلىلا تەمتىرەتتى.

ــ نېمە كارىڭ، بۇ يۇلغۇنلارنى سەن سالغانمىدىڭيا؟ ئۆزى ئۈنۈپ قالغان يۇلغۇنلار بۇ.

ــ ئۆزى ئۈنۈپ قالغان دەپ خالىغانچە كېسىۋەتسەڭ بولامتى ئەمىسە، ــ ساۋۇت دوكىنىڭ غەزىپى بېسىلمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ مەسۇم ھاڭگىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى، ــ ھېلىمۇ نەچچە يىلدىن بېرى جىگدەقۇمنىڭ نۇرغۇن تېرەك، توغراق ئورمانلىرىنى كېسىپ سېتىپ خەجلىدىڭ. مانا ئەمدى بۇ يۇلغۇنلارنى كېسىشكە باشلاپسەن. خىيالىڭدا ئۇششۇقلۇق قىلسامىلا ھېچكىم گەپ قىلالمايدۇ، دەپ ئويلاپ قالما، ئىگىسى بار جاھان بۇ.

ــ چىدىمىساڭ سەنمۇ كەس. ئەمما، تولا ئاقساقاللىق قىلىپ مەن بىلەن قېرىشما، جىگدەقۇم جىگدەقۇم بولغاندىن تارتىپ سەندەك ساقال تارغىقى قوڭالتاقلاردىن كۆرمىگى ئۆتتى. يا ساڭا جىگدەقۇمنىڭ دادۇيجاڭ، سېكرېتارلىقى تەگمىدى. ئىتتەك قاۋاپ ھەممە ئىشقا چېپىلىۋالماي غىت قىلماي يۈر.

ساۋۇت دوك بىلەن مەسۇم ھاڭگا چوقۇلىشىشقا تەييار تۇرغان خورازلاردەك بىر ـ بىرىگە ھۆرپىيىشتى، خىرىس قىلىشتى. ساۋۇت دوكمۇ مەسۇم ھاڭگىغا ئوخشاشلا ئەجدادىدىن تارتىپ جىگدەقۇملۇق ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى ھاپىز دوك ئۆز ۋاقتىدا جىگدەقۇمدىكى بىردىنبىر ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ھېسابلىناتتى. ھۆكۈمەت جىگدەقۇمدا مەكتەپ تەسىس قىلماستا، ھاپىز دوك

بىر ئىغىز ئۆيىنى مەكتەپ قىلىپ ئاجرىتىپ، جىگدەقۇملۇقنىڭ پەرزەنتلىرىنى ساۋاتلىق قىلغانىدى. ساۋۇت دوكمۇ دادىسىنىڭ قولىدا ساۋاتىنى چىقارغان، كېيىن يېزا مەركىزىگە بېرىپ ياتاقتا يېتىپ ئوقۇغانىدى. لېكىن، ئاشۇ بالايىئاپەتلىك يىللاردا جىگدەقۇمدىكىلەرمۇ ھاپىز دوكىنىڭ كېسىلىنىڭ ئىغىرلىقىغا پەرۋا قىلماي تارتىپ چىقىرىپ ھارغۇچە كۈرەش قىلدى. «مەكتەپ ئېچىشنى باھانە قىلىپ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنى زەھەرلىدى» دېگەنگە ئوخشاش ھەر خىل قالپاقلارنى كىيدۈرۈپ، ئازارەت ئاستىدا ئىغىر ئەمگەككە سالدى. چىدىغۇسىز مەنىۋى ئازاب، ئىغىر جىسمانىي ئەمگەك ۋە كېسەللەرگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ھاپىز دوك بىر كۈنى كېچىدە ئۇخلاپ قالغان پېتى ئىككىنچىلەپ ئويغانمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ساۋۇت دوكمۇ ئوقۇشىنى توختىتىپ، جىگدەقۇمغا قايتىپ كېلىپ ئانىسى ۋە ئۇكىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

ھاپىز دوك دەل ـ دەرەخ، جان ـ جانىۋار، گۈل ـ گىياھلارنى ئۆزىدىنمۇ ئەتىۋار كۆرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆمرىدە جىگدەقۇم زېمىنىدا، جىگدەقۇمنى ئوراپ تۇرغان قۇم بارخانلىرىنى چۆرىدىتىپ نەچچە مىڭ تۈپ كۆچەتلەرنى تىككەن، جىگدەقۇمنىڭ توغراق، يۇلغۇن قاتارلىق تەبىئىي ئورمانلىرىنى خالىسانە مۇھاپىزەت قىلغانىدى. جىگدەقۇمدىكى ئادەمنىڭ بەل ـ يوتىلىرىدەك بولغان دەل ـ دەرەخلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ھاپىز دوكىنىڭ سالغانلىقىنى، پەرۋىش قىلغانلىقىنى جىگدەقۇمدىكى پېشقەدەملەرنىڭ ھەممىسى تەن ئېلىشاتتى. ھاپىز دوك ھەققىدە گەپ بولۇپ قالسا، ئۇلار «رەھمەتلىك ھاپىز دوكقا كىچىك ۋاقتىدا ئورمان جىنى چېپىلىپ قاپتىكەن، شۇڭا ئورمان، دەل ـ دەرەخلەرنى ئۆزىنىڭ پۇشتىدىن تامغان بالىلىرىدىنمۇ ئەتىۋار كۆرەتتى. ئورمان، دەل ـ دەرەخلەرنى خالىغانچە كەسكەن، چارۋا مال بېقىپ غاجىلىتىۋەتكەن ئادەملەرنى كۆرسە تىللاپ، ئۇرۇشتىن يانمايتتى. توۋا، خۇدايىم جاھاندىكى ئادەملەرگە ھەر

خىل ئىشق ـ سەۋدالارنى سېلىپ يارىتىدىكەن. رەھمەتلىك، جىگدەقۇمنىڭ ھەربىر تال گىياھى، ھەربىر تال قۇرت ـ قوڭغۇزىغىچە ياخشى كۆرەتتى، ھېچنېمىگە ئازارى يوق ئادەم ئىدى. ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي ئىلاھىم» دېيىشەتتى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغان ھالدا كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ.

جىگدەقۇمنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان كەڭرى قۇملۇق ئەسلىدە تولىمۇ گۈزەل بىر بوستانلىق ئىكەن. ئەنە ئاشۇ كەڭرى بوستانلىقتا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز تېرىقچىلىق قىلىپ ياشايدىكەن. ئۇلار ئورمان ئەھيا قىلىش، باغ بىنا قىلىشقا شۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلۈپتىكەنكى، ئون تۈپ كۆچەت سېلىپ قويۇپ، ئاندىن بىر تۈپ ياغاچ كېسىدىكەن. شۇڭلاشقا، بۇ زېمىندا خۇددى جەننەتتەك ئوخشاش، ئېرىقلىرىدا سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان، باغلىرىدا شېرىن ـ شېكەر مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشىپ تۇرىدىغان، گۈل ـ چېچەكلەر دىماققا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان، تورلۇك ـ تۈمەن قۇشلار سايرىشىپ نەغمە ـ ناۋا قىلىدىغان، باي ـ باياشات، خۇشال ـ خۇرام كەيپىيات ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن مەۋجۇت ئىكەن. ئېكىنزارلىقلىرىغا بىر تال دان چاچسا مىڭ تال ھوسۇل بېرىدىكەن. بىراق، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يۇرتتىكى ئادەملەرنىڭ پەيلى بۇزۇلۇپتۇ. ئۇلار بەس ـ بەستە ئۆي ـ ماكانلىرىنى چوۋۇپ، ئورنىغا بىر ـ بىرىدىن ئېسىل قىلىپ كاتتا ئۆيلەرنى سېلىشقا باشلاپتۇ. دەل ـ دەرەخلەرنى خالىغانچە كېسىپتۇ. لېكىن، كەسكەن دەرەخنىڭ ئورنىغا بىرەر تۈپتىن كۆچەت سېلىپ قويۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمەپتۇ. ئۇلار بەسلىشىشتە شۇ دەرىجىگە يېتىپتۇكى، ئۆزلىرىگە سالغان ئايۋان ـ سارايلىرىغا قانائەت قىلىشماي بالىلىرىغا، ھەتتا تۇغۇلمىغان نەۋرىلىرىگىمۇ ئايۋان ـ ساراي سېلىشقا باشلاپتۇ. دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوغانلىرىنى كېسىپ خا ـ جەگە قىپتۇ، كىچىكلىرىنى، كۆچەتلىرىنى توغراپ ۋاسا قىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل يۇرت قاقاسلىققا ئايلىنىپتۇ. ئادەملەر چىش كولىغۇدەك

بىر تال يېرىلىندى، قۇشلار قونغۇدەك بىر تال شاخ ـ نوتا تاپالماپتۇ. قۇشلار تەرەپ ـ تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ياندۇرقى يىلى يۇرتتا قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ، زىرائەتلەر قۇرۇپ، چارۋا ماللار توپ ـ توپى بىلەن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. يۇرتتا ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، ئاغرىق ـ سىزلاق، ئۆلۈم ـ يېتىم كۆپىيىشكە باشلاپتۇ. لېكىن، ئادەملەر بىرەر تال كۆچەت تىكىپ قويۇش، قايتىدىن باغبارالڭ، ئورمان بىنا قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمەپتۇ. ئەنە ئاشۇ كۈنلەرنىڭ بىرىسىدە بۇ يۇرتنىڭ ئاسمىنىدا تۇيۇقسىزلا بىر توپ قاغا پەيدا بوپتۇ ـ دە، ئاسماننى چۆرگۈلەپ ئۇدا ئۈچ كۈن قاقىلداپتۇ. تۆتىنچى كۈنى ئاسماننى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى قاپلاپ بوران چىقىپتۇ ـ دە، ئاسماندىن قۇم يېغىشقا باشلاپتۇ. قۇم ئۇدا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز يېغىپتۇ. پۈتكۈل يۇرت تاغدەك قۇمنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ قاپتۇ. شۇ چاغدا جىگدەقۇم تەۋەسى ئۇنۇمسىز زەي ـ شىۋەلىك بولۇپ، بۇ يەردە يەتتە ئۆيلۈك نامرات كىشىلەر ياشايدىكەن. بۇ زەي ـ شىۋەلىكتە باشقا دەل ـ دەرەخلەرنى تىكسە ئەي بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار نۇرغۇنلىغان جىگدە كۆچىتى تىككەنىكەن. باشقىلار دەل ـ دەرەخلىرىنى كېسىپ، ئايۋان ـ سارايلارنى سالغاندا ئۇلار جىگدىلەرنى كېسىۋەتمەي ئوبدان پەرۋىش قىلىپ تۇرغانىكەن. ئاشۇ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز بوران چىقىپ، قۇم ياغقاندا مۇشۇ جىگدەقۇم تەۋەسىلا خۇددى مۆجىزىدەك ئامان ـ ئېسەن قاپتۇ. ئۇلار خۇداغا يۈز مىڭ قېتىم شۈكۈر ـ سانا ئېيتىپ، بىنەم ئېچىپ تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلاپتۇ. زەي ـ شىۋەلىكمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىپ مۇنبەت ئېكىنزارلىققا ئايلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ كىشىلەر بۇ يۇرتنى «جىگدەقۇم» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ، بىز ئەنە شۇ يەتتە ئۆيلۈك جىگدەقۇملۇقلارنىڭ ئەۋلادى بولىمىز.

بۇ رىۋايەتنى ھاپىز دوك تۆت ئادەم بار يەرگە كەلسىلا ئاغزىدىن چۈشۈرمەي سۆزلەيتتى. ئۇ ھەر قېتىم سۆزلىگەندە بۇ

www.uyghurkitap.com

رىۋايەتكە يېڭىدىن ـ يېڭى مەزمۇنلارنى قوشاتتى. ئاجايىپ تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەيتتى. «دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلار بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىمىز، قېرىنداشلىرىمىزدۇر. دەل ـ دەرەخلەرنى خالىغانچە كېسىۋەتسەك، ۋەيران قىلىۋەتسەك، خۇددى ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ پۇت ـ قولىنى كېسىۋەتكەندەك، خورلىغاندەك گۇناھقا پاتىمىز. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاسماندىن قۇم يېغىپ، جىگدەقۇمنىمۇ قۇم يۇتۇۋېتىدۇ» دەيتتى ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ. ساۋۇت دوك دادىسىنىڭ بۇ گېپىگە شەك ـ شۈبھىسىز ئىشىنەتتى. كىچىكىدىن تارتىپلا دادىسىغا ئەگىشىپ كۆچەت تىكەتتى، پەرۋىش قىلاتتى، ئورمان، دەل ـ دەرەخلەرنى مۇھاپىزەت قىلاتتى. دادىسى تۈگەپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇ بۇ ئادىتىنى داۋاملاشتۇردى. كىشىلەرنىڭ مەسخىرە، تىل ـ ئاھانەت، تاياقلىرىغا پەرۋامۇ قىلمىدى. كىشىلەر بىر ـ تۈپ دەل ـ دەرەخنى كېسىۋەتسە، كۆچەتلەرنى ئۇلاغلارغا غاجىلىتىپ قۇرۇتۇۋەتسە، ئېرىنمەي كولاپ چىقىرىۋېتىپ، كۈز ياكى ئەتىياز پەسلىدە ئورنىغا كۆچەت تىكىپ قوياتتى، سۇ قۇيۇپ پەرۋىش قىلاتتى. مەھەللىدىكى ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرگە «جىگدەقۇم رىۋايىتى»نى تولىمۇ تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى. دادىسىنىڭ ھېلىقى گېپىنى ئۆز ئەينى تەكرارلايتتى.

ئۇ مەسۇم ھاڭگىنىڭ قۇم بارخانلىرى ئەتراپىدا يېشىل توسۇقتەك كۆكلەپ چىققان يۇلغۇن نوتىلىرىنى كېسىۋەتكىنىنى كۆرۈپ، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدى. ئەسەبلىرى چىڭقىلىپ، ۋۇجۇدى جالاقلاپ تىترىدى.

مەسۇم ھاڭگا يۇلغۇنلارنى كېسىپ، ئادەمنىڭ بېلىدەك قىلىپ باغلاپ، بىر يانغا دۆۋىلەپ قويۇپ، ئازراق ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ياتقانىدى، قېرىشقاندەك قارا بېسىۋېلىپ، كۆرگەن چۈشىدىن مىجەزى قوداڭشىپ تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە ساۋۇت دوكنىڭ قىلغان گېپى بىردىنلا سەپرا مىجەزىنى قوزغىۋەتتى. ئۇنىڭ ساۋۇت دوك بىلەن بۇنداق غىژ ـ غىژ قىلىشىشى تۇنجى قېتىم ئەمەس ئىدى.

مەسئۇم ھاڭگا ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنىڭ ئارىسالدى مەزگىللىرىدە ئېشەك ھارۋىسىنى قېتىپ كېلىپ جىگدەقۇمنىڭ ئايىغىدىكى توغراقلىقتىن توغراق ياغاچلىرىنى كېسىپ ئوتۇن ئېتەتتى ـ دە، ئۇنى ھارۋىسىغا بېسىپ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى بوشلۇقتا دۆۋىلەيتتى. دۆۋىلىگەن ئوتۇنلىرى ئىككى ـ ئۈچ ماشىنا كەلگۈدەك بولغاندا شەھەرگە كىرىپ ئاشپەز، ناۋايلارنى باشلاپ چىقىپ ساتاتتى. قولىغا بىرەر مىڭ يۈەن پۇل موكىلا چۈشەتتى. بۇ ئارىلىقتا ئۇ ساۋۇت دوك بىلەن نۇرغۇن قېتىم تىللىشاتتى، ياقىلىشاتتى. مەسئۇم ھاڭگا نىيىتىدىن يانمىغاندەك، ساۋۇت دوكمۇ ئۇنىڭغا سايىدەك ئەگىشىپلا يۈردى. ئەھۋال شۇنداقلا كېتىۋەرگەن بولسا، ساۋۇت دوكنىڭ تىللاپ، قاقشىغىنى قالاتتى. لېكىن، مەسئۇم ھاڭگا يەنىلا توغراقلارنى خالىغانچە كېسىپ، ئوتۇن ئېتىپ، چۆنتىكىنى پۇلغا توشتۇرىۋېرەتتى. ئەمما، شۇ كۈنلەردە ساۋۇت دوك بىردىنلا جىمىپ قالدى. مەسئۇم ھاڭگىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپمۇ يۈرمىدى. مەسئۇم ھاڭگىمۇ توغراقلارنى خاتىرجەم كېسىۋەردى. ئەمما، بىرەر ئاي ئۆتكەن بىر كۈنى ناھىيەدىن تۇيۇقسىز چىققان بىرنەچچە كادىر يېزا باشلىقلىرى بىلەن بىللە جىگدەقۇمدا پەيدا بولدى ـ دە، جىگدەقۇملۇقتىكى كىشىلەرنى يىغىپ مەجلىس ئاچتى. جىگدەقۇمنىڭ ئايىغىدىكى توغراقلىقنى ناھىيەدىن مەخسۇس قوغدايدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن توغراقلارنى خالىغانچە كەسمەسلىكنى، ئوغرىلىقچە توغراق كەسكەنلەر سېزىلىپ قالسا جەرىمانە قويۇلغاندىن سىرت قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا ئەسكەرتتى.

كادىرلار بىلەن يېزا باشلىقلىرى كەتكەندىن كېيىن، جىگدەقۇملۇقتىكىلەر بىردىنلا غۇلغۇلىغا چۈشتى.

— ئۆزلۈكىدىن ئۈنۈپ قالغان توغراقنىمۇ قوغدايمىز دېگىنى نېمىسى؟

www.uyghurkitap.com

— جىگدەقۇمنىڭ توغراقلىرىنى كېسىۋەتسە پۈتۈن ناھىيەنىڭ ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلارمىش.

— ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇق دېگەن نېمە؟

— كىم بىلىدۇ دەيلا؟

— ئاتام ئاڭلاپ باقمىغان گەپكەنغۇ بۇ.

— بەلكىم ئاسماندىن قۇم ياغىدۇ دېگىنىدۇ.

— جىگدەقۇم رىۋايىتىگە ئوخشاشما؟

— يا خۇدا، ئۇنداق كۈننى كۆرسىتىشتىن ساقلىغايسەن.

— ھاكىم جىگدەقۇمدىكى توغراقنى قانداق بىلىدىغاندۇ؟

— شۇنىمۇ بىلمەمسەن، بىركىم دېگەن گەپ.

— كىم دېگەندۇ؟

— ساۋۇت دوك.

— ساۋۇت ئاخۇن ھاكىم بىلەن تونۇشامدىغاندۇ؟

— ساۋۇت دوك ھاكىمنىڭ قېشىغا بېرىپ «جىگدەقۇم رىۋايىتى»نى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاندىن ھاكىمغا دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ، كىشىلەرنى جىگدەقۇمدىكى توغراقلارنى كېسىشتىن توسمايدىغان بولسا، ئاسماندىن قۇم يېغىپ پۈتكۈل ناھىيە زېمىنىنى يۇتۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپتۇ.

— ئاشۇ ساۋۇت دوكىنىزە...

— شۇ ساۋۇت ئاخۇنلا مۇشۇ جىگدەقۇمنىڭ غېمىنى يەيدۇ.

— ساۋۇت دوك بولمىغان بولسا ئالللىبۇرۇن...

— ئاسماندا نۇرغۇن قاغىلار پەيدا بولاتتى.

— ئاسماندا ئۈچ‌ـ‌پۈچ يۇرۇپ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز توختىماي قاقىلدايتتى.

— ئاسماندىن ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز قۇم يېغىپ...

— جىگدەقۇممۇ تاغدەك قۇمنىڭ ئاستىدا قالاتتى.

— ئادەملەر تۇگۇل جان ـ جانىۋارلارمۇ ساق قالمايتتى.

— خۇدا، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن.

— مۇشۇ ساۋۇت دوكمۇزە ھالىغا باقماي ھەممە ئىشقا

چىپىلىپ يۈرىدىكەن.

— يېتىم ئاقساقال ساۋۇت دوك.

مەسۇم ھاڭگا بۇ گەپ ـ سۆزلەرگە پەقەتلا ئارىلاشمىدى. باش بارماق قولدەك توم، بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا تاماكا يۆگىدى ـ دە، ئۇزمەي شورىدى. ئاغزى ـ بۇرنىدىن كۆكۈچ ئىس پۇرقىراپ چىقتى. ئۇ ساۋۇت دوكنى چاينىۋېتىپ پۇركۈۋەتكۇدەك غەزەپلەندى. لېكىن، توغراقلارنى كېسىپ ئوتۇن ئېتىش نىيىتىدىن پەقەتلا يانمىدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۇ توغراق كەسكىلى كۈندۈزى بارماي كېچىسى بارىدىغان، ئەل ـ يۇرت شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەندە، بىرەر ھارۋا توغراق ئوتۇننى ئۆيىگە ئەكېلىۋېلىپ بەخىرامان يۈرىدىغان بولدى.

بىر كۈنى بامدات ۋاقتى بىلەن بىر ھارۋا ئوتۇن بېسىپ قايتىپ كېلىۋاتقان مەسۇم ھاڭگا ھويلىسىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگىلا، ئۆزىگە قارىتىپ تەڭلا ياندۇرۇلغان ئالتە دانە قولچىراغنىڭ نۇرىدىن كۆزىنىمۇ ئاچالماي تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا يېزا باشلىقى، كەنت كادىرى ۋە ئىككى ساقچى بولۇپ ئالتە ئادەم قاراپ تۇراتتى. مەسۇم ھاڭگا ھەرقانچە قىلىپمۇ گۇناھىدىن تانالمىدى. ئەمما، جەرىمانە قويۇلغان بەش يۈز يۈەنگە ئۇششۇقلۇق قىلىپ دولىسىنى چىقىرىپ تۇرۇۋالدى. ساقچىلار جەرىمانىگە ئېغىلدىكى بىر تۆگىنى ھېسابلاشتى ۋە مەسۇم ھاڭگىنى ئالدىغا سېلىپ يېزىغا ئېلىپ كەتتى. ئۇ شۇ كەتكەنچە توپتوغرا ئون بەش كۈندە پەيدا بولدى. جىگدەقۇملۇقتىكىلەر «ساقچىلار مەسۇم ھاڭگىنى كېسەك قويغىلى ساپتۇ. ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق» دېيىشتى. شۇ ئىشتىن كېيىن مەسۇم ھاڭگا خېلى بىر مەزگىلگىچە ئوبدانلا جىمىپ قالدى.

«توخۇ يېگەك ئىتنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىۋەتسىمۇ، خۇيىنى ئۆزگەرتمەيدۇ» دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ. ئۆتكەن ھەپتىدە مەسۇم ھاڭگا ئۆزىچە جىگدەقۇمنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى شىۋۇلىكنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، بۇ يۇلغۇنلۇقتا كېلىپ قالغانىدى.

يۇلغۇنلار ئادەم بويى كەلگۈدەك ئۆسكەن بولۇپ، قىپقىزىل چېچەكلىرى غۇر - غۇر شامالدا يەلپۈنۈپ، دېڭىزدەك دولقۇنلايتتى. ئۇ بۇ يۇلغۇنلارنى كۆرۈپ خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتتى ۋە شۇ كۈنلا ناھىيە بازىرىغا كىرىپ ئاشپەز، ناۋاي چۆپچەتلىرى بىلەن سۆزلەشتى. ئۇلار يۇلغۇن شىخى بولسىمۇ ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىشىپ، بىر باغ يۇلغۇنغا بىر يۈەندىن زاكالەتمۇ تاپشۇرۇشتى.

ئۈچ كۈندىن بېرى مەسۇم ھاڭگا ھويلىسىغا كۈنگە ئىككى ھارۋىدىن يۇلغۇن توشۇۋاتاتتى. مانا بۈگۈن تۇيۇقسىزلا ساۋۇت دوك يەنە پەيدا بولدى. ئۇ ساۋۇت دوكىنىڭ ئەيىبلەش، دۈشمەنلىك ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يۈرىكىنى غاجىلاپ، ۋۇجۇدىنى ئازابلاپ كەلگەن قورساق كۆپۈكلىرى بىردىنلا پارتلىدى - دە، خۇددى ئوۋغا ئېتىلغان يىرتقۇچ ھايۋاندەك ئېتىلىپ كېلىپ، ساۋۇت دوكىنىڭ كومشىرىغا بىر مۇشت سالدى. مۇشتنىڭ زەربىسىدىن ساۋۇت دوك ئارقىسىغا گۈپپىدە يىقىلدى. مەسۇم ھاڭگا مۈشۈكتەك چاققانلىق بىلەن ساۋۇت دوكىنىڭ قورسىقىغا مىندى - دە، بازغاندەك مۇشتۇمى بىلەن ئىككى بىقىنىغا گاچىلدىتىپ سالغىلى تۇردى. ساۋۇت دوكىنىڭ ئورۇق، ۋىجىككىنە ۋۇجۇدى تۆگىدەك بەستلىك، بۇقىدەك كۈچلۈك مەسۇم ھاڭگىنىڭ ئاستىدا بىرھازا تېپىرلاپ باقتى - دە، ئاخىر تەقدىرگە تەن بەرگەندەك جىملا ياتتى. مەسۇم ھاڭگا ئۇنى بىرھازا ئۇرۇپ ھارغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ساۋۇت دوكىنىڭ يۈزىگە شالاققىدە بىرنى تۈكۈردى.

— ھە، ئەمدىغۇ بولغاندۇ ساۋۇت ئاخۇن، يېتىم ئاقساقاللىق قىلغانىنىڭ جاجىسى دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. ئەجەب مېنى بىر كالىدىن ئايرىدىڭلىيا، خەقنىڭ ئالدىدا ئېشەكتەك ئون بەش كۈن ئىشلىگىلى سالدىڭلىيا. ھاي ساۋۇت ئاخۇن، ئىشىڭلىنى قىلىڭلا، خەقنىڭ ئىشىغا ئاز ئارىلىشىڭلا دېسەم نۆزەمبىلىلا

ئۇنىمايسىلە، خوپ بولدىمۇ ئەمدى. قويۇڭلا، ئۆلۈكۈڭلىنى سېتىپ يېتىۋەرمەي ئاستا كېتىۋېلىڭلا. ئەرز قىلساڭلىمۇ مەيلى، قورقمايمەن. سىلىنى ئۇرغىنىمنى ھېچكىم كۆرمىدى، تېنىۋالىمەن. ئەڭ ياخشىسى بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلاشماڭلا.

مەسۇم ھاڭگا كۆرەڭلىك بىلەن شۇلارنى دېدى ـ دە، ئاندىن قولىغا پالتىنى ئېلىپ يۇلغۇنلارنى گۇرسۇلدىتىپ يەنە چېپىشقا باشلىدى.

ساۋۇت دوك ياتقان يېرىدىن ئىنجىقلاپ ئاران تەستە تۇردى ـ دە، كۆزىدىن ئاققان ئىككى تامچە ياشنى بەلبېغى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ مەھەللە تەرەپكە قاراپ ئاقساقلىغىنىچە قەدەم تاشلىدى.

مەسۇم ھاڭگا چانىغان يۇلغۇنلارنى باغلاپ بولغاندىن كېيىن ئېشىكىنى ھارۋىغا قېتىپ، يۇلغۇن باغلىرىنى ھارۋىغا بېسىشقا باشلىدى. بۈگۈن ئۇ ساۋۇت دوكتىن دەردىنى چىقىرىۋالغىنىغا خۇش بولۇپمۇ ئەيتاۋۇر يۇلغۇننى كۆپ چانىۋەتكەنىدى. يۇلغۇن باغلىرىنى ھارۋىسىغا چوقاي بىلەن تەڭ باسقان بولسىمۇ يەردە يەنە خېلى كۆپ يۇلغۇن باغلىرى ئېشىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ يۇلغۇنلارنى تاشلاپ كېتىشكە كۆزى قىيمىدى. ھارۋىغا يەنە باساي دېسە، يۇلغۇن باغلىرىنى يەردىن ئېلىپ بېرىدىغان ئادەم بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھارۋىغا ئالالماي قىينالدى. ئۇ بىرھازا ئويلانغاندىن كېيىن ئەقىل تاپتى. ئېشىپ قالغان يۇلغۇن باغلىرىنى ھارۋىنى چۆرىدىتىپ بىر ـ بىرلەپ تىكلەپ تىزدى. ئاندىن ھارۋىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تىكلەپ قويغان يۇلغۇن باغلىرىنى بىردىن تارتىپ ئېلىپ بېسىشقا باشلىدى. يۇلغۇن ھارۋىغا بەكمۇ ئېگىز بېسىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ھازىرلا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك ئىككى يانغا تەڭ لەپەڭلەپ تۇراتتى. مەسۇم ھاڭگا يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن پۈتىنى ئېھتىيات بىلەن يۆتكەپ، مەھكەم دەسسەپ يۇلغۇن باغلىرىنى رەتلىك

www.uyghurkitap.com

بېسىۋاتاتتى.

— قاق! قاق! قاق! ...

قاغىنىڭ تويۇقسىز سەت قاقىلدىشى مەسۇم ھاڭگىنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. يۈرىكى قورقۇنچتىن دۈپۈلدىدى. ۋۇجۇدىنى سوغۇق تەر باستى. پۇت - قوللىرى بىر سىرقىراپ توختىدى. بىرنەچچە قاغا ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە ئايلىنىپ ئۇچۇپ قاقىلداۋاتاتتى. ئۇ قاغىلارنى قوغلىۋېتىش ئۈچۈن قاتتىق ۋارقىراپ قولىنى شۇنداقلا شىلتىشىغا بىر پۇتى مۇدۇرۇپ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتتى - دە، ھارۋىغا ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتە بېسىلغان يۇلغۇننىڭ ئۈستىدىن خۇددى بىرسى مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋەتكەندەك يەرگە ئوڭدىسىغىلا گۈپپىدە يىقىلدى ۋە شۇ ئانلا قورقۇنچلۇق بىرنى چىرقىرىدى - دە، ياتقان يېرىدە جىمىپلا قالدى.

ئەتىسى كىشىلەر مەسۇم ھاڭگىنىڭ جەسىتىنى يۇلغۇنلۇقتىكى يىقىلغان يېرىدىن تاپتى. ئەسلىدە ئۇ ھارۋىدىن دەل ئۆزى كېسىۋەتكەن يۇلغۇن كۆتەكلىرىنىڭ ئۈستىگىلا يىقىلغان بولۇپ، پالتىنىڭ قىيپاش كېسىشىدىن خەنجەرنىڭ ئۇچىدەك ئۇچلىنىپ يەردىن ئون بەش — يىگىرمە سانتىمېتىر كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان يۇلغۇن كۆتەكلىرى ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن كىرىپ، كۆكرەك، قورسىقىدىن تېشىپ چىققانىدى. جەسەتنىڭ ئەتراپىغا ئونلاپ قاغىلار ئولىشىۋالغان بولۇپ بەس - بەستە سەت قاقىلدىشاتتى...

1996 - يىلى فېۋرال، يەكەن

# ناتونۇشلار يېزىشقان خەت

## 1

«سەيپىدىن، ياخشىمۇسىز؟

بۇ خەتنى يېزىشتىكى مەقسىتىمنى بايان قىلىشتىن ئاۋۋال سىزگە ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي. بەلكىم سىز ئاتا ـ ئانىڭىزدىن ‹شادىيە› دېگەن ئىسىمنى ئاڭلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، بىراق ئۇنى تاكى ھازىرغىچە كۆرۈپ باقمىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟ سىز مېنى، ئاتا ـ ئانىڭىز سىزگە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن يول مېڭىۋاتقان شادىيە ئىكەن دەپ چۈشەنسىڭىزلا بولىدى.

ئاڭلىسام، سىز ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنىڭ سۇچىلىق كەسپىنى پۈتكۈزۈپ، ناھىيەمىزنىڭ سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىدە ئىشلەۋېتىپسىز (بۇنى ئانامدىن ئاڭلىدىم).

سەيپىدىن، بىز 40 — 50 ـ يىللاردا ئەمەس، بەلكى 80 ـ يىللاردا ياشاۋاتىمىز، بىلىم سەۋىيەمىز، كىشىلىك ھاياتقا بولغان كۆز قارىشىمىز بۇرۇنقىلارغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، سىزدەك بىر بىلىم ئىگىسىنىڭ 80 ـ يىللاردىكى ياشلارنىڭ نېمىگە ئىنتىلىدىغانلىقىنى ۋە كونا ئادەت كۈچلىرىگە قارىتا قانداق پوزىتسىيەدە بولىدىغانلىقىنى ياخشى چۈشىنىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. شۇڭلاشقا، كۆڭلۈمدىكىنى ئوچۇق ئېيتاي.

سەيپىدىن، مەن سىزنى ياخشى كۆرمەيمەن. شۇنداقلا تا ھازىرغىچە بىرەر ئەركەكنى ياخشى كۆرۈپ باقمىدىم. بىلەمسىز، مەن كېلەر يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزىمەن. مېنىڭ

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇيۇم بار. ئاشۇ ئالىي بىلىم باغچىسىدا مەدەنىيەت سەۋىيەمنى ئۆستۈرۈپ، نەزەر دائىرەمنى كېڭەيتىپ، خەلقىم ئۈچۈن، بىزنى كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇشۇ ئانا تۇپراقنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن تەر تۆكسەم دەيمەن. ھازىر مېنىڭ يۈرىكىم پەقەت بىلىمگىلا تەشنا. شۇڭلاشقا، مەن سىز بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلالمايمەن. مېنى ھېچكىم ۋە ھەرقانداق زورلۇق كۈچ بۇ نىيەتتىن ياندۇرالمايدۇ. چۈنكى، مەن پۈرۈچ قورچاق ئەمەس، بەلكى ئادەم، مەندە ھېسسىيات، غايە ۋە غۇرۇر بار. سەيپىدىن، بۇ ئىشتا يەنىلا سىزدىن ياردەم سورايمەن.

ئەگەر ماقۇل كۆرسىڭىز ئاتا ـ ئانىڭىزغا مەن بىلەن توي قىلىغۇڭىز يوقلۇقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى نىيىتىدىن ياندۇرسىڭىز، بۇنىڭ بىلەن ماڭا ئۆمۈرلۈك ياخشىلىق قىلغان بولاتتىڭىز. شۇنداق قىلالارسىزمۇ؟

شادىيە»

## 2

«ھۆرمەتلىك سىڭلىم شادىيە:

يازغان خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلاندىم ۋە سىزگە ئاپىرىن ئوقۇدۇم. خاتىرجەم بولۇڭ، سىڭلىم، مەنمۇ بىر ئىنسان، مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق غايەم ۋە كۆز قاراشلىرىم بار. مەن ھەرگىزمۇ ماڭا ناتونۇش، ھەمدە مېنى ياخشى كۆرمەيدىغان بىر قىزنى ئۆمۈرلۈك جورا قىلىشنى خالىمايمەن ھەم بۇنداق بولۇشقا ھەرگىز يول قويمايمەن. خېتىڭىزدە توغرا ئېيتىپسىز. بىز 80 ـ يىللاردا ياشاۋاتىمىز، بىزنىڭ ئۆز تەقدىرىمىزنى ئۆزىمىز ھەل قىلىش، تۇرمۇش يولىمىزنى تاللاش ھوقۇقىمىز بار. لېكىن، ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ ئېڭىدىكى كونا ئادەت كۈچلىرىنىڭ تەسىرى تېخى تەلتۆكۈس تازىلىنىپ كەتمىدى. ئەگەر بىز بۇ ئىشتا قوپاللىق ۋە جاھىللىق قىلساق، ئۇلارنىڭ

كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويىمىز. شۇڭا، زىخمۇ كۆيمەيدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان بىر چارە تاپمىساق بولمايدۇ. بۇنداق چارىنى مەن تېخى ئويلاپ تاپالمىدىم. لېكىن، شادىيە سىز كۆڭلىڭىزدىكى ئەندىشىلەرنى پۈتۈنلەي چىقىرىۋېتىپ، خاتىرجەم هالدا ياخشى ئۆگىنىڭ. مەن بىر ئامال قىلىپ ئاتا ـ ئانامنى تويىنى بىرەر يىل كېچىكتۈرۈپ قىلىشقا كۆندۈرەي. ئۇنىڭغىچە سىزمۇ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈپ، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىهان بېرىپ بولىسىز. سىز ئالىي مەكتەپ ئىمتىهانىدىن ئۆتەلىسىڭىزلا بىزنىڭ ئىشىمىز ئۆزلۈكىدىن هەل بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ.

سىڭلىم شادىيە، خېتىمگە قوشۇپ ئالىي مەكتەپ ئىمتىهانىغا تەييارلىق قىلغان ۋاقتىمدا پايدىلانغان بىر قىسىم ماتېرىياللارنى ئەۋەتتىم. ئارزۇيىڭىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىپ ئالىي بىلىم يۇرتىغا قوبۇل قىلىنىشىڭىزغا تىلەكداشمەن.

ئاكىڭىز: سەيپىدىن»

3

«سەيپىدىن ئاكا، سالامەتمۇسىز؟

25 ـ ئاۋغۇست سىز بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن 29 ـ ئاۋغۇست چۈشكە يېقىن ئۆرۈمچىگە ساق ـ سالامەت يېتىپ كەلدىم ۋە چاقىرىق قەغىزىگە يېزىلغان ئادرېس بويىچە مەكتەپنى قىينالمايلا تاپتىم. ئەتىگەن مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار بۆلۈمىگە كىرىپ، تىزىمغا ئالدۇرۇپ چىقىپلا سىزگە خەت يېزىشقا ئولتۇرغانىدىم. بىراق، يېڭىدىن ئىجادىيەتكە كىرىشكەن هەۋەسكاردەك خېتىمنى قانداق باشلاشنى بىلەلمەي، قەلىمىمنى تۇتقىنىمچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپتىمەن. سىز بىلەن تونۇشماي تۇرۇپ خەت يېزىشقاندىن كېيىنكى بىرتالاي ئىشلار كۆز

ئالدىمدىن بىرمۇبىر ئۆتتى. سىز بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن ئاشۇ قىسقىغىنا ئۇن ئايلىق ھاياتىمنى ئەسلەپ لەززەتلەندىم. ماڭا قىلغان بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەملىرىڭىزنى ئويلاپ، سىزدەك بىر ئالىيجاناب ئاكىغا ئىگە بولغىنىمدىن پەخىرلىنىپ، ھاياجانلىق ياشلىرىم بىلەن كىرپىكلىرىمنى نەملىدىم. ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئېشىپ، ئالىي مەكتەپ بوسۇغىسىغا قەدەم باسقانلىقىم ئۈچۈن قاقاھلاپ كۈلمەكچى بولدۇم ـ يۇ، كۈلەلمىدىم. كۈلكەم بوغۇزۇمغا كەپلىشىپ قالدى. بىلەمسىز سەيپىدىن ئاكا، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ دەل مۇشۇ چاغدا كۆز ئالدىمدا سىز پەيدا بولدىڭىز. ئېيتىڭا سەيپىدىن ئاكا، سىز مېنى مۇشۇ بەختكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئاشۇ ئۇن ئاي ئىچىدە ئاز جاپا تارتتىڭىزمۇ؟ سىز ماڭا يۆلەنچۈك بولدىڭىز. ماڭا مەدەت بەردىڭىز. ئاتا ـ ئانامدىن خاپا بولۇپ كەلسەم، تەسەللى بەردىڭىز، ئىشقىلىپ، مېنىڭ كۆڭلۈمنى خاتىرجەم ۋە خۇشال قىلىش ئۈچۈن قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالدىڭىز. ئەمما، سىز ئاشۇ جەبىر ـ جاپالىرىڭىز بەدىلىگە نېمىگە ئېرىشتىڭىز؟ ھېچنېمىگە، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدىڭىز! ئەگەر سىزنى بىرەر نەرسىگە ئېرىشتى دېيىشكە توغرا كەلسە، بىزنىڭ يالغان مۇناسىۋىتىمىزنى ۋە سىزنىڭ ماڭا قىلىۋاتقان ياردەملىرىڭىزنى سېزىپ قالغان دوست ـ ئاغىنىلىرىڭىزنىڭ مەسخىرە ۋە تەنىسىگە ئېرىشتىڭىز. مەن ئوقۇشقا كەتكەندىن كېيىن بولسا ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنگەن ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ تىل ـ ئاھانىتىگە ئېرىشتىڭىز. مانا مەن مۇشۇلارنى ئويلاپ كۈلەلمىدىم. سەيپىدىن ئاكا، بىلەمسىز، مەن چاقىرىق قەغىزىنى ئېلىپلا خۇش خەۋەرنى بىرىنچى بولۇپ سىزگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، جېنىمنىڭ بارىچە قېشىڭىزغا چاپتىم. ئەپسۇسكى، سىز ئىشخانىڭىزدا يوق بولۇپ چىقتىڭىز. يېزىغا كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەنىكەنسىز. مەن سىزنى ئۆيىڭىز جايلاشقان كوچا

ئېغىزىدا كەچ كىرگۈچە كۈتتۈم، بىراق سىز كەلمىدىڭىز. مەن بەكمۇ مەيۈسلەندىم. كۆڭلۈم يېرىم بولدى. كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقىپتىمەن. ئەتىسى چۈشكىچىمۇ كەلمىدىڭىز. مەن تىت ـ تىتلىقتا ئۆزۈمنى يوقىتايلا دەپ قالدىم. ماڭا چاقىرىق قەغىزى كەلگەنلىكىنى كىمدىندۇر ئاڭلىغان دادام چۈشتە بىرمۇنچە چالۋاقىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى مېنى ئوقۇشقا ئەۋەتمەسلىك ئىدى. مېنىڭ زۇۋان سۈرمەي تۇرغىنىمنى كۆرگەن دادام ئاخىر: «ئەگەر گېپىمگە كىرمەي ئوقۇشقا بارىدىغان بولساڭ ساڭا بېرىدىغان بىر تىيىنمۇ پۇلۇم يوق» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق ئۈمىدسىزلەندىم. لېكىن، سىز بىلەن كۆرۈشسەملا بارلىق ئىشلىرىم ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ، سىزنىڭ تېزرەك كېلىشىڭىزنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتۈم. بىز چۈشتىن كېيىن كۆرۈشتۇقمۇ، سىزنىڭ تەسەللىلىرىڭىزنىڭ كۈچى بىلەن شۇ كېچە خاتىرجەم ئۇخلاپتىمەن. ئەتىسى مەن سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىز بويىچە ئاتا ـ ئانامنىڭ مېنى ياتلىق قىلىش پىكرىگە قوشۇلغان بولۇپ، دوستلىرىم بىلەن كەڭ ـ كۈشادە خوشلىشىۋالدىم. لېكىن، مېنىڭ بارلىق غېمىم يول خىراجىتىنى نەدىن تېپىش ئىدى. بۇ ئەندىشىلىرىممۇ بىھۇدە بولۇپ چىقتى. سىز بارلىق تەييارلىقىمنى پۇتكۈزۈپ بەردىڭىز.

قۇياش ئالتۇن تاۋاقتەك جامالىنى زېمىنغا تارتىنىش بىلەن كۆرسەتكەن پەيتتە، ئاپتوبۇس ئېغىر گەۋدىسىنى سۆرەپ ئاستا قوزغالدى. قۇلىقىم تۈۋىدە: ‹شادىيە، ياخشى ئوقۇڭ› دېگەن ئاۋازىڭىز قالدى. مەن كەينىمگە قايرىلىپ قالدىم. سىز قولىڭىزنى پۇلاڭلىتىپ ئاپتوبۇسنىڭ كەينىدىن ئىلدام كېلىۋاتقانىكەنسىز. ماڭا ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلىغان مېھىرلىك كۆزلىرىڭىز ئاپتوبۇستا ئىدى. سەيپىدىن ئاكا، ئۈمىدىڭىزنى يەردە قويماي چوقۇم تىرىشىپ ئوقۇيمەن.

www.uyghurkitap.com

## 4

«شادىيە:

سىزنى تەبرىكلەيمەن. قايسى كۈنى گېزىتتىن ‹80-يىللاردىكى قىزلارغا بىر نەزەر› دېگەن ماقالىڭىزنى ئوقۇدۇم. پىكرىڭىز مېنى قايىل قىلدى. شۇنداق، شادىيە، ئاياللار يالغۇز ‹مېھرىبان ئانا، ۋاپادار خوتۇن› بولۇش ئۈچۈنلا ياكى ‹يېرىم خۇدا›سىنى كۈتۈش ئۈچۈنلا يارالغان ئەمەس. ئالىملارنىڭ تەتقىقات ماتېرىياللىرى ۋە سانلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئاياللار بەزى تەرەپلەردە ئەرلەردىن قابىلىيەتلىك ئىكەن.

سىزنىڭ ماقالىڭىز جەمئىيەتتىمىزدىكى ئاياللارنى كەم ئەقىل، قابىلىيەتسىز، پەقەت ئەرلەرنى كۈتۈش ئۈچۈنلا يارالغان، ئەرلەرگە تايانمىسا ياشىيالمايدۇ... دەيدىغان كۆز قاراشتىكى بىر قىسىم كىشىلەرگە بېرىلگەن دەككە، ئۆزلىرىنى ئاجىز، بىقۇۋۋەت ھېسابلايدىغان، قابىلىيەت ئىقتىدارىنى تۆۋەن چاغلايدىغان ئاياللارغا نىسبەتەن ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى تىكلەشكە چاقىرىدىغان جەڭ سىگنالى.

شادىيە، ئۆتكەندىكى خېتىڭىزدە توي ئىشىمنى تىلغا ئاپسىز. نېمە دېسەم بولار؟ مەن تېخى بىرەر قىزغا سۆيگۈ تەلىپى قويۇپ باقمىدىم. نېمىشقا دېسىڭىز، بەلكىم قىزلارنىڭ ‹سەيپىدىن، مەن سىزنى ياخشى كۆرمەيمەن› دەپ جاۋاب بېرىشىدىن قورقىدىغاندۇرمەن. ھا - ھا - ھا... (چاقچاق)، شادىيە، مېنىڭ تۇرمۇش ئىشىمغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭىز ئۈچۈن رەھمەت. مەن ھازىر مۇھەببەت ھەققىدە ئويلىمىدىم دېسەم گېپىم يالغان بولۇپ قالار. چۈنكى، يېشى يىگىرمە تۆتكە بېرىپ قالغان قايسىبىر يىگىتنىڭ خىيالىغا مۇھەببەت قۇشلىرى ئۇۋا سالمىسۇن؟ سىزدىن يوشۇرمايمەن. مۇشۇ ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئەپسۇسكى، ئۇ قىز مېنى ياخشى

كۆرمەيدۇ. ياق، ياخشى كۆرىدۇ، ئەمما سىڭلىسىنىڭ ئاكىسىنى ياخشى كۆرگەن ھېسسىياتى بىلەن ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا، مەنمۇ ئۇ قىزغا سۆيگۈ ئىزھار قىلىشتىن ئۆزۈمنى تارتىپ كەلدىم. بىراق، مەن ئۇ قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىم ئۈچۈن پۇشايمان يېمەيمەن. چۈنكى، ئۇ ھەم ئەقىللىك، ھەم لاتاپەتلىك قىز.

شادىيە، ھايات كۆۋەجەپ، دولقۇنلاپ تۇرغان شىددەتلىك ئېقىنغا ئوخشايدىكەن. مانا شۇ شىددەتلىك ھايات قاينامLىرىدا، پەقەت يۈكسەك غايە ۋە قايتماس ئىرادىگە ئىگە كىشىلا خۇددى كاراپتەك دولقۇن يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىپ بىلىم ئېلىپ، ئىرادىمىزنى تاۋلاپ، ھايات قاينامLىرىدا قورقماي ئۈزەلەيدىغان بولۇپ چىقىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلساقلا ھاياتىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزگەن بولىمىز.

بىچارە دادام بىلەن ئانام ھازىرمۇ ماڭا لايىق ئىزدەپ ئاۋارە. مەن بولسام ھەر خىل سۇ ئىنشائاتلىرىنى پىلانلاش، لايىھەلەش ۋە قۇرۇش بىلەن مەشغۇلمەن.

شادىيە، ئوقۇشىڭىزنىڭ بۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر يىلىدا تېخىمۇ جاپالىق ئۆگىنىپ، مەكتەپنى غەلىبىلىك تاماملىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. خەير، سىزگە تېخىمۇ كۆپ مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەخت تىلەپ:

سەيپىدىن»

## 5

«سەيپىدىن، ياخشىمۇسىز؟

خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ، خۇددى چاڭقاپ كەتكەندە مۇزدەك سۇغا ئېرىشكەندەك راھەتلەندىم. بەرگەن ئىلھاملىرىڭىز ئىرادەمنى چىڭىتتى، غەيرىتىمنى ئاشۇردى.

سەيپىدىن، مەن سىزگە ئەمدى بىر گەپنى ئاشكارىلىماقچى.

بىلىمەن، سىز بۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىمەيسىز. سىزنىڭ بۇ يۈرەك سىرىمغا توغرا مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.

سەيپىدىن، مەن سىز بىلەن تونۇشماي تۇرۇپ يازغان خېتىمگە جاۋاب ئالغاندىن تارتىپ سىزنى خۇددى ئاكامدەك ياخشى كۆرۈپ كەلگەنىدىم. لېكىن، بىر يىلدىن بېرى قەلبىمدىكى بۇ خىل ياخشى كۆرۈشنىڭ ئورنىنى باشقىچە بىر خىل ياخشى كۆرۈش — سېغىنىش، ئىنتىلىش تۇيغۇلىرى قاپلىۋالدى. مەن كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق بۇنىڭ مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى سەزدىم. مەن بۇنى قانچە روشەن سەزگەنسېرى، يۈرىكىمدە ئويغانغان بۇ ھېسسىيات گويا ياغ چېچىلغان ئوتتەك تېخىمۇ ئۇلغايدى. شۇ چاغدا مەن سىزنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمغا ئىشەندىم. ئەمما، سىزنىڭ يۈرەك سىرىڭىز ماڭا قاراڭغۇ ئىدى. مەن سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىزنى بىلىش ئۈچۈن سىزدىن ھەر قېتىم كەلگەن خەتنى ئىنچىكىلەپ، ھەتتا چېكىتلىرىگىچە تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتىم. ئەمما، ھېچ نەرسە بايقىيالمىدىم. ئاخىر تۇرمۇش ئەھۋالىڭىزنى سوراشقا مەجبۇر بولدۇم ۋە سىزدىن قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب ئالدىم.

سەيپىدىن، مېنى كۈتۈڭ. مەن بەش يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىمدا ئۆگەنگەن بىلىملىرىمدىن تويىمىز ئۈچۈن سوۋغات ھازىرلىماقچىمەن. مۇنۇ سۆزۈم ئېسىڭىزدە بولسۇن:

سەيپىدىن، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن.

شادىيە»



www.uyghurkitap.com

# چاشقان ئاپىتى

قوش قاناتلىق دەرۋازا، دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىغا قىزىل سىردا: «ئائىلە باشلىقى داۋۇت داڭقان، بەش نوپۇس بار. تۇغۇت ۋەزىپىسى توشتى. تۇغۇت چەكلەش تەدبىرى قوللىنىشى كېرەك. ئەمدى تۇغسا جەرىمانە ئېلىنىدۇ» دەپ يېزىلغان. يەنە بىر قانىتىغا: «قايناق سۇ ئىچىش، سوغۇق سۇ ئىچمەسلىك»، «قانۇن ــ تۈزۈمگە رىئايە قىلىش ھەممە پۇقرانىڭ مەجبۇرىيىتى» دەپ خۇش خەت بىلەن يوغان يېزىلغان. ھويلا تېمى زەيلەپ، ئۆلى شورىداپ ئۆرۈلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ دەرۋازىمۇ ھازىرلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەكلا تۇرىدۇ. دەرۋازىنىڭ ئىچى خېلىلا كەڭرى ھويلا. باراقسان ئۆسكەن بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخى ھويلىغا كەڭرى سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. ھويلىغا سۈپۈرگە تەگمىگىلى خېلى بولغان بولۇپ، ئەخلەت ــ چاۋارلار بىلەن تولغان. ھويلىنىڭ ئۇ يەر ــ بۇ يېرىدىن قومۇش، ئازغان، خوخا تىكەنلەر ئۈنۈپ چىققان. ھويلىنىڭ بىر تەرىپىدىكى شاخ ــ شۇمبا بىلەن توقۇلما تام قىلىپ توسۇپ قويغان ئىككى ئېغىز ئېغىل قۇپقۇرۇق. ئۇنىڭدا نە ئېشەك، نە ئۆچكە ــ قوي يوق. ئېغىلمۇ خېلىدىن بېرى مۇشۇ ھويلىغا ئوخشاش چۆلدەرىگەن. دەرۋازىدىن كىرىشتە، ئۇدۇلدا ئۆز ۋاقتىدا خېلى ئىشلەپ سېلىپ ياپقان ئۈچ ئېغىز پېشايۋانلىق ئۆي، ھازىر ئۇنىڭ پېشايۋىنىمۇ يوق. ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ ئۆگزىسىمۇ ئېچىۋېتىلگەن. شۇنداقلا قارىغان كىشىگە بۇ يەر ئادەم ئولتۇرمىغىلى ئۇزاق بولغان خارابىلىكتەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ساق قالغان بىر ئېغىز ئۆينىڭ ئىچى غۇۋا يورۇق، گويا بۇ ئۆينى ئاشۇ سېخىي قۇياشنىڭ نۇرىمۇ ئۆگەيلىگەندەك، يات كۆرگەندەك.

ئۆيگە ئىشىكتىن كىرىشتە، ئۇدۇل تەرەپتىكى مورا ئوچاقتا بىر قازان ئېسىقلىق. ئوچاقنىڭ بىر مورىسىدە قازاننىڭ تۈۋىقى، يەنە بىر مورىسىدە بىر تال ياغاچ ئاياغ بىلەن گىرۋىكى پۇچۇلۇپ كەتكەن تاش چىنە. ياغاچ ئاياقتا ئوماچ يۇقۇندىلىرى قېتىپ قالغان. تاش چىنىدە چىلاپ يەپ يېرىمىدىن ئازراق ئېشىپ قالغان نان كۆكىرىپ، پاختىلىشىپ كەتكەن. چىنىنىڭ ئەتراپىدا يۈزلەپ چىۋىن گىژىلدايدۇ. ئۆينىڭ يېرىمىنى ئىگىلەپ سېلىنغان سۇپىغا بەكرەك سىنچىلاپ قارىمىسا، ئۇنىڭ ئاستىدىكى تەڭلىماتنى توپىدىن ئايرىۋالماق تەس. ئاشۇ سۇپىنىڭ ئۈستىدە داۋۇت داڭقاننىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىغا بىر ئاي بولاي دېدى. ئۇ يېپىنغاندىن بېرى بىر قېتىممۇ يۇيۇلمىغاندەك كىرلىشىپ، ئەستىرىنىڭ ئەسلىي رەڭگىنى يوقاتقان يوتقانغا بېشىنى چۈمكەپ ياتقىنى ياتقان. ئۇنىڭ بېشىدىكى قوراق تەكىيەنىڭ يېنىدا بىر چىغ چايدان، بىر پىيالە، لېگەندە ئىككى زاغرا بىلەن بىر ئاق نان قويۇقلۇق. نانلار قۇرۇپ تاراڭلاپ كەتكەن. چاشقانلار غاجىلاپ قويغانمۇ قانداق، گىرۋەكلىرىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرى پۇچۇق. سۇپىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى مىخلىرى ئاجراپ كەتكەن كونا ساندۇقنىڭ ئۈستىدە ئاشۇ ساندۇقتىن سەل كىچىكرەك بىر تۆمۈر قەپەس، قەپەسكە بىر تاغىل مۈشۈك سولاقلىق. مۈشۈك ئۆينىڭ بۇ ۋەيرانە ھالىتىنى، ئىگىسىنىڭ بىچارە قىياپىتىنى كۆرۈشنى خالىمىدىمۇ ياكى تۆمۈر قەپەستىكى قىسمىتىگە شۈكۈر قىلىۋاتامدۇ، ئەيتاۋۇر كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇۋالغان...

ھاۋاز شۇجى داۋۇت داڭقاننى ئۈششۈقلۇق قىلىپ يېتىۋالدى، بىر يېرى ئاغرىمايدۇ، يالغان كېسەل، كۆكەرمىلىك - زەمبىلكەشلىك قىلىپ مېنى قورقۇتماقچى، قېنى نوچى بولسا ئاشۇنداق يېتىۋەرسۇن، دەپ كەنت دوختۇرىنى ئۇنىڭ كېسىلىنى كۆرۈشكە رۇخسەت قىلمىدى. داۋۇت داڭقان بولسا بىر ئايدىن بېرى قوشنىلار سۇنغان بىر قاچىدىن ساۋاب ئاش ياكى بىرەر -

يىرىمدىن ساۋاب نانلارنى يەپ مىدىرلىماي ياتىدۇ.

مۇشتۇمدەك چوڭلۇقتىكى بىر تولۇمچاشقان ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن چىقىپ كەلدى. چاشقان ئاستا ماڭاتتى، مىڭىشلىرى غەمسىز، خەۋپسىز، بەخىرامان ئىدى. ئۇ بۇ ئۆيدە بۇنداق مىڭىشقا، يۈرۈش - تۇرۇشقا كۆنۈپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ لېگەندىكى ناننى غاجىلاشقا باشلىدى. نان قاتتىق ئىدى. چاشقاننىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىنىڭ غاچىرلاشلىرىدىن «كىرىس - كىرىس» قىلىپ يېقىمسىز ئاۋاز چىقاتتى. بۇ شەپىنى ئاڭلاپ قەپەستىكى مۈشۈك لەپپىدە كۆزىنى ئاچتى. كۆزلىرىدىن بىر خىل نەپرەتلىك قىزىل نۇر چاچرىدى، ئۆزىنى قەپەسكە ئۇردى، ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن قەپەسنى تاتىلىدى. قەپەس مۇستەھكەم ئىدى، سىم تۆمۈرلەر بىلەن مەھكەم توقۇلغانىدى. ئۇ ئىلاجىسىز كۆزىنى چاشقانغا مىختەك تىكتى. چاشقان مۈشۈكنىڭ شەپىسىدىن بېشىنى شۇنداقلا كۆتۈردى، چېكىتتەك قاپقارا كۆزلىرى بىلەن مۈشۈككە مەغرۇرلۇق، مەسخىرىلىك، ياراتمىغاندەك تۈيغۇدا شۇنداقلا قارىدى - دە، يەنە بەخىرامان نان غاجىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىنىڭ نان غاجىلىشىدىن «كىرىس - كىرىس» قىلغان يېقىمسىز ئاۋازى چىقاتتى.

*           *           *

ماياقدۆڭ كەنتىدە داۋۇت داڭقان تولۇق ئوتتۇرىغىچە ئوقۇغان بىردىنبىر مەدەنىيەتلىك دېھقان ئىدى. ماياقدۆڭدە تۇنجى بولۇپ بېشىغا چاچ قويغانمۇ، شىلەپە، كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، بويىنىغا گالىستۇك چىگكەنمۇ، يالاڭ باشتاق يۈرگەنمۇ، ھەتتا مەسچىتكە يالاڭ باشتاق ناماز ئوقۇغىلى كىرگەنمۇ شۇ ئىدى. ئۇنىڭ قىلغان نۇرغۇن ئىشلىرى ماياقدۆڭدە ياشلارنى قىزىقتۇرغان بىلەن، ھاۋاز شۇجى، ئىمام ئاخۇنۇم قاتارلىق بىر

قىسىم كىشىلەرنىڭ دىتىغا ياقمىغانىدى. ئۇ ئۆز سۆزلۈك، چاقچاقچى، گەپدان ئىدى. خېلى مەن - مەن دېگەن ئادەممۇ ئۇنىڭغا گەپ چېقىشتۇرۇپ بېرەلمەيتتى.

ماياقدۆڭلۈكلەرنىڭ ھەممىسى شۈجىدىن ئۆلگۈدەك قورقاتتى، قاش كۆتۈرۈپ قاراشقا پېتىنالمايتتى، ماياقدۆڭ مەسچىتىنىڭ ئىمامىدىنمۇ بەكرەك ئەيمىنەتتى، لېكىن ھاۋاز شۈجى داۋۇت داڭقاندىن ئېھتىيات قىلاتتى. داۋۇت داڭقان بار يەردە گەپ - سۆزگە ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. كەنت تەشكىلى نامىدىن تۈزگەن يېڭى قائىدە - تۈزۈملەرنى ماياقدۆڭ خەلقىگە جاكارلىماقچى بولسا، ئىمكان بار داۋۇت داڭقاننىڭ يوق ۋاقتىغا توغرىلايتتى. چۈنكى، ھاۋاز شۈجى ماياقدۆڭلۈكلەرگە تۈزۈپ بەرگەن قۇمدەك قائىدە - تۈزۈملەرگە خىلاپلىق قىلغۇچىلاردىن ئېلىنغان ئېغىر جەرىمانە - سېلىقلارغا ماياقدۆڭلۈكلەر بېشىنى ئىچىگە تىقىپ بىر ئېغىز گەپ قىلمىغان، قوشۇلىدىغانلار قول كۆتۈرۈڭلار دېسە، ھاۋاز شۈجىدىن قورقۇپ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرگىنى بىلەن، بۇ قائىدە - تۈزۈم، جەرىمانە - سېلىقلاردىن شۇنچىلىك زېرىككەن، ئۆچ بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ئوقۇغان نامازلىرىدا خۇدادىن ھاۋاز شۈجىنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب تىلەپ، جەرىمانە - سېلىقلارنىڭ تېزرەك ئەمەلدىن قېلىشىنى ئارزۇ قىلىشسىمۇ، لېكىن بىر ئېغىز قارشى پىكىر قىلىشمايتتى. يىغىننى جىمجىت ئاڭلاپ، ئۆيلىرىگە جىمجىتلا كېتىشەتتى. ئىچىدىكىنى ئىنسانغا تىنمايتتى. دىلىدا خۇداغا نىدا قىلاتتى. لېكىن، داۋۇت داڭقان بولسا ئىش ئۇنداق بولمايتتى. ئۇ ھاۋاز شۈجى جاكارلىغان قائىدە - تۈزۈملەرنى بىرمۇنچە پوتاق چىقىراتتى. قارشى، لېكىن يوللۇق پىكىرلەرنى بېرەتتى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسەت، قانۇنلىرىغا ئائىت بىرمۇنچە سوئاللارنى قويۇپ، ھاۋاز شۈجىنى تەمتىرىتىپ قوياتتى. ھاۋاز شۈجىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، «بىرمۇنچە داڭقان پوتى گەپلەر بىلەن كەنت تەشكىلىگە قارشى» چىقاتتى. ھاۋاز شۈجىنىڭ تىلى

تۇتۇلاتتى. ئۆزىنىڭ داۋۇت داڭقاندەك پات ـ پات گېزىت ـ ژۇرنال كۆرۈپ تۇرمىغىنىغا، ئىشخانىسىدىكى ئاشۇ بىر پاتمان گېزىتلەرنىڭ قېتىنى ئېچىپمۇ قويماي، بوينىنى قىسىپ خۇشامەت قىلىپ كىرگەن بەڭگىلەرگە تاماكا چەككىلى بېرىۋەتكىنىگە پۇشايمان قىلاتتى. ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۇدەك بولاتتى. داۋۇت داڭقانىنىڭ داۋاملىق گېزىت ـ ژۇرنال ئوقۇيدىغان كۆزلىرىنى قويۇۋەتكۇسى، ئويۇپ تاشلىۋەتكۇسى كېلەتتى. لېكىن، ئامال قانچە؟ ... بۇنداق ۋاقىتلاردا يىغىن ھاۋاز شۇجىنىڭ كىملەرنىدۇر بىشەملىك بىلەن ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشلىرى بىلەن ئاخىرلىشاتتى. داۋۇت داڭقانىنىڭ سوئاللىرى، بەرگەن پىكىرلىرى جاۋابسىز قالاتتى. گەرچە يىغىن بۇزۇلغان، ھاۋاز شۇجى تۇزگەن قائىدە ـ تۇزۇمنى تولۇق جاكارلاشقا ئامالسىز قالغان بولسىمۇ، لېكىن ماياقدۆڭلۈكلەر بۇ قائىدە ـ تۇزۇملەرگە ئۆزلۈكىدىن رىئايە قىلاتتى. ھاۋاز شۇجى: «پالانى ۋاقىتتىكى ئېلان قىلغان قائىدە ـ تۇزۇمگە خىلاپلىق قىپسەن، جەرىمانە تۆلە» دېسە، غىدىڭ ـ پىدىڭ قىلماي جەرىمانە تۆلەيتتى. داۋۇت داڭقانىنىڭ كۆرسەتكەن قارشىلىقلىرى، قويغان پاكىتلىرى، شاپاشلاشلىرى بىكارغا كېتەتتى. ماياقدۆڭلۈكلەر كۆڭلىدە داۋۇت داڭقانىنىڭ پىكرىگە قوشۇلسىمۇ، ئىش يۈزىدە ھاۋاز شۇجىنىڭ قائىدە ـ تۇزۇمگە بويسۇناتتى.

ھاۋاز شۇجى كاللىسىغا كەلگەن ئوي ـ خىياللىرى بويىچە پات ـ پات ھەر خىل بۇيرۇق، چاقىرىق، ئۇقتۇرۇشلارنى چىقىرىپ، ماياقدۆڭلۈكلەرنى سىناپ باقاتتى. ئۆزىنىڭ بۇيرۇقلىرىنىڭ ماياقدۆڭلۈكلەرگە قانچىلىك دەرىجىدە تەسىر قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ باقاتتى. بىر كۈنى ھاۋاز شۇجى ئاشۇنداق خىيالىنىڭ تۇرتكىسىدە كەنت رادىيو كانىيىدا ئەمگەك كۈچى قۇرامىغا يەتكەن بارلىق ماياقدۆڭلۈكلەرنىڭ ئەتە ئەتىگەن سائەت تۆتتە كەنت كومىتېتى قورۇسىغا يىغىلىشى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش قىلدى. ئەتىسى ئەتىگەن ئۆزى بېكىتكەن ۋاقىتتىن

يېرىم سائەت بۇرۇن يېتىپ كەلگەن ھاۋاز شۇجى كەنت قورۇسىدا چالا ئۇيقۇچىلىقتا ئەسنەشكىنىچە مۈگدەپ ئولتۇرغان مايـاقدۆڭلۈكلەرنى كۆرۈپ رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتتى ۋە سائەتنىڭ چېكىتىگە قاراپ تۇرۇپ سائەت دەل تۆت بولۇشى ھامانلا كەنت كومىتېتى قورۇسىنىڭ دەرۋازىسىنى تاقاتقۇزۇۋېتىپ (بۇ، ھاۋاز شۇجىنىڭ ئەڭ قاتتىق تۈزۈملىرىدىن بىرسى. بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن بىرنەچچە سېكۇنت كېچىكىپ قالغانلارمۇ دەرۋازىدىن كىرگۈزۈلمەي، يوقلىما قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن كېچىككەن ۋاقىتنىڭ ھەر سېكۇنتىغا پۇل ھېسابلاپ جەرىمانە ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ. شۇڭا، ھاۋاز شۇجى ۋاقىت توشۇشى ھامان دەرھال دەرۋازىنى تاقاتقۇزۇۋېتىپ ئاندىن يوقلىما قىلىدۇ)، ئۆزى دەپتەرنى ئېلىپ بىرمۇبىر يوقلىما قىلدى. مەلۇم بولدىكى، ئۇنىڭ پەرمانىغا پەقەت داۋۇت داڭقانلا بويۇنتاۋلىق قىلغان. داۋۇت داڭقاننىڭ ئۆزىمۇ، ئايالىمۇ كەلمىگەنىدى. ھاۋاز شۇجى دەرھال دەرۋازىنى ئاچقۇزدى. دەرۋازا تۈۋىدە ئىنس ـ جىن يوق ئىدى. ئەسلىدە دەرۋازا تۈۋىدە داۋۇت داڭقان ئايالى بىلەن گۇناھكارلاردەك شۈمشىيىپ تۇرۇشى، ھاۋاز شۇجىغا كېچىكىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشى، يېلىنىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئۇلار يوق ئىدى. ھاۋاز شۇجىنىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلغان، قۇلىقىدا مەھكەم تۇتمىغانىدى. بۇ ئەھۋال ھاۋاز شۇجىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈردى. «بۇ ئىشنى مۇشۇنداقلا بولدى قىلىۋەتمەسلىك كېرەك، بولمىسا باشقا ماياقدۆڭلۈكلەرمۇ داۋۇت داڭقاننى دورايدۇ، ئۇنى بۈگۈن ئامما ئارىسىدا جازالاپ، كەنت تەشكىلىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا بويۇنتاۋلىق قىلغانلارنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش كېرەك.» ھاۋاز شۇجى قاپىقىنى تۈرۈپ كەنت كادىرلىرىغا ۋارقىرىدى:

— قايلاپ تۇرۇشماي نەدىن بولسۇن ئۇنى ئايالى بىلەن تېپىپ كېلىڭلار. ھە دېسە ئادەمنىڭ ساقىلىنى تاراپ داڭقان پۇتى گەپ

قىلىشقا ئۇستا ئىمە ئۇ. قېنى خەق چىگەن قىناققا سېنىڭ چىمىگىنىڭنى ئەمدى بىر كۆرەپ باقاي. خەپ، سەن داڭقاننى چېقىپ پارە ـ پارە قىلىۋەتمەيدىغان بولسام...

هاۋاز شۇجى «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگەندەك ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ، ھە دەپ ئۆزىنىڭ قۇيرۇقىنى ئۆزى تالايتتى. ماياقدۆڭلۈكلەر بولسا بامدات ۋاقتىنىڭ قىستاپ كېلىشىدىن ئالدىراشسىمۇ، لېكىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، گەپ ـ سۆز قىلماي تۇراتتى. بىر دەمدىلا كەنت كادىرلىرى داۋۇت داڭقاننى ئالدىغا سېلىپ كېلىشتى. هاۋاز شۇجى داۋۇت داڭقاننىڭ ئالدىغا چاچراپ كەلدى:

— سەن... چىمىگنى كۆزۈڭگە ئىلمايسەن؟ سېنىڭ نەزىرىڭدە كەنت تەشكىلى بارمۇ، يوقمۇ؟

— كەنت تەشكىلى ئەلۋەتتە بار، — دېدى داۋۇت داڭقان خاتىرجەم هالدا.

— ئېمىشقا ئالدىڭغا دوغام① ئەۋەتمىگۇچە كەلمەيسەن؟

— چالا قاراڭغۇدا بۇ يەرگە توپلىشىۋېلىپ قانداق مۇھىم ئىش قىلماقچىدۇق، شۇجى؟

— مۇھىم ئىش بار ـ يوقلۇقى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن. كەنت تەشكىلىنىڭ قارارىغا بويسۇنۇشۇڭ كېرەك.

— ئەزالارنى تەڭ كېچىدە ئىسسىق يوتقىنىدىن قوغلاپ ئېتىزغا ئاچىقىدىغانغا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ ۋاقتى ئۆتكەن. هازىر دېگەن ئىسلاهات دەۋرى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ ۋاقتىدىكى سىياسەت ـ تۈزۈم هازىر ئاقمايدۇ. ئالاهىدە ئەھۋال بولمىسا پۇقرالارنىڭ كېچىلىرى تولۇق دەم ئېلىش هوقۇقى بار. بۇ قانۇنغا خىلاپ ئەمەس.

داۋۇت داڭقاننىڭ «قارا مۇشۇك» كۆرسىتىپ ئېيتقان بۇ سۆزلىرى هاۋاز شۇجىنى تەمتىرەتتى، پېيىنى بوشاتتى،

---

① دوغام — دورغا دېمەكچى.

تومۇرىدىكى قايناپ تۇرغان قانلىرى شاپپىدە سوۋۇدى. ئۇنىڭ كاللىسىدىكى ئاددىي قاراش بويىچە ئېيتقاندا، دۇنيادا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»تەك ئەشەددىي دۈشمەن يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»قا زەربە بېرىش، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ زەھەرىنى تازىلاش كۈرىشىدە «كەسكىن، ئاكتىپ، ئۈزۈل - كېسىل» سىياسىي مەيداننى ئىپادىلەپ، تەشكىلنىڭ ئىشەنچىگە، ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن، ماياقدۆڭگە شۇجى بولغان. «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» بولۇپ سايلىنىپ، قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتناشقان. ئۇ ھەر قېتىم بۇلارنى ئەسلىگىنىدە، تۇنجى توي قىلغان شېرىن ئايلىرىنى ئەسلىگىنىدىنمۇ بەكرەك ھۇزۇرلىنىدۇ، ھاياجانلىنىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»قا زەربە بېرىش كۈرىشى سۇسلىشىپ قالدى. بارا - بارا ھەتتا ھەرقانداق چوڭ يىغىنلاردىمۇ تىلغا ئېلىنمايدىغان، تەكىتلەنمەيدىغان، شۇنىڭغا ئوخشاش ھەر خىل كۈرەش - ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىلمايدىغان بولدى. بۇ ئىشتىن ھاۋاز شۇجىنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى. تەشكىلدىن، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەردىن بەكمۇ نارازى بولدى. پات - پات ئاشۇنداق ھەرىكەتلەر بولۇپ تۇرسا، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ قۇيرۇقچىلىرى (ئۇ بۇنداق ئۇنسۇرلارنىڭ ھېلىھەم بارلىقىغا ئىشىنەتتى)نى پاش قىلىپ، كۈرەش قىلىپ تۇرسا - ھە! داۋۇت داڭقاننىڭ ئۇنى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بىلەن بىر قاتاردا قويۇشى بىردىنلا ئۇنى چۆچۈتتى، غەزىپىنى كەلتۈردى، ئالاقزادە قىلىۋەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ قىلغان «داڭقان پۈتى» گېپىنىڭ ئاساسى بار ئىدى. دېمىسىمۇ ھازىر ئۇ زامانلاردىكىدەك ئەزالارنى كېچە - كېچىلەپ دولقۇنغا ئاچىققىلى، كۆزىگە سەت كۆرۈنگەن، بۇيرۇققا قارشى چىققانلارنى خالىغانچە كۈرەشكە تارتقىلى بولمايتتى. زامان ئۆزگىرىپ ئادەملەر زۇۋانداز، مەمەدان بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلارنى ئالدىراپ جازاغا تارتقىلى بولمايتتى. ھاۋاز شۇجى بۇ تەرەپلەرنى ئوبدان چۈشىنەتتى، شۇڭا ئۇ خېلىلا

پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. لېكىن، بۇ ئىشنى شۇنداقلا بولدى قىلىۋەتكۈسىمۇ يوق ئىدى.

— شۇنداق بولسىمۇ، بۈگۈن بىر قېتىم كېچىدە كەلسەڭ يېغىلىپ چايقىلىپ كېتەمتى سىنىڭ؟ — دېدى ھاۋاز شۇجى پېتىدىن چۈشمىگەن قىياپەتتە ۋارقىراپ.

— باشقا كۈنى بولسىمۇ بىر نۆرى، — دېدى داۋۇت داڭقان خاتىرجەم ھالدا، — لېكىن بۈگۈنكى كۈندە تەڭ كېچىدە تايىنى يوق بىر ئىشلارنى دەپ كېلەلمەيتتىم. ئېسىلىرىدە باردۇ، بۈگۈن دېگەن كۈنگە نېمە؟

— شۇنىمۇ بىلمەمسەن، كالۋا. بۈگۈن كۈنگە جۈمە...

— شۇنداق، جۈمە، — دېدى داۋۇت داڭقان شۇجىنىڭ ئاغزىدىن گەپنى تارتىۋېلىپ، — جۈمە كۈنى كېچىسى دېگەندە پاچىقىنىڭ يىلىكى بار ئوغۇل بالىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆيىدە خوتۇنى بىلەن ئىشى بولىدۇ. نىكاھلاپ ئالغان خوتۇنى بىلەن بىللە بولۇش قانۇنغا خىلاپ ئەمەس، سىلىنىڭمۇ خەۋەرلىرىدە باردۇر ھەرقاچان. كەنتىنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىدىمۇ جۈمە كۈنى كېچىسى خوتۇنى بىلەن بىللە بولماسلىق كېرەك، خىلاپلىق قىلغۇچىلاردىن جەرىمانە ئېلىنىدۇ، دەپ ئېنىق بىر نېمە دېيىلمىگەن. باشقا گەپ بولمىسا مەن ئۆيگە كەتتىم. بامدات ۋاقتى قىستاپ قالدى، دەرھال غۇسلى قىلىۋالمىسام بولمايدۇ.

ئاۋۋال ياشلار، كېيىن ئوتتۇرا ياشلىقلار پاراقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇلار بۇ قېتىم ھاۋاز شۇجىنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشقىنىچە كۈلدى.

— خەپ، سەن داڭقاننى...

شۇجى ئۇنىڭ ئورۇنلۇق سۆزلىرىنى، تەلەپ - پىكىرلىرىنى داڭقان پۈتى گەپ قىلدى دەيتتى. ئۇنى داۋۇت داڭقان دەپ چاقىراتتى. ماياقدۇڭلۇكلەرمۇ ئۇنى بارا - بارا داۋۇت توختى دەپ چاقىرماي، داۋۇت داڭقان دەپ ئاتىشىدىغان بولدى. ئۇمۇ «داڭقان» دېگەن لەقەمگە ئاسانلا ئۆزلىشىپ كەتتى.

مۇشتۇمدەك چوڭلۇقتىكى بىر تۇلۇمچاشقان ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن چىقىپ كەلدى. چاشقان ئاستا ماڭاتتى، مېڭىشلىرى غەمسىز، خەۋپسىز، بەخىرامان ئىدى. ئۇ بۇ ئۆيدە بۇنداق مېڭىشقا، يورۇش ـ تۇرۇشقا كۆنۈپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ لېگەندىكى نانىنى غاجىلاشقا باشلىدى. نان قاتتىق ئىدى. چاشقاننىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىنىڭ غاجىلاشلىرىدىن «كىرىس ـ كىرىس» قىلىپ يېقىمسىز ئاۋاز چىقاتتى. بۇ شەپىنى ئاڭلاپ قەپەستىكى مۇشۇك لەپپىدە كۆزىنى ئاچتى، كۆزلىرىدىن بىر خىل نەپرەتلىك قىزىل نۇر چاچرىدى. ئۆزىنى قەپەسكە ئۇردى. ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن قەپەسنى تاتىلىدى. قەپەس مۇستەھكەم ئىدى، سىم تۆمۈرلەر بىلەن مەھكەم توقۇلغانىدى. ئۇ ئىلاجسىز كۆزىنى چاشقانغا نەشتەردەك تىكتى. چاشقان مۇشۇكنىڭ شەپىسىدىن بېشىنى شۇنداقلا كۆتۈرۈپ چېكىتتەك قاپقارا كۆزلىرى بىلەن مۇشۇككە مەغرۇرلۇق، مەسخىرىلىك، ياراتمىغاندەك تۈيغۇدا شۇنداقلا قارىدى ـ دە، يەنە بەخىرامان ھالدا نان غاجىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىنىڭ نان غاجىلاشلىرىدىن «كىرىس ـ كىرىس» قىلغان يېقىمسىز ئاۋاز چىقاتتى.

* * *

داۋۇت داڭقان ماياقدۆڭ كەنتىگە مۇئاۋىن كەنت مۇدىرى بولدى.

ھاۋاز شۇجى پۇتكۇل ماياقدۆڭلۈكلەر قاتناشقان چوڭ يىغىندا بۇ خەۋەرنى جاكارلىدى. ئۇ داۋۇت داڭقاننى مۇئاۋىن كەنت مۇدىرلىقىغا، كەنت تەشكىلىگە ۋاكالىتەن ئۆزىنىڭ نامزات قىلىپ كۆرسەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ قايتا ـ قايتا قىلغان تەلىپىگە ئاساسەن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلاپ بەرگەنلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتتى. بۇ خەۋەر ماياقدۆڭلۈكلەرنى

زىيادە خۇش قىلىۋەتتى. ئۇلار داۋۇت داخقانغا ئۈمىد ـ ئىشەنچ بىلەن قاراشتى. لېكىن، داۋۇت داخقاننىڭ چىرايى ئىپادىسىز ئىدى. ھازىرلا داخقان پۈتى گەپتىن بىرنەچچە ئېغىز قىلىپ، ھاۋاز شۇجىنى كۆلكىگە قويىدىغاندەك لەۋلىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس قىمىرلايتتى.

— مۇبارەك بولسۇن، مۇئاۋىن كەنت مۇدىرىمۇ بولدۇڭلا. ھوقۇقۇڭلىنى تەبرىكلەپ بىرەر پاقلان سويارسىلە، داۋۇت ئاخۇن؟ — دېدى ھاۋاز شۇجى خۇددى بىرسىگە بىر قاچا ئاش بېرىپ، كەينىدىن مىننىتىنى قىلغاندەك سۆزلەپ.

— مۇئاۋىن كەنت مۇدىرى بولغانغا خۇش بولۇۋاتىدۇ دەملا، شۇجى؟ — دېدى داۋۇت داخقان مىيىقىدا كۈلۈپ، — ئەسلىدىغۇ ماياقدۆڭگە مەن بۇنىڭدىن بەش ـ ئالتە يىل ئىلگىرىلا مۇدىر بولسام توغرا بولاتتى. بولغۇچىلىكىم بار ئىدى.

— داۋۇت ئاخۇن، ھازىر سىلە ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ قالدىڭلا، داخقان پۈتى گەپلىرىڭلىنى يىغىشتۇرۇڭلا ئەمدى، — دېدى ھاۋاز شۇجى، — مۇئاۋىن مۇدىرلىقتا تۇشلۇق مېنىڭ خىزمەتلىرىمنى قوللاپ بەرمىسەڭلا بولمايدۇ.

— مۇئاۋىن مۇدىرلىقتىن ئىبارەت مەنسەپ بىلەن ئاغزىڭنى ئېتىمەن، بېشىڭغا نوختا سالىمەن دەپ ئويلاپ قالغان بولسىلا، ئۇنىڭ بەدىلىگە مېنىڭ كەتمىنىمنى چاپ دەپ تۇرۇۋالسىلا، ماڭا ئۇنداق ھوقۇقنىڭ لازىمى يوق. ئەگەر ماياقدۆڭ ئۈچۈن بىر كىشىلىك كۈچ چىقارغىن دېسىلە جان غوجا ئاكام دەپ ئىشلەيمەن.

ھاۋاز شۇجى داۋۇت داخقانغا سەت بىرنى گۆلەيدى ـ دە، شارتتىدە كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى.

ھاۋاز شۇجى سۇ، داۋۇت داخقان ئوت ئىدى. ھاۋاز شۇجى سۇ بولغاندىمۇ ماياقدۆڭنىڭ ئېرىقىغا لىق كەلگۈدەك سۇ ئىدى. داۋۇت داخقان بىر تۇتام پاخالغا تۇتاشقانچىلىك ئوت ئىدى. ئوت بوي

بەرمەي ئانچە ـ مۇنچە ئۇچقۇنلىغانىدەك قىلغان بىلەن، سۇ داۋاملىق ئۇنى ئۆچۈرۈپ تۇراتتى.

داۋۇت داڭقان مۇئاۋىن كەنت مۇدىرى بولۇپمۇ يەنىلا ھاۋاز شۇجىنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقمىدى. ئۇ ئىلگىرىكىدىن بەكرەك ھاۋاز شۇجىنىڭ يەرلىك سىياسەتلىرىگە قارشى چىقىشىنى قوللىمىدى. ھاۋاز شۇجى تۈزۈپ ئوتتۇرىغا قويغان، باشقا كەنت كادىرلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن قائىدە ـ تۈزۈملەر، جەرىمانە ـ سېلىقلار پەقەت داۋۇت مۇئاۋىن مۇدىر (ھاۋاز شۇجى ھازىر ئۇنى شۇنداق ئاتايتتى)نىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ كەلدى. ئۇ نۇرغۇن داڭقان پۈتى پاكىتلارنى قويۇپ، ھاۋاز شۇجىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلايتتى، ئاچچىقىنى كەلتۈرەتتى، كۆڭۈل ئارامىنى بۇزاتتى. باشقا كەنت كادىرلىرىغا ئوخشاش: «دانا پىلان بوپتۇ، ئاقىلانە تەدبىر ئىكەن، شۇنداق قىلايلى» دەپ قول كۆتۈرۈپ قويسا نېمە بولىدۇ؟ ھاۋاز شۇجى ئۇنىڭدىن شۇنى كۈتكەنمىدى؟ ھېلىمۇ كۆپ ياخشىلىق قىلدىغۇ. ئۇ مۇئاۋىن كەنت مۇدىرى بولغاندىن تارتىپ ھاشارغا بېرىش، بىنەم ئېچىش، ھەر خىل كوللېكتىپ ئەمگەكلەرگە قاتنىشىش، تۈرلۈك ھەق ـ سېلىق، جەرىمانىلەرنى تاپشۇرۇشتىن قۇتۇلۇپ قالدىغۇ؟ ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ھاۋاز شۇجىغا رەھمەت ئېيتىشى، ئۇنىڭ بەدىلىگە ھاۋاز شۇجىنىڭ ئاغزى، قولى، پۈتى بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟ ھەي... ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان بۇ داۋۇت داڭقاننىزە...

ھاۋاز شۇجى بۇ ئىشتا چوتنى خاتا سوققانلىقىنى، يېڭىلىشقانلىقىنى، مۇئاۋىن كەنت مۇدىرلىق مەنسەپ تاجى ھەم شۇ ئارقىلىق ئېرىشىدىغان نەپ بىلەن داۋۇت داڭقاننىڭ كۆڭۈل مايىللىقىنى ئۇتقىلى، زوۋانىنى ئەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، غەزەپلەندى. شۇنداقتىمۇ، ئاچچىقىغا ھاي بېرىپ، بىر مەزگىل ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇپ بېرىش قارارىغا كەلدى.

مايىقدۆك كەنت كومىتېتىنىڭ قورۇسى. پەگاھدا — مەيداندىكى ئوچۇقچىلىقتا مايىقدۆك خەلقى توپىغا مىلىنىپ،

قوياشنىڭ ئوتتەك قىزدۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرىپ، يال - يال كۆيۈپ، ئاپتاپتا چىپ - چىپ تەرلەپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئۇلارنىڭ مىس رەڭ چىرايىدىن، بويۇنلىرىدىن قارا تەر سۇدەك ئاقماقتا. ئىسسىقتا ئۇلار ئۇسسىغان، لەۋلىرى قۇرۇغان، ۋۇجۇدى قاقتەك قورۇلغان. تۆرىدە — ئۇستىنى سايىۋەن قىلىپ ياپقان يىغىن سەھنىسىدە كەنت كادىرلىرى، يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقلىرى، ناھىيەدىن چىققان رەھبەرلەر يۇمشاق، ئازادە، يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلاردا كېرىلىپ ئولتۇرۇشماقتا. ئالدىدىكى ئۇستەللەرگە تىزىلغان مەي باغلاپ پىشقان سەرخىل يەل - يېمىشلەرنى ئېرىنچەكلىك بىلەن تاللاپ يېيىشمەكتە. توڭلاتقۇغا سېلىپ، مۇزدەك قىلىپ سوۋۇتۇپ قويغان قۇتا - شىشىلەردىكى ھەر خىل سوغۇق ئىچىملىكلەرنى ھوزۇر - ئىشتىھا بىلەن سۈمۈرۈشمەكتە. شۇ تۇرقىدا ئۇلارنىڭ ئاپتاپتا ئۇسساپ، كالپۇكلىرى قۇرۇپ كەتكەن دېھقانلارغا شۇنداق بىر قاراپ قويۇشقىمۇ ھەپسىلىسى يوق.

ھاۋاز شۇجى رەھبەرلەرگە ماياقدۆڭدە ئېچىلغان بىنەم، تونىلىق ئاشلىق ئېتىزىغا ئايلاندۇرۇلغان يەر كۆلىمى، ھەر خىل زىرائەتلەرنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى، شۇ زىرائەتلەرنىڭ مو بېشىدىن ئېلىنغان مەھسۇلات مىقدارى، قوتاندىكى چارۋا مال سانى، باغ - ئورمان كۆلىمى... قاتارلىقلار ھەققىدە بىرتالاي «ھەيۋەتلىك» سانلىق مەلۇماتلارنى دەپ دوكلات بەرمەكتە. قىزىپ، ھەۋەسلىنىپ، ھاياجانلىنىپ سۆزلىمەكتە.

ھاۋاز شۇجىنىڭ دوكلاتى تۈگىگەندىن كېيىن يېزا، ناھىيە رەھبەرلىرى رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتىشتى:

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ يىلمۇ ماياقدۆڭنىڭ ئاشلىق، پاختا مەھسۇلات مىقدارى ئۆتكەن يىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشقۇدەك.

— تونىلىق ئاشلىق ئېتىزلىرىنى كۆپلەپ بەرپا قىلىڭلار. بولسا ماياقدۆڭنىڭ پۈتكۈل تېرىلغۇ يەرلىرى تونىلىق ئاشلىق

ئېتىمىزغا ئايلانسۇن.

— چارۋا ماللارنىڭ قوتاندا تۇراقلىشىش نىسبىتى يىلدىن - يىلغا ئېشىپتۇ. مۇشۇ سەۋىيەنى داۋاملىق ساقلىغىلار. مىيران قىلىۋاتىمەن، قوينىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىش نىسبىتى ئاۋستىرالىيەدەك قوي دۆلىتىدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىش نىسبىتىدىن تۆت ھەسسە ئارتۇق ئىكەن.

— ماياقدۆڭلۈكلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بېيىش يولىغا باشلاپ، ھاللىق سەۋىيەگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن كۆپلەپ چارە - تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، دادىللىق بىلەن ئىشلەڭلار. بىز سىلەرنى قوللايمىز.

خۇشاللىقتىن ھاۋاز شۇجىنىڭ بېشى ئاسمانغا تاقاشتى، ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى، كۈلكىدىن كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى، ھاياجاندىن ۋۇجۇدى تىترىسىگە سىغماي قالدى.

يىغىندىن تارقىغان دېھقانلار غوتۇلداشقا باشلىدى.

— بۇ باشلىقلارمۇزە شۇجى نىمە دەپ دوكلات قىلسا ئىشىنىۋېرىدىكەن. خۇددى دېھقاننى، دېھقانچىلىقنى بىلمەيدىغاندەك. بۇ چاغقىچىغۇ مايىقدۆڭدە بىرسىنىڭ بىرمۇ يېرىدىن بىر يىلدا بىر تونىنا ئاشلىق چىقىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ باقمىدىم.

— ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ. شۇجىنىڭ گېپىگە ئاشۇلار ئىشەنمىسە كىم ئىشىنىدۇ؟ شۇجىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، قوتانلىرىمىزغا چارۋا ماللىرىمىز پاتمىسا توغرا بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، مايىقدۆڭدە خېلى جىق ئائىلىلىكلەر جەرىمانە - سېلىق تۆلەپ بولالماي چارۋا ماللىرىنى سېتىپ، ھازىر ھالالغا توخۇسى، ھارامغا مۇشۇكى يوق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

— پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئاسماندا سۆزلەيدۇ. ئاشۇنداق بولسا، يىللاردىن بېرى پاختىنىڭ ھۆددە كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنلاپ بولالماي، قويغان شۇنچە كۆپ جەرىمانىنى نېمىگە تۆلىدۇق؟ مايىقدۆڭدە كەنت كادىرلىرىدىن

باشقا پاختا تېرىپ جەرىمانە تۆلىمىگەن كىم بار؟ ئىزا تارتماي مولۇقىدىن ئۆچ يۈز جىڭدىن ساپ پاختا ئالدۇق دەيدۇ تېخى.

— خاپا بولۇشمىسىلا تۇغقانلا، — ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان داۋۇت داڭقان ھەيرانلىق بىلەن كۆلگىنىچە گەپكە قوشۇق سالدى، — ھەممىلىرى بىلىشىلا، ھاۋاز شۇجىنىڭ بۇ سان ـ ساناقلىرى بۇگۇنلا پەيدا بولۇپ قالغان ئەمەسقۇ؟ ئېتىزلىرىمىزدىن يۇقىرى مەھسۇلات بىلەن ئاشلىق، پاختا چىقمىغان، قوتانلىرىمىزدا چارۋا مال بولمىغان بىلەن، شۇجىنىڭ، كەنت كادىرلىرىنىڭ ئىش ئۇستىلىنىڭ تارتمىسىدىن سان دېگەن چىقىۋېرىدۇ. شۇڭا: «تارتمىدىن سان چىقىدۇ، ساننى كادىرلار ئۆستۈرىدۇ. كادىرلارنى سان ئۆستۈرىدۇ» دەيمىز ئەمەسمۇ؟

دېھقانلار پاراققىدە كۈلۈۋەتتى.

— ھوي داۋۇت ئاخۇن، بۇ گەپلەرنى شۇجى ئاڭلاپ قالمىسۇن يەنە، — دېدى بىرەيلەن كۈلكىدىن ئۆزىنى توختىتالماي.

— ئاڭلىسا خاپا بولىدۇ. خاتا بولسىمۇ دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ. چۈنكى، مەن داڭقان پۈتى گەپ قىلىمەن ئەمەسمۇ؟

ماياقدۆڭلۈكلەرنىڭ كۆرگۈلۈكى تۈگىمىگەنىدى. ئۇلارنىڭ تارتقان جەبىر ـ جاپالىرىنى ئاز كۆرگەندەك، تۇيۇقسىز ماياقدۆڭدە چاشقان كۆپىيىپ ئاپەتكە ئايلاندى. چاشقانلار دېھقانلارنىڭ ئۆيىدىكى ئاشلىقلارنى، ئېتىزلىقلىرىدىكى زىرائەتلەرنى، ھەتتا مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىرىنىمۇ شېخىدىلا يەۋەتتى. ئۇلار ئادەمدىن ھېيىقمايتتى. مۈشۈكتىن قورقمايتتى، چاشقانلار ئىتنىڭ تۈكىدەك كۆپىيىپ كەتكەنىدى. پۈتكۈل ناھىيە چاشقانلارنىڭ ئېغىر تەھدىتىگە ئۇچرىغانىدى. ناھىيە رەھبەرلىكى ئومۇمىي خەلقنى چاشقان ئاپىتىگە قارشى تۇرۇپ چاشقان تۇتۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. نەچچە تونىلاپ چاشقان يوقىتىش دورىلىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن يۆتكەپ كېلىندى.

ھاۋاز شۇجىمۇ ماياقدۆڭدە چاشقان يوقىتىش سەپەرۋەرلىك

يىغىنى ئاچتى. يىغىندىن كېيىن ھەربىر ئائىلىگە چاشقان يوقىتىش دورىسى تەقسىم قىلىپ بەردى. «دورىنىڭ باھاسى بەك ئۆرە ئىكەن، پۇلىنى تۆلەپ بولالمايمەن، ئازراق سېتىۋېلىپ تۇراي» دېگەنلەرگىمۇ مەجبۇرىي تاڭدى.

— بۇ يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، — دېدى شۇجى گۇرگىرەپ، — يۇقىرى بۇ دورىلارنى كەنتكە تەقسىم قىلىپ بەرگەن. شۇڭا، مەنمۇ ھەرقايسىلىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردىم. دورىنى قىممەت ئىكەن، دەپ ئېلىشمىسىلا ئۆزى مەن ئۆيۈمگە ئەكېتىپ چېلىپ ئىچەمتىم؟ تومۇرۇمنى تۇتۇپ باقماي چىرايلىقچە ئېلىشسىلا، شۇنىمۇ دەپ قوياي، چاشقان دورىسى سېتىۋېلىشقا قارشى چىققۇچىلاردىن ئەللىك كويدىن جەرىمانە ئېلىنىدۇ.

چاشقان دورىسى تەقسىم قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ھاۋاز شۇجى ھەربىر ئائىلىنىڭ ئالدىنى ئالا تۈزۈپ، جەدۋەللەشتۈرۈپ قويۇلغان چاشقان يوقىتىش ۋەزىپىسى - نورمىسىنى ئېلان قىلدى.

— ھەممىلىرى ئۆزلىرىنىڭ چاشقان يوقىتىش ۋەزىپىلىرىنى ئېنىق ئاڭلىشىۋاللىڭلۇ دەيمەن؟ — دېدى ھاۋاز شۇجى ۋەزىپىنى ئېلان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، — ۋەزىپە ئاشۇنداق بېكىتىلدى. ۋەزىپىدىكى تۇتۇشقا تېگىشلىك چاشقان سانىدىن بىر تال چاشقان كەملەپ قالسا، بەش كويدىن جەرىمانە ئېلىنىدۇ.

— مېنىڭ پىكرىم بار، — دېدى داۋۇت داڭقان ئورنىدىن تۇرۇپ، — تۇتۇپ ئەكەلگەن چاشقاننى سېتىۋالامدۇ؟

— ياق! — دېدى ھاۋاز شۇجى زەردە بىلەن.

— ئۇنداق بولسا قانداق بولىدۇ، شۇجى؟ بىز چاشقان دورىسىنى بازار باھاسىدىن نەچچە ھەسسە قىممەت سېتىۋالغان تۇرساق.

— چاشقان دورىسىنىڭ يۇقىرىدىن چۈشۈرۈپ بەرگەن باھاسى ئاشۇنداق. پىكرىڭلار بولسا يۇقىرىغا دەڭلار، — دېدى ھاۋاز

شۇجى بوغۇلغان ھالدا.

— يەنە بىر گەپ، — دېدى داۋۇت داڭقان گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ھازىر سىلى نوپۇس بېشىغا بەلگىلەپ بەرگەن چاشقان تۇتۇش ۋەزىپىسىدىن قارىغاندا، پۈتۈن مايادۈڭدىن تۇتۇشقا تېگىشلىك چاشقان ئىككى يۈز مىڭدىن ئېشىپ كېتىدىكەن. مېنىڭچە، مايادۈڭدە ھەرقانچە جىق چاشقان بولسا يەتمىش ـ سەكسەن مىڭدىن ئېشىپ كەتمەس. شۇنداق بولغاندا، مايادۈڭدىكى ھەممە چاشقاننى تۇتساقمۇ ۋەزىپىمىز ئورۇنلانمىغۇدەك. ئۇ چاغدا قايسى چاشقاننى تۇتۇپ ۋەزىپىمىزنى ئورۇنلايمىز؟ ۋەزىپە بەك ئېغىر قويۇلۇپ قالدىمۇ، قانداق؟

— بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كارىم يوق. مەن ئۆلۈك چاشقاننى ساناپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنى، ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالمىسا بەلگىلىمە بويىچە جەرىمانە ئېلىشنى بىلىمەن. ئىشقىلىپ، مايادۈڭدە چاشقان تۈگەپ كەتسە باشقا يەردە بار.

— ئۇنداقتا، چاشقان تۇتۇش ۋەزىپىسىنىمۇ خۇددى پاختا مەھسۇلات كۆرسەتكۈچىنى، باشقا جايلاردىن قىممەت باھالىق پاختا سېتىۋېلىپ كېلىپ ئۆزىمىزنىڭ ئېتىزىدىن چىققان پاختىغا قوشۇپ ئۆتكۈزۈپ ئورۇنلىغانغا ئوخشاش، چاشقانلارنىمۇ سىرتتىن سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ ئورۇنلايدىكەنمىز ـ دە؟!

ھاۋاز شۇجى سەت گۈلەيدى. چىرايى غەزەپتىن قارىداپ، قانتالاش كۆزلىرى قىزاردى، چاشقان بۇرۇتى لىكىلدىدى، ھەلەپ يەۋاتقان كالىدەك پۇش ـ پۇش تىنىشقا باشلىدى.

داۋۇت داڭقان ئۆزىگە ئۆزى سۆزلىگەندەك غۇدۇرىدى:

— تازىمۇ بىر كۈلكىلىك ئىشقۇ بۇ. ئۆلۈك چاشقاننى سېتىۋالىمىز دېسە، خەق نېمە دەپ قالار؟ بۇنى بىلگەن بولسام، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆيگە ئۆگىنىۋالغان چاشقانلارنى ئۆلتۈرۈۋەتمەي تازا باقىدىكەنمەن.

ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن خىرىلدىغان كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى.

مايادۈڭدە چاشقان يوقىتىش ھەرىكىتى جىددىي باشلاندى. بۇ

ئىشقا ھېچكىم سۇسلۇق قىلمىدى، ساقلاپمۇ تۇرمىدى. چۈنكى، ھېچكىمنىڭ جەرىمانە تۆلىگۈسى يوق ئىدى. جەرىمانىنىڭ گېپى چىقسا، ماياقدۆڭلۈكلەرنىڭ پۇت - قولى سىرقىرايدىغان، يۈرىكى ھازىرلا قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك گۈپۈلدەپ سالىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ماياقدۆڭلۈكلەر ئۆيلىرىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا، ئاشلىق قاچىلانغان خاپان، تاغارلىرىنىڭ ئەتراپىغا، قازناق ئۆيلىرىگە، ھويلىسىنىڭ ئەتراپىغا، باغلارغا، خامانلارغا چاشقان دورىسى سېلىپ، ئەتىسىلا بىر چوڭ چاتاق چىقتى. بۇ ئويلىمىغان چاتاق ئىدى؛ دورىدا ئۆلگەن چاشقانلارنى يېگەن مۈشۈكلەر بىر - بىرلەپ ئۆلۈشكە باشلىدى. مۈشۈكنى خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەزىرى چۈشكەن ھايۋان دەپ ئۇلۇغلايدىغان، ئۇخلاپ قالغان مۈشۈكنىڭ ئۆيقۇسىنى بۇزۇۋېتىشتىنمۇ ئېھتىيات قىلىدىغان ماياقدۆڭلۈكلەر مۈشۈكلەرنىڭ ئۆلۈكلىرىنى كۆرۈپ، ئېغىر گۇناھ ئىش قىلىپ قويغاندەك ۋىجدانغا ۋەھىمە ئولاشتى، يۈرىكى ئېچىشتى. كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ تۇرۇپ خۇدادىن گۇناھلىرىنى تىلەشتى.

چاشقانلار يوقىتىلدى. ماياقدۆڭدە ھېچكىم چاشقان يوقىتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمىدى. قوشنا كەنتلەردىن، قوشنا يېزىلاردىن، يىراق - يېقىندىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ مەھەللىلىرىدىن چاشقان تۇتۇپ كەلگەنلەرمۇ بولدى. شۇنچە پۇلغا سېتىۋالغان چاشقان دورىلىرىمۇ تۈگىدى. لېكىن، چاشقان يوقىتىش ۋەزىپىسى ئورۇنلانمىدى. ھاۋار شۇجى چاشقان يوقىتىش ۋەزىپىسىنىڭ كەملىگەن قىسمىغا ئالىدىغان جەرىمانىنى بىرمۇبىر تەپسىلىي ھېسابلاپ، دېھقانلار كۆزدە كېۋەز ساتقاندا بىراقلا يىغىۋېلىش ئۈچۈن دەپتەرگە تىزىملاپ قول قويدۇرۇۋالدى. ماياقدۆڭلۈكلەر پاتاڭغىچە قەرزگە بوغۇلدى. يەنە بىر ئالاھىدە ئەھۋال، مۈشۈك تۈتىيا بولۇپ كەتتى. پۈتكۈل ماياقدۆڭ تەۋەسىدە بىرمۇ مۈشۈك قالمىغانىدى. داۋۇت داڭقان:

«دورا سالسا چاشقان ئۆلدى، چاشقاننى يەپ مۈشۈك ئۆلدى، مۈشۈكنى يەپ ئىت ئۆلدى... ئالۋاستىغا كەلسە تەمجىد توشۇمىغاندەك، شۇجىغا جەرىمانە تۆلەپ پۇل توشۇمىدى» دەپ «داڭقان پۇتى» گەپلەرنى قىلىپ كىشلەرنى كۈلدۈرۈپ يۈردى.

مۇشتۇمدەك چوڭلۇقتىكى تۇلۇمچاشقان ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن چىقىپ كەلدى. چاشقان ئاستا ماڭاتتى، مېڭىشلىرى غەمسىز، خەۋپسىز، بەخىرامان ئىدى. ئۇ بۇ ئۆيدە بۇنداق مېڭىشقا، يۈرۈش – تۇرۇشقا كۆنۈپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ لېگەندىكى ناننى غاجىلاشقا باشلىدى. نان قاتتىق ئىدى. چاشقاننىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىنىڭ غاجىلاشلىرىدىن «كىرىس – كىرىس» قىلغان يېقىمسىز ئاۋاز چىقاتتى. بۇ شەپىنى ئاڭلاپ قەپەستىكى مۈشۈك لەپپىدە كۆزىنى ئاچتى، كۆزلىرىدىن بىر خىل نەپرەتلىك قىزىل نۇر چاچرىدى، كۆكرىكىنى قەپەسكە ئۇردى، ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن قەپەسنى تاتىلىدى. قەپەس مۇستەھكەم ئىدى. سىم، تۆمۈرلەر بىلەن مەھكەم توقۇلغانىدى. ئۇ ئىلاجىسىز كۆزىنى چاشقانغا نەشتەردەك تىكتى. چاشقان مۈشۈكنىڭ شەپىسىدىن بېشىنى شۇنداقلا كۆتۈردى. چېكىتتەك قاپقارا كۆزلىرى بىلەن مۈشۈككە مەغرۇرلۇق، مەسخىرىلىك، ياراتمىغاندەك نەزەردە شۇنداقلا قارىدى – دە، يەنە بەخىرامان نان غاجىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىنىڭ نان غاجىلاشلىرىدىن «كىرىس – كىرىس» قىلغان يېقىمسىز ئاۋاز چىقاتتى.

ماياقدۆڭ يەنە بىر قېتىم تەۋرىدى. ھاۋاز شۇجىنىڭ جەرىمانىگە باغلاپ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن پۇتكۇل ماياقدۆڭلۇكلەر ھەرىكەتكە كېلىپ ماياقدۆڭنىڭ يوللىرىنى ئەينەكتەك تۇزلىدى. ئەپكەش – ھارۋىلاردا سۇ توشۇپ كېلىپ سۇ چاچتى. يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئورمان بەلبېغىدىكى ئوت –

چۈپلەرنى پاكىز قىردى. دەل ـ دەرەخلەرگە سۇ چېچىپ يوپۇرماقلاردىكى توپا ـ چاڭلارنى يۇدى. ماياقدۆك قۇياش نۇرىدا ساھىبجامالىلارنىڭ مەڭزىدەك ۋالىلداپ كەتتى.

ھەممىدىن بەك پايپېتەك بولغىنى يەنىلا ھاۋاز شۇجى بولدى. ئۇ ماياقدۆڭدىكى «ئالدىن بېيىغان دېھقان» ئايمەت دىلكانىڭ ئۆيىنى جابدۇماقتا ئىدى. ئۇ ئالدىنقى كۈنى كەنت مالىيەسىدىن چىقىم قىلىپ سېتىۋالغان ئۈچ پارچە زىلچا، ئون دانە دىۋان، بىر دانە رەڭلىك تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، بىر ئەينەكلىك ئىشكاپ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئايمەت دىلكانىڭ ئۆيىگە توشۇپ ئەكېلىپ، جاي ـ جايىغا تىزىشقا قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. ھازىرلا ئەكېلىپ سولاپ قويغان قوي ـ كالىلار ھەمراھلىرىنى سېغىنىدىمۇ ياكى ئايمەت دىلكانىڭ ئېغىلىنى ياتلىدىمۇ، ئەيتاۋۇر ھە دەپ بىرسى مۆرىسە، بىرسى مەرەيتتى.

بۇ ئاۋارىچىلىك، پايپېتەكچىلىكلەرنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ماياقدۆڭدە ھەممە ئادەم بىلەتتى. سەۋەبى ئاددىي: يۇقىرىدىن چوڭ باشلىق ماياقدۆڭگە كېلىپ دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىمەكچى، ئۇقتىلىق قىلىپ بىر ئائىلىگە كىرىپ دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى، ھال ـ ئوقىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەكچى. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا ماڭغان دېھقانلار بىلەن كۆرۈشۈپ سۆھبەتلەشمەكچىدى. ھاۋاز شۇجى دېھقانلارنى ھەرىكەتلەندۈردى. يۇقىرىدىن كەلگەن چوڭ باشلىققا قالايمىقان سۆزلىمەسلىك، سورىغان سوئالىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىش ھەققىدە قايتا ـ قايتا جېكىلىدى. خىلاپلىق قىلغۇچىلاردىن، چاندۇرۇپ قويغۇچىلاردىن ئېلىنىدىغان جەرىمانىنىمۇ بېكىتتى.

ئايمەت دىلكا ھەقىقەتەنمۇ بىرقەدەر ھاللىقراق دېھقان ئىدى. تۆزۈك ئۆي ـ بىساتى بولمىغان بىلەن ئېغىلدا تۆت ـ بەش تۇياق چارۋىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا گۈلدەك دىلكالىق ھۈنىرى ۋە ساقال بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ جىگدە يۇراپ قالغان ئۈچ ئوغلى

بار ئىدى. ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭ قولى ياغاچچىلىققا خېلى ئوبدان قاملىشاتتى. ئۆي سېلىش، ئۆي يېپىش قايسى دېهقان بالىسىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ دەيسىز. لېكىن، ئۇلارنىڭ هۈنىرى سەل ئۆزگىچىرەك ئىدى. ئايمەت دىلكا ئوغۇللىرىنى بىر ئامال قىلىپ ئۆيلەپ قويۇش قارارىغا كېلىۋىدى، يېتىپ - قوپۇۋاتقان ئۆيىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ لاسسىدە بولۇپ قالدى. ئوغۇللىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، كونا ئۆيىنىڭ بىقىنىغا باغ تەرەپكە تارتىپ تۇرۇپ ئۈچ ئېغىز ئۆي سالدى. ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ چوڭلىرىنى كېسىپ، ئۆيىنى كۆرگەن ئادەمنىڭ هەۋىسى كەلگۈدەك قىلىپ، پېشايۋانلىق قىلىپ يېپىۋالدى. ئۆي پۈتتى، لېكىن ئۆيگە تېزغۇدەك تۈزۈككىنە بىسات يوق ئىدى. پىلاندا بۇ يىل كېۋەز ساتقاندىن كېيىن چوڭ ئوغلىنى ئۆيلەپ قويماقچىدى. هاۋاز شوجى جەرىمانە سۈيلەپ كېلىپ بۇ ئۆيىنى كۆرگەنىدى. يۇقىرىدىن كەلگەن باشلىققا بىر دېهقان ئائىلىسىنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىش ئىشى بېشىنى قاتۇرۇشى بىلەن تەڭلا دەرهال ئايمەت دىلكانىڭ مۇشۇ ئۆيلىرى كۆز ئالدىغا كەلدى. ماياقدۇڭدە باشلىقنى خاتىرجەم باشلاپ كىرگۈدەك بىردىنبىر ئۆي پەقەت مۇشۇ ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ دەرهال ئايمەت دىلكانىڭ ئۆيىنى جابدۇشقا كىرىشتى.

ئايمەت دىلكا دەسلەپ ئۇنىمىدى:

— خەقنىڭ نەرسىلىرىنى ئۆزۈمنىڭ دەپ يۇقىرىدىن كەلگەن باشلىققا يالغان سۆزلىيەلمەيمەن. كۆرسەتكۈلىرى بولسا، ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى كۆرسەتسىلە، سىلىنىڭ ئۆيلىرى هەم چوڭ، هەم كاتتا. ئۆي بىساتلىرىمۇ خىل. مېنىڭ ئۆيۈمنى كۆرۈدىغان ئىش بولسا، مۇشۇ پېتىچىلا كۆرسۇن. كەمبەغەل بولسامۇ كىشىنىڭ جۇۋىسىدا تەرلىمەيمەن، — دەپ جاھىللىق قىلدى.

— ئۆزۈمنىڭ ئۆيۈمگىمۇ باشلىغۇم بار ئىدى، — دېدى هاۋاز شوجى ئايمەت دىلكاغا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، —

ناھىيە باشلىقلىرى: كەنت كادىرلىرىنىڭ ئۆيىگە باشلىساڭلار بولمايدۇ، چوقۇم دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە باشلايسىلەر، دەپ تۇرۇۋالدى. بۇ يالغۇز مېنىڭ ئىشىم ئەمەس. بۇ ئىشقا ماقۇل دېمىسىلە زادى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئورنىغا بىر قېتىملىق ئەمگەك ـ ھاشارلىرىنى كۆتۈرۈپ بېرىمەن.

ماياقدۆڭدە ھاۋاز شۇجېنىڭ سۆزىنى كىممۇ يىرالىغان؟! ئاخىر ئايمەت دىلكا يۇمشىدى. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش ئەھۋالىنى باشلىققا قانداق سۆزلەپ بېرىش، نېمىنى دېيىش، نېمىنى دېمەسلىك ھەققىدە ئۇزاق تەلىم بەردى. يالغان سۆزلەپ باقمىغان، كۆڭلىدە نېمىنى ئويلىسا، نېمىنى كۆرسە شۇنى دەپ ئۆگەنگەن، جىسمانىي ئەمگەكتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بۇ ساددا دېھقاننىڭ بىر قىسىم سىياسىي ئاتالغۇلارغا ئاغزى كەلمەي ھاۋاز شۇجېنى خېلى ئوبدان تېرىكتۈردى. ئۇلار بىرنەچچە قېتىم قىزىرىشىپ قالغانمۇ بولدى.

چوڭ باشلىق ۋە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ يېزا باشلىقلىرى كەلدى. شۇجېنىڭ دەبدەبىلىك سان ـ سېپىرغا تولغان دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ئايمەت دىلكانىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇنىڭدىن بىرنەچچە ئېغىز سوئال سورىدى. ئايمەت دىلكا قىزىرىپ، ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ، دۇدۇقلىغىنىچە ھاۋاز شۇجېنىڭ ئۆگەتكىنىدەك جاۋاب بەردى. باشلىق ئۆينى، ئۆي بىساتلىرىنى، ئېغىلدىكى قوي ـ كالىلارنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇش بولدى ھەم دېھقانلارنى تېزرەك مۇشۇنداق يېڭى تۇرالغۇغا، ئىسسىق ئائىلە مۇلۇكلىرىگە، چارۋا مالغا ئىگە قىلىش ھەققىدە ناھىيە، يېزا رەھبەرلىرىگە يوليورۇق بەردى. دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ھەقىقىي تۇردە يەڭگىللىتىپ، قالايمىقان ھەق ـ سېلىق ئالماسلىقنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىدى. چوڭ باشلىق كەتتى. ئۇلارنىڭ پىكاپى مەھەللە ئىچىدىن چىقىپ بولغۇچە ئايمەت دىلكانىڭ ئۆيىدىكى بىساتلار، ئېغىلدىكى قوي ـ كالىلار ئېلىپ كېتىلدى. ئايمەت

دىلكانىڭ يەنىلا ئۆزىنىڭ تۆت تېمى قالدى. ئۇ بايىلا چوڭ باشلىقنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭكى» دېگەن ۋاقىتتا، بۇ نەرسىلەر راستىلا ئۆزىنىڭكىدەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى. قورۇقدىلىنىپ قالغان ئۆيگە قاراپ ئۇنىڭ ئىچى ئىپادىلىگۈسىز بىر خىل ئاچچىق ھېسلارغا تولدى. بۇرنىنىڭ ئىچى ئېچىشىپ، كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا چوڭ ئوغلىغا تۇتۇپ بېرىدىغان بۇ ئۆيلەرنى ئاشۇنداق ئېسىل ئۆي بىساتلىرى بىلەن بېزەپ بېرىش ھەۋىسى قوزغالدى. بىراق، ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق ئىدى.

كۆز پەسلىنىڭ قارا يامغۇرى مايىقدۆڭلۈكلەرگە ھاۋاز شۇجىنىڭ جەربانىسىدىنمۇ ئېغىر ۋەھىمىلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۈچ كۈندىن بېرى يامغۇر ھېلى توختاپ، ھېلى يېغىۋاتاتتى. ئومۇمىيۈزلۈك چاشقان يوقىتىشتىن كېيىن يەنە چاشقان پەيدا بولدى. مۇشۇك بولمىغانلىقى ئۈچۈن تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ كەتكەنىدى. بۇ چاشقانلارغا دورىمۇ كار قىلمايۋاتاتتى. يامغۇر سۈيى چاشقان تېشىۋەتكەن كامارلاردىن ئۆيلىرىگە ئېقىپ كىردى. بىر قىسىم ئاجىزراق تاملار ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ناھىيە، يېزا رەھبەرلىرى قاتتىق يامغۇرغا پەرۋا قىلماي مايىقدۆڭگە كېلىپ، دېھقانلاردىن ھال سورىدى. كونا، ئاجىز ئۆيلەرگە بىخەتەرلىك تەدبىرى كۆرۈپ، بالا ـ قازانىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە يوليورۇق بەردى.

يامغۇر توختىغاندىن كېيىن ناھىيەدىن ھال سوراش ئۈچۈن كادىرلار چىقتى. ناھىيە رەھبەرلىكى ھەرقايسى ئىدارە ـ جەمئىيەتلەرنى يامغۇر ئاپىتىگە ئۇچرىغان يېزا ـ كەنتلەردىن ھال سوراشقا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. مايىقدۆڭگىمۇ قايسىبىر ئىدارىدىن ئىككى پىكاپتا ئون كادىر ھال سوراش ئۈچۈن تۆت قاپ ئوغۇت، ئالتە خالتا ئاق ئۇن ئېلىپ چىقتى. ئۇلار ھاۋاز شۇجى كۆرسىتىپ بەرگەن جىددىي قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك نامرات ئائىلىلەرگە بىر خالتىدىن ئوغۇت ياكى بىر خالتىدىن ئۇن

تارقىتىپ بەردى. ئاندىن كەنت كومىتېتى قورۇسىدا ھاۋاز شۇجى كەنت نامىدىن ئۇيۇشتۇرغان قارشى ئېلىش زىياپىتىگە ئاران ئۈلگۈردى. لېگەن ـ لېگەنلەردىكى مەي ـ مەي پىشىپ كەتكەن پاقلان، توخۇ گۆشلىرىنى ئىشتىھا قىلىپ يېيىشتى. ھاراقلارنى خۇش كەتتى قىلىپ ئىچىشتى. ماياقدۆڭ كەنتى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ماياقدۆڭلۈكلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشىگە ياردەم بېرىش ھەققىدە ۋەدىلەر بېرىلدى ۋە ئېلىندى. سورۇن تازا قىزىغان ۋاقىتتا سىرتتا ئۇششاق بالىلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ماۋۇ شۇملارنى ھەيدىۋېتىڭلار، نېرى ئوينىسۇن، گەپنى ـ گەپكە قوشتۇرماي... — دېدى ھاۋاز شۇجى كەنت كادىرلىرىدىن بىرسىنى بۇيرۇپ.

شۇ ھامانلا كەنت كادىرىنىڭ بالىلارنى تىللاپ ھەيدىگەن، بالىلارنىڭ چۇرقىرىشىپ، يۈگۈرۈشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ھاۋاز شۇجى ھاراق كەيپىدە خېلىلا قىزىرىپ قالغانىدى. ئۇ قولىغا ھاراق رومكىسىنى ئېلىپ، دېھقانلارغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، بالىلار دېرىزىنىڭ ئارقا تەرىپىگە كېلىپ يەنە چۇرقىراشتى. بۇ قېتىم ئۇلار بىرلىكتە بىر قوشاقنى دېكلاماتسىيە قىلماقتا ئىدى:

شەدىن كادىر چىقتى ھال سوراپ،
ماشىنىدىن چۈشەر ـ چۈشمەي نان سوراپ.
نامراتلارغا ئۇن تارقاتتى ئەھۋال سوراپ،
قارشى ئېلىپ زىياپەت بەردۇق قوي سوياپ.
پاقلان باققان دېھقان قالدى كالپۇك شوراپ.

بۇ قوشاقنى ئاڭلاپ ھاۋاز شۇجىنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. مېھمانلارنىڭ چىرايىمۇ ئالىپاساق بولۇپ كەتتى. سورۇن قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك تىمتاسلىققا چۆمدى.

— چىقىپ بېقىڭلار، چىمىنىڭ شۇملىرى ئىكەن ئۇلار؟
— داۋۇت داڭقاننىڭ ئۈچ بالىسى باشقا بالىلارنى ئەگەشتۇرۇپ تۇۋلاشقىلى تۇرۇپتۇ.

ھاۋاز شۇجى سورۇنغا يېڭىنە ئىزدىگەندەك قاراپ چىقتى. سورۇندا داۋۇت داڭقان يوق ئىدى. ھاۋاز شۇجى دەردىنى ئالىدىغان، ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان ئادەم تاپالماي بوغۇلدى. غەزەپتىن پۇتۇن ئەزاسىدىكى تۈكلەر تەتۈر ياندى. داۋۇت داڭقان سورۇندىن خېلى بۇرۇنلا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ چىقىپ كەتكىنىگە ھېچكىم دىققەت قىلمىغان، دىققەت قىلسىمۇ كارى بولمىغانىدى. ئۇ ھازىر سورۇندا بار بولغان بولسا، ھاۋاز شۇجى نەق مەيداندىلا ئۇنىڭغا بالىلىرىنى باشقۇرالمىغانلىق گۇناھىنى ئارتىپ، مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىغان، تۆپىلەپ جەرىمانە قويغان، شۇ ئارقىلىق مۇنۇ مېھمانلارغا ئۆزىنىڭ سۇر - ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ قويغان بولار ئىدى. خەيرىيەت، ئۇمۇ بولۇپ قالار.

مېھمانلار كېتىپ نەچچە كۈن ئۆتمەي داۋۇت داڭقاننىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى. ئۇ مۇئاۋىن مۇدىرلىقتا قانداق تۇيۇقسىز تەيىنلەنگەن بولسا، يەنە شۇنداق تۇيۇقسىز قالدۇرۇلدى.

— ئادەم بولۇپ قالار، پەيلىنى ئۆزگەرتەر، دەپ شۇنچىۋالا ياخشىلىق قىلسام بىلمىدىڭ، خىيالىدا مېنى قورقىتى دەپ ئويلاپ، شەيتىنىڭ كىچىك كۆرسىتىۋاتقان ئوخشايدۇ. خەپ، ئالدىمدا ئىتتەك ئۆمىلەتمەيدىغان بولسام سەن غالچىنى، — دېدى ھاۋاز شۇجى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

— غالچىنىڭ غالچىلىقىنى قىلماق تەس ئىكەن. باغلاقتىن بوشىتىۋەتكەنلىرىگە ھەشقاللا، — دېدى داۋۇت داڭقان سەت ھىجىيىپ.

ھاۋاز شۇجى داۋۇت داڭقاننى مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن

قالدۇرۇپ ھەپتىدىن كېيىن كەنت كادىرلىرى ۋە ئامانلىق ساقلاش خادىملىرىنى باشلاپ داۋۇت داڭقاننىڭ ئۆيىگە كەلدى.

— داۋۇت ئاخۇن، كەنت بويىچە ھەممە ئادەمنىڭ بېشىدىكى جەرىمانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بولدۇق. يالغۇز سىلىلا قاپلا، ئاشۇ جەرىمانىنى...

— نېمە جەرىمانە ئىكەن ئۇ؟ ھېچ مېنىڭ گەدىنىمدە جەرىمانە باردەك قىلمايتتى؟ — دېدى داۋۇت داڭقان بۇ كۈتۈلمىگەن مېھمانلاردىن سەل گۇمانسىراپ. ئۇ لاپپىدە ھاۋاز شۇجىغا قارىدى. شۇجىنىڭ كۆلكە يېغىپ تۇرغان چىرايىدىن بىر خىل شۇملۇق چىقىپ تۇراتتى.

— چاشقان تۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالماي قالغان جەرىمانە، — دېدى كەنت بوغالتىرى چۈشەندۈرۈپ.

داۋۇت داڭقان دەرھال چۈشەندى. ئۆز ۋاقتىدا ھاۋاز شۇجى كەنت كادىرلىرىدىن ئېلىشقا تېگىشلىك جەرىمانىنى كەچۈرۈم قىلىۋەتكەندى. داۋۇت داڭقانمۇ مۇئاۋىن مۇدىر بولغانلىقى ئۈچۈن شۇ قاتاردا بۇ كەچۈرۈمنامىگە ئېرىشكەندى. مانا ھازىر ئۇنىڭ ھوقۇقى يوق. شۇڭا، ھاۋاز شۇجى دەرھال كەچۈرۈمنامىنى بىكار قىلىپ، چاشقان جەرىمانىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كىرىشكەندى. قانداق قىلىش كېرەك؟ جەرىمانە تۆلىمەيمەن دېسە، مایاقدۇڭدىن بالىچاقىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشى كېرەك. ئىلگىرىمۇ بىرنەچچە ئائىلە جەرىمانىگە چىدىماي كىندىك قېنى تۆكۈلگەن بۇ يۇرتتىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى. بۇ ھاۋاز شۇجىنىڭ جەرىمانە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئالاھىدە ئۇنۇملۇك چارىسى، بويتۇلا تۆلىۋېتەي دېسە، كەم تۇتقان چاشقانلار ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل كېتىدۇ. داۋۇت داڭقاننىڭ يانچۇقىدا ئۇنچىلىك پۇل يوق. مال - بىساتىنى ھېسابلاپ بەرسە، مایاقدۇڭدە تۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن بىلەن يەنە ئوخشاشلا ۋەيران بولىدۇ. داۋۇت داڭقان ئۈچۈن ھازىر قولىنىڭ ئالقىنىمۇ گۆش، دۈمبىسىمۇ گۆش، قايسى بارمىقىنى چىشلىسە ئوخشاشلا

ئاغرىيدۇ. ھاۋاز شۇجىننىڭ مۇغەمبەرلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىنى بىر خىل مەغرۇرانە كۇلكە قاپلىغان. خۇددى قەپەستىكى مۇشۇكنى كۆرگەن چاشقاننىڭ كۇلكىسىدەك.

— مەندە ھازىر جەرىمانە تۆلىگۇدەك پۇل يوق ئىدى، — دېدى داۋۇت داڭقان يىلىنغان ھالدا، — بىرنەچچە ۋاق مۆھلەت بەرسەڭلار، ھازىر مايامدۇڭدە يەنە چاشقان كۆپىيىپ كېتىپتۇ، مۇشۇك بولمىغاچقا، بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ۋەزىپىدىن كەملىگەن چاشقاننىڭ ئورنىغا چاشقان تۇتۇپ بەرسەم.

— بولمايدۇ، ھازىر تۇتقان چاشقان ھېساب ئەمەس، — دېدى ھاۋاز شۇجى كەسكىنلىك بىلەن.

— نېمىشقا ھېساب بولمايدىكەن؟ ھازىرقى چاشقانلارمۇ ئوخشاشلا ئاشلىق ـ زىرائەتلەرگە زىيان سېلىۋاتىدۇغۇ؟ بۇ چاشقانلارنى يوقاتماي نان چايناپ بېرىپ باقامدۇق يا.

— تولا داڭقان پۇتى گەپ قىلماي جەرىمانە تۆلەڭلا.

— تۆلىگۇدەك مەندە ھېچنېمە يوق ! — دېدى داۋۇت داڭقان تېرىكىپ، — ئالۋاستىغا كەلسە تەمچىد توشۇمىغاندەك ھەرقايسىلىرىغا جەرىمانە پۇل توشۇمايۋاتىدۇ. ئالىمەن دېسىلە خۇدانىڭ ئىسسىق جېنىنى ئالىلا.

— نېمە، سەن جېنىڭنى تىككەن ئوخشىمامسەن، ئۇششۇق! كۆكەرمىلىك قىلساڭ قورقۇپ قالمايمەن. سەن زەمبىلىكەش داڭقاننى چېقىپ پارە ـ پارە قىلىۋەتمەيدىغان بولسام، ھاۋاز شۇجى بولماي كېتەي.

— جېنىمنى تىكسەم تىكتىم. توخۇ جېنىدا پىچاق سۇرسە تېپىرلايدۇ. مەن دېگەن ئادەم. مايامدۇڭلۇكلەرنى بوزەك ئېتىپ ئۆتۈپ كېتىمەن دەپ ئويلىمىسىلا. يۇقىرىدا پارتىيە، ھۆكۈمەت بار. پارتىيەنىڭ سىياسىتى ھەممە يۇقراغا ئوخشاش.

— نېمە قايلاپ تۇرىسىلەر؟ يېتىپ قوپقۇدەك بىر ئېغىز ئۆي قالدۇرۇپ، قالغان ئۆي پېشايۋانلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، ياغاچ ـ تاشلىرىنى بىر يانغا دۆۋىلەڭلار، ئېغىلدىكى ئۇلاغ ـ ئىلمىكىنى

كەنتكە ئاپىرىۋېتىڭلار.

ھاۋاز شۇجىنىڭ بىر بۇيرۇقى بىلەن كەنتنىڭ ئامانلىق ساقلاش خادىملىرى كەنت كادىرلىرى بىلەن بىرلىكتە داۋۇت داڭقاننىڭ ئۆيىگە قاراپ تاشلاندى. ئۇلار كۆپ ئىدى. كۇچتۇڭگۇر ئىدى. داۋۇت داڭقان يالغۇز ھەم ئاجىز ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ھېلى ئۇنىڭغا، ھېلى بۇنىڭغا ئېسىلىپ بوي بەرمىدى. ئۇ شۇنداقلا بىر ئېسىلىۋېدى، بىر كەنت كادىرىنىڭ چاپىنى يىرتىلىپ كەتتى. بۇ ئوبدانلا باھانە بولدى. ئۇلار توپلىشىپ كېلىپ داۋۇت داڭقاننى ئۇرۇشقا باشلىدى. داۋۇت داڭقاننىڭ ئايالى، ئۈچ بالىسى يىغلىدى، يالۋۇردى. داۋۇت داڭقان تاياق زەربىسىدىن ھوشىدىن كەتتى.

ئۇ ھوشىغا كەلگەندە ئۆي خارابىلىككە ئايلانغانىدى. ئۆي - پېشايۋانلارنىڭ ياغاچلىرى، ئېغىلدىكى چارۋىلار ئېلىپ كېتىلگەنىدى. ئايالى بالىلىرى بىلەن بېشىدا مىشىلداپ ئولتۇراتتى.

— كېتەيلى، دادام بار يۇرتقا كېتەيلى، — دېدى داۋۇت داڭقاننىڭ ئايالى يالۋۇرۇپ، — ھازىرلا كېتەيلى.

— كەتسەڭ ئۆزۈڭ كەت، مەن كەتمەيمەن، — دېدى داۋۇت داڭقان جاھىللىق بىلەن، تاياق زەربىسىدىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ئاۋازى خىرقىراپ چىقاتتى، كۆزلىرىگە لىققىدە ياش كېلىپ قالغانىدى.

— بۇ ئەسكى تامنىڭ تارتىشقۇدەك نېمىسى قالدى ئەمدى بىزگە؟ كۆز كېلىۋاتىدۇ، بۇ ئۆيدە تۇرساق قىشچە بالىلارنى ئۈششۈتۈپ قويىمىز. ھەممىسى سىلىنىڭ كاساپەتلىرى. شۇجى بىلەن تولا ئېيتىشمىسىلا، كارىلىرى بولمىسۇن، نېمە دېسە سىلىنىڭ توغرا دەپ، دولىلىرىنىڭ ئاپتاپ كۆرگىنىگە شۈكۈر قىلىپ يۈرۈۋەرسىلە، دېسەم ئۇنىمايلا. ئاخىر مۇشۇ كۈنگە قالدۇق مانا...

— كۆزۈمدىن يوقال، قانجۇق!

داۋۇت داڭقان ياتقان يېرىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئايالىنى قاتتىق بىر تەستەك سالدى ـ دە، مەيدىسىنى تۇتۇپ يۆكىلەڭگىنىچە دۈمىلا چۈشتى. ئايالىنىڭ تاپا ـ تەنىسى ئۇنىڭ ئىچىشقان يېرىگە تۇز سەپكەندى.

ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ئايالىغا قاتتىق هار كەلدى. ئاران ـ ئاران تۇرغان ئايال سەۋر قاچىسىنى چىقىۋەتتى ـ دە، ئۈچ بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەتتى. داۋۇت داڭقان خارابىلىككە ئايلانغان بۇ هويلىدا هۇۋقۇشتەك يالغۇز قالدى.

قەپەستىكى مۇشۇكنىڭ قاتتىق مىياڭلىشى داۋۇت داڭقاننى ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇ كۆزىنى تەستە ئېچىپ مۇشۇككە قارىدى. مۇشۇكنىڭ قورسىقى ئاچقان بولسا كېرەك، قەپەستە تېپىرلايتتى، شىكايەت قىلغاندەك توختىماي مىياڭلايتتى. تىرناقلىرى بىلەن قەپەسنى تاتىلايتتى. لېكىن، قەپەستىن چىققۇدەك ماغدۇرى يوق ئىدى. داۋۇت داڭقان ئۆزىنى قەپەستىكى مۇشۇككە ئوخشاتتى. دېمىسىمۇ هازىر ئۇنىڭ قەپەستىكى مۇشۇكتىن هېچقانداق پەرقى قالمىغانىدى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ مۇشۇككە ئىچى ئاغرىپ قالدى: «نېمىشقىمۇ قەپەسكە سولاپ قويغان بولغىيدىم؟ قەپەسكە سولىنىپ چاشقانغا بوزەك بولۇپ ياشىغۇچە، ئەركىن ـ ئازادە هالدا ئۆز خاهىشى بىلەن بىرنەچچە چاشقاننى تۇتۇپ ئۆلۈپ كەتسە مەيلى ئىدىغۇ؟ ئۆلۈپ كەتمىسۇن دەپتىمەن. لېكىن، بۇ بىچارە قەپەستە تۇرۇپ، كۈنىگە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپتۇغۇ ...»

چاشقانغا دورا سالغاندىن كېيىن، مۇشۇكلەر دورا يەپ ئۆلگەن چاشقاننى يەپ، بىر ـ بىرلەپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ماياقدۆڭدە پەقەتلا مۇشۇك قالمىغانىدى. داۋۇت داڭقان قېيىنئاتىسى بار يۇرتقا بېرىپ بۇ مۇشۇكنى ئەكەلگەن ۋە دورا يەپ ئۆلۈپ قالغان چاشقانلارنى يەپ ئۆلۈپ قالمىسۇن دەپ بۇ تۆمۈر قەپەسنى ئالاهىدە بۇيرۇتۇپ توقۇتۇپ، مۇشۇكنى قەپەسكە سولاپ، ئاش ـ نان بېرىپ باققانىدى. شۇڭا، بۇ مۇشۇك دورا يەپ ئۆلۈپ قالغان

چاشقانلارنى يەپ سالماي ساق ـ سالامەت تۇرۇۋاتاتتى.

داۋۇت داڭقان تەكىيە بېشىدىكى لېگەندىن چاشقان غاجىلاپ قويغان ناندىن بىر پارچە ئېلىپ، مەزمۇت چىشلىرى بىلەن كاراسلىتىپ، چايناپ يۇمشاتتى ـ دە، قەپەسنىڭ ئىچىدىكى قاچىغا تاشلىدى. مۇشۇك ئاچ كۆزلۈك بىلەن ناننى يېيىشكە باشلىدى.

تۇيۇقسىز بىرنەچچە ئون چاشقان پىلدىرلاپ كەلگىنىچە لېگەندىكى ناننى كىرىسلىتىپ غاجىلاشقا باشلىدى. داۋۇت داڭقان ئاستا بېشىنى كۆتۈردى ـ دە، ھېچنېمىدىن ھېيىقماي بەخىرامان ھالدا نان غاجىلاۋاتقان چاشقانلارنى شاپالاپ، لېگەندىن قوغلىدى. چاشقانلار پارتلا قىلىپ قېچىپ كەتتى ـ دە، يەنە بىردەمدىلا قايتىپ كېلىپ لېگەندىكى ناننى غاجىلاشقا باشلىدى. داۋۇت داڭقان چاشقانلارنى قوروپ ھېرىپ قالدى. چاشقانلار ئۇنىڭدىن قورقمايتتى. خۇددى ئۇنىڭ بىلەن مۆكۈشمەك ئويناۋاتقاندەك پارتلا قاچاتتى، يەنە پەيدا بولاتتى. چاشقانلار داۋۇت داڭقاننىمۇ بوزەك ئېتىۋاتاتتى. داۋۇت داڭقان قەپەستىكى مۇشۇككە قارىدى. مۇشۇك ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن قەپەسنىڭ سىملىرىنى تاتىلايتتى، چىشلىرى بىلەن غاجىلايتتى. ئۇنىڭ تىرناقلىرى، تۇمشۇقى قىپقىزىل قان ئىدى. داۋۇت داڭقاننى بىردىنلا غېرىبلىق باستى. ۋۇجۇدىغا كەلكۈن سۈيىدەك يامرىغان بىر خىل خورلۇق، دەرد ـ ئەلەمدىن ھەربىر ھۇجەيرىلىرىگىچە لەرزىگە كەلدى. ئۇ ئاخىر ئۈن قويۇپ، ھۆڭگىرەپ يىغلىۋەتتى...



www.uyghurkitap.com

# غورا پەسلى

ئادىل بارلىق دەرد ـ ئەلەمنى چىقىرىۋالماقچى بولغاندەك دۇتارنىڭ ئاۋۋال زىل تارىنى، ئاندىن بوم تارىنى زەرب بىلەن ئۇزۇۋەتتى. سۆڭگىچىدە پۇلاڭلاپ يىگىتلىك قامىتىگە سۆلەت بېرىپ تۇرىدىغان خەنجىرنى غىلىپىدىن چىقىرىپ، سۆيۈملۈك دۇتارنىڭ قارنىغا ۋاچچىدە تىقىۋەتتى. شۇنىڭدىمۇ ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا كەلكۈندەك يامراپ، يۈرىكىنى تۈمەنمىڭ ھەرە چاققاندەك ئېچىشتۇرۇۋاتقان دەرد ـ ئەلەمنى بېسىۋالالمايۋاتاتتى. دېمىسىمۇ ئۇ قىزىلمۇچتەك ئاچچىق بار يىگىت ئىدى.

ھەئە، شۇ تاپتا گۈلنارنىڭ تويى بولۇۋاتاتتى.

قۇمتۇۋى مەھەللىسىدىكى ھاشىمباينىڭ كاتتا قورۇسىدىكى پېشايۋاننىڭ ئۆگزىسىگە ئالايتەن ئورنىتىلغان كانايدىن چىقىۋاتقان تويىنىڭ نەغمە ـ ناۋاسى بىر ئۇن يېتىم يىراقلىقتا جايلاشقان زەيبويى مەھەللىسىگە ناھايىتىمۇ ئېنىق ئاڭلىناتتى.

قۇمتۇۋى مەھەللىسى بىلەن زەيبويى مەھەللىسىنى توغرىسىغا سوزۇلغان سازلىق ئايرىپ تۇراتتى. بۇ يۇرتنىڭ ئەسلىدىكى ئىسمى زەيبويى ئىدى. يېقىنقى ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بېرى يېزىلىق ھۆكۈمەت يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆي قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتقانلىقى ئۈچۈن، ئاۋۋال مەھەللىدىكى ئالدىن بېيىغانلار، كېيىن ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىرقەدەر ياخشى دېھقانلار بىر ـ بىرلەپ سازلىقنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى قۇملۇقنىڭ باغرىغا بېتون، پىششىق خىش قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنى سېلىپ كۆچۈپ كەتتى. ئەنە شۇ كۆچكەنلەرنىڭ بىرىنچىسى

زەيبويى مەھەللىسىدە ئەڭ ئاۋۋال ئۇن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى قۇرۇپ ئالدىن بېيىغان دېھقان ھاشىم بارات ئىدى. مەھەللىدىكىلەر كېيىنچە ئۇنى ھاشىمباي دەپ ئاتىۋېلىشقانىدى. بىرا، كەنت كادىرلىرىنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلەپ سەپەرۋەر قىلىشى، دۆلەتنىڭ يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆي قۇرۇلۇشىغا بېرىدىغان قوشۇمچە پۇلنىڭ رىغبەتلەندۇرۇشى بىلەن بىر قىسىم دېھقانلار ھاشىمبايغا ئەگىشىپ، ئۆي سېلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن كۆچۈپ كېلىشتى ـ دە، بۇ يېڭى مەھەللىنى قۇمتۇۋۋى دەپ ئاتاشتى. ئەسلىدىكى زەيبويى مەھەللىسى تەبىئىي ھالدا نامراتلارغا سىمۋول بولۇپ قالدى. ئادىلنىڭ ئۆيى دەل مۇشۇ زەيبويى مەھەللىسىدە ئىدى. تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ئانىسىدىن يېتىم قالغان ئادىل ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. كېسەلمەن دادىسى كىچىك ئاخۇن ئېتىز ـ ئېرىق ئىشىغا قارىشالمايتتى. گەرچە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالمىغان بولسىمۇ، سالامەتلىكى خېلىلا ناچار ئىدى. ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن ئاران چىقالايتتى. كىچىك ئاخۇننىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن پۇلغا يارىغۇدەك بىساتلارمۇ پۇتۇنلەي سېتىلىپ تۈگىگەنىدى. كېسەلچان دادىسىغا قاراش، ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ ئىشلىرىنى قىلىش، ئۇچ قېرىندىشىغا ئاتا بولۇش ئادىلنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. شۇ سەۋەبتىن ئادىل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرالماي، زەيبويىغا قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ دەسلەپتە خېلىلا غەيرەت قىلىپ باقتى. يالغۇز جېنى بىلەن ھەرقانچە تىرىشسىمۇ ئائىلىسىنىڭ نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتەلمىدى. ئائىلىسى كەنت مالىيەسىگە خېلىلا كۆپ قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانىدى.

ئادىلنىڭ مەرھۇم ئانىسى ئۆز ۋاقتىدا ناخشا ـ سازغا خېلىلا ھەۋەسى بار ئايال بولۇپ، دۇتارنى يامان ئەمەس چالاتتى. خېلى كۆپ خەلق ناخشىلىرىنى بىلەتتى. ئادىل دۇتار چېلىشنى ئانىسىدىن ئۆگەنگەنىدى. دائىم مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت

پائالىيەتلىرىدە دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىپ ئوقۇتقۇچى، ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشەتتى. ئىشقىلىپ، ئۇ مەيلى مەكتەپتە، مەيلى مەھەللىسىدە بولسۇن، تەڭتۇشلىرىنىڭ گۈلى ھېسابلىناتتى. كېيىن مەھەللىدىكى توي، بەزمە ـ مەشرەپلەر ئۇنىڭسىز قىزىمايدىغان بولدى. ھازىر ئۇ ئىككى مەھەللىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن سازەندىسى بولۇپ قالدى.

ھەئە، ئوقۇشتىن چېكىنگەن ئادىل ئىككى ـ ئۈچ يىل جان ـ جەھلى بىلەن دېھقانچىلىق قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئاخىر بەل قويۇۋەتتى. چۈنكى، ئۇ يالغۇز كېلىپ قالدى. ئىنى ـ سىڭىللىرى ئانچە ـ مۇنچە ياردەملەشكەندەك قىلسىمۇ ئۇلار يەنىلا بالا ئىدى. ئاكىسىنىڭ جېنىغا جان قوشالىغۇچىلىكى يوق ئىدى. يەر بولسا چاپقان كەتمەنگە تۇشلۇق ھوسۇل بېرەتتى. ئادىلنىڭ ھوسۇلسىز دېھقانچىلىقتىن رايى قايتىپ قالغانىدى. ئەنە شۇنداق كۈنلەردە مەھەللىدىكى ياشلار ئۇنى سورۇنلىرىغا قوشۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دېھقانچىلىقتا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەي، كەتمەننىڭ ئورنىغا دۇتارنى ئالماشتۇردى. سورۇنلاردا دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ يۈرۈپ چېكىشنى، ئىچىشنى ئۆگەندى. ئائىلىسى بولسا نامرات پېتى قېلىۋەردى. دادىسىنىڭ كېسىلى يا ياخشىلانمىدى، يا ئېغىرلاشمىدى.

ئادىل گاھ قۇمتۇۋۋى مەھەللىسىدىكى، گاھ زەيبۇيى مەھەللىسىدىكى توي، مەشرەپلەردە دۇتار چېلىپ، ناخشا توۋلاپ يۈرۈپ تۇيمايلا ئاشىق بولۇپ قالدى، ئۇ ئىككى مەھەللىدىكى قىزلارنىڭ كۆزى بولغان ھاشىمباينىڭ ئەتىۋارلىق قىزى گۈلنارغا كۆيۈپ قالغانىدى. بۇ مەزگىلدە بىر قىسىم تەڭتۇشلىرى توي قىلىپ، بىر ئۆينىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىرىشقا باشلىغانىدى.

ئۇ دەسلەپتە ئائىلىسىنىڭ، دادىسىنىڭ، قېرىنداشلىرىنىڭ غېمى، ئىتىز ـ ئېرىقنىڭ جاپاسى بىلەن بولۇپ، مەھەللىدىكى قىزلارغا ئانچە سەپسىلىپ كەتمىگەنىدى. ئۆتكەن يىلى ناھىيە

www.uyghurkitap.com

مەركىزىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ قايتىپ كەلگەن گۈلنار توي ـ مەشرەپلەردە ئوينىغان كېپىنەكتەك لەرزان، شوخ ئۇسسۇللىرى، تال چىۋىقتەك قامىتى ۋە ئوماق چېھرىسى بىلەن بىردىنلا ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. شۇ چاغدا گۈلنار ئىككى مەھەللىدىكى يىگىتلەر ئارىسىدا پاراڭنىڭ تېمىسى بولۇپ قالغانىدى.

— گۈلنار ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي قايتىپ كەپتۇ.

— ياق، ئۆتۈپتىكەن، ھاشىمباي ئوقۇتماپتۇ.

— شەھەردە تۇزۇك ئوقۇماي ئوينىغان گەپ...

— قارىسىغا گەپ قىلماڭلا، ئاڭلىشىم، ئىمتىھاندىن راستلا ئۆتۈپتىكەن. ئۇرۇمچىدىكى بىر ئالىي مەكتەپتىن چاقىرىقمۇ كەپتىكەنىمىش.

— كىندىكىنى پۇلدا كەسكەن ھاشىمباي ئوقۇتماپتۇ ـ دە.

— يىلىغا ئاز دېگەندىمۇ سەككىز ـ ئون مىڭ كوي پۇل كېتىدىغان تۇرسا.

— بەش يىل ئوقۇيدۇ دەڭلا.

— ھاشىمبايغا ئۇنچىلىك پۇل ھېچ گەپ ئەمەس.

— گۈلنار دادىسىغا يالۋۇرۇپ خېلى يىغلاپتىمىش.

— ئوقۇتقۇچىسىمۇ شەھەردىن ئالايىتەن چىقىپ ھاشىمباي بىلەن سۆزلىشىپتۇ.

— ھاشىمباي پۇل بېرەپ قىلىپ قىز بالىنى ئوقۇتىدىغان ئەخمەق ئەمەسمەن دەپتۇ.

— ئۇمۇ راست. شۇنچە پۇلنى خەجلەپ ئوقۇغان بىلەن خىزمەت نەدە؟

— ھۆكۈمەت خىزمەتنى ئۆزۈڭ تاپ دەۋاتسا.

— شەھەردە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ خىزمەت تاپالمايۋاتقانلار سانىدەك تۇرسا، بىزدەك سەھرالىقلارغا خىزمەت نەدە دەيسىلە؟!

— شۇڭىمۇ مەن تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇمىغان.
— بىر ھېسابتا گۈلنارنىڭ ئوقۇشقا بارمىغىنىمۇ ياخشى بولدى جۇما.
— قانداق دەيسىلە؟
— ئۆيدىكىلەرنى ئەلچىلىككە كىرگۈزۈپ توي قىلىۋالاي دەيمەن.
— چېغىڭلىدا گۈلنار سىلىگە تېگەما؟
— تېگىدۇ، نېمىشقا تەگمىگۈدەك؟!
— سىلىگە ھەرگىز تەگمەيدۇ.
— نېمىشقا؟
— مەن تۇرسام.
— بىر سالىمەن كومشىرىغا.
— مەن قالاپ تۇرامەن.
— ئۆزۈڭنى بىلىپ يۇ جۇما گۈي.
— سەنمۇ كۆتۈڭنى غىت قىس. گەپ قىلمىسام نېمە ئاتىكارچىلىق قىلىدۇ.
— بولدى قىلىڭلار، ئاغىنىلەر، ئاق يەردە خامان تالاشماي.
— شۇڭا دەيمەن «سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۈرۈچ دەم يەپتۇ» دەپ، بۇ يەردە ياقا سىقىشقىنىڭلار بىلەن گۈلنارغا رەسمىي تەلەپ قويۇپ باقمىدىڭلىغۇ دەيمەن.
— بۇ ئىككى ئاداشنىڭلا ئەمەس، ھېچقايسىمىزنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمايدۇ جۇمۇ ئۇ ھالدان خېنىم.
— ھەرقاچان شەھەردە يۈرگەن يىگىتى بار.
— جاجىسى پۇل. ھاشىمبايىنىڭ ئالدىغا تويلۇقنى كىم دۆڭ قويالىسا شۇنى كۈيئو ئوغۇل قىلىدۇ.
— ئاتا-ئانامنىڭ تويلۇققا چىقىشالىغۇچىلىكى بار.
— بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىمۇ قىرغىز بولمىغان.
— ئۆزۈڭلىنى تۇتۇۋېلىڭلار، ئاغىنىلەر، «ئالدىرىغان قالار، بۇيرۇغان ئالار» دەپتىكەن. بىر قىز بالىنى دەپ ئاغىنىدارچىلىد-

قىمىزغا دەز كەتمىسۇن.

— سىلىمۇ ساختا نەسىھەتنى ئاز قىلىڭلا. ئادىشىم ئاغزىڭلىدىن چىقارمىغان بىلەن كۆڭلۈڭلىدىكىنى كىم بىلمەيدۇ؟

ئىككى مەھەللىدىكى يىگىتلەرنىڭ كۆپىنچىسى گۈلنارغا ئاشىق ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا گۈلنارغا تەلەپ قويىۋېپ بۇرنىغا يېگەنلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى. دېمىسىمۇ شەھەرلىك قىزلارغا خاس مودا ياسىنىپ يۈرىدىغان گۈلنار ھەرقانداق يىگىتنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتەتتى. ئۇلارنى ئۇيقۇسىز، غىزاسىز قىلىۋەتكەنىدى. ئەنە ئاشۇ يىگىتلەرنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە ئادىلمۇ بار ئىدى. ئەمما، ئادىل گۈلنار بىلەن ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى سېلىشتۇرۇپ يوشۇرۇن كۆيۈك ئازابىنى ھېچكىمگە بىلىندۇرمەيتتى. ئۇيقۇسىز كېچىلەرنى مۇڭلۇق ناخشىلار بىلەن تاڭغا ئۇلايتتى. گۈلنارمۇ ئىككى مەھەللىدىكى يىگىتلەرگە بوينىنى غازدەك تۈتۈپ ماڭغىنى بىلەن ئادىلغا ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن قاراپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇنىڭ يىگىتتىن گەپ تەمە قىلغىنى ئىدى. قىزنىڭ بۇ نازۇك ھېس - تۇيغۇسىنى، ئاۋازسىز بېشارەتلىرىنى ئادىلمۇ چۈشىنەتتى. ئەمما، نامراتلىقتىن ئىبارەت ئېگىز داۋان ئالدىدا بويۇن قىسىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ناخشىچى يىگىتتىن گۈلنارلا ئەمەس، ئىككى مەھەللىدىكى بويىغا يەتكەن قىزلارنىڭ ھەممىسى گەپ تەمە قىلاتتى.

بىر نەچچە يىگىت ئاتا - ئانىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ هاشىمبايىنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزگەنمۇ بولدى. ئەمما، ھەممىسىنىڭ چالمىسى سۇغا چىلاشتى. هاشىمباي ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرىنى يوقىلاڭ باھانىلەر بىلەن سىلىقلا رەت قىلىۋەتكەنىدى.

يوشۇرۇن كۆيۈك ئازابىغا ئادىل ئاخىر چىدىمىدى. يۈرىكىنى تىنىمسىز ئۆرتەۋاتقان ئىشق ئوتى ئۇنى ئۆزىنىڭ بەخت -

تەلىيىنى سىناپ بېقىشقا ئۈندەيتتى.

بىر كۈنى بىر تاغار بۇغداينى ئېشەك هارۋىسىغا بېسىپ هاشىمباينىڭ ئۇن زاۋۇتىغا ئۇن تېگىشكىلى بارغان ئادىل زاۋۇتتا گۈلنار بىلەن يالغۇز ئۇچرىشىپ قالدى. توك توختاپ قالغان بولۇپ، زاۋۇتتا ئىشلەمچىلەر يوق ئىدى. هاشىمباي ئادەتتە ئۆيدە تۇرمايتتى. قوشۇمچە تېرە سودىسى قىلىۋاتقاچقا، كۈندە دېگۈدەك موتوسىكلىتىنى غارقىرىتىپ مىنىپ قوشنا كەنتلەردىن تېرە يىغاتتى. يېزا بازىرىغا، شەھەرگە قاتنايتتى. مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى زاۋۇتتىكى ئۇن، ياغ ساتىدىغان، تېگىشىدىغان ئىشلارنى گۈلنار ئۈستىگە ئالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن يىگىتلەر بىر مەزگىل ئۇن تېگىشىشنى باهانە قىلىپ هاشىمباينىڭ زاۋۇتىغا چاپىدىغان بولۇپ قېلىشتى. ئەمما، ئادىل زاۋۇتقا پەقەت ئاياغ بېسىپ باقمىغانىدى. ئۇن تۈگىسە بىرەر خالتا بۇغداينى هارۋىغا بېسىپ چوڭ ئىنىسىنى ئەۋەتەتتى. بۈگۈن ئۇ تەلىيىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن تەۋەككۈل قىلىپ باققانىدى.

گۈلنارنى كۆرۈش بىلەن ئادىلنىڭ يۈرىكى سېلىپ، ئۆزاقتىن بېرى ئىزدەپ يۈرگەن ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسىنى تېپىۋالغاندەك هاياجانلانغانىدى. يېزا قىزلىرىغا يات هالدا ئۈچەيدەك تار پادىچى شىمى بىلەن ئويما ياقىلىق كوپتا كىيىۋالغان، ئۆزۈن چاچلىرىنى بېشىنىڭ چوققىسىدىن بىر تال قىلىپ بوغۇۋالغان قىز بەكمۇ مودا كۆرۈنەتتى. ئادىل ئۆزىنىڭ ئۈستىبېشىغا شۇنداقلا قاراپ تۈزۈكرەك كىيىنىپ كەلمىگىنىگە، هېچبولمىسا ساقىلىنى بولسىمۇ چۈشۈرۈۋېتىپ كەلمىگىنىگە پۇشايمان قىلدى.

— ئۇن تېگىشەي دېگەن، زاۋۇت توختاپ قالدىمۇ نېمە؟

— توك يوق، — دېدى قىز تاتلىق كۈلۈمسىرەپ.

— ئۇن باردۇ؟

— بار، — دېدى قىز چىرايلىق ئېڭەكلىرى بىلەن تام بويلاپ

تىزىپ قويۇلغان يىگىرمە بەش كىلوگىراملىق ئۇن خالتىلىرىنى ئىما قىلىپ.

— ئۇنداق بولسا بۇغداينى ئەكىرەي.

ئادىل دەرۋازا ئالدىغا توختىتىپ قويغان ئېشەك ھارۋىسىغا قاراپ ماڭدى.

— زاۋۇتتا ئىشلەيدىغانلارغا بۈگۈن دەم ئېلىش قىلىپ بەرگەن، — دېدى ئادىلنىڭ كەينىدىن تاپ باستۇرۇپ چىققان گۈلنار ھارۋىدىكى لىق بىر تاغار بۇغداينى كۆرۈپ، — بۇغداي بەك جىق ئىكەن، كۆتۈرۈشۈپ بېرىدىغان ئادەم يوق، قانداق قىلارمىز ئەمدى؟

گۈلنار شۇنداق دېگەچ تاغارنىڭ بىر تەرىپىگە قول ئۇزارتتى.

— ئۆزۈم كۆتۈرەلەيمەن، — دېدى ئادىل ۋە شاققىدە ھارۋىغا چىقىپ ئاغارنى ھارۋىنىڭ يان لېۋىگە، چاقنىڭ ئۈستىگە يۆلەپ تۇرغۇزدى ـ دە، ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئىككى بۇرجىكىدىن قاماللاپ تۇتقىنىچە تاغارنى دۈمبىسىگە ئالدى. ئاندىن گۈرس ـ گۈرس دەسسىگىنىچە زاۋۇتقا ئەكىرىپ گىرنىڭ ئۈستىگە ئاۋايلاپ قويدى.

قىز يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە گىرنىڭ چوكىسىغا تاش باستى.

— كېپەكنى ئالامسەن؟

— ھەئە، — قىسقىلا جاۋاب بەردى ئادىل.

— ئۇندىن ئۈچ خالتا ئال، كېپەكنى ئۆزۈڭ جىگلىۋال.

— خاتا ھېسابلىمىغانسەن؟ — دېدى بىر تاغار بۇغدايغا كېپەكنى چىقىرىۋەتكەندە تولۇق ئۈچ خالتا ئۇن كەلمەيدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن ئادىل.

— بەش ـ ئالتە كىلو ئۇننى دەپ بىر خالتا ئۇننىڭ پۈتۈنلۈكىنى بۇزمايلى، — دېدى گۈلنار كۈلۈمسىرەپ، — يەنە بىر قېتىم ئۇن تېگىشكىلى كەلگىنىڭدە تەڭشىۋالىمەن.

— ئۇنىڭغىچە ساڭا قەرز بولغاچ تۇرىدىكەنمەن ـ دە.

قىز پىسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— قەرزنى قايتۇرۇش ئۈچۈن بولسىمۇ يەنە كېلەرسەن.

ئادىل قىزنىڭ كۆزىگە لاپپىدە بىر قارىدى. شۇ تاپتا تومۇرلىرىدىكى قانلىرى ۋىششىدە قايناشقا باشلىغاندەك بولدى. ئۇ قىزغا گەپ قىلماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولۇپ يەنە يۇتقۇندى. ئۇچ خالتا ئۈننى ئېشەك هارۋىسىغا باستى. ئاندىن تاغاردىكى بۇغدايىنى تۆكۈشكە تەرەددۇتلاندى.

— بولدى. بۇ ئېغىر تاغارنى يۆتكەيمەن دېمە. ئىشچىلار كەلگەندە يۆتكەتكۈزىمەن. تاغارنى ئەتىگىچە كېلىپ ئەكېتەرسەن. كېپەكنى ماۋۇ خالتىغا ئۇسقىن.

— مەيلى ئەمىسە.

قىز ئۈن قاچىلايدىغان خالتىدىن بىرنى ئېلىپ بىر بۇلۇڭدىكى كېپەك دۆۋىسىگە كېلىپ خالتىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. ئادىل گۈرجەك بىلەن يېرىم خالتا كېپەك ئۇسۇپ توختىدى.

— ئۇسىمامسەن؟

— مۇشۇ بولارمىكىن؟

— كېپەك دېگەن يەڭگىل نەرسە، لىقلاپ ئۇسۇۋال.

ئادىل خالتىغا چىڭداپ كېپەك ئۇستى.

قىز خالتىنىڭ ئاغزىنى تۇجۇپىلەپ تىكىشكە باشلىدى. قىزنىڭ خېنە يېقىلغان بارماقلىرى تولىمۇ چېۋەر ئىدى. ئادىل قىزغا گەپ تاشلىماقچى بولۇپ نېمە ئۈچۈندۇر دېلىغول بولۇپ قالدى. ئۇ يەنە قاراپ تۇرسا پۈرسەتنىڭ قولدىن كېتىدىغانلىقىنى پەملىدى - دە، ئاخىر قەتئىي نىيەتكە كەلدى:

— ياخشىراق ئۈندىن بەرگەنسەن - ھە؟

قىز يىگىتكە لاپپىدە قاراپ قويۇپ جاۋاب بەردى.

— بىرىنچى دەرىجىلىك ئۈندىن بەردىم.

— لەغمەن ئوخشامدۇ؟

— ئېيتەلىسەڭ ئوخشايدۇ.

قىز بەرگەن جاۋابىدىن زوقلىنىپ پىسسىڭىدە كۈلۈۋەتتى. قىزنىڭ كۈلكىسى بىلەن يىگىت تېخىمۇ غەيرەتلەندى.

— لېكىن، مەن لەڭمەن ئېتەلمەيمەن. بولمىسا سەن بىرىپ ئېتىپ بېرەمسەن يا؟

قىز ۋىلىلدە قىزاردى، لېكىن جاۋاب بەرمىدى. ھاياجاندىن يۈرىكى گۈپۈلدەپ كەتكەن يىگىت يەنە ھۇجۇمغا ئۆتتى:

— سىنىڭ ئەتكەن لەڭمىنىڭنى بەكمۇ يېگۈم بار، خالامسەن گۈلنار؟

ھودۇققان قىز ئەتراپقا تېزلا قارىۋالدى.

— بۇ گەپنى ماڭا دېمەي، دادام بىلەن ئانامغا دېگىن.

— لېكىن، ئاۋۋال سىنىڭ ئېنىق جاۋابىڭنى ئاڭلاي.

— مەن خالايمەن، — دېدى ۋىلىلدە قىزارغان قىز كۆزىنى يەرگە تىكىپ.

— ئاتا - ئاناڭ مېنى كۈيئوغۇل قىلىشقا ئۇنىماسىمىكىن، سەنمۇ بىلىسەن بىزنىڭ ئۆي...

— قىز ئۆيى خان كۆۋرۈكى دەپتىكەن، ئەزمەڭنى ئېزىپ ئولتۇرماي ئاۋۋال ئەلچى كىرگۈزۈپ باقمامسەن؟

ۋۇجۇدىغا گۈررىدە تارالغان بىر ئىللىق سېزىمدىن يىگىتنىڭ يۈرىكى شۇررىدە ئېرىپ كەتتى.

— ھاڭۋىقىپ تۇرماي كېپەكنى ھارۋىغا باس. خەق كۆرۈپ قالسا گەپ تاپىدۇ.

قىزنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى بىلەن ئېسىگە كەلگەن ئادىل لەۋلىرىنى كالچايتىپ بىرنى ھىجايدى - دە، كېپەكنى دەس كۆتۈرۈپ سىرتقا ماڭدى.

— ھەپتە ئىچىدە ئەلچى كىرگۈزىمەن، — دېدى يىگىت دەرۋازا تۈۋىدە ئۆزىتىپ قالغان قىزغا قاراپ.

قىز ئوماققىنا جىلمىيىش بىلەن جاۋاب بەردى.

شۇ تاپتا ئادىل ئۇنىغا تېگىشكەن بىر تاغار بۇغدايىنىڭ سىمكىرىنى بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئادىلنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى سالپىيىپ قايتىپ كەلدى.

— ئېگىز ئۇقۇرغا ئېسىلماڭ دېسەم ئۇنىمايسىز، بالام، — دېدى ھاقارەتلەنگەندەك ھېس قىلغان ئادىلنىڭ ھاممىسى كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ، — ئەمدى گۇلنارخاننى ئېسىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ. سىزگىمۇ بىر يەردە خۇدايىمنىڭ بۇيرۇغىنى باردۇ. ھاشىمباي قىزىنى سىزدەك كۆك نامراتقا ئەمەس، باي ئادەمگە بېرەرمىش. سىز ئۇنىڭ قىزىنى ئەمەس، مال - دۇنياسىنى كۆزلەيمىشسىز. ئۆيىگە كىرگەن مېھمانغا بىر پىيالە چايمۇ قۇيۇپ بەرمىگەننى ئاز دەپ، بىرمۇنچە سېسىق سۆزلەپ يولغا سالدى، ئادەمگەرچىلىكنى پۇلغا ساتىدىغان زىدىپەس، تۆت تەڭگە پۇل تېپىپ كۆزىگە ياغ تولۇپ قاپتۇ ئۇنىڭ.

ھاممىسىنىڭ دادلاشلىرىدىن ئادىل ھەممىنى چۈشەندى. ئۇ ھاشىمباينىڭ مۇشۇنداق جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا پەرەز قىلغانىدى. شۇڭا، لام - جىم دېمەي دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆينىڭ كەينىدىكى باغقا چىقىپ بىر ئورام تاماكا چەكتى. كەچتە ئاغىنىلىرى بىلەن مەست بولغۇچە ھاراق ئىچتى، ھارغۇچە دۇتار چالدى، ناخشا توۋلىدى.

قىزىغا ئەلچى كەلسە شۇ ھامان سىرتقا يېپىۋېتىدىغان ھاشىمباينىڭ خوتۇنى قىزىغا ئىككى مەھەللە بويىچە ئەڭ نامرات ھېسابلىنىدىغان كىچىك ئاخۇننىڭ ئائىلىسىدىن ئەلچى كەلگەنلىكىدىن نومۇس قىلدىمۇ، ئەيتاۋۇر بۇ ئىشتىن مەھەللە - كويدىكىلەر خەۋەرسىز قالدى. كىشىلەرنىڭ ھالىغا باقماي شىلتىڭ ئېتىپتۇ دەپ زاڭلىق قىلىپ گەپ تېپىشىدىن ئەنسىرىگەن ئادىلنىڭ ھاممىسىمۇ ئاغزىنى مەھكەم تۇتقانىدەك قىلاتتى.

ئادىل گۇلنار بىلەن كۆرۈشۈپ قانداق قىلىش توغرۇلۇق مەسلىھەت قىلماقچى بولۇپ، مۇۋاپىق پەيتنى تاپالماي ئىككى ھەپتە ۋاقىتنى غەم - غۇسسە، بۇرۇقتۇرمىچىلىقتا ئۆتكۈزۈۋەتتى. دەل شۇ چاغدا مەھەللىدە پەيدا بولغان دەھشەتلىك بىر شۇم خەۋەر ئۇنىڭ دەردلىك يۈرىكىنى تېخىمۇ بەك

تىلغىۋەتتى.

— گۈلنارنىڭ تويى بولغۇدەك.

— كىم بىلەن؟

— مۇرات باققال بىلەن.

— ھېلىقى شەھەرلىك قىزنىل كۆڭلەك كىيىۋالىدىغان غىتمەك چىراي ئاداش بىلەنما؟

— ھەئە، شۇ.

— ئىككى يىلدىن بېرى مەھەللىمىزگە چىقىپ ئۆرۈكلىرىمىزنى سېتىۋېلىپ، ئىسلاپ گۈلە قۇرۇتۇپ يۈرەتتى. ئەمدى گۈلنارغا كۆزى چۈشۈپتۇ ـ دە.

— شەھەردىن چىققان ئەلچىلەرنى ھاشىمباي پاقلان سويۇپ مېھمان قىلىپ رازىلىق بېرىپتىمىش.

— مۇرات باققالنىڭ شەھەردە ئۈچ يەردە زېمىنى، بانكىدا نۇرغۇن پۇلى بار ئىمىش.

— ئىسلىغان گۈلە ـقاقلارنى شەھەرگە توشۇيدىغان ماشىنىمۇ ئۆزىنىڭ ئىكەن.

— گۈلنار بىلەن مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تويى بولار ئىمىش.

— ئاشۇ شەھەرلىك ئاداش مەھەللىدە پەيدا بولغاندا كۆڭلۈم بىر شۇملۇقنى تۇيغان مېنىڭ.

— ھاشىمباينىڭ ئۆيىگە كىرىپ ـ چىقىپ يۈرەتتى ئەمەسمۇ؟

— ھۇ كۆزى پۇلغا تويمىغان ئوغرى.

— قىزنى بىزدەك ھەقىقىي بېلى چىڭ ئوغۇل بالىغا بەرمەي...

— ئاخىر پۇلغا ساتىدىغان بولدى.

— كۆرىمىز تېخى. شەھەرلىكنى كۇيۇ ئوغۇل قىلغانغا تويىدۇ.

— شەھەرلىك دېگەن بوش خەق ئەمەس...

— گۈلنارنىڭمۇ كۆرىدىغان كۈنى بار.
— ئالتە كۈندە قاش ـ قاپىقىنى كۆكەرتىپ چىقمىغىنىنى كۆرەي...
ئادىل لام ـ جىم دېمىدى. ھاشىمباينىمۇ ئەيىبلىمىدى. گۈلنارنىمۇ، شەھەرلىك باققال يىگىتنىمۇ قارغىمىدى. ئەمما، جېنى ئىچىگە پاتماي تىپىرلاپ كەتتى. كۈننى مىڭ تەستە كەچ قىلدى. كۈندە ئاخشىمى پايلاپ يۈرۈپ ناخشا توۋلاپ شەپە بېرىپ، ئۈچىنچى كۈنى ئاخشىمى گۈلنار بىلەن ئاران كۆرۈشتى. قىز نېمە ئۈچۈندۈر يىگىتنىڭ كۆزىگە تىك قارىيالمىدى.
— مۇبارەك بولسۇن. مۇرات باققالغا تېگىدىغان بوپسەن، — دېدى ئادىل زەھەرخەندىلىك بىلەن. ئەسلىدە ئۇ قىزغا بۇنىڭدىنمۇ زەھەرلىك گەپ قىلماقچىدى، نېمە ئۈچۈندۇر ئاغزىدىن مۇشۇنچىلىكلا گەپ چىقتى. ئاشۇنچىلىك گەپ قىلىپ بولغۇچىمۇ تاماقلىرى قۇرۇپ كەتتى.
— داداڭمۇ ئۆتۈپ كەتكەن بىر ھۆرۈن، لامزەللە ئادەم ئىكەن، — دېدى گۈلنار بىردىنلا قاپىقىنى تۈرۈپ، — ھېچبولمىسا قۇمتۇۋى مەھەللىسىگە كۆچۈپ كېلىپ ئۆي سالماي...
ئادىل قىزنىڭ تۇيۇقسىز بەرگەن جاۋابىدىن ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ئۇ گۈلناردىن بۇنداق جاۋابنى كۈتمىگەن، قىزنى بوينۇمغا ئېسىلىپ يىغلايدۇ، دادىسىنىڭ ئالدىدا ئامالسىز قالغانلىقىدىن دادلايدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. شۇ تاپتا قىز ھېلىمۇ ۋەدىسىدە تۇرىدىغانلىقىنى، ئادىل بىلەن توي قىلغۇسى بارلىقىنى، يىگىتنى چىن يۈرىكىدىن سۆيىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، ھەر بالا كۆرسە قىزنى ئەپقېچىپ كېتىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئەپسۇس، تولىمۇ ئەپسۇس...
— دادامنى ئۇنداق دېيىشكە ھەققىڭ يوق، — دېدى ئادىل غەزەپتىن لاغ ـ لاغ تىترەپ.
گۈلنار تەتۈر قارىۋالدى.

www.uyghurkitap.com

— ئەمسە مەندە نېمە گۇناھ؟

ئادىل چىشىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

— راست، سەندە گۇناھ يوق، ھەممە گۇناھ مەندە، مېنىڭ نامراتلىقىمدا، پۇل - دۇنيايىمنىڭ يوقلۇقىدا. سېنى خاتا چۈشىنىپتىمەن، سەنمۇ چاغلىق ئىكەنسەن، داداڭدىن قىلچىلىك پەرقىڭ يوق ئىكەن. شۇنى ئۇنتۇما، سەن ئادەمگە ئەمەس، پۇلغا تېگىسەن، پۇلغا...

— نېمە دېمەكچىسەن؟ ئۆزۈڭچە پۇل تاپقانلارنى ياراتمىغىنىڭمۇ بۇ؟ تېخى ئىككى ئېغىز چىرايلىق چۈشەندۇرۇپ قويالاي دەپ چىقىپتىكەنمەن.

— كىمگە چۈشەندۇرسەڭ چۈشەندۇر، — ئادىل كەينىگە بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى. قاراپ تۇرۇپ دادىسىنى ھاقارەتلىگەن قىزغا دېگۇدەك يەنە نېمە گەپ بولسۇن؟

ئادىل ئىككى ھەپتىگىچە قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەيلا يۈردى.

ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى. مانا بۈگۈن گۈلنارنىڭ تويى.

ھاشىمباينىڭ ياسىداق قورۇسىدىن ياڭرىغان توينىڭ نەغمە - ناۋاسى ئىككى مەھەللىنىڭ ئاسمىنىنى تىترەتمەكتە. ئەمما، بۇ ئاۋاز شۇ تاپتا ئادىلنىڭ قۇلىقىغا مۇشت بىلەن ئۇرغاندەك ئاڭلىنىدۇ، يۈرىكىنى ھەرىدىگەندەك ئازابلايدۇ. ئادىل شۇ تاپتا ئۆيدە يالغۇز. دادىسى ئادەمگەرچىلىكتىن قالسام سەت تۇرىدۇ دەپ تويغا كەتكەن. ئادىل يۈرەكتىكى پىغانىنى بېسىش ئۈچۈن دۇتار چالماقچى بولۇۋىدى، بىرەر پەدە چالا - چالمايلا پىغانى تېخىمۇ ئۆرلەپ كەتتى. ئاچچىقتى چىقىرىدىغان ئامال تاپالماي، ئاۋۋال دۇتارنىڭ تارىنى ئۈزۈۋەتتى، كېيىن خەنجەر بىلەن دۇتارنىڭ قارنىنى يېرىۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۈچۈن مەھەللە ھارام بولغاندى. ئۇ ھازىرلا ياقا يۇرتلارغا بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچىمۇ بولدى، لېكىن، كېسەلمەن دادىسى بىلەن ئۆچ

ئۇكىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ بۇ نىيىتىدىن يالتايدى. بىراق، بىر ئەركەك ئۇچۇن ياخشى كۆرگەن قىزىنىڭ توينى كۆرۈشتىنمۇ ئارتۇق ئازاب ـ ھەسرەت بارمىكىن؟ بۇنىڭغا داۋا تېپىلارمىكىن؟

ھويلا ئىشىكىنىڭ تاراقلىشى ئادىلنىڭ ھەسرەتلىك خىياللىرىنى ئۈزۈپ قويدى. ھايال ئۆتمەي سۇپىنىڭ ئالدىدا بەختىنىسا پەيدا بولدى، قىزنىڭ قولىدا بىر چىنە ئاش تۇراتتى. قىزنى كۆرۈپ ئادىل ئېرىلىپ ئورنىدىن تۇردى. لېكىن، ھەرقانچە قىلىپمۇ ھەسرەتلىك چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتەلمىدى. بەختىنىسا قوشنىسىنىڭ قىزى ھەم تولۇقسىزدا بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى ئىدى. ئۇمۇ زەيبويى مەھەللىسىدىكى ئۆيىنى يېڭىلاشقا قۇربى يەتمىگەن نامراتلاردىن ھېسابلىناتتى. بۇ ئۆيدە ئايال كىشى يوقلۇقىدىنمۇ ياكى قوشنىدارچىلىقىنىڭ يۈزى ئۈچۈنمۇ كۈن ئارىلاپ ئاش سۇنۇپ تۇراتتى. بۈرنىنىڭ ئۈچىدا ئۈششاق سەپكۈنى بار بۇ قىزنى ئادىل پەقەتلا ياراتمايتتى. ئادەتتە ئۇچرىشىپ قالسا مۇنداقلا سالام قىلىپ قوياتتى. ئۆيگە ئاش كۆتۈرۈپ كىرگەن ۋاقىتلىرىدىمۇ پەرۋا قىلماي كەتمەيتتى.

— چۆچۈرە ئەتكەنىدىم، كىچىك ئاخۇنكامنى ئىسسىقىدا بىر قوشۇق ئىچەمدىكىن دەپ...

يىگىتنىڭ سولغۇن تۇرقىدىن بىئەپ سەزگەن قىز قولىدىكى چىنىنى نەگە قويۇشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— ئاۋارە بوپسەن. دادام تويغا كەتكەن.

ئادىل قىزنىڭ قولىدىكى چىنىنى ئېرىنىپ ئالدى.

— قوشۇق يۇيۇپ بېرەي، ئىسسىقىدا ئىچمىۋال، چۆچۈرە تۇرۇپ قالسا سۇ يەپ قالىدۇ.

قىز چاققانلىق بىلەن ئوچاق بېشىغا بېرىپ تاختىيېشىدىكى سېۋەتتىن بىر تال قوشۇقنى ئېلىپ، يۇيۇپ چىنىگە سالدى.

شورپىغا پىنىنە سېلىنغان چۆچۈرىنىڭ مەززىلىك ھىدى بىردىنلا ئادىلنىڭ ئىشتىھاسىنى تارتتى. ئۇ توگۇندىن بىرى

www.uyghurkitap.com

ئاغزىغا گىياھ چاغلىق بىرنەرسە سالمىغانىدى. ئۇ بىر تال چۆچۈرىنى ئاغزىغا سالدى، چۆچۈرە بەكمۇ ئوخشىغانىدى. چۆچۈرە بەك قول تۇتىدىغان، ئەتمەك تەس تاماق بولغاچقا، بۇ ئۆيدە ئاي ـ يىللاپ چۆچۈرە ئېتىلمەيتتى، ئەمما ئادىل قىيمىلىق تاماقتا خىلىلا ئامراق ئىدى.

— يېزىدىن ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى تەشكىللەپ شىخەنزىگە كېۋەز تەرگىلى ئاپىرىدىكەن، بارامسەن؟

ئىككى ھەپتىدىن بېرى ئۆز دەردى بىلەن قالغان ئادىلنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇ نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي قالدى.

— كەنت ئىشخانىسىدا تىزىملاۋاتىدۇ. مەنمۇ تىزىملاتتىم، — دېدى بەختىنىسا يىگىتنىڭ جاۋابىنى بىرئاز ساقلاپ تۇرغاندىن كېيىن، — كەنت مۇدىرى، ياخشى ئىشلىسەڭلار ئىككى ـ ئۈچ مىڭ كوي پۇل تاپقىلى بولىدۇ، دەيدۇ. قولىمىزدا تۇزۇك يەرمۇ يوق. بۇ يەردىكى كېۋەزنى ئانام ئۇكىلىرىم بىلەن تەرگەچ تۇرار، بېرىپ ئىشلەپ كېلەي دەيمەن.

— سەن قىز بالا تۇرساڭ، شۇنچە يىراقتا يالغۇز بارساڭ...

— يالغۇز مەنلا ئەمەس، مەھەللىدىكىلەرمۇ بارىدۇ. يېزىدىن بىرتوناش تەشكىللەپ ئاپىرىدىكەن. ياتاق، تاماقنىمىزنى ئورۇنلاشتۇرىدىكەن، سەنمۇ بارغىن.

ئادىل يەنە لام ـ جىم دېمىدى.

— خوش، مەن چىقاي.

بەختىنىسا بىرئاز تارتىنشقاندەك بولۇپ سىرتقا ماڭدى. شۇ تاپتا ئۇ ئادىلنىڭ ھۆسلە قىلىپ بولسىمۇ «بىردەم ئولتۇرمامسەن» دېيىشىنى شۇنچىلىك تەمە قىلغانىدى، لېكىن يىگىتتىن تىۋش چىقمىدى.

ھەئە، بەختىنىسامۇ ئىككى مەھەللىدىكى ئادىلنىڭ كۆيۈك ئوتىدا ئازابلانغان قىزلارنىڭ بىرسى ئىدى. لېكىن، قىز بالا قانداقمۇ يىگىتكە ئېغىز ئاچالىسۇن؟ قىزمۇ كۆيۈك ئازابىدا

ئۆرتىنەتتى. بۇ نامرات تۇل خوتۇننىڭ قىزىغا شۇ چاغقىچە تۇزۇك بىر يەردىن ئەلچى كەلمىدى. تەڭتۇشلىرىنىڭ ئاللىقاچان بىرەردىن بالىسى بولۇپ بولغانىدى. زەيبۇيى مەھەللىسىدە بەختىنىسا يىگىتلەرنىڭ نەزىرى چۈشمىگەن بىردىنبىر قىز ئىدى.

ئادىل بەختىنىسانىڭ دەۋەت قىلىنىشىدىن كۆرە كەنت كادىرلىرىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئاخىر شىخەنزىگە كېۋەز تەرگىلى باردى. يەنە بىر تەرەپتىن گۇلنارنىڭ تويى بىلەن تەڭ بۇ مەھەللىدە تۇرغۇسى كەلمىگەن بۇ يىگىتكە بۇ ئىش سىرتلارنى ئايلىنىپ، كۆڭلىنى ئېچىپ كېلىشكە ئوبدانلا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنىدى. شىخەنزىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا پەقەتلا ئىش خۇشياقمىدى. باشقىلار بىر كۈندە تاغارلاپ كېۋەز تەرسە، ئۇ ئاران بىر ئېتەك كېۋەز تېرەتتى. ئاخشاملىرى قايسىبىر سورۇندا ھاراق ئىچىپ ناخشا توۋلايتتى، ئەتىسى كۈن چۈشكىچە ئۇخلايتتى. مەسئۇل بولۇپ كەلگەن يېزا، كەنت كادىرلىرىنىڭمۇ نەسىھەتلىرى كار قىلمايتتى.

شىخەنزىگە كېلىپ ئىككى ھەپتە ئۆتكەن بىر كۈنى ئۇنى بەختىنىسا توۋلاپ قالدى. يىگىت ئېرىنچەكلىك بىلەن قىزنىڭ قېشىغا كەلدى. سۇتتەك ئايدىڭدا كۆز يەتكۈسىز كېۋەزلىك ئۆزگىچە مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى. كۈزنىڭ شامىلى ئادەمنىڭ غولىنى قورۇيتتى. ئادىل دۇگدەيگىنىچە «نېمە دەيسەن» دېگەندەك قىلىپ قىزغا پەرۋاسىزلا نەزەر تاشلىدى. نېمە ئۈچۈندۇر قىزنىڭ قاپىقى تۇرۇك ئىدى.

— سەن ھېلىمۇ ئۆزۈڭنى ئەركەك ھېسابلامسەن، ئادىل؟

كۈتمىگەن بۇ سوئالدىن ئادىل ئەندىكىپ كەتتى.

«نېمە بولغاندۇ بۇنىڭغا؟ بىرەر ئۇششاق گەپ ئاڭلاپ قالدىمۇ يا؟ ياتاقتىكىلەرغۇ قىلغىلى گەپ تاپالمىغاندەك ئۇنى ماڭا چاپلاپ چاقچاق قىلىشاتتى. لېكىن، مەن ئۇ توغرۇلۇق پەقەتلا يامان گەپ قىلمىغان. ئۇششاق گەپ ئاۋۇپ قالمىسۇن دەپ بۇنداق

چاقچاقلارغا كۈلۈپ قويغانىدىم شۇ...»

قىزنىڭ ئاچچىق ئاۋازى يىگىتنىڭ خىياللىرىنى بۆلۈۋەتتى.

— بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلگىنىڭنى بىلەمسەن؟ بىلىپ قوي، بىز بۇ يەرگە ئىشلەپ پۇل تاپقىلى كەلدۇق. كۆرگەنسەن، خەق ئاز دېگەندىمۇ تەرگەن پاختىسى بىلەن كۈندە بىر تاغارنى توشتۇرۇۋاتىدۇ، سەنچۇ، ئىزىلىپلا يۈرىسەن. مىجەزى يوقمىكىن دېسەم، ئاخشىمى ئېشەك ھاڭرىغاندەك ناخشا توۋلايسەن. ناخشا دېگەننىمۇ پۇل تېپىپ يانچۇقىنى تومپايراق توۋلىسا يارىشىدۇ. ئوغۇل بالا بولغاندىكىن راۋرۇس ئىشلە، كىچىك ئاخۇنكام بىلەن ئۇكىلىرىڭ سېنى بىرمۇنچە پۇل تېپىپ كېلىدۇ دەپ يولۇڭغا قاراپ تۇرىدۇ شۇ تاپتا. ئەسلىدە قەتئىي يۈزۈڭگە سالماي دېگەن، ئۆزۈڭ مەجبۇرلىدىڭ، دەۋىرەي، ھۇرۇنلۇق قىلماي، كۈندە ناخشا ـ سازغا بېرىلىپ كەتمەي كەتمەننى ئوغۇل بالىدەك چاپقان بولساڭ پۇل تاپالايتتىڭ، ئۇ چاغدا بۇنداق دەرد تارتىپمۇ يۈرمەيتتىڭ، ئەمدى كىمگە باتناپ بەرمەكچىسەن؟ ئوغۇل بالا بولساڭ ئۆزۈڭنى بۇنداق تاشلىۋەتمەي پۇل تاپ. سېنى نامرات دەپ ياراتمىغان، دىلىڭغا ئازار بەرگەن خەقنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەت. داداڭنى داۋالات، ھېچبولمىسا ساۋاب تاپىسەن. سېنى خېلى بېلى مەھكەم ئوغۇل بالىمىكىن دەپتىكەنمەن...

بەختىنىسا دەيدىغاننى دەپ بولۇپ تاقىقىدە ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئاچچىق گەپلىرى ئادىلنىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. نومۇستىن يۈزى چىمىلداپ، ۋۇجۇدىنى قارا تەر باستى. ئادىل ئەتىسىدىن باشلاپ كېۋەز تېرىشكە بېشىچىلاپ كىرىشىپ كەتتى. يۇرتداشلىرى ھەرقانچە يالۋۇرسىمۇ دۇتارنى پەقەتلا قولىغا ئالمىدى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى تەشكىللەپ كەلگەن ناھىيە، يېزا باشلىقلىرى ئاخىرقى كۈنى خۇلاسە يىغىنى ئاچتى. بەختىنىسا قاتارلىق جىق كېۋەز تېرىپ ئۈچ مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلغان ئۈچ نەپەر

دېھقاننى مۇكاپاتلاش ھەم باشقىلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى قەشقەرگىچە ئايروپىلان بىلەن يولغا سالىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنداقلا كورلا تەرەپتە تاشيول قۇرۇلۇشى ئۇقۇشۇپ قويغانلىقىنى، ئىشلەشنى خالايدىغان ئەرلەرنىڭ دەرھال ئۆزىنى تىزىملىتىشنى ئۇقتۇردى.

ئادىل تاشيول قۇرۇلۇشىدا ئىشلەشكە بىرىنچى بولۇپ تىزىمغا ئالدۇردى. نېمە ئۈچۈندۇر كېۋەز تېرىپ تاپقان بىر مىڭ ئىككى يۈز يۈەن پۇلىنى كەنت كادىرىغا ئەمەس، بەختىنىساغا تاپشۇرۇپ بەردى.

— دادامغا ئاپىرىپ بەرگىن. تاشيول قۇرۇلۇشىدا ئىشلەپ تايىنلىق ئەتىيازدا يۇرتقا قايتىمەن.

بەختىنىسا تاتلىق كۈلۈمسىرىگىنىچە قايىللىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

— كىچىك ئاخۇنكام بىلەن ئۆكىلىرىڭدىن خاتىرجەم بول! — دېدى قىز پۇلنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ، — سالامەتلىكىڭگە دىققەت قىل، ھاراق ئىچمە.

شۇ تاپتا نېمە ئۈچۈندۇر ئادىلغا بەختىنىسا ئاجايىپ چىرايلىق، تولىمۇ سۆيۈملۈك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. قىزنىڭ بۇرنىنىڭ ئۈستىدىكى ئۇششاق سەپكۈنلەرمۇ كۆزىگە پەقەتلا كۆرۈنمىدى.

— خاتىرجەم بول، — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — مۇبارەك بولسۇن، ئايروپىلاندا ئۇچىدىغان بولدۇڭ مانا. بۇ چاغقىچە بىزنىڭ مەھەللىدىن ھېچكىم ئايروپىلاندا ئۇچۇپ باقمىغانىدى.

— سەنمۇ دەسلەپتە ياخشى ئىشلىگەن بولساڭ بىللە ئۇچاتتۇق، — دېدى بەختىنىسا مەيۈسلىنىپ.

— خۇدايىم بۇيرۇسا چوقۇم بىللە ئۇچىمىز، — دېدى ئادىل ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا قىزنىڭ كۆزىگە دادىل تىكىلىپ تۇرۇپ.

قىز ۋىللىدە قىزارغانچە يەرگە قارىۋالدى.

— خۇدايىمغا ئامانەت، مەن ماڭاي، — دېدى بەختىنىسا

بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— ئەتىيازلىقتا كۆرۈشەيلى، مېنى ساقلىغىن، — دېدى ئادىل قەتئىيلىك بىلەن.

— يولۇڭغا قارايمەن، — دېدى قىز كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ.

زەيبۇيىدا بۇغداي مايسىلىرى بېشىنى كۆتۈرۈپ كېۋەز تېرىلغۇسى باشلانغاندا ئادىل قايتىپ كەلدى. كۈزدە كېۋەز تەرگىلى كەتكەنچە تاشيول قۇرۇلۇشىدا ئىشلەش ئۈچۈن قېلىپ قالغان ئىشلەمچىلەرنىڭ قايتىپ كېلىشى بىلەن ئىككى مەھەللە خۇددى ھېيت بولغاندەك قىزىپ كەتتى. دادىسى، ئۈكىلىرى بىلەن ساق ـ سالامەت كۆرۈشكەن ئادىلنىڭ كۆزلىرى يەنە كىمنىدۇر سېغىنىش ئىلكىدە ئىزدەيتتى. قويۇن يانچۇقىدىكى ئىشلەپ تاپقان بەش مىڭ يۈەن پۇلنى مەغرۇر سىلاپ قوياتتى. شۇ تاپتا ئۇ خىجىل بولمىسا بار ئاۋازى بىلەن «بەختىنىسا» دەپ توۋلاشتىن ئۆزىنى ئاران ـ ئاران تۇتۇۋالغانىدى.

ئەمما، مۇشۇ دەقىقىدە شەرم ـ ھايالىق سەھرا قىزى بەختىنىسا دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن يىگىتنى سېغىنىش ھەم سۆيۈنۈش ئىلكىدە ماراۋاتاتتى...

2006 ـ يىلى ئاۋغۇست، يەكەن

# يا ئۇچارمەن، يا چۈشەرمەن

ئىشخانا ئىشىكى يەڭگىل چېكىلدى. «كىرىڭ» دېگۈچە، بېشىغا شاپاق دوپپا، ئۇچىسىغا كاستيۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەن، ئۇبدان چىگىلمىگەن گالىستۇكى ئىشتان باغلىغان يېرىدىن ئېشىپ بىر غېرىچ ساڭگىلاپ تۇرغان ئوتتۇرا بوي، خام سېمىز بىر گەۋدە ئىشخانىغا ئۇسۇپلا كىرىپ بولدى.

— سالامۇئەلەيكۇم، ئۆزلىرى مۇخبىر ئۇكام بولامدا؟ — ئۇ قولۇمنى ئامبۇردەك قىسقىنىچە قويۇۋەتمەي يەڭگىل سىلكىدى، — بەللى، مۇخبىر ئۇكا، خەۋەر دېگەننى ئىشىكنىڭ ئىچىدىن چىڭ تاقاپ قويۇپ ئولتۇرۇپ، كۆزنى يۇمۇۋېلىپلا يازىدىغان گەپ ئىكەن ـ دە. دېمىسىمۇ سىلەرگە سىرتقا چىقىپ مۇخبىرلىق قىلىش بىلەن قىلماسلىق ئوخشاشلا گەپ. يازىدىغان خەۋەرىڭلار ساپلا پوكۇنى يېزا ئىسلاھاتىنىڭ تۇرتكىسىدە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئۈچۈن مۇنچە مو يەرگە قىغ قۇيۇپ بولدى. مۇنچە مو يەرنى ئوسا قىلدى، مەھسۇلاتى ئۆتكەن يىلىدىكىدىن مۇنچە مىڭ جىڭ ئېشىپ، ئۇدا مۇنچە يىل مول ھوسۇل ئالدى، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت بويىچە مۇنچە قېتىم مۇكاپاتلاندى، دېگەندەك «ئاتام ئۆيىتقان بايىقى گەپ»لەر. بەئەينى بىر قېلىپتىن چىققان كېسەكتەك...

— ئولتۇرسىلا، ئاكا.

تېخىچە قىسىلىپ تۇرغان قولۇمنى بىزارلىق بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ چىقاردىم. گېپىنى سىپايىلىك بىلەن بۆلدۇم. ئۇ دىۋانغا موككىدە چۈشتى ـ دە، نامسىز بارمىقىغا سېلىۋالغان ئۈزۈكىگە (ئالتۇنمىكىن دەپ قالدىم) ھەۋەس بىلەن قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىر خالتا ئاق ئۇننىڭ باھاسى ئاتمىش ئالتە كويغا چىقىپتۇ. ئاياغ بازىرىدا ئانىسىنىڭ تۇپلىيى ئوتتۇز كوي، نەۋرىسىنىڭ ئوتتۇز توققۇز كوي. دوقمۇش ـ دوقمۇشتا نى ـ نى يىگىتلەر لالما ئىتلار بىلەن ئۇلپەتلىشىپ مەلەق مەستى ياتقان. بوتۇلكا يىغىپ ساتىدىغانلار ئۇلارنى قاچان قولىدىكى يېرىمىسىن ئاز قالغان ھارىقىنى ئىچىۋېتىپ، بوتۇلكىسىنى تاشلىۋېتەركىن، دەپ بەز مارىغان مۇشۇكتەك قارىشىپ تۇرغان. تاماكاڭ يوقمۇ، ئۇكام؟ چەكتۇرە بىرنى. ئىلگىرىغۇ ئەسسالام دەپ بوسۇغا ئاتلىغان مېھمانىدىن ساھىبخانا بولغۇچى ئاتىنىڭ قېنىدەك دەملىگەن بىر پىيالە چېيىغا ياڭاقتەك ناۋات ياكى ئىككى چاقماق قەنت سېلىپ ھاردۇق سورايتتى. ھازىر كىملەرنى دوراشتىكىنتاڭ، بىرەر تال تاماكا تۇتۇپ قويۇپ، بىرەر تەخسە كەمپۇت ئەكېلىپ قويۇپلا بولدى قىلىدىغان قائىدىنى چىقىرىشىۋاپتۇ. بولدىلا، تاماكاڭ بولمىسا ئاۋارە بولما، مېنىڭكىنى چېكەيلى، — ئۇ يانچۇقىدىن چەت ئەلنىڭ تاماكىسىدىن بىر قاپ چىقاردى ـ دە، ماڭا بىر تال تۇتۇپ، بىر تالنى لېۋىگە قىستۇردى. مەن دەرھال سەرەڭگە ياقتىم. ئۇ كۆچەپ بىرنى شورىدى ـ دە، بىرھازا قېقىلىپ يۆتىلىپ كەتتى. كۆز جىيەكلىرىگە لىق تولغان ياشنى يېڭى بىلەن ئېرتىۋېتىپ، يەنە سۆزلەشكە باشلىدى، — شەھەرگە كىرمەي دېسەڭ، يېزىدىن ئىزدىگەن نەرسەڭنى تاپالماي موھتاجلىق، شەھەرگە كىرسەڭ يولۇڭنى ئوڭشاپ ماڭالماي ئاۋارىچىلىك. ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ ئۇكا قاراقۇمنى، زو ۋاقتى بىلەن ئىشەك ھارۋاڭنى قېتىۋالساڭ، شەھەرگە قوزا چۈش بىلەن ئاران كىرگىلى بولىدۇ. ئارىلىقى يىراق، يولى توپىلاڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دوناي ـ دوكاڭ. مانا ماڭا شەھەرگە كىرگىلى قاق بىر سائەت بولدى. سەنمۇ بەلكىم چۈشلۈك تامىقىڭنى يەپ بولۇپ ئىشخاناڭغا چىقىۋاتىسەن. سۈر ھاڭگىنى ھارۋىغا زو ۋاقتى بىلەن قاتقانىدىم. ۋاي نېمە كارامەت بۇ، شەھەرنىڭ ئالتە ئاغزىنىڭ ھەممىسىگە كۆشۈك سېلىپ

قويغاندەك توسۇقلارنى قۇرۇۋېتىپتۇ. ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ چوڭ يول بىلەن شەھەرگە كىرمەيسەن، ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى، دەيدۇ. ئەمما، ھارۋا قويىدىغانغا كىگىز ئورنىدەك يەر يوق. ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ ئۇكا، ھارۋا بېقىپ بېرىدىغان دەڭنىڭ ھەممىسى شەھەرنىڭ ئىچىدە. قانداق قىلىمەن دېسەڭ، ئايلىنىپ ماڭ، دەپ ئارقا كوچىنى كۆرسىتىدۇ. ۋاي ـ ۋاي، ئۇچەيدەك تار كوچا، ھېسىپكە تىقىلغان گۇرۇچتەك ئادەم، ئۇلاغ، ھارۋا... تۇغۇلۇپ قۇلاق ئاڭلىمىغان تىل ـ ھاقارەت. شەھەرلىكلەر: «ئېشىكىڭ سىيىپ قويدى» دەپ تىللىسا، سەھرالىقلار بىر ـ بىرىنى: «يولۇمنى توسۇۋالدىڭ» دەپ تىللايدۇ. پىلسىراتتىن ئۆتكەندەك مىڭبىر جاپادا شەھەرگە كىرىسەن، لېكىن «ئۇھ» دەپ بولغۇچە، قاتناش باشقۇرۇش ئەترىتى دەمدۇ، ھارۋا باشقۇرۇش ئەترىتى دەمدۇ، ھارۋا باشقۇرۇش پونكىتى دەمدۇ، ئىشقىلىپ، يېغىرغا ئولاشقان چىۋىندەك بىر توپ ئادەم گۇررىدە قېشىڭغا يىغىلىدۇ. بەس ـ بەستە تالونلارنى يېزىپ، پۇل تاپشۇر، دەيدۇ. بازار باشقۇرۇش پۇلى، تازىلىق پۇلى، ئېشەك ھارۋىسىنىڭ شەھەر يولىنى توسۇۋېلىپ قاتناشنى قالايمىقان قىلغانلىق جەرىمانىسى، ھارۋىنى توختىتىپ قويغانلىق يەر پۇلى، ئېشەكنىڭ تېزەكلىگەنلىك جەرىمانىسى... ئىشقىلىپ، قەدەمدە بىر پۇل، جەرىمانە. سودا ـ سېتىقىمنى قىلىپ بولغۇچە ئېشەك بىلەن ھارۋامنىڭ پۇلىدىن جىقراق جەرىمانە تۆلەيدىغان چېغىم بار. شۇنىڭ بىلەن: «تۇتۇشە، سېتىپ پۇلىنى ئۇلىشىۋال» دېدىم ـ دە، ئېشەك بىلەن ھارۋامنى ئۇلارغا تاشلاپ بېرىپ پېشىمنى قاققىنىمچە يېنىپ كەلدىم. ئاڭلىسام، چەت ئەلدە مۇھىتنى بۇلغىدى، دەپ ماشىنىلاردىن تۇتۇن پۇلى ئالارىمىش. شەھەر ئىچىدە خالىغانچە قاتنىغىلى قويماسىمىش. ئەمما، ئات ـ ئېشەك ھارۋىسى بىلەن ماڭسا كارى يوق ئىمىش. قانداق تەڭشەلمىگەن جاھان بۇ؟

— شۇنچە ئۇزاق يەردىن ئېشەك ھارۋىسى بىلەن كىرگۈچە

ئاپتوبۇس بىلەن كىرسىلە بولمامدۇ، ئاكا؟

— ئاپتوبۇس بىلەن دەمسەن؟ — ئۇ مەسخىرىلىك كۈلدى، — ھەي مۇخبىر بالا، ھەي مۇخبىر بالا، سەنزە، يۇرتىمىزنىڭ ئەڭ يىراق يېزا - قىشلاقلىرىدىكى دېھقانلارمۇ شەھەرگە ئاپتوبۇس بىلەن كىرىدىغان بولدى، ئېشەك ھارۋىسى بىلەن شەھەرگە كىرىش تارىخقا خاتىمە بېرىلدى. يول ئازابىدىن قۇتۇلدى، ئالدىن بېيىغان دېھقانلار زامانىۋى قاتناش قوراللىرىنى سېتىۋېلىپ، كەسپىي تىرانسپورت ئائىلىلىرىدىن بولۇپ قالدى، دېگەندەك خەۋەرنى ئۆزۈڭ يېزىپ، ئۆزۈڭ ئىشىنىپ يۈرۈپسەن - دە. راست، قاراقۇمدا ئاپتوبۇس قاتنىغان، شۇ ئاپتوبۇسنىمۇ مەن قاتناتقان، — ئۇ مەغرۇرلۇق بىلەن مەيدىسىنى كېرىپ قويدى، — بىراق ئاپتوبۇس ئاران ئۈچ ئاي قاتناپتى، توختىتىۋەتتىم. كۆزۈمنىڭ تېگىگە قارىما، ئۇكام. سەۋەبىنى ھازىر دەيمەن. ئاپتوبۇس شەھەر بىلەن قاراقۇم ئارىلىقىدا ئۈچ كۈن قاتنىۋىدى، شەھەردىن ئالتە كادىر چىقىپتۇ. ئاخىر: «بىخەتەرلىك تاسىمىسى يوق ئىكەن، تورمۇز چىرىغى يانمايدىكەن، تىجارەت گۇۋاھنامىسى بېجىرمەپسەن، سۇغۇرتىغا قاتناشماپسەن، يەككە تىرانسپورت شىركىتىگە ئەزا بولماپسەن...» دەپ يۈرۈپ ئىككى مىڭ كويغا يېقىتىپ پۇلنى بىر ئالدى. ئاندىن ئاپتوبۇسنىڭ ئورۇندۇقىنى ۋە بوش يەردە ئۆرە تۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بار ئادەم سانىنى تەخمىنىي بوداپ، ئاپتوبۇس بىر قېتىم قاتنىسا قانچە پۇل كىرا يىغىلىدىغانلىقىنى ھېسابلاشتى. مەن ھەر كۈنى ئاشۇلار تەخمىن ھېسابلىغان ئادەم سانى بويىچە يەككە تىرانسپورت شىركىتىگە نەق پۇل تاپشۇرىدىكەنمەن، ئۇلار قولۇمغا ھۆججەت يېزىپ بېرىدىكەن. ئاي ئاخىرىدا ئومۇمىي چۈشكەن كىرا پۇلنىڭ بەش پىرسەنتىنى باشقۇرۇش ھەققىگە تۇتۇپ قېلىپ، قالغىنىنى قولۇمغا بېرىدىكەن. بۇنىڭغىمۇ ماقۇل دېدىم. بىراق، ئاپتوبۇسقا چىققان بىچارە دېھقانلار: «بارى شۇ ئىكەن، قالغىنىنى خۇدايىم بېرەر» دەپ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئولتۇرۇشىدۇ. گاھىلىرى:

«دەپتەرلىرىگە يېزىپ قويسىلا، كۆزلۈككە كېيىن ساتقاندا ئۆلگۈچە بېرەي» دەيدۇ. بۇنىڭغىمۇ ماقۇل دېدىم. لېكىن، يەككە ترانسپورت شىركىتىدىكى كىرا پۇلىنى يىغىۋالىدىغانلار: «كىرا پۇلىنى يوشۇرۇپ، تولۇق ئەكەلمەيسەن، مۇشۇنداق قىلىۋېرىدىغان بولساڭ ئاپتوبۇسۇڭغا يول بەرمەيمىز» دەپ خاپا بولۇشتى. نېسى تىزىملىكىنى كۆرسەتسەم ئىشەنمىدى. ئاخىر ئاپتوبۇسنىمۇ توختىتىپ قويدۇم. نەچچە تۈمەن كوينى تۆتۈپ ياتىدۇ ئۇ بىر دۆۋە ئەسكى تۆمۈر. ۋاي شۇ سېلىق ـ ھەقلەرنىڭ دەردىنى نېمە دېگۈلۈك؟ مەركەزگە قالايمىقان باج ـ سېلىق، ئالۋان ـ ياساق، ھەقلەرنى ئازايتىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. تۆۋەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىرنەچچە تۈرنى كەچۈرۈم قىلغانمۇ بولدى. لېكىن، يېڭىدىن پەيدا بولغانلىرىنى سۈرۈشتە قىلىدىغان ئادەم يوق. خىمىيەۋى ئوغۇت سېلىپ تېرىغان بۇغداي ئادەمگە زىيان قىلارىمىش. يېقىنقى ئون بەش ـ يىگىرمە يىل ئىچىدە جىنىڭ ئوغۇل بالا تۇغۇلمىدى. ئۆي ـ جاي ئىسلاھاتىنى رەسمىي يولغا قويسا، خەقلەر ئۆزى سالغان شەخسىي ئۆيىگىمۇ ئىجارە تۆلەرىمىش، دېيىشىدۇ. بىر كۈنى مەھەللىمىزدىكى پوقاق مەزىن: «زىلچا ـ گىلەمنى يەرگە سالماي تامغا ئېسىپ قويسا زاكاتى كېلىدۇ» دەيدۇ. خۇدايىم ساقلىسۇن. سېكىلتار[①] ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، تامغا ئاسقان گىلەمدىنىمۇ سېلىق يىغىشتىن يانمايدۇ. ئەدناسى ھازىر يەرنىڭ چالمىسىنى ئەزمەي تۈزلىگەننىڭ جەرىمانىسى، ئېتىزغا قىرنىڭ بېلىدىن ئاشۇرۇپ سۇ تۇتقان جەرىمانە، باغقا سۇ قۇيغان جەرىمانە، كۆلگە سۇ باشلىغان جەرىمانە، كېۋەزلىكنىڭ قىرىغا باشقا زىرائەت تېرىغان جەرىمانە، كېۋەزلىكتە كېپىنەك تۇتمىغان جەرىمانە، چاشقان تۇتمىغان جەرىمانە، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ياردەم بەرگىلى چىققان كادىرلارنى كۈتۈۋېلىش ھەققى، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ياردەم

① سېكرېتارنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى.

بەرگىلى چىققانلارنى كۆتۈۋېلىش، بېقىش ھەققى... ئىشقىلىپ، بۇنداق جەرىمانە ـ ھەقلەر بەك تولا. دېھقانىنىڭ بىر يىل ئالغان ھوسۇلى جەرىمانە بىلەن ھەققە چىقىشمايدۇ. مەنىڭ قاراقۇمدا نامىم بار ئالدىن بېيىغان دېھقان. يۈز مو بىنەم يېرىم، يۈز مو مۇنبەت ھۆددە يېرىم، ئىككى يۈز تۇياقتىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك چارۋام، ئون بەش مو يەردە بېغىم بار. يېزىغا ھەرقانداق يەردىن كاتتىباشلار چىقسا، يېزا باشلىقلىرى ئۇدۇل مېنىڭ ئۆيۈمگە باشلايدۇ. پاقلان سويىمەن، هاراق قۇيىمەن. ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە ھالال بىلەن ھارامنى ئارىلاشتۇرۇپ يەپ ـ ئىچىپ، مېنى بىرمۇنچە ماختاپ قويۇپ كېتىشىدۇ. شۇڭا، مەن ھېلىقى يۈز مو بىنەم يېرىمگە سۇ ھەققىدىن باشقا ھېچقانداق ھەق ـ سېلىق تاپشۇرمايمەن. ھېلىقى يۈز مو ھۆددە يېرىمگىمۇ خالىغان زىرائەتنى تېرىيالايمەن. باشقا دېھقانلارنىڭ بۇغدايلىقىنى كېۋەز ئۆيمىتىگە توغرا كېلىپ قالدى دەپ، سەي ـ ئوتياش، قوغۇن چۆنىكىنى قوناق ئۆيمىتىگە توغرا كەلدى دەپ بۇزۇۋېتىپ، جەرىمانە ئالغىنى بىلەن، مەندىن ئالالمايدۇ. ھاشار ـ ئەمگەك كەلسە، ھاشار ـ گۆڭنى يەرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ، مو بېشىغا چاچقىنى بىلەن، ماڭا ئۇنداق قىلمايدۇ. شۇڭا، يۇرتتىكى ئەمەت راۋابنىڭ:

بىر مولۇققا بىر ھاشا،
ئون مولۇققا ئون ھاشا.
يۈز مولۇققا نىمە ھاشا،
مىڭ مولۇققا تاماشا.

دەپ قوشاق ئوقۇغىنى راست. سېلىق، ھاشار، ھەق، جەرىمانە دېگەنلەر بەك يامان، ئۇكا. كونىلار: «سىيەلمەس كېسەلى بولۇپ قالغان ئاتنى زەرگەرنىڭ قەبرىسىنى ئايلاندۇرساڭ سىيىۋېتىدۇ، سەۋەبى، زەرگەر كىشىلەرنىڭ ئالتۇننى زىرە ـ ئۈزۈك سوقۇپ

بىرىش جەريانىدا ئوغرىلىنىۋېلىپ، كىشى ھەققىگە بوغۇلۇپ كېتىدۇ، ئۇ ئالەمگە بارغاندا ھېسابىنى بېرىپ بولالماي ئازاب تارتىدۇ، گەرچە ئات تىلسىز ھايۋان بولسىمۇ، گۆردىكى ئازابنى سېزەلەيدۇ، شۇڭلاشقا قورقۇنچتا سىيىۋېتىدۇ» دېيىشىدۇ. مېنىڭچە: «سىيەلمەس كېسىلى بولۇپ قالغان ھەرقانداق ئاتنى سىيدۇرۇش ئۈچۈن زەرگەرنىڭ قەبرىسىنى ئىزدەپ يۈرگۈچە، سىلىق، ھەق، جەرىمانە يىغىدىغانلارنىڭ قېشىدىن ئۆتكۈزسىلا ئات قورقۇنچتىن سىيىۋېتەرمىكىن» دەيمەن. مېنى ھەرقاچان ئېغى بىلەن بېغىنىڭ تايىنى يوق گەپنى قىلىپ ۋاقتىمنى ئالدى دەپ ئويلاپ قالغانسەن. بوپتۇ، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتاي: «ھەممە گەپنى بايا دېدىم، شەھەرگە كىرمەي ئولتۇرغىلى بولمايدىكەن. ئېشەك ھارۋىسى بىلەن شەھەرگە كىرسەڭ، شەھەر ئىچىدە خاتىرجەم ماڭغىلى بولمىغان. ئاپتوبۇسنىڭ دەردى تېخى يامان. شۇڭا، ئايروپىلاندىن بىرنى ئالاي دېگەنىدىم. ئايروپىلان دېگەن نەرسە ئاسماندا ئۇچقاندىكەن، ھېلىقىدەك كىشىلەر ئۇ ھەق، بۇ جەرىمانە دەپ تۇرۇۋالماس. شۇڭا، ئاپتوبۇسۇمغا خېرىدار ئىزدەپ گېزىتكە بىر ئېلان بەرگەن بولساڭ، ئاپتوبۇسنى سېتىۋېتىپ ئايروپىلاندىن بىرنى ئالاي دەيمەن. قارايسەنغۇ؟ كىچىكرەك ئايروپىلاندىن بىرنى سېتىۋالغۇچىلىكىم بار مېنىڭ. يا ئۇچارمەن، يا چۈشەرمەن.»

ئۇ دېۋاندا كېرىلىپ ئولتۇراتتى. كىرلەشكەن شاپاق دوپپىسىغا، قامىتىگە خېلىلا سۆلەت بېغىشلاپ تۇرغان كاستۇم ـ بۇرۇلكىسىغا قايتىدىن نەزەر تاشلىدىم. ئوبدان چىڭگىلمىگەن گالستۇكىنىڭ بىر ئۇچى ئىككى پۈتىنىڭ ئارىلىقىدىن بىر غېرىچ ساڭگىلاپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

# باھار ھامان ئىللىق

ئەختەر ساندۇق ـ چامادانلاردىكى شۇنچىۋالا كىيىملەرنىڭ بىرسىنىمۇ تاللىيالمىدى. ئۇ كىيىملەردىن ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى قولىغا ئالاتتى ـ يۇ، لېكىن شۇ ھامان قويۇپ قوياتتى. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ئۇ كىيىملەرنىڭ ھېچقايسىسىغا قىيالمىدى. ئەتىگەن ئىشقا چىقىشى ھامانلا ئىدارە باشلىقى ئىدارىدىكى بارلىق خىزمەتچىلەرگە، يېزىدىكى نامرات دېھقانلارغا ئىئانە قىلىش ئۈچۈن پۇل، بىرەر قۇردىن كىيىم ـ كېچەك تەييارلاپ چىقىشنى تاپىلىغانىدى. شۇڭا، ھازىر ئۇ بوغچىلىرى ئارىسىدىن ئىئانە قىلىش ئۈچۈن كىيىم ئىزدەۋاتاتتى. ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەنسېرى ئۇ تىتىلداشقا باشلىدى. «ھە دېسىلا ‹ئىئانە، ئىئانە›، دەيدۇ، بىرەر ئاي مائاشنى ساق ئالغان ۋاقتىمىز يوق. باشلىقنىڭ كونا كىيىم ـ كېچەك ئاچىقساڭلار بولمايدۇ دەپ كېتىشلىرىنى تېخى. ھازىر كىم كونا كىيىم كىيىدۇ؟ بىرەر قۇر كونا كىيىم بولغان بولسىغۇ خويمۇ ئوبدان ئىش بولاتتى. ئۆتكەن قېتىم مودىدىن قالدى، دەپ سېتىۋەتكەن كىيىملەردىن بىرەر قۇر ئېلىپ قويغان بولسامچۇ، مودىدىن قالغان بىلەن خېلىلا پۇللۇق كىيىملەر ئىدى. ھەر قېتىم بىرەر قۇر يېڭى كىيىم كىيەي دېسەم ئابدۇغېنىنىڭ قاپىقى تۈرۈلىدۇ، ‹كىيسەڭ مودىدىن قالمايدىغان كىيىم كىي، بولمىسا كىيمە، شۇنچە پۇللۇق كىيىملەرنى كىيىسەنۇ، ئۇزاق ئۆتمەيلا مودىدىن قالدى، دەپ تاشلايسەن، تاپقان پۇلغا لاتا ـ پۇتا ئېلىپ، تۈزۈك پۇلمۇ ئىقتىساد قىلالمىدۇق. خوتۇن كىشىنىڭ كۆزى ئۆلگەندە كىيىمگە تويىدۇ دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ›، دەپ بىرمۇنچە

كوتۇلدايدۇ. بۇياندىن يېڭى مودا كىيىم چىقىپ بولغۇچە ئۇياندىن سېتىۋېلىپ كىيىدىغان خوتۇنلار قانداق خوتۇنلاردۇ؟ ئۇلارنىڭ ئەرلىرى قانداق ئەرلەردۇ؟ ... » ئەختەر شۇلارنى ئويلاپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى ـ دە، ئالدىدىكى دۆۋىلەكلىك كىيىملەرنى يەنە ئاختۇرۇشقا باشلىدى. «ئىئانە دېگەندىكىن بىرىش ـ بەرمەسلىك ئىختىيار، دېگەن گەپ، شۇنداق بولغاندىكىن كىيىم ئاچىقىمىسام قانداق بولار؟ بۇنداق قىلسام بولمىغۇدەك، ئىدارىدىكى خوتۇنلارغا بولۇپ بىرەر ھەرقاچان، بولۇپمۇ ئاينۇر بىلەن ساجىدە دېگەن ياسانچۇقلار گەپكە پۇتلاپ، زاڭلىق قىلىپ چېقىۋالىدۇ ئادەمنى. بولدىلا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا چېنىپ قالغۇچە، ئىلاھىم... »

ئەختەر كۆزىنى يۇمۇپلا تىكتۇرگەندىن بىرى ئاران ئىككى قېتىملا ئۇچىسىغا ساپقان يوپكا ـ كاستۇمىنى قولىغا ئالدى.

* * *

گۈلجەمىلەنى ئېتىمز ـ ئېرىقىنىڭ ئەمگىكى بىلەن ئۆي ئىشلىرىدىن كۆرە غەم، قايغۇ ـ ھەسرەت بەكرەك قېرىتىۋەتتى. ئەمدىلا ئوتتۇز تۆت ـ ئوتتۇز بەش ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، تولغان بىر چوكانغا تۈيۈقسىز ئون نەچچە يىل جاپا ـ ھالاۋەتتە بىللە ياشىغان ئېرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئۈچ بالا بىلەن تۇل ياشاش ئەلۋەتتە ئاسان ئەمەس. تۇللۇقنىڭ دەردى يامان، شۇڭا «ئېيىق بولسىمۇ ئېرىڭ ياخشى، ئۆگەكۈر بولسىمۇ ئۆيۈڭ...» دەيدۇ ئەمەسمۇ، كونىلار. شۇنداق، ئېرى ئاغرىپ بىرەر ھەپتە تەكىيە بېسىپ ياتمايلا ئۇنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. ئېرى قازا قىلىپ قارىسىنى ئوشتۇغۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا قۇيغان ئۆپكىدەك چوكان جۇدەپ پوستىنى سويۇۋەتكەن پىيازدەكلا بولۇپ قالدى. بىرەر يىل ئىچىدە ئالمىدەك مەڭزى سارغىيىپ، سولۇپ، جاۋىغايلىرىغا ئۇشاق قورۇقلار چۈشتى. كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، چاچلىرى ياخپايدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ چىشىنى

www.uyghurkitap.com

چىشىغا بېسىپ ئىشلىدى. لېكىن، ئەر ئەمگەك كۈچى يوق ئۆينىڭ دېھقانچىلىقى دېگەن شۇنىڭغا بېقىپ ئوخشايدىكەن. گۈلجەمىلەگە بارا ـ بارا يوقسۇزلۇق، موھتاجلىقمۇ چاڭگال سالدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ كەنت كادىرلىرىغا كالپۇك يېرىسىپ بىر ئېغىزمۇ دادلىمىدى، ھال ئېيتمىدى.

مانا ھېيت يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۆزى كىيەلمىسىمۇ بالىلىرىغا بىرەر قۇر ھېيتلىق كىيىم قىلىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. بالىلارنىڭ كۆڭلى نازۇك كېلىدۇ. ھېيت كۈنى تەڭتۇشلىرى بىلەن ئۇچىسىدىكى كىيىملەرگە سېلىشتۇرۇپ قاراپ دىلى سۇنىدۇ، بوينى قىسىلىدۇ. ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تۇخۇم سېتىپ جۇغلاپ قويغان ئەللىك يۈەن پۇلغا ئۈچ بالىسىنىڭ قايسىسىغا ھېيتلىق كىيىم قىلىپ بېرىشنى بىلەلمەي تازا قىينالدى. ئۇچىلىسى ئوخشاشلا بالا. بىرسىگە قىلىپ بېرىپ، بىرسىنى قالدۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. ھېيتلىق قىلغىلى ئۇن، ياغ، تاتلىق ـ تۈرۈملاردىن ئېلىشى كېرەك تېخى. ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ ـ تېشىمۇ قاتتى. ئىلاجسىزلىقتىن كۆزىگە ياش كەلدى. ئۇ ئېغىلغا قاراپ قويدى. تۈللەي دەپ تۇرغان ئىككى ساغلىق بار ئىدى. ئۇ كالىلىسىغا غىل ـ پال كەلگەن ئويدىن تېزلا ۋاز كەچتى. قوينى ساتسا ئائىلىنىڭ ئاشۇ ئاجىز ئىقتىسادىي تۈۋرۈكىمۇ غولاپ چۈشەتتى. ئۇ ھويلا دەرۋازىسىنىڭ تاراقلىغىنىنى ئاڭلاپ، چۆچۈپ خىيالدىن باش كۆتۈردى. دەرۋازىدىن يېزا باشلىقى، كەنت شۇجىسى، كەنت ئاياللار مۇدىرى كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

— ھە، گۈلجەمىلەخان تىنچلىق تۇردىلىمۇ؟

ئۇ مېھمانلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى.

— خوش، ئۆيگە ھېيتتا كىرەرمىز، — دېدى يېزا باشلىقى ئۆزرە قويۇپ، — شەھەردىكى ئىدارە ـ جەمئىيەتنىڭ كادىر ـ

خىزمەتچىلىرى يېزىمىز خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا ياردىمى بولۇپ قالار دەپ پېشكى پۇل، ئۇن، ياغ، كىيىم - كېچەكلەرنى ئىئانە قىلىپ ئەۋەتىپتىكەن. شۇ نەرسىلەرنى تارقىتىۋاتقان. سىلىگىمۇ بىر ئۇلۇش ئەكەلدۇق. تاپشۇرۇۋالسىلا.

گۈلجەمىلەنىڭ يۈزى ئوت كەتكەندەك يالىلىدە قىزاردى. خىجىللىق ۋە قانداقتۇر بىر نومۇس كۈچى ۋۇجۇدىنى ئۆرتىدى.

— رەھمەت، — دېدى ئۇ چىرايىغا زورمۇزور كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — مېنىڭ ئانچە قىيىنچىلىقىم يوق. ئۇ نەرسىلەرنى باشقا نامرات ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىشسىلە.

— باشقا ئائىلىلەرگىمۇ بەردۇق، بۇ سىلىگە تەقسىملەنگەن كەلمۇشلۇك، ئېلىۋەرسىلە، — دېدى كەنت شۇجىسى.

— رەھمەت، ماڭا كېرەك ئەمەس، — دېدى گۈلجەمىلە قەتئىيلىك بىلەن.

— بۇ نەرسىلەر سەدىقە - زاكات ئەمەس، — دېدى يېزا باشلىقى گۈلجەمىلەنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ، — سىلى شۇنداق چۈشىنىپ بۇ نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشتىن خىجىل بولۇۋاتىلا ھەرقاچان. بۇ شەھەردىكى قېرىنداشلارنىڭ مېھىر - شەپقىتى، ياخشى كۆڭلى، بۇنى توغرا چۈشەنسىلە، بىز سىلىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى بىلىمىز. باشقا قىيىنچىلىقلىرىنى بۇنىڭدىن كېيىن يېزىلىق ھۆكۈمەت ئاستا - ئاستا ھەل قىلىپ بېرىدۇ.

گۈلجەمىلە بۇ قېتىم ئارتۇق گەپ قىلمىدى. يېزا باشلىقىنىڭ قولىدىن بىر يۈز ئەللىك يۈەن نەق پۇل، بىر خالتا ئاق ئۇن، بەش كىلوگىرام سۇ يېغى ۋە بىر قۇر كاستيۇم - يۇپكىنى رەھمەت ئېيتىپ تاپشۇرۇۋالدى. شۇ دەقىقىدە ئىچ - ئىچىدىن پارتلىغان بىر ئىللىق ئېقىم پۈتكۈل ۋۇجۇدىغا تاراپ، كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى.

يېزا باشلىقى قاتارلىقلار كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆيىگە كىرىپ، ھېلىقى بىر قۇر كاستيۇم - يۇپكىغا قايتىدىن نەزەر تاشلىدى. كىيىم تىكتۈرۈلۈپ بىر قېتىممۇ ئۇچىسىغا ساپمىغاندەك يېپيېڭى ئىدى. ئۇنىڭ بىردىنلا كىيىمنى كىيىپ

كۆرۈپ باققۇسى كەلدى ـ دە، ئۇچىسىدىكى چاپاننى سالدى. كاستۇم ئۇنىڭغا ئۆلچەپ تىككەندەك دەل كەلدى. بىراق، يوپكىسى بەكمۇ كالتە كېلىپ قالدى. «نېمانداق، رەخت يەتمىگەندەك يوپكىسىنى كالتە تىكتۇرگەن بولغىيدى. ئادەمنىڭ تىزىنى ياپمىغان يوپكىنى قانداقمۇ كىيىپ تالاغا چىققىلى بولىدۇ؟ سەل پەل ئۇزۇنراق بولغان بولسىچۇ. شەھەرنىڭ قىز ـ چوكانلىرى مۇشۇنداق يوتا ـ سۆڭەكلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كالتە كىيىم كىيگىلى ئەجەپ ئامراق ئىكەن.» ئۇ شۇلارنى خىيال قىلغاچ ئۆتكەندە شەھەرگە كىرگەندە شەھەردىكى خېلى كۆپ قىز ـ چوكانلارنىڭ مۇشۇنداق كالتە كۆڭلەك كىيىۋالغانلىقىنى، ئاپپاق پۇتلىرىنىڭ مانا مەن دەپلا چىقىپ قالغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ كاستۇمنىڭ تۈگمىسىنى ئېچىۋېدى، بىرنەرسە يىقىلىپ چۈشكەندەك قىلدى. دەرگۇماندا بولۇپ قويۇن يانچۇقىغا قول سالدى.

— ئالتۇن بىلەزۈك!

ئۇ قولىدىكى نەرسىگە قاراپ، ھودۇقۇپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ قولىدا راستىلا بىر تال ئالتۇن بىلەزۈك پارقىراپ تۇراتتى.

* * *

ئەختەر بۈگۈنكى قاتار چايدا سورۇندىكى چوكانلارنىڭ كىيىمى بىلەن ئۇچىسىدىكى كىيىمىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ چېنىپ قالمىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ، خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالدى ۋە ئەركىن ـ ئازادە ھالدا ئويۇن ـ چاقچاققا، غەيۋەت ـ شىكايەتكە قېتىلدى، بىرنەچچە خىل تاماق، قورۇمىلار يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن پولۇ كەلتۈرۈلدى. قوش ـ قوش ئالتۇن ئۈزۈكلەر سېلىنغان نازۇك بارماقلار، ھەر خىل پاسوندىكى ئالتۇن بىلەزۈكلەر سېلىنغان، بىلىقىنىڭ قورسىقىدەك ئاپپاق بىلەكلەر ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان پولۇغا تەڭلا سوزۇلدى.

ئەختەرمۇ قولىنى پولۇغا ئۇزارتتى ـ يۇ، ئۆتكۈر كۆزى باشقا ئاياللارنىڭ بارماق ـ بىلەكلىرىدىكى ئۈزۈك ـ بىلەزۈكلەرگە دەقىقە ئىچىدە تىكىلىپ، يەنە دەقىقە ئىچىدە ئۆزىنىڭ بارماق ـ بىلەكلىرىگە يۆتكەلدى. شۇ ھامان يۈرىكى بىگىز سانجىلغاندەك ۋىژژىدە ئېچىشتى. قانداقتۇر بىر خىل ۋەھىمە، قورقۇنچ تۇيغۇسىدىن بىئارام بولۇپ ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى. ئۇنىڭ بىلىكى قۇپقۇرۇق ئىدى. ئۇ ئالتۇن بىلەزۈكنى نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنتۇغانىدى. ئۇ بىلەزۈكنى ئۆيىنىڭ نەرىدە قويغانلىقىنى ھەرقانچە ئويلىنىپمۇ ئېسىگە كەلتۈرەلمىدى ـ دە، شۇنچە ئوخشىتىپ ئېتىلگەن پولۇغىمۇ ئىشتىھاسى تارتمىدى.

ئەختەرنىڭ بۇ شەنبە ـ يەكشەنبىسى پۈتۈنلەي ھارام بولدى. ئۇ قاتار چايدىن قايتىپ كېلىپ، ئۆيىنىڭ ئىچىنى يىڭنە ئىزدىگەندەك ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئالتۇن بىلەزۈكنى پەقەتلا تاپالمىدى. ئۇ بۇ ئىشنى يولدىشى ئابدۇغېنىغا ئېيتمىدى. دېسە ياخشى ئاقىۋەت كېلىپ چىقمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. ئىچىنى مۈشۈك تاتىلىغاندەك بولۇپ پەقەتلا بىر ئىزىدا ئولتۇرالمىدى، ئاشقازىنىمنىڭ ئاغرىقى قوزغىلىۋالدى دېگەننى باھانە قىلىپ قانغۇچە يىغلىۋالدى. لېكىن، ئابدۇغېنى تەسەللى بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، «سەمرىپ كېتىمەن دەپ ۋاقتى ـ قەرەلىدە تاماق يېمىگەندىكىن ئاشقازان ئاغرىيدىغان گەپ» دەپ دوق قىلدى. ئىككى كۈن ئىچىدە ئەختەرنىڭ كۆزى قىزىرىپ، قاپاقلىرى مۈشتۈمدەك ئىششىپ چىقتى.

* * *

بۈگۈن كۈنگە دۈشەنبە، ئەختەر ئاغرىپ قالدىم، دەپ ئىشقا چىقماي ئۆيدە يېتىۋالغانىدى. بىر چاغدا ئىشىك يەڭگىل چېكىلدى. ئەختەر ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك ئالدىدا ئىدارە باشلىقى قاتارلىق

بىرقانچە خىزمەتداشلىرى ۋە ناتونۇش بىر ئايال بىلەن ئىككى ئەر قاراپ تۇراتتى.

— قېنى ئۆيگە كىرىڭلار، — ئەختەر مېھمانلارنى خۇشياقمىغان ھالدا ئۆيگە باشلىدى.

— بولدى، چاي قۇيمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، — دېدى ئىدارە باشلىقى ئۇنى توسۇپ، — بۇ چاپان سىز ئىشلەتكەن قىلغان چاپان شۇمۇ؟

ئەختەر ئىدارە باشلىقىنىڭ قولىدىكى كاستيۇمغا بىر قاراپلا تونۇدى ۋە «ھەئە» دەپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— بايا ئىدارىدىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى بۇ چاپاننى سىزنىڭكى، دېگەنىدى، — ئىدارە باشلىقى ئەختەرنىڭ يىغلاپ ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بىرەر نەرسىڭىز يوقالغاندەكمۇ؟

ئەختەرنىڭ يۈرىكى بىردىنلا دۈپۈلدەپ كەتتى، مېھمانلارغا قىزىقسىنىپ قايتا نەزەر تاشلىدى:

— قانداق دېيلا، جۇيجاڭ؟

ئىدارە باشلىقى ئۇنىڭدىن يەنە قايتىلاپ سورىدى:

— سوئالىمغا جاۋاب بېرىڭ، بىرەر نەرسىڭىزنى يوقاتتىڭىزمۇ، يوق؟

— شۇنداق، — دېدى ئەختەر ھەسرەتلەنگەن ھالدا، — ئالتۇن بىلەزۈكۈم يوق تۇرىدۇ، ئۆينى شۇنچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم.

— مۇشۇ شۇمۇ؟

ئەختەر كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. بۇ راستىلا ئۇنىڭ بىلەزۈكى ئىدى، ئەختەر چاقماق تېزلىكىدە بىلەزۈكنى قولىغا ئالدى. كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. لەۋلىرى تىترەپ ئاغزى گەپكە كەلمىدى.

— سىز ئىشلەتكەن قىلغان چاپاننىڭ يانچۇقىدىن چىقىپتۇ، — دېدى ئىدارە باشلىقى چۈشەندۈرۈپ ۋە يېنىدىكى ناتونۇش ئايالنى كۆرسىتىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — چاپان مۇشۇ ئاچىڭىزغا

تەقسىم قىلىنغانىكەن. قويۇن يانچۇقىدا ئالتۇن بىلەزۈك بارلىقىنى بايقاپ، دەرھال كەنت، يېزا مەسئۇللىرىغا خەۋەر قىپتۇ، ئۇلار ئۆزلىرىگە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلغان ئىدارە ــ جەمئىيەتلەرنىڭ تىزىملىكى بويىچە، چاپاننى كۆتۈرۈپ ئىزدەپ يۈرۈپ، بىزنىڭ ئىدارىگە كەپتىكەن...

ئەختەر ئىدارە باشلىقىنىڭ كېيىنكى گېپىگە قۇلاق سالمىدى، دېۋاندا قورۇنۇپ يەرگە قاراپ ئولتۇرغان ياداڭغۇ چوكانغا ھۆرمەت، مىننەتدارلىق تۇيغۇسىدا نەزەر تاشلىدى.

ــ رەھمەت سىلىگە، كۆپ رەھمەت...

ئەختەر شۇلارنى دېگەچ ياتاق ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى ــ دە، ھايال ئۆتمەي يالتىراق خالتىغا قاچىلاقلىق بىر قۇر كىيىم كۆتۈرۈپ چىقىپ گۈلجەمىلەنىڭ ئالدىغا قويدى.

ــ بۇ مېنىڭ ھېيتلىق تىكتۈرگەن كىيىملىرىم ئىدى. ھېيتتا كىيەرلا ئاچا.

ــ رەھمەت، سىڭلىم، ھېلىمۇ شۇنداق يېڭى كىيىم چىقارتىپتىكەنلا، مەن ئاشۇ كىيىمنى ھېيتلىق قىلاي، رەھمەتنى سىلى ماڭا ئەمەس، مەن سىلىگە ئېيتسام بولىدۇ، ــ گۈلجەمىلەنىڭ سۆزلىرى قەتئىي ئىدى. شۇڭا، ئەختەر ئارتۇقچە زورلاپ تۇرۇۋالمىدى.

ــ ئەمىسە ھېيتتا بالىلىرىنى ئېلىپ چوقۇم ھېيتلاپ كىرسىلە، ئىزدىشىپ، يوقلىشىپ ئۆتەيلى.

ــ ماقۇل، چوقۇم كىرىمەن.

ئاپپاق، نازۈك بارماقلار بىلەن يېرىلغان، قاداق باسقان بارماقلار مەھكەم كىرىشتى.

بۈگۈن ئەختەرگە تەبىئەت باشقىچىلا گۈزەل، ئىللىق تۇيۇلدى. باش باھار ئەمدىلا باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئىللىق تۇيغۇلارغا چۆمدى. شۇنداق، باھار ھامان ئىللىق بولىدۇ.

1998 ـ يىلى، 25 ـ يانۋار، يەكەن

www.uyghurkitap.com

# بۇلاڭچى

## 1

ئۈرۈمچىگە قاراپ ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلاندىكى يولۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاللىقانداق تەگسىز خىياللار ئىلكىدە ئولتۇرۇشاتتى. ئايروپىلاننىڭ ئىككىنچى بۆلمىسىنىڭ ئارقا رېتىدە — ئايروپىلاننىڭ قۇيرۇق تەرىپىدە ئولتۇرغان ئەللىك ياشلار ئەتراپىدىكى بۇ ئۈچ نەپەر يولۇچىنىڭ چىرايىدىكى دەسلەپكى ھەيرانلىق، قورقۇمسىراش، قىزىقىش ئارىلاش روھىي ھالەتلىرى خېلىلا پەسكويغا چۈشكەن بولۇپ، ئۇلار ھازىر ھەر بەش مىنۇتتا دېرىزە تەرەپتىكى ئورۇندۇقتا ئالمىشىپ كۆك قەرىدىكى بۇلۇتلارنى، چەكسىز ئاسمان بوشلۇقىنى تاماشا قىلىش، ھەممىدىن مۇھىمى ئايروپىلان دېرىزىسىدىن پەسكە ھەم قىزىقىپ، ھەم قورقۇمسىراپ قاراشلاردىن زېرىككەندەك قىلاتتى. بېشىغا كۆرپە تۇماق، ئۇچىسىغا دىراپ چاپان، سوكنا ئىشتان، پۇتىغا ئۆتۈك كىيىۋالغان بۇ يولۇچىلارنىڭ تۇرقىدىن ۋە ئايروپىلاننىڭ ئىچى - سىرتىغا باللارچە قىزىقىش بىلەن نەزەر تاشلاشلىرىدىن دېھقانلارغا خاس ساددىلىق چىقىپ تۇراتتى. ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان شاپ بۇرۇتلۇقنىڭ تاماكا خۇمارى بەك تۇتۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، توختىماي گېلىنى قىرىپ كالتە يۆتىلەتتى.

— ئايروپىلاننىڭ ئىچىدە تاماكا چەككىلى قويمايدىغىنى چاتاق ئىكەن كاساپەتنىڭ، — دېدى ئۇ غۇدۇراپ، — بىرەر تال تاماكا چەككەنگە بىرنېمىسى بىرنېمە بولۇپ كېتىدىغاندەك.

— خۇدايا توۋا دەپ، ماۋۇ بىرنەرسىنىڭ يەرگە تىنچ - ئامان دەسسىشىنى تىلىسىلە، — دېدى چەتتە ئولتۇرغان ياغاق يۈز تېرىكىپ، — گۇرۇلدەپ تۇرغان موتورنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ يەرگە «پوككىدە» چۈشۈپ كەتمىسىيدى، دەپ ئەنسىرەپ تۇرغاندا تاماكىنىڭ غەلۋىسىنى قىلىدىكەنلا. ئېغىزلىرى مۇنداق «كەلىمەتەيىيبە»گە كەلمەمدۇ سىلىنىڭ؟

تاماكا خۇمارىدا جىلە بولۇپ تۇرغان شاپ بۇرۇتلۇقنىڭ قىسىلىپ كەتكەن كۆزلىرى بىردىنلا چەكچەيدى:

— ھە، سىلىنىڭ ئېغىزلىرى «كەلىمەتەيىيبە»گە بەك كېلىدۇ. بىتەرەت پوق قوڭلىرى بىلەن ئوقۇغان سۈرە - ئايەتلىرى نېمىگە دالدا بولاتتىكى؟! يۇرتتا مەسچىت بوسۇغىسىغا دەسسەپ قويمايدىغان كاتتامنىڭ ئەمدى خۇدا بىلەن روسۇل بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈڭ.

شاپ بۇرۇتلۇقنىڭ دەشنىمى ياغاق يۈزگە خېلىلا ئېغىر كەلگەنىدى، شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى.

— ھە، نېمىلىكام بولمىسۇن سىلىگە ئوخشاش گۇناھنى سېغىنغاندىن، بىتەرەت بولسىمۇ خۇدانى سېغىنغان ياخشىراق.

— بولدى قىلىشسىلا، — دېدى دېرىزە تەرەپتە ئولتۇرغان خام سېمىز ئىككى ھەمراھىنى جېمىلەپ، — ئۆز ۋاقتىدا ياقسام پىشامدىكى، كۆمسەم پىشامدىكى دەپ ئولتۇرماي، بۇرۇنراق قوڭمىزنى كۆتۈرگەن بولساق، بۇگۇنكىدەك مۇشۇنداق بىرمۇنچە پۇل خەجلەپ تۇرۇپمۇ خالىغانچە ھەرىكەت قىلالماي سىقىلىپ، زەردىگۈش بولۇپ، دەردىمىزنى ئالىدىغان ئادەم تاپالماي بىر - بىرىمىز بىلەن ئىت - مۇشۇكتەك تالىشىپ ئولتۇرماي ئايروپىلاندا بوستا خاتىرجەم ئېغىناپ يېتىپ، خالىغىنىمىزنى قىلىپ ماڭغان بولاتتۇق. ھەممىسى ئۆزىمىزدىن كەتتى. ئەمدى تولا تاپا - تەنە قىلىشماي خۇدايىمدىن تىنچ - ئامانلىق تىلەيلى.

خام سېمىزنىڭ سۆزى تەسىر قىلدىمۇ، ئەيتاۋۇر شاپ بۇرۇتلۇق بىلەن ياغاق يۈز جىم بولدى. شۇ تاپتا ئۇلار جىم

ئۆلتۈرگىنى بىلەن خىياللىرى تىنچسىز ئىدى. يۈرەكلىرىنى تەسۋىرلىگۈسىز بىر پۇشايمان قۇرتتەك غاجىلايتتى، ئازابلايتتى. شۇنداق، كىم ئۇلارنى بۇرۇنراق ئۈرۈمچىگە بېرىشقا تەرەددۇتلانمىسۇن دەپتۇ؟ بۇ مەسىلىگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىر ـ بىرىگە تاپا قىلىشمايتتى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ئوي ـ خىياللىرى ئاشۇ پۇشايمانلىق ئەسلىمىلەر قوينىغا شۇڭغۇغانىدى.

بۇ يىل كىرگەندىن بېرى يېزىدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق ئەرباب تولا ئاغرىپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ھەر قېتىم ئاغرىپ قالغاندا ناھىيەلىك دوختۇرخانىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك كېسەلخانىسىدا بىرەر ھەپتە يېتىپ داۋالىنىپ چىقاتتى. ئاشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە پۈتكۈل يېزا تەۋرەپ كېتەتتى ـ دە، يوقلاشقا كىرگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئەلۋەتتە، ئاشۇ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان كېسەل يوقلىغۇچىلار قاتارىدا يۇقىرىدا بىز تونۇشۇپ چىققان ئۈچ پېرسوناژىمىزمۇ بار ئىدى. ئۇلار باشقىلاردىن بۇرۇنراق تۇتۇش قىلىپ نەق پۇل ۋە توخۇ سۈتىدىن باشقا نەرسىلەر بىلەن يوقلاش قېتىم سانىمۇ يېزا تەۋەسىدىكى ھەرقانداق «كالتە ئاقساقال»لارنىڭكىدىن جىق ئىدى.

كۈزگە يېقىن ئەرباب ناھىيەلىك دوختۇرخانىدا ئۇزاقراق يېتىپ قالدى. ئۇنى دوختۇرخانىدا ھەپتىدىن ئارتۇق ياتمايدۇ، دەپ بىر قېتىمدىلا چوڭراق يوقلىۋەتكەنلەر لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ يەنە يوقلاشقا مەجبۇر بولدى (ئەربابتەك كاتتا ئادەمنىڭ كېسىلىنى پارچە ـ پۇرات نەرسىلەر بىلەن يوقلاپ كىرىشكە بولمايدۇ ـ دە، ئەلۋەتتە). شاپ بۇرۇت، خام سېمىز ۋە ياغاق يۈز ئۈچەيلەن ئەربابنىڭ كېسىلىنى تۆتىنچى قېتىم يوقلاپ كىرىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىۋاتقاندا، تويۇقسىز يېزىغا بىر شۇم خەۋەر تارقالدى:

— ئەربابنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كېتىپتىمىش...

— ئۇرۇمچىگە بېرىپ داۋالىنارىمىش...
— ئەربابىنىڭ كېسىلى ئۇرۇمچىدىكى دوختۇرخانىدىمۇ شىپالىق تېپىشى ناتايىن ئىمىش...
— ياق، ناھىيەدىكى دوختۇرلار ئۇرۇمچىدە داۋالانسا چاتاق يوق ساقىيىپ كېتىدۇ، دەپتىمىش...
— ياق، ئەربابىنىڭ كېسىلى ئانچە ئېغىر ئەمەس ئىكەن، داۋالانغاچ ئۇرۇمچىدە بىرنەچچە ۋاق تاماشا قىلىپ كېلەرىمىش...
ئەربابىنىڭ داۋالانغىلى ئۇرۇمچىگە بېرىشى بۇ ئۇچەيلەنگىلا ئەمەس، يېزىدىكى خېلى كۆپ ئادەملەر ئۇچۇن ھەقىقەتەن شۇم خەۋەر ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئەمدى يانچۇقىنىڭ تېگىنى تېخىمۇ بەك كولاپ، سىقىمغا تولغۇدەك پۇل يوللۇق تۇتۇپ، ئەربابىنىڭ كېسىلىگە شىپالىق، سەپىرىگە ئاقيول تىلىشى كېرەك ئىدى.
بۇ ئۇچەيلەن شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ قىسقىلا مەسلىھەت قىلىشتى ـ دە، ھەربىرى ئىككى مىڭ يۈەندىن پۇل كۆتۈرۈپ كىرىپ ئەربابقا يوللۇق تۇتتى ۋە چىن يۈرىكىدىن ياخشى تىلەكلەرنى بىلدۈرۈشتى، ئەربابىنىڭ يۇمشاق، گۆشلۈك ئالىقىنىنى قىيىمىغان ھالدا چىڭ ـ چىڭ سىقىشتى.
ھەربىرى بىردىن كەنتنىڭ بېشى بولغان بۇ ئۇچ كىشى جانجىگەر دوستلاردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىدىكى كەنتلەرنىڭ ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرى شېرىك، تېرىلغۇ يەر ـ ئېتىزلىرى تۇتاش، قول ئاستىدىكى نوپۇس — دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى قوشنا ئىدى. ھەممىدىن مۇھىمى بۇ ئۇچى يېزىدىكى ئاشۇ بىرىنچى نومۇرلۇق ئەربابىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى لەببەيچىلىرىدىن سانىلاتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئەرباب يېزا تەۋەسىدىكى باشقا «كالتە ئاقساقال»لارغا قارىغاندا، بۇلارنى ئۆزىگە يېقىن تۇتاتتى.
ئەرباب ئۇرۇمچىگە داۋالانغىلى كېتىپ ھەپتە ئۆتكەندە بۇ ئۇچ ئاغىنە يېزىدىكى باشقا «كالتە ئاقساقال»لاردىن بۇرۇنراق ئۇرۇمچىگە بېرىپ، ئەربابىنىڭ كېسىلىنى يوقلاپ كېلىشنى مەسلىھەتلەشتى ـ دە، جىددىي سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشتى.

«هامىنى يوقلاپ يارىدىغان بولغاندىكىن باش يۇرتىدا بىز بىرىپ ساداقىتىمىزنى بىلدۈرۈپ كېلەيلى» دېيىشتى ئۇلار. ئەپسۇس، ئەنە شۇ پەيتتە ئۈرۈمچىدىن ھېچكىم كۈتمىگەن بىر شۇم خەۋەر كېلىپ قالدى. خەۋەر ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە يەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. ئەربابىنىڭ كېسىلىگە ئۈرۈمچىدىكى چوڭ دوختۇرخانىلاردىنمۇ داۋا چىقماپتىمىش، ئۈرۈمچىدىكى كاتتا دوختۇر: «بۇرۇنراق كەلمەي كېسىلىڭنى پىشۇرۇپ قويۇپسەن» دەپ ئەربابقا كايىپتىمىش. ئەربابنىڭ جىق بولسا يەنە ئىككى ـ ئۈچ ئايلىقلا ئۆمرى قاپتىمىش...

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاۋۋال شاپ بۇرۇتلۇق ئۈرۈمچى سەپىرىنى كېچىكتۈرىدىغانلىقى ھەققىدە سەۋەب كۆرسەتتى:

— ھازىر كۈزلۈك يىغىم ـ تېرىمنىڭ ئالدىراش مەزگىلى. مەن بىر يەرگە كېتىپ قالسام، كەنتتىكى باشقا كادىرلار ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. ئىش ئاقساپ قالسا، جەرىمانە تۆلىگەننىڭ سىرتىدا بىر پاتمان دەشنەم ئىشىتىدىغان گەپ. بىرنەچچە ۋاق تۇرۇپ تۇراي.

— بىزنىڭ كەنتتىمۇ ياساۋاتقان پارنىكلار تېخى پۈتمىدى. دېھقانلار: «ھەممىمىز بىر مودىن پارنىك قىلىۋالساق، پارنىكتىن چىققان ئوتياشنى قىشچە كىم ئالىدۇ» دەپ بىر ئامال قىلىپ پارنىكتىن قېچىۋاتىدۇ. مەن بېشىدا قاراپ تۇرۇپ ئاشۇ پارنىكلارنى پۈتكۈزۈپ، دېھقانلارنىڭ بېشىغا مەجبۇرىي كىيدۈرمىسەم، باشقىلار بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. سەل ئالدىرىمايراق بارايلىمىكىن دەيمەن، — دېدى ياغاق يۈزمۇ سەۋەب كۆرسىتىپ.

خام سېمىز ئارتۇقچە بىرنېمە دېمىدى. ئۇمۇ ئالىلبۇرۇن شۇنداق قارارغا كېلىپ، ئۈرۈمچىدىكى سەپىرىدىن يالتىيىپ بولغانىدى.

ئەمما، ئاشۇ شۇم خەۋەر تارقىلىپ ئون نەچچە كۈن ئۆتكەندە يېزا تەۋەسىدىن ئەربابنىڭ كېسىلىنى يوقلاشقا كەتكەن بىرىنچى

تۇركۇمدىكى ئۆمەك قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، تارقالغان ھېلىقى شۇم خەۋەر يالغان ئىمىش، ئەرباب خېلىلا ساقىيىپ قالغانمىش. ھەتتا ئەربابنىڭ داۋالىنىش جەريانىدا ئېخىمۇ سەمرىپ، ئاقىرىپ، ئېتىكلىشىپ قالغانلىقى، تولىمۇ خۇش چاقچاق بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارمۇ قۇلاقتىن ـ قۇلاققا يەتتى. ئەرباب كېسىلى توغرۇلۇق تارقالغان بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەنگەنىمىش. دوست ـ يارەنلىرىنىڭ ئۆزىدىن ئەنسىرىمەسلىكىنى ئېيتىپ سالام يوللىغانىمىش.

بۇ خەۋەر بۇ ئۈچ ئاغىنىنى خېلىلا ئويلاندۇرۇپ قويدى. خام سېمىزنىڭ ئۇرۇمچىگە تېزرەك يولغا چىقىش تەكلىپىنى شاپ بۇرۇت بىلەن ياغاق يۈز تۇتۇرۇقسىز سەۋەبلەر بىلەن يەنە رەت قىلدى. ئەلۋەتتە، ئۇچىلىسىنىڭ كۆڭلىدە سان بار ئىدى. ناۋادا ئەربابنىڭ كېسىلى شىپا تاپقانلىق توغرىسىدىكى خەۋەر يالغان چىقسىچۇ؟ ئۇلار ھېلىمۇ ئۇنى ئۈرۈمچىگە خېلىلا جىق پۇل يوللۇق تۇتۇپ يولغا سالغانىدى. بۇ نۆۋەت ئۇرۇمچىگە يوقلاپ بارسىمۇ بىرمۇنچە سەپەر چىقىمى تارتقانىنىڭ سىرتىدا ئاز پۇل كۆتۈرۈپ بارغىلى بولمايتتى. ھېلىقى يوقلاپ كەلگەنلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئەربابقا تۆت ـ بەش مىڭ يۈەندىن ئادەمگەرچىلىك قىلغانلىقى ھەققىدىكى مىش ـ مىش پاراڭلار قۇلاقتىن ـ قۇلاققا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يېزا بويىچە ھەممە ئىشتا «ئەڭ»نى قولدىن بەرمەي كېلىۋاتقان بۇ ئۈچ نەپەر «كالتە ئاقساقال» ئۇلارنىڭ كەينىدە قېلىشنى خالىمايتتى. ناۋادا شۇنچە ھەشەم ـ دەرەم بىلەن بېرىپ بىر ساقايماس كېسەلنى يوقلاپ قالسا، ئۇلار ئۇچۇن بۇ بەكمۇ ئەلەملىك ئىش بولاتتى. شۇڭلاشقا، ئۇلار ئىشەنچلىك ئۇچۇر ۋە پۇرسەت كۈتۈۋاتاتتى. ھەئە، ئەقىلىنىمۇ، پۇلنىمۇ جايىغا ئىشلىتىش كېرەك ـ دە!

شۇ ئارىلىقتا يەنە ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا ئەرباب ئۇلارنىڭ چۈشىگە بىرنەچچە قېتىم ئايان بولدى. قىزىق

يېرى، ئۆچىلىسىنىڭ كۆرگەن چۈشى ئوخشاش ئىدى. چۈشلىرىدە ئەرباب ئۇلارغا غەزەپ بىلەن قولىنى شىلتىغىنىمىش، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقانىمىش. ئەربابنىڭ كېچە ـ كۈندۈز يېنىدىن ئايرىلمايدىغان پىستە كۈچۈكى بىردىنلا غايەت زور ۋەھشىي مەخلۇققا ئايلىنىپ ئۇلارنى تالىغانىمىش. يامان چۈشتىن ئويغىنىپ ئۆچىلىسىنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىغا ئۇششاق قوقاق چىقىپ كەتتى، يۈرىكى ئېغىپ بىرنەچچە كۈن ۋەھىمىدە يۈردى. شۇنداق قىلىپ، يەنە بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئارىدا يېزا تەۋەسىدىكى پونكىت ـ مەكتەپلەرنىڭ، تارماق كەنتلەرنىڭ «كالتە ئاقساقال»لىرى ئورۇمچىگە بىر قېتىمدىن بېرىپ كېلىشتى ۋە ئەربابنىڭ بۇ ئۆچەيلەنگە يوللىغان سالىمىنى يەتكۈزۈشتى. ئەرباب ئۇلارغا: «بۇ ئۆچىنى بەكمۇ سېغىندىم. قابىل يارىدەمچىلىرىم، يېقىن قول ـ قاناتلىرىم ئىدى. يۇرتقا بارغاندا ئۇ ئۆچى بىلەن يۈزىدىن چىققۇدەك بىر مۇڭدىشىۋالىسام بولمايدۇ» دېگەنىمىش. ئەربابنىڭ يۈزىدىن چىققۇدەك مۇڭدىشىۋېلىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋىدى، ئۆچىلىسىنى قورقۇنچلۇق تىترەك باستى. ئۇلار يېزىدىكى چوڭ ـ كىچىك «كالتە ئاقساقال»لارنىڭ ئەربابنىڭ ئاشۇ «يۈزىدىن چىققۇدەك مۇڭدىشىۋېلىشى»دىن ئەنسىرەپ، خالىمىسىمۇ ئورۇمچىگە بىر قېتىم بېرىپ كەلگەنلىكىنى ئوبدان بىلىشىدۇ. «ئەرباب سەللىمازا ساقىيىپ كېتىپتىمىش، يەنە ئىككى ـ ئۈچ كۈنلەردىن كېيىن يۇرتقا قايتىپ كېلەرىمىش...»

ئۇلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يۈتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلاپ كېتىشتى، چاقماق تېزلىكىدە ئورۇمچى سەپىرىگە جابدۇنۇشتى. خېلى ئۇزاق باش قاتۇرۇپ، ئەربابنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ۋاقتىنى ھېسابلاپ، ئورۇمچىگە ئاپتوبۇس بىلەن بارسا ئۇلگۈرەلمەيدىغانلىقىنى پەملەشتى ـ دە، دەرھال ئايروپىلان بىلەن بېرىشنى قارار قىلىشتى. شەھەرگە كىرىپ ئايروپىلان بېلىتىگە پۇل تاپشۇرىدىغان چاغدا يۈرەكلىرى پېژىلداپ

ئېچىشتى. چۈنكى، ئايروپىلان بىلىتى ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدىنمۇ خېلىلا قىممەت ئىدى، ئامالسىز غۇدۇراپ - غۇدۇراپ تۇرۇپ پۇل تاپشۇرۇشتى.

ئايروپىلان موتورىنىڭ گۈرۈلدىشى باشقا يولۇچىلار ئۈچۈن يېقىمسىز تۇيۇلسىمۇ، بۇ ئۈچ نەپەر يولۇچىغا خۇددى يېقىملىق مۇزىكىدەك ئاڭلىناتتى. چۈنكى، ئۇلار مۇشۇ يېقىمسىز گۈرۈلدەشتىن ئۆزلىرىنى بىخەتەر ھېس قىلىشاتتى.

## 2

ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومىنىڭ ئالدىدىكى ماشىنا توختىتىش مەيدانى ھەر خىل رەڭ، ھەر خىل تىپتىكى ماشىنىلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. يولۇچى كۈتۈپ ئۆۋەت ساقلاپ تۇرغان شوپۇر يىگىت بايا سىپتىۋېلىپ تېخى كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن بىر نەچچە پارچە گېزىتنىڭ ئېلان بەتلىرىگە ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر تاشلايتتى. گېزىتتىكى بىر نەچچە پارچە خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ئېلانى ئۇنى قىزىقتۇرالمىدى. چۈنكى، مېھمانساراي، سودا ساراي ۋە رېستورانلارغا مۇلازىمەتچى يالللاش توغرۇلۇق چىقىرىلغان بۇ ئېلانلار ئىچكىرىدىكى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ كەلگەن بۇ يىگىتنى جەلپ قىلالمىدى. ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىمىگە ئىشەنچ قىلغان بۇ يىگىت ئۆگەنگەن كەسپىگە ماس كېلىدىغان ئورۇنلاردىن ياكى تەتقىقات ئورۇنلىرىدىن ئىش ئىزدەشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. گېزىتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئېلان بەتلىرىنى تولۇق كۆرۈپ بولغان يىگىت بارلىق دەرد - ئەلىمىنى چىقارماقچى بولغاندەك گېزىتنى «پاققىدە» تاشلىدى - دە، لېۋىگە بىر تال تاماكا قىستۇرۇپ چاقماق ياقتى.

يىگىتنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئىش كۈتۈپ تۇرغىنىغا مانا ئىككى يىل بولاي دەپ قالدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئىش ئىزدەپ

www.uyghurkitap.com

توختىماي قاتراتتى. كەسپىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇرۇنلارنىڭ خىزمەتچى قوبۇل قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۇلار ئىشچىلىق ئۆچۈرلارغا ئىبرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما مەسئۇل كىشىلەر ھەر خىل تۇتۇرۇقسىز سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۇنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇ ئاشۇ ئىش ئورنىغا ئاشۇ كەسىپ بىلەن مۇناسىۋەتسىز كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىنغىنىنى بىلگىنىدە قاتتىق غەزەپلەندى ۋە ئازابلاندى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ قول ـ ئىلكىدە بار ئائىلىنىڭ پەرزەنتى ئىدى، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا بۇ پىكاپنى ئېلىپ بېرىپ يولغا چىقىرىپ قويدى. مانا ئۇنىڭ تاكسى ھەيدەۋاتقىنىغا يېرىم يىلدىن ئاشتى. ئەمما، «بورىچى ھالۋىچى بولسا، كۆزىنى چاپاق بېسىپتۇ» دېگەندەك، ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىمۇ تازا يۇرۇشمەيۋاتاتتى. ئۇ پات ـ پات ئۆزىگە ئوخشاش ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، مۇۋاپىق خىزمەت تاپالمايۋاتقان دوستلىرىدىن بىرنەچچىسى بىلەن بىر يەرگە كېلىپ قانغۇدەك ھاراق ئىچىپ، پىغانىنى چىقىراتتى، ئىشقا ئورۇنلىشىشتىكى ناھەقچىلىكلەر ھەققىدە دەرد تۆكۈشەتتى. ئۆگەنگەن كەسپىي دائىرىسىدە ئىگىلىك تىكلەش ئارزۇلىرىنى بىلدۈرۈشەتتى.. ئەمما، مەبلەغدىن ئىبارەت چوڭ داۋان بۇ ياشلارنى گاڭگىرىتاتتى.

ئۇرۇمچى خەلقئارا ئايروپورتىنىڭ كۈتۈش زالىدىن يولۇچىلار چىقىشقا باشلىدى. شۇ ھامان تاكسى شوپۇرلىرى جانلىنىپ كېتىشتى. ھەر خىل تىپتىكى كىرا ماشىنىلىرى بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن ئالدىدا سىلجىشقا باشلىدى. يىگىتنىڭ پىكاپى خېلىلا ئارقىدا ئىدى. ئۇ تىت ـ تىت بولغان ھالدا پات ـ پات ئالدىدىكى ماشىنىلارغا ۋە يولۇچىلارغا قارايتتى، تېزرەك كىرا تېپىپ قايتىشقا ئالدىرايتتى.

تۇيۇقسىز ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان دېھقان سۈپەت ئۈچ يولۇچىنى كۆرۈپ يىگىت بىردىنلا ئۇمىدلەندى. ئۈچ يولۇچى بىردىن يوغان ماش رەڭلىك بىرېزىنت سومكىلارنى كۆتۈرۈۋېلىشقان بولۇپ، ئەتراپقا ھەم قىزىقىپ، ھەم ياتسىراپ

قاراشقىنىچە كالانىپاي دەسسەپ كېلىشىۋاتاتتى. ئارقىدىراق سۆرىلىپ كېلىۋاتقان شاپ بۆرۆتلۈق گېزىت قەغىزىگە ئورىۋالغان مۆشۈكنىڭ قۇيرۇقىدەك تومىلۇقتىكى تاماكىسىنى ئىشتىها بىلەن شورايتتى. شۇ تاپتا ئۇ تاماكا چېكىشتىن باشقا ھەممە ئىشنى ئۇنتۇغاندەك قىلاتتى.

يىگىت پىكاپنىڭ ئەينىكىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۇلارغا قاراپ يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى:

— مېنىڭ ماشىنامغا ئولتۇرۇۋېلىشاملا، ئاكىلار؟

ئۇلار يىگىتكە بىرنەچچە دەقىقە تەئەججۇپ بىلەن قاراشتى.

— بولاپتۇ، چىقساق چىقايلى، — دېدى خام سېمىز پىكاپقا يېقىنلىشىپ.

شۇ ھامان ياغاق يۈز خام سېمىزنى پېشىدىن تارتىپ توختاتتى - دە، شوپۇر يىگىتتىن سورىدى:

— ئۈرۈمچىگە نەچچە پۇلغا ئەچىرىپ قويالا، ئۇكام؟

يىگىت ساددىلىق بىلەن سورالغان سوئالغا ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاب بەردى.

— بىر ھېسابتا ئۆزلىرىنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ بولدۇم دەپ ھېسابلىسىلىمۇ بولىدۇ، ئاكا. ئەمما، ئۈرۈمچىنىڭ دائىرىسى بەك كەڭ، ھەرقايسىلىرى نەگە بېرىشىلىكىن؟

— دوختۇرخانىغا بارىمىز، — دەپ ئالدىراش جاۋاب بەردى ياغاق يۈز.

— ئۈرۈمچىدە دوختۇرخانا بەك جىق، قايسى دوختۇرخانىغا بېرىشىلىكىن؟

— بىزنىڭ يېزىنىڭ شۇجىسى قا شۇجى داۋالىنىۋاتقان دوختۇرخانىغا، — دېدى شاپ بۇرۇت تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلىگىنىچە.

يىگىت قىستاپ كەلگەن كۈلكىسىنى بوغۇزىدىلا توختىتىۋالدى. ئۇنىڭغىچە شاپ بۆرۆتلۈقنىڭ ھاماقەتلەرچە بەرگەن جاۋابىنى خام سېمىز تۈزەتتى:

www.uyghurkitap.com

— ئاپتونوم رايونلۇق ئىككىنچى دوختۇرخانىغا بارىمىز، كىرانى ئەرزانراق ئالالا، ئۇكام. بىز دېگەن دېھقان خەق.

يىگىت بىرنەچچە دەقىقە ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى:

— مەن سىلەرگە مانچە پۇل بېرىڭلار دېسەم بەلكىم سىلە باھانى قىممەت كۆرۈشۈڭلار مۇمكىن. مۇنداق قىلايلى: ماشىنامنىڭ ھەق ھېسابلاش ئۈسكۈنىسىدىكى باھا بويىچە ھەق ھېسابلايلى. ئىككىنچى دوختۇرخانىغا بارغاندىن كېيىن ئەمەلىي ھېسابلانغان باھادىن يىگىرمە كوي كەم بېرىڭلار، بولامدۇ؟

ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن تەڭلا پىكاپنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىغا يۈگۈرۈشتى - دە، بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ، قىستىشىپ، كۈلكىلىك بىر ھەرىكەتلەرنى قىلىشتى. ئاخىرىدا غالىب كەلگەن شاپ بۇرۇت ئالدى ئىشىكنى ئېچىشقا مۇۋەپپەق بولدى.

— خاپا بولمىسىلا، ئاكا، — دېدى شوپۇر يىگىت ئەدەپ بىلەن، — ئورۇمچىنىڭ قاتناش بەلگىلىمىسىدە كەچ تەرەپتە كىرا ماشىنىسىنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدا ئەر كىشى ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ، شۇڭا كەينىدە ئولتۇرغان بولسىلا.

شاپ بۇرۇت نارازىلىق بىلەن ئىشىكنى «جالاققىدە» ياپتى - دە، ئارقا ئىشىكنى ئېچىپ ھەمراھلىرىنىڭ يېنىغا قىستالغىنىچە غۇدۇرىدى:

— پىكاپنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىدىغان خوتۇن كىشىگە ساقلاپ نەۋاقىچە ئولتۇرارمىز ئەمدى؟

شوپۇر يىگىت پىكاپنى يەڭگىل قوزغىدى.

پىكاپنىڭ ئىچىدىكى شوپۇر بىلەن يولۇچىلارنى ئايرىپ تۇرىدىغان تۆمۈر توسۇق ئۇلارنى ئالاھىدە قىزىقتۇردى.

— ئورۇمچىنىڭ شوپۇرلىرى خۇددى قەپەستە ئولتۇرغاندەك ماشىنا ھەيدەمدۇ نېمە؟ — دېدى ياغاق يۈز ھەيرانلىقىنى يوشۇرماي.

شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى ئايروپىلاندا ئولتۇرغاندىكى

ۋەھىمە ـ جىددىيچىلىكلەر پۈتۈنلەي يوقالغان بولۇپ، خاتىرجەملىك ئەكس ئەتكەن چىرايلىرىغا ئوبدانلا كۈلكە يۈگۈرۈپ قالغانىدى.

— ئاڭلىشىمچە، ئۇرۇمچىدە بۇلاڭچى ـ ئالدامچىلار بەك جىق ئىمىش، شۇڭلاشقا شوپۇرلار ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن پىكاپىنىڭ ئىچىگە ئاشۇنداق قەپەس ئورنىتىۋالغان گەپ، — دېدى خام سېمىز.

— خۇداغا شۈكۈر، — نېمىلىكام بولمىسۇن يەرگە ساق ـ سالامەت دەسسىۋالدۇق، — دېدى ياغاق يۈز، — يول بويى ئايروپىلان ئاسماندىن يەرگە «پوككىدە» چۈشۈپ كېتەمدىكىن دەپ يۈرىكىم سۇ بولۇپ كەتتى دەڭلا.

— قورقۇپ كېتىپ ئىشتىنىڭلىنى پوقلىمىغانسىلە، رازىق ئاخۇن سېكرېتار؟

شاپ بۇرۇتنىڭ بۇ چاقچىقىغا ھەممىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى. شوپۇر يىگىتمۇ بۇ ساددا ـ تۈز چاقچاقتىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى.

— خۇدايىم بۇيرۇسا، قا شۇجى بىلەن بۇگۈنلا كۆرۈشۈپ ئاتىغان ئامانىتىمىزنى قولىغا ساق ـ سالامەت تەگكۈزۈۋالساق ھەممە غەمدىن خالاس بولاتتۇق، — دېدى خام سېمىز.

— نېمىگە ئۇنچە ئالدىرايسىلەر؟ ئەتە يوروق جاھاندا بىرەر رېستورانغا باشلاپ چىقىپ، بىرەر رومكىدىن ئىچىشكەچ ئالدىغا چىرايلىقچە قويارمىز، — دېدى شاپ بۇرۇت.

— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن، ئەمەت ئاخۇن سېكرېتار، ئۇرۇمچى دېگەن بوش شەھەر ئەمەس. يانچۇقتىكى تۆت تەڭگە پۇل تۇگۇل ئىسسىق جاننى ساقلىماقمۇ تەس. ئالىمادىن بىرەر ئوغرى ـ يانچۇقچىغا ئۇچراپ قالساق...

— خۇدايىم ساقلا، ئېغىزلىرىنى ئۇششۇتمىسىلە، — دېدى ياغاق يۈز قاپىقىنى تۈرۈپ.

— بىرەر ھەپتە تۇرساق ئىككى ـ ئۈچ مىڭ كوي پۇل يېتەر ـ

www.uyghurkitap.com

هە، ئاغىنىلەر، — سورىدى شاپ بۇرۇت كۆزنەكتىن سىرتنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغاچ.

— خەجلەشلىرىگە باغلىق، — دېدى خام سېمىز.

— ئەمدى دەيمىنا، — دېدى شاپ بۇرۇت، — ئالەم ئۆزىلىپ ئۆرۈمچىگە ئاران بىر كەلگەندە راۋرۇس تاماشا قىلارمىز. ئېپىدە كېلىپ قالسا ئۆرۈمچىلىك چوكانلار بىلەن مۇنداق بى...

— سىلىگىغۇ ئاشۇنداق تاماشا بولسىلا بولىدۇ، — دېدى ياغاق يۈز.

— ئەمدى دەيمىنا، ئۆلۈپ كېتىدىغان جانغا ئانچە - مۇنچە راھەتمۇ كۆرگۈلۈك. ئاشۇ نەرسىدىنمۇ ئارتۇق راھەت بارمۇ دەيلا بۇ جاھاندا، — شاپ بۇرۇت لەۋلىرىنى تەمشىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — شۇڭىمۇ سۆڭەكنىڭ تاتلىقلىقىدىن ئىت بولۇۋالغۇم بار... تاتلىقلىقىدىن پىت بولۇۋالغۇم بار، دېگەن گەپ بىكارغا چىقمىغان. سىلىمۇ ئاشۇنداق دەپ قويغانلىرى بىلەن بازاردىكى هاراق دۇكىنى ئاچقان پاتەمخاننى تالىشىپ، ياش باللار بىلەن قاپاق يېرىشقانلىرى ئەسلىرىدىن چىقىپ كەتمىگەندۇ.

— ئەمدى ئۇ دېگەن بىر كەيپلىك، دېسىلە.

— هە شۇ، ئۆرۈمچىدىمۇ ئاۋۋال رېستورانغا كىرىپ هاراق ئىچىمىز. ئاندىن سۇ ئىچسە گېلىدىن كۆرۈنىدىغان بىلىقتەك چوكانلار بىلەن، هى - هى - هى...

ئۇلار پىخىلداپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

پىكاپتىكى بىرپەسلىك جىمجىتلىقنى ياغاق يۈز بۇزدى.

— هە راست، بىر گەپنى مەسلىھەتلىشىۋالايلى، — دېدى ئۇ ئىككى هەمراھىغا قاراپ، — قا شۇجىغا قىلىدىغان ئادەمگەرچىلىكىمىز ئوخشاش بولسۇن، بىرسىمىزنىڭ جىق، بىرسىمىزنىڭ ئاز بولۇپ قالمىسۇن.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى خام سېمىز تەستىقلاپ، — باشتا كەلگەن بولساقمۇ ئادەمگەرچىلىكىمىز ئازراق بولۇپ

قالسىمۇ بولىۋېرەتتى. ئاڭلىشىمچە، ئۈجمىلىك، سايتۇگمەن، ئاچاپېشى، شالدىراڭ كەنتلىرىنىڭ سېكرېتارلىرى ھەربىرى سەككىز مىڭ كويدىن ئادەمگەرچىلىك قىپتىمىش. بىز ئۇلاردىن ئاز قىلساق بولماس. شۇڭا، مەن ئون مىڭ كوي ئاتاپ قويغان...

— مەنمۇ شۇنچىلىك قىلارمىز دەپ پىلانلىغان، — دېدى شاپ بۇرۇت.

— مەيلى ئەمىسە، ئون مىڭ كويدىن بولسۇن، — دېدى ياغاق يۈز، — بەربىر شەخسىي خەزىنىمىزدىن چىقىرىدىغان پۇل بولمىغاندىكىن.

— سىلىدىن گەپ يوشۇرمايمەن، سېكرېتار، — دېدى شاپ بۇرۇت، — قۇشناچىمىنىڭ ساندۇقىدىن مىڭ كوي ئالدىم، كەنتتىكى مۇئاۋىن سېكرېتار، مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلارنىڭ ھەربىرىدىن مىڭ كويدىن ئالدىم، قالدىسىغا كەنت مالىيەسىدىن بەش مىڭ كوي ئېلىۋالدىم. بىر ھېسابتا شۇنچە جاپا تارتىپ ئۆرۈمچىگە كېلىپ قا شۇجىنى يوقلىشىمىزمۇ ھۆكۈمەت ئىشى ئۈچۈن دېسىلە، كېيىن يۇرتقا بارغاندا بىر ئامال قىلىپ، «ئازگال»نى تىندۇرۇۋالىمىز.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ ـ دە، — دېدى ياغاق يۈز، — ئوبدان غوس قوپۇراپ ئىككى مەرتەم باھالاش ئېلىپ بارساق، ئالغان جەرىمانىمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالىدۇ.

— مۇشۇ دېھقان خەقمۇ ئۆششۈق بولۇپ كەتتى. ھە دېسىلا ناھىيەگە كىرىپ ئەرز قىلىپ، ھاكىمنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا يېتىۋالىدۇ.

— ئۇلار ھەرقانچە ئەرز قىلغىنى بىلەن ھاكىم يەنىلا ئەرزنى سوراشقا قا شۇجىنى بۇيرۇيدۇ. قا شۇجى سالامەت ساقىيىپ كېلىۋالسىلا ئۇنچە غەم يېمىسەكمۇ بولىدۇ.

بىر خىل سۈرئەتتە پىكاپنى ھەيدىگەچ ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان شوپۇر يىگىتنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا نۇرغۇن سوئاللار ئەلەڭگىيتتى. ئۇ

دەسلەپتە تېخى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن جاپاكەش دېھقانلارنى پىكاپىمغا سىلىۋالدىم، دەپ ئۆزىدىن خېلىلا پەخىرلەنگەن، ئۇلاردىن يېرىم باھادا ھەق ئېلىپ، دېھقانلارغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. شۇ تاپتىلا ئۇنىڭغا پىكاپىدا ئۈچ نەپەر جاپاكەش دېھقان ئەمەس، ئۈچ تۈپياق تىرىكتاپ توڭگۇز ئولتۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بايىقى پاراڭلاردىن ئۇلارنىڭ ئۈرۈمچىگە نېمە سەۋەبتىن ئايروپىلان بىلەن ئالدىراش كەلگەنلىكىنى، دوختۇرخانىغا نېمە سەۋەبتىن ھازىرلا بېرىشقا ئالدىراۋاتقانلىقىنى تولۇق بىلىپ يەتكەنىدى.

شۇ دەقىقىدە يىگىت كاللىسىدىن «يالت» قىلىپ كەچكەن بىر خىيالدىن دەسلەپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى، كېيىن بۇ خىيال پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى ئەسىر قىلىۋالدى. ئۇ خىيال قىلغانسېرى ئىشەنچكە تولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ كۈچلۈك بىر ۋەسۋەسە ئىلكىدە يانچۇقىدىن يانفونىنى ئالدى ـ دە، بىر قولىدا رولنى باشقۇرغاچ، بىر قولىدا بىرنەچچە نومۇرنى بېسىپ تېلېفوننى قۇلىقىغا يېقىن تۇتتى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ــ دېدى يىگىت ۋە شۇ ھامان قارشى تەرەپكە خەنزۇ تىلىدا سۆزلەشكە باشلىدى.

شوپۇر يىگىتنىڭ تېلېفوندا خەنزۇچە سۆزلىشىشى ياغاق يۈزنىڭ ئىچىنى پۇشۇردىمۇ قانداق ئىككى ھەمراھىغا قاراپ غۇدۇرىدى:

ــ ئۈرۈمچى دېگەن ئەجەب شەھەر ئىكەن، ئۇيغۇرلارمۇ خەنزۇچە گەپ قىلىشىدىغان، ماۋۇ بالىمۇ بىر ئوبدان ئەسسالامۇئەلەيكۇم دەپ بولۇپلا، خەنزۇچە كالدىرلاپ كەتتىيا.

گېزىت قەغىزىگە يەنە تاماكا ئوراشقا تۇتۇنغان شاپ بۇرۇت ئاللىقانداق شېرىن خىياللار ئىلكىدە ئولتۇراتتى. يىگىت تېلېفوندا خېلى ئۇزاق خەنزۇچە سۆزلىگەندىن كېيىن، گېپىنى ئۇيغۇرچە ئاخىرلاشتۇردى:

— ماقۇل، ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، خاتىرجەم بول، قىلچىلىك چاتاق چىقمايدۇ. چاتاق چىقسا ھەممە مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن.

شەھەرنىڭ ئىچى رەڭگارەڭ چىراغلار بىلەن كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەنىدى. بۇ شەھەرگە تۇنجى كەلگەن بۇ ئۈچ يولۇچى جاھاندا مۇشۇنداقمۇ نۇرغۇن ئادەملەر جۇغلاشقان، خۇددى ئورمانغا ئوخشاش سانجاق ـ سانجاق بىنالار بىلەن تولغان، كوچىلىرىدا پىكاپلار خۇددى ھاشار چۈمۈلىلىرىدەك توختىماي ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان شەھەرنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك ھەيرانلىق بىلەن قارايتتى.

شەھەرنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىنى كۆرۈۋېتىپ زېرىككەن ياغاق يۈز شوپۇر يىگىتتىن تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى:

— ئۆكام، كېلەي دېدۇقمۇ يا؟

— ئاز قالدۇق، — دېدى يىگىت خاتىرجەملىك بىلەن، — قارىماملا، ئالدىمىزدىكى تىزىلىپ كەتكەن ماشىنىلارنى. ئۇلاردىن يول تالىشىپ ماڭساق، قاتناش ساقچىلىرى جەرىمانە ئالىدۇ. مۇنداق قىلايلى بولمىسا، — دېدى يىگىت كاللىسىغا تۇيۇقسىز بىر ئەقىل كەلگەن قىياپەتتە، — بۇنداق قەدەمدە بىر توختاپ قاتناش بەلگە چىراغلىرىغا قاراپ ماڭغۇچە شەھەر سىرتى بىلەن ئايلىنىپ ماڭامدۇق يا؟

— ئىختىيارلىرى، — دېدى ياغاق يۈز، — ئىشقىلىپ، بىزنى دوختۇرخانىغا تېزرەك يەتكۈزۈپ قويسىلا بولدى.

پىكاپ ئاۋات، يورۇق كوچىلاردىن ئاندا ـ ساندا ماشىنا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان چىراغسىز قاراڭغۇ بىر كوچىغا شۇڭغۇدى. شۇ ئەسنادا شوپۇر يىگىتنىڭ يانفونى سايرىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى يىگىت يانفوننى قۇلىقىغا تۇتۇپ، — ھە، بىلدىم، بولىدۇ، بىرئاز ساقلا.

پىكاپ شەھەر سىرتىدىكى قويۇق بىر ئورمانلىققا كەلگەندە يىگىت تۇيۇقسىز رولنى سولغا بۇرىدى ـ دە، ئورمانلىقنىڭ

ئارىسىدىكى تېخىمۇ قاراڭغۇ، تېخىمۇ تىمتاس بىر كوچىغا كىرىپ كەتتى. ئايروپىلاندا نېرۋىلىرى جىددىيلەشكەن ئۈچ يولۇچى بولسا، بۇ چاغدا مۈگدەشكە باشلىغانىدى.

شوپۇر يىگىت ئالدى تەرەپتىكى ئىككى گەۋدىنى ئېنىق كۆرۈپ، پىكاپنى ئاستا ئۇلارنىڭ يېنىدا توختاتتى ـ دە، پىكاپتىن چۈشۈپ ئىككى دوستى بىلەن بىرنەچچە ئېغىز كۆسۈرلاشقاندىن كېيىن، ئىككىيلەن پىكاپنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىشىككە بىردىن كەلدى. يەنە بىر گەۋدىلىك يىگىت پىكاپ چىرىغىنىڭ يورۇقىدا يوغان قىڭراقنى تۇتۇپ تۇردى.

شوپۇر يىگىت پىكاپنىڭ ئىشىكىنى زەرب بىلەن ئاچتى ـ دە، سول قولى بىلەن شاپ بۇرۇتنىڭ ياقىسىدىن قاماللاپ تۇتۇپ، ئوڭ قولىدىكى پىچاقنى گېلىغا تەڭلەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— قوپە ئوغرى، توڭگۇزدەك ئۇخلاۋەرمەي.

بۇ مۇدھىش ئاۋازدىن ئاۋۋال شاپ بۇرۇت، ئاندىن ياغاق يۈز بىلەن خام سېمىز چۆچۈپ ئويغاندى. غەزەپ بىلەن پىچاق تەڭلەپ تۇرغان شوپۇر يىگىتنى، پىكاپنىڭ ئالدىدا ۋە يەنە بىر ئىشىكتە پىچاق تۇتۇپ تۇرغان ئىككى يىگىتنى كۆرۈپ، قورقۇنچتىن ئۇلارنىڭ پۇت ـ قوللىرىدا جان قالمىدى، كالپۇكلىرى تىترەپ، چىشلىرى كاسىلدىدى، بەدىنىنى سوغۇق تەر باستى.

— بولە، ئوغرى، پارقىراپ تۇرماي. يېزىدىكى دېھقانلارنى قاقشىتىپ، باشلىق ئاكاڭغا پورداقچىلىق قىلغىلى ئەكەلگەن پۇللارنى چىقار.

— جېنىم ئۇكام... بۇ... بۇ...

— ھېلى بىكار... پۇلنى چىقىرامسەن ياكى ئۆلۈكۈڭنى مۇشۇ تاغدا قالسۇن دەمسەن؟ پۇلنى بېرىپ سېسىق جېنىڭنى ساقلاپ قالغىنىڭ تۈزۈكمىكىن.

شوپۇر يىگىت پىچاقنى شاپ بۇرۇتنىڭ گېلىغا تېخىمۇ بەك نىقتىدى.

يۇرتتا دېھقانلارغا بۇقىدەك ھۆركىرەپ كۆنۈپ قالغان شاپ

بۇرۇت ۋە ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھى شۇ تاپتا خۇددى ئېرىدىن ناھەق تاياق يېگەن ئايالدەك يىغلاشقا باشلىدى.

— نېمە خوتۇن كىشىدەك پوتلىسىنى ئېقىتىدۇ ماۋۇ نېملەر؟ — دېدى پىكاپنىڭ يەنە بىر ئىشىكىدە تۇرغان يىگىت ياغاق يۈزنىڭ كومشىرىغا زەرب بىلەن بىر مۇشت سېلىپ، — سەنلەر ئۆلمەي تۇرۇپ پۇلنى بېرنشمەيدىغان ئوخشىمامسەن؟

— بېرەيلى، ئۇكام، بېرەيلى، — دېدى ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان خام سېمىز غال ـ غال تىترىگىنىچە، — بولۇشىلا، پۇلنى چىقىرىشىلا. «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن. جېنىمىز ھايات قالىدىغانلا ئىش بولسا، نېمىنى دېسە شۇنى بېرەيلى.

— ئالدىرىماي تۇرۇش، — دېدى شوپۇر يىگىت، — ھە، ئاۋۋال سەن چىقار، قالغان ئىككىڭ مىدىرلىماي جىم تۇرۇش.

— ماقۇل، ماقۇل، — دېدى شاپ بۇرۇت خىرتىلداپ يىغلىغىنىچە. ئۇ پىكاپنىڭ ئىچىدە قىستىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن شوپۇر يىگىتكە يېلىنىدى، — پۇل كالتە ئىشتاننىڭ يانچۇقىدا ئىدى، ئۇكام. بۇ يەردە قىستىلىپ ئالغىلى بولمىغۇدەك.

— ئۇنداق بولسا كىيىملىرىڭنى بىردىن ـ بىردىن يەش، — دېدى شوپۇر يىگىت.

شاپ بۇرۇت ئىلاجسىز كىيىملىرىنى يېشىشكە باشلىدى. شوپۇر يىگىت ئۇنىڭ سالغان كىيىملىرىنى يەنە بىر يىگىتكە ئۇزارتتى. ئۇ كىيىملەرنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ، پۇللارنى پىكاپنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىغا تاشلىدى. شاپ بۇرۇت بىردەمدىلا يالىڭاچلاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن خام سېمىز، ئەڭ ئاخىرىدا ياغاق يۈز يالىڭاچلاندى. يىگىتلەر سالدۇرۇۋالغان كىيىملەرنى يولنىڭ بىر چېتىگە دۆۋىلەپ قويغانىدى.

— ھە، ئەمدى پىكاپتىن بىر ـ بىرلەپ چۈشۈشە، — دېدى شوپۇر يىگىت.

يالىڭاچلانغان ئۈچ يولۇچى قوللىرىدا ئالدىلىرىنى

چاڭگاللىغىنىچە پىكاپتىن چۈشتى. سىرتتا سۈس قار يېغىۋاتاتتى، سوغۇق نەشتەردەك سانجىلاتتى. ئۇچەيلەن خىرتىلداپ يېقىنلاشقىنىچە دىر ـ دىر تىترەيتتى.

شوپۇر يىگىت پىكاپنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدىكى بىر دۆۋە پۇلنىڭ ئارىسىدىن ئالتە يۈز يۈەن پۇلنى ئايرىۋېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاشلىدى:

— ئېلىشە، بۇ پۇل بىلەن كىرا قىلىپ يۇرتۇڭغا كېتىۋېلىش. بۇنىڭدىن كېيىن دېھقانلارنى قاقشاتماي ۋىجدان بىلەن ئىش قىلىشارسەن. ھەممىڭ پىكاپقا كەينىڭنى قىلىپ تۇرۇش. پىكاپنىڭ كەينىدىن قارايدىغان بولساڭ، پىكاپقا دەسسىتىپ مىجىقىڭنى چىقىرىۋېتىمەن.

ئۇلار دەرھال كەينىگە ئۆرۈلدى. شۇ ھامان شوپۇر يىگىت پىكاپنى قوزغاپ ئوقتەك يۈرۈپ كەتتى. تۇن قاراڭغۇسىدا پىكاپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

## 3

ئازادە، يورۇق، ھەشەمەتلىك كېسەلخانا. چىغ يوللۇق بىمارلار كىيىمى كىيىۋالغان ئەرباب دېرىزە تۈۋىدە ئۆرە تۇرغىنىچە كىرېسلودا پۈتىنى ئالماپ ئولتۇرغان يىگىتكە قولىنى شىلتىپ غەزەپ بىلەن سۆزلەۋاتاتتى:

— ھە، دېگىنە؟ مەكتەپتىن ھەيدىۋەتكەن بولسا ئەمدى يەنە نېمە قىلىپ بېرىمەن ساڭا؟ ئوقۇيمەن دېگەن مەكتەپىڭگە ئوقۇشقا ئەۋەتتىم. ئۇيچە ياتاقتا ياتمايمەن دېدىڭ، ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل دەپ مەكتەپ سىرتىدىن بىر يۇرۇش ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ بەردىم. ئايلىق خىراجىتىڭگە مىڭ كويدىن پۇل ئەۋەتتىم، كومپيۇتېر، تېلېۋىزور ئېلىپ بەردىم. سېنى ئالتە قېتىم ساقچىخانىدىن ئاچىقىش جەريانىدا ئون مىڭ كويدىن ئارتۇق جەرىمانە تۆلەپ بەردىم. ئېيتە، يەنە نېمە قىلىپ بەرسەم بولاتتى

www.uyghurkitap.com

ساڭا؟ ياخشى ئوقۇپ نىنى پۈتۈن ئادەم بولساڭ ئۆزۈڭگە بولىسەن. مەكتەپتىن ھەيدىۋەتكەن بولسا مىنىڭ بىرىپ سۆزلەشكىنىم بىكار. ئەمدى مەن بىلەن بىللە يۇرتقا قايت. بىر ئامالىنى قىلىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي. مىنىڭ قولۇمدىن كىلىدىغىنى مۇشۇ. مەندىن بۇنىڭدىن ئارتۇق ئۈمىد كۈتمە.

— ئۇنداق سەھرايىقىيامەتكە ئۆزۈڭ بار، — دىدى يىگىت قولىنى سىلكىپ، — مەن ئۈرۈمچىدىن ھىچ يەرگە بارمايمەن.

— دەپ باقە، ئۈرۈمچىدە قىلىپ نىمە ئىش قىلماقچىسەن؟

ئەرباب ئوغلىغا قاراپ دىۋەيلىدى.

يىگىت پەرۋاسىزلىق بىلەن خاتىرجەم جاۋاب بەردى:

— پۇل بەر، تىجارەت قىلىمەن.

— پۇل بەر؟ سەن مىنى پۇلنى يولدىن غازاڭ سۈپۈرگەندەك سۈپۈرۈۋالىدۇ، دەپ ئويلايدىغان ئوخشىمامسەن؟

— كارىم يوق. سەن ئۈچۈن ئىككى ـ ئۈچ يۈز مىڭ كوي دىگەن ھىچ گەپ ئەمەس. ئىشقىلىپ، ماڭا تىجارەتكە دەسمايە قىلغۇدەك پۇل بەرسەڭلا بولدى.

— ئۇخلاپ چۈشۈڭ !

ئەرباب شۇنداق دەپ قولىنى سىلكىدى ـ دە، ھاجەتخانىغا كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا كىچە ـ كۈندۈز يىپىندىن ئايرىلمايدىغان پىستە كۈچۈكمۇ بىللە كىرىپ كەتتى. تۇيۇقسىز ھاجەتخانىدىن پىستىنىڭ ئىچىنىشلىق غىڭشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەرباب ئوغلىدىن ئالالمىغان دەردىنى پىستىدىن ئىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

شۇ ئەسنادا ياتاقتا شاپ بۇرۇت، خام سىمىز، ياغاق يۈز قاتارلىق ئۈچەيلەن سالپىيىشقىنىچە ھودۇقۇپ ـ تەمتىرەپ كىرىپ كىلىشتى ـ دە، يىگىتنى كۆرۈپ كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئىگىلگىنىچە قول تەڭلەپ كەلدى.

يىگىت ئولتۇرغان ئورنىدىن مىدىرلىمايلا ئۇلارغا قولىنى

ئۇزارتتى.
— سالامەت تۇردىڭىزمۇ، ئالىمجان ئۇكام؟ قاشۇچى كۆرۈنمەيدۇغۇ؟ — سورىدى ياتاققا تېزلا نەزەر تاشلاپ چىققان ياغاق يۈز.
— تازىلىق ئۆيىدە، — دېدى يىگىت پەرۋاسىزلا ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىنى تاراپ.
— تازىلىق ئۆيىدە؟ — دېدى خام سېمىز يىگىتكە قاراپ، — ئاپلا، ئۇ يەردىن قاچان كېلەر ئەمدى؟
— خالادا، — دېدى يىگىت قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئاشۇ گەپنىمۇ چۈشەنمەيدۇ.
ئۈچەيلەن گۇناھكارلاردەك بېشىنى تۆۋەن سېلىشتى. ياتاققا مېھمان كەلگەنلىكىنى بىلگەن ئەرباب پىستىنى ئەگەشتۈرگىنىچە ھاجەتخانىدىن چىقتى. تېخى ھېلىلا ئازار يەپ غىڭشىپ كەتكەن پىستە ئەربابنىڭ ئايىغى ئاستىدا قۇيرۇقىنى شىپپاڭلاتقىنىچە يۈگۈرۈپ يۈرەتتى.
ئۇلار ئەربابنى كۆرۈپلا ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئايىغىغا ئاتتى ـ دە، ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىدى.
ئۇلارنىڭ ۋاقتىدا يوقلاپ كەلمىگەنلىكىدىن خېلىلا ئاداۋەت تۇتۇپ قالغان ئەرباب ئۇلارنىڭ يىغىسىنى كۆرۈپ خېلىلا يۇمشاپ قالدى.
— بولدى، بولدى، ئۆزۈڭلارغا ھاي بېرىڭلار.
ئەرباب خېلى بەزلەپمۇ ئۇلارنى يىغىسىدىن توختىتالمىدى ـ دە، غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:
— بولدى قىلىش، زۇۋانىڭنى ئۆچۈرۈش! ئاناڭ ئۆلدىمۇ ھەرقايسىڭنىڭ؟!
ئەزەلدىن ئەربابنىڭ بۇيرۇقىنى بەجانىدىل ئورۇنلاپ كۆنۈپ قالغان بۇ «لەببەي»چىلەر شۇ ھامان يىغىدىن «شىپپىدە» توختاشتى ـ دە، ئۆپكىلەشكە باشلىدى.
ئۇلارنىڭ يىغىسىنى، كېسىلىم توغرۇلۇق يۇرتقا تارقالغان

يامان خەۋەرلەرنىڭ سەۋەبىدىن دەپ چۈشەنگەن ئەرباب ئۆلارغا تەسەللى بېرىشكە باشلىدى:

— خاتىرجەم بولۇڭلار، پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتتىم. ئەتە دوختۇردىن چىقىمەن. كېسىلىم تۇغرۇلۇق يۇرتقا يالغان - ياۋىداق گەپ تارقاتقان بەتبەختنى تېپىۋالسام ئەدىپىنى بەرمەي قويمايمەن. ھەرقاچان دۈشمەنلىرىمنىڭ ئويۇنلىرى بۇ. ئۈچىلىڭنى سىغىنىپ تۇراتتىم. ھەرنېمە بولسا كەپسىلەر. ئۆرۈمچىدە بىرەر - ئىككى كۈن راسا تاماشا قىلىۋېلىپ، ئاندىن يۇرتقا بىللە قايتارمىز.

ئەربابنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇلار قايتىدىن يىغىسىنى باشلىدى. پوتلا - ماڭقىسىنى ئېقىتىشىپ تۇرۇپ دادلاشتى:

— بىزگە كېلىشمەسلىك كەلدى، قا شۈجى... ھۇ - ھۇ - ھۇ...

— ئاخشام ئايروپىلاندىن چۈشۈپ بىر تاكسىغا ئولتۇرغاندۇق...

— يۇزىنىڭ قېنى بار يېتىم ئىكەن دېسەك، بىر بۆلاڭچى ئىكەن ئەمەسمۇ... ھۇ - ھۇ...

— تېلېفوندا خەنزۇچە كالدىرلىسا بىلمەپتىمىز...

— ئاغىنىلىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈپ...

— مېنىڭ يىگىرمە بىر مىڭ كوي پۇلۇمنى...

— مېنىڭ ئون سەككىز مىڭ كويۇمنى...

— مېنىڭ ئون توققۇز مىڭ كوي پۇلۇمنى...

— قاراقچىغا ئۇچرىدۇق، قا شۈجى...

— ۋاي قانداق قىلارمىز ئەمدى...

— زۇۋانىڭنى يىغىش، پوق زەمبىلى ئوغرىلار! — دېدى قا شۈجى غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ. ئۇ شۇ تاپتا ئاخشام نېمە ئىش بولغانلىقىنى، ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن ئۈچەيلەننى قانداق پالاكەت باسقانلىقىنى پەرەز قىلىپ بولغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنى بۆلاڭچىغا بېرىپ قويغاندەك يۈرىكى شۇنداق ئېچىشتىكى،

غەزەپتىن پۈتكۈل ئەزاسىدىكى ھەممە قانلار مېڭىسىگە تەپتى.

قا شۈجىنىڭ غەزەپلىك ئەلپازىنى كۆرۈپ، ئۇلار سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئىتتەك شۈمشىيىشتى.

— ھۇ قاپاقباشلار، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نەدە يۈرۈشكەنىدىڭ؟ بۇرۇنراق كېلىشمەي؟ مېنىڭ ئەتە ياتاقتىن چىقىدىغانلىقىمنى بىلگەنىدىكىن ساقلاپ تۇرۇشساڭ بولمامدۇ، ئۆرۈمچىدە سوۋۇتۇپ قويغان بىرنەرسە باردەك ئايروپىلاندا كېلىشكۈچە؟ چىقىش، كۆزۈمدىن يوقىلىش. قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاش: بۇ گەپ مۇشۇ يەردىلا قالسۇن. ناۋادا ئەل - يۇرتقا يېيىلىپ كېتىپ، باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن مۇشۇنداق گەپ ئاڭلاپ قالىدىغان بولسام، يەتمىش پۈشتۈڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىمەن. قالدى گەپنى يۇرتقا بارغاندا دېيىشىۋالىمىز. مېڭىشە، ھازىرلا بىكەتكە بېرىپ يۇرتقا قايتىش. ئۆرۈمچىدە بىر كۈن تۇرۇپ قالغىنىڭنى بىلىپ قالىدىغان بولسام، ئۆزۈڭگە ھېزى بولۇش، ھۇ پوق قورساق شوۋۇچىلار.

ئەربابنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ، پەستە كىچىك ئۇلارغا قاراپ قاۋاشقا باشلىدى. قا شۈجى «لاغ - لاغ» تىترەپ تۇرغان ئۈچ كىشىگە قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى.

— يوقىلىش دەيمەن، دۆت ئېشەكلەر!

# ياشسۇن نىكاھتىن ئاجرىشش

قولۇمغا ئەمدىلا كىتابنى ئېلىپ قاتلاپ قويغان بەتنى ئېچىپ تۇراتتىم، تۇيۇقسىز ھويلا دەرۋازىسىنىڭ سەت غىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى ـ دە، ھايال ئۆتمەيلا ئۆينىڭ ئىشىكى يەڭگىلگىنە ئۇچ قېتىم چېكىلدى. خۇشياقمىغان ھالدا كىتابنى ئۈستەلگە قويۇپ، بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم. ئالدىمدا ئاق سېرىقنا كەلگەن، ياداڭغۇ، ئېگىز بوي، تۇرقىدىن ھازىرلا سەپەردىن كەلگەندەك ئالامەتلەر چىقىپ تۇرىدىغان بىر قىز قاراپ تۇراتتى.

— بۇ رابىيەم توختىنىڭ ئۆيىمۇ؟ — ئېغىز ئېچىشىمنى كۈتمەيلا ئالدىراپ سورىدى قىز.

— ھەئە، شۇنداق، رابىيەم مەن بولىمەن...

مەن ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ بولغۇچە ئۇ چاققانلىق بىلەن قولۇمنى مەھكەم سىقتى.

— ئۇھ... ئەمدى ھاردۇقۇم چىقىدىغان بولدى. مەن تېخى سىلىنى بېرىپلا ئىزدەپ تاپالارمەنمۇ دەپ تولىمۇ ئەندىشە قىلغانىدىم.

— قېنى، ئۆيگە كىرسىلە.

ئۇنىڭ باش ـ ئاخىرى يوق سۆزلىرىدىن بىر ئاز ئەجەبلەندىم. ئۇ گويا بۇ ئۆينىڭ كۆندىلىك مېھمىنىدەك تارتىنماي تۇرمايلا ئۆيگە كىردى ـ دە، «ئۇھ، ۋايجىنەي» دېگىنىچە دىۋانغا موكلا چۆكتى.

— قىزىق چاي قۇيايمۇ، سوغۇق چايمۇ؟ — سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن ئەدەپ بىلەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— چاينىڭ ئىسسىقى بىلەنمۇ، سوغۇقى بىلەنمۇ پەقەتلا خۇشۇم يوق. بىز دېھقان خەق تۇغۇلغىنىمىزدىن تارتىپ سوغۇق سۇ ئىچىپ كۆنۈپ قاپتىمىز. بىر چىنە سوغۇق سۇ بەرگەن بولسىلىمۇ بوپتىكەن، ئەجەبمۇ ئۇسساپ كەتتىم.

مەن ئۇنىڭغا بىر چىنە سۇ ئەكىلىپ بېرىپ سورىدىم:

— سىلى...

— مەن سەلىمىخاننىڭ دوستى بولىمەن.

— سەلىمىخان؟ — بۇ ئىسىمنى دەماللىققا ئېسىمگە ئالالمىدىم.

— ھېلىقى سىلىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئەڭ يېقىن ئۆتكەن ساۋاقداشلىرىچۇ؟ ئالتە ئاي بۇرۇن قوشباغقا ياتلىق بولۇپ چىقىپ كەتكەن. سىلى ئۇنىڭغا خەت يېزىپتىكەنلا. سەلىمىخان ماڭا گەپلىرىنى قىلىپ بەرگەن.

مەن دەرھاللا ئېسىمگە ئالدىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ قىزنى كۆرۈپلا كۆڭلۈمدە پەيدا بولغان بارلىق تۇگۇنچەلەر ئۆزلۈكىدىنلا يېشىلىپ كەتكەندەك بولدى. چۈنكى، قىز گېپىنى قىلىۋاتقان سەلىمىخان مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەڭ يېقىن ئۆتكەن ساۋاقدىشىم ھەم دوستۇم ئىدى.

— سەلىمەنىڭ ئەھۋالى قانداقراق، سالامەت تۇرۇۋاتامدۇ؟ — ئالدىراپ سورىدىم مەن.

— ئىشقىلىپ، يامان ئەمەس.

— ئېرى بىلەن قانداقراق ئۆتۈۋاتىدۇ؟

— ئۇ تۇنۇگۈن ئاجرىشىپ كەتتى. مېنىڭ شەھەرگە بارماقچى بولغانلىقىمنى ئاڭلاپ سىلىگە بۇ ئىككى پارچە خەتنى تاپشۇرۇپ بېرىشىمنى تاپىلىغانىدى.

— ئۇ سادىر بىلەن نېمە ئۈچۈن ئاجرىشىپ كەتتى؟

— بۇ تەرەپلەرنى سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا، مەن ئالدىرايمەن. بۈگۈن تۈگىتىۋالمىسام بولمايدىغان مۇھىم ئىشلىرىم بار. سەلىمىخانمۇ يېقىندا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن.

قالدى گەپلەرنى ئۆزىدىن سوراپ بىلىۋالارلا. خوش ئەمىسە، مەن كېتەي.

— بىردەم ئولتۇرسىلا تاماق ئېتەي.

— خوش، رەھمەت.

ئۇ شۇنچە تەكەللۇپلىرىمغا ئۆزرە قويۇپ ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. ئۆيگە كىردىم، قولۇمدىكى ئىككى پارچە خەت ماڭا خۇددى سەلىمەدەكلا قاراپ تۇراتتى. مەن خەتنى ئوقۇشقا ئالدىرىمىدىم. كۆز ئالدىمدىن بۇ تەلەيسىز دوستۇمغا ئائىت كارتىنىلار ئۆتۈشكە باشلىدى.

سەلىمە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى پارتىداش ساۋاقدىشىم ئىدى. ئىككىمىز ئارىلىقىمىزغا قىل سىغماس يېقىن دوستلاردىن ئىدۇق. ئۇ تولىمۇ نومۇسچان، يۇزى تۆۋەن قىز ئىدى. ئىككىمىز ھەرقانداق ئىچ سىرلىرىمىزنى بىر - بىرىمىزدىن يوشۇرۇشمايتتۇق. مەن ئۇنىڭغا تولاراق مەكتەپتىكى ئوغۇل ساۋاقداشلارنىڭ يازغان مۇھەببەت خەتلىرى ھەققىدە پاراڭ سېلىپ بېرەتتىم. چۈنكى، زىيادە گۈزەل چىرايىم خېلى كۆپ ئوغۇللارنىڭ مەيلىنى مايىل قىلىپ تۇراتتى. شۇڭلاشقا، مەكتەپتە ماڭا سۆيگۈ پارىڭى سالىدىغان، خالىي جايلاردا ئۇچرىشىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئوغۇللارمۇ كۆپ ئىدى. سەلىمە مېنىڭ بۇ ھەقتىكى پاراڭلىرىمنى كۆزىنى چىمىلدىتىپ تۇرۇپ ھەيران بولغان ھالدا تىڭشايتتى. لېكىن، بىر ئېغىزمۇ سوئال سوراپ قويمايتتى. بىر قېتىم مەن ئۇنىڭدىن:

— ئېيتە، سەلىمە، سەن قانچە يىگىتتىن سۆيگۈ خېتى تاپشۇرۇۋالدىڭ؟ — دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ قىزىرىپ تۇرۇپ، يەردىن ئۇستۇن قارىماي:

— ماڭا ھېچكىم ئۇنداق خەت يېزىپ باققىنى يوق، — دەپ كېكەچلەپ تۇرۇپ جاۋاب بەرگەنىدى.

سەلىمە ۋاي دەپ كەتكۈدەك چىرايلىق قىزلاردىن ھېسابلانمىسىمۇ، لېكىن ئانچە سەتمۇ ئەمەس ئىدى. كىيىم -

كېچەكلىرى ئاددىي ۋە رەتلىك، يورۇش ـ تورۇشى تولىمۇ سىپايە، زىيادە پاراڭ ـ چاقچاقلارغا ئارىلاشمايدىغان قىز ئىدى. شوخلاشقىمۇ، ئوغۇللار ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىشتىن، يېقىنچىلىق قىلىشتىن ھېيىقاتتى. مەن ئۇنىڭغا شۇ چاغقىچە بىرەر ئوغۇل ساۋاقداشنىڭ تەلەپ قويمىغىنى شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، دەپ چۈشىنەتتىم.

بىز ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي ئائىلىگە قايتقاندىن كېيىن توپتوغرا بەش ئاي سەلىمە بىلەن كۆرۈشەلمىدىم. چۈنكى، مەن يىراق ناھىيەگە ياتلىق بولۇپ كەتكەن ھەدەمنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇزاقراق تۇرۇپ قالغانىدىم. ئۆيگە قايتىپ كەلگەن كۈنۈمنىڭ ئەتىسىلا سەلىمەنى يوقلاپ باردىم. ئۇ كېيىم تىكىش ماشىنىسىدا رېشىلىيە ئىشلەۋېتىپتىكەن، مېنى كۆرۈپلا ئالدىمغا يۈگۈردى. قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. ئۇ مەندىن ئەھۋال سوراش ئۇياقتا تۇرسۇن «قاچقۇنچى»، «لالما»... دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئوبدانلا ئەيىبلىۋالدى. بەش ئاي ئىچىدە سەلىمە كۆزۈمگە خېلىلا ئۆزگەرگەندەك كۆرۈندى. بۇرۇنقى مۆرىمەسلىكىنى تاشلىغان، چىرايىمۇ خېلىلا رەڭ تۇزەپ قالغانىدى.

— ئېيتە، بەش ئايىنىڭياقى نېمە ئىش قىلدىڭ؟

— شەھەرلىك كىيىم ـ كېچەك كارخانىسى ئاچقان كەشتىچىلىك كۇرسىدا ئوقۇدۇم. ھازىر ئۆيدە ھۈنەر قىلىۋاتىمەن.

ئۇ قولىدىكى رەختنى ماڭا كۆرسەتتى. رەختكە چېكىلگەن گۈل تولىمۇ نەپىس ئىدى.

— نېمە بۇ؟ — سورىدىم مەن قولۇمدىكى رەختنى كۆرسىتىپ.

— يوتقان كىرلىكى.

— خەقنىڭ بۇيرۇتمىسىما؟

— ياق.

— ئەمىسە كىمنىڭ؟
— ئۆزۈمنىڭ.
— ھە، تويغا تەييارلىق قىلىۋېتىپسەن ـ دە.
ئويلىمايلا قىلغان چاقچىقىم راست چىقىپ قالدى. چۈنكى، سەلىمە چاقچىقىمغا ئىنكاس قايتۇرمايلا چىرايىمغا كۇلۇمسىرەپ قاريدى. تۇرقىدىن ماڭا مۇھىم بىر مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاشقا ئىنتىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. سەلىمەنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ سورىدىم:
— يىگىتىنىڭ ئىسمى نېمە؟
— سادىر.
سەلىمە ئاستاغىنا شۇ ئىسمىنى ئېيتتى ـ دە، ئېتىلىپ كېلىپلا بوينۇمغا گىرە سالدى ۋە يۈز ـ كۆزلىرىمگە سۆيۈشكە باشلىدى.
— ساراڭغىلا ئوخشاپ قاپسەنغۇ تەلۋە.
سەلىمەنىڭ قولىنى بوينۇمدىن تەستە ئاجراتتىم ۋە سوراققا تارتىشقا باشلىدىم:
— سادىر نېمە ئىش قىلىدۇ؟
— كۇرستا ئوقۇيدۇ.
— قايسى كۇرستا؟
— سەيپۇڭلۇق...
— كۇرستا تونۇشۇپ، مۇھەببەت باغلىدۇق دېگىنە، مۇبارەك بولسۇن.
شۇ كۈنى سەلىمە مېنى ئۆيگە كەتكىلى قويمىدى. كېچىچە بوينۇمغا گىرە سېلىپ يېتىپ، سادىر ھەققىدە پاراڭ سېلىپ بېرىپ چىقتى. ئۇ سادىرنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. ئانىسىدىن باشقا ئادەم سۆيۈپ باقمىغان بۇ ساددا دوستۇم يات جىنسىنىڭ ئوتلۇق لەۋلىرىدىن شامدەك ئېرىپتۇ. ۋۇجۇدىغا شادلىق ۋە قىزغىن ھېسسىيات بېغىشلىغان تۇنجى سۆيگۈنىڭ ئىنتائەتمەن، ئىخلاسمەن قۇلىغا ئايلىنىپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىپ

بېرىشچە، سادىر ناھىيەمىزنىڭ ئەڭ چەت قوشباغ يېزىسىدىن بولۇپ، ئىككۈچىلىكنى يېزىدا ئۆگەنگەن، كۇرسقا ھۈنىرىنى پىششىقلاش ۋە يېڭى پاسوندا كىيىم تىكىشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگەنىكەن.

بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن سادىر بىلەن سەلىمەنى ئۆيگە چاقىرىۋالدىم. تۇنجى كۆرۈشۈشتىلا سادىر كۆزۈمگە خېلىلا يامان ئەمەس كۆرۈندى. ئۇ كۆزىنى سەلىمەدىن پەقەتلا ئۈزەلمەيتتى. ھەربىر ئىغىز سۆزىدە سەلىمەگە خۇشامەت قىلىشنى پەقەتلا ئۇنتۇپ قالمايتتى. مەن سەلىمەدىن بىر ئايدىن كېيىن سادىر بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەنلىكىنى، بۇ ئىشقا ئاتا - ئانىسىنىڭمۇ رازىلىقىنى ئېلىپ بولغانلىقىنى بىلدىم.

— نېمىشقا بۇنچىۋىلا ئالدىراپ كەتتىڭ؟ بىرەر يىل توختاپ توي قىلساڭمۇ بولاتتىغۇ؟

— يىگىرمە كۈندىن كېيىن سادىرنىڭ كۇرسى ئاخىرلىشىدۇ. قوشباغقا توي قىلىپ، بىللە كېتەيلى دەپ تۇرۇۋالدى.

— توي دېگەن ئۆمۈر سودىسى تۇرسا، بەك ئالدىراپ كەتمىگىنىڭ ياخشى ئىدى.

— ئۇغۇ شۇنداق. بىراق ھامىنى توي قىلىدىغان بولغاندىكىن كېيىنگە تارتقاننىڭ نېمە پايدىسى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۇنىڭغا شۇنداق ئۆگىنىپ كېتىپتىمەنكى...

— بوپتۇ، ئۇنداق بولسا ئۆزۈڭ بىل.

مەن سەلىمەگە بۇنىڭدىن ئارتۇق گەپ قىلمىدىم. ئۇلار تېزلا توي تەييارلىقىغا تۇتۇندى. سەلىمە قېشىمغا پات - پات يوقلاپ كېلەتتى. تويغا ھەپتە قالغان كۈنى كەچ تەرەپتە سەلىمە تۇيۇقسىز ئۆيگە ئۇسۇپ كىردى - دە، بوينۇمغا ئېسىلغىنىچە ئۈن قويۇپ يىغلىۋەتتى. مەن ئۇنىڭ بۇ غەلىتە قىلىقىدىن ھەيران قالدىم.

— نېمە بولدى ساڭا؟ ئىچىمنى پۇشۇرۇپ يىغلاۋەرمىگىنە.

— سادىر... سادىر... ئۇ، — سەلىمە ئۆكسۈپ تۇرۇپ

سۆزلەشكە باشلىدى، ــ سادىر ئۇ يالغانچى ئىكەن. ئۇنىڭ يېزىدا ئايالى بىلەن بىر بالىسى بار ئىكەن. مەن بىلەن توي قىلىش ئۈچۈن ئايالىنى قويۇۋېتىپ كەپتۇ.

ــ مۇشۇنچىلىك ئىشقىمۇ چۇقان كۆتۈرگەن بارمۇ؟ ئۇ سىڭنى ياخشى كۆرگەچكە ئايالى بارلىقىنى يوشۇرغاندۇ.

ــ ياق، رابىيە، ئۇ ھەتتا ماڭا قەسەم قىلىپ بىرەر قىز بىلەن يۈرۈپمۇ باقمىدىم دېگەن. ئۇ مېنى ئالدىدى، پاك مۇھەببىتىمگە چاقچاق قىلدى. ئويلاپ باق، ئۇ بۈگۈن مېنى دەپ ئايالىنى قويۇۋەتسە، كەلگۈسىدە باشقا بىرسىنى دەپ مېنىمۇ... يالغانچى، ئىككى يۈزلىمچى ئادەمدىن قانداقمۇ ۋاپا كۈتكىلى بولسۇن؟ ئۇ ئۈچىغا چىققان ئالدامچى. ئۇنىڭ ئايالىنى قويۇۋېتىپ مەن بىلەن توي قىلىش قارارىغا كەلگەنلىكى ھەرگىزمۇ مېنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ئەمەس.

سەلىمەنىڭ بۇ سۆزلىرى سادىرغا بولغان نەپرىتىمنى شۇنداق قوزغىدىكى، قولۇمدىن كەلسە بېرىپ ئۇنى پارچە - پارچە قىلىۋەتكۈم كېلىپ كەتتى. بىز قىزلار ئەزەلدىنلا ساددا كېلىمىز، يىگىتلەرنىڭ ئىككى ئېغىز ياغلىما گېپىگە ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىمىز - دە، بارلىقىمىزنى ئۇلارغا تەقدىم قىلىۋېتىمىز. ئالدانغانلىقىمىزنى بىلگىنىمىزدە بولسا دەردىمىزنى كۆزىمىزدىن ئالىمىز. كىشىلەر ئاياللارنىڭ ھىيلىسى تولا، دېيىشىدۇ. ئەمما، بۇ ھىيلىگەرلىك پەقەت ۋۇجۇدىمىزدىكى پاكلىق، ساددىلىق، ئاق كۆڭۈللۈك ئەنە ئاشۇنداق ۋىجدانسىز، ئالدامچى ئەرلەر تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغاندىن، بۇلغانغاندىن كېيىن ئاندىن پەيدا بولىدۇ.

سەلىمە گويا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنچۇقىنى باشقىلارنىڭ سۇندۇرۇپ پارە - پارە قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرگەن كىچىك بالىغا ئوخشاش بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ يىغلايتتى. مەن ئۇنىڭ كۆز يېشىغا چىداپ تۇرالمىدىم.

ــ بولدىلا، نېمانچە يىغلايسەن؟ تېپىلماسنىڭ خورمىسىمىدى

ئۇ ۋىجدانسىز. ئۆزۈڭنى ئارتۇق ئۇپراتمىغىنا.

— بىراق... بىراق... سادىر... مەن... ئۇ...

سەلىمەنىڭ ئاغزى «سادىر، مەن، ئۇ»دىن باشقا ھېچنېمىگە كەلمەيتتى. كۆز يېشى پەقەتلا توختىمىدى. كۆڭلۈمدە، سەلىمە سادىرغا غەزەپلەنگىنى بىلەن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايۋاتسا كېرەك دەپ ئويلىدىم ـ دە، ئۇنىڭغا قوپاللىراق تەگدىم.

— بولدىلا، خەقتىن ئايرىلىپ كېتىشكە كۆزۈڭ قىيمىسا تويۇڭنى قىلىۋەرمەمسەن، سادىرمۇ سېنى دەپ بىر بالىسى بىلەن ئايالىنى تاشلاپتۇغۇ؟

— سەن... سەن...

گەپلىرىم سەلىمەگە ئېغىر كەلدىمۇ قانداق ئورنىدىن دىككىدە سەكرەپ تۇردى ـ دە، يىغلىغىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئەتىسى چوڭ ئاپامنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ۋىلايەت مەركىزىگە كېتىپ قالدىم. ئون كۈندىن كېيىن كېلىپ سەلىمەنىڭ سادىر بىلەن تويى بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. لېكىن، دوستۇمنىڭ بۇ تويى مېنى پەقەتلا خۇشال قىلالمىدى. كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرى خۇددى خام ياغ ئىچمىۋالغاندەك كۆڭۈلسىز ئىدى. ھەپتە ئۆتكەندە سەلىمەنىڭ ئانىسىدىن ئادرېسىنى سورىۋالدىم ۋە ئارقىمۇئارقا ئۈچ قېتىم خەت يازدىم. لېكىن، سەلىمە بىر پارچىمۇ جاۋاب خەت يېزىپ قويمىغانىدى. مانا بۈگۈن ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ ئىككى پارچە خېتى بىراقلا كېلىپ قالسا بولىدۇ.

قولۇمدىكى ئىككى پارچە كونۋېرتقا قارىدىم. كونۋېرتنىڭ بىرسى خېلى قېلىن بولۇپ، بۇرجىكىگە بۇنىڭدىن ھەپتە ئاۋۋالقى چېسلا يېزىلغانىدى. يەنە بىرسى نېپىز بولۇپ تۇنۇگۈنكى چېسلا يېزىلغانىدى. مەن ھەپتە ئاۋۋال يېزىلغان خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم:

«ئەسسالام قەدىرلىك دوستۇم رابىيە، سالامەت، ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟

بەلكىم سەن بۇ خەتنى قولۇڭغا ئېلىپلا ئەجەبلىنەرسەن. سەلىمەنىڭ نېمە ئۈچۈن خەت يازغۇسى كېلىپ قالغاندۇ دەپ ھەيران بولارسەن، لېكىن نېمىلا دەپ ئويلىما، بۇ خەتنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقىدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن.

ئېسىڭدىمۇ، ھېلىقى كۈنى قېشىڭغا يىغلاپ كىرگىنىمدە ئېيتقان سۆزلىرىڭ؟ مەن شۇ كۈنى بەكمۇ تەڭلىكتە قالغانىدىم. قېشىڭغا مەسلىھەت سوراپ ئەمەس، بەلكىم يىغلاپ، ئىچىمنى بوشىتىۋېلىش ئۈچۈن كەلگەنىدىم. سادىرنىڭ ئىككى يۈزلىمىچى، ئالدامچى، ۋاپاسىزلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئەلۋەتتە پېشىمنى قېقىپلا «بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچىلەپ كۆزۈمگە كۆرۈنمەڭ» دەۋەتسەم بولىۋېرەتتى. لېكىن... بىلەمسەن دوستۇم، شۇ كۈنى مەن ساڭا مۇشۇ «لېكىن»نىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان، يۈرىكىمنى چىدىغۇسىز ئازابقا سالغان سۆزنى ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالمىغان. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا نومۇس قىلغانىدىم. مانا ئەمدى يوشۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىدى.

سادىر بىلەن توي ۋاقتىمىزنى بېكىتكەن كۈنى قىزلىقىم بىلەن ئەبەدىلئەبەد خوشلاشقانىدىم. ئويلاپ باق، دوستۇم، ئەھۋال ئەنە ئاشۇنداق تۇرسا ئۆزۈمنى «قىز» دېگەن چىرايلىق نام بىلەن پەردازلاپ قانداقسىغا باشقا بىر يىگىتنىڭ دۇنياسىدا خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەلەيمەن؟ مەن سادىرغا ھەرقانچە نەپرەتلەنسەممۇ چوقۇم بۇ توينى قىلىشىم، توي قىلغان، چوكان بولغان ئاتاقنى ئېلىشىم كېرەك ئىدى. شۇڭلاشقا، مەن تۇنجى تويۇمنى سادىردىن باشقا ئادەم بىلەن ھەرگىز قىلالمايتتىم.

توي — ئىنسان ھاياتىدا ئەڭ ئاز نېسىپ بولىدىغان، ۋەھىمىلىك، قورقۇنچلۇق، شېرىن، تاتلىق ھېس - تۇيغۇلار بىرلىشىپ كەتكەن، ئىنسان قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدىغان مۇقەددەس خاتىرە كۈن. ھەرقانداق بىر يەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە تويى بولغان قىز - يىگىت دوستلىرىنى تەكلىپ قىلماي مۇراسىم ئۆتكۈزىدىغان قائىدە بولمىسا كېرەك. بىز

ئۇيغۇرلاردىمۇ ھەم شۇنداق.

رابىيە، مەن تۇي كۈنۈمنىلا ئەمەس، بەلكى تۇي دېگەن بىر ئاتالغۇنى ئېسىمگە ئالساممۇ، پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم گويا زەھەرلىك يىلان يامىشىۋالغاندەك تىكەنلىشىپ، يۈرىكىم ئامبۇردا قىسقاندەك ئازابلىنىدۇ. كىشىلەر: قىزلارنىڭ تۇي كۈنى تۆككەن كۆز يېشىنى خۇشاللىق يېشى، بەخت يېشى دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بەزى تەلەيلىك قىزلارنىڭ بۇ كۆز يېشى بەخت، خۇشاللىق بىلەن تاماملىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىدە لەززەتلىنىپ، ھۇزۇرلىنىپ ئەسلەيدىغان ئۇنتۇلماس ھايات كارتىنىسى بولۇپ قالىدۇ. ئەپسۇسكى، مېنىڭ تۇي كۈنى تۆككەن يېشىمغا كىمكى بۇنداق باھا بېرىدىكەن، ماڭا پۈتۈنلەي ئۇۋال قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، مېنىڭ كۆز يېشىم بەختسىزلىك، نادامەت، پۇشايمان يېشى ئىدى. تۇي كۈنى مېنىڭ يالغۇز كۆزۈملا ئەمەس، يۈرىكىم، پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم دەريا ـ دەريا ياش تۆكۈپ يىغلىغانىدى.

ھازىر شۇنداق بىر سوئالنى ئۆز ـ ئۆزۈمدىن تولا سورايدىغان بولۇپ قالدىم. ئەسىرلەردىن بېرى بىزنىڭ ئانا، ھەدىلىرىمىزنىڭ تۇي كۈنى تۆككىنى بەخت يېشى بولغىيمىدى؟ ئۇلاردىن زادى قانچىسى تۇي كۈنى بەختى ئۈچۈن يىغلىغان بولغىيدى؟ ئۇلارنىڭ زادى نەچچىسىنىڭ ئەستىلىك خاتىرىلىرى بېتىدىن مېنىڭكىگە ئوخشاش ئاچچىق، ئازابلىق، پۇشايمانلىق مىنۇتلارنىڭ كارتىنىلىرى ئورۇن ئالماي، بەختلىك، لەززەتلىك مىنۇتلارنىڭ كارتىنىلىرى شېرىن ئەسلىمىلەر قاتارىدا ئورۇن ئالغان بولغىيدى؟

مەن بىرمۇ دوستۇمنى تويغا چاقىرمىدىم. سەن موماڭنىڭ قېشىغا كەتكەنىكەنسەن. ئەگەر بولغان بولساڭمۇ ئوخشاشلا سېنىمۇ تويغا چاقىرماس ئىدىم. تۇي كۈنى ئىچكىرى ئۆيدە يالغۇز دېگۈدەك كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇردۇم. ۋۇجۇدۇمنى پۇشايمان گۈلخانلىرى ئۆرتەيتتى. قولۇمنىڭ ئۈچىنى سادىرغا ئالدىراپ تۇتقۇزۇپ قويغانلىقىم ئۈچۈن قاتتىق ئۆكۈنەتتىم. بىر



www.uyghurkitap.com

ۋاقىتتا ئانام قېشىمغا كېلىپ، كۆز يېشىمنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:
— قوپ، بالام، هازىر نىكاھ ئوقۇلىدۇ. ئىشىكنىڭ تۈۋىگىرەك كېلىپ تۇر، — دېدى قولتۇقۇمدىن يۆلەپ.

تاشقىرىقى ئۆيدە سادىر ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ھەم نىكاھ ئوقۇپ قويماقچى بولغان موللام، ئىچكىرىكى ئۆيدە مەن، ئانام ۋە ئىككى - ئۈچ قوشنا ئاياللار، ئارىلىقىمىزدا ئىشىك. سادىر دوستلىرى بىلەن غالىبلاردەك خۇشال كېدىيىپ تۇرماقتا. مېنىڭ ۋۇجۇدۇم بولسا شاپتۇلدەكلا ئېزىلىپ كەتكەن.

موللام نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىمىزنى ئىنچىكىلىك بىلەن بىر قۇر تەكشۈرگەندىن كېيىن ئاۋازىنى سوزۇپ چىقىرىپ ئايەت ئوقۇشقا باشلىدى ۋە ئايەتنىڭ ئارقىسىغا ئۇلاپلا:

— سەلىمە خېنىم، ئىختىيارلىقلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى سادىر ئاخۇنغا خوتۇنلۇققا قوبۇل قىلدىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

موللامنىڭ بۇ سوئالى بىلەن تەڭلا ۋۇجۇدۇمغا يەنە بىر قاتتىق يىغا ئۇلاشتى. موللام سوئالىنى يەنە ئىككى قېتىم تەكرارلىدى. ئانام قېشىمدا تۇرۇپ «قوبۇل قىلدىم دېگىن»دەپ زورلايتتى. مېنىڭ بولسا: «ياق ! ئۇنداق ئادەمگە تەگمەيمەن !» دەپ بار ئاۋازىم بىلەن تووۋلىغۇم كېلەتتى. كۆڭلۈم بۇرۇقتۇم، ۋۇجۇدۇمدا ھەسرەت، كۆزلىرىم لىق ياش، لەۋلىرىم مىدىرلايتتى - يۇ، لېكىن گەپكە كەلمەيتتى. ئۆزۈمگە پۈتكۈل ئەزايىمدىن ياش قۇيۇلۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بەلكىم يۈرەكتىن قايناپ چىققان نارازىلىق، بىئىلاجلىق كىشىنى ئەنە شۇنداق تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويسا كېرەك. ئانام مېنى ئاخىر گەپ قىلدۇرۇپ بولالماي موللامغا «قوبۇل قىلدىم دېدى» دەپ يەتكۈزدى.

كېگىزگە سېلىنىپ ماشىنىنىڭ كابىنكىسىغا ئولتۇرغۇزۇلدۇم. يۈرىكىم مانا ئەمدى كۆرىكىمدە ئات چاپقاندەك سوقۇشقا باشلىدى. تۇيۇقسىز كاللامغا ماشىنىدىن ئۆزۈمنى تاشلاپ ئۆلۈۋېلىش ئويى كەلدى. لېكىن، بىر يېنىمدا سادىر ماڭا چاپلىشىپ ئولتۇراتتى. بىر يېنىمدا بولسا شوپۇر. ئۇنسىز

يىغلايمەن. يىغلىغانغا ئادەمنىڭ كۆز يېشى تۆگەپ كېتەمەيدىكەن. تۈن تەڭ بولغاندا سادىرنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق. ئازابلىق، خورلۇق مىنۇتلار باشلاندى. سادىرنىڭ ئاچ قالغان مۈشۈكتەك يالاپ سۆيۈشلىرى، قۇچاقلاشلىرى... ۋۇجۇدۇمدا ھېچقانداق غەيرىي سېزىم قوزغىيالمىدى. ئۆزۈمنى ياغاچقا ئوخشاشلا سېزەتتىم. شۇنداق قىلىپ، يېڭى بىر تۇرمۇشقا كۆز يېشىمنى پاياندار قىلىپ قەدەم باستىم.

ئەپۇ قىل، رابىيە، خېتىم بەكمۇ ئۇزىراپ كەتتى. ئەسلىدە ساڭا بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ ئولتۇرمىساممۇ بولاتتى. لېكىن، ھېس قىلغانسەن. مەن مۇشۇ چاغقىچە سەندىن باشقا ھېچكىمگە دەرد تۆكۈپ باقمىغان. يازغان ئۈچ پارچە خېتىڭنى تاپشۇرۇۋالدىم. كۆڭلۈمدە سەن بىلەن ئۇزاق مۇڭداشتىم. لېكىن، نېمە ئۈچۈندۇر قەلەم بىلەن قەغەزنى قولۇمغا ئالغۇم كەلمىدى.

سادىرغا ھەرقانچە نەپرەتلەنگەن بولساممۇ، لېكىن يەنىلا ئۇنى ئەپۇ قىلىپ، بىر ۋاپادار خوتۇن بولۇشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. چۈنكى، بېشىمنى ھەرقانچە تاشقا ئۇرغىنىم بىلەنمۇ ئۇ مېنىڭ قانۇنلۇق ئېرىم بولۇپ بولغانىدى. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ نىكاھ زېدىسى بولۇشنى خالىمىدىم. ئەپسۇسكى، تويدىن كېيىنلا سادىرنىڭ پىلە قۇرتىدەك يۇمشاق مىجەزى بىردىنلا ئۆزگەردى. ئۇنىڭ بىلەن بولغان دەتالىشىمىز تويىنىڭ دەل ئىككىنچى كۈنى باشلاندى. شۇ كۈنى ئۆيىنىڭ ئىشلىرىنى بىر قۇر تۈگەتكەندىن كېيىن، ھويلىدا ئاپتاپسىنىپ ئولتۇراتتىم، سادىر دەرۋازىدىن كىرىپلا ئۈستىبېشىمغا شۇنداقلا نەزەر سېلىپ چىرايىنى تۈردى.

— ئەسلىرىدىن چىقارمىسىلا، خېنىم. سىلى ھازىر مېنىڭ ئىلكىمدىكى ئادەم، — ئۇ تولىمۇ چوڭچىلىق بىلەن سۆزلەيتتى — ھويلا ـ ئارانغا چىققاندا يۈزلىرىگە چۈمبەل سېلىپ چىقسىلا، ھويلىغا ئانچە ـ مۇنچە يات ئادەم كىرىپ قالىدىغان ئىش بولۇپ قالىدۇ.

— چاقچاق قىلمىۋاتمايدىغانسىز، سادىر، — يۇمشاقلىق بىلەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدۇم، — مەن مەكتەپتە ئون يىل روپاش بولىمەن دەپ ئوقۇمىغان. چۈمپەردە دېگەن كونىلىق، بىز...

— بەس، تولا كاپىشىماي زۇۋانلىرىنى جىمىقتۇرۇۋالسىلا، خېنىم. ھېلى بىكار قاڭشارلىرى تۇزلىنىپ، ئوتتۇز ئىككى چىشلىرى تۆكۈلۈپ كەتمىسۇن يەنە. مەكتەپتە نەچچە يىل ئوقۇغانلىرى بىلەن مېنىڭ كارىم يوق. ئەمما، نىكاھىمغا ئۆتكەنىكەنلا، نېمە دېسەم شۇنى قىلىلا، بويان تولغاشلىرىغا رۇخسەت يوق. ئۇقتىلىما؟ شۇنىمۇ ئەسلىرىدە مەھكەم تۇتۇۋالسىلا، ئەر كىشى دېگەن خوتۇن كىشىنىڭ يېرىم خۇداسى. ئېرىدىن قارغىش ئالغان خوتۇن جەننەت يۈزى كۆرەلمەيدۇ.

«تووا» دەپ ئۇنىڭغا قارايمەن. تويدىن ئاۋۋالقى سادىر شۇممىدۇ، ئەمەسمىدۇ، دەپ خىيال قىلىمەن. شۇنىڭغا يەنە ئىككى ئېغىز قارشى سۆزلىگۈدەك بولسام، نېمە كۈن كۆرىدىغانلىقىم كۆڭلۈمگە غۇۋا نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. گەپ - سۆز قىلمايلا ئۆيگە كىرىپ تور رومالنى يۈزۈمگە سېلىپ چىقتىم. سادىرمۇ مەمنۇن بولغاندەك غادايغىنىچە سىرتقا ماڭدى.

ئەتىسى ھويلىدا كىر يۇيۇپ ئولتۇراتتىم، تۇيۇقسىز گەجگەمگە تەگكەن قاتتىق تېپىكنىڭ زەربىسىدىن، يۈندى قۇيۇپ قويغان داسقا تىك موللاق چۈشتۈم. ئۆزۈمنى ئوڭشاپ بولغۇچە كۈچلۈك بىر قول چېچىمدىن قاماللاپ تۇرغۇزۇپ، يۈز - كۆزلىرىمگە ئاياۋسىز مۇشت - پەشۋا تەگكىلى تۇردى. شۇنداق كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام سادىر مېنى ھە دەپ دۇمبالاۋېتىپتۇ. تاياق زەربىسىدىن يىقىلىپ چۈشتۈم. بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام سۇپىدا يېتىپتىمەن. سادىرنىڭ ئانىسى بېشىمدا كۆزلىرىنى ئالايتىپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

— ئېرىنىڭ نەسىھەتىنى قۇلاقتا مەھكەم تۇتمىغان خوتۇنغا ئۆلۈممۇ ھەق، — قېيىنئانام شۇلارنى دېگەچ بىر چىنە سۇيۇقئاشنى باش تەرىپىمگە دوققىدە قويۇپ چىقىپ كەتتى.

خېلى ئۇزاق باش قاتۇرۇپ، يېگەن تاياقنىڭ سەۋەبىنى ئاندىن چۈشەندىم. ئەسلىدە كىر يۇيىمەن دەپ يۈزۈمگە چۈمپەردە تارتمىغانلىقىم ئۈچۈن، نەسىھەتىمگە قۇلاق سالمىدى دەپ، «پېرىم خۇدا»يىم ماڭا قاتتىق تەن جازاسى بەرگەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن يۈزۈمنى يېپىپ يۈرۈشكە كۆندىم. شۇنىڭدىن باشلاپ مەن سادىرنىڭ خوتۇنى ئەمەس، خىزمەتكارى، ئائىلىسىنىڭ كېلىنى ئەمەس، قۇلى بولدۇم. دەرۋازىدىن سىرتقا چىقىشىمغا رۇخسەت قىلىنمىدى. ئىلگىرى ئەگەر توي قىلىپ قالسام قېيىنئانامنىمۇ خۇددى ئۆز ئانامدەك ياخشى كۆرىمەن. ھۆرمىتىنى قىلىمەن. دۇئاسىنى ئالىمەن، دەپ ئويلىغاندىم. قويىنىدا ياتقان ئەرنىڭ ئانىسىنى يامان كۆرۈش، بىھۆرمەتلىك قىلىش، ئەخلاق، ئىنسانىي پەزىلەت مىزانىغا يات، يامان ئىللەت دەپ قارايتتىم. لېكىن، سادىرنىڭ ئانىسىنىڭ شۇنچە خىزمىتىنى قىلىپ، پايپېتەك بولۇپمۇ قىلچىلىك ئىززەت كۆرمىدىم. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن قېيىنئانىلىق مېھىر، ئىچ كۆيەرلىك دېگەندىن نەرسىنىڭ سۇنۇقىنىمۇ تاپالمىدىم. ئۇ ماڭا خۇددى خىزمەتكارىغا، قۇلىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلاتتى. ھە دېسىلا سادىرنىڭ ئىلگىرىكى ئايالىنى داڭلاپ مېنى كەمسىندۇراتتى. ھەتتا ماڭا بىر قېتىممۇ ئوچۇق چىراي ئاچمىدى. قىلغان ئىشلىرىمدىن قۇسۇر تېپىپ ئەيىبلەيتتى. دەشنەم بېرىپلا تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ، كۇنبويى ھويلا - ئاران سۈپۈرىمەن، ئاش ئېتىمەن. قاچا - قۇچا يۇيىمەن. ئۇلاغلارغا ھەلەپ ئېتىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتتا سادىر دۇكاندىن ئەكەلگەن كىيىملەرنى تىكىمەن، دەزماللايمەن... ھايات مەن ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق ئۆتمەكتە ئىدى. مەن بۇ ئۆيدە ئۆگىتىلگەن ھايۋانغا ياكى ماشىنا ئادەمگە ئوخشاش قەپەسكە سولاپ قويۇلغان ھالەتتە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدىم. بۇ تۇرمۇشتىن جاراھەتلەنگەن قەلبىمگە قىلچىمۇ مەلھەم تاپالمىدىم. سادىر كۆزۈمگە بارغانسېرى سەت كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

مەن ئاخىر نارازىلىقىمنى تۇنجى قېتىم ئىپادىلىدىم.
— ئاجرىشىپ كېتەيلى دەملا، — دېدى سادىر گەپنىڭ بېشى چىقىپ بولغۇچە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — ھەردەم خىياللىقنى ئاز قىلسىلا، خېنىم. مەن سىلىنى ئاز دېگەندە تۆت مىڭ كوي پۇل خەجلەپ ئالدىم. بۇنداق ئاسان ئىش بولمايدۇ.
— ماڭا تويلۇق كىيىملەرنىڭ ھېچقايسىسى كېرەك ئەمەس. ئۆيدىن مۇشۇ تۇرقۇم بىلەنلا چىقىپ كەتسەم بولىدۇ.
— توي كۈنى مېھمانلارغا قويغان ئاش ـ گۆشنىڭ ۋە باشقا چىقىملارنىڭ پۇلىچۇ؟
سادىر نومۇس قىلماي مۇشۇلارنى دېدى ـ دە، تىككىشكە تېگىشلىك كىيىملەرنىڭ بىرمۇنچىسىنى ۋەزىپە قىلىپ كېتىپ قالدى. مەن شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ بۇ ئۆيدىكى ئورنۇمنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتتىم. تېزرەك ئاجرىشىپ كېتىمەن. تېزرەك ئەركىنلىككە چىقىمەن، بۇ دوزاختىن بالدۇرراق قۇتۇلۇپ ئەركىمنى، كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىمنى، ئىززەت ـ ئابرۇيۇمنى تېزرەك ئەسلىگە كەلتۈرىمەن دەيدىكەنمەن، سادىرغا كۆپرەك بايلىق يارىتىپ بېرىشىم، تويغا كەتكەن چىقىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىشىم كېرەك ئىكەن. مەن تىككىشكە تېگىشلىك كىيىملەرنى كۈنسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. ۋاقتىدا تىكىپ ئۈلگۈرتەلمىسەم سادىرنىڭ تىل ـ دەشنەملىرىدىن باش ئالالمايتتىم. شۇڭلاشقا، كېچىلىرىمۇ خېلى ۋاقىتقىچە كىيىم تىكىپ ئولتۇرىدىغان بولدۇم.
مەھەللىدىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مېنى ئۆچ كۆرەتتى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، مەن سادىرنى ئازدۇرۇپ، ئىككى بالىسى بىلەن ئايالىنى قويىدۇرۇۋېتىپ تېگىۋالغان بۇزۇقمىشمەن. بۇ نېمىدېگەن چىدىغۇسىز ھاقارەت ـ ھە! كېيىنچە سادىرنىڭمۇ كىشىلەرگە، ئالمىساڭ ئۆلۈۋالىمەن دەپ تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈنلا توي قىلدىم دەپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. بۇ سۆزلەر يۈرىكىمدىكى زېدىنى تېخىمۇ بەك

يوغىنىتىۋەتتى.

ئاتا - ئانامنى يوقلاپ كېلىشىمگە پەقەتلا يول قويۇشمىدى. سادىر ئىككى قېتىم بېرىپ تىنچلىقىنى ئۇقۇشۇپ كەلگەن بولدى. شۇ چاغدىلا سادىرنىڭ مېنى ئاسانلىقچە قويۇۋەتمەيدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى. شۇنىڭ بىلەن باشقا بىر ئامال قىلىپ، بۇ قەپەستىن تېزرەك قۇتۇلۇش ھەققىدە چارە ئويلاشقا باشلىدىم. مەن سادىردىن تېزرەك ئاجرىشىپ كېتىش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا رازى ئىدىم.

مەن سادىرغا ئاجرىشىپ كېتىش تەلىپىنى يەنە بىر قېتىم ئېيتتىم. بۇ قېتىممۇ ئۇ ماڭا مۇشت - پەشۋالىرى بىلەن جاۋاب قايتۇردى. تاياق - دۇمبالىنى بولدى دېگۈچە يېدىم. كاللامغا باشقىدىن ئەقىل كەلدى. دەسلەپ ئۇنىڭغا ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلەپ بېرىپ، قوربىمنىڭ يېتىشىچە توي چىقىمىنى تۆلەپ بېرىپ، كۆز - قارىنى مال - دۇنياغا تويدۇرۇپ قويسام، خېتىمنى ئاسانلا بېرەر دەپ ئويلىغانىكەنمەن. ئەسلىدە ۋۇجۇدىدا ئىنساب، ۋاپا دېگەن نەرسە بولمىغان ئادەمنىڭ ئاچ كۆز، دۇنيا - پەرەس بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەپتىكەنمەن. مانا ئاخىر چۈشەندىم. مەن ھەرقانچە ئېشەكتەك ئىشلەپ بەرگىنىم بىلەنمۇ سادىر ماڭا قىلچە رەھىم قىلمايدىكەن. ئاخىر ۋۇجۇدۇمدىكى ساداقەتمەنلىك، ئىتائەتمەنلىك قارشىلىق، ئىسيانكارلىققا ئالماشتى. شۇنىڭ بىلەن زۇلۇمغا قارشى «ئىش تاشلاش» قارارىغا كەلدىم - دە، قولۇمنى ھېچ ئىشقا ئەگرى قىلماي يېتىۋالدىم. سادىرنىڭ دوق، پوپۇزىلىرى، يېلىنىش - يالۋۇرۇشلىرى، ھېچقايسىسىغا قۇلاق سالمىدىم. تەرەتكە چىققاندىن باشقا ۋاقىتتا ئورنۇمدىن تۇرماي يېتىۋالدىم. ئۆي ئىشلىرى سەل - پەللا چالا قالسا قېيىنئانام زەھەرلىك نەشتەرلىرىنى سانجىۋېلىشقا ئارانلا تۇراتتى. ئېشەكتەك دۇمبالىغاندەك ئۇرۇشلار، كىچىكلىك بالىنى ئالدىغاندەك شىلاشلار تەكرارلىنىپ تۇردى.

رابىيە، ئادەم تىل - تاياققا ئۆلمەيدىكەن. مەن پەقەت مۇشۇ

قەپەستىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بارلىق ئازابلارغا چىدىدىم. مال - دۇنياغا بېرىلگەن ئىنسانىنىڭ ۋۇجۇدىدا ۋاپادارلىق، رەھىمدىللىكنىڭ زەررىسىمۇ بولمايدىكەن. قاق بىر ئاي ئۆتكەندە، ئۇلار مېنى ياتقۇزۇپ قويۇپ بېقىشقا پەقەتلا چىدىمىدى. مېنى تاياق بىلەن قورقۇتۇشقا، باش ئەگدۈرۈشكە كۆزلىرى يەتمىگەن بولسا كېرەك، ئاخىر ئۇچامغا كىيگەن كىيىمدىن باشقا بىر ئىلىم يىپ چاغلىق نەرسە ئالماسلىققا مەندىن ۋەدە ئېلىپ خېتىمنى بېرىشكە ماقۇل بولدى. دوستۇم رابىيە، ئاران قولۇمغا كەلتۈرگەن ئەركىنلىكنىڭ ئالدىدا ئۈنچىلىك لاتا - پۇتىلار قانچىلىك نەرسە ئىدى دەيسەن. دەرھاللا قوشۇلدۇم.

رابىيە، مەن بۇ خەتنى شۇ خۇشاللىقىمدا يېزىۋاتىمەن. ئاھ! يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن مېنىڭ قولۇمغا كېلىدىغىنى ئاددىيلا نىكاھتىن ئاجرىشىش ئىسپات خېتى ئەمەس، بەلكى قۇللۇققا مەھكۇم بولغان دېدەكنىڭ مىڭبىر جاپادا قولىغا كەلتۈرگەن ئەركىنلىك گۇۋاھنامىسى بولىدۇ. ئەپۇ قىل، ئۆزۈمنىڭ گېپى بىلەن بولۇپ كېتىپ، سېنىڭ ئەھۋالىڭنى ئازراقمۇ سوراپ قويماپتىمەن. ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ خىزمەت تاپتىڭمۇ؟ ياكى ھازىرمۇ ئىش كۈتۈپ تۇرۇۋاتامسەن؟ ساڭا سالىدىغان مۇنداق بىر مەسلىھەتىم بار. ياخشى ئويلىنىپ جاۋابىنى بەر. مەن ھازىر كىيىم پىچىپ تىكىشتە (بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ كىيىملىرىنى) خېلى يېتىشىپ قالدىم. ئالتە خىل ئايالچە كۆڭلەكنىڭ پاسونىنى لايىھەلەپ قويدۇم. ئىككىيلەن مەخسۇس ئاياللارنىڭ كىيىمىنىلا تىكىدىغان بىر كىيىم تىكىش دۇكىنى ئاچايلى. سەنمۇ ئىش كۈتىمەن دەپ بىكار يۈرۈۋەرمە، ھازىر ئىسلاھاتنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان دەۋرى. ھەركىمنىڭ ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا كەڭرى سورۇن ھازىرلانغان. ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ، ئەقىل - پاراسەت، ئىقتىدارىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرىدىغانلا بولساق،

www.uyghurkitap.com

ئىشىنىمەنكى چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمىز. ئاندىن كېيىن يېتەرلىك مەبلەغ جۇغلاپ، دۇكىنىمىزنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان ئاچا ـ سىڭىللارنى مۇستەقىل ھايات يولىغا باشلىيالايمىز. ئۇلارنى سادىرغا ئوخشاش بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ، رەھىمسىز ئەرلەرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقالايمىز.

خەير، سېنى دوستانە قۇچاقلاپ:

سەلىمە»

سەلىمەنىڭ بۇ خېتى ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالدى. تارتقان ئازابلىرى، ھەسرەتلىرى يۈرىكىمنى ئەزدى. بىراق، كېيىنكى مەسلىھەتى مېنى پۈتۈنلەي قايىل قىلدى. مەن ئىختىيارسىز ئېقىپ چۈشكەن كۆز ياشلىرىمنى توختىتىشقا تىرىشىپ، يەنە بىر پارچە خەتنى ئاچتىم ـ دە، ھەيرانلىقتا تۇرۇپلا قالدىم. يۈرىكىم قاتتىق ھاياجاندا گۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. بىر پارچە ئاق قەغەزگە تۆۋەندىكى ئىككى جۈملە سۆز يوغان قىلىپ يېزىلغانىدى:

«رابىيە، ھازىر مەن پۈتۈنلەي ئەركىنلىككە چىقتىم، ئۆگۈنلۈككە قېشىڭغا بارىمەن.

ياشىسۇن نىكاھتىن ئاجرىشىش!

سەلىمە»

# كالا

## 1

ئۇ تۆگەدۆڭدىكى ھەرقانداق بىر كالىدىن پەرقلەنمەيدىغان ئادەتتىكى بىر كالا ئىدى. پاچاقلىرى توم، ئۇزۇن، تايغان قورساق، قۇيرۇقلىرى ئۇزۇن، يېلىنى چات ئارىسىغا پاتمىغۇدەك دەرىجىدە يوغان. بېشىدا قاشقىسى، دۈمبىسىدە ئالىسى بار... ھەئە، بۇ ئالاھىدىلىكلەر تۆگەدۆڭ كەنتىنىڭ چارۋىچىلىقتا مەسئۇل مۇئاۋىن كەنت باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ تېمىغا سىرلىق قەغەز بىلەن خۇش خەتچىلەپ يېزىپ، باشقا قائىدە ـ تۈزۈملەر قاتارىدا چاپلاپ قويۇلغان «تۆگەدۆڭ كەنتىنىڭ شاخ ـ شۇمبا بىلەن كالا بېقىش، كالىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدىكى يىراق كەلگۈسى پىلانى»دىكى شەرتلەرگە تامامەن ئۇيغۇن تۆگەدۆڭ كەنتىنىڭ كالىسى بولۇپ، تۆگەدۆڭ زېمىنىدا ياشايمەن دەيدىغان ھەرقانداق كالىنىڭ چوقۇم دۈمبىسىدە ئالىسى بولۇشى شەرت. شۇڭلاشقا، تۆگەدۆڭ كەنتىدىن دۈمبىسىدە ئالىسى يوق بىرمۇ كالا تېپىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ كالىنىڭ بولسا دۈمبىسىدە خېلى يوغان ئالىسى بولغانلىقىنىڭ سىرتىدا، بېشىدا قاشقىسى، قاپقارا قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىدا بىرتۇتام ئاپپاق چارى بار. خۇددى تەمسىللەردىكى «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چار قۇيرۇق» دېگەندەك. ھەئە، ئۇ تۆگەدۆڭ كەنتىنىڭ كالىسى بولۇشقا تېگىشلىك ھەرقانداق شەرتكە تولۇق چۈشىدۇ. ئۇنىڭ باشقا ئىنەك كالىلاردىن پەرقلىنىدىغان بىرلا يېرى، خۇددى ئەركەك قېرىنداشلىرى ــ بۇقىلارغا ئوخشاش بىر جۈپ ئۇچلۇق

مۈڭگۈزى بار. شۇڭا، ئۇنىڭ بېشىغا قارىغان كىشى بىر قاراشتىلا ئۇنى بۇقا ئوخشايدۇ دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ. لېكىن، كەينىدىن قارىسا چات ئارىسىغا پاتماي قالغان چېلەكتەك يېلىنى مانا مەن دەپ كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇنىڭ سۈتى ھەم ئاق، ھەم قويۇق، ھەم قايماقلىق بولۇپ، ھەر كۈنى ئەتىگىنى بىر چېلەك سۈت بېرىدۇ. ئەگەر سېغىۋەرسە ئىككى چېلەك سۈت بېرىشىمۇ مۇمكىن. سۈپۈرگە ئاخۇننىڭ ئايالى نۇرئىمان قوشناچ ئۇنى بىر چېلەكتىن ئارتۇق ساغمايدۇ. شۇڭلاشقىمۇ تۆگەدۆڭدە كەنت باشلىقى سايىم قاراقولاقنىڭ ھەر خىل جەرىمانە ـ سېلىقلىرىغا چىدىمىغان بىر قىسىم دودەن كىشىلەر ئۆكتە قوپۇپ: «بىز سېغىۋەرسە سۈت بېرىۋېرىدىغان سۈپۈرگە ئاخۇننىڭ ئالا ئىنىكى ئەمەس» دېگەن گەپنى بىكارغا ئېيتىشمىغان. ئۇ ئەنە ئاشۇنداق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تۆگەدۆڭدىكى باشقا كالىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇ ئىلگىرى ھەقىقەتەن سۈپۈرگە ئاخۇننىڭ كالىسى ئىدى. ئۇ سۈپۈرگە ئاخۇننىڭ ئۆيلىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان پاكار كۆمىلاچ تاملىق، ئۈستى شاخ ـ شومبىلار بىلەن يېپىلغان ئېغىلدا يۆگىمەچ، چۆجگۈن، سۇلۇ، پىچان، قوناق شېخى قاتارلىق ئەڭ يۇمشاق ئوت ـ چۆپلەرنى يېگىنىدىن سىرت، ھەر كۈنى كەچ تەرەپتە كېپەك، قوناق ئۇنلىرىنى بولۇشىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلگەن بىر سېۋەت ئاق سامانىنىڭ ھەلپىنى يەپ خاتىرجەم ياشايتتى ۋە يېگىنىگە تۇشلۇق چېلەكلەپ سۈت بېرەتتى. «ئادەم قولاقتىن سەمرىيدۇ، ھايۋان تۇياقتىن» دېگەن تەمسىلنى ئېسىدە مەھكەم ساقلىغان نۇرئىمان قوشناچ ھەپتىدە بىر قېتىم دېگۈدەك ئۇنىڭ ئايىغىغا چۆشەك تاشلاپ، ئېغىلنى قۇرۇقداپ تۇراتتى. كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا تۆگەدۆڭدىكى كالىلارنىڭ ئەڭ بەختلىكى ئىكەن.

ئۇ تۆگەدۆڭ كەنتىنىڭ «شاخ ـ شومبا بىلەن كالا بېقىش، كالىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يىراق كەلگۈسى پىلانى» تۈزۈ-

لۇپ، كالىلارنى ئالىيلاشتۇرۇش سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۇرۇلگەن يىلى تۇغۇلغانىدى.

«يېزا چارۋا مال دوختۇرلۇق پونكىتىغا ئالا موزاي تۇغۇلىدىغان ئۇرۇقلار كەلتۇرۇلدى. كەنتتىكى ئىنەك كالىسى بار ئائىلىلەر ئاتمىش كويدىن پۇل تۆلەپ، ئىنەك كالىلىرىنى سۇنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇپ كېلىشى شەرت. بۇ يىل بىر يىل مۆھلەت بېرىلىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن ئالا موزايلىمىغان بارلىق ئىنەكلەرنىڭ ئىگىلىرى ئىنەكلىرىنى كۆزدىن يوقىتىپ، ئورنىغا ئالا ئىنەك تېپىپ كېلىشلىرى شەرت، ئۇنداق قىلمايدىكەن جازالىنىپ، جەرىمانە ئېلىنىدۇ.»

كەنت باشلىقى سايىم قاراقۇلاقنىڭ بۇ پەرمانى ھەم قاتتىق، ھەم قەتئىي ئىدى. سۇپۇرگە ئاخۇنلارنىڭ تەلىيىگە سېرىق ياپال ئىنىكى ئالا موزايلىدى. بېشىدا قاشقىسى، دۇمبىسىدە ئالىسى، قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىدا كىچىككىنە ئاق چارى بار — بۇ موزاي چىشى — غۇنىجىن[1] ئىدى. سۇپۇرگە ئاخۇنمۇ، نۇرئىمانمۇ قۇشناچمۇ خۇشاللىقتىن يايراپ كەتتى. سېرىق ياپالىنىڭمۇ، ئەمدىلا تۇغۇلغان ئالا موزاينىڭمۇ پېشانىسىگە سۆيۈشتى. كۆز تەگمىسۇن دەپ يول چاۋىرى تېرىپ كېلىپ «قويلىقئاتام» مازاردىن مەدەت تىلەپ ئىسرىق سالدى. موزايچاقنىڭ بويىنىغا تىلتۇمار ئاستى. ئەپسۇسكى، ئۈچ ئايدىن كېيىن كەنت باشلىقى سايىم قاراقۇلاقنىڭ يېڭى پەرمانى جاكارلاندى.

«كەنت تەۋەسىدىكى ئالا موزايلىغان بارلىق ئالا ئەمەس ئىنەكلەر ئۈچ كۈن ئىچىدە كەنت تەۋەسىدىن يوق قىلىنىشى كېرەك. كىمدىكىم خىلاپلىق قىلسا، جەرىمانە ئېلىنغاندىن سىرت جازالىنىدۇ. كالىسى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.»

پەرمان ھەم قاتتىق، ھەم قەتئىي ئىدى. پەرمانغا بىنائەن ئالا موزايلىغان شورلۇق سېرىق ياپال ئىنەك چارشەنبە بازارغا

[1] غۇنىجىن — بۇقا ئارىلىمىغان، تۇغمىغان چىشى كالا.

ئاپىرىپ يوقىلاڭ نەرخىدە سېتىۋېتىلدى. ئۇ كۈنى بېشىدىن نوختىلانغان سېرىق ياپال ئېغىلدىن بەختىرامان چىققان بولسىمۇ، ئالا موزىيىنىڭ ئېغىلدا سولىنىپ قالغانلىقىنى بىلىپ سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ ھويلىسىدىن تىرەجەپ چىققىلى ئۇنىمىدى. سۇپۇرگە ئاخۇن باشبېغىدىن تارتىپ باقتى، سىلكىشلەپ باقتى. ئاخىر جىلە بولۇپ سۆگەت شوپۇڭى بىلەن بىرنەچچىنى سېلىۋەتتى. شۇ ئەسنادا ئالا موزاي ئېغىلدا، سېرىق ياپال ھويلىدا بىر ـ بىرى بىلەن ۋىدالىشىۋاتقاندەك ئېچىنىشلىق بوزلاپ ـ مۆرىۋەتتى. بۇ بوزلاشتىن سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ يۈركى جىغىلدىدى. سۆگەت شوپۇڭى تۇتقان قولى تىترىدى. نۇرئىمان قۇشناچ بولسا پاگىدە يىغلىۋەتتى. نۇرئىمان قۇشناچىنىڭ يىغىسىمۇ، سېرىق ياپال ئىنەكنىڭ مۆرەشلىرىدەك ئېچىنىشلىق، نالىلىك ئىدى. ھەئە، بۇنداق بوزلاش، مۆرەشلەر پۈتكۈل تۆگەدۆڭ كەنتىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى. چۈنكى، ئالا موزاينى ئانىسىدىن ئايرىۋېتىش قىسمىتى يالغۇز سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ ھويلىسىدىلا ئەمەس ئىدى. بۈگۈن نۇرغۇنلىغان ئالا موزايلىغان شورلۇق ئىنەكلەر پەقەت ئالا بولمىغان گۇناھى ئۈچۈن موزايلىرىدىن، تۆگەدۆڭدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلاتتى. ئېچىنىشلىق مۆرەش، بوزلاشلار تۆگەدۆڭنى قىيامەتكە ئايلاندۇردى.

## 2

ئالتە بالىنى تۇغۇپ، قاتارغا قوشۇپ، ئۈچۈرما قىلغان نۇرئىمان قۇشناچ تەجرىبىلىك ئىدى. ئۇ ئالا موزاينىڭ خۇيلىنىشلىرى، باتناشلىرى، ئاچلىق ئېلان قىلىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئانىلىق مېھرى بىلەن بويسۇندۇردى. ئالا موزايغا سېرىق ياپالدەك ئاپپاق سۈت بېرەلمىگىنى بىلەن، ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپراق مېھىر بەردى. تۇجۇپلەپ بېقىلغان ئالا موزاي بىر يىلدىن كېيىن يوغىناپ ھەقىقىي بىر غۇنجىن بولدى. خۇددى



www.uyghurkitap.com

رەسىدە بولغان قىزلاردەك يېلىنى كۆتۈرۈلۈپ، تۈكلىرى پارقىرىدى، قارا تۈكلىرى قۇندۇزدەك، ئاق تۈكلىرى سۈتتەك ئىدى. بېشىدىكى قاشقىسى بىلەن قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىدىكى بىر تۇتام ئاق چارى خۇددى زىبۇ ـ زىننەتتەك تۇرقىغا ئالاھىدە سۈلەت بېغىشلايتتى. ئۇزۇن تال ـ تال كىرپىكلىرىدە سايە تاشلاپ تۇرغان چوڭ ـ چوڭ بۇلاق كۆزلىرى نازاكەتلىك مۆلدۈرلەيتتى. ھەئە، ئۇ ئىنەك بولۇش يېشىغا يەتكەنىدى.

ئالا غۇنىجىن غۇنانلىقى بىلەن خوشلىشىپ ئىنەك بولدى. تۆت يىلدا بىر قېتىممۇ قىسىر قالماي تۆتنى موزايلىدى. تۆتىلا موزىيى ئالا ئىدى. بۇ تۆت موزاينىڭ بېشىدا قاشقىسى، قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىدا بىر تۇتام ئاق چارى بار ئىدى. تۆت موزاينىڭ ئىككىسى غۇنىجىن، ئىككىسى بۇقا ئىدى. ئىككى غۇنىجىننى تۈگەدۆگىدىكى تېخىچىلا كالىلىرىنى ئالا موزايلىتالماي جەرىمانە تۆلىگەن، كالا بېقىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن دېھقانلار سۇپۇرگە ئاخۇن بىلەن نۇرئىمان قوشناچىنى تەگلىكتە قالدۇرۇپ، يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ سېتىۋېلىشتى. «مەيلىغۇ بىچارىلەر، ئاز جەرىمانە تۆلەشمىدى. سايىم قاراقۇلاقنىڭ زەھىرىدىن قۇتۇلۇپ قالسا ساۋاب بولار.» ئۇلار موزايغا چىداشمىسىمۇ شۇنداق دەپ بىرنۆۋىتىشتى. «بىرسى ئون، ئونى يۈز بولۇپ كېتەر، ئېغىلىغلارغا كالا، قاچا ـ چېلەكلىرىڭلەرگە سۈت ـ قايماقلار تولۇپ كېتەر» دەپ تىلەك تىلەشتى. لېكىن، ئىككى ئەركەك موزاينىڭ تەقدىرى تولىمۇ ئېچىنىشلىق بولدى.

«ئالا بۇقىلارنى موزاي ۋاقتىدىلا پىچىۋېتىش كېرەك. ئۇنداق قىلمىساق چوڭ بولغاندا بۆكىرەپ ـ مۆرەپ، ئىنەكلەرگە قالايمىقان چېپىلىپ، ئالا موزايلارنىڭ پالانلىق، ئىلمىي ئۇسۇلدا كۆپىيىشىگە ۋە تۈگەدۆڭ كەنتىنىڭ تىنچلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرگۈچىلەر قاتتىق جازالىنىدۇ، جەرىمانە قويۇلىدۇ.»

پەرمان ھەم قاتتىق، ھەم قەتئىي ئىدى. شۇنداق قىلىپ،

ئىككى ئالا موزاي ئالتە ئايلىق بولا ـ بولمايلا تۆگەدۆڭدىكى باشقا بارلىق ئەركەك ئالا موزايلار قاتارىدا پىچىۋېتىلدى. ئۇلار پىچىۋېتىلگەن ۋاقىتتا ئاغرىق ئازابىغا چىدىمايمۇ ياكى بېشىغا كەلگەن پاجىئەلىك قىسمەتكە نارازى بولۇپمۇ، ئەيتاۋۇر بىر نەچچىنى نالە ـ پەرياد قىلغاندەك بوزلىدى. خۇددى ئوغلى ئاختا قىلىۋېتىلگەندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالغان سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ يۇرىكى ئېچىشىپ كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى. لېكىن، چاندۇرمىدى. خۇددى بارلىق دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، تىنىمسىز پۇشۇلداپ، غۇرت ـ غۇرت يۇتقىنىۋاتقان ئالا ئىنەككە ئوخشاش پۇشۇلدىدى، يۇتقۇندى. كەنت باشلىقى سايىم قاراقۇلاق بولسا خۇشاللىقتىن تىللىرىنى چاكىلدىتىپ ھىجىياتتى. قىزغۇچ شاپ بۇرۇتلىرىنى مەغرۇرلۇق بىلەن تولغايتتى. «كونىلار ‹بۇقىنى بۆركىرەتكەن ئىككى تاشقى›، دەپتىكەن. قېنى ئەمدى ئۇلارنىڭ بۆركىرىگىنىنى بىر كۆرەي» دەپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

## 3

موزايلىرى بىلەن سۈتى ئالا ئىنەكنىڭ داڭقىنى چىقىرىۋەتكەنىدى. پۈتكۈل تۆگەدۆڭدە ئالا ئىنەكنىڭ سۈت، قېتىق، قايمىقىغا ئېغىز تەگمىگەن بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. بىر قېتىم ئېغىز تەگكەن ئادەم خۇمار بولۇپ قالاتتى. كەنت باشلىقى سايىم قارا قۇلاق ئالا ئىنەكنىڭ سۈت ـ قېتىقىغا خۇمار بولۇپ قالغۇچىلارنىڭ ئەڭ كونىسى ئىدى. ئۇ ئاز دېگەندە ھەپتىدە بىر ـ ئىككى قېتىم سۇپۇرگە ئاخۇنلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ بىرەر چىنە سۈت ياكى قېتىققا ناننى پوتەيدەك چىلاپ يەپ كەتمىسە ياكى نۇرئىمان قۇشناچىنىڭ تەملىك قوللىرى بىلەن ئالا ئىنەكنىڭ قايمىقىنى بولدى دېگۈچە سۈركەپ پىشۇرغان ھور قاتلىمىسىنى بىقىنى چىققۇدەك يېمىسە كۆڭلى ئۇيۇمايتتى. ئۇنىڭدىن

باشقا، كەنتكە يېزا ـ ناھىيەلەردىن كەلگەن چوڭ ـ كىچىك باشلىقلار، باھالاش، تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى، نۇقتىغا، مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەشكە، يازنىڭ ئۈچ ئىشىغا ياردەم بېرىشكە، نامراتلاردىن ھال سوراشقا، قانۇن ـ ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا، يېزا ئىگىلىك ماشىنا مەشغۇلاتىنى باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا، كېۋەز قۇرتىنى تۇتۇشقا، بۇغداي مەھسۇلاتىنى باھالاشقا، بەشتە ياخشى يېزا قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا، سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا، پىلانلىق تۇغۇت دورا سايمانلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىشلىتىشكە رەھبەرلىك قىلىشقا... چىققان كادىرلارنى كۈتۈۋېلىشقىمۇ ئالا ئىنەكنىڭ چېلەك ـ چېلەك سۈتلىرى، قايماقلىرىنى بىر سانتىمېتىر قېلىنلىقتا لەيلىتىپ ئەتكەن چايلىرى، چىنە ـ چىنىلەپ قېتىقلىرى لازىم بولاتتى. ئۇلار ئالا ئىنەكنىڭ سۈت، قېتىق، قايماقلىرىغا ئېغىز تەگكەچ شۇنداق ماختىشاتتىكى، ئېغىزلىرىدىن قايماقتەك يۇمشاق، سۈتتەك شېرىن سۆزلەر چېلەكلەپ تۆكۈلەتتى. كەنت باشلىقى سايىم قاراقۇلاق بۇ ماختاش، داڭلاشلارغا كۆمۈلۈپ، تۆگەدۆڭلۈكلەرگە ئالىيىپ قاراشقا كۆنۈپ قالغان كۆزلىرى خۇشاللىقتىن يۇمۇلۇپ كېتەتتى. بۇ ماختاشلارنى، ئاپىرىن ـ تەشەككۇرلەرنى ئاڭلاشقا ئۇ ئۆزىنى ھەقىقەتەن ھەقلىق ھېسابلايتتى. راست ـ دە، ئۇ پۈتكۈل تۆگەدۆڭنىڭ كالىلىرىنى ئەلالاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، كەنت ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يىراق كەلگۈسى پىلانىغا كىرگۈزمىگەن بولسا، تۆگەدۆڭلۈكلەرگە شۇنچىۋالا شېرىن، ئاپپاق، قويۇق سۈت ـ قايماقلارنى ئىچىش نەدە تۇرۇپتۇ؟

بۈگۈن يېزا باشلىقى باشچىلىقىدىكى مەھەللىۋى ئوغۇتلارنى باھالاپ، ئۆلچەپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكى تۆگەدۆڭ كەنتىگە كەلگەنىدى. ئۇلار چۈشكىچە دېھقانلار ئېغىللىرىدىن چىقىرىپ، يول بويىغا تۆكۈپ، چىرايلىق چاسىلاپ قويغان قىغ دۆۋىلىرىنى

ئۆلچەپ، مىقدارى ۋە سۈپىتىنى باھالاشتى. چۈشتە كەنت تەرىپىدىن تەييارلانغان بىر پىيالە چايغا داخىل بولۇشتى. مانا كۆن پىشىندىن قىيىلغاندا «بىر پىيالە چاي» خېلى ئوبدان تەسىر قىلىشقان يىزا باشلىقى قاتارلىق باھالاش ئۆمىكى يۈزلىرىنى خورازنىڭ تاجىدەك قىزارتىپ، ئېگىز ـ پەس دەسسەپ، ئالىتاغىل ناخشا توۋلاشقىنىچە، چۈشتىن بۇرۇن باھالاپ ئېشىپ قالغان ئوغۇتلارنى باھالاش ئۈچۈن كېلىشۋاتاتتى. ئارىدىن كىمدۇر بىرسى بايىقى سورۇندا دۇتارچىنىڭ ئوقۇغان ناخشىسىنىڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسىنى ئۇنىنىڭ بارىچە توۋلاپ كېلەتتى:

خوراز جىنىدا مىكىيانىنىڭ تاجىدىن چىلىڭ چوقۇپ،
بوك ـ بوك ئېتىدۇيەي، بىز نىمىشقا ئەتمەيمىز...

بۇ ناخشا تۈگە ـ تۈگىمەيلا يەنە بىرەيلەن ناخشا باشلىدى:

ئىككى يار تۇتقان كىشىنىڭ
ھىچنىمىدىن غېمى يوق.
ئىككى كۆزى مۆلدۈرلەپ تۇرغان بىلەن،
پۇت ـ قولىنىڭ جېنى يوق...
...

— زۇۋانىڭنى يىغىشە هاي ! ... بىز شوپاڭدا ئولتۇرۇۋاتا-مايمىز، خىزمەت قىلىۋاتىمىز، خىزمەت. نىماداق پىچىۋەتمىگەن بۇقىدەك سەت بۆركىرىشىپ...

يىزا باشلىقىنىڭ تەئەددىسى خۇددى تىنچلاندۇرۇش دورىسىدەك شاپىدە كۈچىنى كۆرسەتتى. يول بويىدىكى دۆۋىلەنگەن مەھەللىۋى ئوغۇتلارنى مىتىر قويۇپ ئۆلچەش، سۈپەت دەرىجىسىنى بېكىتىش داۋاملاشتى. مانا نۆۋەت سۈپۈرگە



www.uyghurkitap.com

ئاخۇنلارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا دۈۋىلەنگەن قىغلارغا كەلدى.
— ۋاھ ! ماۋۇ ئىنەكنىڭ يىلىنىنىڭ يوغانلىقىنى.
كىمدۇر بىرسىنىڭ ھەيرانلىق بىلەن ئېيتقان سۆزى ھاراقنىڭ تەسىرىدە كۆزىدىن تارتىپ گەدەنلىرىگىچە قىزىرىپ كەتكەن يىزا باشلىقىنىڭ دىققىتىنى چالغىتتى. ھويلا ئالدىدىكى جىگدە بودىماللىقنىڭ ئەتراپىدىكى قومۇشقا باشلاپ قويۇلغان ئالا ئىنەككە نەزىرىنى ئاغدۇردى. ئالا ئىنەك بۇ بىر توپ مېھمانلارغا ياتسىرىغان ھالدا قاراپ قويۇپ ئېرەنسىزلىك بىلەن كۆشەۋاتاتتى. ئۇنىڭ چېلەكتەك يوغان يىلىنى ئېسىلىپ، باش بارماقتەك چوڭلۇقتىكى تۆت تال توپچىسى قىزىرىپ كەتكەندى.
— بۇ ھېلىقى...
— شۇنداق، يېزا باشلىقى، بۇ ھېلىقى ئالا ئىنەك شۇ، — كەنت باشلىقى ئۆزىنىڭ بۇيۇك ئىجادىيىتىگە يېزا باشلىقىنىڭ قايتىدىن نەزىرى چۈشكەنلىكىدىن شادلىنىپ، يېزا باشلىقىنىڭ ئاغزىدىن گەپنى تارتىۋېلىپ جاۋىلداشقا باشلىدى، — بايا بىز ئىچكەن تەگكەن سۈت ـ قېتىقلار مۇشۇ ئالا ئىنەكنىڭ سۈت ـ قېتىقلىرى، — ئۇ ئۆزىگە تەمەننا قويغان ھالدا ئالا كالىلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى، — ئالا ئىنەك ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ياۋاش، رايىش، ئىتائەتچان كېلىدۇ. ئۇلارنى قوشتىن ئېلىپ سۆرەمگە، سۆرەمدىن ئېلىپ جوۋازغا، جوۋازدىن ئېلىپ ھارۋىغا قېتىپ، تىنىمسىز ئىشلەتسىمۇ قىلچىلىك ھۇرۇنلۇق قىلمايدۇ، يېتىۋالمايدۇ، تىرەجىۋالمايدۇ. قانچىلىك ساغسا شۇنچىلىك سۈت بېرىدۇ. سۈتى ھەم ئاق، ھەم قويۇق، ھەم قايماقلىق كېلىدۇ. ئەڭ ياخشى يېرى قالايمىقان مۆرەپ، بۆركىرەپ كەنتنىڭ مۇقىملىقىنى، تىنچلىقىنى بۇزمايدۇ، — ئۇ يېزا باشلىقىنىڭ گەپ قىلماي تۇرغىنىنى كۆرۈپ يەنە قوشۇپ قويدى، — ھاراق ئىچكەندە ئۇنىڭ سۈتىدىن بىر پىيالە ئىچىۋېتىدىغان بولسا دەرھال كەيپىنى كېسىدۇ، — ئۇ شۇنداق دېگەچ يېزا باشلىقىغا بىر چامدام يېقىنلىشىپ ئاستا سورىدى، —

قانداق، ئالا ئىنەكنىڭ سۈتىدىن بىر پىيالە ئىچىپ قوياملا، شاڭجاڭ؟

يېزا باشلىقى ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە ئەتراپتىكى مەستلەر ئاۋاز قوشتى.

— تازىمۇ ئۇسساپ كەتتۇق. ئىچسەك ئىچەيلى بىرەر چىنىدە سۈتتىن.

— ئالا ئىنەكنىڭ سۈتى راستلا تەملىك ئىكەن جۇمۇ.

— مەن بۇ چاغقىچە بۇنداق تەملىك سۈت ئىچىپ باقماپتىكەنمەن.

كەنت باشلىقى سۈپۈرگە ئاخۇنغا قاراپ بۇيرۇدى:

— جۇگۇسىلا، قاراپ تۇرماي پاكىزرەك چىنە ئاچىقسىلا.

شۇ ھامان سۈپۈرگە ئاخۇننىڭ ئايالى نۇرئىمان قۇشناچ ئوتتۇرا چىنە سۇ كۆتۈرۈپ چىقتى. كەنت باشلىقى چىنىدىكى سۇغا قاراپ گۆلەيدى.

— سۇنى نېمىگە ئاچىقتىلا؟ يېزا باشلىقىنىڭ سۈت ئىچكۈسى بار ئىكەن، ئالا ئىنەكنىڭ ئىسسىق سۈتىدىن.

— سۇنى يېزا باشلىقىغا ئاچىقمىدىم، — دەپ چۈشەندۈردى ھودۇقۇپ كەتكەن نۇرئىمان قۇشناچ، — بۇ سۇدا ئىنەكنىڭ يىلىنىنى يۇيۇۋېتىپ ساغاي دەپ...

قۇشناچ شۇنداق دېدى - دە، سۇ بىلەن ئىنەكنىڭ باش بارماقتەك تۆت تال توپچىسىنى پاكىز يۇدى. شۇ ئەسنادا ھاراقنىڭ كەيپىدىنمۇ ئەيتاۋۇر يېزا باشلىقىغا ئۆز قولى بىلەن سۈت سېغىپ بېرىش خىيالىغا كېلىپ قالغان كەنت باشلىقى ئالچاڭلاپ بارغانچە قۇشناچنىڭ قولىدىكى چىنىنى تارتىۋالدى.

— نېمانچە مىسلىدايلا، ئەكەلسىلە ئۆزۈم بىر ساغاي.

قۇشناچ چىنىنى بېرىپ ئىنەكنىڭ ئايىغىدىن قوپۇپ كەتتى. كەنت باشلىقى ئىنەكنىڭ ئارقىسى تەرىپىدىن ئىنەكنىڭ ئايىغىغا تىزلىنىپ چۆكتى. ئۇ چىنىنى توغرىلاپ ئىنەكنىڭ بىر تال توپچىسىنى سىيرىۋىدى، بىر تېمىممۇ سۈت چىقمىدى. قاراپ

تۇرغانلار يىخىلداپ كۇلۇشكە باشلىدى. كەنت باشلىقى تويچىنى تۇۋىدىن تۇتۇپ ئىككىنچى قېتىم سىيرىدى. بۇ قېتىم فونتاندەك جىرغاپ چىققان ئاپپاق سۈت چىنىگە چۈشمەي كەنت باشلىقىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە چاچرىدى. ئەتراپتىكىلەر ئاۋازلىقراق كۇلۇشكە باشلىدى. كەنت باشلىقى يۈز ـ كۆزلىرىگە چاچرىغان سۈتنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئېرتىۋېتىپ، ئۆزىنى توختىتىپ تۇرۇپ، تەجرىبىلىك سۈتچى خوتۇنلاردەك ئىنەكنىڭ يېلىنىغا يەڭگىل ئىككى ـ ئۈچنى مۇشتلاپ قويۇپ قايتا سېغىشقا باشلىدى. بۇ قېتىم بىر ئاز قاملاشتى. ئالا ئىنەكنىڭ تويچىكىدىن فونتاندەك جىرغاپ چىققان سۈتلەرنىڭ يېرىمى چىنىنىڭ ئىچىگە، يېرىمى چىنىنىڭ تېشىغا چۈشتى. شۇنداق قىلىپ، چىنە يېرىملىشاي دەپ قالغاندا، تۇيۇقسىز ئالا ئىنەك كەنت باشلىقىنىڭ باش ـ گەدەنلىرىگە شاتراقلىۋەتتى. بۇ ئىش شۇنداق تۇيۇقسىز، شۇنداق تاسادىپىي يۈز بەردىكى، كەنت باشلىقى نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى دەماللىققا بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى. ئەتراپتىن كۆتۈرۈلگەن گۈررىدە كۈلكە ساداسى ئۆنى ئەمتىرەتتى. ئۈستىېشىغا ئالا ئىنەكنىڭ شاتراقلاپ قويغىنىنى سەزگىنىدە غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. بۇ ئەدەپسىز ئالا ئىنەكنىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلاش ئۈچۈن قولى يانپىشىغا ئېسىۋالغان پىچاقنىڭ غىلىپىغا يۈگۈردى. شۇ دەقىقىدە يېزا باشلىقى كۇلۇپ تېلىقىپ قالغانىدى. يېزا باشلىقىنىڭ كۈلكىسىنى كۆرۈپ كەنت باشلىقى تېزلا ئاچچىقىغا هاي بەردى. پەيلىدىن ياندى. بارماقلىرى تېخى غىلاپتىن چىقىشىغا ئۈلگۈرمىگەن پىچاقنىڭ سېپىدىن بوشىدى. يېزا باشلىقىنى كۈلدۈرەلىدىمۇ بولدى، بۇنىڭدىن ئارتۇق شەرەپ، ئامەت يوق. ئۇنىڭ ئۈستىېشى بۇلغىنىپ كەتسە نېمە بوپتۇ؟ يۈيۈۋەتسە چىقىپ كېتىدۇغۇ ناھايىتى. يېزا باشلىقى كۈلدىمۇ بولدى. بۇ قېتىمقى ئوغۇت باھالاشتا تۆگەدۆك كەنتنىڭ يېزا بويىچە بىرىنچى چىقىشىدا گەپ يوق. بىر هېسابتا بۇمۇ بىر نەتىجە، شان ـ شەرەپ...

كەنت باشلىقى شۇ ھالەتتە تۇرىۋېرىش ياكى قوپۇپ كېتىش ھەققىدە ئىككى تايىن بولۇپ تۇراتتى. بېشىغا يەنە شاررىدە قىزىق سۇ تۆكۈلدى. ئالا ئىنەك شاتىراقلاپ بولۇپ، ئارقىسىدىن سىيىۋەتكەنىدى. بۇ قېتىم كۈلۈپ تېلىقمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى.

— پاھ، ئالا ئىنەكنىڭ مۇنداقمۇ ئالاھىدىلىكى بار ئىكەن تېخى، — دېدى كىمدۇر بىرسى مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا، — شاتىراقلاپ بولغىۋەتكەندىن كېيىن سۈيدۈكى بىلەن يۇيۇۋېتىدىكەن ئەمەسمۇ؟

— سايىم ئاخۇن مۇدىرنىڭ ئاغچىسىنى كىم يۇيىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسۇن دېگەندۇ ھەرقاچان.

ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىققان نۇرئىمان قۇشناچ كەنت باشلىقىنىڭ ئۇستىبېشىدىكى رەسۋاچىلىقنى كۆرۈپ ھەم خىجىل بولدى، ھەم ھودۇقتى. گۇناھكارلارچە يەرگە قارىدى.

— ۋاي خۇدايىمەي، ما سەتچىلىكنى. ئىككى كۈندىن بېرى ئىچى سۈرۈپ قاپتىكەن بۇ ئۇۋۋاتەگكۈنىڭ. ئەتىگەننىڭياقى خېلى ئوڭشىلىپ قالغاندۇ دەپتىكەنمەن. ئارقا پېشايىنى تۇتالماس بولۇپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان، ھۇ قىلىقى سەت جۇۋاينىمەك.

نۇرئىمان قۇشناچنىڭ بۇ سۆزلىرىدە ئۆزىنىمۇ، ئالا ئىنەكنىمۇ ئاقلاش تەلەپپۇزى بار ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھېچكىم قۇلاق سالمىدى. ئەتراپتىكىلەر تېخىچە تېلىقىپ كۈلۈۋاتاتتى. كەنت باشلىقى ئالا ئىنەكنىڭ ئايىغىدىن غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، قورقۇنچتىن تۈگۈلۈپ كەتكەن سۇپۇرگە ئاخۇن بىلەن نۇرئىمان قۇشناچقا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ئالايدى. ئالايدى ـ يۇ، شۇ ھامانلا تېخىچە كۈلۈۋاتقان يېزا باشلىقىنىڭ چىرايىغا قاراپ خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن چالا ئېچىلغان كېۋەزدەك ھىجايدى. ئالايغاق كۆزلىرى كۈلكىسىگە ماسلىشىپ دەسلەپ قىسىلدى، كېيىن يۇمۇلدى. كالچايغان كالپۇكلىرى ئارىسىدىن كۆك تاماكىنىڭ ئىسىدا سارغايغان چىشلىرى تامامى كۆرۈندى.

## 4

كۆز كەلدى. كونىلارنىڭ تەرىپى بويىچە ئېيتقاندا سېخىي كۆز كەلدى. لېكىن، كۆپ ساندىكى تۆگەدۆڭلۈكلەر كۆزنىڭ سېخىيلىقىنى، خوۋلۇقىنى قىلچىلىك كۆرمىدى. تاغار - تاغارلاپ تېرىپ ساتقان پاختىلىرىنىڭ پۇلى، ئەتىيازدا يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن قەرز ھېسابىدا يەرگە بىرتوتاش سېلىپ بەرگەن مەبلەغنىڭ پۇلىغا چىقىشمىدى. تېخى گەدەنلىرىدە بىرمۇنچە قەرز پۇل ۋە ئۇنىڭ ئۆسۈمى ئېشىپ قالدى. سۇپۇرگە ئاخۇنلار ئائىلىسىنىمۇ ئېغىر غەم باستى. ئالدىنقى يىللاردا ئۇ ئاشۇنداق قەرزلەرنى ئالا ئىنەكنىڭ موزايلىرىنى سېتىپ قايتۇرغانىدى. ئالا ئىنەك يەنە بوغاز ئىدى. سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ ھېسابىچە كېلەر يىلى ئۆرۈك ئالا بولغان مەزگىلدە موزايلايتتى. بىراق، كەنت باشلىقى قەرزلەرنى سۈيلەۋاتاتتى. سۇپۇرگە ئاخۇن ئالا ئىنەك موزايلىغاندا موزىيىنى سېتىپ قەرز تۆلەي دېسە كەنت باشلىقى نېمە دەر؟

«بۇ يىللىق قەرزلەرنى كېلەر يىلىغا سۆرەشكە قەتئىي بولمايدۇ. قەرز ئىگىلىرى قانداق قىلسا قىلىپ يىل ئاخىرىغىچە قەرزلەرنى قايتۇرۇشى كېرەك. بولمىسا جەرىمانە تۆلىگەننىڭ سىرتىدا جازالىنىدۇ.»

پەرمان ھەم قاتتىق، ھەم قەتئىي ئىدى. ھېچكىم بويۇنتاۋلىق قىلالمىدى. بويۇنتاۋلىق قىلسىمۇ ئامال يوق. تۆگەدۆڭدە سايىم قاراقۇلاقتا كىم تەڭ كېلەلىگەن؟ سۇپۇرگە ئاخۇنلارنىڭ ئالا ئىنىكىمۇ قەرزگە ھېسابلاندى. ئۇ كۈنى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن نۇرئىمان قۇشناچ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى. جالاقلاپ تىترەيتتى. كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتاتتى - يۇ، تىلى گەپكە كەلمەيتتى. سۇپۇرگە ئاخۇن بولسا بارلىق دەرد - ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇۋاتقان كالىغا ئوخشاش پۇش - پۇش تىناتتى. غۇرت -

غۇرت يۇتقۇناتتى. بىراق، ئالا ئىنەك سۇپۇرگە ئاخۇنلارنىڭ بۇ قەدىناس ھويلىسىدىن چىققىلى ئۇنىماي، خۇي ـ مىجەزىگە يات ھالدا تىرەجەپ تۇرۇۋالدى. كوم ـ كوم دۇمبالاشلارغا جاۋابەن ھەممىنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ ئېچىنىشلىق مۆرىدى، بوزلىرى ئۇنىڭ بۇ قىلىقى كەنت باشلىقىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈردى. چۈنكى، ئالا ئىنەكنىڭ مۆرىشى بىلەن تەڭ كەنتنىڭ باشقا يەرلىرىدىمۇ ئەنە ئاشۇنداق مۆرىگەن ئاۋازلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئاڭلاندى. تۆگەدۆڭدىكى باشقا ئائىلىلەردىمۇ قەرزگە ھېسابلانغان ئالا ئىنەكلەر ماڭغىلى ئۇنىماي تىرەجەپ تۇرۇۋالغان، كومىشتىپ سېلىنغان دۇمباغا چىدىماي مۆرىۋەتكەنىدى. بۇ بوزلاشلار كەنتنىڭ تىنچلىقىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇۋەتكەنىدى.

كەنت باشلىقى بەرىبىر قۇدرەتلىك ئىدى. ئۇنىڭغا ئالا ئىنەكلەرنىڭ بويسۇنماسلىقتا نېمە ئىلاجى؟ ئۇلار ئىگىلىرىنىڭ ھويلىلىرىدىن كەنت قورۇسىغا ھەيدەپ كېلىنىپ، چارشەنبە بازاردىن كەلگەن قاسساپ ـ بورداقچىلارغا باھاغا سۇندۇرۇلۇپ سېتىلدى. سۇپۇرگە ئاخۇنلارنىڭ ئالا ئىنىكىنى بولسا كەنت باشلىقىنىڭ رەندىلەپ قويغاندەك ئورۇق، كۆسەيدەك قاپقارا ئايالى سېتىۋالدى. كەنت باشلىقى ئالا ئىنەكنىڭ ئۇ كۈندىكى ئەدەپسىزلىكىنى كەچۈرۈۋېتەلمىسىمۇ، لېكىن قاپىقى يامان ئايالىنىڭ غوۋغا كۆتۈرۈشىدىن قورقۇپ ھەم تۆگەدۆڭ ھەتتا پۈتكۈل يېزىغا نامى پۇر كەتكەن، ساغىسا ـ ساغىسا سۈتى تۈگىمەيدىغان بۇ كالىنى تۆگەدۆڭ تەۋەسىدىن چىقىرىۋېتىشكە چىدىماي ئىلاجىسىز ماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئالا ئىنەكنىڭ رىزقى تۆگەدۆڭدىن كۆتۈرۈلمىدى.

ئالا ئىنەكنىڭ يېڭى ماكانى ــ كەنت باشلىقى سايىم قاراقۇلاقنىڭ كالا ئېغىلى سۇپۇرگە ئاخۇنلارنىڭ ئۆيىدىنمۇ ھەشەمەتلىك ئىدى. لېكىن، ئالا ئىنەك بۇ ھەشەمەتلىك ئېغىلغا پەقەتلا كۆنەلمىدى. چۈنكى، ئېغىل ھەشەمەتلىك بولغىنى بىلەن

تېگى پات ـ پات چۈشەك تاشلاپ قۇرۇقدالمىغانلىقى ئۈچۈن مىچىلداپ كەتكەنىدى. ھەر كۈنى كەچتە كېپەك ـ قوناق ئۇنى راسا ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلگەن بىر سېۋەت ئاق سامانىنىڭ ھەلىپىگە كۆنۈپ قالغان ئالا ئىنەككە بۇ يەردە ئايرىم ھەلەپ بېرىلمىدى. بېرىلگەن ھەلەپلەرمۇ ئۇنىڭ يېڭى ھەمراھلىرىدىن — كەنت باشلىقىنىڭ بۇرۇنقى خۇيلۇق، ئۈسكەك، تەپكەك، ئاچ كۆز ئالا ئىنەكلىرىدىن ئاشمىدى. ئەكسىچە ھەر كۈنى ئەتىگىنى بىر چېلەك سۈت سېغىلىدىغان ئادەت بۇزۇپ تاشلىنىپ ئىككى چېلەك سېغىلدى. كەنت باشلىقىنىڭ ئورۇق، قارا ئايالى ئۇنىڭ يېلىنىنى تۈۋىگە يوغان ئىككى چېلەكنى قويۇۋېلىپ، چېلەك توشقۇچە ئاچ كۆزلۈك بىلەن ساغاتتى. سۈت چىقمىغانسېرى يېلىنىنى كوم ـ كوم مۇشتلايتتى. باش بارماقتەك تۆت تال توپچىسىنى بىر غېرىچ ـ بىر غېرىچ چوجايتتى. ئالا ئىنەك ماغدۇرسىزلىنىپ، پۇت ـ قوللىرى سىرقىراپ كېتەتتى. ئۇ نۇرئىمان قۇشناچىنىڭ دوستلارچە مېھرىبانلىقىنى، كۆيۈنۈشلىرىنى بۇ يەردە قىلچىلىك ھېس قىلمىدى. كەنت باشلىقى ئۇ كۈندىكى رەسۋاچىلىقنى تېخىچە ئۇنتۇيالمىغانىدى. گەرچە ئۇ كۈندە ناشتىلىقىدا ئالا ئىنەكنىڭ سۈتىنى چىنە ـ چىنىلەپ گۈپۈلدىتىپ ئىچكىنى بىلەن، ئالا ئىنەككە ئاداۋەت بىلەن ئالىيىپ قارايتتى. قورساق كۆپۈكىنى قانداق چىقىرىش ئۈستىدە باش قاتۇراتتى. ئۇنىڭ ئاچ كۆز، قاپىقى يامان ئايالى بولسا ئالا ئىنەككە قورسىقى تويغۇدەك ئوت ـ چۆپ يەم ـ ھەلەپ بېرىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي، ئالا ئىنەكنىڭ سۈتىنىڭ تارتىلىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن، سۈتىنىڭمۇ ئىلگىرىكىدىن سۇيۇلۇپ، قايمىقىنىڭ ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ۋايسايتتى، غوتۇلدايتتى، سايىم قاراقۇلاققا دادلايتتى.

دۈمبىسىدە تۇخۇم قويسا توختىغۇدەك سەمرىگەن ئالا ئىنەك يېڭى غوجايىنىنىڭ ھويلىسىدا ئاستا ـ ئاستا ياداشقا ـ ئورۇقلاشقا باشلىدى. ئۇ ئەھۋال كەنت باشلىقىنىڭ بىردىنلا

www.uyghurkitap.com

دىققىتىنى تارتتى. چېلەك توشقۇدەك سۇت ساغالماي جۇدۇنى ئۆرلەپ قالغان ئايال غوجايىن ئېغىلنىڭ ئىشىكىگە تىرەپ قويغان غولدا بىلەن ئالا ئىنەكنى ھارغۇچە دۇمبالاپ دەردىنى چىقاردى. تاياق ئالا ئىنەكنىڭ ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. شۇ كېچىسى ئالا ئىنەك موزاي تاشلىۋېتىپ قاراپ ئولتۇردى. بۇ پېشكەللىك كەنت باشلىقىنىڭ تېخىمۇ بەك ئوغىسىنى قايناتتى. ئۇ قاپىقى يامان ئايالىغا ھېچنېمە دېيەلمىگىنى بىلەن ئالا ئىنەكنى موزاي تاشلىۋەتكەنلىكتە ئەيىبلەپ راسا دۇمبالىدى. بۇ قېتىمقى دۇمبالاشتىن ئالا ئىنەك ئۆزىنى پەقەتلا ئەپقاچمىدى. لېكىن، بارلىق دەرد - ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇۋاتقاندەك ئىلگىرىكىدىن بەكرەك ئېغىر - ئېغىر پۇشۇلدىدى. غۇرت - غۇرت قىلىپ يۇتقۇندى. تال - تال كىرپىكلىك چوڭ - چوڭ كۆزلىرىدىن سۇس بىر يېشىل نۇر دەقىقە ئىچىدە يېنىپ ئۆچتى.

ھەئە، ئالا ئىنەكنىڭ يا سۇتىدىن، ياكى موزىيىدىن پايدىلىنىش ئۈمىدى پۈتۈنلەي يوققا چىققان كەنت باشلىقىنىڭ ئاشۇ كۈنى ئالا ئىنەك توپەيلى يېزا باشلىقىنىڭ ئالدىدىكى رەسۋاچىلىقتىن يۈرىكىدە قېلىپ قالغان ئاداۋەت ئوتى قايتىدىن يالقۇنلىدى. «ئالا ئىنەكنى جازالاش كېرەك. شۇ ئارقىلىق بارلىق ئالا ئىنەكلەرگە ئىبرەت قىلىش كېرەك.» ئۇ شۇنداق ئويلىۋىدى، كۆڭلى بىردىنلا ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. بۇ يىل روزى ھېيت بىلەن چاغان تەڭ كەلدى. ئۇ ھەر يىلى مۇشۇنداق ھېيت - بايراملاردا ئۆچ - تۆت قوينىڭ مېھرىدىن كېچىپ، يېزا ۋە ناھىيەدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنى يوقلايتتى. ئۇلارغا ھېيت - بايراملىق كىرگۈزەتتى. مانا بۇ يىل ئىككىلا ھېيت - بايرام تەڭ كەلدى. بۇ بەلەن پۇرسەت. قوي ئۆلتۈرىمەن دەپ يۈرگۈچە، دۇنيادىكى بارلىق كالىلارنىڭ رەزىلى بولغان مۇنۇ ئۆلۈمتۈك ئالا ئىنەكنى ئۆلتۈرۈپ، گۆشىنى سوۋغا قىلسا بولىدىغۇ؟! بۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرىنچىدىن ئالا ئىنەكنى جازالاش، ئۆچ - ئەنتىنى ئېلىۋېلىش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. ئىككىنچىدىن، باشلىقلارغا

ھېيت ـ بايراملىق كىرگۈزەلەيدۇ. كونىلارنىڭ بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇش دېگىنى مانا مۇشۇ. ئېھ ! بۇ جاھاندا سايىم قاراقۇلاقتىنمۇ ئەقىللىك ئادەم بارمىدۇ ـ ھە !

مەسلىھەت پىشقانىكەن، ئىشنى كەينىگە سۈرۈشكە بولمايدۇ. روزى ھېيت بىلەن چاغانغا ھەپتىلا كۈن قالدى. تېزرەك جۈنەش كېرەك. ئۇ كەنتتىنىڭ بىرقانچە كادىرلىرىنى ئالا ئىنەكنى ئۆلتۈرۈشكە ياردەملىشىشكە چاقىردى. ئالا ئىنەك ئۇنىڭ بۇ نامەردلەرچە پەيلىنى ئاللىبۇرۇن تۇيۇپ بولغانىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ پەقەتلا تۇتقۇزمىدى. ئۆلۈم ئالدىدا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم جان تالىشىپ تىركەشتى. تىركەشكەندىمۇ كالىلىق تەبىئىتىگە ــ ئاشۇ رايىش، ياۋاش، ئىتائەتچان، مۆرىمەس دېگەن تەبىئىتىگە يات ھالدا قاتتىق تىركەشتى. بۇ ھال كەنت باشلىقىنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىۋەتتى. «ھۇ، لەنىتى كالا، سەن تېخى مەن بىلەن ئېلىشماقچىمۇ؟ سەندەك بىر ئالا ئىنەككە كۈچۈم يەتمىسە سايىم قاراقۇلاق بولماي كېتەي، ئىلاھىم.» كەنت باشلىقى ئەترىپىدىكىلەرگە:

ــ كىلىڭلار، تام تۈۋىگە قاپسىۋېلىپ تۇرۇپ، ئىككىيلەن ئىككى مۈڭگۈزىدىن، قالغان تۆتەيلەن تۆت پۇتىدىن تەڭ تۇتۇپ يىقىتايلى.

بۇيرۇق بىلەن تەڭلا ئالتە ئادەم ئالا ئىنەككە بىراقلا تاشلاندى. ئالا ئىنەك ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ تىركەشتى ۋە خۇددى نەرە تارتقاندەك دەھشەتلىك مۆرىۋەتتى. ئۇنىڭ مۆرەشلىرى كەنت باشلىقىنىڭ نېرۋىسىنى قوزغاپ، خۇددى پىچاق تىققاندەك مېڭە ـ مېڭىسىگە ئاغرىق كىرىپ كەتتى. تۆگەدۆڭدە قايسىبىر كالا كەنت باشلىقىنىڭ ئالدىدا بۇنداق مۆرىگەن دەيسىز؟ ئۇ كالىلارنى مۆرەتمەسلىك، كەنتنىڭ تىنچ، خاتىرجەملىكىنى ساقلاش ئۈچۈن، ياۋاش كالىلارنىڭ نەسلىنى تاللاپ ئالىيلاشتۇرغان. ئەركەكلىرىنى پىچىۋەتكەن ئەمەسمىدى؟! كۆرۈڭ مۇنۇ رەزىل كالىنىڭ سەت مۆرىشىنى.

ئالا ئىنەكنىڭ مۆرشى بېسىلماي تۇرۇپلا، كەنت مەسچىتىنىڭ مۇنارىغا ئورنىتىلغان يۇقىرى ئاۋازلىق رادىيو كانىيىدىن مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى ياڭرىدى. ئالا ئىنەكنىڭ مۆرشىدىن غەزەپلىنىپ مېڭىسى قوچۇلۇپ كەتكەن كەنت باشلىقىنىڭ قۇلىقىغا بۇ ئاۋاز مىڭلىغان كالىلارنىڭ مۆرشىدەك دەھشەتلىك ئاڭلاندى ـ دە، جان ئاچچىقىدا كالىنىڭ بىر مۈڭگۈزىگە مەھكەم ئېسىلىپ تۇرغان مۇئاۋىن كەنت باشلىقىغا ۋارقىرىدى:

— جۇگۇسىلا، دەرھال بېرىپ تەكشۈرسىلە، كىمنىڭ كالىسى ئۇ شۇنچىۋالا ھۆركىرىگەن؟

— ئۇ كالىنىڭ ئاۋازى ئەمەس، — دەپ چۈشەندۈردى مۇئاۋىن كەنت باشلىقى قىستاپ كەلگەن كۈلكىسىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ، — ئۇ مەھەللە مەسچىتىنىڭ كانىيىدىن چىقىۋاتقان ئەزان ئاۋازى.

— ئەزان ئاۋازى؟ — كەنت باشلىقىنىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلىدى، — كالىلارنىڭ مۆرشىنى توسۇيالمايۋاتقاندا، كاناي بېكىتىپ ئەزان توۋلىمىدىكەن تېخى. جۇگۇسىلا، بېرىپ ئىمام ئاخۇنۇمغا دېسىلە، مەسچىتنىڭ كانىيىنى دەرھال ئېلىۋەتسۇن. بولمىسا كەنتنىڭ تىنچلىقىغا، مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزگەنلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

مۇئاۋىن كەنت باشلىقى ئالا ئىنەكنىڭ خۇددى بۇقىلارنىڭكىدەك ئۇچلۇق مۈڭگۈزىنى قويۇۋېتىپ سىرتقا يۈگۈردى. ئالا ئىنەك بىر مۈڭگۈزىگە چۈشكەن كۈچ يەڭگىللىشى بىلەن قايتىدىن جانلاندى. كەنت باشلىقى ئۆزى يالغۇز كالىنىڭ ئىككى مۈڭگۈزىنى مەھكەم تۇتالماي تېرىكتى ـ دە، غىلاپتىن خەنجىرىنى چىقىرىپ، دەستىسى بىلەن ئالا ئىنەكنىڭ بېشىغا بىرنەچچىنى ئۇرۇۋەتتى. ئاغرىق ئازابىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر ئالا ئىنەكنىڭ ۋۇجۇدى غەيرىي بىر كۈچتىن لەرزىگە كەلدى. تال ـ تال كىرپىكلىك چوڭ ـ چوڭ

كۆزلىرىدىن سۇزۇك يېشىل نۇر چاقنىدى. كالا بارلىق كۈچىنى يىغىپ شۇنداق بىر سىلكىندى ـ دە، ئۇچلۇق مۈڭگۈزىنى كەنت باشلىقىنىڭ كۆكرىكىگە توغرىلىدى. شۇ دەقىقىدە كەنت باشلىقىمۇ قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن خەۋپنىڭ تۈرتكىسىدە قولىدىكى خەنجەرنى كالىنىڭ بوينىغا غەزەپ بىلەن سانجىدى. خەنجەرنىڭ ئۇچى بىلەن كالىنىڭ ئۇچلۇق مۈڭگۈزى رەقىبلىرىنىڭ مۆلچەرلىگەن ئەجەللىك يېرىگە تەڭمۇ تەڭ سانجىلدى. كەنت باشلىقىنىڭ قولىدىكى خەنجەر ئالا ئىنەكنىڭ بوينىغا سېپىغىچە پاتقانىدى. ئالا ئىنەكنىڭ ئۇچلۇق مۈڭگۈزىمۇ كەنت باشلىقىنىڭ كۆكرىكىگە تۈۋىگىچە پاتقانىدى. كەنت باشلىقىنىڭ بىر قولى پىچاقنىڭ سېپىدە، بىر قولى كالىنىڭ مۈڭگۈزىدە بولۇپ، كۈچلۈك بارماقلىرى مەھكەم كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئالا ئىنەكمۇ ئۇچلۇق مۈڭگۈزىنى كەنت باشلىقىنىڭ كۆكرىكىگە تىرىگىنىچە بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن تامغا ئىتتىپ تۇراتتى.

كەنت باشلىقىنىڭ ئېچىنىشلىق پەرياد بىلەن كالىنىڭ نالىلىك مۆرىشى تۆگەدۆڭنى لەرزىگە كەلتۈرگەنىدى. كالا بولسا ئەسەبىي بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە توختىماي مۆرەيتتى: مۆ! مۆ! مۆ!

1998 ـ يىلى سېنتەبىر، يەكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# «دىۋان مەشرەپ»كە تۆكۈلگەن قان

مىلادىيە 1685 ـ يىلى قىش.

ئىككى كۈندىن بېرى توختىماي يېغىۋاتقان قار رەشىدىيە مەدرىسەسىنىڭ خارابىسىنى ئاپپاق پەردە بىلەن ھىم چۈمكەپ، مەدرىسە دەرۋازىسىدىن كۆتۈپخانا، دەرسخانا ۋە تالىپلار ھۇجرىسىغا ئېلىپ بارىدىغان يوللارغا ئاپپاق پاياندار سالغانىدى. ھەئە، تەبىئەتنىڭ ئىنئامى بىلەن ئانچە ـ مۇنچە ئىسكەتكە كىرىپ قالغان رەشىدىيە مەدرىسەسى يەنىلا غېرىبانە كۆرۈنەتتى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە بىنا قىلىنغان بۇ خانلىق مەدرىسەنىڭ تاكى سۇلتان ئىسمايىلخان دەۋرىگىچە بولغان بىر يۈز قىرىق نەچچە يىللىق شۆھرىتى، يۈزلىگەن تالىپلار ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان قاينام ـ تاشقىنلىق مەنزىرىسى ئاشۇ ئاپپاق قار ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. قار لەپىلدەپ چۈشۈۋاتاتتى. زىمىستان يالغۇز رەشىدىيە مەدرىسەسىنىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئاستانىنى توڭلىتىۋەتكەنىدى.

جۇڭغار خانى غالداننىڭ بىر يۈز يىگىرمە مىڭ كىشىلىك لەشكىرىنى باشلاپ كېلىپ بۈيۈك سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سەلتەنەتىنى سۇلتان ئىسمايىلخاندىن تارتىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان ئاپاق خوجا سەلتەنەت سۈرىگە تايىنىپ، دەۋەتى ئىشقىيە سۇلۇك تەرغىباتى يۈرگۈزۈپ، ئەشەددىي رەقىبى سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنى ۋە سۇلۇكتىن مۇستەسنا ئاددىي ئاۋامنى، ئالىم ـ ئۆلىمالارنى دەھشەتلىك باستۇرغان، خانلىق تەۋەسىدىكى مەدرىسە، مەكتەپ قاتارلىق ئىلىم ـ مەرىپەت يۇرتلىرىنى سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنىڭ خانىقا ـ

تۆنەكخانىلىرىغا ئايلاندۇرغان، يۇزلىگەن مۇدەررىس، ئالىم ـ ئۆلىمالارنى، خەلپەتلەرنى، مىڭلىغان تالىپ ـ تالىپلەرنى ھەيدەپ چىقارغانىدى.

ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى ئاق تاغلىق ئىشان ـ سوپىلارنىڭ تون ـ دەستارلىرىنىڭ رەڭگىدىكى ئاپپاق قار لەپىلدەپ چۈشۈۋاتاتتى. گويا ئاپاق غوجىنىڭ جىنايەتكارانە قىلمىشلىرىنى يوشۇرۇپ قويماقچى بولۇۋاتقاندەك، پۈتكۈل ئاستانە ئاپپاق قار ئاستىدا قالغانىدى. گويا ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى ئاق تاغلىق غوجا ـ ئىشانلار بىلەن ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىكى قارا تاغلىق غوجا ـ ئىشانلارنىڭ نىزا ـ ئاداۋەتلىرى سەۋەبىدىن قىلىنغان سۇلۇك قىرغىنچىلىقىدا بىھۇدە تۆكۈلگەن قىپقىزىل قانلارنى يوشۇرۇپ قالماقچى بولۇۋاتقاندەك.

لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان ئاپپاق قار رەشىدىيە مەدرىسەسىنىڭ كۆيۈپ كۈل بولغان خارابىلىرىنى پۈتۈنلەي كۆمۈپ تاشلىغانىدى. ھەئە، جۇڭغار باسقۇنچىلىرىنى باشلاپ كەلگەن ئاپاق غوجا رەشىدىيە مەدرىسەسىگە قاپسىلىپ قېلىپ تۇرۇۋېمۇ باتۇرلارچە قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان سەئىدىيە باھادىرلىرىنى بويسۇندۇرالماي مەدرىسەگە ئوت قويۇۋەتكەنىدى. رەھىمسىز ئوت بۇ سەلتەنەتلىك ئىلىم يۇرتىنى يالماپ يۇتقان؛ جۇڭغار باسقۇنچىلىرى بىلەن ئاپاق غوجىنىڭ سوپى ـ لەشكەرلىرى بولسا مەدرىسە ئىچىگە قاپسىلىپ قالغان سەئىدىيە ئەزىمەتلىرىنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن رەشىدىيە مەدرىسەسى ئۇنىڭ خارابە ھالىتى بىلەن ئاشۇ دەھشەتلىك پاجىئەنى ئەسلىتىپ ئۈنسىز نىدا قىلىپ تۇراتتى.

مەدرىسەنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى بىرنەچچە ھۇجرا قايتىدىن ياسىتىلىپ تۈزەشتۈرۈلگەندەك قىلاتتى. چەتتىكى ھۇجرىنىڭ مورىسىدىن كۆكۈچ تۈتۈن كۆتۈرۈلەتتى. تۈيۇقسىز ھۇجرا ئىشىكى ناللىك غىچىرلاپ ئېچىلدى ـ دە، ھۇجرىدىن ئوتتۇرا بوي، ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت چىقىپ

www.uyghurkitap.com

كەلدى. ئۇنىڭ بېشىغا چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان كۆرپە تەلپىكى كونىراپ تۈكلىرى چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇچىسىدىكى تونىنىڭ يىرتىقلىرىدىن پاختىلىرى چىقىپ قالغان، ئۇ يەر ــ بۇ يەرلىرى قوپال يامالغانىدى، ئۆتۈكىنىڭ پاشنىسى ئۇپراپ كەتكەنىدى.

يىگىت يۇندى چېچىۋەتكەندەك بەترەڭ ئاسمانغا بىزارلىق بىلەن شۇنداقلا قارىدى ــ دە، قايقارا تۇماقچە بۇرۇتى تولىمۇ ياراشقان، ئىستىن قارىداپ كەتكەن چىرايىنى پۈرۈشتۈردى. قىلىن قارنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ بېرىپ، قوشنا ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى قاققاچ توۋلىدى:

ــ ھەي بالىلار، ناشتا قىلىۋېلىڭلار!

يىگىت بىرنەچچە قېتىم توۋلىۋەتكەندىن كېيىن ھۇجرىسىغا قايتىپ كىردى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۇستاز!

چوڭى ئون ــ ئون ئىككى ياشلىق، كىچىكى يەتتە ــ سەككىز ياشلىق ئون نەچچە ئۆسمۈر ھۇجرىغا ئەدەپ بىلەن كىرىپ كەلدى.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

يىگىت بالىلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى.

مورا ئوچاقتا جىگدە ئوتۇنىنىڭ چوغى يېلىنجايتتى. ھۇجرىنىڭ ئىچى خېلىلا ئىسسىق ئىدى. ئوچاقتىكى قازاندا ئۇماچ پىتىقلاپ قايناۋاتاتتى. يىگىت ياغاچ تاۋاق، ھېجىرلارغا قازاندىكى چامغۇر، كاۋا، سەۋزىنى مول سېلىپ چالغان ئۇماچنى ئۇستى، چوڭراق بالىلاردىن بىرسى قاچىدىكى ئاشنى شىرەگە توشۇشقا باشلىدى. يىگىت ئاشنى ئۇسۇپ بولغاندىن كېيىن ئاسقۇدىكى سېۋەتتىن يەتتە ــ سەككىز دانە زاغرىنى ئالدى ــ دە، داستىخانغا قويۇپ ئۇشتۇدى.

ــ ئۇماچقا نان چىلاپ ئىچىڭلار.

ــ سىلىمۇ نان چىلىسىلا، دادىكا.

ئۇلار ئەدەپ بىلەن «ئالسىلا، باقسىلا» دېيىشىپ ناشتىغا

تۇتۇندى.

ئاپاق خوجىنىڭ ئىشان خانلىق سەلتەنەتى ئىلىم تەقىببىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، بىر قىسىم ئالىم ـ ئۆلىمالار ئوقۇتۇش، ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولغانىدى. بولۇپمۇ شائىر بابارەھىم مەشرەپ ۋەقەسى[1] بىلەن قەشقەردىكى كاتتا ئۆلىما پالتۇ ئەلەم پاجىئەسى[2] يۈز بەرگەندىن كېيىن، سەئىدىيە ئېلىدە مائارىپ، ئىلىم تەھسىل قىلىش، شۇنىڭدەك بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تۈرلۈك ژانىرلىرىدا ئىجاد قىلىش، تۈرلۈك كىتاب ـ رىسالىلەرنى كۆچۈرۈپ تارقىتىش، مۇزىكا، مەشرەپ قاتارلىق سەنئەت پائالىيەتلىرى پۈتۈنلەي چەكلەندى. «قۇرئان كەرىم» بىلەن «ھەپتىيەك»تىن باشقا كىتاب، رىسالىلەر يىغىۋېلىنىپ تامامەن دېگۈدەك كۆيدۈرۈۋېتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر كىتاب ـ رىسالىلەرنى يوشۇرۇن ساقلايدىغان، يوشۇرۇن ئىلىم مۇتالىئە قىلىدىغان بولۇشتى.

ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن تارتىپ رەشىدىيە مەدرىسەسىدە ئوقۇپ، تۈرلۈك ئىلىملەردە كامالەتكە يېتىپ، رەشىدىيە مەدرىسەسىدە خەلپەتلىك قىلىۋاتقان بۇ يىگىت رەشىدىيە مەدرىسەسىنىڭ خارابىسىگە ھېچكىمنىڭ دىققەت ـ نەزىرىنىڭ چۈشمىگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، بىرنەچچە ھۇجرىنى قايتا ياساپ، كوچا ـ كويلاردىكى ئىگە ـ چاقىسىز بالىلاردىن ئون

---

① بابارەھىم مەشرەپ ۋەقەسى — مەشرەپنىڭ ئاپاق خوجا تەرىپىدىن جازالىنىپ، ئاختا قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى ۋەقە.

② پالتۇ ئەلەم پاجىئەسى — قورچاق ئىشان خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان ئاپاق خوجىنىڭ چېكىدىن ئاشقان سۆلۈك تەرغىباتى ۋە زۇلمىغا چىدىمىغان ئاتاقلىق دىنىي ئۆلىما پالتۇ ئەلەم قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىدىكى بىر قېتىملىق جۈمە نامىزىدا ئاپاق خوجا بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، تۈرلۈك كىتابلاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئۇنى لەت قىلىدۇ. يېڭىلىپ قالغىنىغا چىدىمىغان ئاپاق خوجا شۇ كۈنى كېچىسى كاللاكېسەرلىرىنى يوشۇرۇن ئەۋەتىپ پالتۇ ئەلەم قاتارلىق يۈزدىن ئارتۇق ئىلىم ئەھلىنى ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىدۇ. مانا بۇ تارىختىكى پالتۇ ئەلەم پاجىئەسىدۇر.

نەچچىسىنى يىغىپ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالغاچ تەربىيىلەۋاتاتتى. يىگىتنى بالىلارنىڭ چوڭلىرى «ئۇستاز»، كىچىكلىرى «دادىكا» دەپ چاقىرىشاتتى.

خەلپەت يىگىت دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئاستانىدىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بالىلارنىڭ تۇرمۇشىنى خېلى يامان ئەمەس قامداپ كەلگەنىدى. كېيىنچە كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ كەتكەن ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى سوپى - ئىشانلارنىڭ تەقىبىدىن ۋە ھە دېسىلا «قارا مۇسۇلمان»، «مۇرتەت»، «ئازما ئىسھاقىيەچى» دېگەن بەتناملار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن سۈيىقەستلەردىن يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن كىشىلەر ئاستا - ئاستا ياردەملىرىنى توختاتتى. ئۇنىڭسىزمۇ ئاپاق خوجىنىڭ جۇڭغار خانىغا يىلدا تاپشۇرىدىغان تۆت يۈز مىڭ سەر سەئىدىيە كۈمۈش تەڭگىسى ھېسابىدىكى ئولپانلارنى ۋاقتى - قەرەلىدە ئەۋەتىش ئۈچۈن سالغان ھېسابسىز ئالۋان - سېلىقلىرى يالغۇز ئاستانە پۇقرالىرىنىلا ئەمەس، پۈتكۈل سەئىدىيە خەلقىنى تېزلا نامراتلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئاپاق خوجا ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچلۈك ھامىيلىقىغا ئېرىشكەن ئىشان - سوپىلارمۇ بىر توپ ھارامتاماق قۇرتتەك خەلقنىڭ يىلىكىنى شوراۋاتاتتى.

تۇرمۇشنى قامداشقا ئامالسىز قالغان خەلپەت يېقىندىن بېرى بالىلارنى كوچا - رەستىلەردە مەدىكارچىلىق قىلىپ جان بېقىشقا چىقىرىۋەتكەنىدى. بالىلار ناشتىدىن كېيىن ساۋاق ئالاتتى - دە، بىر كۈنلۈك تىرىكچىلىك ئۈچۈن سىرتقا يۈگۈرەيتتى. كەچ تەرەپتە بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىغا قاراپ ھېساب، تىل - ئەدەبىيات، ئىلمى تەجۋىد[1]، ئىلمى رىيازەت[2] قاتارلىق پەنلەردىن دەرس بېرەتتى. ناچار شارائىت، جاپالىق مۇھىتتىمۇ ئەۋلادلارغا ئىلىم بېرىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بۇ ئوت يۈرەك يىگىت رەشىدىيە مەدرىسەسىنىڭ ئىلگىرىكى قاينام -

---

① ئىلمى تەجۋىد ــ قىرائەت ئىلمى.

② ئىلمى رىيازەت ــ تەبىئەت ئىلمى.

تاشقىنلىق مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە ئېغىر خورسىناتتى. خۇپىيانە مەكتەپ ئاچقانلىقى سىزىلىپ قالسا ئۇچرايدىغان جازاغىمۇ كۆڭلىدە تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى.

ناشتىدىن كېيىن دۇئا قىلىشىپ داستىخان يىغىشتۇرۇۋالدى. باللار تەكچىدىكى بىرنەچچە كىتابنى ئېلىپ ئاستا ئوقۇشقا باشلىدى.

— مۇنداقراق تۇتە، مەنمۇ ئوقۇي.

— ئەكېلە، بۈگۈن كىتابنى مەن تۇتىمەن.

بار ــ يوقى تۆت ــ بەش پارچە كىتاب باللارغا يېتىشمەيتتى. ئاپاق خوجىنىڭ تەلۋە مۇرىتلىرىنىڭ كۆيدۈرۈۋېتىشىدىن ئاران ساقلاپ قېلىنغان بۇ كىتابلارنى خەلپەت يىگىت بەكمۇ ئاسرايتتى.

— تالاشماڭلار، كىتابنى يىرتىۋېتىسىلەر.

باللار شۇ هامان جىم بولۇشتى. يىگىت باللارنىڭ قولىدىكى كىتابقا قاراپ ئۇلۇغ ــ كىچىك تىندى. هەئە، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا رەشىدىيە مەدرىسەسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى توم ــ توم كىتابلار كەلدى. كۇتۇپخانىدىكى كىتابلارنىڭ تۈرىمۇ، سانىمۇ كۆپ ئىدى. نەچچە يۈزلىگەن تالىپ پەقەتلا كىتاب تالىشىپ قالمايتتى. كۇتۇپخانىدىن خالىغان ۋاقىتتا كىتاب ئاچىقىپ كۆرەلەيتتى، ئوچۇق ــ ئاشكارا، ئەركىن ــ ئازادە مۇنازىرىلىشەتتى. ئەپسۇس، هازىر ئۇ كىتابلار يوق. ھەممىسى مەدرىسە بىلەن قوشۇلۇپ كۈل بولدى. هازىر ئاستانىدە كىتاب تۇتىيا، ئىلىم ھەققىدە ئەركىن ــ ئازادە سۆھبەتلىشىش، مۇنازىرىلىشىش مۇمكىن ئەمەس.

ھېيىقىپ، تەلمۈرۈپ تۇرغان شاگىرتلىرىغا قاراپ خەلپەت يىگىت ئاستا سۆزلىدى:

— ئېسىڭلاردا بولسۇن، كىتاب — ئالىملار پىكرىنىڭ پاناھگاھى، دانالار بوستانىنىڭ چىمەنى، ئۇ ھېچكىمى يوق كىشىلەرگە كۆڭۈل ئاچىدىغان باغ، غەمكىن كىشىلەرگە

رەھنامىدۇر، دەردلىكلەر دىلىغا داۋادۇر، كىمكى كىتابنى كۆپ كۆرسە، زېھنى ئوچۇق، سۆزگە چېچەن كېلۇر. كىشى ئۈچۈن كىتابتىن ئەزىز ۋە يېقىملىق سۆھبەتداش يوقتۇر. كىتاب پاساھەت، بالاغەت، لاتاپەتتە تەڭداشسىز ۋە مۇناپىقلىقتىن خالىي ھەمراھدۇر. ئاپاق خوجىنىڭ ئىشان خانلىق سەلتەنەتى ئىلىم ـ مەرىپەتنى پايمال، ھەقىقەتنى دەپسەندە قىلىپ، ئالىم ـ پازىللىرىمىزنى چىدىغۇسىز بالالارغا مۇپتىلا قىلدى. ئىلىم نۇرلىرى خىرەلەشتى. ئەمما، ئىلىم ـ مەرىپەت ئەل ـ رەئىيەت ئۈچۈن خۇددى ئاش بىلەن نانەدەكلا زۆرۈردۇر. كىمكى ئىلىم نۇرى بىلەن ئۆز يولىنى يورۇتمىسا، نادانلىق ۋە زۇلمەت كوچىسىدا قالىدۇ. كىشى قەلبى ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن قۇۋۋەتلىنىدۇر. ئىنساننىڭ قەدرى ئىلىم بىلەن ھاسىل بولۇر. دانىشمەن ئەۋلىيالىرىمىز شۇنداق نەسىھەت قىلىدۇلەركى، ئەگەر بىر كىشىنىڭ ئۈچ پەرزەنتى بولسا، ھەر ئۈچىلىسىگە ئىلىم ئۆگەتسۇن. ناۋادا بۇنداق ئىمكانىيەتكە ئىگە بولمىسا، بىرسىگە ئىلىم ئۆگەتسۇن، بىرسىگە ھۈنەر، يەنە بىرسىگە دېھقانچىلىق ياكى تىجارەت ئۆگەتسۇن. ئومۇمەن ئۇلارنى بىرەر ياخشى ئىش بىلەن مەشغۇل قىلىپ، بىكارچى ۋە قەبىھ كىشىلەر بىلەن ئۇلپەت، ھەمسۆھبەت بولۇپ قېلىشتىن ساقلىسۇن. يەنە دانىشمەن ئەۋلىيالار شۇنداق نەسىھەت قىلىدۇلەركى، تۆت نېمەرسىكى ئۆلۈك دىلنى تىرىلدۇرىدۇ، يەنى ئىلىم ئەھلى، ياخشى دوست، ۋاپادار يار ۋە دۆلەت ـ ئىقبال سەۋەبچىسى بولىدىغان دانا ئەقىل...

بالىلار ئۇستازىدىن دەرس ئېلىپ بولۇپ سىرتقا چىقىشقا تەرەددۇتلاندى. خەلپەت يىگىت كىچىكرەك ئىككى بالىنىڭ قوڭالتاق كىيىۋالغان، تومشۇقى ئاجراپ كېتەي دەپ قالغان ئۆتۈكىنى سالدۇرۇپ، پايتىمىسىنى ئوچاقتا قاقلاپ ئىسسىتتى، ئاندىن ئۇنى پۇتىغا ئوراپ ئۆتۈكىنى كىيدۈردى، پاختىلىق چاپىنىنى ئوبدان يۆگەپ، بېلىدىن قۇ بىلەن مەھكەم چىگدى،

www.uyghurkitap.com

تۆمىقىنى چۆكۈرۈپ كىيدۈردى.

— ھاۋا سوغۇق، سىرتتا بەك ھايال قالماڭلار، لاي - پاتقاقلارنى دەسسىمەڭلار.

ھۆجرا ئىچى يەنە تىمتاسلىققا چۆمدى. يىگىت بىر چەتتىكى پاكار شىرەنى ئوچاقنىڭ قېشىغىراق يۆتكىدى - دە، ئويۇقتىن قەغەز، سىياھدان، قەلەمنى ئەكىلىپ شىرەگە مۆكچەيدى. ئۇ يېقىندىن بېرى مەشرەپنىڭ «شېئىرىي دىۋانى»نى ئىشلەۋاتاتتى. رۇقئە خەت نۇسخىسىدا كۆچۈرۈلۈۋاتقان شېئىرلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى قەغەزگە ئېلىنىپ بولغانىدى. يىگىت خېلى بۇرۇنلا مەشرەپ شېئىرلىرىدىن بىرەر دىۋان تۈزۈشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ مەشرەپكە ئاجايىپ ھۆرمەت ئىخلاسى بار ئىدى. بىر كۈنى ئاستانىگە مەشرەپنىڭ ئاپاق خوجا تەرىپىدىن ئىنسان قىلىپ چىققان ئۇسۇلدا جازالىنىپ ئاختا قىلىنغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلدى. يىگىت بۇ خەۋەردىن قاتتىق چۆچۈدى. كېيىنچە ئەل ئارىسىدا «شاھ مەشرەپ ئەۋلىيا» ھەققىدە ئاجايىپ - غارايىپ سۆز - چۆچەكلەر تارقالدى. ئەمما، مەشرەپ بىلەن كۆرۈشۈش ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇسى بويىچە مەشرەپنىڭ خەلق ئارىسىغا تارقالغان ھەربىر پارچە شېئىرىنى تولۇق خاتىرىلىۋالدى ياكى يادلىۋالدى. مانا شۇ كۈنلەردە ئۇ كۆڭلىگە پۈككەن ئاشۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇ مەشرەپنىڭ شېئىرىنى ھاياجان بىلەن ئۈنلۈك ئوقۇغاچ كۆچۈرەتتى:

«ئىشق ئوتىدا ئۆرتىنىپ دىۋانە بولغان ئۆزگەنىم،
كۆيە - كۆيە كۈل بولۇپ، بىريانە[1] بولغان ئۆزگەنىم.
ئاشىقى دىيدارىمەن، ئەي يار، بىلمەسسەن مەگەر،

[1] بىريانە — قورۇلۇپ كەتكەن، كۆيگەن.

www.uyghurkitap.com

مەنسۇرى ھەللاجدەك① دارغا ئېسىلغان ئۆزگەنىم.
كۆيە ـ كۆيە كۈل بولۇپ دۇنيادىن ئۆتكەن بارمىكىن،
ئىشق يولىدا مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ بار تىرىلگەن ئۆزگەنىم.
چاك سېينەمى قىلىپ، مەھشەردە ئەيلەرمەن پىغان،
ئول كۈنى دىدار دەپ مەھشەرنى بۇزغان ئۆزگەنىم.
ئول سىراتۇل مۇستەقىم ئالدىدا بارچە يىغلاشۇر،
ئىشقىنى رەھبەر قىلىبان ئاندىن ئۆتكەن ئۆزگەنىم.»
...

*　　*　　*

بۈگۈن قار توختاپ ھاۋا ئېچىلدى، سۈزۈك ئاسمان گۈمبىزىدە پارقىراپ تۇرغان قۇياش ئاجىز تەپتى بىلەن ئاستانىنى ئاستا ـ ئاستا ئىللىتماقتا ئىدى. سوغۇقتىن دۈگدەيگەن كىشىلەر پاختىلىق تونلىرىغا، كورەك جۇۋىلىرىغا مەھكەم قىمدالغىنىچە قوللىرىنى يەڭلىرىنىڭ ئىچىگە تىقىپ يۈرۈشەتتى.

قايسىبىر ساخاۋەتچى يىقىنىنىڭ ئۆيىگە باللارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ۋە باشقا خىراجەتلىرى ئۈچۈن ياردەم سوراپ ماڭغان خەلپەت يىگىتنىڭ دىققىتىنى مۇڭلۇق مۇقام ساداسى چالغىنتى. ئاستانە كوچىلىرىدا مۇقام كۈيلىرىنىڭ ئاڭلىنىشى بۇ بەش ـ ئالتە يىلدىن بۇيانقى تۇنجى يىڭىلىق ئىدى. چۈنكى، بۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئىشان خانلىق سەلتەنەتىدە ئولتۇرغان ئاپاق خوجىنىڭ پەرمانى ۋە ئاستانە رەستىلىرىدە قۇرتتەك مىغىلداپ كەتكەن ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى خۇپىيانە پايلاقچىلار، سوپى ـ مىرشەپلەرنىڭ دەستىدىن ھېچكىم ئۈنلۈك ناخشا ئېيتىشقا پېتىنالمىغانىدى. پەقەت ئاڭلىنىدىغىنى ئىشان ـ سوپىلارنىڭ،

---

① مەنسۇر ھەللاج — تارىخىي شەخس. «ئەنەل ھەق» — مەن ھەقمەن، دېگىنى ئۈچۈن دارغا ئېسىلغان.

دەرۋىشلەرنىڭ خەلقنى ئىشقىيە سۈلۈكىگە كىرىشكە، ئاپاق خوجىنى پىر تۇتۇشقا دەۋەت قىلىپ ئوقۇغان ھۆكمەت ـ تەلقىنلىرى، ھۇ ـ ھۇلىغان جەررە ـ ساما سادالىرى ئىدى، خالاس.

خەلپەت يىگىت مۇقام ئاڭلانغان تەرەپكە قاراپ ئىلدام ـ ئىلدام مېڭىشقا باشلىدى. مۇڭلۇق مۇقام ساداسى ئەتراپقا ئاجىز تارقىلاتتى. شۇنداقتىمۇ، يىگىتنىڭ ئاڭلاش سەزگۈسى مۇقامنىڭ تېكىستىنى ئېنىق پەرق قىلاتتى. «شاھ مەشرەپ ھەزرىتىمىنىڭ شېئىرلىرىنى مۇقامغا سېلىپ ئوقۇۋاتقان قايسى زاتى مۇبارەكتۇر؟» يىگىت ھاياجان بىلەن پىچىرلىغاچ قەدىمىنى تېخىمۇ ئىلداملاتتى.

...

«يارنىڭ كويىدا ئۆلگەن بارمىكىن؟
بىر ئۆلۈپ قايتا تىرىلگەن بارمىكىن؟
يار ۋەسلىنى ئىزدەپ چەرخ[①] ئۇرۇپ،
تەلمۈرۈپ يوللاردا قالغان بارمىكىن؟
قەتل قىلماققا ھۆكۈم ئەتكەنىدە،
يالۋۇرۇپ بوينىنى سۇنغان بارمىكىن؟
شاھبازى[②] لامەكان[③] سۇلتانى ئىشق،
تەبىل ئۇرۇپ دالبايغا[④] قونغان بارمىكىن؟»

...

يىگىتنىڭ قۇلىقىغا مۇقام ئەمدى ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى، ئالدى تەرەپتىكى ئوچۇقچىلىقتا بىر توپ كىشى ئولىشىۋالغانىدى. راۋابقا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلىۋاتقان مۇقام

① چەرخ — ئايلىنىش، پەلەك، تەقدىر.
② شاھبازى — لاچىن، كۆڭۈل ئۇۋلىغۇچى.
③ لامەكان — ماكانسىز، جايسىز.
④ دالباي — ئۇۋ قۇشىغا بىرىلىدىغان گۆش.

ئاشۇ ئالىمان ئارىسىدىن ئاڭلىنىۋاتاتتى.

«نەچچە يىل ئاپاق خوجام خىزمىتىدە،
شول خوتەن دەشتىدە يۈرگەن بارمىكىن؟
مەن كەبى تەرسايۇ رەسۋالار بولۇپ،
بوينىغا زۇننار سالغان بارمىكىن؟»
...

يېشى ئاتمىشلاردىن ئاشقان، چاچ ـ ساقاللىرىغا ئاق ئارىلىغان بىر بوۋاي پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مۇقام ئېيتىۋاتاتتى. كىشىلەر بوۋاينى ھالقا شەكلىدە ئورىۋېلىشقانىدى. نەچچە يىللاردىن بېرى قاتتىق تەقىب ئاستىدا مۇقام ـ ناخشىسىز، مەشرەپ ـ نەغمىسىز ياشاپ بۇرۇقتۇرما بولۇپ كەتكەن كىشىلەر مۇقامغا مەھلىيا بولۇپلا قالغانىدى. خۇددى ئۇزاق مەزگىل يوقىتىپ قويغان نەرسىسىگە تۇيۇقسىز ئېرىشكەندەك، مۇقامچى بوۋاينىڭ ئاۋازى سەل بوغۇق ئىدى. ئەمما، راۋابنىڭ تارلىرى ئاجايىپ زىل جاراڭلايتتى. خۇددى مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان قۇشلار بىر يەرگە توپلىشىپ سايراۋاتقاندەك.

«مەھشەردە يىغىلسا جۇملە خەلق،
كۆز يېشى جەيھۇنچە ئاققان بارمىكىن؟
داد ئېتەر مەشرەپ خوتەن سەھراسىدا،
بىر زامان دەردىگە يەتكەن بارمىكىن؟»

تۇيۇقسىز كىشىلەر توپى ئەنسىز تەۋرەندى. مۇقامغا ئەسىر بولۇپ كەتكەن خەلپەت يىگىت بۇ ئۆرىتۆپىدىن ئېسىگە كېلىپ ئەتراپقا قارىدى. بىر توپ سوپى چوماقچىلار سوپى مىرشەپنىڭ باشچىلىقىدا قوللىرىدىكى دەررە ـ كالتەكلىرى بىلەن تاماشىچىلارنى ئۇرۇۋاتاتتى. كىشىلەر تاياق زەربىسىدىن

ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ قېچىشىۋاتاتتى. سوپى مىرشەپ يۈگۈرۈپ كېلىپ مۇقامچى بوۋاينىڭ قولىدىن راۋابنى يۇلۇۋالدى-دە، راۋابنىڭ دەستىسىدىن تۇتۇپ، بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ يەرگە زەرب بىلەن ئۇردى. شۇ ھامان راۋابنىڭ بېشى چۇل-چۇل بولۇپ كەتتى.

— باغلاڭلار، شەيتان نەغمىسى قىلغان ئول مۇرتەتنى!

چوماقچىلار دەررىدە بوۋايغا ئېتىلدى-دە، قوللىرىنى قايرىپ باغلىدى.

— ھەپسىگە سېلىڭلار! — بۇيرۇق قىلدى سوپى مىرشەپ.

— جىندەك تەخىر قىلىشسىلا، تەخسىرلىرىم.

بۇ ئادالەتسىزلىككە قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇۋېرىشكە تاقەت قىلالمىغان خەلپەت يىگىت بوۋاينى ئېلىپ مېڭىشقا تەرەددۇتلەنگەن چوماقچىلارنىڭ ئالدىنى توستى. سوپى مىرشەپ يىگىتكە سەت گۆلەيدى:

— خوش؟

يىگىت سوپى مىرشەپنىڭ كۆزلىرىگە دادىللىق بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئېيتسىلا، مىرشەپ بېگىم، ئول كىشىنىڭ گۇناھى نېمىكىن؟

— گۇناھى شۇكى، — دېدى سوپى مىرشەپ ئەتراپتىكى قورقۇمسىراپ تۇرغان جامائەتكە كىبىر بىلەن قاراپ، — ئۇلۇغ قۇتبىل ئەختابى ئاپاق ئىشان خان غوجامنىڭ مۇقەددەس يارلىقىغا سەرگەشتىلىك قىلىپ، مۇسىقى-مۇغەننىلىككە بېرىلىپ، ئەل-رەئىيەتنىڭ كۆڭلىگە شەيتان لەئىنىنىڭ ۋەسۋەسىسىنى سالغانلىقىدۇر.

— كىشى قەلبىگە شادلىق، ھۇزۇر بېغىشلىغۇچى مۇسىقى بىلەن شەيتان ۋەسۋەسىسىنىڭ قانداق باغلىنىشى باركىن؟

ئاپاق خوجا قورچاق ئىشان خان بولغاندىن كېيىن ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى مۇرىتلىرىنى تاللاپ خانلىقنىڭ ھەرقايسى يۇقىرى -

تۆۋەن ئورۇنلىرىغا مەنسەپكە قويغانىدى. شۇڭلاشقىمۇ بۇ سوپى مىرشەپ ئۇنداق ئاددىي سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىدىن ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇ خەلپەت يىگىتنىڭ سوئالىغا تەمتىرىمەيلا جاۋاب بەردى:

— سائادەتمەن سۇلۇك ئەھكاملىرىمىزدا مۇسۇلمان ئۇممەتلەر ئۈچۈن مۇسىقى هارام قىلىنغاندۇر. مۇسىقى بائىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان ناخشا ـ ساز، مەشرەپ ـ بەزمىلەر ئەل ـ رەئىيەتنىڭ قەلبىدىكى ھەققە بولغان ئېتىقادىنى سۇسلاشتۇرىدۇ. چۈنكى، مۇسىقى ـ مۇقاملارغا مەھلىيا بولغۇچى رەئىيەتنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇرتەتلىك قوترىغان بولىدۇ. ئەنە ئاشۇ قوترىغان مۇرتەتلىك ئىمانى سۇس، سۇلۇكتىن بىگانە ئازغۇن رەئىيەتنىڭ قولىقىغا يېقىملىق سادا بولۇپ سىڭىپ كىرىپ، شەيتان لەئىننىڭ ئېزىتقۇ ۋەسۋەسىسى بىلەن بىرلىشىپ، ئەل ـ رەئىيەتنى ھەزرىتى ئاپاق ئىشان خان خوجىمىزنىڭ ھىدايەت ئاپتىپى چۈشكەن سۇلۇك يوللىرىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ، — سوپى مىرشەپ جامائەتكە يۈزلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — ئى ئەھلى جامائەت، ئى ھەزرىتى ئاپاق ئىشان خان خوجامنىڭ ئۇممەتلىرى، شۇنى ئېسىڭلاردا مەھكەم تۇتۇڭلاركى، جانابىي پىر بۇزرۇك ۋەلىيۇللا خوجىمىز ئەھلى تەرىقەتنىڭ بىناسىنى قۇرغۇچى، شەرىئەتنىڭ مەرىكە مەيدانىدا ئات چاپتۇرغۇچى، ساخاۋەتنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتقۇچى، جاھالەتنىڭ قۇلۇپىنى ئاچقۇچى، ئەدلۇ ئادالەتنىڭ خالىس شەمشىرى، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ ئەك ئۇلۇغى، شەرىئەتنىڭ، تەرىقەتنىڭ، ھەقىقەتنىڭ، ئۇممەتلەرنىڭ شاھ تاجى، جىمى مۇسۇلمان ئۇممەتلەرنىڭ يەكتا رەھنەمىسىدۇر. جانابىي ئىشان خان خوجامنىڭ پەرمانىغا سەرگەشتىلىك قىلغۇچىلار، ئول زاتى مۇبارەكنىڭ ھىدايەت ئاپتىپى چۈشكەن سائادەتمەن ئىشقىيە سۇلۇكىگە ئىرادەت قىلمىغۇچىلار مۇتلەق مۇناپىقلاردۇر. سۇلۇكىمىز هارام قىلغان مۇسىقى ـ مۇغەننىلەرگە، نەزم ـ قوشاقلارغا مەھلىيا بولغۇچىلار شەيتان

بىلەن ئوخشاش لەنەتكە قالغۇسىدۇر، — سوپى مىرشەپ نەزىرىنى خەلپەت يىگىتكە ئاغدۇرۇپ مەغرۇرلۇق بىلەن سورىدى، — ئېيتە، ئى ئازغۇن بەندە، ئىلىم ـ ھېكمەتتە كامالەتكە يەتكەن ئىبلىسنىڭ بەتبەشىرە شەيتانغا ئايلىنىپ جەننەتۇل مۇبارەكتىن ھەيدىلىپ كېتىشىنىڭ بائىسى نېمەدۇر؟

خەلپەت يىگىت تەمتىرىمەيلا جاۋاب بەردى:

— جانابىي ئاللا ھەممە مەخلۇقاتنىڭ ئېسىلى قىلىپ ياراتقان ۋە يۈكسەك ئىلىم ـ پەزىلەتتى بىلەن بارلىق مالائىكىلىرىنى ھەيرەتتە قالدۇرغان ئادەمئاتىغا كىبىر ۋە ھەسەت قىلغانلىقى، شۇنىڭدەك مالائىكىلەر ئارىسىدا تەپرىق پەيدا قىلىدىغان تۆھمەت، بوھتان بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ۋەجىدىندۇر.

خەلپەت يىگىتنىڭ جاۋابىدىن قۇسۇر تاپالمىغان سوپى مىرشاپ سوراشنى داۋاملاشتۇردى:

— ئول شەيتاننىڭ ئالامىتى نېمەدۇر؟

— ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى بىلمەسلىكىدۇر.

— ئول شەيتاننىڭ بېشارىتى نېمىدىن ئىبارەتتۇر؟

سوپى مىرشەپنىڭ بۇ سوئالىغا خەلپەت يىگىت بىرنەچچە دەقىقە ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى ـ دە، كېيىن قەتئىيلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— شەيتاننىڭ بېشارىتى شۇلكى، نادانلىق ۋە جاھىلىيەتكە مۇپتىلا بولغان ئەل ـ رەئىيەتتىن چىققان ھارامتاماق ئىشاننىڭ نادانلىقىنى تەرغىب قىلىپ رىياكارلىق پەيدا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

يىگىتنىڭ مەردانە جاۋابى سوپى مىرشەپنى تەمتىرەتتى. كىشىلەر يۇخادىن چىققاندەك بولۇپ خىرىلداپ كۈلۈشتى.

— سە... سەن... تۇتۇڭلار بۇ مۇرتەتنى !

چوماقچىلار مۇقامچى بوۋاينى تاشلاپ قويۇپ خەلپەت يىگىتكە ئېتىلدى. ئاڭغىچە كىشىلەر يىگىتنى دوررىدە ئارىغا ئېلىۋالدى. چوماقچىلار كىشىلەرنىڭ چىرايىدىكى غەزەپنى كۆرۈپ لاسىسىدە

بوشاپ قېلىشتى. بۇ چاغدا باغلاقتىن بوشانغان مۇقامچى بۇۋايمۇ غايىب بولغانىدى.

— خەپ توختاپ تۇرۇش، سەن ئازغۇن مۇرتەتلەرنىڭ ئەدىپىنى ئالدىرىماي بېرىمەن!

سوپى مىرشەپ شۇنداق دېگىنىچە چاپارمەنلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ كېتىپ قالدى.

* * *

ئاستانىنىڭ خانىقا دەرۋازىسى تەرىپىدىكى مىرشەپ بەگ قەسرى گۇگۇم قوينىدا قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ئىچكىرىكى قورۇنىڭ تۆر تەرىپىدىكى ساراي ئۆينىڭ پەنجىرىسىدىن سۇس چىراغ نۇرى پىلىلدايتتى. سۇپىدىكى قىپقىزىل گىلەمنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان قات - قات كۆرپىدە ئولتۇرۇپ پۈتىنى سەندەلگە تىقىۋالغان مىرشەپ بەگ بايىلا چەككەن نەشىنىڭ كەيپىدە كۆزىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ئولتۇراتتى. سەندەلدىكى چوغنىڭ تەپتىدە ئۆينىڭ ئىچى باھاردەك ئىللىپ كەتكەنىدى. پەگاھ تەرەپتە خەلپەت يىگىت بىلەن مۇنازىرىلىشىپ قالغان سوپى مىرشەپ خۇشامەتگۈيلۈق بىلەن ھىجىيىپ، قول باغلاپ ئولتۇراتتى. شۇ ئەسنادا ئىشىك ئېچىلىپ خىزمەتكار بىر سوپى پايلاقچىنى باشلاپ كىردى. سوپى مىرشەپ ئاللىقانداق خىياللارغا ئەسىر بولۇپ ئولتۇرغان بەگ غوجىسىغا ئەيمىنىپ قاراپ قويۇپ ئالدىراپ سورىدى:

— ھە، قانداق بولدى؟

— تۇرالغۇسىنى بىلىپ كەلدىم.

— نەدە ئىكەن؟

— رەشىدىيە مەدرىسەسىدە.

بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ مىرشەپ بەگ كۆزىنى لاپپىدە ئاچتى، قاپىقىنى تۈردى، تەئەددى بىلەن سورىدى:

www.uyghurkitap.com

— رەشىدىيە مەدرىسەسىدە؟
— شۇنداق، مىرشەپ بېگىم، — دېدى سوپى پايلاقچى.
— رەشىدىيە مەدرىسەسى كۆيۈپ كۇل بولغان ئەمەسمىدى؟
— ئۇغۇ شۇنداق. ئەمما، ئۇل مۇرتەت مەدرىسەنىڭ بىرنەچچە ھۇجرىسىنى تۈزەشتۈرۈپ ماكان تۇتۇۋاپتۇ. تېخى قېشىدا سەككىز - ئوندەك تالىپچاقلىرىمۇ باردەك قىلىدۇ.
مىرشەپ بەگ سوپى مىرشەپكە غەزەپ بىلەن چەكچەيدى:
— بۇ قانداق گەپ سوپۇم؟ ! ئاستانىدە بىرىمۇ مەدرىسە، مەكتەپ قالمىدى. ئوقۇتۇش، تەربىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇدەررىس، تالىپلار تامامەن تارقىتىۋېتىلدى، دەپ مەلۇمات يوللىغان ئەمەسمىدىلە؟
— بۇ... بۇ... — سوپى مىرشەپ دۇدۇقلاپ ئۆزىنى ئاقلاشقا ئامالسىز قالدى، — بولمىسا ئۇل گەدەنكەش مۇرتەتنى ھازىرلا تۇتۇپ كېلەيلى.
— ھاجەتسىز، — دەپ قول سىلكىدى مىرشەپ بەگ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — شۇ تاپتا زىندان - ھەپسلىرىمىز ئەشەددىي ئەغيارلىرىمىز بولمىش ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىكى قارا تاغلىق مولھىتلار بىلەن تولۇپ كەتتى. ھەزرىتى ئىشان خان غوجامغا ھاقارەت قىلغان ئۇل مۇناپىقنى ھەپسىگە ئېلىپ، سوراق - سوئال قىلىمىز دەپ يۈرمەي ماكانىدىلا بىر تەرەپ قىلسۇنلار.
— ھەززەتلىرىنىڭ دېمەكچى بولغىنى...
سوپى مىرشەپنىڭ كالۋالىقىدىن بىزار بولغان مىرشەپ بەگ قولىنى گېلىغا سۈركەپ تۇرۇپ زەردە بىلەن ۋارقىرىدى:
— ھەلقۇم تىغ قىلىپ تاشلىسۇنلار!

* * *

قىشنىڭ سوغۇقى كۈندۈزدىن كېچىدە بەك ئەدەيدۇ، بولۇپمۇ قار ياغقان كۈنلەردە تېخىمۇ شۇنداق. ھۇجرىنىڭ ئىچى

ئاللىقاچان سوۋۇپ كەتكەن بولسىمۇ، خەلپەت يىگىت پاكار شىرەگە مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ «دىۋان مەشرەپ»نى ئىخلاس بىلەن كۆچۈرۈۋاتاتتى. ئادەتتە ئۇ خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كۆچۈرۈپ بولغان شېئىرلارنىڭ ئىملاسىنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىقىپ ئاندىن ئۇخلاپ قالاتتى. بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇشقا ئالدىرىمىدى. شىرە ئالدىدا مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرى ئۈستىدە ئۇزاق خىيال سۈردى. توققۇزىنچى ئەۋلاد سەئىدىيە خاقانى سۇلتان ئابدۇللاخان بىلەن ئوغلى شاھزادە يولۋاسخان ئوتتۇرىسىدىكى تەخت تالىشىش يېغىلىقلىرى، ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى ئاق تاغلىق خوجا - ئىشانلار بىلەن ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىكى قارا تاغلىق خوجا - ئىشانلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى نىزا - ئاداۋەتلەرنى ئۇلغايتىشى، شاھزادە يولۋاسخاننىڭ دادىسىنى قوغلىۋېتىپ ئىنىسى شاھزادە ئابدۇمۆمىنخاننى ئۆلتۈرۈپ تەخت تارتىۋېلىشى، ئاقسۇنىڭ نائىب ئەمىرى بولۇپ تۇرغان سۇلتان ئىسمايىلخاننىڭ جىيەن ئوغلى شاھزادە يولۋاسخان بىلەن تەخت تالىشىپ ئېلىپ بارغان يېغىلىقلىرى، سۇلتان ئىسمايىلخان يارلىق چۈشۈرۈپ سەئىدىيە تەسەررۇپىدىن قوغلاپ چىقارغان ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ پىر ئەزىمى ئاپاق خوجىنىڭ تىبەتكە بېرىپ «دالاي لاما - 5»كە بەيئەت قىلىپ، «دالاي لاما - 5» نىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن جۇڭغار قوشۇنلىرىنى سەئىدىيە زېمىنىغا باشلاپ كېلىپ، سەئىدىيە خانلىقىنى جۇڭغارلارغا مۇنقەرز قىلىشى، قورچاق ئىشان خان ئاپاق خوجىنىڭ ئاق تاغلىق مۇرىتلىرىنىڭ قارا تاغلىق ئىشان - سوپىلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن قىرىشلىرى، خەلققە كەلتۈرگەن چىدىغۇسىز بالايىئاپەتلىرى خەلپەت يىگىتنىڭ كۆز ئالدىدىن بىرمۇبىر ئۆتتى. ھەئە، رەھىمسىز ئوت دېڭىزىدا كۆيۈپ كۈل بولغان رەشىدىيە مەدرىسەسى، جۇڭغار باسقۇنچىلىرى بىلەن ئاپاق

خوجىنىڭ سوپى لەشكەرلىرىنىڭ ئەجەل قىلىچىدا مەردلەرچە جان بەرگەن سەئىدىيە ئەزىمەتلىرى، خورلانغان ئىلىم ئەھلىلىرى، زۇلۇم ئاستىدا ئىڭراۋاتقان ئەل ـ يۇرتنىڭ ئىچىنىشلىق تەقدىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى چىدىغۇسىز ئازابلايتتى. ھەسرەتلىك ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى پۈتۈنلەي قاچۇرۇۋەتكەنىدى. مەشرەپنىڭ ئىسيانكار نەزمىلىرى تومۇرلىرىدىكى قانلىرىنى قاينىتاتتى. ھۇجرىنىڭ ئىچى مۇزدەك سوغۇق، ئەمما خەلپەت يىگىتنىڭ ۋۇجۇدى بىر پارچە ئوت ئىدى. جىنچىراغ ئاجىز پىلىلدايتتى. قومۇش قەلەمنىڭ خوتەن قەغىزىگە سۈركىلىشىدىن شىرت ـ شىرت ئاۋاز چىقاتتى. يىگىت مەشرەپ شېئىرلىرىنى ھاياجان بىلەن ئۈنلۈك ئوقۇغاچ كۆچۈرەتتى:

«چۈن قولۇم بىرلە ئاياغىم باغلىماق ھاجەت ئەمەس،
مەن ئۆلۈمگە رازىدۇرمەن، تۈرغىلى تاقەت ئەمەس.
مۈنچە شىددەت بىرلە باشىم كەسكىلى زور ئەيلىمە،
بەسكى، ئادەم قانى تۆكمەك ساڭا ھەم تائەت ئەمەس.
ئۆمرى چۈن پەرقى ھەۋادىس، غاپىل ئادەم بىلمىدىم،
ئايۇ كۈن ئارامىغا بىر لەھزەئى پۇرسەت ئەمەس.
لەشكىرى خۇنرىز بولسا سەبرۇ ئارام قايدا بار؟
مەجنۇنى دىۋانىلەردىن شاھىغا راھەت ئەمەس.
چۈن مۇبارەك بولسۇن ئەي مەشرەپ، قىزىل قانىڭ سېنىڭ،
خوپ ئىش بولدى ساڭا، جان بەرگىنىڭ ئاپەت ئەمەس.»

...

پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شېئىر كۆچۈرۈشكە بېرىلىپ كەتكەن يىگىت ھۇجرا ئىشىكى تۈۋىدە پەيدا بولغان كۆلەڭگىلەرنىڭ مۇدھىش ئاياغ تىۋىشىنى پەقەت ئاڭلىمىدى. بىر ـ بىرىدىن بەستلىك گەۋدىلەر ھۇجرا ئىشىكىگە بىرپەس قۇلاق يېقىپ تۇرغاندىن كېيىن، ھۇجرىدا بىرلا ئادەم بارلىقىنى پەملەشتى ـ دە، ئىشىكنى زەرب بىلەن ئىتتەردى. ئىشىك ئىچىدىن

www.uygurkitap.com

تاقالمىغانىدى. گۈلدۈر قىلغان ئاۋاز بىلەن بىرنەچچە گەۋدە ھۇجرىغا ئېتىلىپ كىردى ـ دە، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي چۆچۈپ كەتكەن يىگىتكە يىرتقۇچلاردەك تاشلاندى. بىرلىرى يىگىتنىڭ بېشىدىن شىرەگە نىقتاپ باستى. بىرلىرى قولىغا، بىرلىرى گەۋدىسىگە ئېسىلدى. شىرە تۆرىدە چاژا قۇرۇپ ئولتۇرغان يىگىت پەقەتلا قىمىرلىيالمىدى. ھەئە، قاتىللارنىڭ بىرسىنىڭ قولىدىكى خەنجەر غۇۋا چىراغ نۇرىدا سوغۇق يالتىرىدى. يىگىت غولىغا ئۇرۇلغان خەنجەر زەربىسىدىن قاتتىق ئىڭرىدى، بار كۈچى بىلەن تېپىرلىدى. خەنجەر يىگىتنىڭ بويىنىغا ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم ئۇرۇلدى. يىگىتنى شىرەگە مەھكەم بېسىپ تۇرغان قاتىللار ئۇنىڭ ئۆلگىنىگە ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن، ھۇجرىدىن شەپىسىزلا چىقىپ كەتتى.

جىنچىراغ ھۇجرا ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. خەلپەت يىگىتنىڭ جانسىز گەۋدىسى شىرەگە ئارتىلىپ قالغان بولۇپ، خۇددى قاتتىق چارچاپ ئۇخلاپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. شىرە ئۈستىدىكى تېخى تولۇق كۆچۈرۈلۈپ بولۇنمىغان «دىۋان مەشرەپ»نىڭ بەتلىرى يىگىتنىڭ قىپقىزىل قېنى بىلەن بويالغانىدى. زىمىستاننىڭ مۇدھىش سوغۇقى تالادىمۇ، ھۇجرا ئىچىدىمۇ ئەنسىز ھۇۋۇلدايتتى...

# قۇيرۇق

## 1

سەھەر. تۇمانلىق، يۇندى چىچىۋەتكەندەك تۇتۇق ھاۋا قەلەندەرنىڭ جەندىسىدەك رەزگى كۆرۈنەتتى. سېمونت رەستىلەر، كۇنلۇكسىمان ئۆسكەن مەنزىرە دەرەخلىرى، گۇللۇكلەر، ئېگىز بىنالاردىن توپا ئۆرلەپ تۇراتتى. قەيەرلەردىندۇر بىخسىغان گەندە پۇرىقى كېلەتتى. كادىرلار، ئىشچىلار، ئوقۇغۇچىلار خۇددى ھاشار چۇمۇلىلىرىدەك تەرەپ - تەرەپكە چېپىشاتتى. تىجارەتچىلەر خېرىدارسىز دۇكان - يايمىلىرىدا ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە تەلمۇرۇپ تىلەمچىلەردىن ئۆتە تەمەدا ئولتۇرۇشاتتى. شۆھرەت يول چېتىدىكى بىنالارنىڭ لەمپىسى ئاستىدا يەشىك ۋە گېزىت پارچىلىرىنى ئاستىغا سېلىۋېلىپ ياتقان، تېخىچىلا غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانمىغان ئىككى - ئۈچ مۇساپىرغا ئېرەنسىزلىك بىلەن شۇنداقلا قاراپ قويدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزى پىيادىلەر يولىنىڭ گىرۋىكىدىلا سۇنايلىنىپ ياتقان ئايالغا چۈشتى. ئايالنىڭ كۆڭلىكى بىلىگىچىلىك تۇرۇلۇپ قالغان بولۇپ، بىلىنىڭ تۆۋەن تەرىپى يالىڭاچ ئىدى. خالتىلىشىپ قالغان ئورۇق يوتىسى، قويۇق تۈك باسقان ئاراچىلىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۆھرەت ۋىلىسىپىتىنى تورمۇزلاپ سۇرئەتىنى ئاستىلاتتى. ئايالنىڭ ئوچۇق يېرىگە ئىختىيارسىز ئىككى - ئۈچ قېتىم نەزەر تاشلىدى. «ھېلىقى داۋاملىق بېكەت ئەتراپىدا سۆڭگەكچىنى يەرگە سۈركەپ مېڭىپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان ئايال شۇ ئوخشايدۇ.

ئەجەب مىدىرلىماي ياتىدۇ يا؟ ئۆلۈپ قالمىغاندۇ، قايسى شورى قۇرغۇر كۆڭلىكىنى ئاشۇنداق ئۆرۈپ قويغاندۇ؟ بېرىپ خوتۇنىنىڭكىگە قارىسىچۇ خۇمسىلار...»

— ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپسەنغۇ، ئاغىنە، مۇھىم نەرسىگە كۆزۈڭ چۈشكەن ئوخشىمامدۇ؟

شۆھرەت دولىسىغا ئۇرۇلغان شاپىلاقتىن چۆچۈپ ئېسىنى يىغدى. يېنىدا خىزمەتدىشى نىجات بىر پۇتى بىلەن يەرنى تىرەپ، بىر پۇتىنى ۋېلىسىپىتكە ئارتقىنىچە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. شۆھرەت نىجاتنىڭ چىرايىدىكى مەسخىرىنى تېزلا چۈشەندى. ھودۇقۇپلا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ھېلىقى ئايالغا يەنە نەزەر تاشلىدى. شۇ ئەسنادا ھېلىقى ئايال ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان بولسا كېرەك، بىرنى كېرىلىۋېلىپ ياتقان جايىدىلا ئولتۇردى. كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى سىيرىلىپ چۈشۈپ يوتىلىرىنى ياپتى. ئۇنىڭ چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن بولۇپ، بىرەر يىلدىن بېرى سۇ دارىمىغان يۈزىنىڭ رەڭگىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. شۆھرەت ئۆزىنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئەيتاۋۇر مەقسەتسىزلا غودۇڭشىدى:

— نېمە بولۇپ كەتتى بۇ جاھانغا، شەھەرنىڭ كوچىلىرىنى ساپلا تىلەمچى - مۇساپىرلار قاپلاپ كېتىۋاتىدىغۇتاڭ؟!

— تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقى، ئاغىنە، — دېدى نىجات مەسخىرىلىك كۈلكىسىنى يىغىشتۇرۇپ، — ئىلگىرى خېلى ئوبدانلا ھاللىنىپ قالغان دېھقانلارنىڭ بەزىلىرى مۇشۇ تۆت - بەش يىلدىن بېرى شەھەرگە كىرىپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان بولۇۋاپتۇ.

— شۇنداقمۇ؟ ئەجەب - ھە.

— سەۋەبىنى تولۇق بىلمىدىم. يېزىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئاغىنە باللارنىڭ دېيىشىچە، دېھقانلار تېرىپ، يىل بويى پەرۋىش قىلىپ ساتقان كېۋەزنىڭ پۇلى ئەتىيازدا كېۋەز تېرىش ئۈچۈن يەرگە سالغان مەبلەغنىڭ پۇلىغا چىقىش قىلمايدىكەن. ئۇنىڭدىن

باشقا، بوران، قۇرغاقچىلىق ۋە ھەر خىل نامۇۋاپىق ھەق - سېلىق، جەرىمانىلەر ئۇلارنىڭ يىلىكىنى قۇرۇتۇۋەتكەن ئوخشايدۇ. ئۇلار شەھەردە تىلەپ تاپقان پۇللىرى بىلەن گەدىنىدىكى سېلىق - قەرزلەرنى تۆلەيدىكەن.

دېھقانلارغا نېمە تارتقۇلۇق بۇ ئەمدى؟ ھۆكۈمەت ۋاقتىدا تەدبىر قوللانسا بولاتتى بۇ ئىشقا.

ئۇلار سۆزلەشكەچ تۆت كوچىنىڭ كېسىشىش ئېغىزىغا كېلىپ قالغانىدى. ئارقىسىدىن سوزۇپ - سوزۇپ ئاڭلانغان زەردىلىك ماشىنا سىگنالىدىن دەرھال ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشتى. ئوتتەك جۇلالىنىپ تۇرغان ئالىي دەرىجىلىك قىزىل پىكاپ ئۇلارنىڭ بىقىنىدىنلا غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى. ئىككىلا يىگىتنىڭ كۆزى پىكاپقا ۋە پىكاپ ئىچىدىكى گىدىيىپ ئولتۇرغان مەنسەپدارغا ھەۋەس بىلەن تىكىلدى.

— باشلىق بولسا ئىش مۇشۇنداق كاتتا مانا. خىزمەتكىمۇ پىكاپ بىلەن بارىدۇ، ئۆيىگىمۇ پىكاپ بىلەن كېلىدۇ. يەنە ئاللىقانداقتۇر بېرىپ - كېلىشلەرنىڭ ھەممىسى پىكاپ بىلەن، ھە، ئەمدى بىلدىم. شۇڭا، ئۇلار كوچا - كويلاردىكى تىلەمچى - مۇساپىرلارنى كۆرمەيدۇ. دېھقانلارنىڭ ھال - كۈنىنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ.

— شۇنداقمۇ دەيمىز، مۇشۇ باشلىقلارغا شوپۇر بولغانلارنىڭ كۈنى تېخىمۇ تەسمىكىن دەيمەن. ئەتىگىنى باشلىقنى خوتۇنىنىڭ قۇچىقىدىن تارتىپ ئاچىقىپ كەتسە، ئاخشىمى تەڭ كېچىلەردە يەنە خوتۇنىنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپ بېرىپ بولغۇچە، باشلىقنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولىمەن دەپ، خۇددى ئەركە - تايتاڭ كىچىك بالىنى بازار ئويناتقىلى ئېلىپ چىققان ئادەمدەك ھېرىپ ھالى قالمىغۇدەك.

— بىزگىمۇ قاچان ئاشۇنداق پىكاپ بىلەن خىزمەتكە بېرىپ - كېلىدىغان زامانلار كېلەر - ھە، ئاغىنە؟

ئىككى يىگىت بىر - بىرىگە قاراپ مەنىلىك كۈلۈشتى.

— سەدىقە بالانى يەر، تووۋا گۇناھنى، ياخشى - يامان كۆرگەن چۇشۇڭلارنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۇچۇن بىر سەدىقە بېرىۋېتىڭلار، ھاجىم باللىرىم.

ئۇلاردىن ئون نەچچە قەدەمچە نېرىدىكى يول بويىدا قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەم ئوشۇقىدىن تۇگەللا كېسىۋېتىلگەن ئوڭ پۇتىنى ئالدىدىكى پارچە پۇللار دۆۋىلەنگەن داستىخانغا خۇددى مال ئەۋرىشكىسى قويۇپ قويغان تىجارەتچىدەك قويۇۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بارىچە تووۋلاۋاتاتتى.

— كېچىدىن سادىر پالۋاننى چۈشەپ قاپتىكەنمەن، — دېدى نىجات ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ يانچۇقىدىن پارچە پۇل ئىزدەۋاتقاچ، — چۈشۈمدە سادىر پالۋان بايانداي سىپىلىنى پارتلىتىپ، ھۆررا تووۋلاپ قىلىچىنى پۇلاڭلاتقىنىچە سىپىل ئىچىگە يۈگۈرۈپ كىرىۋاتقۇدەك. ئۇنىڭ كەينىدىن نۇرغۇن ئادەملەر يۈگۈرۈپ كىرىۋاتقۇدەك. مېنىڭمۇ بۇ سەپكە شۇنداق ئۈتەك قوشۇلغۇم كەلدى - يۇ، شۇ ھامان كاللامغا: «ناۋادا جەڭدە ئۆلۈپ كەتسەم قانداق قىلارمەن» دېگەن خىيال لىپپىدە كېلىپ، ئىككى تايىن بولۇپ قاراپ تۇرغۇدەكمىشمەن. شۇ ئەسنادا پۇتۇمغا بىر نەرسە يۆگىشىپ قالغۇدەكمىش. شۇنداق قارىسام، ئۇ نەرسە كۆزۈمگە بىردەم چار يىلان بولۇپ، بىردەم تۆمۈر زەنجىر بولۇپ كۆرۈنگۈدەك. ھەرقانچە قىلساممۇ ئۇ نەرسىدىن پۇتۇمنى پەقەتلا ئاجرىتالمىغۇدەكمەن. بىردىنلا سۈر بېسىپ، بىراۋلاردىن مەدەت تىلەپ ۋارقىراۋاتسام، تۇيۇقسىز بىر ئادەم قېشىمدا پەيدا بولۇپ، بىر قىلىچ ئۇرۇپلا پۇتۇمغا يۆگىشىۋالغان ھېلى يىلانغا، ھېلى تۆمۈر زەنجىرگە ئوخشايدىغان نەرسىنى ئۈزۈپ پارە - پارە قىلىۋەتكۈدەك. بۇ ئادەم كىمدۇر دەپ شۇنداق قارىسام، ئۇ سادىر پالۋان ئىكەن. ئۇ ماڭا ھومىيىپ تۇرۇپ: «خوتۇن كىشىنىڭ ئىشتىنى پۇتۇڭغا يۆگىشىۋالسىمۇ ۋارقىراپ - جارقىرايسەنغۇ، ئۇكا. نەرىڭ يىگىت سېنىڭ؟! ئەركەكتەك بول، ئادەمنىڭ روھىنى قورۇندۇرماي. شۇڭىمۇ قولۇمدىكى قىلىچنى

بېرىدىغان ئادەم تاپالماي يۈرۈۋاتىمەن» دەۋاتقۇدەك. شۇنداق سىنچىلاپ قارىسام، پۈتۈمغا يۆگىشىۋالغىنى راستلا ئايالنىڭ ئىشتىنى ئىكەن. نومۇس ۋە خىجىلچىلىقتىن ئۆلگۈدەك بولدۇم. بىر چاغدا قارىسام قېشىمدا سادىر پالۋان يوق. ئەمما، ھېلىقى ئىشتان يەنە چار يىلانغا ئايلىنىپ قېلىۋاتامدۇ، قورقۇنچتىن ۋارقىراپ ئويغىنىپ كېتىپتىمەن.

— يىلان چۈشىگىنىڭگە قارىغاندا، ئايالىڭ ئوغۇل تۇغۇپ بېرىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى شۆھرەت نىجاتنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىپ.

نىجات دوستىنىڭ چۈشىگە بەرگەن تەبىرىدىن سۆيۈنۈپ «ئىنشائاللا» دېدى ـ دە، قولىدىكى پارچە پۇلنى تىلەمچىنىڭ ئالدىدىكى داستىخانغا تاشلىدى.

## 2

ھاۋا تۇتۇق بولغاچقىمۇ بىنانىڭ تەسكەي تەرىپىگە جايلاشقان بۇ ئىشخانا ئىچى تولىمۇ غۇۋا ئىدى. كېچىچە چىققان بوراندا ئىش شىرەسى، ئورۇندۇق، ماتېرىياللار بىر قەۋەت توپا ـ چاڭغا كۆمۈلگەنىدى. شۆھرەت ئۈستەل سۈرتىدىغان خامنى داستىكى سۇغا چىلاپ تۇرۇپ غۇدۇرىدى:

— ئەجەپ زېرىكتىم بۇ بوراندىن. ھاۋا رايىنىڭمۇ مەسلىھەتى قالمىدى. يىلدىن ـ يىلغا بوران تولا چىقىدىغان بولۇپ قالدىغۇ. بۇگۈنى سۈرتۈپ قويسا، ئەتىسى يەنە بىر ئىلىك قۇم ـ توپىنىڭ ئاستىدا قالغان.

— بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى دەيسەن، ئاغىنە؟ — دېدى نىجات ئىشخانا ئىچىگە سۇ چېچىۋېتىپ، — نەچچە كۈننىڭياقى چىققان بوراندا دېھقانلارغا قانچىلىك زىيان بولغاندۇ؟ بۇ زاماندا ھەممە نېمە دېھقانلار بىلەن قېرىشىۋاتامدىكىنتاڭ. بىچارە خەققە بىر دەم ئارامچىلىق يوق. يا كالىدەك قىلغان ئەمگىكىنىڭ تۈزۈك ھەق

ھالاۋىتىنى كۆرمىگەن، يىل ئاخىرىدا يېتىم بالىدەك بارماق چىشلەپ قالغان...

— نىجات! سىزنى ئىدارە باشلىقى چاقىرىۋاتىدۇ!

كارىدوردىلا ئاڭلانغان بۇ چىرقىراق ئاۋاز بىلەن تەڭ نىجات قولىدىكى نەرسىلەرنى جايىدىلا قويدى ـ دە، ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

— ھە، شۆھرەت ئۆكا، دەم ئېلىش كۈنلىرىڭىز ياخشى ئۆتكەندۇ؟

— كەلسىلە، غالىب ئاكا، — شۆھرەت ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلگەن خىزمەتدىشىنى ئورنىدىن تۇرۇپ دىۋانغا تەكلىپ قىلدى، — قەدىر ئەھۋال. ئەل ـ ئاغىنىلەر بىلەن ماجاڭ ئويناپ، پىۋا ئىچىپ دېگەندەك. ئەجەب بۇ كۈنلەرنىڭ مەززىسى قالمىدىغۇ، غالىب ئاكا. كۈنبويى تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرساڭ تېخى زېرىككەن. تانسىخانا ـ رېستورانلارغا بېرىپ كۆڭۈل ئېچىپ كېلىشكە تېخى پۇلۇڭ يەتمىگەن. ھۆكۈمەت يا مائاشنى جىقراق ئۆستۈرۈپ بەرمىدى.

— شۇنى بىر دېگىنە، ئۆكا. گاھى ئويلاپ كېتىمەن، ھېچبولمىغاندا ھۆكۈمەت مائاشنى ئۆستۈرۈپ بەرمىسىمۇ، مۇشۇ ھاراق دېگەن نەرسىنى ھەقسىز قىلىپ، خۇددى سۇغا ئوخشاش ئۆيلىرىمىزگە تۇرۇبا بىلەن كېلىدىغان قىلىپ تۇرۇبىلاشتۇرۇپ تارتىپ بەرگەن بولسا قانداق پەيزى بولاتتى ـ ھە! ھوي نىجات بالا تېخىچىلا ئىشقا كەلمىدۇمۇ نېمە؟

— كەلگەن، ئىدارە باشلىقى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپتىكەن. يېرىم سائەتچە بولدى، ھېچ كىرەي دېمەيدىغۇ بۇ ئاداش.

غالىب بىر تال تاماكىنى شۆھرەتكە تاشلاپ بېرىپ، ئۆزى بىر تال تۇتاشتۇردى.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، نىجات ھەققىدىكى ھېلىقى گەپلەر راست ئوخشىمامدۇ؟

— قايسى گەپنى دەيسىز؟

— سىزمۇ ئاڭلىغانسىز ھەرقاچان، — غالىب دىمىقىنى قىرىپ تۇرۇپ بىرنى تۇكۇرۇۋەتكەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — نىجاتنى سىلەرنىڭ بۆلۈمگە مۇئاۋىن باشلىقلىققا ئۆستۈرەرمىش، دېگەن گەپلەر خېلىلا كەڭرىغۇ.

— راستىلا خەۋىرىم يوق ئىكەن، — شۆھرەتنىڭ يۈزى ياللىدە قىزاردى. ۋۇجۇدىنىڭ بىر يەرلىرى پىژژىدە ئېچىشقاندەك بولدى.

— بۇغۇ ئەجەبلەنگۇدەك گەپمۇ ئەمەس، — غالىب قولىدىكى تاماكىسىنى قاتتىق - قاتتىق شورىۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — نىجاتمۇ خېلىلا قولىدىن ئىش كېلىدىغان بالا، تۇغۇلغان كۈنۈم، ھېيت پەتىسىنىڭ چالىسى، باشقا يۇرتتىن كەلگەن ئەل - ئاغىنىلەرگە چاي بەرگەنىدىم، دېگەن باھانىلەر بىلەن ئىدارە باشلىقىنى بىرنەچچە قېتىم رېستورانغا چاقىرىۋالغان بولدى. شۇڭلاشقا، ئىدارە باشلىقى ئۇنىڭغا ئالاھىدە يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىدۇ. كىم بىلىدۇ، كىشى تۇيماس باشقا بارىدى - كەلدىلىرىمۇ بارمۇ بۇ ئىككىسىنىڭ. بىلىم - سەۋىيە، قابىلىيەتنى ئۆلچەم قىلىپ قالسا سىز ھەرگىز نىجاتتىن قېلىشمايسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىڭلار ئوتتۇرا مەكتەپتىن تارتىپ ئالىي مەكتەپكىچە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداش. ئوقۇش تارىخىڭلارمۇ، كەسپىي ئۇنۋانىڭلارمۇ، خىزمەت ئىستاژىڭلارمۇ ئوخشاش. سىياسىي قىياپىتىڭلارغا كەلسەك، سىز تېخى كاندىدات پارتىيە ئەزاسى. نىجات بولسا...

— ئۇمۇ پارتىيەگە ئۆتۈشكە ئىلتىماس يېزىۋاتىدۇ، — دېدى شۆھرەت مەيۈس ھالدا.

— قاچاندىن بېرى؟ — جىددىي قىياپەتتە سورىدى غالىب.

— بەش - ئالتە ئايچە بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن.

— ھەببەللى، توغرا پەرەز قىپتىمەن مانا، — غالىب ئۆزىنىڭ ئەقلىگە تەمەننا قويغاندەك مەغرۇر گىدەيدى، — بەش - ئالتە ئاينىڭ ئالدىدىلا بۇ بۆلۈمدە مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئورنى بوشىغان ئەمەسمۇ؟ دەرھاللا ئۆزىگە سىياسىي دەسمايە جۇغلاشقا

www.uyghurkitap.com

كىرىشىپتۇ ـ دە، ھەي... بۇ نىجاتنىڭ قورسىقىدىمۇ خېلىلا چوتۇرى بار ئىكەن جۇمۇ. بەلكىم ئۇنىڭغا بۇ ئەقىلنى ئىدارە باشلىقى ئۆگەتكەندۇ، ھەرقاچان.

— نىجاتنىڭ ئىدارە باشلىقى بىلەن ئۇنچە يېقىنچىلىقى باردەكمۇ قىلمايدۇ، — دېدى شۆھرەت گۇمانسىرىغان ھالدا، ئادەتتە ئولتۇرۇش ـ قوپۇشىمىز داۋاملىق بىللە. ئىچ سىرلىرىمىزنى ئاياشقان ئاغىنىلەردىن ئەمەس بىز.

— خاتالىشىۋاتىسىز، شۆھرەت ئۇكا، — دېدى غالىب تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئاۋازىنى ۋەزمىن چىقىرىپ، — بۇنداق ئىشلارنى مۇددىئا ئەمەلگە ئېشىپ بولغۇچە دوستىمىدىنلا ئەمەس، خوتۇنىدىنمۇ، ئاشنىسىدىنمۇ سىر تۇتقۇلۇق. بۇ دېگەن بىرەر ۋاخ تاماقنىڭ ياكى بىرەر ـ ئىككى يۈز كوي پايدىنىڭ ئىشى ئەمەس، ھوقۇق ئىشى، ھوقۇق! مەنسەپدار بولۇشنى ئويلىمايدىغان كىم بار ھازىر؟ نىجات بىلەن ئىدارە باشلىقىنىڭ يېقىنچىلىقىدىن تازا گۇمانلىنىۋاتىسىز ـ ھە! ئېسىڭىزدە باردۇر، ئۆتكەندە نىجات قەشقەردىن كەلگەن ئاغىنىلىرىمگە چاي بەرمەكچىدىم، ھەمراھ بولۇشۇپ بېرىڭلار دەپ «كارۋان» رېستورانىغا چاقىرىۋالدىغۇ. سىزغۇ باشتىلا تەكشىلىپ قاپتىكەنسىز. سورۇن ئاخىرلاشقىلى تۇرغاندا كىچىك تەرەت قىستاپ ھاجەتخانىغا چىقتىم. كۆرمەمسىز بۇ كارامەتنى، نېمىنى كۆردۈڭ دېمەمسىز، ئىدارە باشلىقى بىلەن نىجات يانمۇيان ئۆرە تۇرۇشقان پېتىچە شارقىرىتىپ كىچىك تەرەت قىلغىلى تۇرۇپتۇ. باشلىق بولسا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي خىرىلداپ كۈلگىلى تۇرۇپتۇ. ئويلاپ بېقىڭ؟ ئۇنىڭ باشلىق بىلەن مۇناسىۋىتى شۇنچىۋالا يېقىن بولمىسا، باشلىقنىڭ ئالدىدا كوركىرىتىپ بەخىرامان جىرغىيالامتى؟ قۇلىقىڭىزنىڭ توپىسىنى قېقىۋېتىپ يۈرۈڭ، ئۇكا. مەست موللام بىلەن گاس موللامنىڭ گېپى بىر.

شۆھرەت جىملا ئولتۇرۇپ كەتتى. گەدەنلىرىگىچە قىزاردى. ئارقىمۇئارقا ئۇلاپ ئۈچ قېتىم تاماكا چەكتى.

— سىزمۇ ھەرىكەت قىلىپ بېقىڭ، ئۇكا، — دېدى غالىب شۆھرەتنىڭ تۇرقىغا قاراپ كۆيۈنگەن ھالدا، — قاراپ تۇرۇپ ئۆزىڭىزنىڭ ساۋاقدىشىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەپ يۈرمەڭ يەنە.

— ئەھۋال بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ئىدارە باشلىقىغا چاي بېرىپ، ھە - ھۇ قىلىپ يۈرسەم قاملاشماس، — دېدى شۆھرەت ئىرادىسىز، ئىشەنچسىز ھالدا.

— كىم سىزگە ئىدارە باشلىقىغا چاي بېرىڭ دەپتۇ؟ — دېدى غالىب ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئىدارىدە باشلىق دېگەن بىرلىمىدى؟ نىجات ئىدارە باشلىقىغا يۆلەنگەن بولسا يۆلىنىۋەرسۇن. بىز ئىدارىنىڭ كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل باشلىقىغا يۆلىنىمىز. ئىشنى ئەپلەشتۈرەلىسىڭىزلا مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىك بۇ تاجنى كىيىشىڭىزدە چوقۇم گەپ يوق، — ئۇ شۆھرەتنىڭ جىملا ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — تېزرەك بىر قارارغا كېلىڭ، ھايت دېسىڭىزلا راۋۇرۇس بىر سورۇن ھازىرلاپ ئىدارىنىڭ كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل باشلىقىنى باشلاپ بېرىشقا مانا مەن ياردەملىشىمەن. ئۇ قېرىپ قالغان بولسىمۇ خېلىلا ئىشقىي ھەۋىسى بار ئادەم. ھاراق بىلەن يەپ - ئىچىپلا ئولتۇرىدىغان سورۇن قىلماي، مانداقراق بىر سورۇن ھازىرلايدىغان بولساق ئىشىمىز تېخىمۇ ئوڭغا تارتىدۇ.

## 3

«تولۇنئاي قاۋاقخانىسى»نىڭ ماڭلىيىغا ئېسىپ قويغان زىننەت چىراغلىرى ئاي قاراڭغۇسىدا پاھىشىلەردەك كۆز تاشلاپ لاپ قىلىپ يانسا، لاپ قىلىپ ئۆچەتتى. قاۋاقخانا ئىچى زىيالىيلار، سودىگەرلەر ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى كەنتلەرنىڭ شۇجى - دېھقانلىرى بىلەن تولغان بولۇپ، ھەرقايسىلىرى ئۆز تائىپىلىرى بويىچە ئايرىم - ئايرىم سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇشقانىدى. زىيالىيلار تائىپىسىدىكىلەرنىڭ بەدەۋى

چاقچاقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن غۇلجا ئادىتىدىكى كۈلكە قاۋاقخانىنىڭ تام ـ تورۇسلىرىدىن ئەكس سادا قايتۇرسا؛ سودىگەرلەر تائىپىسىدىكى قىسمەن ھاجىملارنىڭ ئاق ھاراقتىن يامان بولىدۇ، دەپ قېچىپ ئىچكەن قىزىل ھاراقلىرى ماي تەپچىرەپ تۇرغان سىپىسلىق يۈزلىرىنى ئەڭلىك ئەتكەندەك قىزارتىۋەتكەنىدى. قىزىل ھاراقنىڭ كەينىگە پايلىماي چەككەن نەشىلىرى قاۋاقنىڭ ئىچىنى مەززىلىك كەندىر پۇرىقىغا تولدۇرۇۋەتكەنىدى. شۇجىلاردىن تەشكىللەنگەن دېھقانلار تائىپىسى بولسا ئەرزان باھالىق، يۇقىرى گىرادۇسلۇق ئاق ھاراقتىن خېلىلا كەيپ بولغان بولۇپ، بىرنەچچىسى قېشىدىكى دۇتارچى چوكاننىڭ ناخشىسىغا جور بولۇپ ناخشا توۋلاشسا، يەنە بىرنەچچىسى سورۇنغا ئالايتەن ئەكەلدۇرۇۋالغان، تۇرقىدىن يا قاۋاقخانىنىڭ كۈتكۈچىسىگە، يا پاھىشىلەرگە ئوخشىمايدىغان، چىرايلىرىدىن خېلىلا كەتكەن بولسىمۇ يەنىلا بولۇشىغا پەرداز قىلىشىۋالغان، ھاراق تەسىرىدىن خۇدىنى يوقىتىش دەرىجىسىگە بېرىپ قالغان چوكانلار بىلەن بىردە ئۇسسۇل ئويناسا، بىردە تانسا ئويناپ، قاۋاقخانىنىڭ ئىچىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. دۇتارچى چوكاننىڭ ئاۋازى ناخشىسىغا جور بولۇۋاتقان مەستلەرنىڭ ئارىسىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

شىيەنجاڭنىڭمۇ دەردى بار،
شۇجىنىڭمۇ دەردى بار.
بۇ جاھاننى ئاختۇرساڭ،
دەردى يوقلار نەدە بار؟

دەردىڭنى ئېيتاي دېسەڭ،
بېيجىڭ دېگەن شەگە بار.
ئويناپ ـ كۈلۈپ ياشاي دېسەڭ،
قاۋاق دېگەن يەرگە بار.

ناخشا قاۋاقخانىنىڭ تام ـ تورۇسلىرىدىن ھالقىپ يىراق ـ يىراقلارغا ئاڭلىناتتى. شۆھرەتلەر قاۋاقخانىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى خاس خانىدا سورۇن تۈزگەنىدى. ھەر خىل قورۇمىلار، ئۇسسۇلۇقلار، ھاراق ـ تاماكىلار تېزلا كەلتۈرۈلدى. شۆھرەت بىر بوتۇلكا ھاراقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، تەخسىگە بىر جۈپ رومكا قويدى ـ دە، تۇنجى رومكىنى ئىدارىنىڭ كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل باشلىقى بىلەن سوقۇشتۇرۇپ ئىچتى. ھاراق ئەمدىلا ئىككى ئايلىنىپ تۇرۇشىغا، سورۇنغا ئوتتۇرا بوي، ماڭلاي تەرەپتىكى قىزىل بويىۋالغان چېچىنى ئايالالارنىڭ چاچ پاسونىغا مايىلراق قىلىپ كۆپتۇرۇپ ياسىۋالغان، سۇسراق ئەمما كۆڭۈل قويۇپ قىلغان پەردازلىرىنى قىردۇرغىلى ئىككى ـ ئۈچ كۈن بولغان بولسىمۇ، يەنىلا كىرپىنىڭ تىكىنىدەك ئۆسۈپ چىققان ساقال ـ بۇرۇتلىرى چاندۇرۇپ تۇرغان، بوينىغا ئېسىۋالغان ئالتۇن زەنجىرى قاپقارا بوينىدا كىرلىشىپ جازىبىدارلىقىنى يوقاتقان بىر يىگىت ئاياللارغا خاس ناز ـ كەرەشمە بىلەن كىرىپ كەلدى ـ دە، شۆھرەتكە ئالاھىدە كۆز تاشلاپ تۇرۇپ سورىدى:

ـــ ۋۇي، چىرايلىق شۆھرەتجان، كەم قالغان نەرسىلەر بولسا بۇيرۇماملا مۇنداق، كۆڭەللىرى ئېقىنى تارتامدۇ؟ قارىسىنىمۇ؟

ـــ بىلىسەنغۇ بىزنى، ـــ دېدى شۆھرەت يىگىتكە پوخورلۇق بىلەن، ـــ سوراپ تۇرماي ئەچىردىغانىڭ ھەممىنى ئەچىر.

ـــ ۋىيەي، ماۋۇ ئاجاقىنىڭ ھەممىسىنى ئەچىر دەپ كېتىشلىرىنى. ئەچىرگەننىڭ ھەممىسىنى يېيەلىگۈدەك ماغدۇرۇڭ بارمۇ سەن لاتا غىلاپنىڭ؟ جىنىڭغا تۇشلۇق گەپ قىلە، ئادەمنىڭ چىڭسەي قوۋۇرغىسىنى ئەگمەي، ـــ دېدى يىگىت قاش ـ قاپاقلىرىنى ئۇچۇرۇپ.

يىگىت گەپنى بەكمۇ يۇمۇرلۇق تۇستە، ئاياللارغا خاس ئاۋاز ـ ھېسسىياتلىق خۇلقتا ئېيتاتتى. سۆزلەۋېتىپ قول ـ بارماقلىرىنى قىزلاردەك نازاكەت بىلەن ھەرىكەتلەندۈرەتتى.

قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئاغزىنى يېرىم توسۇۋالاتتى. سورۇندىكىلەر پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى. شۆھرەت چاقچاقچا چىدىماي قىزاردى، قاپىقى تۈرۈلدى. ھە دەپ چاقچاق قىلىۋاتقان يىگىتنى غەزەپ بىلەن سىلكىشلىدى:

— ماڭ، ماڭەۋا خەنەك، تولا چىشىمغا تەگمەي.

— ۋىيەي ئادىشىم، ئۇنداق دىمەڭ، — يىگىت قىلچىمۇ خاپا بولمىغاندەك قىلاتتى. سۇرمە تارتىۋالغان كۆزلىرى كۈلۈپلا تۇراتتى، — ھەر ئىككىلىمىز ئوخشاش. ھېلىقى چاغدىكى ئىش ئېسىڭىزدىن شالاققىدە چىقىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ.

سورۇندا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. شۆھرەتمۇ بۇ كۈلكىلەرگە قوشۇلۇپ مەجبۇرىي ھىجايدى. دىمىسىمۇ ئۇ قانچە تىرىككەنسېرى ھېلىقى يىگىتنىڭ گەپتە شۇنچە چۈشۈرۈپ زاڭلىق قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

— بولدى، چاقچاقلىرىڭنى ھېلى يەنە قىلىپ بېرەرسەن، — دېدى شۆھرەت مۆرەسسە قىلىپ، — خان ئاچاڭغا (قاۋاق خىزمەتچىلىرى ئايال غوجايىنىنى خان ئاچا دەپ چاقىرىدۇ) باشتىلا دەپ قويغان، قىزلاردىن بەش ـ ئالتىنى چىگۈزۈپ بەرگىن.

— خوش غوجام، — دېدى يىگىت سورۇندىكىلەرگە نازلىق كۆز قىسىپ قويۇپ، — مۆشۇ سورۇندىكى سىلىدىن باشقا ئەركەكلەرگە بىردىن قىز توغرىلىسام بولدىغۇ ھەرقاچان.

سورۇندا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— قانداق قىلساڭ قىلىپ، تولا ۋاتىلدىماي قىزلىرىڭنى باشلاپ چىرە، ئاداش، — دېدى شۆھرەت بىر خىل تەئەددى بىلەن.

— ماڭا قاراڭلا ئاغىنە، — دېدى غالىب يىگىتنى توختىتىپ قولىدىكى بىر رومكا ھاراقنى تەڭلەپ تۇرۇپ، — ئەتىگەندىن بېرى خېرىدارلارغا ھەمراھ بولۇپ مەست بولۇپ كەتكەنلىرىنىڭ لازىمى يوق. مەست بولۇپ قالمىغانراق قىزلاردىن باشلاپ

چىرەسىلە. تۇتۇڭلا، ماۋۇ بىر رومكا هاراقنى ئىچىۋېتىپ ئاندىن چىقىڭلا.

— هۇ، ۋايجان! — يىگىت رومكىنى لېۋىگە شۇنداقلا تەگكۈزۈپ نازلىق بىرنى ئىمغىردى. ئارقىدىنلا لەۋلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ ھىجايدى، — نېمىدېگەن ئاچچىق هاراق بۇ!...

يىگىتنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن سورۇندىكىلەر پاراققىدە كۈلۈپ كەتتى. يىگىت غەلىتە بىر قىلىق چىقىرىپ قۇرۇقدالغان رومكىنى غالىبقا بەردى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىمۇ سورۇندىكىلەرنى يەنە بىر قېتىم كۈلدۈردى. كۈلكە سادالىرى ئىچىدە يىگىت نازاكەتلىك قەدەملەر بىلەن سورۇندىن چىقىپ كەتتى.

ھايال ئۆتمەي سورۇنغا ئاچچىق تەر، ئىچمال ئەتىر - يۈز مايلارنىڭ كۆڭۈلنى ئاينىتىدىغان پۇرىقىنى ئېلىپ بەش - ئالتە قىز كىرىپ كەلدى. قىزلاردىن ئۇچى چېچىنى پۇتۇنلەي قىزىل، بىرسى ماڭلاي تەرىپىنى قىزىل، قالغان قىسمىنى سېرىق بوياتقانىدى. يەنە بىرسىنىڭ قاپقارا ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى تېقىمىغىچە چۇشۇپ سويلاپ تۇراتتى. باشقا تۆت نەپەر قىزغا قارىغاندا بۇ قىزنىڭ سۇس پەرداز قىلغان چىرايى گۈڭگا چىراغ يورۇقىدا بولاقتىكى ئاي شولىسىدەك نازغىيتتى. ئۇ شۆھرەت بىلەن كونا تونۇش بولسا كېرەك، ئۇدۇل شۆھرەتنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە يىگىتنىڭ دولىسىغا پاققىدە شاپىلاقلاپ چاقچاق قىلدى:

— ئۇكىمەي، ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەك يوقاپ كەتتىڭغۇ؟

قىزنىڭ نازاكەتلىك كۈلكىسى بىلەن تەڭ توغاچتەك لەۋلىرى ئارىسىدىن سەدەپتەك چىشلىرى ماراپ چىقتى. خۇمارلىق كۆزلىرىنىڭ تېگىگە بىر خىل مەغرۇرلۇق يوشۇرۇنغانىدى.

سورۇن بىردىنلا ئۆزگىچە بولدى. باشقا قىزلارمۇ ئۆزلىرى خالىغان ئەرلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. هاراقنىڭ كەيپىدىنمۇ ئەيتاۋۇر سورۇن ئەھلى ئەدەپتىن چىققانىدى. قىزلار بىلەن قىچىقلىشىش، يوتا - يانپاش سىلاش ھەتتا لەۋلىمە

قىلىشلار يۈز بېرىشكە باشلىدى. قىزلار تولىمۇ ئەركىن، غەمسىز، ھاياسىز ئىدى. ئاغزىنى ئاچسىلا گىلاستەك لەۋلىرىدىن ئەرلەرمۇ ئاغزىغا ئېلىشتىن ئۈيىلىدىغان بەدەۋى چاقچاقلار تۆكۈلەتتى. شۆھرەت باشلىقنىڭ يالغۇز ئولتۇرۇپ قالغىنىنى بايقىدى. باشلىق ھاراقنىڭ كەيپىدە خۇمارلاشقان قىسىق كۆزلىرىنى قىزلارغا شەھۋانىيلىق بىلەن تىكىپ ھىجىيىپ ئولتۇراتتى. شۆھرەتنىڭ كاللىسى چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتكە كەلدى. ئۇ پۇرسەتنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. توغرا، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك. «نەچچە مىڭ كويلاپ پۇلنى بۇزۇپ ــ چېچىپ خەجلىگەن بىلەن، باشلىقنىڭ دىتىغا ياققۇدەك بىرەر ئىش قىلالمىساڭ، ھەممە پالاقلاشلىرىڭ بىر تىيىن». ئۇ تۇنۇگۇن غالىبنىڭ ئېيتقان بۇ سۆزلىرىنى دەرھال ئېسىگە ئالدى. بىقىنىدىكى ئۇزۇن چاچ قىزنىڭ قۇلىقىغا لەۋلىرىنى تەگكۈزۈپ تۇرۇپ پىچىرلىدى.

ــ ياق، بولمايدۇ، خالىمايمەن! ــ دېدى قىز شۆھرەتنىڭ پىچىرلاشلىرى تۈگىمەستىنلا بېشىنى سىلكىپ كەسكىنلىك بىلەن.

ــ ئۇنداق دېمىگىن، ماقۇل دېگىن، ئۆتۈنۈپ قالاي، ــ دېدى شۆھرەت يېلىنغان ھالدا پىچىرلاپ، ــ شۇنداق قىلساڭلا ھاياتىمدا ماڭا ئەڭ چوڭ ياردەم قىلغان ئادەم بولۇپ قالىسەن.

ــ ئوغۇل بالىدەك گەپ قىل، شۆھرەت، ــ دېدى قىز قاتتىق تەلەپپۇزدا پىچىرلاپ، ــ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئايالىمنى قويۇۋېتىپ سېنى ئالىمەن دېدىڭ. نىكاھىمغا ئالالماي قالسام قاۋاقتىن ئېلىپ چىقىۋېلىپ ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بېرىمەن، تۇرمۇشۇڭدىن خەۋەر ئالىمەن دېدىڭ. بۇ گەپلىرىڭگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمىسەممۇ، لېكىن ھەرقانداق تەلىپىڭگە ياق دېمىدىم، قانداق ۋاقىتتا كەلسەڭ رەت قىلمىدىم. بىلەمسەن، سېنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىم ئۈچۈن، ماڭا غۇرۇرلۇق، ۋىجدانلىق ئەركەكتەك تەسىر بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن شۇنداق

قىلدىم. يەنە شۇنداق دەپ مېنى بىر ئۆمۈر ئالدىساڭمۇ سەندىن قىلچىلىك رەنجىمەيمەن. لېكىن، بۇنداق پەسكەش تەلەپنى ماڭا دىمە. ئوغۇل بالا دېگەن ئۇنداق ۋىجدانسىز بولمايدىغان.

— مېنى نېمەدەپ تىللىساڭ تىللا. لېكىن، بۇ ئىشقا ماقۇل دېگىن. بىرەر مىلڭ كوي ھەق ئالىمەن دېسەڭمۇ مەيلى. بۇ مېنىڭ ئىستىقبالىمغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش، — شۆھرەتنىڭ پىچىرلاشلىرى يىغلامسىرىغاندەك ئاڭلىناتتى.

— ياق دېدىم، ياق، — دېدى قىز كەسكىنلىك بىلەن. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن خورلۇق، غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچرىدى، — ئۇنداق سېسىق پۇلۇڭنى پۇل دېسە ئىت ـ ئېشەكتىن يانمايدىغان رەسۋالارغا بەر. قارىسىمۇ ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېلىشقۇدەك ئۇنداق سەت قېرىغا قۇچىقىڭدىكى قىزنى سايە قىلىشتىن نومۇس قىل، نومۇس. يىگىت دېگەن ئۇنداق ماز بولمايدىغان.

قارىسىدە تەگكەن تەستەك زەربىسىدىن قىزنىڭ زۇۋانى ئۆچتى. چىرايلىق كۆزلىرىدىن پاللىدە ئوت چاقنىدى. ئالمىدەك مەڭزىدە بەش بارماقنىڭ ئىزى قالدى. شۆھرەتنىڭ چىرايى سەت پۈرۈشكەندى. ئۇ قىزنىڭ تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋاتقان كۆزىگە قاراپ تىل سالدى:

— قارا، بۇ بۇزۇقنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىنى. بىلمەيدىغان بۇزۇقماۋاسەن، ھالىغا باقماي دەۋاتقان گەپلىرىنى.

قىز ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، سورۇندىن يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كەتتى.

— ھە، شۆھرەت، گېپىڭگە كىرمەيۋاتامدۇ؟ نېمانچە ئالدىرايسەن سورۇن تۈگىمەستە، قىز بالا دېگەننى ئاستا ـ ئاستا ئەيۋەشكە كەلتۈرىدىغان گەپ.

شۆھرەت ئۆزىگە ئەجەبلىنىش نەزىرىدە تىكىلگەن كۆزلەر ئارىسىدىن ئاستا سوغۇرۇلۇپ چىقتى ـ دە، سىرتقا ماڭدى.

قىز قاۋاقنىڭ غوجايىنى — ئۇزۇن، شادىپاچاق، چىرايى قۇيغان ئۆپكىدەك ئاپپاق، سۇۋارى ئالتۇن چىش سالدۇرۇۋالغان،

قولاق ـ بويۇنلىرىغا ئاتنىڭ تاقىسىدەك ھالقاۋە زەنجىر، بىلەك ـ بارماقلىرىغا قوش ـ قوش ئالتۇن بىلەزۈك، ئۈزۈك سېلىۋالغان، كۆرۈنۈشىدىن تولىمۇ ھاكاۋۇر ئايالنىڭ قېشىدا شۈمشىيىپ ئولتۇراتتى. شۆھرەت ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ھە، شۆھرەتجان، ئەجەب ئاچچىقلىق كېلىپ قاپتۇغۇ؟ — دېدى ئايال غوجايىن خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن ھىجىيىپ.

— ماۋۇ بۇزۇقنىڭ چوكچىلىقىنى دېمىنا، ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇپ، — دېدى شۆھرەت قىزغا دېۋەيلەپ.

— نېمە بولۇشقاندىڭلار؟ ئەجەب گېپىڭلارنىڭ ئېغى بىلەن بېغىنى ئۇقالماي قالدىمغۇ؟

— باشقا گەپقۇ يوق. باشلىقنىڭ سەل كۆڭلىنى ئېچىپ قوياي دېگەن مۇددىئايىم بار ئىدى. ماۋۇ بۇزۇقنى باشلىقنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇرغىن دېسەم، پەقەتلا ئۇنىمايۋاتىدۇ. نەچچە پۇل ئالساڭ بېرەي دەپمۇ باقتىم. شۇنچە يالۋۇرساممۇ ھەلەلەك ـ شەلەلەك دەپ چىشىمغا تېگىۋاتىدۇ دەيمەن. ياش ـ قېرى دەپ كەتمىسىمۇ، بەربىر بۇزۇققۇ ئۇ. ھۇ، ئىززىتىنى بىلمەيدىغان پەس!

— شۆھرەت، ئاغزىڭنى بۇزما جۇمۇ. بىكار مەن ئاغزىمنى بۇزىدىغان بولسام چىرايلىق گەپ چىقمايدۇ.

— كاپىلدىما قانجۇق! — ئايال غوجايىن قىزنىڭ ئاغزىغا بىر تەستەك سالدى، — خېرىدارلارنى داۋاملىق سەنلا خاپا قىلىسەن. جىقراق پۇل تېپىپ ياخشىراق كۈن كۆرسەڭ ئۆزۈڭگە كۆرەرسەن ھەرقاچان.

— ماڭا ئۇنداق پۇلنىڭ كېرىكى يوق. كۆڭلۈم كۆتۈرمىگەن ئىشنى قىلىپ، پۇلغا ۋىجدانىمنى، غۇرۇرۇمنى تېگىشمەيمەن...

— تۇفى بۇزۇق! — ئايال قىزغا غەزەپ بىلەن بىرنى تۈكۈردى، — ماۋۇ بۇزۇقنىڭ ۋىجدان، غۇرۇر دەپ كېتىشلىرىنى تېخى. سەن بۇ قاۋاقتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمەن دەپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ يوقال! ھازىرلا لاقا ـ لۇقىلىرىڭنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيىنى بىكارلا. ھۇ، ئىززىتىنى بىلمەيدىغان پاسكىنا!

## 4

كېچە. شۆھرەت ھاراقنىڭ كەيپىدىنمۇ ياكى باشلىقنىڭ بەرگەن ۋەدىلىرىدىنمۇ ئەيتاۋۇر خېلىلا روھلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بىردىنلا ئايالىنى كۆرگۈسى كېلىپ قالدى. ئايالى يامانلاپ كەتكىلى خېلى بولغانىدى. ئۇ ئالچاڭلاپ ماڭغىنىچە قېيىنئاتىسىنىڭ مەھەللىسىگە قاراپ ماڭدى.

«باراي، بېرىپ ئۆزۈمنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولىدىغانلىقىمنى ئېيتاي. قېنى ئەمدى ئۇنىڭ نازلىنىپ ئۆيگە كەلمىگىنىنى بىر كۆرەي. بىلىپ قويسۇن، ئېرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئادەم بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ قويسۇن، ھازىرچە مۇئاۋىن، يەنە بىرەر يىل ئۆتسە رەسمىي بۆلۈم باشلىقى بولۇپ قالىمەنمۇ تېخى. ئىشنىڭ يولىنى، ئېپىنى ئوبدانلا بىلىپ قالدىم. كېيىنچە ئىدارە باشلىقى ھەتتا ئۇنىڭدىن چوڭ مەنسەپدار بولۇشۇمدىنمۇ گەپ يوق. مەسىلە، ئۆزۈمنىڭ بۈگۈنكىدەك پەيتنى تاللاپ تۇرۇپ، ئىشلارنى جاي ـ جايىدا قاملاشتۇرۇپ، باشلىقلارنىڭ كۆڭلىگە يېقىشىمدا. ھىم، نىجاتنىڭ كۆرەڭلەپ كەتكىنىنى كۆرىمەنغۇ تېخى. رەنجىمە، نىجات ئاغىنە، ھازىرچە تۇرۇپ تۇر. كېيىنچە مەن ئىدارە باشلىقى بولغاندا، مەكتەپتىكى چاغلاردا ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭنى قايتۇرۇش يۈزىسىدىن بولسىمۇ سېنى مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقلىقىغا چوقۇم ئۆستۈرىمەن.» شۆھرەت شېرىن خىياللار ئىلكىدە كېتىۋېتىپ، بىردىنلا يول بويىدىكى داڭگالغا پۇتلاشتى ـ دە، پالاققىدە يىقىلدى. لېكىن، بىر يەرلىرى ئانچە قاتتىق ئاغرىمىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىدىكى توپىلارنى چالا ـ بۇلا قاقتى. ئايالى ئېسىگە كېلىپ بىردىنلا جۇدۇنى تۇتتى: «خەپ، سەن قانجۇقنى، ئۆيگە بىر ئەكېلىۋالاي قېنى، كۆرسىتىمەنغۇ تېخى. كېيىنچە ئىدارە باشلىقى بولۇپ قالسام... بولدىلا، بۇ كېچىدە يول

مېڭىپ، ساڭا يالۋۇرۇپ يۈرىدىغان ئادەتتىكى ئادەممىدىم مەن. بىلىپ قوي، خوتۇن. مەن دېگەن ھازىر مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى! ئىززىتىمدىن چۈشۈپ ئالدىڭغا يالۋۇرۇپ بارمىسامۇ بۈگۈن ـ ئەتە باشلىق بولغىنىمنى ئاڭلىساڭ ئالدىمغا ئۆزۈڭ يالۋۇرۇپ كېلەرسەن ھەرقاچان. ئاتا ـ ئاناڭمۇ: ۋاي شۆھرەتجان بالام، خاپا بولمىسىلا، سەۋەنلىك قىزىمىزدىن ئۆتۈپتۇ، دەپ كېلەمدۇ تېخى...»

شۆھرەتنىڭ ئايالىنى ئېلىپ كېلىشتىن بىردىنلا رايى قايتتى. كوچا چىراغلىرى يولنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. كوچىدا ئادەملەر خېلىلا شالاڭلاپ قالغان بولۇپ، ئاندا ـ ساندا موتوسىكلىت ياكى ۋېلىسىپىتلىكلەر ئالدىراش ئۆتۈپ تۇراتتى. شۆھرەت ئالدى تەرەپتىكى چىراغ يورۇقىدا ۋېلىسىپىتكە تايىنىپ تۇرغان بىر قىزنى كۆرۈپ، نېرى ـ بېرىسىنى ئويلاپ تۇرمايلا ئىككى بارمىقىنى ئاغزىغا سېلىپ ئىسقىرتتى. بۇنداق ئىسقىرتىشقا ئۇ خېلىلا ماھىر ئىدى. شۆھرەت پالاقلاپ يۈگۈرگىنىچە قىزنىڭ قېشىغا كەلدى:

— ھە، خېنىم، تۇرۇپ قاپلىغۇ؟ قانداق، ھەمراھ بولايمۇ؟ خاتىرجەم بولسىلا، باھاسىدا...

شۆھرەتنىڭ گېپى تۈگىگۈچە، ئېڭىكىگە تەگكەن مۇشتتىن ئارقىسىغا دارالڭىدە ئۈچۈپ كەتتى.

— سەن خۇمسىلارنىڭ دەردىدىن بىرەر خوتۇن كىشى يالغۇز ماڭالامدۇ بۇ يولدا.

شۆھرەت تېپىك ـ پەشۋالار دائىرىسىدە خېمىردەك چەيلىنىۋاتاتتى. ئۇ دەسلەپ بىراۋنىڭ كېلىپ ئۆزىنى بۇ رەھىمسىز دۇمبا ئاستىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشىنى تىلىدى، خېلىلا ئۈمىدلەندى. بارا ـ بارا تاياقنىمۇ سەزمىدى.

... ئىدارىنىڭ چوڭ يىغىن زالى. ئىدارىدىكى ھەممە خىزمەتچى تولۇق يىغىلغان. رەئىس سەھنىسىدە ئىدارە باشلىقلىرى ۋە ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ مەسئۇللىرى قاتار

ئولتۇرۇشىدۇ. مانا ئىدارىنىڭ كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل باشلىقى مىكروفونغا ئاغزىنى تەگكۈزۈپ تۇرۇپ شۆھرەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىق بولغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۇنى رەئىس سەھنىسىگە چىقىشقا تەكلىپ قىلدى. شۆھرەت ئەتراپىغا مەغرۇر نەزەر سالدى. ئەنە نىجات پۇرقىرىتىپ تاماكا چەككىنىچە شۇمشىيىپ ئولتۇرىدۇ. شۆھرەت سەھنىگە قاراپ قەدەم تاشلىدى. تۇيۇقسىز زال ئىچىدە قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى. شۆھرەت خۇدۇكسىرەپ ئەتراپىغا قارىدى. زالدىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە قاراپ كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ بەك ئالاقزادە بولدى. تۇيۇقسىز ساغرىسى تەرەپنىڭ بىنورمال بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ دەرھال كەينىگە قارىدى. ئاھ، نېمە كارامەت بۇ ! بىر تال قۇيرۇق، قۇيرۇق بولغاندىمۇ ئىتنىڭكىگە ئوخشايدىغان بىر تال قۇيرۇق ئىشتىنىنى تېشىپ چىققان بولۇپ بارغانسېرى ئۇزىراۋاتاتتى. شۆھرەت قۇيرۇقنى دەرھال تۇتۇۋالدى. بىراق، مەسخىرە ساداسى ئىچىدە قۇيرۇق تېخىمۇ بەك ئۇزىرىپ كېتىۋاتاتتى. كىمدۇر بىرسى شۆھرەتنىڭ يەردە سۆرىلىپ تۇرغان قۇيرۇقىغا دەسسىۋالدى. شۆھرەت قاتتىق ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي ۋارقىرىدى، ئاۋازى سۆڭگىچىگە تېپىك يېگەن ئىتنىڭ كاڭشىغىنىدەك چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاۋازىدىن نومۇس قىلىپ دەرھال ئاغزىنى يۇمۇۋالدى. لېكىن، قۇيرۇقى تېخىچىلا دەسسىلىپ تۇراتتى. قۇيرۇقىدىن كىرگەن ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي يەنە ۋارقىرىۋەتتى. ئاۋازى يەنە بايىقىدەكلا تېپىك يېگەن لالما ئىتنىڭ كاڭشىغىنىدەك چىقىپ كەتتى. ئۇ مەدەت تىلەپ ئەتراپىغا قارىۋىدى، مەسخىرىلىك چىرايلاردىن باشقا ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىۋاتقان بىرمۇ چىرايىنى كۆرەلمىدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ قېشىغا تۇيۇقسىز بىرەيلەن يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا بىر قىلىچ بار ئىدى. شۆھرەت شۇنداق قارىۋىدى، ئۇنىڭ چىرايى بىردە نىجاتقا، بىردە سادىر پالۋانغا ئوخشاپ كەتتى. شۆھرەت قورقۇمسىراپ قىلىچقا قاراپ

قويدى ـ دە، تولىمۇ تەستە ياردەم تىلىدى. لېكىن، ئاغرىدىن گەپ ئەمەس، ئېتىنىڭ قاۋىغىنىدەك بىر خىل ئاۋاز چىقتى. ھېلىقى بىردە ئىجاتقا، بىردە سادىر پالۋانغا ئوخشايدىغان كىشى قولىدىكى قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شۆھرەتنىڭ خەقلەر دەسسەپ تۇرغان قويرۇقىنى دەل كاسىسىنىڭ تۈۋىدىنلا كېسىپ تاشلىدى. شۆھرەت ئاغرىق ئازابىدىن شۇنداق قاتتىق كاڭشىپ كەتتىكى، يەردە نەچچىنى يۇمىلاپ كەتتى...

شۆھرەت سۇدا ياتقاندەك تەرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ ۋەھىمە ئىلكىدە كۆزىنى ئاچتى. ئۆزىنى يىغىن زالىدا ئەمەس، ئۆيىدە كۆرۈپ، بايىقى ۋەھىمىلىك ۋەقەلەرنىڭ چۈشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بىر ئاز خاتىرجەم بولدى. لېكىن، كاسىسى تېخىچىلا ئاغرىۋاتاتتى. ئۇ ۋەھىمە ئىلكىدە قولىنى ئاستا كاسىسىغا ئاپاردى. قولىغا ھاراق بوتۇلكىسى چىقتى. بۇ كېچىدىن ئۆيىگە كېلىپ ئىچكەن ھاراقنىڭ بوتۇلكىسى ئىدى. ئۇ مەستلىكتە بوتۇلكىنى قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قالغان بولۇپ، ھاراق بوتۇلكىسى يۇمىلاپ كېلىپ كاسىسىغا پېتىپ كەتكەنىدى.

شۆھرەت يۈزىنى چالا ـ بۇلا يۇدى ـ دە، ئۇدۇل ئىدارىسىگە قاراپ ماڭدى. تەڭ كېچىدە چىققان بوران توختىغان بولسىمۇ لېكىن ئاسماندىن توپا يېغىۋاتاتتى. ھاۋا ـ جاھان ساپسېرىق كۆرۈنەتتى. شۆھرەت كېچىدىن كۆرگەن غەلىتە چۈشىنى ئويلاپ غەمكىن كېتىۋاتاتتى.

— سەدىقە بالانى يەر، تۆۋا گۇناھىنى. ياخشى ـ يامان كۆرگەن چۈشلىرىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر سەدىقە بېرىۋەتسىلە، ھاجىم بالام.

يول بويىدا قىرىق ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئادەم ئوشۇقىدىن تۆگەللا كېسىۋېتىلگەن ئوڭ پۇتىنى ئالدىدىكى پارچە پۇللار دۆۋىلەنگەن داستىخانغا خۇددى مال ئەۋرىشكىسى قويۇپ قويغان تىجارەتچىدەك قويۇۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بارچە تۆۋلاۋاتاتتى. شۆھرەت ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ تىلەمچىنىڭ ئالدىدىكى داستىخانغا پارچە پۇل تاشلىدى.

# 5

شۆھرەت ئىدارىگە كەلگەندە خىزمەت بىناسى ئالدىدا بىر توپ خىزمەتداشلىرى غۇژمەكلىشىپ ھە دەپ كۈلۈشۈۋاتاتتى. نىجات نېمىلەرنىدۇر سۆزلەۋاتاتتى. شۆھرەتنىڭ قۇلىقىغا نىجاتنىڭ: «سادىر پالۋان قىلىچى بىلەن شۇنداق بىر چاپقانىدى» دېگەن سۆزلىرى چالا - پۇلا كىردى - دە، ۋەھىمىدىن يۈرىكى دۈپۈلدىدى. نىجاتقا ئاداۋەت بىلەن قاراپ قويدى: «كېچىدىن كۆرگەن چۈشۈمنى قانداق بىلىپ قالدىكىنە؟ چۈشۈمدە كۆزۈمگە سادىر پالۋان بولۇپ كۆرۈنگىنى ئەسلىدە نىجات ئىكەن - دە. ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سادىر پالۋاننى تولا چۈشەيدىغان بولۇپ قالدىم، دەۋاتاتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، مەن كۆرگەن چۈشنى كېچىدىن ئۇمۇ كۆرۈپتىكەن - دە، خەپ، نىجات، ئۇزاق يىللىق ساۋاقداش ھەم يېقىن ئاغىنە تۇرۇپ، ئازراقمۇ بولسا يۈزۈمنى قىلماي، ماڭا قويرۇق چىقىپ قالغىنىنى خىزمەتداشلارغا يېيىۋېتىپسەن. توختاپ تۇر، كۈنلەر تېخى ئۇزۇن، كۆرىسەن، كىم ئاخىرىغىچە كۈلەلەيدىكىن، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولغان كۈنۈم...»

— كېلىڭ، شۆھرەت، بۇ خىزمەتدىشىڭىز بىلەن تونۇشۇپ قويۇڭ، — پېشقەدەم بۆلۈم باشلىقى بىر چەتتە چاقچاققا ئارىلاشماي پۇشۇلداپ تۇرغان شۆھرەتنىڭ خىيالىنى تۇيۇقسىز بۆلۈۋەتتى ۋە نىجاتلار بىلەن كۈلۈشۈپ تۇرغان ناتونۇش بىر يىگىتنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى، — ئىسمى قەيسەر، سىلەرنىڭ بۆلۈمگە مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولۇپ يۆتكىلىپ كەلدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۆھرەتنىڭ قۇلاق تۈۋىگە بىرسى بازغاندەك مۇشتۇمى بىلەن قاتتىق سالغاندەك بولدىكى، قۇلاق - مېڭىسى ۋىڭىلداپ، ۋۇجۇدىغا مىخلاپ پىچاق سانجىلغاندەك ئاغرىق كىردى. چىرايى ئاۋۋال تاتاردى، كېيىن قىزاردى.

www.uyghurkitap.com

— تەڭدىمەتلىك ئىكەنمىز، خىزمەتتە كۆپرەك ياردەم قىلارسىز، — دەپ ئۆزارتقان دوستانە قولنى شۆھرەت مەست ـ ئەلەسلەردەك تىترەپ تۇرۇپ چالا ـ بۇلا تۇتتى. يىغىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر كۆز چانىقىنى سۇيۇق بىر پەردە توسۇۋالدى. كۆز ئالدى غۇۋالاشتى. ئاشۇ غۇۋالىق ئىچىدە ئىدارىنىڭ كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل باشلىقىنىڭ يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايى گىرىمسەن كۆرۈندى. شۇ ھامان ئۇنىڭ يۈرىكىدە كىچىككىنە بىر ئۈمىد نۇرى پىلىلدە چاقناپ ئۆتتى ـ دە، دەرھال خىزمەت بىناسىنىڭ پەلەمپىيىگە قەدەم باستى. ئۇ تېخى ئۈچ ـ تۆت قەدەم چامدا ـ چامدىمايلا ئارقىسىدىن گۈررىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. شۇ ھامانلا خۇدۇكسىرەش ۋە ئالاقزەدىلىكتىن كاللىسىغا چىدىغۇسىز بىر ئازاب ھۇجۇم قىلدى. چۈشىدىكى غەلىتە مەنزىرە كۆز ئالدىغا كېلىپ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلاشتى. قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە ئىلكىدە ئاستا ساغرىسىنى سىلاپ باقتى.

1998 ـ يىلى 16 ـ ماي، يەكەن



# يازغۇچى، ھۆرمەت شارابى ۋە چىۋىن

يازغۇچى ئەمدى يوتقانغا كىرگەنىدى، يانفونى ئەنسىز جىرىڭلاپ كەتتى.

«ھەي... تېلېفوننى ئېتىۋېتىشنى يەنە ئۇنتۇپ قاپتىمەن – دە، بۇ كەچتە مېنى ياد ئېتىپ قالغان كىم بولغىيدى ئەمدى؟!»

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم !

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! يازغۇچى ئەپەندىممۇ؟

— ھە، مەن شۇ.

— مۇنداق گەپ، ئاكا، بىرنەچچە ئاغىنىلەر ئولتۇرغانىدۇق. سىز بىلەن گۇڭۇر – مۇڭۇر پاراڭلاشقۇمىز كېلىپ...

تېلېفون قىلغۇچى مەستتەك قىلاتتى. يازغۇچىنىڭ قۇلىقىغا ئۇنىڭ گەپلىرى خۇشياقمايۋاتاتتى.

«قورسىقىم تويغاندا قېرىنداشىم يادىمغا كەپتۇ دەپ، ئەجەب بۇ ۋاق بولغاندا مەن بىلەن كۆرۈشكۈسى كېلىپ قاپتۇغۇ. ھەممە ئادەم رېستورانىدىن ئۆيىگە يېنىۋاتسا مەن ئۆيدىن رېستورانغا بارامدىمەن؟ ھۆرمىتى بار ئادەم سورۇن باشلانماستا قىچقارماي...»

— ئەسلىدە بۇ ۋاق بولغاندا سىلىنى ئاۋارە قىلمىسام بولاتتى، — قارشى تەرەپ مەست بولسىمۇ خۇددى يازغۇچىنىڭ ئوي – خىيالىنى بىلىۋالغاندەك سۆزلەيتتى، — سورۇندىكىلەرگە شۇنداق دېدىم بولمىسا. لېكىن، يىراقتىن كەلگەن بىر ھۆرمەتلىك ئاكىمىز بار ئىدى دېسىلە، سىلى بىلەن كۆرۈشكۈسى بارلىقىنى دەپ، قالدى. ئەتە يۇرتىغا كېتىدۇ. بولدى، گەپنى جىق قىلماي، مۇمكىن بولسا شاققىدە... ماشىنا ئەۋەتەيمۇ يا؟

ـــ ماقۇل، ئەمىسە، xx رېستوراننىڭ xx ئايرىمخانىسىدا.

يازغۇچى سېلىۋېتكەن كىيىملىرىنى قايتىدىن كىيىشكە باشلىدى.

ـــ بارمىسىلا بولمامدۇ، ياتار ۋاق بولغاندا، ـــ غودۇڭشىدى ئايالى نارازىلىق بىلەن.

ـــ خەق ھۆرمەت قىلىپ قىچقارغان تۇرسا، بارمىسام سەت تۇرار.

ـــ ھۆرمىتى بار ئادەم بۇرۇنراق قىچقىراتتى؟!

ـــ مېنى ئەمدى ئېسىگە ئالغان ئوخشايدۇ، ـــ دېدى يازغۇچى پىخىلداپ كۈلۈپ، ـــ ئەسلىدىغۇ بارماي دېگەن. سورۇندا باشقا يۇرتتىن كەلگەن بىرەيلەن بار ئوخشايدۇ. شۇ كىشىنى دەپ كېتىۋاتىمەن.

كىچىككىنە ئايرىمخانىنى ئالتە مەست ئۇماچ قاينىغاندەكلا قىلىۋەتكەنىدى. ئۇلار يازغۇچىنى كۆرۈپ گۇرر يىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ـ دە، چاۋاك چېلىپ قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

ـــ قانداق، كەلدىمۇ؟

ـــ كەلمەيدۇ دەۋاتامتىڭ؟

ـــ ھە، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

ـــ ۋەدىسىدە تۇرسۇن.

ـــ تۇرمىسا بولمايدۇ.

ـــ ھە، ئېگىشە.

ـــ ئۆزۈم ئېگىشتۇرەمدىمەن يا؟

ـــ سەن راست گەپ قىلمىدىڭ.

ـــ راست گەپ قىلدىمغۇ!

ـــ راست گەپ قىلغان بولساڭ كەلمەيتتى، يىراقتىن كەلگەن مېھمان بار ئىدى، سىلى بىلەن كۆرۈشكۈسى بار ئىكەن دەپ ئالداپ ئەكەلدىڭ.

ـــ ئىشقىلىپ، كەلدىغۇ؟

ـــ دوڭغايماق تەس كېلىۋاتامدۇ؟

— ئاسان كەلسە سەن دوڭغىيە.

ئايرىمخانىغا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ كىرگەن يازغۇچى تېخىچىلا ئۆرە تۇراتتى. ئالتە مەست ئۇنىڭ سالىمىنى ئېلىك ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھە دەپ گەپ تالىشىۋاتاتتى. يازغۇچى سورۇندا يىراقتىن كەلگەن ھۆرمەتلىك مېھماننىڭ يوقلۇقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئاشۇنداق دەپ ئالدىغىنىنى ھەمدە سورۇندا ئۇنى كېلىدۇ، كەلمەيدۇ دېيىشىپ باغلاشقانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ ئالتە مەستنىڭ ئارىسىدىكى بىرەيلەننى تونۇدى. ئۇ بۇ يۇرتتىكى ئەدەبىيات ھەۋەسكارى ئىدى. يازغۇچى بىلەنمۇ يامان ئەمەس سالام - سەھەتى بار ئىدى.

— بۇياققا ئۆتسىلە، ئاكا.

ھەۋەسكار يۈگۈرۈپ كېلىپ يازغۇچىنى بوش ئورۇنغا باشلىدى، ئاندىن ئۇلپەتلىرىگە ۋارقىرىدى:

— بولدى قىلىشە ھەي لاۋزا چاقچاقنى.

— بىز چاقچاق قىلمىغان، راست باغلاشقان. ئابدۇباقى يېڭىلگىنىگە تەن بەرسۇن.

— تەن بەرمىسە ئالدىڭدا دوڭغايسا بولار ھەرقاچان.

— مەتباقىنىڭ پەيلى يامان زادى.

— شۇ، ئابدۇباقىنى دوڭغايتقۇسى بار.

— ئۇ ئۆزى يازغۇچى ئەپەندىم كەلمەيدۇ، كەلسە دوڭغىيىپ بېرىمەن دېگەن.

— كۆتكۈچىنى چاقىرىڭلار، يازغۇچىغا چاي قۇيسۇن.

— بولدى مەتباقى، يازغۇچى ئەپەندىمنىڭ ئالدىدا سەتلەشمەيلى.

— شۇنداق قىلىلى.

— بولمىسا يېزىپ قويىدۇ.

— يازغۇچى ئەپەندىم، قورۇمىلاردىن ئالسىلا.

ئۈستەلدىكى قورۇمىلار ئالىلىقاچان سوۋۇپ، قېتىپ كەتكەنىدى.

www.uyghurkitap.com

— يېڭىدىن قورۇما بۇيرۇتايلى.

— يازغۇچى ئەپەندىم كۆڭلى تارتقان قورۇمىسىنى دېسۇن.

— كۈتكۈچى قىزچاق، يازغۇچى ئەپەندىمگە چاينى قىزىق قۇيۇڭ جۇما.

— ئاۋايلاڭ، خېنىم، يازغۇچى ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا چاي قويۇۋەتكىلى قىل قالدىڭىز.

— بولۇڭ، كۈتكۈچى خېنىم، قاراپ تۇرماي يازغۇچىنى تۇۋلاڭ.

— يازغۇچى يېنىمىزدا تۇرسا قايسى يازغۇچىنى تۇۋلايدۇ؟

— ھېلىقى قورۇما يازىدىغان يازغۇچىنى.

— قاملاشمىغان گەپ قىلىدىكەنسىلە، يازغۇچى دېمەي تاماق تىزىملىغۇچى دەڭلا مۇنداق.

— لاۋزا ئاداش ئىكەن بۇ، يازغۇچىنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈپ.

— بەرىبىر ئۇمۇ يازىدۇغۇ شۇ.

— ئوخشىمايدۇ.

— شۇنداق، ئەلۋەتتە ئوخشىمايدۇ. يازغۇچى ئەپەندىم دېگەن مىللىتىمىزنىڭ پەخرى.

— يۇرتىمىزدىن چىققان ئوغلان.

— مانا مۇشۇنداق سورۇندا ئولتۇرالىغىنىمىزدىن پەخىرلەنسەك بولىدۇ.

— بىزلا ھۆرمىتىنى قىلالمايۋاتىمىز.

— باشقا يۇرتتىكىلەر سورايدۇ.

— بىرەر قېتىم كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولارمۇ دېيىشىدۇ تېخى.

— مانا بىز كىچىنى كىچە دېمەي يوتقاندىن سۇغۇرۇپ ئاچىقالايمىز.

— تېخى تىللىيالايمىز.

— كىمنى؟

— يازغۇچىنى.

— ھەددىڭدىن ئاشما.

— چاقچاق قىلدىمەي.

— يازغۇچى ئەپەندىمگە ھاراق قۇيمامسەن؟

— قورۇما يازىدىغان يازغۇچى كىرمەيدۇيا !؟

— چوڭ يازغۇچىنى كۆرۈپ تارتىنىپ قالدىمۇيا؟

— ئەركىكنى كۆرگەندە چىشىسى خاسىيىتىنى يوقىتىدۇ ـ دە.

— يازغۇچىغا ھاراق قۇي.

— قوش رومكىدا قۇيەۋا. يازغۇچى ئەپەندىم بىلەن بىللە ئىچىپ قويااي.

— نېمىشقا باشتا سەن ئىچىدىكەنسەن؟

— مەن بىللە ئىچىمەن.

— تالاشماڭلار، ئاغىنىلەر، مەن ساقىي بولغاندىكىن ئاۋۋال ئۆزۈم بىللە ئىچەي.

ساقىي ئىككى رومكا ھاراقنى تەخسە بىلەن يازغۇچىغا تەڭلىدى.

— ئالسىلا، يازغۇچى ئەپەندىم، ئاۋۋال ئىككىمىز بىر رومكىدىن ئىچەيلى.

— مەن... مەن ئىچمەيتتىم.

— توۋا دېسىلە، يازغۇچى ھاراق ئىچمىسە قانداق بولىدۇ؟

— ئىلھام نەدىن كېلىدۇ؟

— ئىلھام ئەمەس، ئىلھامى دېگىنە.

— ئىلھامى ئەمەس، ئىلھام پەرىسى دەيمىز ئادىشىم.

— ۋاھ، پەرىدەك بىر قىز بالىنى كەلتۈرۈۋېلىپ يازىدىكەن ـ دە.

— قىلىدىغان ئىش يازغۇچىلىقمۇ نېمە؟ !

— ئاسان چاغلىماڭلار ئادىشىم.

— شۇنداق. ھېلىقى ئاكا ـ ئۇكا كۇلدۇرگە چولپانلىرى دېگەنغۇ، ئىلھامى كەلسە بەش مىنۇت، ئىلھامى كەلمىسە بەش

يىل، دەپ.

— بىزنىڭ يازغۇچىمىزنىڭ قېشىغا ئىلھام، ئىلھامى ئەمەس، ئىلھام پەرىسى كېلىدىكەن ئەمەسمۇ!

— ھە، ما گېپىڭلا كەلدى مانا. مۇنداق قىزىق گەپ قىلىپ ئولتۇرە.

— ئاغىنىلەر، قولۇم تېلىپ كەتتى. يازغۇچى ئەپەندىمگە ھاراق زورلىشىپ بېرىڭلار.

— بىر رومكا ئىچىپ قويسىلا ئەمدى.

— ھۆرمىتىمىزنى قىلىپ قويسىلا.

— بۇ سىلىگە تۇتقان ھۆرمەت شارابىمىز بولۇپ قالسۇن.

— بىر رومكا ھاراقتا ئالتەيلەن شېرىك بولۇۋالماي، نۆۋىتىمىز كەلگەندە بىردىن تۇتارمىز مۇنداق.

— شۇنداق، مېنىڭمۇ بىر رومكا ھۆرمەت شارابى تۇتقۇچىلىكىم بار.

— مېنىڭمۇ بار.

— مەنمۇ بىللە ئىچىمەن.

— قولىمىزنى قايتۇرماي بىر رومكىدىن ئىچىشىپ بەرسىلە ئەمدى.

يازغۇچى ئىلاجسىز رومكىنى قولىغا ئالدى. ھەممەيلەننىڭ ئايرىم - ئايرىم تۇتقان بىر رومكىدىن ھۆرمەت شارابىنى ئىچىۋەتتى. ئارقىمۇئارقا ئىچكەن ئاچچىق ھاراق بېشىنى قايدۇرۇۋەتتى.

— ھەي، جىم بولۇڭلار. يازغۇچى ئەپەندىم گەپ قىلىپ بەرسۇن.

يازغۇچى نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن قىزىق پاراڭ تەمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى، لېكىن يازغۇچى قىزىق پاراڭ سېلىشنى ئانچە بىلمەيتتى. قىزىق پاراڭنىڭ ئورنىدا بۇ ئالتە مەستكە نەسىھەت خاراكتېرلىك گەپ قىلىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى.

— مەن نېمىمۇ دەي؟ يەنىلا سىلەرنىڭ پارىڭىڭلارنى ئاڭلاي.
— تۇرمۇش ئۆگىنەي دېدىلە ـ دە.
— بىزنى يېزىپ قويمايدىغانلا ـ هە!
— توزۇك گەپ قىلە. بىزنىڭ يازغۇدەك نەرسىمىز بار؟
— سېنىڭ يازغۇدەك يېرىڭ ئاز، ئاداش.
— ماڭا قالسىلا يازغۇچى ئەپەندىم، مۇنداق بىر چوڭ ـ چوڭ ئۇلۇغۋار ئىشلارنى يازسىلا جۇما!
— ئوقۇغان ئادەم دوپپىسىنى ئالدىغا قويۇپ هەپتە ئويلانغۇدەك يازسىلا.
— هازىرقى ياش باللارنى يازسىلا.
— كۆلۈپ ئۇچيى ئۆزۈلۈپ كەتكۇدەك يازسىلا.
— هەي، ياشلىرىمىز نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ـ هە؟
— هەممىسى هاراقكەش بولۇپ كەتتى.
— دىياچى بولۇپ كەتتى.
— توركەش بولۇپ كەتتى.
— ياشلار بۇزۇلۇپ كەتتى.
— ئۆزىمىزگە بىر قوشۇق ئېلىپ قويايلى، قېرى ئادەمدەك سۆزلىمەي.
— هە بىزغۇ چەككە ـ چۇككە ئىچىپ قويىمىز.
— هاراق بوتۇلكىسىنى بوينۇڭلىغا ئېسىپ يۈرمەيسىلە بولمىسا.
— يازغۇچى ئەپەندىمگە سورۇندىكىلەرنى تونۇشتۇرماپتۇق ئەمەسما؟
— تونۇشتۇرە ئەمىسە.
— ئۆزۈڭ تونۇشتۇرە.
— سېنىڭ خېلى ئېپىڭ بارغۇ تونۇشتۇرۇشقا.
— نېمە دەيدۇ ما دەللال گۇي.
— ئاغزىڭنى بۇزما لاتا.
— ئەمىسە هەممىمىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز تونۇشتۇرايلى.

— شۇنداق قىلايلى.
— يازغۇچى ئەپەندىمدىن باشلايلى.
— قېنى ئەپەندىم، ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرسىلا.
مەستلەرنىڭ پارىڭىدىن بىزار بولغان يازغۇچى زورغا كۈلۈمسىرىدى.
— ھەممىڭلار تونۇيسىلەرغۇ مېنى؟
— شۇنداق بولسىمۇ ئۆز ئاغزىلىرىدىن ئاڭلايلى.
— دېسىلە، سىلى كىم؟
— مەن ئۆزۈم شۇ.
يازغۇچىنىڭ جاۋابىدىن ھەممەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.
— ئاجايىپ مەنىلىك گەپ بولدى ـ دە، بۇ.
— يازغۇچىغا لايىق گەپ بولدى.
— ئىككى رومكا ھاراق قويە ئاداش، مۇشۇ گەپنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن يازغۇچى ئەپەندىم بىلەن بىر رومكا ئىچىپ قوياي.
— مەنمۇ بىر رومكا ئىچىمەن.
— نېمە شاتۇتىدەك ئادەم نېمە قىلسا شۇنى تەكرارلايدىغاندۇ ما ئاداش؟
— تەكرارلىمىدىم، مەنمۇ شۇنداق دەي دەپ تۇرغان.
— باشتا دېسەڭ بولمامدۇ ئەمىسە؟
— كەينىڭدىن دېسەم بولمامدىكەن؟
— تولا كەينىمنى ئاختۇرما !
— كەينىڭنى ئاختۇرساق پوق چىقىدۇ شۇ.
— ما لاۋزىنىڭ گېپىنى.
ئىككىسى ياقا سىقىشتى. ئۆلپەتداشلىرى ئۇلارنى ئاجرىتىشقا يۈگۈرۈشتى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن يازغۇچى ئايرىمخانىدىن غىپپىدە چىقىۋالدى. ھەئە، ئۆيگە تېزرەك كېتىۋېلىشقا ئالدىرىدى. جېدەل باشلانمايلا بېسىقتى.
— بۇ ئىككىسىگە بىر رومكىدىن ھاراق بېرىڭلار.
— شۇنداق، بىر رومكىدىن ئىچىشىپ ئاداۋەتنى يۇيۇۋەتسۇن.

— ئات تەپكەنگە ئات چىدايدۇ دەپتىكەن، مۇنداق بىر چاقچاققا چىداڭلا، ئاغىنىلەر.
— ۋاي يازغۇچى ئەپەندىم يوق تۇردۇڭغۇ؟
— خالاغا كەتتىمكىن.
— چاپىنىنىمۇ كىيىپ چىقىپ كېتىپتۇ.
— كەتكەن ئوخشايدۇ.
— خوش دېمەيلا كېتىپتۇ ـ دە.
— تازىمۇ بىر قائىدە بىلمەيدىغان نېمىكەن ـ دە؟
— يازغۇچى دېگەن شۇ.
— ئۆزىنى كۆرمەي يازغىنىنى ئوقۇسا بولىدۇ.
— تازىمۇ بىر توخۇ يۈرەك ئاداش ئوخشايدۇ.
— قانداق دەيسىلە؟
— ئەمەت بىلەن مەمەتنىڭ ياقا سىقىشقىنىنى كۆرۈپ، مۇشتلىشىپ قالسا بىرەر ياۋا مۇشت تېگىپ كەتمىسۇن دەپ قاچقانمىكىن دەيمىنا.
— بۇمۇ بار گەپ.
— خەقنى باتۇر بولۇڭلار، نوچى بولۇڭلار دەپ يازغىنى بىلەن ئۆزىنىڭ هالى شۇ.
— قەلەمگە كۈچى يېتىدۇ ئۇلارنىڭ.
— هۆرمىتىنى قىلغاننى بىلمەي قاچقىنىنى.
سورۇندىكى ئەدەبىيات هەۋەسكارى زەهەرخەندىلىك بىلەن ئېغىز ئاچتى:
— باياتىن بىرى ۋاي يازغۇچى ئەپەندىم دېيىشىپ كەتتىڭلا غىدىقىمىتى كەلتۈرۈپ، ئەمەلىيەتتە يازغانلىرىمۇ تايىنلىق ئۇنىڭ.
— ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ؟
— ئىشەنمەيۋاتامسىلەر؟ ئۇنداق نەرسىلەرنى يازغان بولسام مەن ئالىلىقاچان يېزىپ بولاتتىم.
— راست دەيسىلە، سىلى دېگەن يازغۇچى ئەمەس، شائىر

تۇرساڭلا.

— بىر شېئىر ئوقۇپ بېرىڭلا، ئاداش.

— ھە، ھېلىقى شېئىرنى ئاڭلايلى.

— قايسى شېئىرنى دەيسىلە؟

— ھېلىقىچۇ! «ئىس چىقتىمۇ مورىدىن، قاراپ بېقىڭ ئوچاققا» دېگەننى؛

— ياق، «ياشلىق ئادەمنىڭ زىلۋا بىر چېغى» دېگەننى ئاڭلايلى.

— ياكى بولمىسا «ئېشەك مىنمەك تەس» دېگەننى ئوقۇپ بېرىڭلار.

— ھېلىقى ئاداشنى ھەممىڭلار يازغۇچى دېيىشىپ كەتتىڭلار، لېكىن بىر سائەتتىن بېرى مۆرىمەي ئولتۇرۇپ يەنە مۆرىمەي كېتىپ قالدى. مۇشۇ شائىر ئاداشچىلىكىمۇ ئىككى ئېغىز تاتلىق گېپى يوق ئىكەن.

— شۇ، قاپاق پۇل ئەمەس، باراڭ پۇل دەپ، قورۇق نام چىقىرىۋالغان ـ دە.

— يازغۇچى دېگەن ما شائىر ئاداشتەك بولمامدۇ؟

— سورۇنغا كەلسە بىرەر ئېغىز لەتىپە، چاقچاق سۆزلىيەلىسە، شېئىر ـ قوشاق ئوقۇيالىسا ھېساب.

— ئاندىن يازغۇچى دەيمىز.

— يېقىندىكى موللام بار موللام، يىراقتىكى موللام داموللام دەپ.

— ياندىكى كاسىپنىڭ قەدرىنى بىلمەپتىمىز ـ دە؟

— ھە ئاداش، باشلاڭلا شېئىرىڭلىنى.

ئەدەبىيات ھەۋەسكارى گېلىنى قىرىپ قويۇپ شېئىر ئوقۇشقا تەمشەلدى. ئەسلىدە ئەدەبىيات ھەۋەسكارىنىڭ قانداق شېئىر ئوقۇغىنىنى، سورۇننىڭ قانداق داۋاملىشىپ تارقىغىنىنى يازسام بولاتتى. لېكىن، تۇيۇقسىز يازغۇچىنىڭ ئۆيگە كەتكەندىن كېيىنكى ئىشلىرىنى يازغۇم كېلىپ قالدى ـ دە، ئاستا

سورۇندىن چىقىپ كەتتىم. بەلكىم سىلەر مەندىن «ئۇنداقتا سەن كىم؟ بايا ئاشۇ سورۇندا بارمىدىڭ؟» دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن. ھەئە، مەن ئاشۇ سورۇندا بار ئىدىم. مېنى ھېچكىم تەكلىپ قىلمىغان، ئۆزۈم قاشاڭلىق قىلىپ كىرىۋەردىم. چۈنكى، مەن دېگەن بىر تال چىۋىن، يوچۇق تاپسىلا كىرىۋېرىمەن، لېكىن ھېلىقى ئەدەبىياتنىڭ رو چىۋىنلىرىدىن پەرقلىنىمەن.

بولدىلا، يازغۇچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ باقاي، سىلەرگە دەپ بەرگۈدەك قىزىق ئىشلار چىقىپ قالامدۇ تېخى.

2009 ـ يىلى 11 ـ ئاپرېل، يەكەن



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئېچىل پاختام

باش توخۇ ۋاقتىدىن باشلاپ جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرغان گۆھەر ئانا ئۇچىنچى قېتىم ئەزان ئاۋازى ئاڭلانغاندا ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ بامدات نامىزىنى ئوقۇشقا تەرەددۇتلەندى. قېرىلىق ئالامەتلىرىمۇ ياكى يېقىندىن بېرىقى رودۇپايدەك چاپلىشىۋالغان غەم ـ قايغۇلىرىنىڭ ئازابىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ ئۇيقۇسى تولىمۇ كەم ئىدى. كەنت بوغالتىرىنىڭ ھېسابات دەپتىرىگە پۈتۈلۈپ، گەدىنىگە ئارتىلىپ قويۇلغان پاتماندا بىر قەرز بىلەن يىل بېشىدىن باشلاپ تاپشۇرۇپ تېخىچىلا قۇيرۇقىنى ئۈزەلمىگەن سېلىقلار ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۆششۈك ھەرىسىدەك ئارامسىز چېقىپ، ئەسلىدىنلا ئاجىز قەددىنى تېخىمۇ مۈكچەيتىۋەتكەنىدى. ھەئە، مەيلى ئېتىز ـ ئاياغنىڭ ئىشىنى قىلىۋاتقان بولسۇن، مەيلى تۆشۈكلۈكتە ئاش ئېتىۋاتقاندا بولسۇن، مەيلى توخۇلىرىغا كېپەك نەمدەپ بېرىۋاتقاندا بولسۇن، مەيلى ئېغىلدىكى ئوغلاقلىق ئۆچكىسىنىڭ ئايىغىغا چۈشەك سېلىۋاتقاندا بولسۇن، بۇ غەم ئۇنىڭ بېشىدا ھامان بار ئىدى. ئاجىز يۈرىكىنى بىر توپ ئۆششۈك ھەرىسىدەك چاققىنى چاققانىدى. مەكتەپتىن قايتىشىدا ئوغلاقلىق ئۆچكىسىگە تاشلاپ بەرگىلى بىرەر قولتۇقتىن چۆپ كۆتۈرۈپ كەلگەن ئىككى نەۋرىسىنى كۆرگەندە ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىرنەچچە دەقىقە تاتلىق ھېسلارغا چۆمەتتى. ھېلىقى بىر توپ ئۆششۈك ھەرىسىمۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى بىرنەچچە دەقىقە چاقمايتتى، ئاجىز قەددىمۇ خېلىلا رۇسلىنىپ قالاتتى. ئەمما، بۇ تۇيغۇ شېرىن چۈشتىنمۇ قىسقا ئىدى، خالاس.

خۇپتەن نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپ ياستۇققا بېشىنى قويغان گۆھەر ئانا ئەنە ئاشۇنداق ئازابلىق، قورقۇنچلۇق غەملەر ئىسكەنجىسىگە تولغىنىپ يېتىپ ئۇخلىغان ـ ئۇخلىمىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇنىڭ خىرە ـ شىرە ئۇيقۇلۇق ھالىتى ئانچە ئۇزاق داۋاملاشمايتتى. كاتەكتىكى قىزىل خورازنىڭ جاراڭلىق چىللىغان ئاۋازى ئۇنى يېرىم ئۇيقۇلۇق، خامۇشلۇق ھالەتتىن سەگەكلەشتۈرەتتى. ئانا ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، كۈپتىن ئىبرىققا سۇ بۆلۈپ تاھارەت ئالاتتى ـ دە، جايناما زنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئانا پەقەت جايناماز ئۈستىدىلا ئۆزىنى ئازادە، خاتىرجەم سېزەتتى. يۈرىكىنى ئارامسىز چېقىپ ئازابلايدىغان ھېلىقى بىر توپ ئۇششۇك ھەرىسىمۇ تىنچىپ قالاتتى. يەلكىسىگە رودۇپايدەك چاپلىشىۋېلىپ قەددىنى مۈكچەيتكەن غەم ـ غۇسسىلىرىمۇ بىردىنلا يەڭگىللەپ قالاتتى. ھەئە، ئانا جايناماز ئۈستىگە چىقىش بىلەنلا ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئاللادىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمايتتى. باش توخۇ ۋاقتىدىن بامدات ۋاقتىغىچە قازا نامازلىرىنى ئۆتەيتتى ياكى دۇرۇت ئوقۇيتتى، بىلىپ ـ بىلمەي ئۆتكۈزۈپ قويغان گۇناھىكەبىرلىرىگە تۇۋا قىلاتتى. ئاللادىن گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشنى تىلەيتتى. ئەمما زىنھار مال ـ دۇنيا، پۇل ـ پۇچەك تىلىمەيتتى.

گۆھەر ئانا بامدات نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپ قىسقىلا دۇئا قىلغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى. نەۋرىسى ياتقان ئورنىنى رەتلىك يىغىپ، تۇزەشتۈرۈپ قويۇپ مەكتەپكە مېڭىپ بولغانىدى. ئەمدىلا ئون ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ ئوغۇل نەۋرىسى قىلالىغۇدەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى قىلىپ مومىسىنى جاپا تارتقۇزماسلىققا تىرىشاتتى. ئاخشىمى ياتىدىغان ئورنىنى ئۆزى سالاتتى، ئەتىگىنى ئۆزى يىغاتتى، ئۆي، ھويلا ـ ئارانلارنى پاكىز سۈپۈرۈپ سۇ چاچاتتى. ھەئە، قازان ـ قومۇچ، قاچا ـ قۇچىلارنىمۇ يۇماقچى بولۇۋىدى، ئانا ئۇنى ئوچاق بېشىغا پەقەتلا يېقىن يولاتمىدى.

www.uyghurkitap.com

«ئوغۇل بالا قازان ـ قومۇچ قولتۇقلىسا، تۆشۈكلۈككە دارىسا يامان بولىدۇ. خۇدايىم تۆشۈكلۈكنىڭ ئىشىنى مەزلۇم كىشىگە ياراتقان. جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، سېنى تۆشۈكلۈكنىڭ ئىشىغا سالمايمەن، ئوغلۇم...»

موماي ھەرقانچە نەسىھەت قىلىپمۇ نەۋرىسىنى ئۆي، ھويلا ـ ئارانلارنى سۈپۈرۈشتىن توسۇيالمىدى. بالا مومىسىنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ قولىغا سۈپۈرگە ئېلىۋالاتتى. مومايچە بولغاندا ئۆي سۈپۈرۈشمۇ ئەركەكنىڭ ئىشى ئەمەس ئىدى. ئىلگىرى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى نەۋرە قىزى قىلاتتى. ئۇ قىز نەۋرىسىنى يەتتە ـ سەككىز ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا ئۆي ۋە تۆشۈكلۈك ئىشلىرىغا پىشۇرغانىدى. ئۆي، ھويلا ـ ئارانلارنى سۈپۈرۈپ تازىلاش، يىگنە ئىشى، ئاش ئېتىش، نان يېقىش، قازان ـ قومۇچلارنى يۇيۇش قاتارلىق بىرتالاي ئىشلارنى قىز نەۋرىسى ئەتىگىنى مەكتەپكە بېرىشتىن ئاۋۋال ۋە كەچقۇرۇن مەكتەپتىن يېنىپ رەت ـ رېتى بىلەن قىلاتتى. موماي قىز نەۋرىسىنىڭ چېۋەر ـ چاققانلىقىدىن تولىمۇ رازى ئىدى.

گۆھەر ئانا سىرتقا چىقىپ پاكىز سۈپۈرۈلگەن ھويلىنى كۆرۈپ بىردىنلا قىز نەۋرىسىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇنىڭغا قىز نەۋرىسى بىلەن كۆرۈشمىگىلى خېلى ئۇزاق ۋاقىت بولغانىدى.

«چوڭ ئانا، مېنى قاچان ياندۇرۇپ كېلىسىز؟ ئۆزىڭىز ھەپتىدىن كېيىن ياندۇرۇپ چىقىمەن دېگەنىدىڭىزغۇ؟ سىزنى، ئىنىمنى بەكمۇ سېغىندىم، چوڭ ئانا...»

گۆھەر ئانا ھەر قېتىم قىز نەۋرىسىنى ئېسىگە ئالغاندا، نەۋرىسىنىڭ بۇ ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى، يۈرىكى ئېزىلىپ كۆزىگە مۆللىدە ياش ئالاتتى، نەۋرىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى يالغانچى، گۇناھكار سېزەتتى.

بۇ يىللىق يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىدا گۆھەر ئانا راستىلا تەڭلىكتە قالدى. ئىككى نەۋرىسىنىڭ ئۆتكەن مەۋسۇملۇق كىتاب پۇلىنىڭ چالىسى بىلەن بۇ مەۋسۇملۇق كىتاب پۇلى، ئوقۇش

پۇلى بولۇپ جەمئىي ئىككى يۈز ئەللىك كوي پۇل ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئىچىنىمۇ، تېشىنىمۇ قاتۇردى. باللار ھەر كۈنى كەچتە شۇمشىيىپ تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ كېلىشەتتى. سەۋەبى پەقەت بىرلا: ئوقۇتقۇچى كىتاب پۇلىنى سۈيلىگەن، ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدىدا ئىسمىنى ئاتىغان. موماي نەۋرىلىرىگە چوقۇم كىتاب پۇلىنىڭ ئامالىنى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، كۆڭلىنى ياسىدى، ئەمما پۇلنىڭ يولىنى پەقەتلا قىلالمىدى.

ئەتىسى قىز نەۋرىسىنىڭ تېخىچىلا مەكتەپكە ماڭمىغانلىقىنى كۆرگەن ئانا ئەجەبلىنىپ سورىدى:

— مەكتەپكە ماڭماپسەنغۇ، قىزىم؟

— ئوقۇمايمەن دەيمەن، چوڭ ئانا.

قىز چاقىنىڭ كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولغانىدى.

گۆھەر ئانا نەۋرىسىنىڭ تۈيۈقسىزلا ئوقۇشتىن ۋاز كەچكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى دەرھاللا چۈشەندى. ھەئە، نەۋرىسى كىتاب پۇلى تاپشۇرالماي ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدىدا ئىزا تارتقان، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇشتىن ۋاز كەچكەن.

موماي نەۋرىسىگە قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي بىرھازا تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئاستا ئېتىزلىققا قاراپ ماڭدى. نەۋرىسىمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئىككىيلەن بىر كۈن لام ـ جىم دېيىشمەي ئوت ئوتىدى. ئىككى كۈن ئەنە ئاشۇنداق تىپتىنچ ئۆتۈپ كەتتى، بۇ ئىككى كۈندە موماي قولىنىڭ خىلىلا يەڭگىللەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قىز نەۋرىسىنىڭ چىرايىدىكى مۇڭ ـ ھەسرەتنى كۆرۈپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىقلىرىنى ئاڭلاپ، نەۋرىسىنى ئوقۇشتىن مەھرۇم قويغىنىدىن ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلەيتتى. يۈرىكىنى ئەپسۇسلۇق، يوقسۇزلۇق ھەسرەتلىرى چىرمىۋالغانىدى. ئەمما، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى پەقەتلا يوق ئىدى. ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە ھويلا دەرۋازىسىنىڭ زەرب بىلەن ئۇرۇلۇشى بامدات نامىزىدىن كېيىن جايناماز دا دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇرغان گۆھەر ئانىنى

چۆچۇتۇپ، يۈرىكىگە ئەنسىزچىلىك سالدى. ئۇ قىسقىلا دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، سىرتقا يۈگۈردى. دەرۋازا ئالدىدا كەنت سېكرېتارى، مەھەللە باشلىقى قاتارلىق بىرقانچە كەنت كادىرلىرى تۇراتتى. گۆھەر ئانا سېكرېتارنىڭ ئۇچەي قالپاق ئاستىدىكى تاز چىرايىغا قورقۇمسىراپ قارىدى. سېكرېتارنىڭ غەزەپتىن قارىداپ كەتكەن چىرايى قاسقانلىرى ماكچىيىپ ئىسكەتنى يوقاتقان سۈت رەڭ قالپىقى بىلەن سىلىشتۇرما بولۇپ قالغانىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، سېكرېتار.

موماينىڭ سالىمىنى سېكرېتار ئىلتىپاتسىزلا ئىلىك ئالدى.

— ئىككى كۈندىن بېرى ئۆز نەۋرە قىزلىرى مەكتەپكە بارماپتۇ، بۇ نېمە ئىش ئۆزى؟

تەلەپپۇزىدىن سېكرېتارنىڭ غەزىپىنى زورغا بېسىۋالغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

موماي دۇدۇقلاپراق جاۋاب بەردى:

— شۇ... شۇ... كىتاب پۇلىنى تۆلىيەلمىدۇق، كۆرسىلە... ئوقۇتقۇچى تەنقىدلىگەن چېغى... شۇنىڭ بىلەن مەكتەپكە بارماي قويىدى، كۆرسىلە. مەكتەپكە تۆلەشكە كىتاب پۇلى تاپالمىغاندىكىن مەنمۇ زورلىمىدىم، كۆرسىلە...

سېكرېتار گۆھەر ئانىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ غەزەپ بىلەن قول سىلكىدى:

— ماڭا بۇنداق تۆ ـ تۆ گەپنى ئاز دەپ ئۆزى، بالىنى دەرھال مەكتەپكە ئەۋەتسىلە. دۆلەتنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنىدىن خەۋەرلىرى باردۇر ئۆزى؟ سىلىنىڭ بالىنى مەكتەپكە ئەۋەتمىگەنلىكلىرى ئۆزى، نەق مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىقلىرى، ئۆزى. ئەسلىدە مۇشۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈنلا جەرىمانە ئېلىشقا تېگىشلىك ئىدى. بوپتۇ، بۇ قېتىم كەچۈرۈم قىلىۋېتەيلى، ئۆزى. ئىككىنچىلەپ بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرمىسۇن، ئۆزى.

— مېنىڭغۇ بالىنى ئوقۇتقۇم بار، كۆرسىلە. شۇ... شۇ كىتاب پۇلى... سىلىدىن خۇش بولۇپ قالاي، سېكرېتار، ئاشۇ بالىنى مەكتەپتىن ئاجرىتىپ بەرگەن بولسىلا...

— مەكتەپنىڭ داۋامىغا كەنت پارتىيە ياچېيكىسى ئىگە، ئۆزى. شۇڭا، بىز بالىلىرىنى مەكتەپكە سۆيلەپ كەلدۇق، ئۆزى. كىتاب پۇلىنى ئېلىش ـ ئالماسلىق ئۆزى، مەكتەپنىڭ، ئەپەندىملەرنىڭ ئىشى، ئۆزى. شۇڭا، ئۆزى مەن بىلەن تولا تىكلەشمەي بالىنى مەكتەپكە ئەۋەتسىلە. بۇگۈندىن باشلاپ ئۆزى، يەنە داۋامسىزلىق قىلىدىكەن، مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى بويىچە جەرىمانە تۆلەيلا. يەنە شۇنىمۇ بىلىپ قالسىلا ئۆزى، بالىلارنى ئوقۇتماي مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىش ئۆزى، مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىق.

سېكرېتار شۇنداق دېدى ـ دە، ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىپ قالدى. گۆھەر ئانا بولسا نەۋرىسىگە بىرمۇنچە چىرايلىق ۋەدىلەرنى بېرىپ ئاران مەكتەپكە يولغا سالدى. چۈنكى، ئانا مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنىنى پەقەتلا بىلمىسىمۇ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشنىڭ، بولۇپمۇ سېكرېتارنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئوبدان بىلەتتى.

نەۋرىسى مەكتەپكە بېرىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن مومىسىنىڭ بېشىنى يەنە ئاغرىتتى:

— ئوقۇتقۇچى كىتاب پۇلىنىڭ يېرىمىنىمۇ بولسا تاپشۇرۇۋېتىڭ، قالغىنىنى كېيىنرەك تاپشۇرسىڭىزمۇ مەيلى، دەيدۇ. ئالدىمىزدىكى دۆشەنبىگىچە مۆھلەت بەردى.

گۆھەر ئانىنىڭ يۈرىكى ئىككى تاشنىڭ ئارىلىقىدا مىجىلىپ كېتىۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، گۆھەر ئاچا، تەنلىرى ساق تۇردىلىمۇ؟

ھويلىدىكى سۆپىدا غەم بېسىپ ئولتۇرغان موماي چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى ـ دە، ئالدىدا كۆرۈشۈش ئۈچۈن قولىنى تەڭلەپ

www.uyghurkitap.com

تۇرغان بەستىلىك، بۇغداي ئۆڭلۈك ئايالنى كۆرۈپ بېشىغا ماس كەلمىگەن چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ياخشى تۇردىلىمۇ، بالام؟

مومای بۇ مەھەللىدىكى خېلى كۆپ كىشىلەرنى بالام دەپ ئاتايتتى. بۇ ئايال باشقا بىرسى ئەمەس، سېكرېتارنىڭ ئايالى ئىدى. مومای سېكرېتارنى ھەر قېتىم كۆرگەندە سۆز بېسىپ ۋەھىمىگە چۈككىنى بىلەن، بۇ ئايالنى كۆرسە خۇددى يېقىن بىر ئادىمىنى كۆرگەندەك ۋۇجۇدىنى خۇشاللىق، كۆڭۈل ئازادىلىكى چۇلغىۋالاتتى. ئەرلەرگە ئوخشاش بەستىلىك كەلگەن بۇ ئايال كەم سۆز، باغرى يۇمشاق ئىدى. گۆھەر ئانا ئوبدان بىلىدۇ. سېكرېتارنىڭ ئاشۇ كاتتا ھويلىسى ئىچىدىكى سەككىز ـ ئون كالىغا كۈندە ئۈچ ۋاخ ھەلەپ ئېتىش، قويلارغا يەم بېرىش، سېكرېتارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ھېلى شەھەردىن، ھېلى ناھىيەدىن چىقىپ تۇرىدىغان مېھمانلىرىغا تاماق ئېتىش، تەك كېچىكچە، گاھى تاڭ ئاتقۇچە داۋاملىشىدىغان ئىچىشۋازلىق سورۇنىغا تۈرلۈك قورۇمىلارنى تەييارلاش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇ ئايال بىر ئۆزى يالغۇز يېتىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئېتىز ـ ئاياغنىڭ ئىشلىرىغىمۇ قارىشىدۇ، سېكرېتار ئاللىقانداق سەۋەبلەر بىلەن تىللاپ ـ ھاقارەتلىگەن، جەرىمانە قويۇپ دىلىنى رەنجىتكەن كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە پەيتىنى تاللاپ بېرىپ كۆڭۈل قويىدۇ، ئەپۇ سورايدۇ. شۇڭا، بۇ يۇرتتىكىلەر سېكرېتارنى ئارقىسىدىن ھەر نېمىلەرنى دەپ ھاقارەتلىگىنى بىلەن بۇ ئايالغا زىنھار تىل تەگكۈزمەيدۇ، ئىسمىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

— كەلسىلە، بالام. كۆرپىگە ئۆتسىلە.

ئايال كۆرپىگە جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ يۈزىنى سىيپىدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ گۆھەر ئانىدىن ئامانلىق سورىدى.

— داستىخان سالىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسىلا، گۆھەر ئاچا، —

دېدى ئايال موماينى توسۇپ، — ئۆيلىرىگە كىچىككىنە بىر ئىش بىلەن كېلىشىدىم.

ئۆيدە مېھمانىنىڭ ئالدىغا ئاچقۇدەك بىرنەرسىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلغان گۆھەر ئانا ئارتۇقچە ھۆسلە قىلماي مېھمانىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— مۇنداق ئىش ئىدى، — دېدى سېكرېتارنىڭ ئايالى گەپنىڭ پوسكاللىسىنىلا دەپ، — بايا بىزنىڭ ئۆيگە شەھەردىن بىر باشلىق ئايالىنى ئاچىقانىدى. بىزنىڭ ئادەمگە ئۆيدە بالىسىغا قارىغاچ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدىغان بىر قىز بالا تېپىپ بېرىشنى تاپىلىدى. بىزنىڭ ئادەم دەسلەپتە سىلىنىڭ نەۋرە قىزنىڭ گېپىنى قىلدى. كېيىن سىلىنى ئۇنىماسمىكىن دەپ ئاياغ مەھەللىدىكى قىشتا خوتۇنى ئۆلۈپ قالغان باقى ئاخۇننىڭ قىزلىرىدىن بىرسىنى مەكتەپتىن ئاجرىتىپ بېرەي، دەۋاتىدۇ. مۇنداق قارىسام بۇ خېلى بولىدىغان ئىش ئىكەن. يەنە تېخى بالىسىنىمۇ بىكارغا باقتۇرمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىلىرىمۇ مەكتەپكە ئوقۇغۇدەك بولغان بالىلار ئىكەن. ئاساسەن ئۆي ئىشىنى قىلىدىغان ئادەمگە موھتاج بولۇپ قالغان چېغى، شۇڭا، بىزنىڭ ئادەمگە «جىنىدەك ساقلاپ تۇرسىلا، ئاۋۋال گۆھەر ئاچامغا مەسلىھەت سېلىپ باقايلى. ناۋادا ياق دەپ قالسا ئاندىن باقى ئاخۇننىڭ ئۆيىگە بارسىلىمۇ بولار» دەپ قويۇپ ئالدىراش سىلىنىڭ قاشلىرىغا كېلىشىم.

گۆھەر ئانىنىڭ كاللىسى بىردىنلا قوچۇلۇپ كەتتى. كىتاب پۇلىنىڭ غېمىدىن قۇتۇلىدىغانلىقىنى ئويلاپ بىرئاز خوش بولدى. ئەمما، نەۋرىسىنى يات كىشىلەرنىڭ خىزمىتىگە سېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى يېرىم بولدى.

— شۇ... شۇ... بالا كىچىك، كۆرسىلە. ئۆي ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسمىكىن، كۆرسىلە.

— نەۋرە قىزلىرىنى ئوبدان بىلىمەن. ئۆزى كىچىك بولغىنى بىلەن ئۆي ئىشلىرىغا پىششىق. شەلىكىنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى

قىلىپ بولالمىغۇدەك ئالتە بالا، يەتتە كالىسى يوق. مۇھىمى ئۇلارنىڭ بېرىدىغان ئىش ھەققىنى دېمىسەم بۇ ئىشنى ھەرگىز سىلىگە سايە قىلمايتتىم. يىلىغا تۆت ـ بەش يۈز كوي بېرىدىغانىنىڭ گېپىنى قىلىدۇ.

«تۆت ـ بەش يۈز كوي» دېگەن سۆز موماينىڭ كاللىسىغا بىردىنلا تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ قولى تۆت ـ بەش يۈز كوي ئەمەس، قىرىق ـ ئەللىك كوي پۇل كۆرمىگىلىمۇ خېلى زامانلار بولغانىدى. راستلا شۇنچىلىك پۇل بېرەرمۇ ـ ھە؟!

— بولمىسا شەھەردىن چىققان ئاشۇ باشلىقنىڭ خوتۇنىنى باشلاپ كېلەي، ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈپ باقامىلا يا؟ — دېدى سېكرېتارنىڭ ئايالى گۆھەر ئانىنىڭ ئارسالدى بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ.

— مەيلى، — دېدى ئانا ئاخىر.

سېكرېتارنىڭ ئايالى باشلاپ كەلگەن بۇ چوكان ئاجايىپ ئېسىل كىيىنىۋالغانىدى. ئۇنىڭ بويىنىدىكى يوغان ئالتۇن زەنجىرگە، ئىككى بىلىكىدىكى ئالتۇن بىلەزۈككە، قۇلىقىدىكى ئالتۇن ھالقىغا ۋە نازۇك بارماقلىرىدىكى قوش ـ قوش ئالتۇن ئۈزۈكلەرگە قاراپ گۆھەر ئانا ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ھەئە، ئۇ نەۋرىسىنىڭ خۇددى جەننەتنىڭ تىمسالىدەك بىر يەرگە كىرىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەندى.

چوكان قىپقىزىل بويىۋالغان كالپۇكلىرىنى چىرايلىق پۇرۇشتۇرۇپ سۆزلەيتتى.

— خاتىرجەم بولسىلا، ئاچا، نەۋرىلىرى ھەرگىز جاپا تارتىپ قالمايدۇ. بالىلىرىمنى مەكتەپكە دادىسىنىڭ ماشىنىسىدا ئاپىرىپ ـ ئەكېلىدۇ. نەۋرىلىرى پەقەت ئۆينى پاكىز تازىلاپ، قازان ـ قومۇچ، كىر ـ قاتلارنى يۇيۇپ، تاماققا تەييارلىق قىلىپ قويسىلا بولدى، تاماقنىمۇ ئۆزۈم ئېتىمەن. كىر ئالغۇنى ئىشلىتىشنى ئۆگىتىپ قويىمەن، كىرنى قولىدا ئەمەس كىر ئالغۇدا يۇيىدۇ. چىرايلىق كىيىم ـ كېچەك ئېتىپ بېرىمەن. يېمەك ـ

ئىچمەكتىن قىسمايمەن. يىللىق ئىش ھەققى ئۈچۈن سىلىگە بەش يۈز كوي بېرىمەن. ئەمما، بىرلا شەرت، سىلىنى كۆرىمەن دەپ غەلۋە قىلمايدۇ. چولىمىز تەگسە يىلدا بىرەر قېتىم ئۆزىمىز ئاچىقىپ سىلىگە كۆرسىتىمىز.

ئانا بۇ شەرتكە ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتى. ھاياجاندىنمۇ ئەيتاۋۇر تاماقلىرى قۇرۇپ كەتكەندى.

— شۇ... شۇ... مەكتەپتىن قانداق ئاجراتقىلى بولار شۇ بالىنى، كۆرسىلە؟ سېكرېتارنىڭ دېيىشىچە، بالىنى مەكتەپتە ئوقۇتمىساق قانۇنسىزلىق بولارمىش، كۆرسىلە...

— خاتىرجەم بولسىلا. نەۋرىلىرىنى مەكتەپتىن ئاجرىتىش ئىشىنى سېكرېتار بىلەن بىزنىڭ ئادەم بېجىرىدۇ. ماقۇل دېسىلە بالىنى بۈگۈنلا ئەكېتىمىز.

گۆھەر ئانا ھېلىقى چوكان بەرگەن بەش يۈز كوي پۇلنى خۇددى سەللا ئېھتىياتسىزلىق قىلسا غايىب بولۇپ كېتىدىغان بىر نەرسىنى تۇتۇپ تۇرغاندەك مەھكەم تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى.

شەھەردىن چىققان باشلىق بىلەن سېكرېتار موماينىڭ نەۋرە قىزىنى شەھەردە ئوقۇيدىغان بولدى، دېگەن سەۋەب بىلەن مەكتەپتىن قايتۇرۇپ ئەكەلدى. موماي نەۋرىسىنى مېھمانلارغا تاپشۇرۇپ بېرىۋېتىپ بىرنەچچە ئېغىز گەپنى توختىماي تەكرارلايتتى:

— مەن بىلەن ئىنىڭنى كۆرىمەن دەپ غەلۋە قىلما، قىزىم. سېنى كۆرگىلى شەھەرگە ئۆزىمىز كىرىمىز. قۇلىقىڭ يۇمشاق، پۇت - قولۇڭ چاققان بولسۇن...

گۆھەر ئانا قولىدىكى بەش يۈز كوي پۇلدىن ئوغۇل نەۋرىسىنىڭ كىتاب پۇلىنى تۆلىدى. مەھەللە باشلىقى تولا سۈيلەپ تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن كېۋەزگە چاچقان دېھقانچىلىق دورىسىنىڭ پۇلىنى تۆلىدى. ئېشىپ قالغان ئازغىنا پۇلغا چارشەنبە بازارغا بېرىپ تۆت مېكىيان بىلەن بىر خوراز ۋە بىر

بوغاز ئۆچكە سېتىۋالدى.

«خۇدايىم بۇيرۇسا ئۆچكىنى ئوغلاقلىتىپ، تۇخۇنى كاكىلىتىپ، ئوغۇل نەۋرەمنىڭ كىتاب پۇلىنى تۆلەپ ئوقۇتىمەن...»

ئانىنىڭ تەلىيىگە مېكىيانلار كۈن ئېشىپ كاكىلاپ بەردى. ئۆچكىسىمۇ ئىككى ئايدىن كېيىن قوشكېزەك ئوغلاقلىدى. ئەمما، كۆز كەلگەندىن بېرى ئانىنىڭ غېمى بارغانسېرى كۆپىيىپ قالغانىدى. ئانا باش - ئاخىرى يوق خىياللار بىلەن كېۋەزلىككە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ تۇيماي قالدى.

بۇ كەڭرى كەتكەن كېۋەزلىكتە ئۇنىڭغا ئىككى مو كېۋەزلىك تەۋە ئىدى. ئانا بۇ كېۋەزلەرنى ئىككى قېتىم تېرىپ ساتتى. مانا بۈگۈن ئۈچىنچى قېتىم تېرىش ئۈچۈن كېۋەزلىككە كېلىشى ئىدى. ئۇ كېۋەزلىككە قاراپ تولىمۇ مەيۈسلەنىدى. ھەئە، ئېچىلغان غوزىلاردىن ئېچىلمىغانلىرى جىق ئىدى. ئۇ بۈگۈن خالتىسى تولغۇدەك پاختا تېرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ۋۇجۇدىنى تېخىمۇ بەك غەم باستى. ئۇ ئىككى قېتىم تەرگەن پاختىنى پاختا سېتىۋېلىش پونكىتىغا ئاپىرىپ ساتقان بىلەن قولىغا بىر تىيىنمۇ پۇل تەگمىدى. پاختىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى يىل بېشىدا دېگەن باھادىن خېلىلا تۆۋەن ئىدى. دېھقانلار باھانىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىدىن غۇدۇرايتتى، ئەمما ئەرز - دادىنى ئاڭلايدىغان ئادەم يوق ئىدى. يىل بېشىدا بىر كىلوگىرام پاختىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى پالانچى پۇل بولىدۇ دەپ، دېھقانلارنى كېۋەز تېرىشقا مەجبۇرلىغان يېزا رەھبەرلىرى، كەنت كادىرلىرى غېمىدا يوق يۈرۈشەتتى. ئانىنىڭ قولىغا پۇل تاپشۇرۇۋالغانلىق تالونىنى تۇتقۇزۇپ قويغان كەنت بوغالتىرى: «غەيرەت قىلسىلا، گۆھەر ئاچا، مانا مۇشۇنداق ئىككى نۆۋەت پاختا ئەكېلىپ ساتسىلا گەدەنلىرىدىكى كونا يىلنىڭ قەرزلىرى پۈتۈنلەي تۈگەيدۇ» دېگەنىدى چالا ئېچىلغان كېۋەزدەك ھېجىيىپ. ئۇنىڭ قولىغا خەجلىگۈدەك پۇل ئاشمىسىمۇ مەيلى،

قەرزلىرى پۈتۈنلەي تۈگىسە بولاتتىغۇ...
ئانا خۇددى باتناپ قالغان نەۋرىلىرىنىڭ تۈمشۇق سوزۇشلىرىغا ئوخشاش شۈمشىيىپ تۇرغان كۆپكۆك غوزىلارغا قاراپ ئاجىز ئىدا قىلدى:
«ئېچىل پاختام، ئېچىل ! ...»
تۇيۇقسىز ئېرىقنىڭ بويىدىكى دوڭغاق جىگدىلەرگە قونغان بىر توپ قۇشقاچنىڭ گۇررىدە ئۇچقان ئاۋازى گۆھەر ئانىنىڭ دىققىتىنى چالغىتتى. بىر توپ قۇشقاچ بەس ـ بەستە ۋىچىرلاشقىنىچە كېۋەزلىككە چۈشۈپ دانلايتتى ـ دە، بىر ـ ئىككى مىنۇتتىن كېيىن يەنە جىگدىگە گۇررىدە قوناتتى. يەنە بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن جىگدە شېخىدىن گۇررىدە ئۇچۇپ كېۋەزلىككە چۈشەتتى. قۇشقاچلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئانا بىردىنلا ئوغلىنى ئېسىگە ئالدى.
«ھېلىم ئاخۇن، جېنىم ئوغلۇم، نەلەردە قېقىندى ـ سوقۇندى بولۇپ يۈرىدىغانسەن...»
ھەئە، بۇ يىل كېۋەز مايسىلىرى بىر غېرىچ بوي تارتقان مەزگىل ئىدى. سېكرېتار ھېلىم ئاخۇن قاتارلىق ئون نەچچەيلەنگە ۋەزىپە تاپشۇردى:
— مانا بۇ قۇشقاچ تۇتىدىغان تور، — دېدى سېكرېتار يەردىكى بىر يۈگەم قىل تورنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ئەتە كەچكىچە ئۆزى نەدىن بولمىسۇن بەش يۈز دانە قۇشقاچ تۇتۇپ كېلىسىلەر. ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالمىساڭلار ئۆزى، ھەربىرىڭلارنىڭ بەش كۈنلۈكتىن ئۆزى، ئەمگەك ھاشارىڭلارنى كۆتۈرۈپ بېرىمەن ئۆزى...
— مەن قۇشقاچ تۇتمايمەن، — دېدى ھېلىم ئاخۇن سېكرېتارنىڭ گېپى ئاخىرلىشىپ بولغۇچە.
— نېمىشقا ئۆزى؟ — سېكرېتار غەزەپتىن كۆكەردى. ئۇ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىغانلارنى يامان كۆرەتتى.
— ھازىر قۇشقاچلارنىڭ تۇخۇم تۇغۇپ، بالا چىقىرىپ

كۆپىيىدىغان مەزگىلى. بۇنداق چاغدا قۇشقاچ تۇتسا قىساسقا قالىدۇ ئادەم. بۇنداق ئېغىر گۇناھنى كۆتۈرگۈچىلىكىم يوق مېنىڭ.

— راست، يازدا قۇشقاچ تۇتسا يامان بولىدۇ.

— ياز كۈنى تۇتقان قۇشقاچنى يېگىلىمۇ بولمايدۇ دېسىلە.

بىردەمدىلا بەش - ئالتەيلەن ھېلىم ئاخۇنغا ئەگىشىپ قۇشقاچ تۇتۇشتىن يالتىيىۋالدى.

— ئەڭ ياخشىسى ئۆزى... ئۆزى... گەدەتكەشلىك قىلىشمىغىنىڭلار ياخشىمىكىن، ئۆزى، — سېكرېتار ئاچچىقى كەلگەندە، يىغىن ئاچقاندا، يېزا، ناھىيە باشلىقلىرىغا خىزمەت دوكلاتى قىلغاندا، «ئۆزى» دېگەن سۆزنى كۆپ تەكرارلايتتى، — بىلىپ قويۇڭلار ئۆزى... ئۆزى. تۇتقان قۇشقاچلارنى ئۆزى مەن يېمەيمەن. يېزىدىكى كاتتىباشلار ئۆزى... ئۆزى... ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرغان ۋەزىپە بۇ، ئۆزى. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئۆزى، مېھمانلارغا ئۆزى، پىشۇرۇپ بېرىدىغان گەپ ئىكەن، ئۆزى. بۇ دېگەن يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى، ئۆزى، خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئۆزى... ئۆزى جەرىمانە...

ھېلىم ئاخۇن سېكرېتارنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەستىنلا شاققىدە بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭغا بىرنەچچەيلەن ئەگەشتى. سېكرېتارنىڭ قۇشقاچ تۇتۇشقا قاتناشقانلارنىڭ ئەمگەك ھاسارىنى كۆتۈرۈۋېتىش قولىدىن كەلسىمۇ، قۇشقاچ تۇتۇشقا قاتناشمىدىنىڭ دەپ جەرىمانە ئېلىش قولىدىن كەلمەيتتى. بۇ تەرىپىنى ھېلىماخۇن ئوبدان بىلەتتى.

بالا - قازا چاپلاشقاندا ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايدۇ. ھەممە پېشكەللىكنىڭ سەۋەبكارى ئاشۇ قاشاڭ ساغلىقى. ھېلىماخۇن ساغلىقنى ئىككى توقلىسى بىلەن قوشۇپ ئوتلاتقىلى ئاچىققانىدى. ئادەتتە ياۋاش، رايىش ساغلىق ھېلىم ئاخۇننىڭ تەرەت سۇندۇرۇش ئۈچۈن دالدىغا ئۆتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئىككى ھەمراھىنى ئەگەشتۈرگىنىچە بۇغدايلىققا

كىردى ـ دە، ئەمدىلا سىرىقتال بولۇشقا باشلىغان بۇغداي باشاقلىرىنى مەززە قىلىپ يېيىشكە باشلىدى. قويلىرىنىڭ ئىنسابسىزلىقىنى كۆرگەن ھېلىم ئاخۇن ئىشتىنىنى تۇتقىنىچە يۈگۈرگەچ، قويلىرىنى ئۈركۈتۈش ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى. شۇ ھامان بىر توپ قۇشقاچ بۇغدايلىقتىن گۈررىدە كۆتۈرۈلدى ـ دە، ئېگىزلەپ ئۇچقىنىچە يىراقلاپ كەتتى. ئۇنىڭغىچە بۇغدايلىقنىڭ نېرىسىدىن سېكرېتار قاتارلىق يەتتە ـ سەككىز ئادەمنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى. ئەسلىدە ئۇلار بۇغدايلىقنىڭ پاسىلىدىكى ئېرىق بويىدىكى جىگدىلەرگە تور تارتىپ ئاشۇ بىر توپ قۇشقاچنى يەم بىلەن تور تەرەپكە ئاستا ـ ئاستا قىستاپ كەلگەنىدى. يەنە ئازراقلا قىستىۋالسا، قۇشقاچلارنى بىر ئۈركۈتۈپلا ئۈچۈرۈپ ھەممىسىنى بىراقلا تورغا چۈشۈرۈۋالاتتى. ئەپسۇس، بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى يوق ھېلىم ئاخۇن بۇغدايلىققا كىرىۋالغان قويلىرىنى ئۈركۈتمەن دەپ قۇشقاچلارنى ئۈركۈتۈپ قاچۇرۇۋەتكەنىدى.

قۇشقاچلارنىڭ تورنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۇچۇپ كەتكەنلىكىدىن ئۆتى يېرىلغۇدەك غەزەپكە كەلگەن سېكرېتار ھېلىماخۇنغا قاراپ ئاغزىنى بوراندەك قويۇۋەتتى:

— ھۇ، ھەزىلەك! نېمە ئۆزى بۇغدايلىقتا كۆتىگە يانتاق قىستۇرغان مادا ئېشەكتەك يۈگۈرۈپ، بوشراق تۇۋلىساڭ بولمامدۇ ئۆزى... ئۆزى...

بۇ ھاقارەتلەر ھېلىم ئاخۇننىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىكى قان ۋىششىدە قايناپ مېڭىسىگە تەپتى ـ دە، كۆزىگە قىزىللىق تىقىلدى. ئادەم تىللاشقا كەلگەندە ھېلىماخۇننىڭ ئاغزىمۇ بىر كىشىلىك بار ئىدى. شۇڭا، ئۇمۇ ئەلەمگە چىدىماي، ئاغزىنى بىراقلا قويۇۋەتتى.

كومشىرىغا قاراسىدا تەگكەن بىر مۇشت بىلەن تەڭ ھېلىم ئاخۇننىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى. كۆزىدىن ۋاللىدە ئوت چاقنىدى. قۇلىقى تۈۋىدە سېكرېتارنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى

ئاڭلاندى:

— ئەدەم ياساڭلار ئۆزى، بۇ ھەزىلەكنى، ھەرنىمە بولۇپ كەتسە ئىگىسى مەن، ئۆزى...

شۇ ھامان ھېلىم ئاخۇننىڭ باش - كۆزىگە مۇشت - پەشۋا يېغىشقا باشلىدى. سېكرېتار قۇشقاچ تۇتۇشقا كەنت تەۋەسىدىكى ئورۇق - تۇغقان، يېقىن - يورۇقلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چىققاندى. ئۇلار سېكرېتارنىڭ ھەرقانداق بۇيرۇقىنى بەجانىدىل ئورۇنلايتتى.

ئۇلار سېكرېتارنىڭ بىر بۇيرۇقى بىلەنلا ھېلىم ئاخۇننىڭ ئاغزى - بۇرنىنى قانىتىپ، خۇددى شاتۇت يېگەندەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغاندىن كېيىن سۆرەپ ئەكىلىپ كەنت قورۇسىدىكى بىر ئېغىز ئۆيگە سولاپ قويدى. ئىككى سائەت ئۆتكەندە يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ ساقچىلىرى بىر لاتا پىكاپ بىلەن كەنت قورۇسىغا يېتىپ كەلدى - دە، ھېلىم ئاخۇننى سوراق قىلمايلا بىرمۇنچە ھاقارەتلەپ، قانۇننىڭ سۈر - ھەيۋىسىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، ھېلىم ئاخۇنغا كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق، يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قارشىلاشقانلىق، پارتىيە، ھۆكۈمەت تاپشۇرغان ۋەزىپىنىڭ نورمال ئورۇنلىنىشىغا قەستەن توسقۇنلۇق قىلغانلىق، كەنت كادىرلىرىنى ھاقارەتلىگەنلىكتىن ئىبارەت بىرقانچە تۈرلۈك جىنايەتنى ئارتىپ مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى - دە، مۇشۇ پېشكەللىككە سەۋەب بولغان ھېلىقى قاشاڭ ساغلىق بىلەن ئىككى توقلىنى جەرىمانىگە ھېسابلاپ ئەكەتتى.

كەنتتىن يېزىغا ئېلىپ بارىدىغان ئاسفالت يولدا ئۈستىگە تۆت سېۋەت بېسىلغان ئېشەك ھارۋىسى ئېرەنسىزلىك بىلەن كېتىۋاتاتتى. ھارۋىغا قېتىلغان سۈر ھاڭگا مۈگدەپ ئولتۇرغان ھارۋىكەشنى ياراتمىغاندەك خۇشياقمىغان ھالدا قەدەم يۆتكەيتتى. ھارۋىكەش ناسىر كوسا بىر كېچە ئۇيقۇسىز قالغاندەك ھارۋىنىڭ چوققىسىغا يۆلەنگىنىچە مۈگدەپ قالغانىدى. سېۋەتتىكى

قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى ئۇنىڭ مۇگدىشىگە قىلچىلىك تەسىر يەتكۈزمىگەنىدى. خۇددى ئىگىسىگە ئوخشاشلا ئېزىلىپ قالغان سۇر ھاڭگا باش ـ كۆزى ۋە كۆتىگە قونۇۋالغان كۆكۈيۈن، سالجىلارنى قورۇشقىمۇ خۇشياقماي ئېرەنسىزلىك بىلەن قەدەم ئالاتتى. ھەئە، ھارۋىكەش بەخۇدۇك مۇگدەيتتى. قۇشقاچلار توختىماي ۋىچىرلايتتى، خۇددى دۇچ كەلگەن ناھەقچىلىكنى ئاللىكىمگە دادلاۋاتقاندەك.

قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرىدىن خۇددى ئۆزى بىلەن قىسمەتداش، تەقدىرداش بىر دەردمەنننىڭ نالىسىنى ئاڭلاۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغان ھېلىم ئاخۇننىڭ ۋېلىسىپىت پېدالىنى كۇچەپ تېپىۋاتقان پۇتلىرى ئىختىيارسىز ئاستىلاپ قالدى.

تۇنۇگۇنكى ناھەقچىلىكنى يېزا رەھبەرلىرىگە ئېيتىپ، ساقچىلار جەرىمانىگە ھېسابلاپ ئەكەتكەن ئۈچ تۇياق قوينى قايتۇرۇۋېلىش مەقسىتىدە ئەتىگەندە يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارغان ھېلىماخۇن دەردىنى تۆكۈش تۇگۇل بۇرنى ـ قۇلىقىغىچە دەشنەم ئىشىتىپ، قورسىقى كۆپكەن ھالدا قايتىپ كېلىۋاتاتتى. ھەئە، ھېلىم ئاخۇن ئەتىگەن يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا كىرگەندە قورۇ ئىچى ئۆرىتۆپە بولۇپ كەتكەنىدى. ئاللىقانداق كاتتا مېھمانلارنى ھەشەم بىلەن كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن قورۇدىكى بارلىق خىزمەتچىلەر جىددىي تازىلىق قىلىۋاتاتتى. بۇ ئىشقا يېزا باشلىقى شەخسەن ئۆزى رەھبەرلىك قىلىۋاتاتتى. ھېلىماخۇن يېزا باشلىقىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەدەپ بىلەن سالام بەردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، شاڭجاڭ.

يېزا باشلىقى سالامنى ئىلىك ئېلىشنىڭ ئورنىغا، «نېمە گەپ» دېگەننى قىلىپ سەت بىرنى گۆلەيدى. ھېلىم ئاخۇن ھەم تەمتىرىگەن، ھەم تارتىنغان ھالدا ئەمدىلا گەپ باشلىشىغا، يېزا باشلىقى ئۇنىڭ گېپىنى قوپاللىق بىلەن بۆلدى:

— تۇگمەنبېشلىق ھېلىقى گەدەنكەش ساراڭ سەن شۇما؟

— ھە... بۇ... بۇ... شاڭجاڭ... بۇ...

— ئىسمىڭ ھېلىم ئاخۇن، شۇنداقما؟

— بۇ... بۇ... شۇنداق، شاڭجاڭ... سىلى تۈنۈگۈنكى ئىشتىن تولۇق خەۋەر تاپمىغان ئوخشايلا...

— ئاز گەپ قىل، ئاداش، ھەممە ئىشتىن خەۋىرىم بار! — يېزا باشلىقى بىردىنلا ھېلىم ئاخۇنغا قولىنى شىلتىپ ۋارقىراشقا باشلىدى، — ئاناڭنىڭ ھەققى بارمىدى ئۇ قۇشقاچلارنى ئۇچۇرۇۋېتىدىغانغا؟! ھە دېسە كەنت كادىرلىرىغا بويۇنتاۋلىق قىلىسەن. سېكرېتارنىڭ گېپىنى ئىككى پۇلغا ئالمايسەن. تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرغان ئىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغۇدەك شۇنچە يوغان ئادەممۇ سەن؟! ماڭ، ماڭ، تولا كۆزۈمگە كىرىۋالماي ئىشىڭنى قىلغاچ تۇر. سەن بىلەن ئايرىم بىر كۈنى ھېسابلىشىمەن تېخى. بىلىپ قوي، كەنت كادىرلىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان ئادەمنىڭ گېپىنى بىزمۇ ئاڭلىمايمىز.

ھېلىم ئاخۇن يەنە گەپ قىلماقچى بولۇۋىدى، باشقىلار ئۇنى گەپ قىلغىلى قويمىدى.

— بۈگۈن يېزىغا يۇقىرىدىن مۇھىم مېھمانلار چىقماقچى. شاڭجاڭ بەكمۇ ئالدىراش. سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلىغۇدەك چولىسى يوق. تولا تالاشماي ھازىرچە كېتىپ تۇرۇڭ.

يېزا باشلىقىغا گېپىنى دېيەلمىگەن ھېلىم ئاخۇن يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارىنىڭ ئىشخانىسىغا ئەمدىلا كىرىۋىدى، سېكرېتار ئۇنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتمەستىنلا قول سىلكىدى:

— چىق، چىق، مەندە بۈگۈن مېھمان بار. نېمە گەپ بولسا باشقا كۈنى كېلىپ دېسۇن.

يېزا ئورگىنىدىن خۇددى لالما ئىتتەك ھەيدەلگەن ھېلىماخۇن بارلىق دەرد ـ ئەلەمىنى ۋېلىسىپىت پېدالىدىن ئېلىپ، قورسىقى كۆپكەن ھالدا قايتىپ كېلىۋاتاتتى. قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى ئۇنىڭ تەگسىز خىياللىرىنى چالغىتتى. قۇشقاچلار تولىمۇ دەردلىك، نالىلىك ۋىچىرلايتتى. ھېلىم ئاخۇن قۇشقاچلارنىڭ نالىسىنى چۈشەنگەندەك قىلاتتى.

«... سېكرېتار ئىككى كۈندىن بېرى تۇتقان قۇشقاچلىرىنى يېزىغا ئەۋەتكەن چېغى، بايا سېكرېتار بىلەن يېزا باشلىقىنىڭ مېھمان بار دەپ پالاقلاپ كېتىشى بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە، مېنى بار دۇنيالىق ئۈچ قويۇمدىن ئايرىغان، يەتكۈچە تىل ـ تاياقتا قويغان ئاشۇ مېھمانلارنىڭ بالاخور قارنى ئۈچۈن چۈشۈرگەن قۇشقاچ تۇتۇش ئالۋىنىغۇ ئاخىر. توۋا، جاھان نېمە بولۇپ كەتتى ـ ھە؟ ! ئادەمنىڭ قۇشقاچچىلىك قەدرى بولمىسا... بىراق ئاشۇ قۇشقاچلارنىڭ تەقدىرىمۇ مېنىڭكىدىن ياخشى ئەمەسقۇ ئاخىر. جۈپتىلىرىدىن، ئۇۋىسىدىن، بالىلىرىدىن، ئەركىن ـ ئازادە ئۇچۇپ يايراشتىن ئايرىلغاننى ئاز دەپ، ئاخىرقى ھېسابتا كۈتۈپ تۇرغىنى ئۆلتۈرۈلۈش، يۇڭدىلىش، كاۋاپ بولۇش... ئاشۇ بىچارە قۇشقاچلارنىڭ قۇربانلىق بولۇشى بەدىلىگە سېكرېتار بىلەن شاڭجاڭ يۇقىرىغا ياخشىچاق بولىدۇ. سېكرېتار بولسا يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارى بىلەن يېزا باشلىقىنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ ئەتىۋارلىنىدۇ. بىزگە تېخىمۇ بەك گۆركىرەيدىغان، جەرىمانىنى ئاشۇرۇپ قويىدىغان، بېشىمىزدا خالىغانچە ياڭاق چاقىدىغان بولىدۇ... ناۋادا ئاشۇ قۇشقاچلار بولمىسىچۇ؟»

ھېلىماخۇننىڭ كاللىسىدىن يالت قىلىپ كەچكەن بۇ خىيال ئۇنى بىردىنلا سەگەكلەشتۈردى، خىياللىرى تېخىمۇ بەك قاناتلاندى.

«... توغرا، ئاشۇ تۆت سېۋەت قۇشقاچ ھازىرنىڭ ئۆزىدە بولمىسىچۇ؟ ئۇلار نېمە بولۇپ كېتەر ـ ھە ! ئادەمگىغۇ ئارامچىلىق يوق. ئەمدى ئاشۇ قۇشقاچقىمۇ ئارامچىلىق يوقمىدۇ بۇ جاھاندا؟ ! ياز كۈنى قۇشقاچ تۇتسا، ئۆلتۈرسە يامان بولىدۇ. ئۇنىڭ خۇنىدىن چىقماق تەس...»

قۇشقاچلار ۋىچىرلايتتى، خۇددى ئەرز ـ شىكايىتىنى ئاللىكىملەرگە دادلاۋاتقاندەك. ھەئە، شۇ تاپتا ھېلىم ئاخۇننىڭ يۈرىكىمۇ قۇشقاچتەك ۋىچىرلايتتى...

ھېلىماخۇن ۋېلىسىپىتتىن تاققىدە چۈشتى. ئېشەك ھارۋىسى ئۇنىڭدىن ئەللىك – ئاتمىش قەدەم ئۇزاپ كەتكەنىدى. سۇر ھاڭگا ئېرىنچەكلىك بىلەن ھارۋىنى سۆرەپ كېتىۋاتاتتى. ھارۋىكەش ناسىر كوسا بولسا بەخىرامان مۈگدەيتتى. سېۋەتتىكى قۇشقاچلار بار ئاۋازى بىلەن توختىماي ۋىچىرلايتتى...

ھېلىم ئاخۇن ۋېلىسىپىتنى كەينىگە ياندۇرۇپ بىر سەكرەپلا مىندى – دە، دەقىقە ئىچىدە ھارۋىغا يېتىشىۋالدى. چاقماق تېزلىكىدە ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ، ئېشەك ھارۋىسىغا چىقىپ، سېۋەتنىڭ شوينا بىلەن مەھكەم چېكىلگەن ئاغزىنى ئېچىۋەتتى. شۇ ھامان سېۋەتلەردىكى يۈزلىگەن قۇشقاچلار پۇرۇلداپ ئۇچقىنىچە ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى.

چۆچۈپ كۆزىنى ئاچقان ناسىر كوسا ھېلىم ئاخۇننىڭ قۇشقاچلارنى قويۇۋەتكىنىنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتا داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— ماڭ، بېرىپ سېكرېتار ئاكاڭغا قۇشقاچلارنى ھېلىم ئاخۇن قويۇۋەتتى – دەۋەر!

ھېلىم ئاخۇن كۆزلىرىنى قورقۇنچتىن چەكچىيىپ قالغان ناسىر كوسىغا شۇنداق دېدى – دە، غالىبلارچە قاقاھلاپ بىرنى كۈلۈۋەتكەندىن كېيىن، ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ۋېلىسىپىتىگە مىندى – دە، ئۇدۇل مەھەللە تەرەپكە كەتتى. ئۇ ئۆيىدىن ئانىسى بىلەن ئايالىنى تاپالمىدى. ئۇلارنى ئىزدەپ ئېتىزلىققا يۈگۈردى. سېكرېتار قۇشقاچ تۇتۇش ئۈچۈن جىگدىلەرگە تارتىپ قويۇپ يىغىۋالمىغان تورغا كۆزى چۈشۈۋىدى، ئويلىنىپ تۇرمايلا تورنى پاراسلىتىپ ئۈزۈپ تارتىۋالدى – دە، بىر يەرگە جۇغلاپ ئوت قويۇۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايىدا غالىبلارچە بىر كۈلكە سۇس جىلۋە قىلاتتى.

— كەت، بالام! — دېدى گۆھەر ئانا ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئوغلىنىڭ قولىغا مەھكەم ئېسىلىپ تۇرۇپ، — خوتۇنۇڭنى ئېلىپ بۇ يۇرتتىن ھازىرلا كەت. قۇشقاچلارنى

ئۆركۆتۈۋەتكەن گۆناھىڭ ئۈچۈن يەتكۈچە تاياق يېگىنىڭنى ئاز دەپ ئۈچ قويدىن ئايرىلدۇق. شۇنچىۋالا قۇشقاچنى قويۇۋەتكەن، تورنى كۆيدۈرۈۋەتكەن گۇناھىڭ ئۈچۈن ئۇلار سېنى ھەرگىز ئامان قويمايدۇ. «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن. ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەت. قانچە يىراققا كەتسەڭ شۇنچە ياخشى. ئىككى بالاڭدىن غەم قىلما. ئۇلارغا مەن بار. سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم، بالام.

ھېلىم ئاخۇن ئايالىنى ئېلىپ شۇ قېچىپ كەتكىنىچە ھازىرغىچە پەيدا بولمىدى. ئانا ئۇنىڭ بىر ەر خەت ـ خەۋىرىنىمۇ ئالالمىدى. سېكرېتار بىلەن يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ ساقچىلىرى ئانىنى ئۈچ ـ تۆت ئايغىچە «ئوغلۇڭنى تاپ» دەپ خېلى ئاۋارە قىلدى. كېيىن ئۆيدىن پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى جەرىمانىگە ھېسابلاپ ئەكېتىپ بولدى قىلىشتى...

ئانا ھەسرەتلىك خىياللاردىن قۇتۇلۇپ كېۋەزلىرىگە قايتىدىن نەزەر تاشلىدى. كېۋەزلەر يامان ئەمەس ئوخشىغانىدى. ھەربىر تۈپ كېۋەزدە سەككىز ـ ئون تالدىن غوزا بار ئىدى. ھازىر غوزىلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئېچىلىپ بولغان بولۇپ، ئانا ئېچىلغان پاختىلارنى تېرىپ، پاختا پونكىتىغا ئاپىرىپ سېتىپ، پۇلىنى قەرزگە ھېسابلاپ بەرگەنىدى. شۇ تاپتا ئانىنىڭ بارلىق ئۈمىدى ئېچىلماي تۇرغان ئاشۇ غوزىلاردا قالغانىدى. غوزىلار ئانىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەي خۇددى باتناپ قالغان نەۋرىلىرىنىڭ تۇمشۇق سوزۇشلىرىغا ئوخشاش شۇمشىيىپ تۇرۇشاتتى. ئانا ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋەتكەندىن كېيىن يەنە نىدا قىلدى:

«ئېچىل پاختام، ئېچىل!»

ھە‌ئە، كېۋەز خېلىلا ئوخشىغانىدى. ئەمما، ئانا بۇنى ئەتىيازدىن باشلاپ سېكرېتار دېھقانلارنى مەجبۇرىي ھالدا ئامانەت قەرز كوپىراتىپىدىن قەرز ئالدۇرۇپ، ئاشۇ قەرز ئالغان پۇللارغا سېتىۋالغان خىمىيەۋى ئوغۇت، يالتىراق يوپۇق، كۈنجۈرە،

دېھقانچىلىق دورىسى قاتارلىق نەرسىلەرنى يەرگە نورمىدىن ئاشۇرۇپ سالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارىمايتتى.

شۇنداق، يەرگە سالغان زىيادە كۆپ سىلىنىمىغا يالغۇز گۆھەر ئانىنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل كەنتتىكى دېھقانلارنىڭ نارازىلىقى بار ئىدى. ئەتىيازدىكى كېۋەز تېرىلغۇسىغا ئىش باشلاش سەپەرۋەرلىك يىغىنىدىلا ئۇلار نارازىلىقىنى بىلدۈرۈشكەنىدى.

— يەرگە سالىدىغان خىمىيەۋى ئوغۇت بىلەن كۆنجۈرە يىللاردىكىدىن زىيادە جىق بولۇپ كېتىپتۇ.

— شۇنداق، دەسلەپكى يىللاردا مولۇقىغا بەش ـ ئون كىلوگىرامدىن ئاشۇرماي ئوغۇت سالاتتۇق. جىقراق سالسا دېسەك تېخنىكلار خىمىيەۋى ئوغۇتنى نورمىدىن ئارتۇق ئىشلەتسەك يەر ئايلىنىپ كېتىدۇ، تۇپراق داشقاللىشىپ كېتىدۇ، دەيتتى.

— شۇنى بىر دېسىلە. مانا ئەمدى مولۇقىغا بىراقلا ئەللىك ـ ئاتمىش كىلوگىرامدىن ئوغۇت سېلىۋىدۇق، يەرلا ئەمەس، بىزمۇ ئايلىنىپ كېتىۋاتىمىز. تۇپراق داشقاللىشىپ بولغۇچە بىز داشقال بولۇپ كېتىۋاتىمىز.

— ماۋۇ دورىغا بولغان پىكرىمىزنىمۇ دەپ قويايلى، خالايىق. كېۋەزگە چۈشكەن پىت ـ قۇرت قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلارنى ئۆلتۈرىدۇ دەپ دورا چاچقان بىلەن دورا كادىماي پىت بىلەن قۇرتنى ئۆزىمىز تۇتۇۋاتىمىز. ھېچنېمىگە پايدىسى يوق دورىغا پۇل تۆلەۋېرەمدۇق؟ بەربىر پىت ـ قۇرتنى ئۆزىمىز تۇتقاندىكىن ئارتۇق چىقىم قىلىپ دورا چاچمىغىنىمىز تۈزۈك. بىكاردىن دورا پۇلى تۆلەپ كېتىۋاتىمىز ئەينا.

— قۇشقاچ كاۋىپى يېگەنما؟ قۇشقاچنىڭ ئورنىدا قۇرتنى ئۆزىڭىز تۇتىسىز، ئاشۇنداق.

— قۇشقاچ كاۋىپى يېگەن ئاكىڭىزغا دەڭ بۇ گەپنى.

— قۇشقاچنى بىز تۇتقان بىلەن كاۋىپىنى غوجام يەيدۇ. قۇرتنى يەنە بىز تۇتىمىز.

— ئوغۇتنى بولدى دېگۇچە سالىمىز. مايسا بەك ئۆسۈپ كەتسە ئۆسۈشىنى چەكلەيمىز دەپ يەنە دورا چاچىمىز. بۇمۇ ئارتۇقچە سېلىنغۇ بىزگە.

— ھەرقانچە قىلساقمۇ بىر مو يەردىن چىقىدىغان پاختا تايىنلىق.

— شۇنى دېسىلە. نورمىدىن ئاشۇرۇپ سالغان ئوغۇت، دورىغا توشلۇق پاختا چىقسىدى، ئاندىن بولىدىكەن دېسەك.

— مەسىلەنگە مېكىيانى ئالىدىغان بولساق، قورسىقىنى نورمال باقساقمۇ بىر كۈندە بىر تۇخۇم كاكىلدايدۇ. زىيادە بېقىۋەتسەكمۇ يەنە بىرنى كاكىلدايدۇ. ئارتۇق يېگەن دېنى نىجاسەتكە ئايلانسا ئايلىنىدۇكى، ھەرگىز بىر كۈندە ئىككى تۇخۇم كاكىلاپ بەرمەيدۇ. خۇددى يەرمۇ شۇنداق.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرىۋېرىشكە تاقىتى تاق بولغان سېكرېتار دەرھال جۇۋىسىنى تەتۇر كىيدى:

— ھەششى ـ ھەششى دەپ بەرسەم نېمە تولا ۋارى ـ ۋارى بۇ؟! يەرنىڭ مولۇقىغا قانچىلىك ئوغۇت سېلىش، قانچىلىك دورا چېچىش ھەققىدە يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسى بار. يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسى دېمەكلىك، سىياسەت، يولىيورۇق دېمەكلىك، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشقا ھەددىمىز ھەلەپ، ئىشىكىمىز سامان يېمەيدۇ بىزنىڭ. شۇڭا، داڭقان پۇتى، كوت ـ كوت گەپنى ئاز دەپ، ئىشىمىزنى قىلايلى.

سېكرېتارنىڭ ئاغزىدىن سىياسەتكە، يولىيورۇققا تاقاپ چىقىۋاتقان گەپنىڭ سۈرى بار ئىدى. شۇڭا، دېھقانلار قايىنىغان قازانغا سۇ قۇيغاندەكلا جىم بولۇپ قېلىشتى. يەرگە سالىدىغان سېلىنما سېكرېتارنىڭ دېگىنىچە ئەمەلىيلەشتى. دېھقانلار كېۋەز ئۇرۇقىنى يەرگە سالماي تۇرۇپ كۆزدە كېۋەز پىشقاندا تۆلەيدىغان قەرزگە قولاققىچە كىرىلدى.

گۆھەر ئانىنىڭ كېۋەزلىرى راستلا ئوخشىغانىدى. سېكرېتار دېھقانلارنىڭ دېھقانچىلىق دورىسىنىڭ ئۈنۈمى بولمايدىكەن،

بەربىر كېۋەزگە چۈشكەن پىت ـ قۇرتنى ئۆزىمىز تۇتىدىغان بولغاندىكىن پۇلنى بېزەپ قىلىپ دورا چاچمايلى دېگىنىگە پەرۋا قىلماي ئىككى نۆۋەت دېھقانچىلىق دورىسى چاچتۇردى، ئەمما كېۋەزلەر چېچەكلەشكە ئەگىشىپ پىت بىلەن قۇرت ئاۋۇشقا باشلىدى. بۇ بىر ئاپەتكە ئايلانغانىدى. يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت پىت ـ قۇرت ئاپىتىگە قارشى تۇرۇش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن دېھقانلارلار ئەمەس، پۈتكۈل يېزا تەۋەسىدىكى پونكىتلار ئىش توختىتىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار دەرس توختىتىپ، ئاپەتكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە ئاتلاندى.

سېكرېتار كەنت تەۋەسىدىكى دېھقانلارغا ئۆزىنىڭ ئېتىزلىقىدىكى كېۋەزلەرنىڭ پىت ـ قۇرتلىرىنى تېرىپ يوقىتىش ۋەزىپىسىنى بەلگىلەپ بەرگەن بولۇپ، ھەر كۈنى بىر قېتىم كەنت كادىرلىرىنى باشلاپ، كېۋەزلىكلەرنى ئارىلاپ پىت ـ قۇرتلارنى تېرىپ يوقىتىش ئۈستىدە باھالاش ئېلىپ باراتتى. كېۋەزلەردىن بىر تال پىت ـ قۇرت تېپىۋالسا، شۇ كېۋەزلىكنىڭ ئىگىسىدىن جەرىمانە ئالاتتى. دېھقانلار باھالاشنىڭ جەرىمانىسىگە ئوبدانلا بوغۇلۇپ قالغانىدى. ئەمما، سېكرېتار گۆھەر ئانىنىڭ ئىككى مو كېۋەزلىكىنى ھەرقانچە ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپمۇ جەرىمانە قويغۇدەك پىت ـ قۇرت تاپالمىدى. تاپالمىغانسىرى ھەر كۈندىكى باھالاشنى مۇشۇ ئىككى مو كېۋەزلىكتىن باشلايتتى. ئەگەشتۇرۇپ كەلگەن باھالاش ئۆمىكىنى — كەنت كادىرلىرىنى تەپسىلىي، ئىنچىكە تەكشۈرۈشكە بۇيرۇيتتى.

ھەئە، بۇ ئىشقا گۆھەر ئانا ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە كېۋەزلىكىگە پىت ـ قۇرت تەرگىلى چىققاتتى ـ يۇ، ئەمما شۇنچە ئىزدەپمۇ بىرەر تالمۇ زىيانداش ھاشارات تاپالمايتتى. ئانا بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۇ ئىشنىڭ سىرىنى ئازراق چۈشەنگەندەك بولدى. ئۇ بىر توپ قۇشقاچنىڭ

كېۋەزلىكىگە گۇررىدە چۈشۈپ بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇچۇپ كېتىدىغانلىقىنى دەسلەپتە چېلىقتۇرغاندا ئانچە پەرۋا قىلمىدى. كېيىن بۇ قۇشقاچلارنىڭ پەقەت ئۆزىنىڭ كېۋەزلىكىگە چۈشىدىغانلىقىنى، باشقا كېۋەزلىكلەرگە چۈشمەيدىغانلىقىنى بىلگەندە قاتتىق ئەجەبلەندى. بىر توپ قۇشقاچ ئانىنىڭ كېۋەزلىكىگە كۈندە بىرنەچچە قېتىم كېلىپ زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىۋاتاتتى. ھەئە، قۇشقاچلار ئانىنىڭ كېۋەزلىكىنى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىدىن، سېكرېتارنىڭ باھالىشىنىڭ جەرىمانىسىدىن ساقلاپ قېلىۋاتاتتى. ئانا قۇشقاچلارغا قاراپ ھاياجان بىلەن پىچىرلايتتى:

«ئېھ قۇدرەتلىك تەڭرىم، ئۆزۈڭ بار، ئۆزۈڭگە ئاسان، بەندەڭگە قىيىن...»

شۇنداق، ئانا كېۋەزلىرىنىڭ بېجىرىم ئۆسۈپ، بولۇق غوزا بولۇشىنى يەرگە زىيادە كۆپ سالغان سېلىتمىدىن كۆرە، ئاشۇ بىر توپ قۇشقاچنىڭ زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىپ قىلغان ياردىمىدىن دەپ چۈشىنەتتى. دېمىسىمۇ سېلىتمىلارنى ئوخشاش سېلىپ تېرىغان قوشنىلارنىڭ كېۋەزلىرىدە ئانىنىڭ كېۋەزلىرىدىكىدەك ئۇنچە كۆپ غوزا يوق ئىدى. قوشنىلارنىڭ كېۋەزلىرىدىكى غوزىلار زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ كاساپىتىدىن قۇرۇپ، يىگلەپ چۈشۈپ كەتكەنىدى.

ئەپسۇس، كۈز كىرگەندىن بېرى ھاۋا تولىمۇ جۇدۇن بولۇۋالدى. ئەتىيازدىن مايسىلار سۇغا — يامغۇرغا تەشنا بولۇپ تۇرغاندا توختىماي بوران چىقىپ، توپا ياغدى. يازدىن پىژغىرىم ئىسسىقتا تۇرغىلى بولمىدى. مانا ئەمدى ئاپتاپقا تەشنا بولغاندا ھاۋا تۇتۇلۇپ، خۇددى ئاسمان تېشىلىپ كەتكەندەك توختىماي يامغۇر ياغدى. ھاۋا بىرەر - ئىككى ھەپتە ئېچىلىپ بەرگەن بولسا، ئانىنىڭ كېۋەزلىكلىرىدىكى غوزىلار ئېچىلىۋالماسمىدى؟ ئاشۇ غوزىلارنىڭ پاختىسىنى ئاپىرىپ ساتسا، ئانىنىڭ قەرزى تولۇق تۈگىمىگەندىمۇ خېلىلا يەڭگىللەيتتى ئەمەسمۇ. تېخى

نەۋرىسىگە بىرەر قۇر قىشلىق كىيىم ئېتىپ بەرمىسە بولمايدۇ، يەنە تېخى قىشلىق تەتىلدىن كېيىن تۆلەيدىغانغا كىتاب پۇلى غەملەپ قويمىسا بولمايدۇ. ئەمما، مۇشۇ غوزىلار بولسا ئېچىلاي دېمەكتە يوق، شۇمشىيىپ تۇرغىنى تۇرغان خۇددى باتناپ قالغان نەۋرىلىرىنىڭ تۇمشۇق سوزۇشلىرىدەك. ئانا باتناپ قالغان نەۋرىلىرىنى «ئارپا پىشتى، بۇغداي پىشتى، سەن نېمىشقا پىشمايسەن؟ مۇشۇك كۆلدى، چاشقان كۆلدى، سەن نېمىشقا كۆلمەيسەن» دەپ غىدىقلىسا، ئۇلار شۇ هامان ۋىلىقلاپ كۆلۈپ كېتەتتى. ئەمما، نەۋرىلىرىدەك شۇمشىيىۋالغان بۇ غوزىلارغا نېمە دېسە بولاركىن؟

ئانا ھەسرەت بىلەن پىچىرلىدى:

«ئېچىل پاختام، ئېچىل!»

دېھقانلار سېكرېتارنىڭ ئاغزى ئارقىلىق چۈشۈرۈلگەن ھەرقانداق بۇيرۇقنى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت، ئەمر - پەرمانلىرى دەپ چۈشىنەتتى. تېگى - تەكتىنى، پايدا - زىيىنىنى سۈرۈشتە قىلمايلا بويسۇناتتى.

سېكرېتار كەنتتىكى بارلىق دېھقانلارنى يىغىپ يىغىن ئاچتى:

— ھەممەيلەن ئۆزى، قۇلاقنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاشسىلا، ئۆزى يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت كېلەر يىللىق پاختا مەھسۇلاتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى، پاختا تېرىلغۇ يېرى بىلەن بۇغداي تېرىلغۇ يېرىنى ئۆزى، ئالماشتۇرۇپ تېرىشنى قارار قىلدى، ئۆزى، بۇ يىللىق ئۆزى، كېۋەز ئورنىغا پۈتۈنلەي ئۆزى، كۈزگى بۇغداي تېرىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۆزى، بۇغداي تېرىش پىلانىغا توغرا كېلىپ قالغان ئويماتتىكى ئۆزى، كېۋىزى بارلار ھەپتە ئىچىدە كېۋەزلىرىنى يۇلۇپ يەرنى بىكار قىلىشى كېرەك. ئۇنداق قىلمايدىكەن، ئۆزى، ھەپتىدىن كېيىن تىراكتور سېلىپ، ئۆزى، پۈتۈنلەي ھەيدەپ كۆمتۈرۈۋېتىلىدۇ، ئۆزى...

بىر قىسىم دېھقانلار غۇدۇراشتى:

— بۇ قانداق گەپ، سىكرىتار؟ كېۋەزلىكتە ئىچىلمىغان غوزا ھەلەم تۇرسا.

— شۇ - دە. بۇغداي تېرىيدىغانغا يەنە ئون بەش - يىگىرمە كۈن بار.

— بۇغداي دېگەننى توگغا تارتىپراق تېرىساقمۇ بولىۋېرىدۇ. ئۇنىڭغىچە غوزىلار ئېچىلىۋالسا ياخشى بولاتتى.

سېكرېتارنىڭ قۇلىقىغا بۇ گەپلەر كىرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى:

— گەپ بىر، قۇلاق ئىككى، ئۆزى، مەن ئۆزى، دەيدىغاننى دەپ قويدۇم. ھەپتىدىن كېيىن ئۆزى، بىر يەرگە تىراكتور سېلىنىدۇ، ئۆزى، يىغىن تامام.

دېھقانلار يىغىندىن غۇدۇراشقىنىچە تارقاشتى. ھەئە، سېكرېتارنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، دېھقان دېگەن غۇدۇراشنى بىلىدۇ، قارشى چىقىشنى بىلمەيدۇ. بىرسى باشلىغان كېچىككە ھەممىسى كىرىۋېرىدۇ خۇددى قويغا ئوخشاش. شۇڭلاشقىمۇ سېكرېتارنىڭ دېھقانلارنى بۇيرۇقتا كىرگۈزۈشكە تەدبىرى تولا. مانا بۇ قېتىممۇ ئۇ كەنت تەۋەسىدىكى ھەربىر مەھەللىدىن كېۋەز يېرى بۇغداي تېرىشقا توغرا كېلىپ قالغان دېھقانلاردىن بىر - ئىككىسىگە تەربىيە ئىشلەپ، ئەمگەك ھاشارىنى كۆتۈرۈۋېتىشنى ۋەدە قىلىپ كېۋەز يېرىنى بىكارلاتقۇزۇۋىدى، بۇنى كۆرۈپ باشقا دېھقانلارمۇ كەتمەن، ئورغاق، چالغىلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېۋەزلىرىنى بولۇشىغا چېپىشقا باشلىدى. گۆھەر ئانىنىڭ ئىككى مو يېرىدىكى كېۋەزلىرىنىمۇ قوشنىلىرى ھە - ھۇ بىلەن چېپىپ يەرنى بىكارلاپ بەردى. ھەربىر تۈپ كېۋەز شادىسىدىكى بەش - ئالتە تالدىن گىلدىڭلاپ تۇرغان غوزىلارنى كۆرۈپ، گۆھەر ئانىنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى. كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى. ئەمما، پاگگىدە يىغلاپ تاشلاشتىن ئۆزىنى ئاران - ئاران تۇتۇۋالدى. قوشنىلارنىڭ ئىشەك ھارۋىسى ئارقىلىق كېۋەز شادىلىرىنى ھويلىسىغا توشۇۋالدى - دە،

www.uyghurkitap.com

باشقىلارغا ئوخشاش بىر چەتكە دۈۋىلەپ بېسىپ قويىماي هويلا ئىچىگە تەكشى يېيىپتتى. غوزىلارنى ئاپتاپتا ئېچىلىپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ ئويلايتتى ئۇ.

ئانا توغرا ئويلىغانىدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئاپتاپ يېگەن غوزىلار ئاستا ئاجراشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئانىنىڭ قەلبىدىكى ئۆچەي دەپ قالغان ئۈمىد شامى سۇس پىلدىرلاشقا باشلىدى.

ھايت ـ ھۇيت دەپ بولغۇچە ئۇششۇك مىڭىپ، يەرلەر توڭلاپ كۈزنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن بېشارەت بەردى. شۇ كۈنلەردە ئۇششۇك يەر ـ زېمىنغىلا ئەمەس، گۆھەر ئانىنىڭ ئاجىز ۋۇجۇدىغىمۇ ماڭغاندەك قىلاتتى.

ھەئە، بۇغداي تېرىش ئۈچۈن كېۋەزلىرى مەجبۇرىي يۇلدۇرۇۋېتىلگەن دېھقانلار پاختا پونكىتىغا پاختا ساتقىلى بارالمىدى. ئەلۋەتتە، ساتىدىغان پاختىسى بولمىسا يىل بېشىدا پاختا تېرىش ئۈچۈن ئالغان قەرزىنى تۆلىيەلمەيدىغانلىقى ھەممەيلەنگە ئايان ئىدى. گۆھەر ئانا ھېلىقى ئاپتاپقا قاقلىنىپ چالا ھېچىيىپ تۇرغان غوزىلىرىغا كۈندە ئۈمىد بىلەن تەلمۈرەتتى. ئۇلارنىڭ بىر كۈندىلا تولۇق ئېچىلىپ كېتىشىنى تىلەيتتى. غوزىلار بولسا ئاشۇ سۇس ھېچىيىشىدا تۇراتتى. بىرەر تال غوزىمۇ تولۇق ئاجراپ، پوتلىسى چۇۋۇلۇپ ئېچىلمىغانىدى. قەرزدار ئائىلىلەرنىڭ پاختا پونكىتىغا پاختا ساتقىلى كەلمىگەنلىكىنى، ئېتىزلىقتا كېۋەز قالمىغانلىقىنى بىلگەن سېكرېتار كەنت ئامانلىق ساقلاش مۇدىرى، كەنت بوغالتىرى قاتارلىق ئون نەچچە كەنت كادىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئائىلىمۇئائىلە كىرىپ قەرز سۈيلەشكە باشلىغانىدى. ئۇلار قەرزدار ئائىلىلەر پۇل بەرسە پۇلنى، پۇل بېرەلمىسە پۇلغا يارىغۇدەك مال ـ مۈلۈك، چارۋىلىرىنى پۇلغا سۇندۇرۇپ باھالاپ، قەرزگە ھېسابلاپ ئەكېتىۋېرەتتى. ئۇلار گۆھەر ئانىنىڭ ئۆيىگىمۇ ئاشۇنداق سۈر ـ ھەيۋە بىلەن كىرىپ كەلدى.

— ھە، گۆھەر ئاچا، قەرزلىرىنى قايتۇرۇۋەتسىلە، ئۆزى، ئۇزاقلىشىپ كەتسە، ئۆزى، ئۆسۈمىمۇ بىرمۇنچە بولۇپ كەتمىسۇن، ئۆزى.

— كېۋەزلەرنى يۇلۇۋەتكەندىكىن غوزىلار ئېچىلمىدى، كۆرسىلە. مېنىڭغۇ قەرزنى تولۇق تۆلىۋەتكۈم بار ئىدى، كۆرسىلە. قولۇمدا شۇ سىنىتنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق، كۆرسىلە...

— قوللىرىدا ئۆزى، پۇل بولمىغان بىلەن ئۆزى، ئېغىلدا چارۋا ماللار باردۇ، ئۆزى.

— شۇ بىر ئوغلاقلىق ئۆچكەم بار، كۆرسىلە.

ئانا شۇنچىۋالا ئادەمنىڭ قەرز سۈيلەپ كەلگىنىدىن خىجىل بولدىمۇ ياكى سېكرېتارنىڭ تەكەببۇرلۇق بىلەن قىلغان گەپلىرى كۆڭلىگە كەلدىمۇ، ئەيتاۋۇر قىزىرىپ كەتكەنىدى، يەردىن ئۇستۇن قارىمايتتى.

— ئوغلاقلىق ئۆچكىسىنى ئۆزى، ئاچىقىڭلار!

سېكرېتارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىككىيلەن پاكارغىنا ئېغىلغا كىرىپ ئۆچكىنى ئىككى ئوغلىقى بىلەن سۆرەپ ئاچىقتى. ئانا ئۆچكە ئۇزاقتىن بېرى ئېغىلدىن چىقمىغاچقىمۇ ياكى شۇنچىۋالا كۆپ ئادەمدىن ئۈركۈدىمۇ، توختىماي مەرەپ، تىرەجەپ ماڭغىلى ئۇنىمايتتى. پىچاققا يارىغۇدەك بولۇپ قالغان ئىككى ئوغلىقى ئانىسىنىڭ قورسىقىغا بېشىنى تىقىۋېلىشقانىدى. شۇ تاپتا بۇ بىر جۈپ ئوغلاق سېكرېتارنىڭ قىرقىمىغان ئوغلاق كاۋىپى يېيىش ئىشتىھاسىنى قوزغىۋەتكەنىدى.

— ئاشۇ قىرقىمىغان ئىككى ئوغلىقىنى دېمىسە ئۆزى بۇ قېرى ئۆچكىسىنى ئۆزى، ھېچكىم ئالمايدۇ. بوپتۇ، قەرزدىن ئۆزى، بىر يۈز ئەللىك كوينى كۆتۈرۈۋېتىڭلار.

ئانا بېشىنى دىڭگىدە كۆتۈردى ـ دە، توختىماي مەرەۋاتقان ئۆچكىسىگە تەلمۈرۈپ قارىدى.

سېكرېتار بوغالتىرنىڭ قولىدىكى قەرز دەپتىرىگە شۇنداقلا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن يەنە سورىدى:

www.uyghurkitap.com

— گەدەنلىرىدە ئۆزى، يەنە ئالتە يۇز سەكسەن كوي قەرز قاپتۇ، ئۆزى. بۇنى قانداق قىلىمىز ئەمدى، ئۆزى؟

ئانا توخۇ كاتىكىگە قورقۇمسىراپ قاراپ قويۇپ لام - جىم دېمەي تۇرۇۋالدى. دەل شۇ چاغدا قىزىل خوراز ئانا بىلەن قېرىشقاندەك سوزۇپ چىللىدى.

— كاتەكتىكى توخۇنى ئۆزى، تۇتۇپ چىقىڭلار.

تۆت مېكىيان بىلەن بىر خوراز ئۇچ - تۆت مىنۇت قاقاقلاپ جىم بولدى. ئۇلار پۇتۇنلەي باغلاقتا چۇشكەن بولۇپ، ھەممىسىنىڭ پۇتى بىر شويىنىغا چىگىلگەنىدى. ئۇلار بەش توخۇنى سەكسەن كوي نەرخىدە باھالىدى - دە، ئانىغا گەدىنىدە يەنە ئالتە يۇز كوي قەرز ئېشىپ قالغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، ئۆچكىنى مەرتىپ، توخۇنى قاقاقلىتىپ چىقىپ كېتىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئانىنىڭ ھويلىسى تېخىمۇ چۆلدەرەپ قالدى. ئانا ئۆچكىنىڭ مەرىشىدىن، مېكىيانلىرىنىڭ قاقىلدىشىدىن، خورىزىنىڭ چىللىشىدىن خۇددى قىش ئاپتىپىدەك ئاجىز ئىللىقلىق ھېس قىلاتتى. ئەمدى مۇشۇ كىچىككىنە كۆڭۈل خۇشلۇقىمۇ يوق بولغانىدى. شۇ تاپتا ئانىنىڭ بىردىنبىر ئۇمىدى ھويلىسىدا تەكشى يېيىتىپ قويۇلغان كېۋەزلەرگە باغلىنىپ قالغانىدى. ئۇ ھاۋا ئېچىلىپ سەل - پەللا ئاپتاپ چىقسا، ئاپتاپ ئىسسىنىغاچ كېۋەز غوزىلىرىغا ئۇمىد بىلەن قارايتتى، شېرىن خىياللارغا غەرق بولاتتى.


... ھويلىسىغا تەكشى يېيىتىلغان ئاشۇ كېۋەز شادىلىرىدىكى غوزىلار توختىماي ئېچىلىپ تۇرسا، ئانا ئاپپاق پاختىلارنى تېرىپ، خالتىلارغا قاچىلاپ پاختا پونكىتىغا ئاپىرىپ سېتىپ تۇرسا، پاختا ساتقان پۇللار بىلەن قەرزلىرىنى تۆلىسە، غوزىلار ئېچىلىپ تۇرسا، ئانا تېرىپ ئۇلگۇرتەلمىسە... نەۋرىسىنىڭ كىتاب پۇلىنى تولۇق تاپشۇرۇپ بېرىپ، ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدىدا بويىنىنى قىسىپ قويمىسا، ھەئە، تېخى قىز نەۋرىسىنىمۇ

شەھەردىكى بالا باقىلى بەرگەن يەردىن قايتۇرۇپ ئەكىلىۋالسا...

ئانا شېرىن خىياللار قوينىدىن ئاللىقانداق سەۋەبلەر بىلەن رېئاللىققا قايتاتتى. خىيالىي تۇيغۇلىرىغا ئىشىنىپ ئالدىدىكى كېۋەز شادىلىرىغا تەلمۈرۈپ قارايتتى. ئەمما، بىر قىسىم غوزىلارنىڭ ئازراقلا ئاجراپ خۇددى دۈشمەننىڭ كۆلكىسىدەك سۈس ھىجىيىپ تۇرغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، غوزىلارنىڭ كۆپىنچىسى خۇددى باتناپ قالغان نەۋرىلىرىنىڭ تومشۇق سوزۇشلىرىدەك شۇمشىيىپ تۇراتتى.

ئانا مەڭزىدە قېتىپ قالغان ئىككى تامچە ياشنى سۈرتۈۋېتىشنىمۇ ئۇنتۇپ ھەسرەتلىك ئىدا قىلاتتى:

«ئېچىل پاختام، ئېچىل!»



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# قارىقۇمچاق

چېكىنگە كۆز يەتكۈسىز جەزىرە. قۇياش تەپتىدە زېمىن شۇنداق قىزىپ كەتكەنىدىكى، بىر تال سەرەڭگە تاشلىسا ئوت كېتىدىغاندەك بىلىنەتتى. يىراقتىن كۆل سۈيىدەك جۇلالىنىپ تۇرغان ئالۋۇن ئادەمنىڭ تەشنالىقىنى ئاشۇراتتى. كونا جىپنىڭ ئىچى تونۇرغىلا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، چاقتىن توزۇغان ئاچچىق شور توپا دىماقنى ئېچىشتۇراتتى. ئىككى خىزمەتدىشىم جىمپىلا قېلىشقان بولۇپ، مۇگدەۋاتقىنىنى ياكى چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ كەتكىنىنى بىلگىلى بولمايتتى. پەقەت شوپۇر ئۇستاملا كۆزىنى ئوڭغۇل - دوڭغۇل چۆل يولىغا تىككىنىچە رولغا مەھكەم يېپىشىپ ئولتۇراتتى. تىنچىق ھاۋا، زېرىكىشلىك چۆل ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقاتتى. يولغۇن ياكى يانتاقلارنىڭ تۈۋىدىن ئۈچۈپ چىققان تورغايلارلا ھاياتلىقتىن نىشان بېرىپ تۇراتتى.

تۇيۇقسىز كۆزۈم ۋاللىدە چاقناپ كەتتى. ئۇن يېتىم يىراقلىقتا بىر ئايال بىز تەرەپكە قاراپ جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. بېشىغا چىگىۋالغان قىزىل روملى قۇياش تەپتىدە ئوتقاشتەك چاقنايتتى. ئايىغى ئاستىدىن قويۇق شور توپا توزۇيتتى.

— ئۇستام، ماشىنىنى توختاتسىلا، — دېدىم مەن.

شوپۇر جىپنى جىددىي تورمۇزلىدى. شوپۇرنىڭمۇ، مۇگدەشتىن ئېسىگە كەلگەن خىزمەتداشلىرىمنىڭمۇ كۆزلىرى ماڭا ئەجەبلىنىپ تىكىلدى.

— قاراڭلار، ئايال !

خىزمەتداشلىرىم جىپنىڭ كۆزنىكىدىن بويۇنداپ قاراشتى.

ھېلىقى ئايال، توغرىسىنى ئېيتقاندا، زىلۋا، قامەتلىك بىر چوكان جىپقا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئىككى سائەتتىن بېرى چۆل يولىدا زېرىكىپ كەتكەن خىزمەتداشلىرىمنىڭ كۆزلىرى چوكانغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلدى.

— پاھھوي، زېرىكىپ تۇرغاندا ماۋۇ تەلەيىنىڭ ئوڭ كەلگىنىنى كۆرمەمدىغان !

— يالغۇز ئىكەن ئەمەسمۇ كاساپەت!

خىزمەتداشلىرىمغا كايىدىم:

— ئىنساب قىلىڭلار، ئاغىنىلەر، بۇ چوكاننى چۆلدىن چىقىرىپ قويساق ساۋاب بولار دەپ ماشىنىنى توختاتتىم. چۆلگە كىرە - كىرمەيلا ئېچىرقاپ كېتىپسىلەرغۇ!

خىزمەتداشلىرىم دەرھاللا ماڭا ھۇجۇم قىلىشتى:

— كۆنلەۋاتامسىز نېمە؟

— شۇنى دەيمىنا، باشتا كۆرگەنلىكىڭىز ئۈچۈنلا سىزنىڭ بولۇپ قالمىسۇن بۇ چۆل تورغىيى، دىققەت قىلىڭ، ئۆيگە بارغاندا يەڭگىمىزگە چېقىشتۇرۇپ قويىدىغان بولساق كۆرىدىغان كۈنىڭىز بار سىزنىڭمۇ.

ئۇلارنىڭ چاقچىقىغا كۆلۈپلا قويدۇم. ئۇنىڭغىچە ھېلىقى چوكانمۇ جىپنىڭ يېنىغا كېلىپ بولدى. چۆلنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقىغا قارىماي شايى كۆڭلەك ئۇستىدىن پىلاتى كىيىۋالغان بۇ چوكان بېشىنى قىزىل ھالىھىلە ياغلىق بىلەن چىكىلەپ تېڭىۋالغان بولۇپ، ئاپئاپتا كۆيگەن بۇغداي ئۆڭ چىرايىغا يوغان قارا كۆزلىرى خويمۇ ياراشقانىدى. چوكاننىڭ چىرايىغا شۇنداقلا قاراپ يۈرىكىم شۇررىدە قىلىپ كەتتى. «ئەجەبمۇ مېھرى ئىسسىق قارىغۇمچاقكىنە !»

— نەگە بارىلا، خېنىم؟ — دەپ سورىدى خىزمەتدىشىم ئىدرىس قارى جىپنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ تۇرۇپ.

چوكان پاڭگىدە يىغلىۋەتتى.

چوكاننىڭ يىغىسىنى كۆرۈپ قەلبىمدىكى بايىقى شېرىن

تۆيغۇلار پاك ـ پاكىز يۇيۇلۇپ كەتتى.

ــ ئۆيلىرىدە بىرەر ئىش بولغان ئوخشىمامدۇ؟ ــ سورىدى خىزمەتدىشىم ئىمىنجان كۆيۈنگەن هالدا.

قارىقۇمچاق جاۋاب بەرمەي خۇددى ئوۋچىدىن ئۈركۈگەن كېيىكتەك ئەتراپقا هودۇقۇپ قارىۋېتىپ، چاقچاقانلىق بىلەن جىپىقا چىقتى ـ دە، ئۆزىنى دالدىغا ئالماقچى بولغاندەك ئورۇندۇقنىڭ تۇۋىگە چۆكتى.

ــ خۇش بولاي، ماشىنىنى چاقچاقانراق هەيدەڭلار، ئېرىم كېلىپ قالسا يەنە ئۇرىدۇ مېنى!

قارىقۇمچاقنىڭ كۈتۈلمىگەن بۇ جاۋابىدىن هەيران قالدىم.

ــ نېمە دېدىلە، خېنىم؟

قارىقۇمچاق يىغىسىنى قايتا باشلىدى:

ــ ئېرىم دېگەن جوهۇت ئۇرۇپ ئېگەكلىرىمنى ئىششىتىۋەتتى، تاياقتا چىدىماي قېچىپ چىقتىم. خۇش بولاي، ماشىنىنى تېزرەك هەيدىسىلە، ئۇستام، قوغلاپ كېلىپ قالسا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ مېنى!

دەرهاللا قارىقۇمچاقنىڭ چىرايىغا سەپسالدىم. مەڭزى ۋە قاپىقىغا سىېزىلەرلىك كۆك چۈشۈپتۇ، گەز باغلاپ كەتكەن چىرايلىق كالپۇكى ۋە جاۋغىيىدا قان ئۇيۇپ قاپتۇ.

ــ ماشىنىدىن چۈشۈپ كەتسىلە، خېنىم، ئەرلىرى كېلىپ قالسا خوتۇنۇمنى نەگە ئاپارماقچىدىڭ دەپ بىزنىمۇ ئۇرۇپ كەتمىسۇن يەنە.

شوپۇر ئۇستامنىڭ بۇ چاقچىقىغا بىز كۈلمىدۇق. هەئە، كۈلەلمىدۇق. لېكىن، قارىقۇمچاق دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى، يوغان كۆزلىرى بىزگە بىچارىلىك بىلەن تىكىلدى، قان ئۇيۇپ قالغان چىرايلىق كالپۇكلىرى ئۈمچەيدى.

ــ خۇش بولۇپ قالاي، مېنى يۇرت ئىچىگە ئالغاچ كېتىڭلار، بولمىسا تاياقتا ئۆلۈپ قالىمەن.

شوپۇر ئۇستام يەنە گەپ سوراشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى

ھېس قىلدىمۇ نېمە، ماشىنىنى قوزغىدى.
قوياش بۇ پايانسىز چۆلگە ئوت پۈركۈيتتى. جىپنىڭ ئىچىمۇ دىمىق ئىدى. جىپنىڭ كۆزنەكىدىن كىرگەن ئىسسىق شامال ئادەمگە قىلچىلىك ھۇزۇر بېرەلمەيتتى. قارىقۇمچاقنىڭ خىرتىلداشلىرى جىپنىڭ ئىچىدىكى سۈكۈناتنى بۇزۇپ تۇراتتى.
— ئەجەب بىچارە خەق - دە، ئايال كىشى دېگەن، — دېدى ئىدرىس قارى ھەسرەتلىك تىنىپ.
— بولۇپمۇ سەھرا ئاياللىرىنى دەڭلا، — دېدى ئىمىنجان ئېچىنغان ھالدا، — ئېرى ئىنسابلىقراق بولسا بىر نۆرى، بولمىسا ئېتىز ئىشىمۇ، ئۆي ئىشىمۇ، ئۇلاغ - ئىلمەكنىڭ ئىشىمۇ ھەممىسى شۇلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەكلىك.
— ئۆي، ئېتىز - ئاياغ ئىشلىرىغا قولىنى قىلچىلىك ئەگرى قىلمايدۇ، — دېدى قارىقۇمچاق ئۆپكىلىگەن ھالدا ئېرىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، — تېخى ھە دېسىلا خېتىڭنى ئال، دەپ ئۇرىدۇ. ئىككى قېتىم خېتىڭنى ئالامسەن - ئالمامسەن، دەپ گېلىمغا پىچاق تەڭلىدى. ئاجرىشىپ كەتمىسەم تاياقتا ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن.
— شۇنچە يوغانچىلىق قىلىپ كەتكۈدەك ئەرلىرى نېمە ئىش قىلىدۇ، خېنىم؟ — سورىدى شوپۇر ئۇستام يولدىن كۆزىنى ئۈزمەي.
— مەھەللىنىڭ كاسسىرى...
— ھېلىمۇ كەنتنىڭ كاسسىرى بولۇپ قالماپتىكەن، بولمىسا خېلى خۇيى بار ئىكەن ئۇ نائەھلىنىڭ، — دېدىم مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي.
— سەھرا يىگىتلىرىنىڭ ئىشچانلىرى بەك ئىشچان، ھۇرۇنلىرى ئاجايىپ تىرىكتاپ، — دېدى ئىدرىس قارى ئويچانلىق بىلەن، — تېخى ھالىغا باقماي ھاراق ئىچىپ، نەشە چېكىپ، قىمار ئويناپ كېتىشلىرىچۇ ئۇلارنىڭ.
— ئېرىم مەھەللىدىكى بىر خوتۇنغا بۇزۇلۇۋالدى، — دېدى

قارىقۇمچاق ھال ئېيتىپ، — شۇنچە يىلىنىپ - يالۋۇردۇم، بالىمىزنىڭ يۈزىنىمۇ قىلمىدى.

— نەچچە بالىلىرى بار؟

— بىر ئوغلۇم بار، ئىككى ياشقا كىردى، — قارىقۇمچاق شۇنداق دېدى - دە، يەنە ئۆپكىلەپ يىغلاشقا باشلىدى، — ئىسىت، يولدا ماشىنا ئۇچراپ قېلىشىنى بىلگەن بولسام بالامنى ئېلىۋالار ئىكەنمەن. بىچارە بالام يالغۇز قالدى...

— ۋاي نېمىدېگەن ئەنسىرەيلا، بالىلىرىنى دادىسى باققاچ تۇرار.

— قويسىلا، — دېدى قارىقۇمچاق چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — بالىنى بېقىش تۈگۈل يىغلاپ قالسا قولىغا بىر توغرام نان تۇتقۇزۇپمۇ قويمايدۇ.

— خۇدايىم ئاشۇنداق ئادەملەرگىمۇ بالا بېرىدۇ - ھە، — دېدى ئىمىنجان ئاچچىق كۈلۈپ، — خوتۇن ئېلىپ، بالا تېپىپ يۈرگۈچە ئېشەك باقسىچۇ.

— ئاشۇ بالامنى يېتىم بولۇپ قالمىسۇن دېمىسەم ئاجرىشىپ كېتەتتىم، ھە دېسىلا خېتىڭنى ئالامسەن - ئالمامسەن دەپ گېلىمغا پىچاق تەڭلەيدۇ.

— ئاجرىشىپ كەتسىلە بولمامدۇ بۇنچە دەرد تارتقۇچە؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قارىقۇمچاق دىڭگىدە چۆچۈدى، يوغان قارا كۆزلىرىدە ۋەھىمە ئەلەڭگىدى. ئۇنىڭ چىرايى ئىپادىسىگە قاراپ گەپكە سالغۇم كېلىپ قالدى.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، سىلىمۇ تازا بىر كۈنلەمچى ئوخشايلا، كۈنلەمچى خوتۇننىڭ دورىسى تاياق شۇ.

— تۇۋا دېسىلە، مەن ئۇنى كۈنلىيەلەمدىم، — دېدى قارىقۇمچاق رەنجىگەن ھالدا، — ئاخشام قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كىرەي دەپ چىقىپ كېتىپ زو ۋاقتى بىلەن كىردى، تېخى مېنى كۆزگە ئىلماي بويىنى ئۆيدە سوغا سالدى. ئۆزۈڭگە قىلارسەن دەپ بېشىمنى چۆمكەپ ياتتىم. ئەتىگەن بىر چىرايلىق



www.uyghurkitap.com

ناشتىلىق ئەكەلسەم ئاشنى ئىچمەي مەن بىلەن ئۆي تۇتقۇڭ بارمۇ، يوقمۇ دەيدۇ. ئۆي تۇتقۇم بار، دېسەم، ئەمىسە كۆنلمەيسەن، دەيدۇ. بالىمىز يېتىم بولمايدىغان ئىش بولسا نېمە دېسەڭ مەيلى دېسەم، قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىل، ئالتۇن زىرەڭنى مەن ساقلاپ بېرىمەن، دېدى. قۇرئاننى تۇتۇپ بېرەي، زىرەم ئۆزۈمدە تۇرسۇن دېسەم، ھېچ گەپ يوقلا ئۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىمنى ئىششىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئېشەككە پىچان تاشلاپ بېرەي دەپ قويۇپ قېچىپ چىقتىم...

— ئانىلىرىنىڭ ئۆيگە باراملا؟ — دېدىم قارىقۇمچاقنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

— ئانامنىڭ ئۆيگە بارالمايمەن.

قارىقۇمچاقنىڭ بۇ جاۋابىدىن ھەممەيلەن ھەيران قالدۇق.

— نېمىشقا؟

— مەن ئېرىمگە ئاتا - ئانامنىڭ گېپىگە كىرمەي تەگكەن.

— ئەمدى نەگە باراي دەيلا؟

— تاغامنىڭكىگە، ئىستت، بالامنى ئېلىۋالغان بولسامچۇ...

جىپنىڭ ئىچى بىرپەس سۈكۈتكە چۆمدى. كۆزنەكتىن كىرگەن ئىسسىق شامال ئادەمنىڭ يۈزىنى كۆيدۈرەتتى. ئاچچىق شور توپا دىماقنى ئېچىشتۇراتتى. مىنېرال سۇنى ئىچىپ تۇرساقمۇ تاماقلار قۇرۇپ تۇراتتى.

يىراقتىن بىر ئېشەك ھارۋىسى كۆرۈنۈۋىدى، قارىقۇمچاق دەرھال ئورۇندۇقنىڭ تېگىگە چۆكتى:

— مۆكىنىۋالاي، بىزنىڭ مەھەللىدىكىلەر بولۇپ قالسا كۆرۈپ قالمىسۇن. ئېرىمگە خوتۇنلىرى تۆت ئەر كىشى بىلەن ماشىنىدا كېتىۋاتىدۇ دەپ قويسا، ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدۇ مېنى.

— ئۇنداق قارام ئەردىن ئاجرىشىپلا كەتمەملا.

قارىقۇمچاقنىڭ چىرايلىق قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى. ئۇ بىردىنلا تاياق زەربىدىن ئىششىپ قان دېغى ئۇيۇپ قالغان

چىرايلىق لەۋلىرىنى ئۆچلىدى، ئۆزىگە سۆزلىگەندەك ئاستا پىچىرلىدى:

— ئېرىم ئەسلىدە ئۆنچە ئەسكى يېتىم ئەمەس ئىدى... ئاشۇ بۇزۇق خوتۇننىڭ ئىسسىتقۇ ـ سوۋۇتقۇسى يامان چېقتى. ئۆيىنى ئۆي قىلىۋالارمەن دەپ موللىغا ئوقۇتۇپمۇ باقتىم، لېكىن ئېرىمنى ئۇ خوتۇندىن سوۋۇتالمىدىم. ئاجرىشىپ كەتسەم مەنغۇ جېنىمنى جان ئېتەرمەن، لېكىن ئاشۇ بىچارە بالام...

قارىقۇمچاق يەنە ئۆمچەيدى. يوغان قارا كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش كەلدى. ئىككى خىزمەتدىشىم بىلەن شوپۇر ئۇستام ئاللىقانداق خىياللار بىلەن جىمىپ كەتكەنىدى. قارىقۇمچاقنىڭ مىسكىن، بىچارە تۇرقىغا، دەردلىك كۆزلىرىگە قاراپ بىردىنلا يۈرىكىمنى ھەسرەت چىرمىۋالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەيلا قالغانىدىم.

— يامانلىدىم دەپ قېچىپ چىقىپ ياخشى قىلماپىلا، خېنىم، ئۇ ئادەم شۇنچە ئەقىدىلىرىنى بىلسىغۇ بىر نۆرى، ناۋادا «يارىم يامانلىغانغا خۇش، مەن قۇتۇلغانغا خۇش» دەپ ھېلىقى ئاشنىسىنى ئۆيگە ئەكىرىۋالسا ھەممىدىن قۇرۇق قېلىپ ئولتۇرمىسىلا يەنە.

كۈتمىگەن يەردىن قىلغان بۇ بىر ئېغىز گېپىم قارىقۇمچاققا خۇددى يەر يېرىلغاندەك تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ يوغان قارا كۆزلىرى كۈچلۈك بىر ۋەھىمىدىن چەكچەيدى.

— راست، بۇ گەپىڭىزمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى ئىدرىس قارى.

— بۇ چاغقا ئاللىقاچان ئۆيگە ئەكىرىپمۇ بولدىمۇ تېخى، — دېدى ئىمىنجان.

ئېنىقكى، شۇ تاپتا خىزمەتداشلىرىم چاقچاق قىلىۋاتاتتى. ئەمما، قارىقۇمچاق يۈلۈپ تاشلىۋەتكەن مايسىدەك سولۇشۇپلا كەتكەنىدى. جىپ كاتاڭ چۆل يولىدا توختىماي سىلكىنەتتى، كۆزنەكتىن ئېتىلىپ كىرگەن ئىسسىق شامال بىلەن ئاچچىق

شور بوغىناق دىماقنى ئېچىشتۇرۇپ، نەپەسنى بوغاتتى. جىنىڭ ئىچىنى ئېغىر سۈكۈنات قاپلىغانىدى. ھەممەيلەن ئاللىقانداق خىياللارغا پاتقانىدى. شوپۇر ئۇستام بۇ زېرىكىشلىك كەيپىياتنى بۇزۇش ئۈچۈنمۇ ئەيتاۋۇر جىپنىڭ ئۈنئالغۇسىنى ئېچىۋەتتى. شۇ ھامان غاز ـ غۇز ئاۋاز ئارىلاش ناخشا ياڭرىدى:

«سېنىڭ دوپپاڭنى مەن كىيسەم،
ساڭا ئوخشامدىمەن، يارىم؟
دۈشمەننىڭ گېپى بىلەن،
سېنى تاشلامدىمەن يارىم؟

ھاۋانى تۇمان باستى،
ئاينى كۆرگىلى بولماس.
كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى،
يارنى سۆيگىلى بولماس.»

— ئۇستام، ماشىنىنى توختاتسىلا!

تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋازدىن ھەممەيلەن چۆچۈپ كەتتۇق. شوپۇر ئۇستام ماشىنىنى جىددىي تورمۇزلىدى. كۆزلىرىمىز قارىغۇمچاقنىڭ قەتئىيلىك ئىپادىلىنىپ تۇرغان چىرايىغا تىكىلگەنىدى.

— مەن چۈشۈپ قالاي، — دېدى قارىغۇمچاق جىپنىڭ ئىشىكىنى سىلاشتۇرۇپ. شۇ تاپتا ئۇ ئىشىكنى ئاچىدىغان تۇتقۇچنى تاپالماي ئاۋارە ئىدى.

— بۇ چۆلدە چۈشۈپ قېلىپ نەگە باراي دەيلا؟ — سورىدىم مەن ھەيران بولۇپ. چۈنكى يۇرت ئىچىگە بېرىش ئۈچۈن ماشىنىلىق يەنە ئون ـ ئون بەش مىنۇتلۇق يول بار ئىدى.

— ئۆيگە كېتىمەن، — دېدى قارىغۇمچاق قەتئىيلىك بىلەن، — بالامغا چىدىمىدىم...

قارىقۇمچاق ماشىنىدىن چۈشۈپ قېلىش ئۈچۈن كۆرسەتمەكچى بولغان ئاللىقانداق سەۋەبلىرىنى يۇتۇۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ قارارىنى كۆڭلۈمدە قوللىسامۇ، ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ بۇ چۆلدىن يالغۇز چىقىپ كېتەلىشىگە دەرگۇمان بولۇپ قالدىم. چۈنكى، كۆز يەتكۈسىز بۇ چۆللۈك قۇياش تەپتىدە بەئەينى ئوت دېڭىزىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

— يۇرت ئىچىگە بېرىپ بىرەر هارۋا كىرا قىلىپ قايتىپ كەتسىلە ئەمدى.

— ياق، مۇشۇ يەردىنلا كېتىمەن. خاپا بولماي ئىشكنى ئېچىپ بەرسىلە.

ئىدرىس قارى ئىشكنى ئېچىپ بەردى. ئۇنىڭغا بىر شېشە مىنېرال سۇ تەڭلىدىم.

— ئۇنداق بولسا ماۋۇ سۇنى يولدا ئۇسسۇلۇق قىلارلا.

قارىقۇمچاق ماڭا شۇنداقلا قاراپ قويۇپ، قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلدى:

— رەھمەت، مەن ئۇنداق هارام نەرسىنى ئىچمەيمەن.

ئۇنىڭ بۇ جاۋابى بىر ئاز ئاچچىقىمنى كەلتۈردى.

— بۇ دېگەن پاكىز، هالال سۇ! هارام نەرسە ئەمەس.

— ئايال خەق ئۈچۈن شېشىنىڭ ئىچىگە قاچىلىغان نەرسىنىڭ ھەممىسى هارام، ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ قالسامۇ ئىمانىمنى بۇلغىمايمەن.

قارىقۇمچاق شۇنداق دېدى ـ دە، بىزگە ئېگىلىپ بىر سالام قىلىۋېتىپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ تاياق زەربىدىن ئېشىپ كەتكەن كالپۇكلىرىدا قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغانىدى. قۇياش چۆلگە ئوت پۈركۈيتتى.

# سۆگەل

سەمەت ئىنژېنېر بۈگۈنمۇ ئادىتى بويىچە دەل سائەت بەش يېرىمدا ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ۋىجىك گەۋدىسىنى يوتقاندىن يېرىم چىقىرىپ، ياستۇققا يۆلەندى ـ دە، تاماكا يۆگىگەچ خىيالغا كەتتى:

«توۋا، ھېلىقى چۈشنى بۈگۈنمۇ يەنە كۆرۈپتىمەن. بۈگۈنكىسى بىلەن جەمئىي بىر يۈز توقسان توققۇز قېتىم بوپتۇ. بۇ نېمە ئىشتۇ؟ ئوخشاشلا بىر خىل چۈشنى ئادەم ئارقىمۇئارقا بىر يۈز توقسان توققۇز كۈندە بىر يۈز توقسان توققۇز قېتىم كۆرسە ـ ھە! ــ ئۇ يۆگەپ بولغان تاماكىسىغا سەرەڭگە يېقىپ، ئاچچىق ـ ئاچچىق شورىغىنىچە خىيالىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، ــ ئىدارىدىغۇ يېقىندىن بېرى مىش ـ مىش گەپلەر خېلى ئاۋۇپ قالدى. كۆپ ساندىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاغزىدا ‹ئۆتكەنكى سايلام كۈچكە ئىگە بولمىدىكەن، سەمەت ئىنژېنېرنىڭ سايلامدا ئېرىشكەن بېلەتى ئېتىراپ قىلىنمىدىكەن...› دېگەنگە ئوخشاش ئادەمنى ئۈمىدلەندۈرىدىغان گەپلەر. دېمىسىمۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ماڭا دائىم قوپال مۇئامىلە قىلىپ كەلگەنلەرمۇ يېقىندىن بۇيان خېلى يۇمشاپ قالدى. تاقىر باش ئىشخانا مۇدىرى غالىبنىڭ ئالايتەن ئالدىمغا كېلىپ ئەھۋال سوراپ كېتىشىمۇ يەنە ماليە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ ‹غورا›نىڭ ئالاھىدە ھېجىيىپ پاپىروس تۇتۇپ كېتىشلىرىدىمۇ بىر گەپ بار، ــ سەمەت ئىنژېنېر قويۇق، كۆكۈچ تاماكا ئىسىنى ئۆينىڭ تورۇسىغا پۈۋلىگەچ خىيالىنى داۋاملاشتۇردى، ــ شۇنداق قىلىپ، راستىلا ئەمەلدار ــ ئىدارە باشلىقى بولۇپ قالارمەنمۇ؟

ئىدارىنىڭ هازىرقى قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، گادايلىقتىن، قەرزدارلىقتىن قۇتۇلدۇرالارمەنمۇ؟ قەرز بىر مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن بۇ ئىدارە تەۋەلىكىدىكى ئۈچ زاۋۇت ـ كارخانىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، يىلمۇيىل زىيان تارتىش هالىتىنى پايدا ئېلىش، ئۆزىنى ـ ئۆزى بېقىش هالىتىگە كەلتۈرەلەرمەنمۇ؟ تەس... تەس... مەن يولۋاسقا مىنىپ قالىمەنمۇ نېمە !؟ بولمىسا ئۆزۈمنىڭ بىر ئۇبدان ئىنژېنېرلىقىمنى قىلىپ، يېزىۋاتقان ئىلمىي ماقالەم بىلەن ئىشلەۋاتقان تەتقىقاتىمنى تاماملىغىنىم تۈزۈكمىكىن. نېمە پايدىسى ئەمەلدار بولدۇم، دەپ ئۇشۇقچە باش ئاغرىقى تېپىۋالغانىنىڭ؟ بىراق، ئىدارىمىزنىڭ ئەھۋالى شۇ چۇۋالچاق پېتى كېتىۋەرسە، ئىدارىمىز تەۋەلىكىدىكى بۇ زاۋۇت ـ كارخانىلار ئاز كۈندە ۋەيران بولۇپ تاقىلىپ كەتمەمدۇ؟ ئۇ چاغدا يازغان ئىلمىي ماقالىلىرىمنىڭ، تېخنىكا ئۆزگەرتىش، يېڭىلاشقا ئائىت ئېلىپ بارغان ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلىرىمنىڭ نېمە كېرىكى بولىدۇ؟ دۆلەتكە بولغان شۇنچە زىياننى كىم تۆلەيدۇ؟ ئىشسىز قالغان شۇنچە كۆپ ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشى قانداق بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ بالىچاقىلىرىنى كىم باقىدۇ؟ ياق، ياق ! چوقۇم ئەمەلدارمۇ بولىمەن، ئىنژېنېرلىقىمنىمۇ قىلىمەن. ئىدارىنىڭ ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالماي، تۈزىمەي بولمايدۇ. «ئىتتىن قورققان گاداي ئەمەس» دېگەن گەپ بار. قىيىنچىلىق، توسالغۇلاردىن قورققان ئادەم هېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. كاللام كۈندۈزى ئىدارىنىڭ ئىشلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ئۈچۈن، كېچىسى ئىنژېنېرلىق ئۈچۈن ئىشلىسە بولمامدىمۇ؟ هالقىلىق پەيتتە قۇشقۇنغا ئولتۇرۇۋالساڭ بولمايدۇ سەمەت، ئۇيات! شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا مەيدەڭگە مۇشتلاپ چىققانىكەنسەن، ئەمدى ئىرادەڭدىن قايتما ! ساڭا خەق بىكاردىن ئىشەنچ باغلىمىدى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ سۆزلىگەنلىك ئۈچۈنلا، نامزاتتا يوق سايلانغۇچى بولۇپ، شۇنچە كۆپ ئاۋازغا ئېرىشىپ،

ساندۇقتىن چىققان باشلىق بولۇپ قالغانىدىڭ. بۇلارنىڭ ھەممىسى كەڭ ئاممىنىڭ ئىشەنچى ئەمەسمۇ؟»

ئۇ تاماكىسىنىڭ قالدۇقىنى ئاخىرقى قېتىم كۈچەپ شورىۋالدى ـ دە، كۈلدانغا تاشلىۋېتىپ، بۈنىڭدىن بىر يۈز توقسان توققۇز كۈن ئىلگىرى سايلام بولغان كۈننى ئېسىگە ئالدى.

شۇ كۈنى يىلمۇيىل زىيان تارتىپ كېلىۋاتقان بۇ ئىدارىدە ئاممىنىڭ رايىنى سىناش، پىكىر ـ تەلەپلىرىنى ئاڭلاش ۋە نەق مەيداندا ھەل قىلىش، شۇنداقلا رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى تەڭشەش چوڭ يىغىنى شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىدىكى رەھبەرلەرنىڭ قىزغىن قوللىشى ئارقىسىدا ئېچىلغانىدى. ئەنە شۇ يىغىندا سەمەت ئىنژېنېر ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى تەلەپ قىلىپ سۆزگە چىقىپ، دەسلەپ ئىدارە قارىمىقىدىكى ئۈچ زاۋۇت ـ كارخانىنىڭ نېمە ئۈچۈن يىلمۇيىل زىيان تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ كونكرېت سەۋەبلىرىنى، ئاندىن كېيىن ئىدارە رەھبەرلىك ئورگىنىدىكىلەرنىڭ ھەددىدىن زىيادە ھەشەمەتچىلىك، مېھماندارچىلىق، سەيلە ـ ساياھەت، ئېكسكۇرسىيە، مەجلىسۋازلىق ئىللەتلىرىنى، مالىيە باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئىقتىدارسىزلىق، پىلانسىزلىق، ئىسراپچىلىق قىلمىشلىرىنى، شۇنداقلا ئىدارە رەھبەرلىرىنىڭ پارىخورلۇق، ئومۇمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئىگىلىۋېلىشتەك ناتوغرا ئىستىللىرىنى ئەمەلىي مىسال، ئېنىق دەلىل ـ پاكىتلار ئارقىلىق ئېچىپ تاشلىدى. ئاخىرىدا ئىدارە قارىمىقىدىكى زاۋۇت ـ كارخانىلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سېلىش، ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش، ئۆزگەرتىش، تېخنىكا يېڭىلاش، مەھسۇلاتلارنى بازار ئەھۋالىغا ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش ھەم كۆپ خىللاشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق بىر مىلىيون يۈەنلىك زىياننى بىر يىل ئىچىدە تۆلەپ بولغاندىن سىرت، پايدا ئېلىش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر، تەدبىرلەرنى دادىللىق

بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تىمتاسلىقتا چۆمگەن زال ئىچىنى بىردىنلا ئۇزاققا سوزۇلغان ئالقىش سادالىرى قاپلىدى. يىغىن رىياسەتچىسى قايتا ـ قايتا تۈۋلاپ يۈرۈپ ئاران بېسىقتۇردى. شۇ قېتىمقى سايلامدا گەرچە سەمەت ئىنژېنېرنىڭ ئىسمى نامزاتلار قاتارىدا بولمىسىمۇ، لېكىن ھەممە بېلەتكە ئۇنىڭ ئىسمى يېزىلغانىدى. لېكىن، نېمە ئۈچۈندۇر يىغىن رىياسەتچىسى يىغىندىن تولۇق خۇلاسە چىقارمىدى. ئەمما، شۇ كۈنىدىن باشلاپ سەمەت ئىنژېنېر ھەر كۈنى كېچىسى ئۆزىنى ئىدارىگە بىرىنچى قول باشلىق بولۇپ چۈشەپ چىقتى. مانا بۈگۈنكى ئۇنىڭ بىر يۈز توقسان توققۇزىنچى قېتىم كۆرگەن چۈشى ئىدى...

— ھوي ئادەم، نېمانچە بۇتتەك قېتىپ كەتتىلە؟

تۈگىمەس خىياللار دېڭىزىدىن باش كۆتۈرگەن سەمەت ئىنژېنېر كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىۋاتقان ئايالىغا قاراپ يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى:

— قاچان ئويغاندىڭ؟ قارا، مەن بۈگۈنمۇ ھېلىقى چۈشنى يەنە كۆرۈپتىمەن.

— يەنە شۇ يېرىم كېچىدىمۇ؟ — سورىدى ئايال كۈندىكى ئادىتى بويىچە «چۈشلىرى يارىشار» دېگەن سۆزنى دېمەي خۇشياقمىغان ھالدا.

— ياق، بۈگۈن سەھەرگە يېقىنراق كۆرۈپتىمەن. كۆرۈپ بولۇپلا ئويغىنىپ كەتتىم.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئايال بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — باشلىق بولىدىغانلىرى راست ئوخشايدۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى سەمەت ئىنژېنېر.

— چۈنكى، — دېدى ئايال ئويچانلىق بىلەن، — سەھەر ۋاقتىدا كۆرگەن چۈشنىڭ كۆپىنچىسى راستقا ئايلىنارمىش ھەمدە ئوڭىدا ئايان بولارمىش. كونىلارمۇ سەھەردە كۆرگەن

چۈشنى خاسىيەتلىك چۈش دەيدۇ ئەمەسمۇ!
— بۇۋىلەرگە ئوخشاش گەپ قىلمىغىنا، — دېدى سەمەت ئىنژېنېر قولىنى سىلكىپ، — چۈش دېگەن بەربىر چۈش، ئۇ قانداقمۇ رېئاللىقتىن بېشارەت بېرەلىسۇن؟
ئايال ئېرى بىلەن ئارتۇقچە گەپ تالىشىپ يۈرۈشنى خالىمىدىمۇ قانداق، ئارتۇق گەپ قىلمايلا، ئىشكاپتىكى يۇيۇپ، دەزماللاپ قويغان كۆڭلەكتىن بىرنى ئېلىپ ئۇزارتتى:
— كۆڭلەكلىرىنى ئالماشتۇرۇۋالسىلا، — ئايال ئېرىگە شۇنداق قاراپلا بىردىنلا چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى، — ۋاي ئانامەي، ئېڭەكلىرىدىكى نېمە ئۇ؟
— نېمە ئىكەن؟ — دېدى سەمەت ئىنژېنېر پەرۋاسىزلىق بىلەن.
— ئۆزلىرى قاراپ باقسىلا، — ئايال ئۇستەل ئۈستىدىكى ئەينەكنى ئېلىپ ئېرىگە ئۇزارتتى. ئۇنىڭ ئەينەك تۇتقان قوللىرى سېزىلەرلىك دەرىجىدە تىترەۋاتاتتى.
ئىنژېنېر ئەينەكتىكى ئېڭىكىدىكى ئاق قوناقتەك چوڭلۇقتىكى بىر تال سۆگەلنى كۆرۈپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى:
— سۆگەل ئىكەنغۇ بۇ، مۇشۇنچىلىك ئىشقىمۇ شۇنچىۋالا ئالاقزەدە بولۇپ كەتكەن بارمۇ؟ مەن تېخى ئېڭىكىمدىكى ساقاللارنىڭ ھەممىسى قايتىدىن قارىداپ قالغانمىكىن دەپتىمەن.
— توۋا دېسىلە، قالايمىقان سۆزلىمەي، — دېدى ئايال جىددىي يوسۇندا، — ئېڭەكلىرىدە بىر كېچىدىلا پەيدا بولۇپ قالغان بۇ سۆگەل ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس. مەن دېدىمغۇ ئاشۇ ۋاقىتتا، سىڭگەن نانلىرىنى يەپ شۇك ئولتۇرسىلا، ئىدارىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمىسىلا، باشقىلار بىلەن يۈز تېپىشمىسىلە، خەق ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىنى خەجلەمدۇ، بۇزۇپ - چاچامدۇ ياكى باشقىلاردىن پارا ئېلىپ ئۆزىنى سەمرىتەمدۇ، بۇنىڭ بىلەن كارلىرى بولمىسۇن دېسەم، گېپىمگە قۇلاق سالمىدىلا، شۇنچە چوڭ يىغىندا قىزىققانلىق قىلىپ،

باشقىلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويىدىلا، مەن ئۇ ۋاقىتتا سىلىنىڭ كۆرگەن ئاشۇ چۈشلىرىدىمۇ چوقۇم بىر گەپ بار، دەپ ئويلىغانىدىم. ھەي... سىلىنىڭ چۈشلىرى تەتۈرىگە ماڭسىكەن ئەمەسمۇ؟ ئېغەكلىرىگە چىققان بۇ سۆگەل چوقۇم بىرەر بالا - قازانىڭ بېشارىتى، — ئايال يىغىدىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇراتتى. لەۋلىرى تىترەيتتى. مانا ئەمدى ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلەشكە باشلىدى، — ۋاي خۇدايىم، نېمىشقا بۇرۇنراق نەزىر بېرىپ، خەتمە ئۆتكۈزۈۋەتمىگەندىمەن، ئەمدى قانداق قىلارمىز؟...

ئىنژېنېر ئايالىغا تەسەللى بېرىشنى خالىمىدىمۇ ياكى تەسەللى بەرگەننىڭ پايدىسى يوق، دەپ ئويلىدىمۇ قانداق، ئايالىنىڭ غەم - تەشۋىش ئالامىتى چىقىپ تۇرغان چىرايىغا يوشۇرۇنچە قاراپ قويۇپ، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— ماڭا قارىسىلا، — دېدى ئايال ئېرىنى توختىتىپ، — ئىدارىگە بارغۇچە بەش - ئالتە كوي پارچە پۇل چىقىرىپ سائىللارغا سەدىقە بېرىۋەتسىلە جۇمۇ!

— نېمىشقا؟ — دېدى ئىنژېنېر ئايالىنىڭ سۆزىنى ياقتۇرمىغان قىياپەتتە.

— نېمىشقا - پېمىشقىلارنى قويسىلا، — دېدى ئايال رەنجىش تەلەپپۇزىدا، — بەش كوي پۇل دېگەن بېشىمىزدىن ئۆنۈپ چىقمىغاندىكىن، ماقۇل، دەپ سەدىقە قىلىۋەتسىلە، «توۋا گۇناھنى يەر، سەدىقە بالانى» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ كۆرۈنەر - كۆرۈنمەس كەلگەن بالا - قازانىڭ ياخشى - يامان كەلگەن چۈشلىرىنىڭ سەدىقىسى بولۇپ قالسۇن، ماڭسىلا، ئىشلىرىغا بارسىلا، خۇدايىمغا ئامانەت! خۇدايىمغا تاپشۇردۇم.

ئۇ ئايالىنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىگە قۇلاقمۇ سالماي ئىشىكتىن چىقتى...

* * *

سەمەت ئىنژېنېر خۇشال ھالدا كەچتە ئۆيگە كەلگەندە، ئايالى

ئىشىك تۈۋىدە بېشىغا قازاندەك سەللە ئورىغان، قولتۇقىغا زەللە قىسقان موللا سۈپەت بىر كىشىنى ئۇزىتىپ قويۇۋاتاتتى.

— خەتمە ئۆتكۈزدۈم، — دېدى ئايال مەمنۇن بولغان ھالدا ئېرى سورىمىسىمۇ ئۆزىچە ئېغىز ئېچىپ، — قانداق، سەدىقە بېرىۋەتتىلىمۇ؟

— ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ، — دېدى ئىنژېنېر پەرۋاسىز ھالدا.

— يائاللا، شۇنچىلىك ئىشقىمۇ كارغا كەلمەيلا ـ دە! — دېدى ئايال نارازى بولغان ھالدا غۇدۇراپ، — تۆت ـ بەش كوي پۇل باشلىرىدىن ئۇنۇپ چىقماس ئىدى.

سەمەت ئىنژېنېر ئايالىنىڭ ئەيىبلەشلىرىگە پەرۋامۇ قىلماي، ئادراسمان، ئارچا ياغىچى، قوي يېغىنىڭ ئارىلاشما پۇرىقى بىر ئالغان ئۆيگە كىردى ۋە دېرىزىنى ئېچىۋەتتى. ئۇ كارىۋات ئۈستىدىكى قاتلاقلىق تۇرغان گىلەمنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— بۇ گىلەم؟...

— نېمىشقىمۇ پۇل بۇزۇپ گىلەم ئېلىپ يۈرىدىغانلا؟ — سەمەت ئىنژېنېر ئەمدىلا ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە، ئايالى ئەيىبلەشكە باشلىدى، — ئۇرۇمچىدە ئوقۇۋاتقان ئاشۇ ئىككى بالىغا پۇل يېتىشتۈرەلمەيۋاتقاندا، بۇ نەرسىگە بەرگىلى نەدە پۇل؟ گىلەم ئالساقمۇ باللار ئوقۇشىنى پۈتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن ئالساقمۇ بولاتتىغۇ؟

سەمەت ئىنژېنېر بىرەر ئۇقۇشماسلىقنىڭ بولغانلىقىنى سېزىپ سورىدى:

— بۇ گىلەمنى كىم ئەكەلدى؟

— بۇرۇن بىر يەردە كۆرۈپ باقمايتىكەنمەن. كوسا، سېمىز، دىقماققىنا كەلگەن، سىلى قۇراملىق بىر كىشى «سەمەت ئاكام ئۆتكەن ئايدا بۇيرۇتۇپ قويغانىدى. خوتەندىن ئالغاچ كەلدىم» دەپ تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

— ئىسمىنى ئېيتىپ بەرمىدىمۇ؟

— ھە راست، تاس قاپتىمەن ئۇنتۇلۇپ قالغىلى. ئۇ ئادەم ئىسمىنى ماڭا خۇددى كىچىك بالىغا گەپ ئۆگەتكەندەك قايتا ـ قايتا ئېيتىپ بېرىپ كەتتى. ئىسمى نۇرھەسەن ئىكەن.

— نۇرھەسەن؟ — سەمەت ئىنژېنېر بۇ ئىسمىنى تونۇيدىغاندەك سەسكەنگەن ھالدا تىلغا ئالدى، — چاققانلىقىنى كۆرۈڭ بۇ مەرەزنىڭ، بۈگۈن مېنىڭ ئىدارە باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەنلىكىمنى ئاڭلاپلا، ئۇستىلىق بىلەن ماڭا ئالدىن يەمچۈك تاشلاپتۇ ـ دە!

— نېمە دېدىلە؟ راستلا ئىدارە باشلىقى بوللىما؟

— ھەئە، — دېدى سەمەت ئىنژېنېر قىسقىلا قىلىپ.

— ئۇھ... خۇداغا شۈكۈر، ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم، — دېدى ئايال غەمكىن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — قوللىرىغا ئەمەل كىرگەن بولسا، ئەمدى ھېچكىممۇ بىزگە چېقىلالمايدۇ.

ئايال بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن چۈشەندۈرۈشكە ئۆتتى:

— لېكىن، ئۇيانچىن ئەمەل تۇتۇپ، بۇياندىن ئۆي بېزىگىلى تۇرساق ياخشى بولماس. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ گىلەمگە بەرگىلى ئۇشۇق پۇلمۇ يوق، توغرا تاپسىلا، بۇ گىلەمنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەيلى. ئۇشۇقچە ھەشەمەتچىلىك قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ باشلىق بولغان ئادەمنىڭ ئۆيىدە گىلەم بولمىسا بولمامدىكەن يا؟

— گېپىمنى چۈشەن، خوتۇن، — دېدى سەمەت ئىنژېنېر ھېچنېمىنى چۈشەنمەي، ساددىلىق بىلەن قىزىپ سۆزلەۋاتقان ئايالنى گەپتىن توختىتىپ، — مەن ئۇنىڭغا ھېچقانداق گىلەم گېپىنى قىلغىنىم يوق. نۇرھەسەن دېگەن بۇ ئادەم سابىق ئىدارە باشلىقىمىزنى مۇشۇنداق سوۋغا تەقدىم قىلىش، پارا بېرىش... ئارقىلىق ئالىقىنىغا ئېلىۋېلىپ، ئىدارىمىز قارىمىقىدىكى زاۋۇت ـ كارخانىلار ئىشلەپچىقارغان بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتلارنى ئەرزان باھادا نېسىگە ئېلىپ، باشقىلارغا ئىزىدا تۇرغۇزۇپ ھايىنىغا

سىتىپ، ئۆزىنى سەمىرىتىۋاتقان بىر تۇلۇمچاشقان. ئۇ بۈگۈن مېنىڭ ئىدارە باشلىقى بولغانلىقىمنى ئاڭلاپلا، دەرھال بۇ گىلەم ئارقىلىق ئاغزىمنى ياغلىماقچى، مەندىن نەپ ئالماقچى بوپتۇ، ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسەن؟

— ھە، مۇنداق دېسىلە، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇستاتلىقىنى قاراڭ. ئۇنداق نىيەتلەر ئادەمنى ئورىغا ئىتتىرىشنى كۆزلەيدۇ. شۇڭا، بۇ گىلەمنى قوبۇل قىلمايلى، بۇنداق ھارام نەرسىلەر بىلەن ئۆزىمىزنى بۇلغىمايلى، قانداق دېدىم؟!

ئىنژېنېر ئايالىنىڭ تەشەببۇسىنى رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتىپ تەستىقلىدى.

— ھوي، ئېڭەكلىرىدىكى ھېلىقى سۆگەل يوققۇ؟ — سورىدى ئېرىنىڭ چىرايىغا ئىنچىكىلىك بىلەن سەپسېلىپ.

— ھەي، سۆگەلنى دەمسەن؟ — دېدى ئىنژېنېر پاكىز قىردۇرۇلغان ئېڭىكىنى سىلاپ تۇرۇپ، — بايا ساتىراش ئۇستام ساقىلىم بىلەن قوشۇپ كېسىپ تاشلاپتۇ.

— ئەستاغپۇرۇللا! ساتىراش ئۇستامنىڭ بۇ قىلغىنى پەقەتلا بولماپتۇ، — دېدى ئايال خاپا بولۇپ، — بەلكىم ئۇ يارىشىدىغان سۆگەل بولغىيدى.

سەمەت ئىنژېنېر ئايالىنىڭ بۇ گېپىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— مۇشۇ كۈندە نېمانداق تۇتامىي يوق گەپلەرنى قىلىدىغانسەن، خوتۇن. ئەتىگەن ياراشمايدىغان سۆگەل دەيسەن، مانا ئەمدى... قۇرۇق خىيالغا ئاز بېرىلگىن. داخان، بۇۋۇلەر بىلەن ئازراق ئارىلاشقىن ـ ھە!

ئۇلار شۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزاق پاراڭ سېلىشتى.

تاماقتىن يەپ بولۇپلا يېزىق ئۇستىلىنىڭ ئالدىغا كەلگەن سەمەت ئىنژېنېر قانداقتۇر ئۈمۈچۈك تورىغا ئوخشاش ھەر خىل سىزىقلار بىلەن تولغان بىر قۇچاق ماتېرىيالنى ئالدىغا يېيىۋېلىپ يېزىش، سىزىش، ئۆلچەش، ھېسابلاش... ئىشلىرىغا

www.uyghurkitap.com

كىرىشىپ كەتتى. ئۇ قايسى ۋاقىتتا يېزىق شىرەسىگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمىدى.

... ھېلىقى گىلەم تۇيۇقسىز لۆمۈلدەپ تۇرغان ئۇششاق قۇرتلارغا ئايلاندى. سەمەت ئىنژېنېر بۇ سېسىق قۇرتلارنى پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ تالاغا ئاچىقىپ تۆكتى. لېكىن، قۇرتلار ئۆيدە ئۈزۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇراتتى. يەنە تالاغا ئاچىقىۋەتسە يەنە پەيدا بولاتتى. ئاخىر ئىنژېنېر بىلەن ئايالى قۇرتلارنى توشۇپ بولالماي ھېرىپ كەتتى. بىر چاغدا تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ، ئۆيگە نۇرھەسەن قاتارلىق بىر توپ كىشىلەر قوللىرىدا ھەر خىل تەخسىلەرنى كۆتۈرۈشكىنىچە كىرىپ كەلدى. ئىنژېنېر ئۇلارنىڭ قولىدىكى تەخسىگە شۇنداقلا قاراپ سەسكىنىپ كەتتى. چۈنكى، تەخسىلەردە بايىقىغا ئوخشاش سېسىق گەندە قۇرتلىرى مىغىلداپ تۇراتتى. ئىنژېنېر ئۇلارنى چىرايلىق ھەم سەت گەپ قىلىپمۇ ئۆيدىن چىقىرالمىدى. ئۇلار بىزەڭلىك بىلەن قوللىرىدىكى تەخسىلەرنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ ھېجىيىپ، خۇشامەت قىلىشىپ تۇراتتى. ئىنژېنېر ئاخىر ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تۆتىنچى قەۋەتتىكى ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن پەسكە سەكرىدى ـ دە، بىنانىڭ تۆۋىدىكى بىر ئاق پىكاپنى ھەيدەپ قاچتى. لېكىن، ئۇ پىكاپنى شۇنچە يۇقىرى سۈرئەتتە ھەيدىسىمۇ، نۇرھەسەن قاتارلىق ھېلىقى تەخسە كۆتۈرۈۋالغان بىر توپ كىشىلەر ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ پىكاپقا يېتىشىۋالماقتا ئىدى. تۇيۇقسىز پىكاپنىڭ ئالدى ئەينىكىدە سابىق ئىدارە باشلىقىنىڭ سوغۇق تەلەتى كۆرۈندى. ئۇ مەسخىرىلىك ھىجايدى:

— قانداق، بىزنى پارىخور دەپ ئەيىبلىگەن نوچى! قېنى ئەمدى بۇلارغا نېمە دەيسەنكىن؟ سەن ئۇلارنىڭ تەخسىلىرىدىكى نەرسىلەرنى ئالماي قۇتۇلۇپ باقىقىنچۇ قېنى. ئالامسەن؟ ئېلىۋەر! ساددىلىق قىلما، گېپىمنى ئاڭلا، بۇ زاماندا پارا ئالمايدىغان، سوۋغا قوبۇل قىلمايدىغان ئەمەلدار يوق. قولۇڭدا ھوقۇق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلار ساڭا شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. سەن

ئۇلارنىڭ قولىدىكى نەرسىنى ئالماي قۇتۇلالمايسەن. بۇمۇ سېنىڭ ئەمەل ـ مەرتىۋەڭنىڭ ھۆرمىتى، يارىشىقى، نېمە ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرىسەن؟ ئال ئەخمەق، ھا ـ ھا ـ ھا!...

ئىنژېنېرنىڭ بېشى قايدى. بىر ئامال قىلىپ ماشىنىنى توختىتىۋالدى، رولغا بېشىنى قويۇپ بىردەم تۇرۇۋالدى، قانداقتۇر بىر تىۋىشنى سېزىپ كابىنكا ئىچىگە قارىدى. بۇنىڭ ئىچىمۇ سان ـ ساناقسىز گەندە قۇرتلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. قورقۇنچ، ۋەھىمىدىن تېنى جۇغۇلداپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان ئىنژېنېر غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئوت قويۇۋېتىمەن بۇ نىجىس قۇرتلارغا، نەسلىدىن، يىلتىزىدىن كۆيدۈرۈپ تاشلايمەن!

— ھوي ئادەم، نېمە بولدى؟ كۆزلىرىنى ئاچسىلا!

چىلىق ـ چىلىق قارا تەرگە چۆمگەن ئىنژېنېر ئەتراپىغا چۆچۈپ قارىدى. ئەتراپقا ئالاقزەدىلىك بىلەن نەزەر تاشلىدى. كۆزى كارىۋاتتىكى ھېلىقى گىلەمگە چۈشۈشى بىلەن ئىچ ـ ئىچىدىن سەسكەندى.

— بىرنېمە يازىمەن دەپ جانلىرىنى قىيناپ ئۇ يەردە ئۇخلىغۇچە، يوتقانغا كىرىپ ئۇخلىسىلا بولمامدۇ؟ قاتتىق يەردە ئۇخلاپ قارا باسقان ئوخشايدۇ، — ئايال ئېرىگە كايىغاچ بېرىپ، چايداندىن پىيالىگە چاي قۇيۇپ، قوش قوللاپ ئۇزارتتى.

ئىنژېنېر ئۈن ـ تىنسىز چاينى ئىچتى ـ دە، بىر ئاز ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن سائىتىگە قارىدى. سائەت بەش يېرىم بولغان بولۇپ، ئۈيۈق سۇزۇلۇشكە باشلىغانىدى. ئۇ يېزىق شىرەسى ئۈستىگە كېچىدىن بېرى قايتا تەييارلىغان ماتېرىياللارنى ئايرىم ـ ئايرىم رەتلىدى. ئاندىن كارىۋات ئۈستىدىكى گىلەمنى خۇددى نىجاسەتنى تۇتقاندەك يىرگىنىپ قولىغا ئالدى.

— بۇنچە سەھەردە نەگە بارىلا؟

— ئىدارىگە، — دېدى ئىنژېنېر ماڭغاچ جاۋاب بېرىپ.

— گىلەمنىمۇ ئىدارىگە ئاپىراملا؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ئايال، — ئاخشام ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەيلى دەۋاتاتتىلىغۇ؟

— بولدى قوي، نۇرھەسەندەك ئادەملەرگە يۈز - خاتىر قىلغاننىڭ پايدىسى يوق، — ئايالىغا بۇرۇلۇپ قول سىلكىدى ئىنژېنېر، — مەن بۇ گىلەمنى ئىدارىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن.

— ۋاي خۇدايىم، بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟! بىرسىنىڭ ئورنىغا ئونى ئۆسۈپ چىقىپتۇ ئەمەسمۇ؟

غەزەپ بىلەن سۆزلەۋاتقان ئىنژېنېرنىڭ ئېغىزىدىكى تۇنۇگۈن كېسىۋەتكەن سۆگەلنىڭ ئورنىغا چىققان نۇرغۇنلىغان ئۇششاق سۆگەلنى كۆرۈپ، ئايالى قورقۇنچتىن ۋارقىرىۋەتتى.

— كېرەك يوق، خوتۇن، — دېدى ئىنژېنېر پۇتۇنلەي سۆگەل بېسىپ كەتكەن ئېغىزىنى سىلاپ تۇرۇپ، — بۇ پەقەت كۆزگە چېلىققان سۆگەلنىلا كېسىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس يوشۇرۇن يىلتىزلىرى بىلەن كارىم بولمىغانلىقىمنىڭ كاساپىتى. بۇ بىر ساۋاق بولدى. مەن بۇ سۆگەللەرنى تۇپ يىلتىزىدىن كۆيدۈرۈپ تاشلايمەن.

قاتتىق ۋەھىمىدە بوگۇنمۇ ئۆيدە يەنە بىر قېتىم خەتمىقۇرئان قىلىشنى ئويلاۋاتقان ساددا ئايال ئېرىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيلا باش لىڭشىتتى...

1989 - يىلى، ئاۋغۇست

# تاۋۇس ئەللەيىن (1)

«ئىشەكمۇ ئۇچامدۇ؟
ئۇچۇرسا ئۇچىدۇ.»
— نۇرمۇھەممەت توختى

راستىنى دېگەندە بوز ھاڭگا ئادەتتىكىچىلا بىر ئېشەك ئىدى. بوي - بەستى، رەڭگىرويى، يول يۈرۈشى ئۆز جەمەتىدىكىلەردىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. ئەمما، ھارۋا سۆرىگەن، يۈك كۆتۈرگەندىكى ھۇرۇنلۇقى سەۋەبىدىن سەپرا ئىگىسى ئاياۋسىز ساۋاپ ئوڭ قۇلىقى بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ قالغاچقا، تەق - تۇرقى خېلىلا كۆرۈمسىز كۆرۈنەتتى. جەمەتىدىكى باشقىلارنىڭ ئىككى قۇلىقىنى تىك تۇتۇپ، سۆلەت بىلەن ئويان - بۇيان چېپىپ يۈرۈشلىرى ئۇنىڭ ھەسىتىنى قوزغايتتى. ئۇ ئىككى قۇلىقىنى ھەرقانچە تىك قىلىپ بېقىشقا تىرىشسىمۇ شورى قۇرۇغۇر ئوڭ قۇلىقىنىڭ كەپتەر قونىدىغان پەغەزدەك قىڭغايغىنىنى قىڭغايغانىدى، ئەمما ئۇنىڭ بەزى ئارتۇقچىلىقلىرىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. يەم - خەشەككە كەلگەندە جەمەتىدىكى ھەرقانداق بىرسىدىن ئىشتىھالىق ئىدى. سەپرا ئىگىسى پىخسىقلىق قىلماي ئوقۇرغا تۆكۈپلا تۇرسا بوغۇز بىلەن سامانىنى كورۇسلىتىپ يەپلا تۇراتتى. مىنگەندە ئانچە - مۇنچە ھالۋۇزلۇقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تەپكەك، چىشلىگەك خۇيى يوق ئىدى. ئاۋازى ئاجايىپ ياڭراق بولۇپ، بىر ھاڭرايدىغان بولسا پۈتۈن مەھەللىنى بېشىغا كىيەتتى. ھەئە، ئۇ ئۈچ خىل ئەھۋال ئاستىدا ھاڭرايتتى: بىرىنچىدىن، كېچىچە قورسىقى ئېچىپ

كېتىپ تېخى تاڭ يورۇمىغان قاق سەھەردە ئىگىسىنى قوپۇپ تېزرەك بوغۇز بېرىشكە ئالدىرىتىپ ھاڭرايتتى؛ ئىككىنچىدىن، قورسىقى تويغاندىن كېيىن ھاڭراپ قوياتتى. ئۇلۇغۋەتتە، بۇ توقلۇقتىن شوخلۇق چىققانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى؛ ئۈچىنچىدىن، جەمەتىدىكى يات جىنسلارنى — مادا ئېشەكنى كۆرگەندە ھاڭرايتتى. بۇنداق چاغدا ئۇ ئەتراپىدا ئادەم بار، يوق دېمەي، ھارۋا سۆرەۋاتقان، يۈك كۆتۈرۈۋاتقانلىقى بىلەن ھېسابلاشماي، ھارغان - ئاچقانلىقى بىلەنمۇ كارى بولماي يارلىق ئاۋازى بىلەن ھاڭرىغىنىچە ئۆزىنى جان - جەھلى بىلەن ئاشۇ جانىۋارغا ئاتاتتى. ئەڭ چوڭ ئەيىبى — ئالدىراش يۈك ئارتىپ ياكى ھارۋا سۆرەپ كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىزلا سۈيدۈك پۇراپ توختىۋېلىشى ئىدى. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭغا تاياق كار قىلمايتتى. ھەرقانچە ئالدىرىتىپ ئۇرغان بىلەنمۇ جاھىللىق بىلەن تىرەجەپ، سۈيدۈكنى قېنىپ - قېنىپ پۇراپ تۇمشۇقلىرىنى ھۈزۈرلۇق پۈرۈشتۈرەتتى.

شۇنداقلىقىغا قارىماي بوز ھاڭگىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارزۇ - ئارمانلىرى بار ئىدى. كونا كۆمىلاچ تاملىق بولسىمۇ، ئەمما ئۆگزىسىدىن يامغۇر ئۆتمەيدىغان ماكانى — ئېغىلىنى ياراتمايتتى. سەپرا ئىگىسىنىڭ پات - پات ئايىغىغا تۆشەك تاشلاپ قۇرۇۋۇداشلىرىدىن، تۇياقلىرىنى ئۇپراپ كەتمىسۇن دەپ تاقىلىتىپ قويۇشلىرىدىن، تامىقىنى قىيىشىپ قالمىسۇن دەپ ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئوقۇرىغا ئىششەك① بوغۇز — قوناق تۆكۈپ بېرىشىدىن، سامانىنى سۇغا چىلاپ پاكىز يۇيۇپ، لاي - توپىلىرىنى چىقىرىۋېتىپ بۇغداي ئۇنىنىڭ كېپىكى بىلەن كۆنجۈرە ئارىلاشتۇرۇپ ھەلەپ ئېتىپ بېرىشلىرىدىن ئۇ يەنىلا رازى ئەمەس ئىدى.

«بىر پۇرسەت بولسا بۇ يەردىن قۇتۇلسام، كەڭرى بىر

---

① ئىششەك — يەرلىك ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، تۆت جىڭ دېگەن مەنىدە.



www.uyghurkitap.com

ئورمانغا بارسام، بارلىق هايۋانلار ماڭا پەرمانبەردارلىق قىلسا، خالىغانچە بۆيرۇق چۈشۈرۈپ، خىيالىمغا كەلگەننى قىلسام، چىرايلىق مادا ئېشەكلەر ماڭا ھەمراھ بولسا ...»

بوز ھاڭگا ئۆزىنىڭ خىيالىدىن ئۆزى ھاياجانلىناتتى ـ دە، ئېغىلىنىڭ ئۆگزىسىنى ئېچىۋەتكۈدەك، تۆت تېمىنى ئۆرۈۋەتكۈدەك، نوختا ـ چۇلۇۋۇرنى ئۈزۈۋەتكۈدەك ئەلپازدا ھاڭرايتتى. ئۇنىڭ ھاڭراشلىرىدىن بىزار بولغان مەھەللە ئىتلىرى ئالىلىك ھۇۋلايتتى.

* * *

راستنى ئېيتقاندا، نۇسرەتجان ئادەتتىكىچىلا بىر ئادەم ئىدى. بىر كۈنى ئەتىگىنى ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن خىزمەتچىلەر ئۇنىڭ ئىدارىگە يېڭىدىن يۆتكىلىپ كەلگەنلىكىنى بىر ـ بىرىگە كۇسۇرلىشىپ خەۋەر قىلىشتى ـ دە، كېيىنېشى، بوي ـ بەستى ۋە چىراي ـ شەكلىگە قاراپ ئۇنىڭ ئۆزلىرىدىن ۋاي دەپ كەتكۈدەك دەرىجىدە يۇقىرى تۇرمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. نۇسرەتجان ئانچە تارتىنچاقلاردىن ئەمەستەك قىلاتتى. چىرايىغا يېقىملىق كۈلكە يۇگۈرتۈپ، بېلىنى ئالدىغا سەل ئېگىپ، چاققان ـ چاققان قەدەم ئالغىنىچە ھەممە بۆلۈم ـ ئىشخانىلارغا كىرىپ خىزمەتداشلار بىلەن بىر قۇر كۆرۈشۈپ چىقتى.

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تونۇشۇپ قويايلى، ئىسمىم نۇسرەتجان، ئىدارەڭلەرگە يېڭىدىن يۆتكىلىپ كەلدىم. ئىجادىيەت ـ تەتقىقات ئىشخانىسىدا ئىشلەيدىغان بولدۇم. خىزمەتتە ياردەم قىلىشىڭلارنى سورايمەن.

ئۇنىڭ سۆزلىشىمۇ شۇنچىلىك يېقىملىق، شۇنچىلىك مۇلايىم ئىدى. بىر قېتىم سالام ـ سەھەت قىلىشىپلا ھەممەيلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشتى.

— بولىدىغان يىگىت ئىكەن - ھە !
— ئاجايىپ قىزغىن...
— خۇشخۇيلۇقىنى دەيمىنا...
— نېمىدېگەن مۇلايىم، كەمتەر...
— ئۆزىمۇ ئاجايىپ كېلىشكەن يىگىت ئىكەن.
— ئىجادىيەت - تەتقىقات ئىشخانىسىغا يۆتكەلدىم دەمدۇ نېمە؟
— قانداق دەيلا؟
— ئىدارىمىزنىڭ ئىجادىيەت - تەتقىقات ئىشخانىسىغا ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىجادىيەت - تەتقىقات نەتىجىلىرى خېلىلا كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەرنىڭمۇ ئۆلچەمگە شەرتلىرى توشماي يۆتكىلىپ كېلەلمىگەنىدى. مانا ئەمدى بۇ نۇسرەتجان دېگىنى بىر كېچىدىلا سالامنىڭ يوغىنىنى بېرىپ، پىخسىق ئېرىگە ھېيتلىق كىيىم ئالدۇرغان خوتۇن كىشىدەك ھىجىيىپ، زاڭدىن سۆڭەك چىققاندەكلا پەيدا بولۇپ قالغىنىغا قاراپ دەيمىنا.
— بەلكىم ئۇنىڭ بىز بىلمەيدىغان ئىجادىيەت - تەتقىقات نەتىجىلىرى باردۇر.
— شۇنداق، بۇنىڭدىن كېيىن بىلىپ قالارمىز.
— نېمىلا دېگەنبىلەن كىشىگە خېلىلا يېقىملىق تەسىرات بېرىدىغان يىگىت ئىكەن.
ھەپتە ئۆتكەندە نۇسرەتجاننىڭ تۇركۇمگە بۆلۈپ قىلغان مېھماندارچىلىقىغا داخىل بولغان بىر قىسىم خىزمەتداشلار ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى. باشقىلار بىلەن ھال تارتىپ كۆرۈشىدىغان، قاپىقى يامان، مۇز چىراي ئىدارە باشلىقى بىلەنمۇ چاقماق تېزلىكىدە ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا قايىللىق بىلەن قاراشتى.
نۇسرەتجاننىڭ مۇنداق ئۈچ چوڭ ئارتۇقچىلىقىنى خىزمەتداشلار ئاسانلا سېزىۋېلىشتى: بىرىنچى، يان تېلېفونى توختىماي سايراپ تۇراتتى. ئۇ باشقىلار بىلەن قىزغىن سالام -

سەھەت قىلىشقىنىغا ئوخشاش، تېلېفوندىمۇ چىرايىغا مىڭ خىل كۆلكە يۈگۈرتۈپ قىزغىن سۆزلىشەتتى؛ ئىككىنچى، ئىدارىنىڭ تازىلىق، سىياسىي ئۆگىنىش قاتارلىق پائالىيەتلىرىگە تولىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشاتتى؛ ئۈچىنچى، ھەرقانداق مېھماندارچىلىقىدا قىزلار كەم بولمايتتى. جەمئىيەتنىڭ ھەر خىل قاتلىمىدىكى قىزلار بىلەن قويۇق باردى ـ كەلدى قىلىشاتتى.

ئەلۋەتتە، نۇسرەتجاننىڭ مۇز چىراي باشلىق بىلەن زىيادە يېقىن بولۇپ كېتىشى بىر قىسىم خىزمەتداشلارنىڭ ھەسىتىنى قوزغىمايمۇ قالمىدى.

— قانداق يېتىم بۇ نۇسرەتجان دېگەن؟

— باشلىقنىڭ قۇيرۇقىدەكلا.

— قۇيرۇقى ئەمەس قولى دەڭلا، قولى.

— باشلىققا ئىتتەكلا سادىق نېمىكىنە ئۇ.

— ئۇنىڭ كونبويى ئىشخانىسىغا كىرگىنىنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

— قاچان قارىساڭ باشلىقنىڭ ئىشخانىسىدا تۇرغىنى تۇرغان.

— ھەر كۈنى رېستوران، بەزمىخانىلاردا ئىككىسى بىللە.

— ھەرقانچە بولسىمۇ ئاخشىمى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ياتىدىغاندۇ ئۇ يېتىم.

— كىم بىلىدۇ، ئاخشىمى باشلىقنىڭ خوتۇنى بىلەن يوتقان تالىشىپ باشلىقنىڭ يېنىدا يېتىۋالامدۇ تېخى.

— باشلىقمۇ بۇ يېتىمنىڭ تاماشىسىغا ئوبدانلا كۆنۈپ قالغاندەك قىلىدۇ.

— زادى ئادەمنىڭ چالا ھەجىيىپ، بىكاردىن ـ بىكار سالام قىلىپ يۈرگىنىدىن قورقماي بولمايدۇ.

* * *

بۇ بوز ھاڭگىنىڭ شەھەرگە تۇنجى قېتىم كىرىشى ئەمەس

ئىدى. چۈنكى، ئۇنى سەپرا ئىگىسى پات ـ پات بىرەر ھارۋا ئوتۇن ياكى ئىككى ـ ئۈچ تاغار قوناق ـ تېرىق دېگەندەك نەرسىلەرنى باسقان ھارۋىغا قېتىپ، شەھەرنىڭ ئوتۇن ـ ياغاچ بازىرى، جوۋۇ[1] دېگەندەك يەرلىرىگە ئاپىرىپ تۇراتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ شەھەرنىڭ بۇ تەرەپلىرىنى ئوبدان بىلەتتى، سەپرا ئىگىسىنى جورۇتمايلا شەھەرنىڭ ئەگرى ـ بۈگرى يوللىرىدا ئازماي ئۆز يولىنى تېپىپ ماڭاتتى. ئەمما، بۇ قېتىم شەھەر كوچىسىدا بوز ھاڭگا ئىگىسىنى ئەمەس، ئىگىسى بوز ھاڭگىنى باشلاپ ماڭدى ھەم بوز ھاڭگىنى بىرنەچچە ئىغىز قاتتىق تىللىدى، دۆشكەلىدى، ھەتتا سالپىيىپ قالغان ئوڭ قۇلىقىغا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم قامچىمۇ سالدى. بوز ھاڭگا بۇ تارتقۇلۇقنىڭ ھەممىسىنى ھارۋىنىڭ ئۈستىدە يۈزىنى چۈمبەل بىلەن ئورىۋېلىپ ئولتۇرغان ئايال غوجايىنىدىن كۆردى. چۈنكى، سەپرا ئىگىسى بۇ قېتىم ھارۋىغا ئوتۇن ياكى ئاشلىق باسماي ئايالىنى ئولتۇرغۇزۇپ شەھەرگە كىرگەن، بوز ھاڭگىنىڭ شەھەردە تولا مېڭىپ كۆنۈپ كەتكەن كوچىلىرى خېلى ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.

شەھەرنىڭ ماتا ـ چەكمەن، شايى ـ ئەتلەس بازىرىغا كېلىپ ھارۋا ئۈستىدىكى ئايالنىڭلا ئەمەس، بوز ھاڭگىنىڭ كۆزلىرىمۇ ئالا چەكمەن بولۇپ كەتتى. ئۇ بازاردا بابكار، بوياقچى، گەزلىمە سودىگىرى بىللە تىجارەت قىلاتتى. بابكارلار توقۇپ ئەكەلگەن ھەر خىل ماتالارنى گەزلىمە سودىگەرلىرى سېتىۋېلىپ بوياقچىلاردا ھەر خىل رەڭدە بوياتاتتى. بوياقچىلار ھەر يوغان بوياق كۆلچەكلىرىدە ماتا ـ رەختلەرنى تۈرلۈك رەڭلەردە بوياپ، گۈل بېسىپ، موما ياغاچنىڭ ئىككى بېشىغا باغلىغان تانىلارغا يېيىپ قوياتتى. تۈرلۈك رەڭلەردە بويىلىپ، ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن ماتالار، شايى ـ ئەتلەسلەر بۇ بازارنى ئاجايىپ رەڭدار تۈسكە كىرگۈزگەنىدى.

سەپرا ئىگىسى بوز ھاڭگىنى ھارۋىدىن چىقىرىپ، ھارۋىنىڭ

---

[1] جوۋۇ ـــ ئاشلىق بازىرى.

چاقىغا باغلاپ قويدى ـ دە، ئالدىغا بىر باغ بېدە تاشلاپ بېرىپ، ئايالى بىلەن گەزلىمە سودىگىرىنىڭ دۇكىنىغا قاراپ ماڭدى.

بۇز ھاڭگا ئالدىدىكى بېدىنى ئەمدىلا كورۇسلىتىپ چايناپ تۇرۇشىغا بۇرنىغا يېقىملىق بىر پۇراق ئۇرۇلدى. بوز ھاڭگا ئۇچۇن ئۇ تولىمۇ شېرىن ھەم ھاياجانلىق بىر پۇراق ئىدى. بوز ھاڭگا دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى پۇراق كەلگەن نىشاننى ئاسانلا بايقىۋالدى. يۇز قەدەم يىراقلىقتا بىر مادا ئېشەك قۇلاقلىرىنى تىك تۇتۇپ، قۇيرۇقىنى نازاكەتلىك شىپپاڭشىتقىنىچە، ئۇزۇن كىرپىكلىك چوڭ ـ چوڭ قارا كۆزلىرىنى بوز ھاڭگىغا تىكىپ نازلىنىپ قاراپ تۇراتتى. بوز ھاڭگىنىڭ كۆزلىرى سۇر مادىنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىشى ھامان ۋۇجۇدى تەڭداشسىز بىر ھاياجاندىن سىلكىنىدى ـ دە، ياڭراق ناخشىسى ئارقىلىق سۆيگۈ ئىزھار قىلماقچى بولغاندەك بار ئاۋازى بىلەن ھاڭرىدى. ئۇنىڭغا جاۋابەن سۇر مادا بېشىنى نازاكەت بىلەن كۆتۈرۈپ، قۇلاقلىرىنى تىكلەپ، لەۋلىرىنى نازلىق پۇرۇشتۇرۇپ ماك چايناشقا باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ بوز ھاڭگا قايتىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولدى ـ دە، ھاڭرىغان پېتى ئۆزىنى باغلاقتىن بوشىتىش ئۈچۈن زەرب بىلەن يۇلقۇنۇشقا باشلىدى. ئەسلىدە بوز ھاڭگىنىڭ نوختىسىنىڭ ھالقىسى بوشاپ قالغان بولۇپ، سەپرا ئىگىسى ئۇنى بايقىماي قالغانىدى. ئۇنىڭ چۇلۇۋۇرى شۇ يەردىلا ئۈزۈلۈپ كەتتى. باغلاقتىن بوشانغان بوز ھاڭگا ھاڭرىغان پېتى سۇر مادىغا قاراپ ئوقتەك ئېتىلدى.

شۇ پەيتتە سۇر مادا بوز ھاڭگىنىڭ قاراملىقىدىن چۆچۈدىمۇ ياكى نازلانغان قىلىپ قېچىپ باققۇسى كەلدىمۇ ۋە ياكى ئەتراپىدىكى مىغ ـ مىغ ئادەملەردىن ھايا قىلىپ خالىيراق يەرگە كەتكۈسى كەلدىمۇ، ئەيتاۋۇر بوز ھاڭگىدىن ئون نەچچە قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ بەدەر قاچتى. شۇ تاپتا بوز ھاڭگىنىڭ كۆزىگە سۇر مادىدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. «پولتۇڭ» قىلغان

ئاۋاز بىلەن تەڭ بوز ھاڭگا ئۆزىنى بىر كۆلچەكتە كۆردى. ئۇنىڭ ئەس ـ يادى سۇر مادىنى قوغلاش بىلەن بولۇپ كېتىپ بوياقچىنىڭ كۆلچىكىگە چۇشۇپ كەتكەنىدى. بوز ھاڭگا كۆلچەكتىن چۆچۇگەن پېتى سەكرەپ چىقتى ـ دە، بىرنەچچە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا يەنە بىر كۆلچەككە چۇشۇپ كەتتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ بەدىنى خېلىلا قىزىق بىر ھارارەتنى سەزدى. بوياق كۆلچىكىگە بىر ئېشەكنىڭ سەكرەپ چۇشكىنىنى كۆرگەن بوياقچى شاگىرتلىرى بىلەن قوللىرىغا بىر تالدىن دۇمبا ئالغىنىچە ئۇنى ئەدەپلەش ئۇچۇن غەزەپ بىلەن ئېتىلدى. بۇ دەھشەتنى كۆرۇپ بوز ھاڭگا شۇنچىلىك قورقتىكى، جان ـ جەھلى بىلەن قېچىشقا باشلىدى. ئۇ قانچە ئالدىرىغانسېرى بوياق تۇڭىغا شۇنچە بەك سەكرەيتتى، شۇ تەرىقىدە بوز ھاڭگا ئون نەچچە بوياق تۇڭىغا سەكرەپ چىقتى. بوياقچى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن دۇمبە ـ يانپاشلىرىغا بىرنەچچە دۇمبا يەپمۇ ئۇلگۇردى.

شۇ تاپتا بوياقچى بوز ھاڭگىنى تۇتۇۋالسا تېرىسىنى تىرىك تۇرغۇزۇپ سويۇۋالماي قويمايتتى. بوز ھاڭگا بۇ دەھشەتنى سېزىپ ئۇلگۇردى. شۇڭا، ئۇ ھېلىقى سۇر مادىنى ئاللىقاچان ئېسىدىن چىقىرىپ، ھايات قېلىش ئۇچۇن جان ـ جەھلى بىلەن تىرمىشىۋاتاتتى. ئۇ ئىككىنچىلەپ تۇتۇلۇپ قالماسلىق، ئادەمزات ئاياغ باسمىغان جاڭگالغا قېچىپ بېرىپ ئارامخۇدا ياشاشنى نىيەت قىلىپ جان ـ جەھلى بىلەن قاچماقتا ئىدى.

* * *

بۇ تۆت قەۋەتلىك خىزمەت بىناسى باشقا ئىدارە ـ ئورگانلارنىڭ خىزمەت بىناسىدىن پەقەت سۇرلۇكلۇكى بىلەنلا پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىشخانىلارغا پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىرىشەتتى. خىزمەت ئۇستىدىمۇ

پىچىرلىشىپ سۆزلىشەتتى. ئىش بېجىرىشتىن قولى سەل بوشىغان خىزمەتچىلەرمۇ ئۈستەلگە بىر پارچە گېزىتنى قويۇۋېلىپ ئەستايىدىل گېزىت كۆرگەندەك، سىياسىي ئۆگىنىش قىلىۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋالاتتى. دېمىسىمۇ باشلىقنىڭ خىيالىغا كەلگەندىلا قەرەلسىز ئاچىدىغان يىغىنلىرى ۋە يىغىندا چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش، قىسقارتىش ھەققىدىكى تەلەپپۇزى، قاتتىق سۆزلىرى ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇۋەتكەنىدى. ئەمما، نۇسرەتجان كېلىپلا بۇ ئىدارىنىڭ بورۇقتۇرما ھاۋاسى بىردىنلا ئۆزگەردى. باشلىقنىڭ خىيالىغا كەلگەندە ئاچىدىغان يىغىنلىرى ئازلاپ، ھېلىقى پات ـ پات كۆرسىتىپ خىزمەتچىلەرنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ تۇرىدىغان «قارا مۈشۈك»لىرى يوقىلىپ، ئادەم تىللىمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. نۇسرەتجاننىڭ شىپىرلىغان ئاياغ تىۋىشى ئىككىنچى قەۋەتنىڭ كارىدورىدا پەيدا بولۇشى ھامان ئىدارىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرەيتتى. چۈنكى، نۇسرەتجان باشلىق ئىشخانىسىغا كىرىشى ھامان ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇلار ئىدارىنىڭ ماشىنىسىغا چىقىپ ئاللىقاياقلارغىدۇر يۈگۈرەيتتى.

باشقا خىزمەتچىلەر ئۈچۈن خان ئوردىسىدەك سۈرلۈك بولغان باشلىق ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكى نۇسرەتجان ئۈچۈن خۇددى ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشىكىدەكلا ئىدى. ئۇ باشلىق ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى ئەركىلىگەن قىياپەتتە تاك ـ تاك قىلىپ ئىككى چېكەتتى ـ دە، ئىجازەت ئالمايلا ئۈسۈپ كىرىۋېرەتتى.

نۇسرەتجاننى كۆرۈپ باشلىقنىڭ چىرايىغا «پاللىدە» كۈلكە يۈگۈردى. نۇسرەتجان يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە باشلىقنىڭ قولىنى ئىككى قوللاپ مەھكەم سىققىنىچە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ئەھۋال سوراشقا باشلىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، باشلىق، ئاخشامقى تاماشىنىڭ خېلى پەيزى بولدىمۇ، يا؟ قاپاقلىرىنىڭ ئىششىپ، كۆزلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

قىزىرىپ كەتكىنىگە قارىغاندا كېچىچە ئۇخلىمىغاندەكلا قىلىلا. «ۋاي قېرىپ قالدىم» دەپ قويىلا تېخى. دېگەنبىلەن يىلىكلىرى تولۇق، پۈت ـ قوللىرىنىڭ ماغدۇرى بار جۇمۇ سىلىنىڭ. سىلى بىر كېچىدە قىلغان ھۈنەرنى بىز ئۈچ كېچىدىمۇ قىلالمايمىز.

— خىمىيەۋى ئوغۇت سېلىپ تېرىغان بۇغدايىنىڭ لەگمىنىنى يەپ چوڭ بولغان باللار، — دەپ ھۆزۈرلىنىپ كۈلدى باشلىق نۇسرەتجاننىڭ قەستەن تاپالمىغان گېپىنىڭ ئايىغىنى دەپ بېرىپ.

پېنسىيە يېشىغا يېقىنلاپ قالغان باشلىق مۇشۇ گەپنى قىلىشقا، شۇ ئارقىلىق ياشلاردىن يەنىلا ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكە تولىمۇ ئامراق ئىدى. بۇنى ئوبدان چۈشەنگەن نۇسرەتجان بۇ گەپنى باشلىقىنىڭ ئاغزىغا قەستەن سېلىپ بېرەتتى. دېمىسىمۇ نۇسرەتجاننىڭ كىشىلەرنى ماختاشتا ئالاھىدە تالانتى بار ئىدى. ئۇنى كامالەتكە يەتكەن ماختاششۇناس دېسە ئارتۇق كەتمەيتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ باشقىلارنى قانداق سورۇندا قانداق ماختاش ھەققىدە توختىماي باش قاتۇراتتى. خىيال سۈرەتتى...

نۇسرەتجان باشلىقتىن ئاشۇرۇپراق ھۆزۈرلىنىپ كۈلگەندىن كېيىن، باشلىقنىڭ ئىش ئۈستىلىدىكى ئاغزى ئوچۇق تۇرغان بىر قاپ ئالىي دەرىجىلىك تاماكىنى قولىغا ئالدى ـ دە، باشلىققا بىر تال تۇتۇپ چاقماق ياقىقاندىن كېيىن ئۆزى بىر تالنى تۇتاشتۇردى.

— ھەرقاچان ئەتىگەندە ئىشقا ئالدىراپ ناشتا قىلمىدىلىغۇ دەيمەن؟ — نۇسرەتجان باشلىقنىڭ ئىپادىسىز تۇرغىنىنى كۆرۈپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇنداق قىلسىلا قانداق بولىدۇ، باشلىق؟ سالامەتلىكلىرىنى ئاسرىسىلا دەيمەن. تەنلىرى سالامەت بولسا خىزمەتنىمۇ قىلىۋالغىلى بولىدۇ. خىزمەتكە كېچىكىپ قالىمەن دەپ ناشتا قىلمىسىلا قانداق بولىدۇ؟

باشلىق خۇشياقمىغان ھالدا جاۋاب بەردى:

— بېشىم سەل ئاغرىپ تۇرىدۇ. چىشلىنىۋالدىمىكىن كاساپەت.
— قايسىسى؟ ھاراقمۇ ياكى ئاخشامقى چىرايلىق خېنىممۇ؟ — سورىدى نۇسرەتجان باشلىقنىڭ كۆزىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ غىلجىڭ بىر خىل كۈلكە بىلەن.
— ھەر ئىككىلىسى، — دېدى باشلىق مەغرۇرلۇق بىلەن.
— تېتىسا ئاشۇنداق چىشلىنىۋالىدۇ، — دېدى ئېپىدە كەلگەن پۇرسەتتە ماختاشنى قولدىن بەرمەي كۆنۈپ قالغان نۇسرەتجان، — دېگەنبىلەن پەيزىلىرى بار جۇمۇ، باشلىق سىلىنىڭ. ئاشۇنداق تېتىپ، قاندۇرۇپ، كۆڭلىنى تولۇق ئېلىپ ھۇنەر قىلغاندىكىن، ئەلۋەتتە چىشلىنىۋالىدۇ ـ دە، قوپسىلا، بۈگۈن سىلىنىڭ ئىشخانىدا ئولتۇرىدىغان كۈنلىرى ئەمەس، يۈرسىلە، راسا ئارام ئالدۇرۇپ قوياي سىلىنى.
— ئارام ئالامدۇق؟ قانداق ئارام ئالساق بولار؟ — دېدى باشلىق نۇسرەتجاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ رايىش كىچىك بالىلارغا ئوخشاش.
دېمىسىمۇ شۇ تاپتا باشلىقنىڭ ھۇزۇرلىنىپ بىر ئارام ئېلىۋالغۇسى بار ئىدى. موللا تاپقاق نۇسرەتجان بۈگۈنمۇ باشلىقنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپقانىدى. ئۇ ئالدىرىماي جاۋاب بەردى:
— ئىدارىمىزنىڭ ئاممۇۋى ھاجەتخانىسىنى رېمونت قىلىشنى ھۆددىگە ئالغان لاۋبەن: «باشلىققا بىر پىيالە چاي قۇيۇۋالسام» دەپ يۈرگەنىدى. ئاشۇنى ئېلىۋېلىپ ئاۋۋال ھورداقخانىغا بارايلى. تازا بىر ھوردىنىپ بىرەر سائەت قېنىپ ئۇخلىۋالسىلا، ئاندىن كېيىن ئۇيانقى دوقمۇشتا يېڭىدىن تايلاندچە بەدەن ئۇۋۇلاش مەركىزى ئېچىلىپتۇ. شۇ يەرگە كىرىپ بەدەنلىرىنى راسا بىر ئۇۋۇلىتايلى. ئاندىن كېيىن كۆڭۈللىرى تارتىپ قالسا قىزلاردىن بىرنەچچىنى توۋلاپ، مۇزىكا ئاڭلىغاچ تانسا ئوينايمىز.
— بوپتۇ، مۇشۇنداق بولسۇن ئەمىسە، — دېدى باشلىق رازىمەنلىك بىلەن.

نۇسرەتجان ئۇتلىگەن كاللىدەك ھەجايىغىنىچە ئۇستەل ئۈستىدىكى تېلېفونغا قولىنى ئۇزارتتى.

*  *  *

چەكسىز ئورمانلىق تىمتاسلىقتا چۆمگەنىدى. يولۋاس پادىشاھنىڭ چۆشلۈك ئارامىنى بۇزۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن بارلىق ھايۋانلار شەپە چىقارماي ئۆز ئىرىكچىلىكىنىڭ غېمىدە يۈرۈشەتتى. يولۋاس پادىشاھ كۆلنىڭ بويىدىكى قويچاق يەتكۈسىز يوغىنىغان دەرەخنىڭ سايىسىدا چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋاتاتتى. تۈلكە، يىلپىز، قاپلان، بۆرە قاتارلىق ۋەزىر - ۋۇزرالىرى ئۇنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ پەرمانبەردارلىق بىلەن تۇرۇشاتتى.

بوز ھاڭگا ماتا - گەزلىمە بازىرىدا بوياقچىنىڭ ئون نەچچە بوياق كۆلچىكىگە كىرىپ سەكرەپ چىققاندىن كېيىن، بوياقچىنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ قولىدىكى غولدا - دومبالاردىن مىڭ تەستە قۇتۇلۇپ قاچقىنىچە توختىماي ئۈچ كېچە - كۈندۈز يۈگۈردى. قورسىقى ئاچسا ئازراق ئوت - چۆپ يېدى، ئۇسسىسا سۇ ئىچتى. ئۇنىڭدىن باشقا چاغدا توختاپ قالمىدى. يۈگۈرگەچ ئادەمزات ئاياغ باسمىغان، تىپتىنچ بىر جاڭگالنى ئىزدەيتتى. ئۇ ئەنە ئاشۇنداق يۈگۈرۈپ مانا بۇ چەكسىز ئورمانلىققا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قالدى. ئورمانلىق ھەقىقەتەن چەكسىز ھەم تىپتىنچ، خۇددى بوز ھاڭگا ئوڭىدىمۇ، چۈشىدىمۇ ئارزۇ قىلىدىغان جاينىڭ نەق ئۆزى ئىدى. تىپتىنچ چەكسىز ئورمانلىق، ئورمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۈپسۈزۈك، لىپمۇلىق سۇيى بار كۆل، ياپيېشىل يۇمران ئوت - چۆپلەر... ئۇ ئەمدى ئەتىگەندىن كەچكىچە ھارۋا سۆرىمەيدۇ، يۈك كۆتۈرمەيدۇ، جۇۋاز چۆرگۈلەتمەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى، سەپرا ئىگىسىنىڭ تىل - ھاقارەتلىرىنى ئاڭلىمايدۇ، تاياق - قامچىلىرىنى يېمەيدۇ.

ئىسسىت، ئۇنىڭ شۇنچە چىرايلىق، دۇنيادىكى ھەرقانداق ھايۋانىنىڭكىدىن ئۈزۈن، تۇرقىغا سۆلەت بېغىشلايدىغان چىرايلىق قۇلىقى تاياق ــ قامچا زەربىدىن مانا مۇشۇنداق قىڭغىر بولۇپ قالدى ئەمەسمۇ؟ تېخى بۇ تاياقلارنى ئاز دېگەندەك ھېلىقى سەپرا ئىگىسىنىڭ ھە دېسىلا ئۇنى ھاقارەتلەپ كېتىشلىرىچۇ. ئىسسىت، شۇ تاپتا ھېلىقى كۇنى بازاردا ئۇچرىغان سۇر مادا مۇشۇ يەردە پەيدا بولۇپ قالسىچۇ؟ ئاھ! نېمىدېگەن قالتىس ئىش بولاتتى ــ ھە!

ئاخىر ئارزۇسىدىكىدەك ماكانغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان بوز ھاڭگا ھېرىپ ــ ئاچقىنىنىمۇ ئۇنتۇپ خۇشاللىقتىن بارلىق ئاۋازى بىلەن ھاڭراپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ھاڭرىشىدىن تىپتىنچ ئورمانلىق لەرزىگە كەلدى. خىرامان ئۇخلاۋاتقان يولۋاس پادىشاھ ئۆمرىدە ئاڭلاپ باقمىغان بۇ ئاۋازدىن ئاجايىپ بىر دەھشەتنى ھېس قىلىپ شۇنچىلىك چۆچۈپ ئويغاندىكى، سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ شۇ ھامان جايىغا گۈپپىدە يىقىلدى. يولۋاس شاھنىڭ يۈرىكى بۇ دەھشەتلىك ئاۋازدىن يېرىلىپ كەتكەنىدى. تۈلكە، قاپلان، يىلپىز، بۆرە قاتارلىق ۋەزىر ــ ۋۇزرالار يولۋاس شاھنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ لاغ ــ لاغ تىترەشكىنىچە ئۆزلىرىنى ئۆلۈك شاھنىڭ دالدىسىغا ئالدى. بوز ھاڭگا بولسا قانغۇدەك بىر ھاڭراپ يۇتكۇل ئورمانلىقنى پاتىپاراققا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، سۇ ئىچكىلى بەخىرامان كۆل بويىغا كەلدى. ئۇ سۇ ئىچىش ئۈچۈن شۇنداقلا ئېڭىشىپ ھەيرانلىقتا كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. سۇپسۈزۈك كۆل سۇيىدە تۈكلىرى نەچچە مىڭ خىل رەڭدە جۇلالىنىپ تۇرغان ئاجايىپ بىر مەخلۇق ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. بوز ھاڭگا «كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتامدۇ نېمە؟» دەپ سۇغا قايتا نەزەر تاشلىدى. بوي ــ تۇرقى، چىراي ــ شەكلى ئۆزىگە ئوخشايدىغان، ئەمما رەڭگى، تۈكلىرى ئاجايىپ رەڭدار بىر مەخلۇق ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. «كىمدۇر بۇ؟» بوز ھاڭگا ئىككى تەرىپىگە قارىدى. كۆل بويىدا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۆزىدىن بۆلەك ھېچكىم يوق. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزى ئۆزىنىڭ بەدىنىگە چۈشۈپ، يۈرىكى تەسۋىرلىگۈسىز بىر ھېس ـ تۇيغۇدا دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇنىڭ بەدىنىمۇ بايا كۆل ئاستىدا ئايان بولغان ھېلىقى مەخلۇقنىڭكىگە ئوخشاش ئاجايىپ رەڭدار ئىدى. غەلىتە ئىشلار يۈز بېرىۋاتامدۇ نېمە؟ قېنى ئۇنىڭ بەدىنىدىكى توپا ـ چاڭ ئۆرلەپ تۇرىدىغان، قوتۇرلىرىنىمۇ ياپالىمىغان، ھېچقانداق جۇلاسى يوق بوز رەڭ تۈكلەر؟ شۇ تاپتا بوز ھاڭگا ئۆزىنىڭ ماتا ـ گەزلىمە بازىرىدا بوياقچىنىڭ ھەر خىل بوياق قاچىلانغان كۆلچەكلىرىگە چۈشۈپ كېتىپ بىر ـ بىرلەپ سەكرەپ چىققانلىقىنى زىنھار ئەسلىيەلمەيتتى. ئۇ كۆل بويىدىكى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ رەڭدار تۈرقىنى تاماشا قىلغاچ خىيالغا كەتتى.

«ئەسلىدە مېنىڭ بوي ـ تۇرقۇم، رەڭگىرويىم مۇشۇنداق چىرايلىق ئىكەندۇق. ھېلىقى سەپرا ئىگەم ماڭا بىر كۈنمۇ ئارام بەرمەي ھېلى ھارۋىغا قاتسا، ھېلى تاغار ئارتىپ، ھېلى جۇۋازغا قاتسا، ھېلى سۆرەم سۆرىتىپ توختىماي تىللاپ ـ دۇمبالاپ ئاخىر ئاشۇنداق كۆرۈمسىز، قىرچاڭغۇ قىياپەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىكەن ـ دە. خۇداغا مىڭ شۈكۈر، قاچمىغان بولسام ئۆزۈمنىڭ بۇنچىلىك كېلىشكەن، سۇمباتلىق ئىكەنلىكىمنى مەڭگۈ بىلەلمەس ئىكەنمەن. ئەسلىي تۇرقۇمنىڭ بۇنداق چىرايلىق، كېلىشكەن بولغىنىغا قارىغاندا ئىسمىمۇ ئېشەك دېگەن بۇنداق سەت نام بىلەن ئاتالمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئادەملەر جەمەتىمىزنى ئارام ئالدۇرماي ئىشلىتىپ، دۇمبالاپ مۇشۇنداق رەزگى، قوتۇر ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇپ ئاندىن ئېشەك دېگەن مۇشۇنداق سەت ئىسمىنى قويۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن. بارچە مەخلۇقات ئاجايىپ چىرايلىق، رەڭدار دەپ تەرىپلىشىدىغان تاۋۇسنىڭ رەڭگىمۇ شۇ تاپتا مېنىڭ رەڭگىم بىلەن تەڭلىشەلمەس...»

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تەڭداشسىز پالۋان ئالىيلىرى، بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچكەيلا.

تۇيۇقسىز بىلدۈرۈلگەن بۇ كاتتا ئېھتىرامدىن بوز ھاڭگىنىڭ خىياللىرى ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئۇ بەش قەدەم يىراقلىقتا ئۆزىگە تىزلىنىپ، باش ئۇرۇپ تۇرغان تۈلكە، يىلپىز، قاپلان، بۆرە قاتارلىق يىرتقۇچلارنى كۆرۈپ ھەم قورقۇنچ، ھەم گۇمانسىراش، ھەم تەئەججۇپ ئىلكىدە تۇرۇپ قالدى. «بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟» بوز ھاڭگا قورقۇنچىنى يوشۇرۇپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئېھتىرامىنى ئىلىك ئالدى.

— ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، سىلەر كىم بولىسىلەر؟ ماڭا نېمىشقا بۇنچە ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرىسىلەر؟

— بىز، — دېدى تۈلكە كۆزلىرىنى ئۇيىنىتىپ، ھەممە ئەزالىرىدىن كۈلكە يۈگۈرتۈپ خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن، — مۇشۇ ئورمانلىقنىڭ خاقانى يولۋاس پادىشاھنىڭ ۋەزىرلىرى بولىمىز. بابا جانابىي ئالىيلىرىنىڭ تارتقان تەڭداشسىز، ھەيۋەتلىك نەرىلىرىدىن قورقۇپ يولۋاس پادىشاھىمىزنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ ئۆلۈپ كەتتى. ئەل - يۇرت بىر كۈنمۇ باشپاناھسىز، پاسىبان - يولباشچىسىز قالسا بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنى خانلىق تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ پادىشاھ قىلىشقا قارارىغا كەلدۇق.

— يولۋاس پادىشاھنىڭ ۋەلىئەھدى يوقمىدى؟ — دەپ سورىدى بوز ھاڭگا ھېچنېمىنى چۈشەنمەي.

— بولۇشقۇ بار ئىدى، — دېدى يىلپىز ئالدىغا بىر قەدەم چىقىپ ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، — بىز ھازىرغىچە بۇ ئورمانلىقتىكى ھايۋانلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى، باھادىر پالۋىنى يولۋاس دەپ بىلىپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇپ، ئۇنى پاسىبان پادىشاھىمىز دەپ بىلىپ كەلگەنىدۇق. ئەپسۇس، ئۇ ئۆزلىرىدەك باھادىر ئەزىمەتنىڭ تارتقان بىر نەرىدىن قورقۇپ يۈرىكى يېرىلىپ ئۆلدى. سىلىدەك تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرەتلىك بىر ئەزىمەت تۇرغان يەردە، ئەمدى ئاشۇ قورقۇنچاقنىڭ

ۋەلىئەھدى بىزگە پادىشاھ بولسا ئەقىلگە سىغامدۇ؟ بۇ بىز ئۈچۈن ھاقارەت. ئىلتىماسىمىزنى رەت قىلماي بىزگە پادىشاھ بولغايلا، تەڭداشسىز پالۋان ئالىيلىرى.

— شۇنداق قىلسىلا، — دېدى قاپلانمۇ خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن ئېگىلىپ، — بىز ھازىرغىچە يولۋاسنىڭ ئۈچىسىدىكى تون سەرپايىنى خانۇخاقانلارغا خاس ھەقىقىي شاھانە تون - سەرپاي دەپ ئويلاپ كەپتىكەنمىز. مانا شۇ تاپتا ئالىيلىرىنىڭ ئۈچىسىدىكى تون - سەرپايىنى كۆرۈپ كۆزىمىز ئېچىلىۋاتىدۇ. ياراتقان ئىگىسى ئۆزلىرىنى پادىشاھلارغا خاس ئاجايىپ رەڭدار، جۇلالىق، گۈزەل تون - سەرپاي بىلەن ياراتقانىكەن ئەمەسمۇ.

بۆرىمۇ باشقىلاردىن قالماسلىق ئۈچۈن ئالدىغا بىر قەدەم چىقىپ، بوز ھاڭگىغا سالام بەردى:

— ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك نامىشەرىپى كىم بولىدىكىن؟ بىلىۋالساق ئالىيلىرىنىڭ تەختتە ئولتۇرۇش مۇراسىمىنى سەلتەنەتلىك نامىشەرىپلىرى بىلەن جاكارلىساق ياخشى بولاتتى.

شۇ تاپتا بوز ھاڭگا ئۆزىنى خېلىلا توختىتىۋالغان بولۇپ، ۋۇجۇدىدىكى قورقۇنچلار ئاللىقاياقلارغىدۇر تارقىلىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ پادىشاھلارغا خاس سالاپەت بىلەن ئالدىرىماي جاۋاب بەردى:

— بوپتۇ، سىلەرنىڭ ئىلتىماسىڭلارنى قوبۇل قىلىپ پادىشاھ بولسام بولاي، نامىشەرىپىمنى تاۋۇس ئەللەيىن دەپ ئاتىساڭلار بولىدۇ.

— خوش، دەرھال جاكارچى چىقىرىلسۇن، تاۋۇس ئەللەيىن شاھ ئالىيلىرىنىڭ تەختتە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا ئورمانلىقتىكى بارلىق ھايۋانلار تولۇق قاتناشسۇن.

شۇنداق قىلىپ، بوز ھاڭگىنىڭ «ئېشەك» دېگەن نامى «تاۋۇس ئەللەيىن»گە ئۆزگىرىپ، ئۆزى ئورمانغا پادىشاھ بولۇپ قالدى.

* * *

مۇز چىراي باشلىق خېلىلا ياشىرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئاق ئارىلاپ قالغان چاچلىرى ھازىر قۇندۇزدەك پارقىرايتتى. چەت ئەلنىڭ داڭلىق ماركىلىق، ئوچۇق رەڭلىك كىيىملىرى باشلىقنى ئۆز يېشىدىن ئون نەچچە ياش كىچىك كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرگەن تەڭتۇشلىرى ھەيران. باشلىق بولسا خۇشال ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ھەممىسى نۇسرەتجاننىڭ تۆھپىسى ئىدى. شۇ كۈنلەردە باشلىق تولىمۇ رايىش كىچىك بالىغا، نۇسرەتجان بولسا ئەستايىدىل، تەلەپچان، كۆيۈمچان ئانىغا ۋە ياكى ساداقەتمەن ئاغۋاتقا ئوخشاپ قالغانىدى.

— چىك ئا... قارىسىلا ئىشتانلىرى بىلەن كۆڭلەكلىرىنىڭ رەڭگى تازا ماسلاشماپتۇ. بىر ئاز ساقلاپ تۇرسىلا، مەن ئۆيگە كىرىپلا ھېلىقى چىغ يوللۇق قىزىل كۆڭلەكلىرىنى ئاچىقاي، ئىشخانىدىلا ئالماشتۇرۇۋالسىلا.

— پاھوي ! ... يىگىت، يىگىت. قارىسىلا ماۋۇ كىيىملىرىنىڭ يارىشىپ خۇددى تويى بولىدىغان يىگىتكىلا ئوخشاپ قالغانلىرىنى، ئاخشاملىقتا سورۇنغا كەلگەن قىزلار سىلىنى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە چىققىلى ئۈچ - تۆت يىل بولغان بالالىرا ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، «ئۆيلەندىڭىزمۇ؟» دەپ سوراپ يۈرمىسۇن يەنە.

— قارىسىلا، مۇنۇ فىرانسىيەنىڭ ئەڭ يېڭى مودىدىكى مۇراسىم ۋە دالا كىيىملىرىنى، ئاياغ كىيىملىرىدىن تارتىپ ئىچ كىيىملىرىگىچە تولۇق بىر يۈرۈش. تېخى تۈنۈگۈن كەلگەن مال ئىكەن. ماۋۇسى يەڭگەمنىڭ، ماۋۇسى سىلىنىڭ... ھېلىقى ئۆتكەن يىلى قىشتا ئىدارىمىزنىڭ پار قازىنىغا كۆمۈر توشۇپ بەرگەن ئاداش ئۇچراپ قېلىپ پۇلىنى تۆلىۋەتتى. «باشلىققا دەپ باقسىڭىز، بۇ يىل قىشنىڭ كۆمۈرىنىمۇ مەن توشۇپ بەرسەم»

www.uyghurkitap.com

دەيدۇ. بۇلار كىچىككىنە كۆڭلى ئىمىش، «چوڭراق كۆڭلۈمنى باشلىقىقا ئايرىم بىلدۈرىمەن» دەيدۇ. يەڭگىمنىڭ بىلەن بىللە بارىدىغان بوگۇن كەچتىكى قاتار چايغا مۇشۇ كىيىملەرنى كىيىپ بېرىشىسىلا، سورۇندىكىلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىپ كەتسۇن.

شۇ كۈنلەردە نۇسرەتجانغا باشلىقلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئايالىمۇ ئامراق بولۇپ قالغانىدى. بەزى چاغلاردا بۇ ئىككى ئائىلە كىشىلىرى بىر-بىر ۋاخ تاماقنى بىللە يېگەچ كوچا ئايلانغىلى چىقىپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا نۇسرەتجاننىڭ ئايالى باشلىقنىڭ ئايالىنى يۆلەپ پەپىلەپ ماڭاتتى. نۇسرەتجان بولسا بىر كۆزىنى يولدىن، بىر كۆزىنى باشلىقتىن ئۈزمەي، باشلىقنىڭ ھەربىر سۆزىنى بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللىغاچ، ئاغزى يۇمۇلماي كۈلگىنىچە ماڭاتتى.

نۇسرەتجان تىنىك سىزىق بويىچە ئۆسۈۋاتاتتى. ئۇ دەسلەپ يۆتكىلىپ كەلگەن «ئىجادىيەت ـ تەتقىقات ئىشخانىسى»غا بىر قېتىم بېشىنى تىقىپ قويمايلا ئاۋۋال ئىدارىنىڭ ئىشخانا مۇدىرلىقىغا، ئاندىن مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. «ئىجادىيەت ـ تەتقىقات ئىشخانىسى»نىڭ ئىشكى بولسا دۇملەنگەن پېتى تۇرىۋەردى.

مۆز چىراي باشلىق نۇسرەتجاننى چوڭ ـ كىچىك يىغىنلاردا «ئىقتىدارلىق»، «قابىلىيەتلىك»، «ئىختىساسلىق»، «ئۈمىدلىك»... دېگەندەك سۆزلەر بىلەن پات ـ پات ماختاپ تۇراتتى. باشقا خىزمەتچى خادىملارنى نۇسرەتجاندىن ئۆگىنىشكە، نۇسرەتجاننى ئۈلگە قىلىشقا چاقىراتتى. نۇسرەتجانمۇ باشلىقنى «قابىلىيەتلىك»، «پىشقان»، «ھەر تەرەپلىمە يېتىلگەن»، «بىلىملىك»، «يىراقنى كۆرەر»، «ئىختىساسلىقلارنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ» دەپ ئۇچۇراتتى. ئۇنىڭ قابىلىيىتىنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار بايقىيالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىدارە باشلىقلىق ئورنىدىن مىدىرلىيالماي بېسىلىپ قالدى، دەپ ئەپسۇسلىناتتى.

ئىدارىدىكى خىزمەتچى خادىملار نۇسرەتجاننىڭ باشقا خۇي - مىجەزىنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇچرىغانلىكى كىشىگە ئۇتلىگەن كاللىدەك ھىجىيىپ تەبەسسۇم قىلىشىغا، سالام - سەھەتنى چوڭقۇر قىلىپ ئەھۋال سورىشىغا قايىل ئىدى.

— ھەي، مۇشۇ نۇسرەتجاننى كېچىسى ئۇخلىغاندىمۇ ھىجايغان پېتى ئۇخلامدىكىن، دەيمەن.

— تاس قالدۇ - دە، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئىت - مۇشۇككىمۇ ھىجىيىپ سالام بەرگىلى.

— نۇسرەتجاننىڭ ئانچە - مۇنچە قاپاق تۈرىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ باردۇ؟

— ھەي تاڭەي.

— كىمدىكىم نۇسرەتجاننى قاپاق تۈرگۈزەلىسە، مۇز چىراي ئىدارە باشلىقىمىزنى كۈلدۈرەلىسە مىڭ يۈەن تىكتىم.

— ھېلىغۇ مىڭ يۈەن ئىكەن، بىر تۈمەن تىكسەڭمۇ مۇمكىن ئەمەس جۇمۇ بۇ ئىش.

* * *

بوز ھاڭگا — تاۋۇس ئەللەيىن شاھ ئالىيلىرى بۇ چەكسىز ئورماننىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ۋۇجۇدىنى خۇشاللىق بىلەن ۋەھىمە تەڭلا چىرمىۋالدى. ئۇنىڭ خۇشاللىقى سەپرا ئىگىسىنىڭ تىل - تايىقىدىن، ئەتىگەندىن كەچكىچە تىنىم تاپماي ئىشلەشتىن قۇتۇلغانلىقى، نوختا - چۇلۋۇرسىز، باغلاقسىز ئەركىن - ئازادە ياشىشى ئىدى. ۋەھىمىسى بولسا پادىشاھلىق سەلتەنەتىنىڭ قانچە ئۇزاق داۋاملىشىشىغا كۆزىنىڭ يەتمەسلىكى ئىدى. ئۇ بۇ ئورمانلىقتىكى ھايۋانلارنىڭ «ئېشەك جەمەتىنى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بوياقچىنىڭ كۆلچىكىدىكى بوياقلاردا بويىلىپ رەڭدار تۇسكە

كىرگەن ئاجايىپ ـ غارايىپ تۇرقىغا ھەۋەسلىنىپ ھەممە پۈتكۈل ئورماننى بېشىغا كىيىپ ھاڭرىشىدىن قورقۇپ كېتىپىلا بۇ شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەندى. ئۇ رەڭدار، جۇلالىق تۇرقىنى باشقا ھايۋانلارغا كۆز ـ كۆز قىلىشنى ۋە كۈنگە بىرنەچچە قېتىم ئورمانلىقنى زىلزىلىگە سېلىپ بار ئاۋازى بىلەن ھاڭراپ قويۇشنى پەقەتلا ئېسىدىن چىقارمايتتى.

تاۋۇس ئەللەيىن شاھ ئالىيلىرى بۇ ئورمانلىقتىكى ئاجىز ھايۋانلارنىڭ كۈچلۈك ھايۋانلارغا خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى، ئاجىز ھايۋانلارنىڭ ئوت ـ چۆپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋىسى ۋە يوپۇرمىقىنى يەيدىغانلىقىنى، كۈچلۈك ھايۋانلار بولسا ئاشۇ ئاجىز ھايۋانلارنىڭ گۆشىنىلا يەيدىغانلىقىنى بىلگىنىدە، ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە بېسىپ قانداق قىلىش ھەققىدە ئۇزاق باش قاتۇردى. چۈنكى، ئۇنىڭ شاھلىق تەختىنىڭ ئالدىغا تۈلكە، قاپلان، يىلپىز، بۆرە قاتارلىق ۋەزىرلىرى توشقان، كېيىك، بۇغا، قىرغاۋۇل، ئۇلار... قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى كۈنگە ئۈچ ۋاخ تىزىپ قوياتتى. يېڭى، ئىسسىق پېتى تۇرغان بۇ گۆشلەرنى كۆرگەنلىكى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئىشتىھاسى ئېچىلىپ، شۆلگەيلىرى ئېقىپ كېتەتتى. تاۋۇس ئەللەيىن شاھ ئالىيلىرى بولسا ئەزەلدىن گۆش يەپ باقمىغانىدى. ئەمما، بۇ سىرنى ئاشكارىلاشقا بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ سۇدىكى تۇرقىغا بىر قاراپلا ئۆزىگە «تاۋۇس ئەللەيىن» دەپ ئىسىم قويۇشقا ئۈلگۈرگەن بۇ قوتۇر ئېشەكنىڭ قورسىقىدا خېلىلا ھۈنىرى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئانچە قىينالمايلا ئامال تاپتى.

— جانابىي ئەمىرلىرىم، — دېدى ئۇ ۋەزىرلىرىگە قاراپ مۇلايىم تەلەپپۇزدا، — مەن بۇ ئورمان مەملىكىتىدە ھەق ـ ئادالەت ئورنىتىپ، ئورمانلىقتىكى بارلىق چوڭ ـ كىچىك ھايۋانلارنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇزاق مەزگىل گۆش يېمەي، پەرھىز تائاملارنى يەپ ئىبادەت قىلىشقا

تەڭرىگە ۋەدە بەرگەنمەن. شۇڭلاشقا، بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئۇچ ۋاخ غىزايىم ئۇچۇن گۆش ئەكەلمەي ئوت ـ چۆپ، دەل ـ دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرىنى، زىرائەتلەرنىڭ دانلىرىنى، پىشقان مېۋە ـ چىۋىلەرنى ئەكېلىڭلار. گۆش تۇرىدىكى بۇ شاھانە غىزالارنى سىلەر ساداقەتمەن ۋەزىرلىرىمگە ئىلتىپات قىلدىم.

تاۋۇس ئەللەيىن شاھ ئالىيلىرىنىڭ بۇ قەدەر تەقۋادار، ئاق كۆڭۈل، سېخىي، مەردلىكىنى كۆرۈپ ۋەزىرلەر دەرھال تىزلىنىپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى.

ــ شاھ ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ھەشقاللا، ياشىغايلا، ياشىغايلا، تۈمەن مىڭ يىل ياشىغايلا.

ئەزەلدىنلا چېچەنلىكى بىلەن نام چىقارغان تۈلكە شاھ ئالىيلىرىدىن تۆۋەنچىلىك بىلەن سورىدى:

ــ ئالىيلىرى، ئۆزلىرى ئول پەرھىز غىزا مۇددىتىدىن قاچان پارىغ بولىدىلا؟

ــ بۇنى مەنمۇ بىلمەيمەن، ــ دېدى بوز ھاڭگا ــ تاۋۇس ئەللەيىن شاھ ئالىيلىرى ئويلانغان قىياپەتتە، ــ قاچانكى قىلغان ئىبادىتىم تەڭرىگە مەقبۇل بولۇپ، مېنى بۇ ئىشلاردىن پارىغ بولۇشقا ۋەھىي كەلمىگۈچە مەن ئول گۆشسىز ــ پەرھىز تائام يېيىشنى چەكسىز داۋاملاشتۇرىمەن.

ئۇلار تاۋۇس ئەللەيىن شاھ ئالىيلىرىنىڭ تەۋرەنمەس ئىرادىسىگە قايىل بولۇشۇپ، شاھ ئالىيلىرىنىڭ ئۇچ ۋاخ غىزاسى ئۇچۇن ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۇچىنى، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يۇمران يوپۇرماقلىرىنى، ھەر خىل زىرائەتلەرنىڭ دانلىرىنى ھەمدە تۇرلۇك مەي باغلاپ پىشقان مېۋە ـ چىۋىلەرنى ئەكەلدۈرۈپ بەردى. تاۋۇس ئەللەيىن شاھ ئالىيلىرى بولسا بۇ نېمەتلەرنى ئىشتىھا بىلەن يەيتتى، ۋەزىرلىرى يەۋاتقان گۆشكە كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمايتتى.

«توقلۇقتىن شوخلۇق چىقىدۇ» دېگەندەك، خاتىرجەملىك ۋە مول نېمەتلەر تاۋۇس ئەللەيىن شاھ ئالىيلىرىنىڭ ھاۋايى ـ

www.uyghurkitap.com

ھەۋەسىنى پات ـ پات قوزغاپ قويىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ماتا ـ گەزلىمە بازىرىدا ئۇچراتقان گۈزەل سۇر مادا كېلەتتى ـ دە، پۈتكۈل ئەزاسى ھاياجاندىن تىترەيتتى، ئىشق ـ پىراقىنى ئاشۇ مەشۇقىغا يەتكۈزمەكچى بولغاندەك بار ئاۋازى بىلەن ھاڭرايتتى...

*    *    *

نۇسرەتجاننىڭ تىلىكى ئەمەلگە ئېشىپ ئىدارە باشلىقى ئاخىر ئۆستى. ئۇنىڭ ئورنىغا نۇسرەتجان تەيىنلەندى. ئۇ ئىدارە باشلىقلىق ۋەزىپىسىگە رەسمىي ئولتۇرۇپ ھەپتە ئۆتكەندە ئىدارىدىكى مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خادىملارنى تەشكىللەپ، شەھەرنىڭ ئەڭ كاتتا بەزمىخانىسىدا ئىدارە باشلىقىنىڭ مەنسىپىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى قۇتلۇقلاش ھەمدە يېڭى خىزمەت ئورنىغا ئۆزىنىش يۈزىسىدىن سورۇن ئۇيۇشتۇردى.

ـــ ئالدى بىلەن مۆھتەرەم باشلىقىنىڭ ئەزىز تېنىنىڭ مەڭگۇ ـ مەڭگۇ ساغلام تۇرۇشىنى تىلەيمەن، باشلىقىمىز ئىدارىدىن كەتكەن بىلەن يىراققا كەتمىدى. بەلكى يەنە بىر بالداق يۇقىرى رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىپ، خىزمەتلىرىمىزنى تېخىمۇ كەڭ قوللاپ، يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئورۇنغا ئۆستى. بۇ بىزنىڭ بەخت ـ تەلىيىمىز. شۇغىنىسى، باشلىقىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى باشقۇرۇش دائىرىسى كەڭ، خىزمىتى جاپالىق، شۇنداقتىمۇ بىزدەك شاگىرتلىرىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى، تىككەن كۆچەتلىرىنى سۇغىرىپ، پەرۋىش قىلىپ تۇرۇشىنى تىلەيمەن.

نۇسرەتجاننىڭ سۆزىگە ھەممەيلەن چاۋاك چېلىشتى. باشلىق نۇسرەتجان تۇتقان بىر رومكا ھاراقنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ، نۇسرەتجاننىڭ ئىقتىدارىنى، ئالىملارچە بىلىمىنى، تالانتىنى بىر ھازا ماختىغاندىن كېيىن نۇتقىنى تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇردى:

— تىرىشىپ ياخشى ئىشلەڭ، نۇ جۇيجاڭ، سىلەر ياشلار كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى، ئۈمىد سىلەردە. مەن سىزنىڭ تېخىمۇ ئۆسۈپ يۇقىرى ئۆرلىشىڭىزگە تىلەكداشمەن ھەم سىزنى قەتئىي قوللايمەن.

مەدھىيە سۆزلىرى ھېلى مۇز چىراي باشلىقنىڭ، ھېلى كۆلگۈنچەك نۇسرەتجاننىڭ شەنىگە توختىماي يېغىپ تۇردى. ئۈستەلدىكى چوكا تېگىشكە ئۈلگۈرمىگەن قورۇمىلار يېگىلىنىپ تۇراتتى. سۈپسۈزۈك شارابلار تولدۇرۇلغان رومكىلار يېقىملىق جىرىڭلايتتى. يېگىدىن ـ يېگى ھەيۋەتلىك سۆزلەر بىلەن بىر ـ بىرىنى ماختاپ ئۇچۇرۇشاتتى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىدارىدىكى بۆلۈم دەرىجىلىكلەر نۇسرەتجاننى قۇتلۇقلاپ سورۇن تەييارلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن شەخسلەر بويىچە نۇسرەتجاننى قۇتلۇقلاش زىياپىتى بەس ـ بەستە باشلاندى. ئۇلار نۇسرەتجاننى خۇددى شار يۇۋلىگەندەك يۇۋلەيتتى، ئۇچۇراتتى.

نۇسرەتجاننىڭ كۆلكىسى ئىدارە باشلىقلىق مەنسىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىنمۇ پەقەتلا ئۆزگەرمىدى، قول ئاستىدىكى خىزمەتچىلەرگە ئۇتلىگەن كالىلدەك ھىجىيىپ قارايتتى، قىزغىن سالام ـ سەھەت بىلەن ئەھۋال سورايتتى، يىغىنىنىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ئاچاتتى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش، خىزمەتتىن توختىتىش، جەرىمانە ئېلىش... قاتارلىق تەدبىرلەرنى كۈلۈپ تۇرۇپ تەكىتلەيتتى. شۇنداقتىمۇ، خىزمەتچىلەرنىڭ يۈرىكى گال پىچاقتا تىلغاندەك سىرقىرايتتى. ئۇلار نۇسرەتجاننىڭ ئاشۇ ھىجىيىپ تۇرغان چىرايىنى يىراقتىن كۆرسىلا بىئارام بولۇپ، ۋەھىمە بېسىپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشقا ئالدىرايتتى.

* * *

كۆز باغلانغان مەھەلدە تۇيۇقسىزلا چېلەكتە قۇيغاندەك ياغقان

يامغۇر ئەتىسى تاڭ سۈزۈلۈشكە يېقىن چىپپىدە توختىدى. ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان قۇياش چەكسىز ئورمانلىققا ئالتۇندەك نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن چېچىشقا باشلىدى. كېچىچە ياغقان يامغۇردا چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن ھايۋانلار ئاستا مىدىرلىشىپ بىر كۈنلۈك تىرىكچىلىكىنىڭ غېمىگە چۈشۈشتى.

ئەتىگەندىلا تاۋۇس ئەللەيىن شاھ ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا سالامغا كەلگەن تۈلكە، يىلپىز، قاپلان، بۆرە قاتارلىق ۋەزىرلەر شاھ تەختىدە جالاقلاپ تىترەپ تۇرغان بوز ھاڭگىنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قېلىشتى، غەزەپتىن چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى.

— كىمسەن؟ تەپ تارتماستىن پادىشاھىمىزنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇشقا قانداق پېتىندىڭ؟ — دېدى بۆرە چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ.

بۇ قوپال ئاۋازنى ئاڭلاپ بوز ھاڭگا — تاۋۇس ئەللەيىننى بىردىنلا سۈر باستى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ شاھلارغا خاس سالاپەت بىلەن جاۋاب بەردى:

— بىر كېچىدىلا ئەقلىڭلاردىن ئادىشىپ قالمىغانسىلەر، مۆھتەرەم ئەمىرلىرىم. مەن سىلەرنىڭ ئۇلۇغ خاقانىڭلار تاۋۇس ئەللەيىن بولىمەن...

بوز ھاڭگا شۇنداق دېگەچ ئالدىدىكى يامغۇر سۈيى جۇغلىنىپ قالغان كۆلچەككە شۇنداقلا قاراپ، مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى، ئۆپكىسى ئاغزىغا قاپلىشىپ، پۇت ـ قوللىرى تىترەپ، پۈتكۈل ئەزاسىنى سوغۇق تەر باستى. شۇ تاپتا ئالدىدىكى يامغۇر سۈيىدە ئۇنىڭ كۆزىگە ھەربىر تۈكلىرى ھەر خىل رەڭدە جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ئاجايىپ تاۋۇس ئەللەيىن ئەمەس، سەپرا ئىگىسىنىڭ تىل ـ تايىقى ئاستىدا غىڭ قىلماي ھارۋا سۆرەيدىغان، جۇۋاز چۆرگىلىتىدىغان، يۈك كۆتۈرىدىغان ئەبگار بوز ھاڭگا — كۆرۈمسىز قوتۇر ئېشەك تۇراتتى. ھەئە، كېچىدە

ياغقان يامغۇر بوز ھاڭگىنىڭ بەدىنىدىكى ھەر خىل بوياقلارنى پاك ـ پاكىز يۇيۇۋەتكەن بولۇپ، كۆرۈمسىز، پاخپىيىپ تۇرغان تۈكلىرى تۇرقىنى تېخىمۇ سەتلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

ــ بىزنى ئالداشقا پېتىنىۋاتامسەن تېخى، ــ دېدى قاپلان خەنجەردەك ئۆتكۈر چىشلىرىنى چىقىرىپ خىرىس قىلغىنىچە، ــ بىلىپ قوي، تاۋۇس ئەللەيىن شاھ ئالىيلىرى ھەرگىزمۇ ساڭا ئوخشاش كۆرۈمسىز ئەبگار ئەمەس. ئۇنىڭ ئاجايىپ رەڭدار تون ـ سەرپايىنى، جاھاننى لەرزىگە سالغۇچى ھەيۋەتلىك ئاۋازىنى ھېچكىمنىڭكى بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. قىسقىسى، ئۇ بىزنىڭ تەڭداشسىز پاسىبانىمىزدۇر. ئېيتە، ئۆزۈڭ زادى كىم؟ تەپ تارتماستىن ئۆزۈڭنى تاۋۇس ئەللەيىن شاھ ئالىيلىرى دەۋېلىشقا قانداق پېتىندىڭ؟

بوز ھاڭگا مۇدھىش بىر ۋەھىمە چاڭگىلىدا تىپىرلايتتى، قورقۇنچتىن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، تاڭلايلىرى قۇرۇپ، پۇت ـ قوللىرىدا جان قالمىغانىدى.

ــ مە... مە... ن... را... راستىلا... تا... ۋۇس ئەللەيىن. ئىشەنمىسەڭلار ما... ما... نا ئاۋازىمنى ئاڭلاپ بېقىڭلار.

بوز ھاڭگا شۇنچە كۈچىگەن بولسىمۇ كانىيى قۇرۇپ، لەۋلىرى تىترەپ تۇرغانلىقتىن ھاڭرىيالماي ئاۋازى بوغۇلۇپ خارقىراپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتكۈل ئورمانلىقنى لەرزىگە سالغۇچى ياڭراق ئاۋازى ئۆچكەندەك قىلاتتى. ئۆزىگە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ تۇرغان يىرتقۇچ ۋەھشىلەرنىڭ قان تولغان كۆزلىرىگە قاراپ، تېنىنى ئۆلۈم ۋەھىمىسى چىرمىۋالدى.

ــ خۇدا ھەققى، ماڭا ئىشىنىڭلار، ــ دېدى بوز ھاڭگا يىغلامسىرىغان ھالدا، ــ مەن راستلا تاۋۇس ئەللەيىن، شۇ كېچىچە ياغقان لەنتى يامغۇر بەدىنىمدىكى بوياقلارنى يۇيۇۋېتىپتۇ...

زېرەك تۈلكە بوز ھاڭگىنىڭ بۇ بىچارە ھەم كۆرۈمسىز

www.uyghurkitap.com

تۇرقىغا قاراپ ئاللىقاچان بىرنەرسىنى پەملىگەنىدى. شۇڭا، ئۇ بوز ھاڭگىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئادەملەر بىزلەرنى ھەر خىل خاسناملار بىلەن ئاتايدۇ. مەسىلەن، مېنى تۈلكە، ماۋۇ ۋەزىرلەرنى يىلپىز، قاپلان، بۆرە... دېگەندەك. ئېيتە، سېنى نېمە دەپ ئاتايتتى؟

بوز ھاڭگا ئۇچۇن بۇ جاۋاب بېرىش بەكمۇ تەس سوئال ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇ سوئالغا جاۋاب بەرمەي قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى.

— مېنى... مېنى... — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، — مېنى ئادەملەر ئېشەك دەپ ئاتايتتى...

— ئېشەك؟ ! — تۈلكىنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن چەكچىيىپ كەتتى. ئەسلىدە ئادەملەر «گۆشى ھارام، كۈچى ھالال» دەپ ئاتايدىغان قوتۇر ئېشەك سەن ئىكەنسەن - دە؟

تۈلكىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باشقىلار ھەيران بولۇپ، بوز ھاڭگىغا قارىدى. ئەپت - بەشىرىسى ئاشكارىلانغان بوز ھاڭگا بولسا جالاقلاپ تىترىگىنىچە ئاران - ئاران يەر دەسسەپ تۇراتتى.

— ۋەزىرلەر، — دېدى تۈلكە ھەمراھلىرىغا چۈشەندۈرۈپ، — بۇ ئەبلەخ بىزنى ئالداپتۇ. جاھاندا «تاۋۇش ئەللەيمەن» دەيدىغان مەخلۇق بولغان ئەمەس. بۇ ئەبلەخ ئۆزىنىڭ تاشقى قىياپىتىنى تۇرلۇك رەڭدە بويىغانلىقى ئاز دەپ، بىزنىڭ كۆزىمىزنىمۇ بوياپ بىزگە پادىشاھ بولۇۋاپتۇ. بۇ لەنەت تەگكۈر مەن سىلەرگە دائىم گېپىنى قىلىپ بېرىدىغان، گۆشىنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ھېلىقى ئېشەك دېگەن مەخلۇق دەل شۇ. ناشتىلىق پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەيلى. قېنى مەرھەمەت.

بىچارە بوز ھاڭگا قېچىشقىمۇ ئۈلگۈرمىدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنىڭ خىزمىتىنى ساداقەتمەنلىك بىلەن بېجىرىپ كەلگەن بۇ يىرتقۇچ ۋەزىرلىرى ئۇنى بىردەمدىلا خامتالاش قىلىپ يەۋەتتى.

* * *

شەھەردە ئۈچ كۈندىن بېرى يېغىۋاتقان يامغۇر ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس. تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە يۈرگەن نۇرغۇن ئادەملەر يامغۇردا چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتىمۇ، قوللىرىغا دالدىلانغۇدەك ھېچنېمە ئالماي بەخىرامان يۈرۈشمەكتە. ئەمما، بىر قىسىم ئادەملەر كۈنلۈك كۆتۈرۈۋېلىشقان بولۇپ، كۈنلۈكنىڭ دالدىسىدا كىيىملىرى تىرناقچىلىكمۇ ھۆل بولمىغانىدى. جاھاننىڭ ئىشلىرى ئاجايىپ. ئۈچ كۈندىن بېرى ياغقان يامغۇر شەھەردىكى بەزى ئۆيلەرنىڭ خېلى پۇختا يېپىلغان ئۆگزىلىرىنى تېشىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مۇنۇ ئاز بىر قىسىم كىشىلەر كۆتۈرۈۋېلىشقان كۈنلۈكنىڭ ئالدىدا يەنىلا ئامالسىز. ئاشۇ كىچىككىنە كۈنلۈك ئۇلارنى قوغداپ قالغان.

ئەنە يىراقتىن نۇسرەتجان كېلىۋاتىدۇ. ئۇ قولىغا بىر تال كۈنلۈك ئېلىۋالغان بولۇپ، شۇنچە ھەيۋە بىلەن تاراسلاپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر ئۇنى ھېچنېمە قىلالماپتۇ. ئۇ كۈنلۈكنىڭ دالدىسىدا ئاشۇ يېقىمسىز ھېجىيىشى بىلەن كېلىۋاتىدۇ. ئۈچىسىدىكى چەت ئەلنىڭ داڭلىق ماركىلىق كىيىملىرى ئارزىراقمۇ ھۆل بولمىغان، كۆلكىسىدە بولسا ھېچقانداق مەنە يوق.

ئويلاپ قالدىم. ھېلىقى بوياقچىلىق كۆلچىكىگە چۈشۈپ كەتكەن بىچارە قوتۇر ئېشەك — تاۋۇس ئەللەيىن شاھ ئالىيلىرىنىڭ نۇسرەتجانغا ئوخشاش كۈنلۈكى بولغان بولسا، كۈنلۈكى بىلەن ئاشۇنداق يامغۇردىن دالدىلانغان بولسا بەلكىم ھازىرغىچە ھېلىقى ئورمانغا پادىشاھلىق قىلىۋەرگەن، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ كاتتا يايلاقتا خاقانلىق قىلغان، تۈلكە، يىلپىز،

قاپلان، بۆره قاتارلىق ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىغا، شىر، يولۋاسلارمۇ قېتىلىپ ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلغان بولار ئىدى.

يەنە ئويلاپ قالدىم، كۇنلۇكلەر ئاستىغا كىرىۋالغانلىكى ئادەملەرنى يامغۇردىن مەڭگۇ دالدا قىلىپمۇ بولالماس.

ئاخىرىدا يەنە ئويلىنىپ قالدىم. بىر كۇنى ھەرقانداق كۇنلۇكنى تېشىپ ئۆتكۇدەك شۇنداق بىر قۇدرەتلىك يامغۇر ياغىدۇكى، ئايهاي...



www.uyghurkitap.com

# تاۋۇس ئەللەيىن (2)

تاسادىپىي پۇرسەتتە بوياق كۆلچىكىگە چۈشۈپ كېتىپ، دۇمبالىنىشتىن قۇتۇلۇپ قېچىپ كەتكەن قوتۇر ئېشەك — بوز ھاڭگىنىڭ ھەر خىل رەڭدە بويالغان تۇرقىنى كۆز - كۆز قىلىپ «تاۋۇس ئەللەيىن» دېگەن نام بىلەن يىراق ئورماندىكى ھايۋانلارغا پادىشاھ بولۇۋېلىپ، بىر مەزگىل دەۋران سۈرگەنلىكى ھەققىدىكى ھېكايىنى ئاڭلىغان بوياقچى ئۆزىنىڭ بوياقچىلىقتىن ئىبارەت ئاشۇ ئاددىي ھۈنىرىنىڭ شۇ قەدەر كارامىتى بارلىقىنى ھېس قىلىپ ھەيران قالدى. ئەمما، باشقىلارغا شۇنچىلىك كارامەت، ئامەت ئەكەلگەن ھۈنىرىنىڭ ئۆزىگە ھېچقانداق بەخت ئەكەلمىگەنلىكىنى، تۇرمۇشىنىڭ تېخىچىلا نامرات، غورىبەتچىلىك ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. دېمىسىمۇ ھۈنەرگە پۇختا ھەم كامىل بوياقچى بەكمۇ نامرات ئىدى، كۈنبويى شاگىرتلىرى بىلەن جاپا تارتىپ ئىشلىسىمۇ تاپاۋىتى سالغان دەسمايىسىنى چىقىرىۋەتكەندە بىر كۈنلۈك روزغارىنى قامداشقا ئاران - ئاران يېتەتتى.

ئۇنىڭ بوياقچىلىق ھۈنىرىگە تايىنىپ باي بولۇش، ھېسابسىز پۇل تېپىش ئارزۇسى بار ئىدى. ئەمما، ئۇ شۇنچە ياشقا كىرىپ، نۇرغۇن شاگىرت يېتىشتۈرۈپ، مۇشۇ يۇرتتىكى خېلى داڭقى بار بوياقچى ئاتىلىپمۇ ئاشۇ ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالمىدى. ھەمىيىنىنى ئاختۇرسا ئارتۇق تۆت تەڭگە ھەرگىز چىقمايتتى.

بوياق كۆلچىكىگە چۈشۈپ چىققاندىن كېيىن تاۋۇس ئەللەيىن ئاتىلىپ بىر ئورمانلىقنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلانغان قوتۇر ئېشەك

ھېكايىسى ئۇنىڭ باش ـ ئاخىرى يوق ئۇي ـ خىياللىرىنى چاقنىتىپ، تەپەككۇرىنى بىردىنلا جانلاندۇرۇۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇ بوياقچىلىق ھۈنىرى بىلەن يالغۇز ماتا ـ چەكمەن، شايى ـ ئەتلەسلەرنىلا ئەمەس، باشقا نەرسىلەرنىمۇ بويىسا بولىدىغانلىقىنى، ئەقلىنى ئىشقا جورۇتسىلا باي بولۇش ئارزۇسىغا چوقۇم يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلىپ يەتتى.

* * *

ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە خۇددى خىمىيەۋى ئوغۇت سالغان زىرائەتتەك تېز ئۆسۈپ، بىرىنچى قول باشلىق بولۇپ قالغان نەۋرە ئاكىسى نۇسرەتجاننىڭ ئالىي دەرىجىلىك پىكاپىنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدا گىدىيىپ ئولتۇرۇشلىرىنى ھەر قېتىم كۆرگەندە، غالىبجاننىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشىپ بەكمۇ راھەتسىزلىنەتتى، كەيپىسىزلىنىپ، خۇيلىنىپ قالاتتى، قايىل بولمىغان ھالدا ئۆزىنى نەۋرە ئاكىسىغا سېلىشتۇراتتى.

دېمىسىمۇ بوي ـ بەستىنى، چىراي ـ تۇرقىنى سېلىشتۇرغاندا ئۇنىڭ نەۋرە ئاكىسىدىن قالغۇچىلىكى يوق ئىدى، ھەتتا بىلىم سەۋىيەسىمۇ نەۋرە ئاكىسىنىڭكىدىن خېلىلا يۇقىرى ئىدى. ئۇ ئاشۇنداق سېلىشتۇرۇپ كۆرۈۋىدى، ئىچى تېخىمۇ بەك ئاداپ كەتتى. راست ـ دە، ئاشۇ نەۋرە ئاكىسى تېخى ئادەتتىكى خىزمەتچى ۋاقتىدا ئۇ ئاللىقاچان يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلگەنىدى. گەرچە ئىككى يىل ئاۋۋال مەكتەپ مۇدىرى كېسەللىك سەۋەبىدىن ئارام ئېلىشقا چىقىپ مۇدىرلىق ئورنى بوش قالغان بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر تەشكىل بۇ ئورۇننى ئاشۇ بوش پېتى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ تا بۈگۈنگىچە مۇئاۋىن مۇدىرلىق سالاھىيىتى بىلەن مەكتەپنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان

بولـــىمۇ، ئـاشـۇ بوش ئورۇنــنــى ئاللــىكـىمـلــەرگە تارتــتـۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى دەككە ـ دۈككىدە ئىدى. «ئېرىدىن تۇل قالغان خوتۇنغا قاش ئاتقىلى ئەر چىقىدۇ ـ يۇ، قىز بالىدىنمۇ جەلپكار ئـاشۇ بوش ئورۇنـغا كۆز تىكىدىغـان ئادەم چىقماسمۇ؟ ...» ئەندىشىلىك خىيـاللار ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزاتتى، ھەر خىل ئامال ـ چارە ئىزدەش ئۈچۈن ئالـدىرايتتـى، تېپىرلايتتى، باش قاتۇراتتى.

ئۇ نەۋرە ئاكىسىنىڭ تېز ئۆسۈشىدىكى سىر ـ ھېكمەتلەرنى بىلىش ئۈچۈن ئۇزاق كـۆزەتتى. ھېس قىلغانلىرىنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىشكە تىرىشتى. نەۋرە ئاكىسىغا ئوخشاش ئۇتلىنىپ كـالـلىدەك غىلجىڭلاپ كۈلۈشنى، ساداقەتمەن ئاغۋاتلاردەك قۇلچىلىق قىلىشنى ئۆگەندى. ئاشۇ ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ ئىدارە باشلىقىنى كاتتا رېستورانىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئايرىم خانىسىغا باشلاپ، تانسىكەش قىزلارنى ھەمراھ قىلدى. ئەپسۇسكى، بـاشلىقنىڭ غىتتىـى ـ غىتتاڭ تانسا مۇزىكىسى بىلەنمۇ، قىزلارنىڭ بېلىنى تۇتقاندىن باشقا ھېچ ئىشنىڭ تايىنى يوق ئوينىلىدىغان گىلدىڭ ـ گىلدىڭ تانسا بىلەنمۇ خۇشى يوق چىقىپ قالدى.

ــ تانسا مۇزىكىسىنى ئالماشتۇرۇۋېتىڭلار، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مۇزىكىمىزنى ئاڭلايلى، ــ دېدى باشلىق بىر قول تانسا ئاخىرلىشا ـ ئاخىرلاشمايلا كەسكىنلىك بىلەن، ــ خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرى نېمىدېگەن يېقىملىق ـ ھە! ئۇسسۇل ئوينايدىغانلار ئىختىيارىي ئۇسسۇل ئويناڭلار. قالغانلار ئۇسسۇل بىلەن مۇزىكىدىن بىللە ھوزۇر ئېلىپ ئولتۇرۇڭلار. مانا مەن سىلەرگە بىر پەدە ئۇسسۇل ئويناپ بېرەي.

باشلىقنىڭ ئۇسسۇل ئويناش ماھارىتى ھەقىقەتەن يۇقىرى ئىدى. ئۇنىڭ قولىنى بوركۇتنىڭ قانىتىدەك مەغرۇر تۇتۇپ، خۇددى چاپچىپ تۇرغان ئايغىردەك مەردانە قەدەم ئېلىپ، ئۆزگىچە جور بولۇپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزنىڭ گاھ ئوڭ يېنىدىن، گاھ

سول يېنىدىن چىقىپ، گاھ قوغلاپ، گاھ ئالدىنى توسۇپ، ماھارەت بىلەن ئۇسسۇل ئويناشلىرى غالىبجاننى ھاڭ ــ تاڭ قالدۇردى. غالىبجاننىڭ تانسا ئويناشقا خېلى ئېپى بولسىمۇ، ئۇسسۇل ئوينىيالمايتتى. بىر تەرەپتىن ئىچىپ، بىر تەرەپتىن ئۇسسۇل ئويناپ خېلىلا قىزىپ قالغان باشلىق قىزلارنى بىر ــ بىرلەپ ئۇسسۇلغا تارتماي ئۆتلىگەن كالللىدەك ھېجىيىپ ئولتۇرغان غالىبجاننى ئۇسسۇل ئويناشقا دەۋەت قىلدى.

— غالىبجان! پاقا تەشكەن سويمىدەك قاراپ ئولتۇرماي ئاۋۇ قىز بالىنى ئۇسسۇلغا تارتىپ ئىككى پەدە دەسسەڭلا دېمەن.

بۇ تۇيۇقسىز تەكلىپتىن غالىبجان تەمتىرىدى.

— ... مە... ن... ئويناشنى... بىلمەيمەن... باشلىق.

— بوپتۇ ئەمىسە، ئويناشنى بىلمىسەڭلا، بىزنىڭ ئويىنىغىنىمىزنى ئوبدان كۆرۈپ ئولتۇرۇڭلا، قوپۇڭلا، ئاغىنىلەر، قىز بالا جىم ئولتۇرۇپ قالسا ئىچى پۇشۇپ قالىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سورۇندىكى قىزلارمۇ ۋە باشقا ئەرلەرمۇ پاراقىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. ئەرلىك غۇرۇرى ئىزا تارتقان غالىبجان چاندۇرمايلا بۇ مەسخىرىلىك كۈلكىگە ھجايغان پېتى قېتىلدى.

باشلىق غالىبجاننىڭ بۇ مېھماندارچىلىقىغا بولۇم باشلىقلىرى ۋە بىرقانچە غوللۇق مەكتەپنىڭ مۇدىرلىرىنى بىللە ئەكەلگەنىدى. غالىبجان بىر قاراپلا ئۇلارنىڭ ئىدارە باشلىقىنىڭ يېقىنلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. ئۇلارمۇ ئۇسسۇلنى ئىدارە باشلىقىغا ئوخشاش ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوينايتتى. غالىبجان ئۇسسۇل ئويناش ئارقىلىق ئىدارە باشلىقىغا يېقىنلاشقىلى، ئۇسسۇل بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقىلى بولىدىغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ يېقىنىغا، ھەمتاۋاقداشلىرىغا ئايلانغىلى بولىدىغانلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلدى ـ دە، شۇ ھامان ئۆزىنىڭ شۇ ياشقا كىرگۈچە ئۇسسۇل ئويناشنى ئۆگەنمىگەنلىكىگە، تۆت ئادەم بار سورۇندا قول كۆتۈرۈپ باقمىغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى.

* * *

بوياقچى نېمىنى بوياش، قانداق بوياش ھەققىدە ئۆزاق باش قاتۇردى. ئەلۋەتتە، بوياش ئۇبيېكتىنى ياخشى تاللىمىغاندا پۇل تېپىپ، باي بولۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايتتى. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر دىققىتىنى ئېشەككە مەركەزلەشتۈردى. ئەلۋەتتە، خالىغان بىر ئېشەكنى ھەر خىل رەڭدە بوياپ «تاۋۇس ئەللەيىن» دېگەن نام بىلەن ئورمانلىقتا پادىشاھ قىلىپ، شۇ ئارقىلىق نەپ ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بوياقچى كاللىسىدا بىر يۈرۈش پىلان تۈزۈپ بولغانىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ بوياقچىلىق ھۈنىرىگە دەسمايە قىلىدىغان ئازغىنا پۇلنى ھەمىسىنى سېلىپ، ئۇدۇل مال بازىرىغا قاراپ ماڭدى.

ھەر يەكشەنبە كۈنى سودا بولىدىغان مال بازىرى بۈگۈن باشقىچە قىزىپ كەتكەنىدى. بوياقچى قوي بازىرى، كالا بازىرىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئېشەك بازىرىغا كېلىپ توختىدى ـ دە، ئېشەك سودىسىنىڭ ئەھۋالىنى بىر ئاش پىشىم كۆزەتتى. ساتارمەنلەر ئېشەكلىرىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختايتتى. ئالارمەنلەر ئېشەكنىڭ كالپۇكىنى يېرىپ چىشىغا قارايتتى، ئالدى ـ كەينىگە ئۆتۈپ بوي ـ تۇرقىنى سىلايتتى، قۇيرۇقىنى تارتىپ تەپكەك ـ تەپكەك ئەمەسلىكىنى، مىنىپ بېقىپ ھالۋۇز ئاتىدىغان ـ ئاتمايدىغانلىقىنى، چاپتۇرۇپ مېڭىشىنى، يورغىسىنى، كۈچىنى سىنايتتى. تەجرىبىلىك بېدىكلەر گەپدانلىقىغا تايىنىپ ئالارمەن بىلەن ساتارمەننى ئىمكان بار سودىدا كېلىشتۈرۈشكە تىرىشاتتى، چىشى يېڭى، ياش، مېڭىشلىرى چەبدەس، يورغىسى چىرايلىق، خۇيلۇق ئەمەس، بويلۇقراق ئېشەكلەرنىڭ باھاسى ئۆرە، چىشى، قېرى، مۈدۈرگەن، سوكسوك، خۇيلۇق، جۇغى كىچىك ئېشەكلەرنىڭ باھاسى تۆۋەنرەك ئىدى.

ئېشەك بازىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ كۆڭۈل

www.uyghurkitap.com

توختاتقان بوياقچى، قېرى بولسىمۇ بويلۇقراق كەلگەن، رەڭگى بوزغا مايىل هاڭگا ئېشەكتىن ئىككىنى ئەرزان باهادا سېتىۋالدى.

*　　*　　*

غالىبجان ئەتىسى مەكتەپكە چىقىپلا ئۇسسۇل ئويناش ماهارىتى يۇقىرى ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىگە ئۇسسۇل ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. مەكتەپتە ئىككى نەپەر سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ هەر ئىككىلىسى ياشىنىپ هەم سەمرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆمەكتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان خانىملار ئىدى. شۇنداقتىمۇ، يېزا ۋە مەكتەپنىڭ هەر خىل پائالىيەتلىرىدە ئۇسسۇل ئويناش مۇشۇ ئىككى خانىمنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى.

— ئەمىسە ئىككىلىرىگە ۋەزىپە، — دېدى غالىبجان ئىككى خانىمنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ، — بىر هەپتە ئىچىدە مەن راۋرۇس بىر ئۇسسۇلچى بولۇپ چىقىمەن. ئىككىلىرى مېنىڭ مەخسۇس ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىم بولىلا.

— دەرسىمىزنى قانداق قىلىمىز، مۇدىر؟

— مېنىڭ بۇ هەپتىلىك دەرسىم جىقراق ئىدى.

— دەرسىڭلار تۇرۇپ تۇرسۇن، — دېدى ئۇ كەسكىنلىك بىلەن، — بىرەر هەپتە دەرس ئۆتمىگەنگە ئوقۇغۇچىلار ساۋاتسىز بولۇپ قالمايدۇ. قانداق، ئۇسسۇل دەرسىنى هازىرلا باشلامدۇق؟

غالىبجاننىڭ ئۇسسۇل ئۆگىنىش ئىشتىياقى قوزغىلىپلا كەتكەنىدى. بىچارە ئىككى خانىم ئۇنىڭغا نۆۋەتلىشىپ ئۇسسۇل ئۆگىتىپمۇ هېرىپ هالىدىن كەتتى. لېكىن، چىلىق - چىلىق تەرلەپ كەتكەن غالىبجان بولسا مەشىق قىلىپ هارمايتتى.

— كەچتە داڭلىق ئۇسسۇلچىلىرىمىزنىڭ VCD پىلاستىنكىلىرىنى تېپىپ كۆرۈپ كۆزلىرىنى پىشۇرسىلا، مۇدىر. ئۇسسۇل پىلاستىنكىلىرىنى كۆپرەك كۆرسىلە

ئۇسسۇلنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا ئىگىلىۋالايلا، — دېدى ئىككى خانىم ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن غالىبجانغا تاپشۇرۇق بېرىپ.

غالىبجان ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تاپشۇرۇقىنى خېلى ئەستايىدىل ئىشلىگەندەك قىلاتتى. ھەر كۈنى ئۇنىڭ ئۇسسۇل ئويناش ماھارىتىنى ماختاپ، رىغبەتلەندۈرۈپ كەلگەن ئىككى خانىم تۆتىنچى كۈنىگە قەدەم قويغاندا ئۆزلىرىچە قۇسۇر ئىزدەپ قالدى.

— مۇدىر، قوللىرىنى كۆتۈرگەندە بىلەكلىرىنى، بارماقلىرىنى قاتتىقراق تۇتسىلا ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى مەردانە كۆرۈنىدۇ.

— ھازىرقىدەك يۇمشاق، ئەۋرىشىم تۇتسىلا نازاكەتلىك كۆرۈنۈپ قالىدىكەن.

— ئەرلەر ئۇسسۇلى ئادەتتە مەردانە ئوينىلىدۇ. ئاياللار ئۇسسۇلى بولسا نازاكەتلىك ئوينىلىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ غالىبجاننىڭ بىردىنلا قاپىقى تۈرۈلدى:

— نېمە، مېنى خوتۇن خەقتەك ئۇسسۇل ئوينىدىڭ دېمەكچىمۇ؟

— ياق، ياق، ئۇنداق ئەمەس، — دېدى مۇدىرنىڭ رەنجىپ قالغىنىنى كۆرگەن خانىم ھودۇققان ھالدا.

— ئەسلىدە سىلىنىڭ ئۇسسۇل تالانتلىرى بار ئىكەن، مۇدىر، — دېدى يەنە بىر ئوقۇتقۇچى خىزمەتدىشىنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، — مانا تۆت كۈن ئىچىدىلا ئۆمەكنىڭ كەسپىي ئۇسسۇلچىلىرىدىن قېلىشمىغۇدەك ئۇسسۇل ئويناپدىغان بولۇپ كەتتىلە. قاراپ باقسام سىلىنىڭ ئۇسسۇللىرىدا مەردانە ئۇسسۇل، نازاكەتلىك ئۇسسۇلدىن باشقا يەنە ھىندىستانچە، پاكىستانچە، ئەرەبچە ۋە تولغىما، چاقماق ئۇسسۇللىرىنىڭمۇ ئېلېمېنتى بار ئىكەن.

بۇ ماختاش غالىبجانغا خۇددى توك تەپكەندەك تېز تەسىر

قىلدى.

— ئەلۋەتتە، بۇ ھەر كۈنى كەچتە داڭلىق ئۇسسۇلچىلارنىڭ VCD پىلاستىنكىلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرگەنلىكىمنىڭ نەتىجىسى، — دېدى غالىبجان مەغرۇرلۇق بىلەن، — ئىككىلىرىنىڭ ئۆگىتىشلىرىگە قاراپ ئولتۇرسام بۇ يېقىنلاردا ئۇسسۇل سورۇنلىرىغا چۈشەلمەيدىغاندەك قىلىمەن.

— راست، راست، ئوقۇغۇچىنىڭ تالانتى بولمىسا ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەرقانچە ئەجىر قىلغىنى بىكار.

— بۈگۈن — ئەتە ئۇبدان مەشىق قىلىۋالسىلا، ئۆگۈنلۈككە بىرەر رېستورانغا كىرىپ ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزمەيمىزمۇ، مۇدىر، سىلىمۇ دوكلات ئويۇنى كۆرسەتكەن ھېسابتا بىر پەدە ئۇسسۇل ئويناپ بەرسىلە.

بۇ ماختاش سادالىرى غالىبجاننى بەكمۇ ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى.

— شۇنداق قىلايلى، شۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ زادى، شۇ باھانىدا مەنمۇ چوڭ سورۇندا ئۇسسۇل ئويناپ ئازراق قاشىرىۋالاي.

* * *

بوياقچى قىلىۋاتقان كەسپىگە يارىشا قۇۋ، ھىيلىگەر، تەدبىرلىك ئادەم ئىدى. ئۇ ئىككى قېرى ھاڭگىنى ئېغىلغا سولاپ، ئالدىغا ھەلەپ، بېدە، قوناق، كۈنجۈرە قاتارلىق يەم — بوغۇزلارنى ئايىماي تۆكتى، ئۇسسۇزلۇقىغا قوناق ئۇنىدا تۈزنى ئۆتكۈزۈپ ئاداپ چېلىپ بەردى. ھەپتە ئۆتكەندە خېلى ئۇبدان بېقىش تاپقان ئىككى قېرى ھاڭگىنىڭ تۈكلىرى پارقىراپ، قۇيرۇقىدا چىۋىن قورۇيدىغان، مۈگدىمەيدىغان، ئانچە — مۇنچە ھاڭرايدىغان، ئېغىناتقىلى ئاچىقسا سۈيدۈك پۈرايدىغان بولدى.

بوياقچى ئەمدى پىلانىنى قەدەم — باسقۇچ بويىچە ئەمەلگە

ئاشۇرۇشقا كىرىشتى. ھېلىقى — ئۆزىنى «تاۋۇس ئەللەيىن» دەپ ئاتىۋېلىپ ئورمانلىقتا پادىشاھ بولۇۋالغان قوتۇر ئېشەكنىڭ بوياق كۆلچىكىگە چۈشۈپ كېتىشى ۋە ئۇستىبېشىنىڭ رەڭدار بويىلىپ كېتىشى پۈتۈنلەي تاسادىپىيلىق ئىدى. ئۇنىڭ قانداق رەڭدار تۇسكە كىرىپ قالغانلىقىنى ھەقىقىي تەسۋىرلەپ بېرىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. شۇنداقلا، بوياقچىنىڭمۇ ئېغىلىدىكى ئىككى قېرى ھاڭگىنى بوياق كۆلچەكلىرىگە سەكرىتىپ، بىرەر ئورمانلىقتا تاۋۇس ئەللەيىن دېگەن نام بىلەن پادىشاھ قىلىش نىيىتىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ پىلانى پەقەت بۇ ئىككى قېرى ھاڭگىنى خېرىدارلارغا ھەم شاش، ھەم كۆركەم قىلىپ كۆرسىتىش ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ ئىككى ئېشەكنى ئىسسىق سۇ بىلەن سوپۇنلاپ ئىككى قېتىم پاكىز يۇدى. قۇشقۇن، تۆشباغ، جۇمبۇ يالاپ تۇكلىرى چۈشۈپ قوتۇر بېسىپ كەتكەن يەرلەرگە خۇددى شال مايسىسى كۆچۈرگەندەك تۇجۇپىلەپ تۇك چاپلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېشەكنىڭ قېرىلىقىنى ئاشكارىلاپ قىرچاڭغۇلىشىپ ئەسلىي رەڭگىنى، پارقىراقلىقىنى يوقاتقان تۇكلىرىنى بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ بوياشقا باشلىدى. بوياقچىنىڭ ھۈنىرى ھەقىقەتەن قالتىس ئىدى. بىر ھەپتە ئىچىدە ئىككى قېرى ھاڭگا ياشىرىپ ئەمدىلا مىنىككە، ھارۋىغا كۆندۈرۈلگەن تەخەي سىياقىغا كىردى. ئەڭ ئاخىرىدا بوياقچى قېرى ھاڭگىنىڭ ئېزىق چىشلىرىدىن تارتىپ ئۆتتۈر چىشلىرىغىچە تۇجۇپىلەپ كاسىۋال سېلىپ چىقتى. شۇ تاپتا ھەرقانداق تەجرىبىلىك بېدىكمۇ بۇ ئىككى ئېشەكنىڭ چىشىغا قاراپ تەخەي ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمايتتى.

بىر يەكشەنبە كۈنى سەھەردە بوياقچى ئىككى ئېشەكنىڭ تۇيىقىنى ياسىتىپ تاقىلاتتى - دە، ئەتىگەنلىك بوغۇزىغا نەشە، ئادىپىغا شاراب ئارىلاشتۇرۇپ قورسىقىنى راسا تويدۇرغاندىن كېيىن ئۇدۇل مال بازىرىغا ھەيدەپ ماڭدى. مال بازىرىغا كەلگەندە نەشە بىلەن شاراب ئىككى قېرى ھاڭگىغا ئوبدانلا

www.uyghurkitap.com

تەسىر قىلدى ـ دە، پۈتكۈل مال بازىرىنى بېشىغا كىيىپ ھاڭراشقا باشلىدى. بىچارە بوياقچى ئىككى ھاڭگىنى باشقۇرۇپ بولالماي ئوبدانلا ھالسىرىدى.

ئىككى ھاڭگا ھاڭراپ يۈرۈپ مال بازىرىدىكى پۈتكۈل خېرىدارلارنى ئۆزىگە قارىتىۋالغانىدى. خېرىدارلار تۆكىلىرىنىڭ ئېقى كۈمۈشتەك، قارىسى قۇندۇزدەك، سېرىقى ئالتۇندەك، قىزىلى شەلپەردەك، ئالىسى ئالا، قارىسى قارا، كۆن نۇرىدا خۇددى ھەسەن ـ ھۈسەندەك جۇلالاپ تۇرغان ئىككى ھاڭگىغا قاراپلا قېلىشتى.

— تۇۋا، ئېشەكنىڭ نەسلىمۇ مۇشۇنداق كېلىشكەن، چىرايلىق بولىدىكەن ـ ھە!

— تۆكىلىرىنىڭ پارقىرىشىغا قاراڭلار، خۇددى ئەينەكتەك.

— ھەسەن ـ ھۈسەندەك كۆز قاماشتۇرىدىكەن تېخى.

— ئېشەكنىڭ بارمۇ دېسە بار دېگۈچىلىكى بار ئىكەن ـ دە، جانىۋارنىڭ.

— نەسلى بۇ يۇرتتىكى ئېشەكلەردىن ئەمەستەك قىلامدۇ، نېمە؟

— ھە، شۇنداقتەك قىلىدۇ.

— ...

بوياقچى ئەتكەن ئېشەكلەرنىڭ يەم ـ بوغۇزىغا ئارىلاشتۇرۇپ بەرگەن نەشە بىلەن شارابتىن ئۆزىمۇ ئىستېمال قىلىۋالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇمۇ ئاشۇ ئىككى قېرى ھاڭگىدەك خۇش كەيپ ئىدى. مانا ئەمدى خېرىدارلارنىڭ ماختاشلىرى ئۇنى تېخىمۇ مەست قىلىۋەتتى ـ دە، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا پو، لاپ دېگەننى ئۆگزە بويى، تېرەك بويى ئېتىشقا باشلىدى:

— بۇ ھاڭگىلارنىڭ نەسلى بۇ يۇرتتىكى ئادەتتىكى ئېشەكلەرنىڭ نەسلىدىن ئەمەس. بۇلارنىڭ ئەجدادى ئۆز زامانىسىدا پادىشاھ، ھۆكۈمران بولغان كاتتا ئېشەكلەردىن. سىلەر سەلتەنەت نامى «تاۋۇس ئەللەيمىن» دەپ ئاتالغان ئېشەك

پادىشاھنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغانمۇ؟ ھە، مانا بۇلار دەل ئاشۇ «تاۋۇس ئەللەيىن» شاھ ئالىيلىرىنىڭ نەسلىدىن بولىدۇ. ئازراقمۇ ئارىلاشمىسى يوق.

ئىككى ھاڭگا بوياقچىنىڭ گېپىنى تەستىقلىماقچى بولغاندەك پۈتكۈل مال بازىرىنى بېشىغا كىيىپ، بار ئاۋازى بىلەن ھاڭراشقا باشلىدى.

ئىككى ھاڭگىنىڭ سودىسىنىڭ چوقۇم ياخشى بولىدىغانلىقىنى پەملىگەن بېدىكلەرمۇ بوياقچىنىڭ دۈمبىقىنى چېلىپ خېرىدارلارنى باز ــ بازغا سېلىشقا باشلىدى.

سودا تېزلا پۈتتى. بوياقچى ئاشۇنداق قېرى ھاڭگىدىن يۈزنى سېتىۋالغۇدەك پايدىغا ئېرىشكەنىدى. ئۇ بېدىكلەرگە مەردلىك بىلەن دەللاللىق پۇلى ئايرىپ بېرىپ، ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

*　　*　　*

ئادەتتە مەكتەپلەر مۇقىم ئىقتىسادىي كىرىمى يوق نامرات ئورۇن ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، غالىبجان ئۆزىنىڭ تەسەررۇپىدىكى زېمىندەك كۆرىدىغان، شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا مەركىزىگە جايلاشقان بۇ مەكتەپنىڭ بولسا بىقىنىنىڭ خېلىلا «يېغى» بار ئىدى. ئەلۋەتتە، ئىنچىكىلەپ سۈرۈشتۈرگەندە بۇنىمۇ غالىبجاننىڭ تۆھپىسى دېيىشكە بولاتتى. چۈنكى، ھەر يىلى 6 ــ ئايدىكى ئورما مەزگىلىدە ۋە 9 ــ، 10 ــ ئايلاردىكى پاختا يىغىۋېلىش مەزگىلىدە غالىبجان مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلارنى «ئەمگەك دەرسى ئوقۇتۇشى» پائالىيىتىگە تەشكىللەيتتى ــ دە، يىللىقلار بويىچە ئۆلچەم، سىنىپلار بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ، ئاشقان ۋە كەملىگەن قىسمى بويىچە مۇكاپات ــ جازا تۈزۈمى بېكىتىپ پۇل تېپىشقا ئورۇنلاشتۇراتتى. ئوقۇتقۇچى ــ ئوقۇغۇچىلار ئورما مەزگىلىدە ئون بەش كۈن، پاختا يىغىۋېلىش مەزگىلىدە بىر ئاي دەرس توختىتىپ ئىشلەپ،

مەكتەپكە زور ئىقتىسادىي كىرىم يارىتاتتى. غالىبجان بۇنى «تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش» دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا «ئوقۇتۇش ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تۈزۈمدە قاتتىق بولۇش» دېگەننى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن جەرىمانە قويۇپ ئوقۇتقۇچىلاردىن پۇل تۇتاتتى. ئۇلار دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ بۇ پۇللارنى تۆلىمەسلىككە ئامالى يوق ئىدى. چۈنكى، قايسىبىر ئوقۇتقۇچى غالىبجان بىلەن زاكونلاشسا ئۆزىنى ئەتىسىلا يېزىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى شۆبە مەكتەپلەردە كۆرەتتى. شۆبە مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى يۆتكەش غالىبجاننىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازى ئىدى. كىمنىڭمۇ شەھەرگە، ئۆيگە يېقىن مەكتەپتىن چەت، يىراق مەكتەپكە بېرىپ ئىشلىگۈسى بار دەيسىز؟

ئەسلىي گېپىمىزگە قايتساق، غالىبجان ھەر يىلى ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى مەزگىلىدە مەكتەپ مالىيەسىدىن پۇل ئاجرىتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى رېستورانغا باشلاپ، بىر قېتىم مېھمان قىلىپ قويغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ۋاقىتتا ئوقۇتقۇچىلارغا مەكتەپنىڭ سىنىت پۇلىنىمۇ كۆرسەتمەيتتى.

ھەئە، ئۇ بۇ قېتىم ئۆگەنگەن ئۇسسۇلنى دوكلات قىلىش يۈزىسىدىن، گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلغاندا، چوڭ سورۇندا ئۇسسۇل ئويناپ قاشىرىۋېلىش ئۈچۈن، قائىدىنىڭ سىرتىدا بىر قېتىم مەردلىك قىلىپ، مەكتەپنىڭ پۇلىدا بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى رېستوراندا مېھمان قىلدى. ئىچىپ تەڭشىلىۋېلىپ سەھنىدىن چۈشمەي ئۇسسۇل ئوينىدى. ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ باشقىلارنىڭ قاقاھلاپ كۈلۈپ، چاۋاك چالغىنىنى كۆرۈپ قىلچىلىك غەيرىيلىك ھېس قىلمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ باشقىلارنى ھەيرەتتە قالدۇرغۇدەك ئۇسسۇل ئۆگەنگەنلىكىگە ئىشىنىپ قالغانىدى.

غالىبجان باشلىقنىڭ ئالدىدا راۋرۇس ئۇسسۇل ئوينىغۇدەك بولدۇم دەپ ئىشەنچ تۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىنى يورەكلىك چەكتى:

— ۋاقىتلىرى بولسا بىرەر - يېرىمدەم ساز تەڭشەپ، ئۆسسۇل ئويناپ كۆڭۈل ئاچايلىمىكىن دېگەنىدىم، — دېدى ئۇ مەقسىتىنى ئەگىتىپ ئولتۇرمايلا.

— بولىدۇ، — دېدى باشلىق بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ تۇرۇپ، — ياز ۋاقتىدا رېستورانغا تىقىلىۋالمايلى. بىرەر باغقا ئورۇنلاشتۇرۇڭلار.

— ماقۇل، ماقۇل، — دېدى غالىبجان ئۇتلىگەن كاللىدەك ھىجىيىپ، — ۋاقتىنى بەلگىلەپ بەرگەن بولسىلا.

— ئالدىرىماڭلار، — دېدى باشلىق بىر تال تاماكىنى لېۋىگە قىستۇرۇپ، — باغ سەيلىسىگە شۇنداقلا چىقساق تەسىرى ياخشى بولمايدۇ. يېقىندا ناھىيە تەۋەسىدىكى بىرقانچە مەكتەپنى ئارىلاپ، سىپلىشتۇرۇپ باھالاش ئېلىپ بارىمىز. سىلىنىڭ مەكتەپمۇ ئاشۇ باھالاش دائىرىسىدە بار. بۇ قېتىمقى باھالاشنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ. باھالاشنىڭ ھاردۇقىنى سىلى تەييارلىغان باغدا چىقىرايلى. شۇنىمۇ دەپ قوياي، ئادىشىم، باھالاش باشقا، باغدا ئويناش باشقا. تەييارلىقىڭلار پۇختا بولماي، باھالاش نەتىجەڭلار چۈشۈپ كېتىپ قالسا ھەرگىز يۈز - خاتىر قىلمايمىز. نەتىجەڭلار يۇقىرى چىقسا ئىستىقبالىڭلىغىمۇ پايدىسى بار.

— خاتىرجەم بولسىلا، باشلىق، ئىشەنچلىرىنى ھەرگىز يەردە قويمايمىز.

غالىبجان شۇنداق دېگىنىچە باشلىقنىڭ ئىشخانىسىدىن ئارقىچىلاپ مېڭىپ يېنىپ چىقتى.

شۇ كۈنىدىن باشلاپ مەكتەپتە ئوقۇتۇش پۈتۈنلەي توختىدى. مەكتەپنىڭ ئىچىدىن تارتىپ تېشىغىچە، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردىن تارتىپ مۇدىر ئىشخانىسىغىچە، دەرسخانىدىن تارتىپ ھاجەتخانىغىچە بىر قېتىم تازىلاندى، تام - تورۇسلار ئاقارتىلدى، سىنىپ - ئىشخانا، مەكتەپنىڭ قورۇق تاملىرىغا چاپلانغان شوئار، ئۇزۇندى، قائىدە - تۈزۈملەر، تۈرلۈك

ئىسخېمىلار، تەشۋىقات رەسىملىرى، نەتىجە ـ كۆرسەتكۈچلەر... سۈكۈپ ئېلىۋېتىلىپ، شەھەردىكى ئېلان ـ بېزەكلىك مۇلازىمەت شىركەتلىرىگە لايىھە يەتكۈزۈلۈپ، ئېسىل رامكىلارغا ئالدۇرۇپ قايتا ئاستۇرۇلدى. خېتى چىرايلىق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىللەنگەن كاتىباتلىق گۇرۇپپىسى يېڭىدىن سېتىۋېلىنغان ئۆلچەملىك خاتىرە دەپتەرلەرگە بارلىق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي ئۆگىنىش خاتىرىسى، ئۆگىنىشتىن تەسىرات يېزىش خاتىرىسى، ئۆز ـ ئۆزىنى پاش قىلىپ تەكشۈرۈش خاتىرىسى... قاتارلىق خاتىرىلەرنى يېزىپ تەييارلىدى. يوقلىما، پىلان، تەييارلىقلار تولۇق ئالماشتۇرۇلدى، تۈرلۈك ئارخىپلار قايتىدىن رەتلەندى.

غالىبجاننىڭ ھەربىر كىچىك ھالقىلارغىچە پۇختا تەكشۈرۈپ ئېلىپ بارغان بۇ تەييارلىقى مەكتەپنىڭ قىياپىتىنى باشقىچە تۈسكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. تەييارلىقلار پۈتۈپ تۇرۇشىغا ئىدارە باشلىقى يېتەكچىلىكىدىكى باھالاش گۇرۇپپىسىمۇ يېتىپ كەلدى. غالىبجان چېتىلىش دائىرىسى كەڭ بۇ باھالاشقا تولۇق تەييارلىق كۆرگەنىدى. باھالاش ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى «ھەي ئىسىت، بىزنىڭ ھەممە مەكتەپلىرىمىز مۇشۇ مەكتەپتەك سۈپەتلىك بولۇپ كەتكەن بولسا ـ ھە» دەپ قايىللىقىنى ئىپادىلەپ تىللىرىنى چاكىلدىتىشتى. ئىدارە باشلىقى بولسا غالىبجاننىڭ دولىسىغا ئىككى قېتىم رازىمەنلىك بىلەن شاپىلاقلىدى. غالىبجاننىڭ كۈتكىنىمۇ، ئىرىشمەكچى بولغىنىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى.

مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى، دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتىدىن باشقا بارلىق ھالقىلار ئالا قويماي ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈلدى. باھالاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئالاھىدە تەييارلانغان باغدا ھاردۇق چىقىرىش باشلاندى. غالىبجاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە مەكتەپتىكى ياشانغان ئوقۇتقۇچىلار ئارقا سەپكە ـــ قازان بېشىغا، ياش ئەر ئوقۇتقۇچىلار مۇلازىمەتكە ـــ داستىخانغا

www.uyghurkitap.com

نازۇنېمەت توشۇشقا، ياش ئايال ئوقۇتقۇچىلار ھەمراھ بولۇشقا — مېھمانلارغا چاي قۇيۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. تۇرلۇك - تۇرلۇك نازۇ نېمەتلەر داستىخانغا تۆكمە قىلىنغانىدى. ئىسسىل شارابلار رومكىلارغا بۇلدۇقلاپ قۇيۇلاتتى ۋە ئاللىقانداق ياخشى تىلەكلەرگە قوشۇلۇپ ئۇدۇل كانايغا تۆكۈلەتتى. يۇقىرى ھەق بىلەن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئۆمەكنىڭ سازەندىلىرى سورۇن ئەھلىنىڭ كەيپى تەڭشىلىپ بولغۇچە ئىشتىھا نەغمىسى چېلىۋاتاتتى. باشلىقمۇ، غالىبجانمۇ خېلىلا تەڭشىلىپ قالغانىدى.

— ئۇسسۇل پەدىلىرىگە چېلىڭلار، ئۇسسۇل ئوينايمىز، ئۇسسۇل! — سازەندىلەرگە قول شىلتىپ بۇيرۇق قىلدى غالىبجان.

باشلىق ياش خانىمنى ئۇسسۇلغا تارتىپ بېقىشىپ ئويناشقا باشلىدى. باشلىقتىن كېيىن باشقىلارمۇ سورۇنغا چۈشتى. رومكىلار قولدىن - قولغا ئۆتۈپ ئايلىناتتى. مېھمانلار ئۇسسۇل ئويناپ ھېرىپ قالدىمۇ نېمە، سورۇن خېلىلا سىلىكىپ قالدى. سورۇننىڭ ساقىيلىقىنى قىلىۋاتقان غالىبجان ئىككى رومكا هاراقنى كۆتۈرۈپ باشلىقنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، رومكىنى قوش قوللاپ تەڭلىدى:

— باشلىق، ئۆزلىرىنى مۇشۇ بىر رومكا هاراق بىلەن ئۇسسۇلغا تارتىمەن.

هاراق تەسىرىدە چىرايى قىزىرىپ، خېلى ئوبدان تەڭشىلىپ قالغان باشلىق دەلدۈگۈنۈپ ئورنىدىن تۇردى - دە، رومكىنى قولىغا ئالدى.

— ئىلگىرى ئىقتىدارىڭىزنى تۆۋەن چاغلاپتىكەنمەن، غالىب مۇدىر، — دېدى باشلىق ئاغزىدىن گەپ چۈشۈپ كېتىپ تۇرسىمۇ غالىبجانغا قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ، — خىزمەتنى بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى ئىشلەڭ، ھەرقانداق قىيىنچىلىق، تەلەپ - پىكرىڭىز بولسا ئۇدۇل ماڭا دەۋېرىڭ. بۇ

www.uyghurkitap.com

بىر رومكا ھاراقنى سىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى نەتىجىڭىز ئۈچۈن ئىچەي، ــ باشلىق رومكىسىدىكى ھاراقنىڭ يېرىمىنى غالىبجاننىڭ رومكىسىغا قۇيۇپ بېرىپ، رومكىسىنى سوقۇشتۇردى، ــ قېنى خوشە!

ــ ساز باشلانسۇن!

غالىبجان ھاراقنى ئىچىپ بولۇپلا سازەندىلەرگە بۇيرۇق بېرىۋېتىپ سورۇنغا چۈشتى ـ دە، باشلىقنى ئۇسسۇلغا تارتتى. باشلىقمۇ دەلدۈگۈنگەن پېتى ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى. مەست بولۇپ قالغان غالىبجان بارلىق ماھارىتىنى چىقىرىپ، باشلىقنىڭ كۆزىگە قاراپ ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. ئۇنىڭ بەل تولغاشلىرى، كاسا ئېتىشلىرى، كۆكرەك لىغىرلىتىشلىرى، بىلەك ـ بارماقلىرىنى ئەۋرىشىم تۇتۇپ، نازاكەت بىلەن تال چىۋىقتەك ئېگىلىشلىرى، قىيا كۆز تاشلاشلىرى سورۇندىكىلەرگە قاتتىق كۈلكە چىقىرىپ بېرىۋاتاتتى. ئەمما، خېلىلا مەست بولۇپ قالغان باشلىققا ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى باشقىچە تەسىر قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ھەئە، غالىبجاننىڭ نازاكەتلىك قىلىقلىرىغا مەھلىيا بولۇپ قالغان باشلىقنىڭ كۆزىگە غالىبجان كېلىشكەن بىر ئۇسسۇلچى قىزدەك كۆرۈنۈپ كەتتى بولغاي، قايتىدىن جانلاندى ـ دە، غالىبجاننى گاھ قوغلاپ، گاھ ئالدىنى توسۇپ، گاھ ئوڭ يېنىدىن، گاھ سول يېنىدىن چىقىپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى. غالىبجان بولسا باشلىق بىلەن بىقىشىپ ئۇسسۇل ئوينىغىنىنىڭ خوشاللىقىدا تېخىمۇ نازاكەتلىك قىلىق چىقىرىشقا تىرىشاتتى. نېمە ئۈچۈندۇر باشلىقنىڭ قولى غالىبجاننىڭ كاسىسى ئەتراپىدا ئىختىيارسىز پىرقىراشقا باشلىدى. باشلىقنىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كەتكەنىدى. ھەئە، باشلىقنىڭ قولى بىرىنچى قېتىم غالىبجاننىڭ كاسىسىنى يەڭگىل سىيپاشتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى، ئىككىنچى قېتىم شاپىلاق بولۇپ تەگدى، ئۈچىنچى قېتىم باشلىق غالىبجاننىڭ كاسىسىنى موتاپ ـ

مونىۋالغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەيلا قالدى. شۇ ھامان سورۇن ئەھلى تېشىغا چىقىرىپ كۆلەلمەي ھېقىقلاشقا باشلىدى. قاتتىق مەست بولۇپ كەتكەن باشلىق بۇ كۆلكىنىڭ سەۋەبىنى تازا ئاڭقىرالماي خىرقىراپ كۆلدى. غالىبجان بولسا كاسا ئۆينىتىپ، كۆكرەك لىغىرلىتىپ، ئۆتلىگەن كاللىدەك ھىجايغىنىچە ئۆسسۇل ئويناۋاتاتتى.

* * *

«تاۋۇس ئەللەيىن» شاھ ئالىيلىرىنىڭ نەسلىدىن بولغان قوتۇر ئېشەكلەر بىلەن تەڭ بوياقچىنىڭمۇ داڭقى چىقىپ كەتكەنىدى. ھېيلىگەر بوياقچى ئېشەكلىرىنى مۇقىم بىر بازاردا ساتمايتتى. قايسى يۇرتتىكى بازارغا بارمىسۇن سودىسى ئاجايىپ ئىتتىك ئىدى. خېرىدارلار ئېشەكلەرنىڭ بوياق تەسىرىدە جۇلالاپ تۇرغان رەڭدار تۇرقىغا، نەشە ـ شاراب تەسىرىدە توختىماي ھاڭراپ تۇرۇشلىرىغا قىزىقىپ بەس ـ بەستە سېتىۋالاتتى.

بوياقچى ۋە ئۇنىڭ ياللىۋالغان بېدىكلىرى بولسا بۇ ئېشەكلەرنىڭ بىر زامانلاردا پادىشاھ، ھۆكۈمران بولغان ئېشەكلەرنىڭ نەسلىدىن ئىكەنلىكىنى ئاجايىپ دەبدەبىلىك ئىبارىلەر بىلەن ماختاپ ئۇچۇراتتى. بۇ مەنزىرە شۇنداقلا قارىماققا ئېشەكلەرمۇ، بوياقچىمۇ، بېدىكلەرمۇ تەڭ ھاڭراۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

بوياقچى بۇ ئاجايىپ كەشپىياتىنىڭ يۇرت بېگىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ھەئە، شۇ كۈنلەردە خان ئوردىسىدىن ھەرقايسى بەگلىكلەرگە ئۆز يۇرتىنىڭ ئەڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتىنى ئوردىغا يوللاش توغرۇلۇق يارلىق چۈشۈرۈلگەنىدى. يۇرتىنىڭ داڭلىق، ئالاھىدە مەھسۇلاتىنى تاللىيالماي تۇرغان يۇرت بېگىگە چاپارمەنلەر «تاۋۇس ئەللەيىن شاھ» نەسلىدىن بولغان

ئېشەكلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى سۆزلەپ مەلۇمات يەتكۈزگەنىدى. خان ھۇزۇرىغا باشقا بەگلەرنىڭ سوۋغىسىدىن ئالاھىدىرەك سوۋغا ئەۋەتىپ خاننىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىشكە، شۇ ئارقىلىق مەنسەپ كۆلاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئالدىراپ تۇرغان بەگكە بۇ مەلۇمات ياغدەك ياغقان ھەمدە بوياقچىغا يۈز تۇياق «تاۋۇس ئەللەيىن» نەسىللىك ئېشەك تەييارلاش پەرمانى چۈشۈرۈپ، ئالدىن مىڭ تىللا زاكالەت ئەۋەتكەنىدى.

ئۆمرىدە مىڭ تىللا كۆرۈپ باقمىغان بوياقچى نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا بۇيرۇقنى ئورۇنلاشقا كىرىشتى ۋە ئالدىراشچىلىق ئىچىدە بىر ئاي مۆھلەتنىڭ قانداق تۈگەپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالدى.

— بەگ ئالىيلىرىدىن پەرمان، — دېدى پەرمانچى بوياقچىغا بەگنىڭ بۇيرۇقنى يەتكۈزۈپ، — ئەتە چاشگاھ ۋاقتىدا خان ھۇزۇرىغا ئەۋەتىلىدىغان «تاۋۇس ئەللەيىن» نەسىللىك ئېشەكلەر بەگ سارىيىغا كەلتۈرۈلسۇن! بەگ ئالىيلىرى ساراي ئالدىغا چىقىپ، ئېشەكلەرنى شەخسەن ئۆزى قوبۇل قىلىدۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە پۈتكۈل يۇرت خەلقى ھەرىكەتكە كېلىپ بوياقچىنىڭ ئۆيى ئالدىدىن بەگ سارىيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغىچە بولغان يولنى پاكىز سۈپۈرۈپ، خۇددى يالىغاندەك قىلىۋەتتى. ھەممە تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ پۈتكۈزگەن بوياقچى يۈز تۇياق ئېشەكنى ھەيدەپ دەبدەبە بىلەن بەگ سارىيىغا قاراپ ماڭدى.

بەگ سارىيىنىڭ ئالدى ئېشەكلەر كۆرىكىنى كۆرۈشكە كەلگەن مىڭلىغان پۇقرالار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. سارايىنىڭ ئالدىدىكى سەيناغا ئېشەك باغلايدىغان يۈز قوزۇق قېقىلغان بولۇپ، ھەربىر قوزۇقنىڭ تۈۋىگە قوناق، بېدە، ھەلەپ، ئاداپ قاتارلىق يەم - بوغۇزلار رېتى بىلەن قويۇلغانىدى. نەچچە يۈزلىگەن قورۇقچىلار مۇراسىم سورۇنىنى ياي شەكلىدە قوغداۋاتاتتى. ئېشەكلەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بەگ سارىيى ئالاھىدە تەييارلىق كۆرگەندەك قىلاتتى.

ھەيۋەتلىك ئوركېستىرغا ئوخشاش بەس - بەستە ھاكۇراشقىنىچە بەگ سارىيىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىشكەن ئېشەكلەرنى خىزمەتكارلار ساراي بىكاۋۇل ئەمىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قوزۇقلارغا ئىززەت - ئىكرام بىلەن باغلاشتى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تەييار بوغۇز يەپ كۆنۈپ قالغان ئېشەكلەر يول مېڭىپ قورسىقى ئېچىپ قالدىمۇ نېمە، ھاكۇراشنى توختىتىپ ئالدىدىكى يەم - بوغۇزنى ئىشتىھا بىلەن چاينىشقا كىرىشتى. بوياقچىنى بولسا بىر گەز ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈپ ياسىغان شاھانە مۇراسىم سۇپىسى ئۈستىدىكى قات - قات سېلىنغان كۆرپىگە باشلاشتى.

ئەنە شۇ دەقىقىدە بەگ سارىيىدىن ھۆدەيچىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بەگ ئالىيلىرى قوبۇلغا چىقتى!

شۇ ھامان ئىختىيارىي ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشىۋاتقان ساراي ئەمىرلىرى ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇشتى. باياتىن ئېشەكلەرنىڭ شەرىپىگە بىر قېتىم چېلىنىپ توختىغان ناغرا - سۇنايلار يەنە قايتىدىن جاراڭلاشقا باشلىدى. ئالدىدىكى يەم - بوغۇزنى ئانچىكىم يەپلا قورسىقى تويدىمۇ ياكى ئەتىگەن يەم - بوغۇزغا ئارىلاشتۇرۇلغان نەشە بىلەن شاراب كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىدىمۇ ۋە ياكى تۇيۇقسىز چېلىنىشقا باشلىغان ناغرا - سۇنايلار ئىشق - ھەۋىسىنى قوزغاپ قويدىمۇ، ئەيتاۋۇر يۈز ئېشەك خۇددى ناغرا - سۇنايغا جور بولغاندەك بەس - بەستە ھاكۇراشقا باشلىدى.

يۇرت بېگى مانا مۇشۇنداق ئاسمانىنىڭ ئۆگزىسىنى ئېچىۋەتكۈدەك سادالار ئىچىدە بوياقچىنى قوبۇل قىلىپ، ئېشەكلەرنى مۇبارەك نەزىرىدىن ئۆتكۈزدى. بوياقچى بۇ قېتىم بارلىق ھۈنىرىنى چىقارغاندەك قىلاتتى. ئېشەكلەرنىڭ رەڭدار تۈرقى قۇياش نۇرىدا ھەسەن - ھۈسەندەك جۇلالىنىپ كۆزنى قاماشتۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

— بوياقچىغا مىڭ تىللا ئىنئام بېرىلسۇن! — دېدى يۈرت بېگى رازىمەنلىك بىلەن.

ئېشەكلەر بوياقچىنىڭ ئىنئام ئالغىنىغا ئۇلىشىش ياڭرىتىۋاتقاندەك تېخىمۇ بەك هاڭراشقا باشلىدى. بوياقچى چەكسىز هاياجان ئىلكىدە ئىنئامنى ئېلىشقا تەييارلاندى. ئاۋام خەلق بولسا ئەلمىساقتىن تارتىپ بولۇپ باقمىغان بۇ ئىشنى كۆرۈپ يا كۈلۈشنى، يا يىغلىشنى بىلەلمەي قېتىپ قېلىشقانىدى. چۈنكى، بوياقچىغا زاكالەت ۋە ئىنئام دەپ بېرىلگەن ئاشۇ ئىككى مىڭ تىللاغا ئاشۇنداق قوتۇر ئېشەكتىن ئاز دېگەندە يىگىرمە مىڭنى سېتىۋېلىش مۇمكىن ئىدى.

بوياقچى مىڭ تىللا ئىنئامنى ئېلىپ يۈرت بېگىگە ھەشقاللا - رەھمەت ئېيتىۋاتقان شۇ دەقىقىدە كۈتۈلمىگەن بىر ھادىسە يۈز بەردى. ھە ئە، ھاۋا تۇيۇقسىز نەرە تارتىپ شۇنداق قاتتىق گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقتىكى، بەس - بەستە ھاڭراۋاتقان ئېشەكلەرمۇ قورققىنىدىن چىپپىدە توختاپ، قۇلاقلىرىنى سالپايتقىنىچە باشلىرىنى چاترىقىغا تىقىۋېلىشتى. ئارقىدىنلا بىرسى ئاسماندىن دەل ئاشۇ ئېشەكلەر بىلەن يۈرت بېگى، بوياقچى تۇرغان مۇراسىم سۇپىسىنى نىشانلاپ سۇ تۆكۈۋاتقاندەك شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ھاۋانىڭ شۇنچە قاتتىق گۈلدۈرلەپ، يامغۇرنىڭ شۇنچە قاتتىق يېغىشىغا قارىماي ئېشەكلەر باغلاقلىق دائىرە بىلەن مۇراسىم سۇپىسىنىڭ سىرتىغا بىر تامچىمۇ يامغۇر چۈشمىگەنىدى.

دەسلەپتە ئۆزلىرىنى يامغۇردىن دالدىغا ئېلىش ھەلەكچىلىكىدە پالاقلىغان يۈرت بېگى بىلەن بوياقچى تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن ئاۋام خەلقنىڭ ئۈستىگە بىر تامچىمۇ يامغۇر چۈشمىگىنىنى كۆرۈپ ھەيران بولغان بولسا، «تاۋۇس ئەللەيىن» نەسىللىك ئېشەكلەرنىڭ ئۈستىگە يېغىۋاتقان يامغۇرنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قېلىشتى.

بىر چۆگۈن چاي قاينىغۇچىلىك ئارىلىقتا يېغىپ توختىغان

قارا يامغۇر ئېشەكلەرنىڭ ئۈستىدىكى رەڭدار بوياقلارنى پاك ـ پاكىز يۇيۇپ چىقىرىۋەتكەن بولۇپ، يامغۇردىن ئاۋۋالقى سۆلىتىنى يوقىتىپ ئەسلىدىكى قوتۇر ھالىتىگە قايتقان ئېشەكلەر سۇغا چۈشكەن مۇشۇكتەك تۇگۈلۇپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا قاتتىق يامغۇردا مەستلىكىدىن يېشىلگەن بۇ ئېشەكلەرنىڭ ئاسمانىنى بېشىغا كىيىپ ھاڭراشقىمۇ ماغدۇرى قالمىغاندەك قىلاتتى. ئېشەكلەرنىڭ ئۈستىدىن يۇيۇلۇپ كەتكەن بوياقلار تېخىچە سىڭىپ كېتىشكە ئۈلگۈرمىگەن يامغۇر سۈيىنى باشقىچە رەڭگە كىرگۈزگەن بولۇپ، يامغۇردىن كېيىن پارلىغان قۇياش نۇرىدا جۇلالاپ كۆز قاماشتۇراتتى، خۇددى ئېشەكلەرنىڭ ئۈستىدىكى ھەسەن ـ ھۈسەن توختاپ قالغان يامغۇر سۈيىگە كۆچكەندەك.

بوياقچى تەرىپىدىن قاتتىق ئالدانغانلىقىنى بىلگەن بەگ شۇنچىلىك قاتتىق قەھر ـ غەزەپكە كەلدىكى، قان تولغان كۆزلىرى بىلەن بوياقچىنى ئىزدەشكە باشلىدى. بۇ چاغدا ھىيلىگەر بوياقچى ئاللىقاچان ئۆزىنى ئېشەكلەرنىڭ دالدىسىغا ئېلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى.

بەگ جان ـ جەھلى بىلەن تولۇلىدى:

— مىرغەزەپ !

دەل شۇ چاغدا بەگنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈدىمۇ ياكى ئۆزلىرىنى ئالداپ رەسۋا قىلغان بوياقچىنىڭ نومۇس قىلماي كەينىگە ئۆتۈۋالغانلىقىدىن غەزىپى تاشتىمۇ، ئەيتاۋۇر ئېشەكتىن بىرسى چىچاڭشىغاندەك قىلىپ بوياقچىنى ئارقا ئىككى پۇتلاپ قارسىدە تېپىۋەتتى. بوياقچى «ۋايجان» دەپ ئىڭرىغىنىچە ئارقىسىغا گۈپپىدە يىقىلدى ـ دە، ئىككى قولىدا چاترىقىنى تۇتقىنىچە تۈگۈلۈپ قالدى. ئەسلىدە ئېشەك ئۇنىڭ جان يېرىگە تېپىۋەتكەنىدى.

ھەي... ئېشەك دېگەننى تەپكەك ئەمەس دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ نەسلى ھەرقانچە ئېسىل بولسىمۇ ئېشەك دېگەننىڭ دالدىسىغا كىرىۋالمىدۇ كىشى.

*　　*　　*

غالىبجان ئاخىر مەقسىتىگە يېتىپ باشلىقنىڭ يېقىن كىشىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ ھازىر باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا ئۇسۇپلا كىرەلەيتتى، قانداق گېپى بولسا تارتىنماي دېيەلەيتتى، قول تېلېفونىغا خالىغان ۋاقىتتا تېلېفون قىلالايتتى، خۇددى باشلىقنىڭ يېگى تۇتۇۋالغان ئاشنىسىدەك. غالىبجان بىچارە تۇل ئانىسىنى يوقلاشنى ئايلاپ ئۇنتۇپ قالسا قالاتتىكى، باشلىقنى ۋاقتى - قەرەلىدە يوقلاشنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقارمايتتى. قىلغان خىزمىتىگە، بىلدۇرگەن ساداقىتىگە تۇشلۇق ئۇمۇ بوش قالغان مۇدىرلىق كۇرسىغا ئولتۇرۇپ بىر قېتىم «ئۇھ» دەۋالدى. لېكىن، ئۇ بۇنچىلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن قانائەتلىنىپ توختاپ قالىدىغان بېلى بوشلاردىن ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ ئۆزىگە تۇيۇقسىز ئامەت ئەكەلگەن دەپتەر - خاتىرە بوياش، تام بوياش، تەشۋىقات سەھنىسى، قارا دوسكا، تام گېزىتى بوياش، نەتىجە جەدۋىلى بوياش، تۈرلۈك ئارخىپ، ئىسخېمىلارنى بوياش كەسپىنى كۈندىن - كۈنگە مۇكەممەللەشتۈرۈپ باراتتى.

— ھەي... ھەي... يىلدا نەچچە قېتىم ئالماشتۇرۇپ، چاپلاپ - سۆكۈپ، ئاقارتىپ - بوياپ، ھەر قېتىملىق باھالاشتا بىر قېتىمدىن يېڭىلاپ ئىسراپ قىلىۋەتكەن خىراجەتلىرىمىزگە مەكتەپتىكى بارلىق سىنىپلارنىڭ تاملىرىنى چېقىپ يېڭىلاپ سالغىلى بولاتتى، — دەپ ھەسرەت چېكەتتى سىرتىدىن قارىسا يېڭى، ئەمما ئۆلىدىن كونىراپ، لىڭشىپ تۇرغان سىنىپ تاملىرىغا قاراپ بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار.

— نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ مەكتەپنىڭ ئىشلىرى؟ كۈنىمىز يىل بويى تۈرلۈك دەپتەر - خاتىرە، نەتىجە، تەييارلىق، جەدۋەل، ئىسخېما، ئارخىپلارنى بوياش بىلەنلا ئۆتىدۇ. بۇ قېتىم ئىشلىگەن

جەدۋەلدىكى كۆرسەتكۈچ يەنە بىر قېتىمقى باھالاشنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمىگەن.

— شۇنى دېسىلە، ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىدىغان باھالاشلارمۇ مۇشۇ نەرسىلەرنىلا تەكشۈرىدۇ. ئوقۇتۇش ئەھۋالىمىزنى، دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نەتىجىمىزنى تەكشۈرىدىغان، باھالايدىغان ئادەم يوق. بىز بوياقچىمۇ ياكى ئوقۇتقۇچىمۇ؟

ئوقۇتقۇچىلار ئاشۇنداق قاقشىغىنى بىلەن بۇ گەپلەرنى غالىبجانغا دېيەلمەيتتى. دېمىسىمۇ بۇ گەپلەر غالىبجاننىڭ قۇلىقىغا ياقمايتتى. بۇ گەپنى دېگەن ئوقۇتقۇچى گۇناھكار بولاتتى.

ئەمما، مائارىپ سىستېمىسىدا غالىبجاننىڭ ئوبدان داڭقى چىقىپ قالغانىدى. باشلىقمۇ ئۇنى تورلۇك يىغىنلاردا ماختايتتى، تەقدىرلەيتتى.

بىر كۈنى باشلىق غالىبجاننى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى.

— مۇنداق گەپ، غالىب مۇدىر، — دېدى باشلىق ئالدىدا ئىتائەتچانلىق بىلەن ئۆرە تۇرغان غالىبجاننى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ، — يۇقىرىدىن بىر قىسىم رەھبەرلەر كېلىپ ناھىيەمىزنىڭ ئاساسىي قاتلام مائارىپ ئەھۋالىنى تەكشۈرمەكچى، بىز سىلىنىڭ مەكتەپنى ئويلاشتۇق، سىلىگە تەييارلىق قىلىۋېلىشقا ئاران ئون بەش كۈن ۋاقىت بار. قانداق، بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالارسىلىمۇ؟ ئەگەر چىقالمىساڭلار دەرھال راست گەپنى قىلىڭلار. تەييارلىققا ئىدارە مالىيەسىدىن پۇل بېرەلمەيمىز، پۇتۇنلەي ئۆز كۈچۈڭلەرگە تايىنىسىلەر.

— چاتاق يوق، باشلىق، ماڭا ئىشەنسىلە، — دېدى غالىبجان ئويلىنىپ تۇرمايلا ۋەدە بېرىپ، — بىزنىڭ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشلىرى بىرقەدەر كونا بولغان بىلەن، سىرتقى كۆرۈنۈشى خېلىلا كۆركەم، يەنە ئازراقلا تۈزەشتۈرسەك يېڭى سېلىنغان مەكتەپلەردىن قېلىشمايدۇ.

— ياخشى، — دېدى ياشلىق مەمنۇنلۇق بىلەن، — مەنمۇ سىلىنىڭ مۇشۇ تەرىپىڭلىگە قايىل. سىلى ھازىرغىچە باشقا مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرىغا ئوخشاش ھە دېسىلا خەتەرلىك سىنىپلارنىڭ دوكلاتىنى يوللاپ بېشىمىزنى ئاغرىتماي، ئۆز كۈچۈڭلىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈۋاتىسىلە. بۇ قېتىم ئوقۇتۇش نەتىجەڭلارنىمۇ ئالاھىدە تەكشۈرۈشى مۇمكىن. بولۇپمۇ «قوش تىللىق» ئوقۇتۇش ئەھۋالىڭلار بەكرەك سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتىمۇ پۇختىراق تەييارلىق كۆرۈپ قويارسىلەر.

— چاتاق يوق، سىلىنى يەرگە قارىتىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن. ماڭا ئىشەنگەنلىكلىرىگە رەھمەت، باشلىق.

غالىبجان باشلىقنىڭ ئىشخانىسىدىن مەيدىسىگە مۇشتلىغان پېتى يېنىپ چىقتى ـ دە، بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى يىغىپ ھەرقايسى تۈرلەر بويىچە ۋەزىپە تاپشۇردى. ھەر خىل باھالاشلارغا تەييارلىق قىلىپ ئوقۇتقۇچىلار خېلىلا تەجرىبىلىك بولۇپ قالغانىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار تەمتىرىمەيلا ئۆز ئىشلىرىنى قىلىشقا كىرىشتى.

ئادەتتە ھەر قېتىم باھالاش كەلسە مەكتەپنىڭ يول، مەيدانلىرى سۇ چېچىلىپ سۈپۈرۈلەتتى، ئەمما بۇ قېتىم تەييارلىق باشقىچە بولدى. يىگىرمە نەپەر ئۇستام بەش كۈن جان تىكىپ ئىشلەپ ئون بەش ماشىنا خىشنى پۈتكۈل مەكتەپ قورۇسىغا ئالا قويماي ئەينەكتەك تەپتەكشى بېسىپ چىقتى. غالىبجان بۇ قېتىمقى باھالاشنىڭ تەييارلىقىغا مەكتەپنىڭ مالىيەسىدىن پۇل چىقىشتۇرالماي، ئامانەت قەرز كوپىراتىپىدىن كۈزلۈككە ئوقۇغۇچىلارنى پاختا تەرگۈزۈپ قايتۇرىدىغانغا قەرز ئالغانىدى.

شۇنچىۋالا خىشنىڭ بىھۇدىلا يەرگە بېسىلىپ كەتكىنىگە چىدىمىغان ئوقۇتقۇچىلار ئىلاجىسىز لەۋلىرىنى چىشلەشتى. «ئون بەش ماشىنا خىشتا ھېچبولمىسا سەككىز سىنىپنىڭ تاملىرى يېڭىلىنىپ قالاتتى ئەمەسمۇ؟» دەپ ئويلايتتى ئۇلار ئىچى

سىيرىلغان ھالدا.

دەرسخانىلارنىڭ لىغىرلاپ تۇرغان تاملىرى تېخى بىر ئاي ئاۋۋالقى باھالاشتا ئاقارتىلغانلىقىغا قارىماي يەنە بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك ئاقارتىلدى. تېخى چىۋىن چىچىشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەن شوئار، پىلاكات، ۋىۋىسكا، تەشۋىقات رەسىمى، تام گېزىتى، قارا تاختاي گېزىتى، ئىسخېما، نەتىجە، تۈرلۈك جەدۋەل ـ گىرافىلار سۆكۈپ ئېلىۋېتىلىپ، تېخىمۇ رەڭدار، تېخىمۇ جۇلالىق قىلىپ لايىھەلەتكۈزۈلۈپ تاملارغا قايتىدىن چاپلاندى. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي ئۆگىنىش خاتىرىلىرى مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەڭ يېڭى ھۆججەتلىرىنىڭ روھى سىڭدۈرۈلگەن ئاساستا قايتىدىن كۆچۈرۈلۈپ چىقىلدى، تۈرلۈك ئارخىپلار يەنە بىر قېتىم يېڭىلاندى.

ھەئە، بۇ تەييارلىقلارنى پۈتكۈزۈشكە غالىبجان ئانچە غەم قىلىپ كەتمىدى. «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دەيتتى ئۇ ئىچىدە خىر ـ خىر كۈلۈپ، ئەمما مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش نەتىجىسىنى، بولۇپمۇ «قوش تىللىق» ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى كۆرەك قىلىشتا ئۇنى خېلىلا غەم باستى. ئۇ يېقىندىن بېرى خېلى كۆچىگەن، ئوقۇتقۇچىلارغا خېلى قاتتىق بېسىم قىلغان بولسىمۇ «قوش تىللىق» ئوقۇتۇشنىڭ ھېچقانچە ئۈنۈمى بولمايۋاتاتتى.

غالىبجان قۇۋ، ھىيلىگەر بولۇپ كەتكەنىدى. شۇنىڭغا يارىشا قورسىقىدا ئامال ـ تەدبىرلىرىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇ خېلى بۇرۇنلا شەھەردىكى خەنزۇ مەكتەپ بىلەن ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ قويغانىدى. ھەر يىلى بىر قېتىم دوستلۇق پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇراتتى. شۇڭلاشقا، ئۇ ئاشۇ خەنزۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرىنى رېستورانغا تۇۋلاپ دەردى ـ ھالىنى ئېيتتى. بۇ قېتىمقى باھالاشتا «قوش تىل» ئوقۇتۇش ئۆتكىلىدىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىنى بىر كۈن ئارىيەتكە سورىدى. غالىبجاننىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن خەنزۇ

مۇدىر قاقاھلاپ بىرنى كۈلۈۋەتكەندىن كېيىن، قولىدىكى رومكىنى گۇپلا قىلىپ كۆتۈرۈۋېتىپ، غالىبجاننىڭ تەلپىيىگە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن غالىبجاننىڭ ئەڭ باش قاتۇرىدىغان تەييارلىقىمۇ مۇددەتتىن بۇرۇن پۈتتى.

بەلگىلەنگەن مۇددەتتە مەكتەپكە چىققان مۇدىر دەرىجىلىك باھالاش گۇرۇپپىسىنى ئوقۇغۇچىلار قاتار ئىككى سەپ بولۇپ چاۋاك چېلىپ كۈتۈۋالدى. رەھبەرلەر ئالاھىدە راسلانغان سەھنىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن، غالىبجان دوكلات بېرىشكە باشلىدى.

دەل شۇ چاغدا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ خۇددى چېلەكتە قۇيغاندەك يامغۇر يېغىۋەتتى. غالىبجان يامغۇرغا پەرۋا قىلماي دوكلاتىنى داۋاملاشتۇرماقچى ئىدى. لېكىن، رەھبەرلەر ئۇنى توختىتىپ قويۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى سىنىپلىرىغا كىرىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. چۈنكى، ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ يامغۇردا قېلىپ زۇكاملاپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى. ئوقۇغۇچىلار سىنىپلىرىغا كىرىپ كېتىشتى.

رەھبەرلەر باھالاش – تەكشۈرۈشنى باشلىدى. غالىبجاننىڭ ئەڭ ئۇششاق ھالقىلارنىمۇ چالا قويماي كۆرگەن پۇختا تەييارلىقى ئۇلارنى قايىل قىلماي قالمىدى، بولۇپمۇ غالىبجان ئارىيەتكە ئاچىقىپ، مەكتەپنىڭ «قوش تىللىق» تەجرىبە سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى دەپ كۆرسەتكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلىدا چاقماقتەك بەرگەن جاۋابلىرىنى رازىمەنلىك بىلەن ماختاشتى.

سىرتتا يامغۇر شارقىراپ يېغىۋاتاتتى. خېلى پۇختا يېپىلغان ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدىنمۇ تامچە ئۆتۈشكە باشلىغانىدى. ئەمما، سىنىپلارنىڭ ئۆگزىسىدىن بىر تامچىمۇ يامغۇر ئۆتمىگەنىدى.

— مەكتىپىڭلارنىڭ تۈرلۈك نەتىجىلىرى ئەلا بولغانىنىڭ سىرتىدا قۇرۇلۇشلىرىڭلارمۇ پۇختا ئىكەن. بىز سىلەردىن رازى بولدۇق. بىزنىڭ مائارىپ قوشۇنىمىز سىلەرگە ئوخشاش قابىل يېتەكچىلەرگە موھتاج، — دېدى ھاياجانلانغان كاتتا رەھبەر بىر

قولىدا ئىداره باشلىقىنىڭ، بىر قولىدا غالىبجاننىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — دادىللىق بىلەن ئىشلەڭلار. مانا مەن سىلەرنى قوللايمەن.

كەلگۈسى ئىستىقبالىغا يول خېتى ئېلىپ بولغان غالىبجان ھەقىقەتەن ھېيلىگەر ھەم تەدبىرلىك ئىدى. ئۇ تاسادىپىي يامغۇر يېغىپ قېلىش ئېھتىماللىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىغاچقا، بارلىق سىنىپ، ئىشخانىلارنىڭ ئۆگزىسىگە ئىككى قات يالتىراق ياپتۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇ كاتتا تەدبىرىنى ھېلىقى رەھبەرلەر ئەلۋەتتە بىلمەيتتى.

ئويلاپ قالدىم. ئاشۇنداق قاتتىق يامغۇر ياغقاندا غالىبجاننىڭ كۆز بويامچىلىقى ئاشكارىلىنىپ قالسا، كاتتا باشلىق غالىبجاننىڭ ئالدامچىلىقىنى بىلىپ قېلىپ قاتتىق غەزەپلەنسە، غالىبجان يامغۇردا لىڭشىپ قالغان تامنىڭ تۈۋىگە بىرىپ دالدىلىنىۋالسا...

ھەي ي... لىڭشىپ قالغان تامنى يامغۇردا ئۆرۈلۈپ كەتمەيدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ھەرقانچە ئېگىز بولسىمۇ لىڭشىپ قالغان تامنىمۇ دالدا قىلامدۇ كىشى.

كۈنلەرنىڭ بىرسىدە شۇنداق بىر قاتتىق يامغۇر ياغىدۇكى، ئايھاي!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# پاتمەنىڭ كۆڭلىكى

مومای راستىلا قاتتىق رەنجىپ قالغانىدى. ئۇ قوشنىلىرىدىنمۇ، مەھەللىنىڭ دوقمۇشىغا ئېچىۋالغان كۆكتات يايمىسىغا كىلىپ ـ كىتىپ تۇرىدىغان چۆپقەت ـ خېرىدارلىرىدىنمۇ، يېقىندىن بېرى يېنىغا كۆكتات يايمىسى يېيىپ تىجارەتتىكە ھەمشىرىك بولۇۋالغان ئاقسېرىق چوكاندىنمۇ ئەمەس، دەل نەۋرە قىزىدىن رەنجىپ قالغانىدى.

شۇنداق. شۇنچە يىلدىن بېرى گاھى ئون ـ ئون بەش يىلدا، گاھى بەش ـ ئالتە يىلدا يېڭىلىنىپ قالىدىغان كونا ـ يېڭى قوشنىلىرىدىن ئۇ ھەقىقەتەن رازى. ئۇلار مومايىنى ئۆز موميسىدەك، ئانىسىدەك كۆرۈپ ھۆرمەتلەپ، كۆڭلىنى ئىزدەپ كەلدى. كونىدە دېگۇدەك سۇنۇلۇپ تۇرىدىغان ئوخشىتىپ ئېتىلگەن بىر چىنىدىن قوشنا ھەققىنى موماي يەپمۇ يەپ بولالمايدۇ. «ھېچبولمىسا نۆۋەت بويىچە ئاش سۇنۇڭلار، باللىرىم، ھەممىڭلار تەڭ تاماق ئەكىرسەڭلار يەپ بولالمايدىكەنمەن. شۇنداق ئوخشىغان تاماقلارنى يېمەي قويۇپ قويسام بۇزۇلۇپ قالىدىكەن. تاماق بۇزۇلۇپ قالسا يامان بولىدۇ...» دەيدۇ موماي ئاش كۆتۈرۈپ كىرگەن قىز ـ جۇۋانلارنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ تۇرۇپ. مومايمۇ نۆۋىتىدە چىنىلەرنى قۇرۇق قايتۇرمايدۇ. «سىلەر سۇنغان تاماقلارنى يەپ ماڭا تاماق ئېتىشكە پۇرسەت كەلمەيدىكەن. ئاز بولسىمۇ قازىنىڭلارنى قۇيۇلدۇرارسىلەر...» دەيدۇ موماي بىر باش پىياز، ئىككى تال مۆچ، ئۈچ تال شوخلا، پىدىگەن... سېلىنغان چىنىنى قوشنىلارغا سۇنۇپ تۇرۇپ. «رەھمەت، بەكمۇ جوۋاپلا» دەيدۇ قىز ـ جۇۋانلار ئېھتىرام بىلەن چىنىنى قولىغا ئېلىپ

تۇرۇپ مومايغا. «چىننى شۇنداق ئەكىرىپ بەرسىلىمۇ بولاتتى. كۆكتات لازىم بولسا دۇكانلىرىدىن ئالاتتۇق ئەمەسمۇ» دەي دېسە، غۇرۇرى كۈچلۈك مومايىنىڭ رەنجىپ قېلىشىدىن، مېنى تۇل خوتۇن، نامرات كۆردى دەپ كۆڭلى ئازار يەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

چۆپقەتلىرى، خېرىدارلىرى بولسا مومايىنىڭ كۆڭلىنى بەكمۇ ئىزدەيدۇ. ئالغان كۆكتاتلارغا ھەرگىزمۇ باھا تالاشمايدۇ. مومايغا سودا قىلىپ بېرىش ئۈچۈن يالغۇز بۇ مەھەللىدىكىلەرلا ئەمەس، باشقا مەھەللىدىكىلەرمۇ مەھەللىسىدىكى كۆكتات دۇكانلىرىنى تاشلاپ ئالايىتەن كېلىپ مومايدىن كۆكتات سېتىۋالىدۇ. «بىزنىڭ مەھەللىدىكى كۆكتاتلار قىممەت. سىلى كۆكتاتلارنى بەكلا خىللاپ ئەكېلىدىلا. يۇمايلا توغراپ قازانغا سالغۇدەك پاكىز تۇتىلا. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلىنىڭ كۆكتاتلىرى يېڭى، تەملىك، تاماق بەك ئوخشايدۇ...» دەيدۇ ئۇلار ئەتەي مومايغا سودا قىلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى يوشۇرۇپ. شۇڭىمۇ مومايىنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگىنى توپ تارقىتىش بازىرىدىن ئەكەلگەن كۆكتاتلىرى شۇ كۈنلا سېتىلىپ تۈگەيدۇ. ئالغان كۆكتاتلىرىم سېتىلماي ئېشىپ قالارمىكىن، سارغىيىپ، بۇزۇلۇپ قالارمىكىن، دەپ ۋايىم يېمەيدۇ. باھانىمۇ ئۆرە قويۇۋالمايدۇ. جىڭدىمۇ ئېغىر تارتىپ بېرىدۇ. گاھى بۇيرۇغان چۆپقەتلىرى ئۈچۈن كۆكتاتلارنى ئاقلاپ، يۇيۇپ قازانغا سالغۇدەك قىلىپ تەييارلاپ قويىدۇ.

بىر كۈنى ئەتىگىنى يايمىسىنىڭ يېنىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئاقسېرىق كۆكتاتچى چوكاننى كۆرگەندە موماي دەسلەپ بىرقىسملا بولۇپ قالدى. يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىدە سودىسىدىن قىزغانغاندەك تۇيغۇلار پەيدا بولدى. لېكىن، چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، چوكانغا: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خېنىم قىزىم» دەپ سالام بەردى. مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ كۆرۈشۈش ئۈچۈن چوكاننىڭ ئالدىغا پايپاسلاپ كەلدى. لېكىن، ئۇ چوكان ئاغزىغا كەمپۈت سېلىۋالغاندەك مومايغا سۇسلا نەزەر تاشلىدى.

«ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېگەن گەپنىمۇ قىلمىدى. ئولتۇرغان جايىدا بىر ئاز قىمىرلاپ قويدى. پەقەت موماي كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئالدىغا كەلگەندىلا ئورنىدىن تۇردى. مەڭزىنى تەڭلەپ كەلگەن مومايغا خۇشياقمىغاندەك قىلىپ بېشىنى زورغا لىڭشىتىپ قويدى. شۇ دەقىقىدە مومايىنىڭ كۆز ياپراقلىرىدەك تىترەپ تۇرغان نازۇك كۆڭلى جۇدۇن سوققاندەك ئازار يېدى. شۇ كۈنى موماي چىۋىن يەۋالغاندەك بىر كۈن بۇرۇقتۇرما بولدى. ئەتىسىمۇ چوكاننىڭ مۇئامىلىسى ئوخشاشلا سوغۇق بولدى. «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېمىدى. كۆرۈشۈش ئۈچۈن مەڭزىنى تەڭلىمەي يەنىلا بېشىنى زورغا لىڭشىتىپ قويدى.

«نېمانچە قىلىدۇ، مەن قىزغانمىسام قىزغىنىپ كەتكىنىنى، توخۇسى بىلىندۇرمىسە چۈجىسى بىلىندۇرۇپتۇ، دەپ. كارۋاننىڭ يولى بىر، رىزقى باشقا دەپتىكەن. ئۇمۇ ئۆزىنىڭ رىزقىنى يەيدۇ، مەنمۇ ھەم شۇ...»

لېكىن، ئاقسېرىق چوكاننىڭ ئاچقان يايمىسى مومايىنىڭ سودىسىغا قىلچىلىك تەسىر يەتكۈزەلمىدى. كۆنگەن چۆپقەتلەر كېلىپ ـ كېتىپ تۇرۇۋەردى. ھەتتا مومايدىن ئىلگىرىكىدىن بەكرەك ئەھۋال سوراپ تۇردى. چوكانمۇ قەدىر ئەھۋال سودا قىلىپ تۇردى. ئەمما سالام ـ سەھەتتە ئىلگىرىلەش بولمىدى.

موماي چوكاننىڭ ئىككى بالا بىلەن ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكىنىنى بىلگىنىدە تولىمۇ ئەپسۇسلاندى. بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق پاقلاندەك ئىككى ئوغۇل چوكاننىڭ ئەتراپىدا پىلتىڭلاپ يۈرەتتى. بالىلارنىڭ كىيىملىرى رەتسىز، مەينەت ئىدى. پاسلىداق، چوكىمۇز... دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ خەقىشىنى قىلاتتى. لېكىن، چوكان ئۇ نەرسىلەرنى بالىلارغا ئېلىپ بېرەلمەيتتى. بالىلارنىڭ خەقىشىگە چىدىمىغان موماي ئۇلارغا بىرەر كويدىن پۇل تۇتقۇزۇپ قوياتتى. بۇنداق ۋاقىتتا چوكان بۇ ئىشلار ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك لام ـ جىم دېمەيتتى. ئاقسېرىق چىرايىدا قىلچىلىك تەبەسسۇم پەيدا بولمايتتى.

ئوخشاشلا توڭ قاپاق ئىدى.

«ئەسلىدىمۇ ئايالىلىق نازاكىتى يوق، يېقىمسىز، توڭ پوققا ئوخشاش چوكاندەك قىلىدۇ. ئامالىنىڭ يوقىدىن كۆكتات يايمىسى ئاچقان گەپ. چىرايىنى بۇنداق غورا يېگەن تازدەك پۇرۇشتۇرۇۋالماي ئېچىلىپراق يۈرگەن، ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئىككى ئېغىز تاتلىق سۆز بىلەن ئىزدىگەن، باللارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى ياماپ يۇيۇپ، پاكىز باققان بولسا بەلكىم ئاجرىشىپمۇ ئولتۇرماس ئىدى. مەزلۇم خەق ئۇچۇن بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتۇپ ئولتۇرماق ئاسان ئەمەس. جاھان بەك بۇزۇلۇپ كەتتى. ئادەملەردە بولۇپمۇ قىز - چوكانلاردا شەرم - هايا، ئىنساپ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. خەقنىڭ ئېرى ئىكەن، خوتۇنى، بالىسى بار ئىكەن دېمەيدىغان بولۇپ كەتتى. ئۆدۈل قوشنىمىزمۇ كۈندە بىرەر ۋاخ مەسچىتنى تاشلىمايدىغان ئىمانى بار يىگىت ئىدى. دوڭغاق جىگدىنىڭ شېخىدەك سالۋارىتىۋالغان چېچىنى ساپسېرىق بويىۋالغان، جىنازىدەك ئورۇق، قولتۇقىنى، مەيدىسىنى، يوتىسىنى ياپماي كىيىم كىيىپ يۈرىدىغان چوكاننى دەپ گۈلدەك قىزىنى يېتىم قىلىپ ئاجراشتى. بۇ ئىشتا يىگىتنىڭ ئەقلى چولتا كېلىپ قالدى. بولمىسا ئاغىچىسى يۈزى تۈۋەن، هايالىق، قولى ئىشلىق چوكان ئىدى. ئەر خەقنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب - تەۋپىق تىلەيمىز - يۇ، لېكىن ئۆزىمىزمۇ زىلراق بولمايمىز. ئەرگە تەگكەنگىلا هېساب ئەمەس، ئەرنىڭ پېشىنى مەهكەم تۇتمىسا بىكار. مەنمۇ ياش ۋاقتىمدا تاس قالغان قاۋۇل ئاخۇننىڭ تالىقىغا كەتكىلى. ئىشقىلىپ، ئاۋۋال خۇدايىم كۆڭلىگە ئىنساب بەرگەنىكەن. قالغىنىغا ئۆيگە كىرىپ بولغۇچە ئالدىغا كۈلۈپ چىقىپ هاردۇق سوراپ، كۆڭلى تارتقان، ئامراق تاماقلارنى ئېتىپ بېرىپ، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى كىر، گەدىنىنى توڭرا باستۇرماي، ئاچچىقى كېلىپ قالسا جىم تۇرۇۋېلىپ، كۆڭلى خۇش ۋاقتىدا خاپا بولغان يەرلىرىمنى دەپ، پېشىگە مەهكەم ئېسىلغىنىمچە ئەر قىلىۋالغان، كۆڭلىنى

بۆلۇندۇرمەي، تالاغا قارىغىلى قويمىغانىدىم. دېگەنلەن غاز ـ غۇز ئاچچىقىنى، بىر قېتىم قوۋۇرغامنى سۇندۇرۇۋەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا كۆيۈملۈك. ئەركەكچىلىكى بار ئادەم ئىدى، رەھمەتلىك. ئىگەكىم ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي. خوتۇن كىشى ئەردە ياخشى، ئەردە بولمىسا يەردە ياخشى، دېگەن گەپ بىر ئەمەسمۇ. ئەر كىشى دېگەننىڭ پايتىمىسى ئۇن غۇلاچ يەردىن سۆرىلىپ كەلسىمۇ بەرىبىر ئەر كىشى. مەزلۇم كىشى ئۇچۇن تاغدەك يۆلەك. جاننىڭ، جاھاننىڭ خۇشلۇقى. ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق خۇيى بولىدۇ. بىر ئۆيىنى بىللە تۇتقان ئادەم بىلەن ۋارقىرىدى، دۆشكەلىدى دەپ تەڭ تۇرغىلى بولمايدۇ. تەڭ تۇرسا دەشىنەم ئەمەس، تاياق يەيدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا گۆلدەك ئۆيى بۇزۇلىدۇ. ئالتۇندەك بالا يېتىم بولىدۇ. شۇڭىمۇ بالامنى چىچمايدۇ دېمەڭ، ئېرىمنى ئۇرمايدۇ دېمەڭ، دەيمىز ئەمەسمۇ. ھەقلەپ، نىكاھلاپ ئالغان ئەرگە ئۇنداق چىرايىمىزدىن مۇز ياغدۇرۇپ تۇتۇلۇۋالغۇلۇق، خۇيلىنىۋالغۇلۇق ئەمەس. ئالدىغا كۇلۇپ چىققۇلۇق. قۇچىقىغا نازلىنىپ كىرگۇلۇك. كەلسە ھەرقانداق سەت ئادەممۇ ئۇز كۆرۈنىدۇ. خەقنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرگىلى بولىدۇ. نازلانسا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كېتىدۇ. ساڭا لازىمى شۇمىدى، دەپ دەسمايىنى دۆڭدەك چىقىرىپ بېرىپ تۇرغۇلۇق ئەمەس. ئۇنداق بولسا كۇلگەنلەر، نازلانغانلار كۆڭلىنى ئوغرىلىۋالىدۇ. ئۆزىگە قارىتىۋالىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا مىڭ تەستە تۇتقان ئۆي ئاشۇنداق بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. تۇل قالىمىز. ئايال كىشى ئۇچۇن تۇللۇق دوزاخ ئازابىدىن يامان. خۇدايىم ساقلىسۇن تۇللۇقتىن...»

موماي ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تۇللۇقتا ئۆتكۈزگەن كۇنلىرىنى ئېسىگە ئالسا ئېغىر خورسىناتتى. ھەئە، ئۇنىڭغا ئۆز ۋاقتىدا ئەرمۇ چىققان. لېكىن، تەگمىدى. ياش ئەللىكتىن ئاشقاندا ئەرگە تېگىپ نېمە قىلاي، خەلقئالەم ئالدىدا سەت تۇرىدۇ، قىزىم ئىزا تارتىدۇ، دەپ ئويلاپ رەت قىلدى. لېكىن،

كېيىنچە تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئەرگە تەگمىگىنىگە پۇشايمانىمۇ قىلدى. «ھېچبولمىسا تاھارىتىگە سۇ ئىسسىتىپ بەرسەم ساۋاب بولاتتى. مەنمۇ بۇ تۆت تامنىڭ ئىچىدە ھۇۋقۇشتەك يالغۇز ئولتۇرمايتتىم. قېرىغاندا مۇڭداشمۇ لازىم ئىدى ئەمەسمۇ...»

ھەئە، موماي پەقەت نەۋرە قىزىدىنلا رەنجىپ قالغانىدى.

موماي يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغاندا قورساق كۆتۈرگەن، پەقەت بىرنىلا تۇغقانىدى. بەكمۇ ئەپسۇسكى، ھاياتىدىكى بىردىنبىر كۆڭۈل خۇشلۇقى بولغان قىزى تۇنجى تۇغۇتىدىلا قازا قىلىپ كەتتى. موماي قىزىنىڭ يادنامىسى بولغان نەۋرە قىزىنى دوختۇرخانىدىن ئەتلىمە گۆش پېتى قايتۇرۇپ ئەكېلىپ قوينىغا سولاپ باقتى. ئۇزاق ئۆتمەي كۈيۈ ئوغلى ئۆيلەندى. قېيىنئانىسىنىمۇ، قىزىنىمۇ ئەكەتمەكچى بولۇۋىدى، نېمە ئۈچۈندۇر موماي قىزىنىڭ تۇتقان ئۆيىدە، ياتقان ئورنىدا يات بىر ئايالنىڭ تۇرغىنىنى كۆرۈشنى خالىمىدى. شۇنداقلا، ئەمدىلا گۈڭگىراشقا باشلىغان نەۋرە قىزىدىن ئايرىلىشنى خالىمىدى. «ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت، بالام. كېلىن خېنىم تۇغماي تۇرۇپ بالا بېقىشنى خالاپ كەتمەس ھەرقاچان. تۇغمىغان ئادەمگە بالا بېقىش، يەنە كېلىپ پوقلۇق زاكىسىدىن ئايرىلمىغان بوۋاقنى بېقىش تەس كېلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى نەۋرە قىزىم ئايىغى چىققۇچە مېنىڭ قېشىمدا تۇرسۇن. سېغىنىسىلا كۆرۈپ، يوقلاپ كېتەرلا. خۇدا خالىسا ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە ئۆزۈم ئاپىرىپ بېرىمەن» دېدى موماي كۈيۈ ئوغۇلىنىڭ تەلىپىنى سىلىقلا رەت قىلىپ.

كۈيۈ ئوغۇل بىرەر يىلغىچە قىزىنى يوقلاپ تۇردى. كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئايىغى سۇيۇلدى. ھەتتا ئايدا ئەمەس يېرىم يىلدىمۇ قىزىنى يوقلاپ كەلمەس بولدى. موماي بۇنىڭ سەۋەبىنى تېزلا بىلىپ قالدى. يېڭى كېلىن پاقلاندەك بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەنىكەن. كۈيۈ ئوغلى ئاشۇ بالىسىنى بېقىش بىلەن ھەلەك ئىكەن. موماي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىرنەچچە كۈن بىرقىسمىلا بولۇپ قالدى. نەۋرە قىزىنى باغرىغا بېسىپ ئولتۇرۇپ ئۇزاق

خىيال سۈردى. كېيىن تاپقان - تۆگكىنىدىن ئۆز ھالىغا تۇشلۇق داستىخان تەييارلاپ كېلىنچەكنى يوقلاپ كەلگەن بولىدى. شۇنىڭدىن كېيىن كۈيۈ ئوغلىنىڭ ئۆيىگە ئىككىنچىلەپ ئاياغ ئىزى قىلمىدى. كۈيۈ ئوغلىمۇ قىزىنى ئۇنتۇپلا كەتكەنىدى. موماي مەھەللە ئوقمۇشىدىكى كۆكتات يايمىسىغا تايىنىپ نەۋرە قىزىنى باقتى. باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتتى. ھەرقانچە قىينالسىمۇ، تەگلىك تارتسىمۇ كۈيۈ ئوغلىنى ئىزدىمىدى. قولۇم - قوشنىلار، ئېپى - مەھەللىلەر مومايغا قوشنىدارچىلىقنى، مېھىر - شەپقەتنى قانغۇچە يەتكۈزدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مومايىنىڭ كۆڭلى توق ئىدى. ھەرقانچە قىلسىمۇ نەۋرە قىزىنى يېلىڭ - يۇپۇڭ قويمىدى. قۇربىنىڭ يېتىشىچە يېڭى - يېڭى كىيىندۈردى. ئەتلەس، تاۋار، شايى ۋە ئالىلقانداق رەختلەردە تىكتۈرۈپ بەرگەن چىرايلىق كۆڭلەكلىرىنى، گىلەم، مارجان دوپپىسىنى كىيىپ، ئۆششاق ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى بەللىرىدە لەپىلدەتكىنىچە غەمسىز ئويناپ يۈرگەن نەۋرە قىزىغا ھەر قېتىم قارىغىنىدا مومايىنىڭ ۋۇجۇدى ئېلىلىپ قالاتتى. يۈرىكىدە تۇرلۇك - تۇرلۇك ئارزۇ - ئارمان چېچەك ئاچاتتى. خۇدادىن ئۆزىگە مۇشۇ نەۋرە قىزىنى ياتلىق قىلغۇچىلىك ئۆمۈر بېرىشىنى تىلەيتتى. «كۆڭلەك، دوپپا، چاچ قىز بالىنىڭ زىننىتى، يارىشىقى» دەيتتى موماي ھەر دائىم نەۋرە قىزىنى كىيدۈرۈپ، چاچلىرىنى يۇيۇپ، تاراپ، ئۆششاق ئۆرۈپ ئولتۇرۇپ. كېيىن نەۋرە قىزىغا ئۆرۈمچىدىكى قايسىبىر ئالىي مەكتەپتىن چاقىرىق كەلدى. موماي كۆكتات سېتىپ يۇرۇپ ئاز - ئازدىن تېجەپ يىغىپ، چىشىنىڭ كاۋىكىغا سېلىپ ساقلىغان پۇل بىلەن ئىككى يىنىغا قاراپ قالمايلا نەۋرە قىزىنى ئوقۇشقا ئەۋەتتى. مانا بۇ يىل نەۋرە قىزى ئۈچىنچى يىللىق ئوقۇش مەۋسۇمىنى تاماملاپ تەتىل قىلىپ كەلگەنىدى. يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن ئوقۇشى پۈتەتتى. مۇشۇ ئۈچ يىلدا موماي نەۋرىسىنى قىسىندۇرماي ئوقۇتۇش ئۈچۈن كۆكتات يايمىسىنى

بىر كۈنىمۇ ئاچماي قويمىدى. ساقسىز بولۇپ قالغان ۋاقىتلىرىدىمۇ، تومۇزنىڭ ئىسسىقىدىمۇ، زىمىستاننىڭ سوغۇقىدىمۇ دوقمۇشتىكى ئاشۇ كۆكتات يايمىسىدا مەزمۇت ئولتۇردى. خۇددى كۆكتات يايمىسىنىڭ تۈۋىدىكى ئاشۇ قېرى چىناردەك. مومايىنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلىدىغان قولۇم - قوشنىلىرى، مەھەللىداشلىرى ۋە قوشنا مەھەللىدىكىلەر مومايىنىڭ كۆكتات يايمىسىغا ھەسەل ھەرىسىدەك كېلىپ تۇردى. چۆپقەتلەر كۈندىن - كۈنگە ئاۋۇدى. سودىسىغا بەرىكەت ياغدۇرۇپ بەردى. مومايىنىڭ شۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلى پۈتۈن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوشۇق - ئارتۇق غېمى يوق ئىدى. رەنجىش - خاپىلىقلار ئۇنىڭغا ئاسانلىقچە يېقىن يولىمايتتى. پەقەت ۋۇجۇدىنى نەۋرە قىزىغا بولغان سېغىنىش، ئاللىقانداق ئەندىشىلىك ئوي - خىياللار ئۆرتەيتتى. غەمگە مۇپتىلا قىلاتتى. غېمى يوق كىم بار بۇ جاھاندا؟

موماي بۇ قېتىم تەتىل قىلىپ يانغان نەۋرىسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. تىلى كالۋالىشىپ خېلى ئۇزاق ھاڭۋىقىپ تۇرۇپ قالدى. ئاجىز، ئىمجان ۋۇجۇدى نومۇس گۈلخانلىرىدا ئاچچىق - ئاچچىق ئۆرتەندى. شۇنداق، ئالدىدا ھېجىيىپ تۇرغان نەۋرە قىزى كېچە - كۈندۈز سېغىنىدۇرۇپ تۇرغان نەۋرە قىزىغا ئوخشىماي قالغانىدى. خۇددى نەۋرە قىزىنىڭ سىياقىدا ئالدىدا بىر ئالۋاستى پەيدا بولۇپ قالغاندەك.

موماي بىر يىلدىن بېرى سېغىنغان، يولىغا تەلمۈرگەن، بىر كۆرۈشنى زارىقىپ كۈتكەن سۆيۈملۈك نەۋرە قىزىنى باغرىغا بېسىشنى ئۇنتۇپ، چۆچۈش، ھودۇقۇش، نومۇس ئىلكىدە گۈنسىز كۆزلىرىنى نەۋرە قىزىغا قايتا تىكتى. مومايىنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرىدىغان، پەخىرلەندۈرىدىغان تېقىمىدا سويلاپ تۇرىدىغان ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلار كېسىلگەن. ئۇنىڭ ئورنىدا ئالۋاستىنىڭ چېچىدەك قىپقىزىل بويالغان بىر تۇتام چاچ سەت سالۋاراپ تۇراتتى. موماي بەكمۇ ئەتىۋار بىلىدىغان گىلەم دوپپا يوقالغان.

غۇچچىدە چىچەك ئاچقان ئەتىرگۈل شېخىنى ئەسلىتىدىغان ئەتلەس كۆڭلەكنىڭ ئورنىغا كۆكرەك، قولتۇقلىرى ئوچۇق كوپتا، يوتىسىنى ئاران يېپىپ تۇرىدىغان تار يوپكا ئالماشقانىدى. مانا مۇشۇلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا قاش ـ كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، بوتىلاق كۆزلۈك، ناجىدەك بۇرنى بار، گۇرۇچتەك ئاپپاق چىشلىرى ھەر دائىم تەبەسسۇم يېغىپ تۇرىدىغان چىرايلىق لەۋلىرى ئارىسىدىن ماراپ تۇرىدىغان، كەپتەر تۇخۇمىدەك ئېگىكى يۈز كېپتىگە تولىمۇ ياراشقان، ئاق قۇ بويۇن، غۇنچە بوي نەۋرە قىزى ئالدىدا قاراپ تۇراتتى. ئەمما، شۇ تاپتا مومايغا نەۋرىسى بىھايالىق بىلەن قىپيالىڭاچ تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى. موماي ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قارىدى. يولدا كىشىلەر بەخىرامان كېتىۋاتاتتى. ئاقسېرىق چوكان خۇددى تاغدەك غەمنىڭ ئاستىدا قالغاندەك ئۇلارغا قاراشقا ھەپىلىسى يوق شۇمشىيىپ ئولتۇراتتى. موماي نېمىنىدۇر ئىزدەپ يايمىسىغا قارىدى. ھەر كۈنى ئەتىگىنى سوغۇقتىن دالدىلىنىش ئۈچۈن كىيىۋالىدىغان پىلاتىسىنى بۈگۈن نېمىشقىدۇر كىيىۋېلىشنى ئۇنتۇغانىدى. ئىسىت، ئەتىگەن ئۈچىسىغا ئارتىۋالغان بولسا شۇ تاپتا نەۋرە قىزىغا كىيدۈرۈپ قويماسمىدى؟ موماي يايمىسىنىمۇ، ئالىقاندەك چوڭلۇقتىكى غەللە ساندۇقىنىمۇ ئۇنتۇپ نەۋرە قىزىنىڭ قولىدىن قوپاللىق بىلەن تارتتى:

— ئىلدام بولسىلا قىزىم، ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى.

مومىسىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى، يوچۇن قىلىقىدىن ھاڭ ـ تاڭ قالغان قىز كۆڭلى ئازار يېگەندەك بولۇپ، سالپايغان ھالدا مومىسىغا ئەگەشتى. يايما بىلەن ئۆينىڭ ئارىلىقىدىكى بارى ـ يوقى مىڭ قەدەم يول مومايغا خۇددى مىڭ يىللىق مۇساپىدەك ئۇزاق تۇيۇلدى. خىجىللىقتىن بېشىنى كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىغا تىقىۋېلىشقا ئۇرۇناتتى. ئادىتىگە يات ھالدا يوغان ـ يوغان قەدەم ئالاتتى. ھېلىمۇ ياخشى ئىشىك ئالدىغا كەلگۈچە قولۇم ـ

قوشنىلار ئۇچراپ قالمىدى. ئىلگىرىكى تەتىللەردە قايتىپ كەلگەن نەۋرىسىنى موماي ئۆيىگە ئەكىرىپ كېتىشكە ئالدىرمايتتى. قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ نەۋرە قىزىنى چوڭ ئانا، هاما، خان ئاچا، ھەدە ـ سىڭىللىرىگە، چوڭ دادا، تاغا، ئاكا، ئىنىلىرىگە سالام بەرگۈزەتتى. كۆزىدىن نۇر، ئاغزىدىن گۈل، چېھرىسىدىن كۈلكە تۆكۈلەتتى.

ناھايەت، موماي ئىشىك ئالدىغا ئاخىر يېتىپ كەلدى. قولۇپنى ئالدىراپ ئېچىپ، نەۋرە قىزىنى گەجگىسىدىن ئىتتىرىپ دېگۈدەك ئىشىكتىن كىرگۈزدى ـ دە، ئالدىراپ ئىشىكنى ئېچىدىن تاقىۋالدى. ئاندىن قوشنىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، لېچىكىنىڭ بىر ئۇچىنى چىشلەپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

ئۆزىدىن نېمە سەۋەنلىك ئۆتكەنلىكىنى بىلمىگەن قىز تامدەك تاتارغىنىچە قاقتىن قوزۇقتەك تۇرۇپ قالغانىدى. كۆڭلىگە ھەر خىل مۇدھىش ئەندىشە سايە تاشلىدى.

— بىر ئىش بولدىمۇ، موما؟ نېمىگە بۇنچىۋالا يىغلايلا؟ — سورىدى قىز تەستە زۇۋانغا كېلىپ.

موماي ھېقىقلاپ ـ ھېقىقلاپ يىغىسىنى توختاتتى. نەۋرە قىزىغا ئەيىبلەش، رەنجىش نەزىرى بىلەن قارىدى. شۇ ياشقا كىرگۈچە مومىسىنىڭ قاپاق تۈرگىنىنى كۆرۈپ باقمىغان قىز ھودۇقتى، تەمتىرىدى.

— دەرھال ئۇچىلىرىڭنى ئاۋۇ نەرسىلەرنى سېلىپ كۆڭلەك ئالماشتۇرۇۋالسىلا.

مومايىنىڭ سۆزى بەكمۇ تەئەددىلىك ئىدى. تۇرقىدىن نەۋرە قىزىنى ئەيىبلەشتىن، تىللاشتىن، ھەتتا ئۇرۇپ سېلىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالغاندەك قىلاتتى.

قىز دەرھال قازناققا كىرىپ كىيىم يۆتكەپ چىقتى. لېكىن، يۆتكىگەن كىيىمى يەنىلا مومايىنىڭ كۆزىگە سىغمىدى.

قىز پادىچىلار شىمى بىلەن كوپتا كىيىۋالغانىدى.

www.uygurkitap.com

— نېمە بۇ؟ قارىسىلا تۇرقلىرىغا، خۇددى قۇيرۇقى يوق سوكال تەخەيدەك، — دېدى موماي تېخىمۇ بەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — مەن سىلىنى كۆڭلەك ئالماشتۇرۇپ چىقسىلا، دېدىم.

قىزغا مومىسىنىڭ بۇيرۇقى ئەمدى ياقمىدى. لېكىن، ئەزەلدىن رايىش - ئەدەپلىك چوڭ بولغان قىز قارشىلىششقا پېتىنالمىدى. يەنە قازناق ئۆيگە مەجبۇرىي قەدەم باستى.

ئەتلەس كۆڭلەك كىيىپ چىققان قىزنى كۆرۈپ مومايىنىڭ چىرايىغا ۋىللىدە كۈلكە يۈگۈردى. ئەمما، قىزنىڭ چىرايى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

— ھە، ئەمدى مېنىڭ نەۋرە قىزىمغا ئوخشىدىلا مانا، — دېدى موماي، — دوپپىلىرىنىمۇ تېپىپ كىيىۋالسىلا، قىزىم، بىر چىرايلىق چاچلىرىنى كېسىپ نېمىگە ئوخشىتىپ قويغانلا ئۆزلىرىنى. ئىسىت چاچ، ئىسىت چاچ...

ئىچى سىيرىلىپ كەتكەن موماي كۆزىگە لىقىدە ياش ئالغىنىچە بېرىپ نەۋرە قىزىنى باغرىغا باستى. پېشانىسىدىن يېنىش - يېنىشلاپ سۆيدى ۋە توختىماي پىچىرلىدى:

— خۇدايىم كۆڭۈللىرىگە ئىنساب بېرەر، قىزىم...

موماي نەۋرە قىزىنى قېنىپ - قېنىپ پۇرىۋالغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز بىر ئىش يادىغا كەلگەندەك قىزىغا قاراپ كەسكىن بۇيرۇق قىلدى:

— ھېلىقى سېلىۋەتكەن كىيىملىرىنى ئاچىقسىلا!

مومىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىگەن قىز قازناققا كىرىپ كوپتىسى بىلەن يوپكىسىنى ئاچىقتى.

— مۇشۇنداق كىيىملەردىن يەنە بارمۇ؟ — سورىدى موماي قىزىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ.

— مۇشۇلا، بۇياقتا ماڭغاندا سېتىۋالغان.

موماي كىيىملەرنى ئوچاققا تاشلاپ، سەرەڭگە ياقتى. كوپتا لاپپىدە ئوت ئالدى.

— نېمە قىلغانلىرى بۇ، موما؟ — بوشلا ۋارقىرىۋەتتى قىز ئىچى سىيرىلغان ھالدا.

— كۆيدۈرۈۋېتىمەن، — دېدى موماي خاتىرجەملىك بىلەن، — سىلى بۇنداق كىيىمنى كىيسىلە بولمايدۇ، قىزىم. قىز بالا دېگەن بەدىنىنى ئوچۇق قويسا يامان بولىدۇ. ئايال كىشىنىڭ بەدىنىنى كۆن كۆرسە جاھاننى پاسىقلىق قاپلاپ كېتىدۇ.

مومىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن قىز لام ـ جىم دېمىدى. ئەمما، چىرايلىق كۆزلىرىدە نارازىلىق بالقىيتتى. چېھرىسىدىن تازا قايىل بولمىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ھېلىقى ئۆچەيدەك تار كاناپ ئىشتاننىمۇ ئاچىقسىلا.

قىز دىڭگىدە چۆچۈپ مومىسىنىڭ كۆزىگە قارىدى.

— ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتەمدىلا؟

— ھەئە، كۆيدۈرىمەن، — كەسكىن جاۋاب بەردى موماي.

— خوش بولاي، ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتمىسىلە، موما، — دېدى قىز يېلىنغان ھالدا، — سىلى ئۇرۇمچىنىڭ ھاۋاسىنى بىلمەيلا، مۇشۇنداق ئىشتان كىيمىسە ئادەم توڭلاپ قالىدۇ.

قىزنىڭ كۆزىدە مۆللىدە ياش ئەگىدى.

مومايىنىڭ بىردىنلا ئىچى ئاغرىپ قالدى. لېكىن، يەنىلا نىيىتىدىن يانمىدى.

— مەن ئاچىقىمەنمۇ ياكى سىلى ئاچىقىپ بېرەملا؟

قىز ئىلاجىسىزلىقتىن ئىشتاننىمۇ ئاچىقتى.

— يەنە بارمۇ؟ — سورىدى موماي.

قىز تۇمشۇقىنى ئۈچلىدى:

— مۇشۇ بىرلا، مېنىڭ نەدىمۇ ئۇنداق جىق كىيىم ئالغۇدەك پۇلۇم بولسۇن؟

— خۇدايىم كىيگىلى نېسىپ قىلسا پۇل دېگەن بولىدۇ، — دېدى موماي ئىشتاننىمۇ ئوتقا تاشلاپ تۇرۇپ، — بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئېگىننى ئېلىپ كىيمىسىلە، ناۋادا ئىشتان ئالماقچى بولسىلا كەڭرەكىنى ئېلىپ كىيەرلا.

www.uyghurkitap.com

قىز لام ـ جىم دېمىدى. كۆزلىرى ئوچاقتا تۇتۇپ كۆيۈۋاتقان كېيىملىرىدە ئىدى.

قىلغان ئىشىدىن قانائەت ھاسىل قىلغان موماي نەۋرىسىگە ئىچ كۆيەرلىك بىلەن قارىدى.

ــ كۆڭۈللىرى قانداق غىزانى تارتىدۇ، قىزىم؟

ــ تاماق يېگۈم يوق، ــ دېدى قىز باتناپ.

«خاپا بولغاندەك قىلغان بىلەن بىردەمدىن كېيىن ئۆڭشىلىپ قالىدۇ. تېخى بالا ئەمەسمۇ. خۇدايىم بۇيرۇسا ئەته بازارغا ئاچىقىپ ئاشۇ كېيىملەرنىڭ ئورنىغا يارىشىملىق كىيىم ئېلىپ بېرىمەن...»

موماي خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ نەۋرىسىگە قارىدى.

ــ سىلى بىردەم ئارام ئېلىۋالسىلا، مەن يايمىنى يىغىشتۇرۇپ كىرىپ سىلىگە بىر پىيالە ھاردۇق ئېشى ئېتىپ بېرەي.

موماي نەۋرىسىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا سىرتقا ماڭدى. قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ نەۋرە قىزىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى دېگۈسى كەلدى ـ يۇ، شۇ ھامان نەۋرىسىنىڭ كېسىپ بوياپ پاخپايتىۋالغان كالتە چاچلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ بۇ نىيىتىدىن يالتايدى.

«ئۇنىڭ ئاشۇ چاچلىرىنى كۆرسە قوشنىلار نېمە دەيدۇ؟ ئاغزىنى ئېچىپ بىرنېمە دېمىگەن بىلەن كۆڭلىدە زاغۇ تۇتار ھەرقاچان. نېمىشقىمۇ ئەقىلسىزلىك قىلىپ چېچىنى كەسكەندۇ بۇ بالا؟ قىز بالا چېچىنى كەسسە بەختىمۇ تەڭ كېسىلىپ كېتەتتى. ئەمەسمۇ؟ ئىسىت، ئىسىت... خەير بوپتۇ، تۇجۇپىلەپ پەرۋىش قىلسا بىر ـ ئىككى يىلدا يەنە ئۆرۈمگە كېلىپ قالار. ئورنىغا چاچ سېلىپ قويۇشنىڭ ئورنى يوق ـ دە. بۈگۈن ـ ئەتىگىچە ئوبدان مېھمانلىتىۋالاي، ئاندىن راۋرۇس بىر نەسىھەت قىلمىسام تاپتىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ. ئاھ، خۇدا، ئاشۇ ئاجىز قىزىمنىڭ كۆڭلىگە ئۆزۈڭ ئىنساب بېرەرسەن، يامان كۆزدىن، مايماق يولدىن ساقلارسەن...»

نەۋرە قىزى مومىسىنىڭ چاچتەك كېسىپ ئەتكەن ھاردۇق ئېشىنى باتتىغاندەك قىلىپ ئىككى قوشۇق ئىچىپلا بولدى قىلدى. بېشىم ئاغرىپ كەتتى دەپ چۈمكىنىپ يېتىۋالدى. ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا موماي بىلەن نەۋرىسىنىڭ پارىڭى نەچچە كۈنگىچە تۈگىمەيتتى. موماي ئۆزى زورلاپ گەپ باشلىدى:

— ئۇزۇن چاچ، دوپپا، كۆڭلەك دېگەن قىز بالىنىڭ زىننىتى، يارىشىقى، قىزىم. بۇلارنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق خاسىيىتى بار. ئاتا - ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ شۇڭا بۇ نەرسىلەرنى ئۇلۇغلاپ كەلگەن. مەن سىلىگە بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي: بۇرۇنقى زاماندا قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەر دەيدىغان بىر ئاچ كۆز، زالىم پادىشاھ بولغانىكەن. ئۇ نۇرغۇن سەركەردە - لەشكەرلىرىنى باشلاپ يۇرتىمىزنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغىلى كەپتۇ. بىزنىڭ يۇرتىمىزنىڭ پادىشاھى بەكمۇ دانىشمەن، ئادىل پادىشاھ ئىكەن. ئۇ ئەل - يۇرتنى بالايىئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سەركەردە - لەشكەرلىرى بىلەن شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ قوش مەڭگۈزلۈك ئىسكەندەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ جەڭ قىپتۇ. جەڭ شۇنداق دەھشەتلىك بوپتۇكى، قىرىق كېچە - كۈندۈزگىچە داۋاملىشىپتۇ. قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەر پادىشاھنىڭ سەركەردە - لەشكەرلىرىنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق ئىكەن. ئاخىر بىزنىڭ سەركەردە - لەشكەرلىرىمىز باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ پۈتۈنلەي قىرىلىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يۇرتتىكى بارلىق ئەركەكلەر قوللىرىغا پالتا - پىچاق، تاياق - توقماقلارنى ئېلىپ قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئېلىشىپ دۈشمەننى بىرقەدەممۇ ئالدىغا ماڭدۇماپتۇ. ئاخىرىدا ئۇلارمۇ قىرىلىپ تۈگەپتۇ. ئەمما، قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەر پادىشاھنىڭمۇ نۇرغۇنلىغان لەشكەرلىرىنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. تالاي لەشكىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ياۋۇز قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەر پادىشاھ «مەن مۇشۇ چاغقىچە ھېچقانداق بىر يۇرتتا

بۇنداق قاتتىق قارشىلىقتا، بۇنداق ھەددى ـ ھېسابسىز تالاپەتكە ئۇچرىمىغانىدىم. بۇ يۇرتنىڭ خەلقى بەك يامان ئىكەن. ئۇلارغا ئېسىدىن مەڭگۈ چىقمىغۇدەك ئىبرەت قىلىپ قويمىسام كېيىنچە بېشىمغا بالا بولغۇدەك...» دەپتۇ ـ دە، لەشكەرلىرىگە: «شەھەرگە كىرىپ ئەركەك زاتىلا بولسا، مەيلى زاكىدىكى بوۋاق، مەيلى ھاسىدىكى بوۋاي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تولۇق قىلىچتىن ئۆتكۈزۈڭلار» دەپ پەرمان بېرىپتۇ. بۇ چاغدا شەھەردىكى قورال تۇتالىغۇدەك ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى باسقۇنچىلار بىلەن جەڭ قىلىپ قىرىلىپ كېتىپ، شەھەردە پەقەت ئون ئىككى ـ ئون ئۈچ ياشتىن تۆۋەن ئوغۇل بالىلار بىلەن يەتمىش ـ سەكسەن ياشلىق بوۋايلارلا قالغانىكەن. قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەرنىڭ ۋەھشىي لەشكەرلىرى شەھەرگە كەلكۈندەك باستۇرۇپ كىرىپ ئالدىغا ئۇچرىغانلا ئەركەك زاتىنى ئۆلتۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئاجىز ئاياللار بولسا ئۇلارنى توسۇشقا پېتىنالماپتۇ. شەھەردە بۇۋى پاتىمە ئىسىملىك بىر تۇل ئايال بار ئىكەن. بويى زىيادە ئېگىز بولۇپ، ئۇ كىيگەن بىر كۆڭلەكلىك رەختتە باشقا ئاياللارغا ئىككى كۆڭلەك چىقار ئىكەنمىش. كىچىك ئوغۇل بالىلارنىڭ دۈشمەن قولىدا ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بۇۋى پاتىمە ئانا ئاخىر بىر ئامالنى ئويلاپ تېپىپتۇ. ئۇ قانداق ئامال ئىكەن دېمەملا، قىزىم؟ بۇۋى پاتىمە ئانا ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ قولۇم ـ قوشنىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن توققۇز بالىنى تېپىپتۇ. بالىلارنىڭ چوڭى ئون ئۈچ ياشتا، كىچىكى تېخى ئەمچەكتە ئىكەن. بۇۋى پاتىمە ئانا بالىلارنى ئىككى پۇتىنى قۇچاقلىتىپ چۆرگۈلىتىپ تىزىپتۇ ـ دە، ئايىغى يەر سىيىپاپ تۇرىدىغان ئۇزۇن ئەتلەس كۆڭلىكىنى كىيىپ مىدىر ـ سىدىر قىلماي ئۆرە تۇرۇۋاپتۇ. قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەرنىڭ ۋەھشىي لەشكەرلىرى ئۇنىڭ ھويلىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئوغۇل بالا ئىزدەپتۇ. بۇۋى پاتىمە ئانىدىن سورىغانىكەن، «مەن بىر تۇل ئايال، ھېچكىمىم يوق» دەپ

جاۋاب بېرىپتۇ. لەشكەرلەر ئۇنىڭ كۆڭلىكى ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان باللارنى پەقەتلا سېزەلمەپتۇ. ئاللانىڭ كارامىتى بىلەن ئەمچەكتىكى بالا ئىڭەلىمەپتۇ. چوڭ باللار مىدىرلىماپتۇ. شۇنداق قىلىپ، پۈتكۈل شەھەر بويىچە پەقەت بۇۋى پاتىمە ئانىمىز كۆڭلىكىگە يوشۇرۇۋالغان توققۇز ئوغۇل بالا ھايات قاپتۇ. كېيىن بۇۋى پاتىمە ئانىمىز ئاشۇ توققۇز ئوغۇلنى بېقىپ قاتارغا قوشۇپ خوتۇن ئېلىپ بېرىپ ئۆيلەپ قويۇپتۇ. بىز ئەنە شۇ بۇۋى پاتىمە ئانىمىز كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە يوشۇرۇپ ھاياتىنى ساقلاپ قالغان توققۇز ئوغۇلنىڭ ئەۋلادى ئىكەنمىز. بۇۋى پاتىمە ئانىمىز ئاشۇ خاسىيەتلىك كۆڭلىكىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كىيىپتۇ. كىرلەشسە كېچىسى يۇيۇپ، كۈندۈزى كىيىۋالىدىكەن. يىرتىلسا يامايدىكەن. ئۇرۇش ئاپىتىدە تۇرمۇش بىرمەھەل قىيىنچىلىقتا ئۆتكەنىكەن. شۇ سەۋەبتىن ھەتتا كۆڭلىكىنى يامايدىغانغىمۇ ياماقلىق تاپالماي ئەنجۈرنىڭ يوپۇرمىقىدا ياماپ كىيگەنىكەن. چۈنكى، كۆڭلىكىنىڭ يىرتىقىدىن بەدىنى كۆرۈنۈپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيدىكەن. كېيىن كىشىلەر بۇۋى پاتىمە ئانىمىزنىڭ ئاشۇ خاسىيەتلىك كۆڭلىكىنى ئۈنتۈپ قالماسلىق، قىز بالىۋاقىلىرىمىزنىڭ كۆڭلەكنىڭ خاسىيىتىنى ئېسىدە مەھكەم ساقلىشى ئۈچۈن مۇنداق قوشاق توقۇشۇپتۇ:

پاتىمە ئانامنىڭ كۆڭلەكى،
يەتمىش يەردە ياماقى.
ياماي دېسە ياماق يوق،
ئەنجۈرنىڭ ياپراقىدا
ياماپ كىيگەن پاتىمە ئانام.

پاتىمە ئانامنىڭ كۆڭلەكى،
توققۇز ئوغۇلغا باشپاناھ.
يۇرت ـ قوۋمغا غەمخانا.

يېڭى كۆڭلەك كىيەلمەي،
ئەنجۈرنىڭ ياپراقىدا
ياماپ كىيگەن پاتىمە ئانام.
...

— ئاڭلاۋاتامدىلا، قىزىم؟ كۆڭلەك دېگەن ئەنە ئاشۇنداق خاسىيەتلىك. قىز بالىۋاقىمىز كۆڭلەكتىن ئايرىلىپ قالسا بۇۋى پاتىمە ئانىمىزنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ، يۇرت ـ قوۋمغا ئاپەت يۈزلىنىدۇ. مەزلۇم كىشى بەدىنىنى ئوچۇق قويۇپ كوچىغا چىقسا پاسىقلىق يامراپ كېتىدۇ...

قىز ئۇخلىغان بولۇپ بېشىنى چۈمكەپ ياتاتتى. مومىاي سۆزلەۋاتقان ھېكايىسىنىڭ نەۋرە قىزىغا تەسىر قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى ئاڭقىرالمايتتى. شۇنداقتىمۇ، يەنە دوپپىنىڭ، چاچنىڭ خاسىيىتى ھەققىدە، دوپپا كىيگەن، ئۇزۇن چاچ قويغان ئاياللارنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە ھېكايە باشلايتتى. مومىاي بەكمۇ ئۈمىدۋار ئىدى. ئۇ بۇ ھېكايىلەرنى قىزىغا چوقۇم ئاڭلىتالايدىغانلىقىغا، قىزىنىڭ، ھەتتا قىزىنىڭ قىزلىرىمۇ دوپپا ـ كۆڭلەك كىيىپ، ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلارنى قويۇپ ياشايدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشىنەتتى.

ھەئە، نەۋرە قىزى بىرنەچچە كۈنگىچە باتناپ يۈردى. مومىينىڭ نەسىھەتلىرى، ھېكايىلىرى تەسىرىنى كۆرسەتتىمۇ قانداق، سىرتقا چىقسا كۆڭلەك، دوپپا كىيىۋالدى. نېمە ئۈچۈندۇر شۇ كۈنلەردە مومىاي بەكمۇ غەمكىن بولۇپ قالغانىدى. ئاللىكىملەردىن رەنجىپ قالغاندەك دەردلىك ئاھ ئۇراتتى. كۆكتات يايمىسىدا ئولتۇرۇپ كۆڭلەك كىيمەي، قىسقا ـ تار يوپكا ياكى ئۈچەيدەك ئىشتانلارنى كىيىپ، چاچلىرىنى سالۋارتىپ، يوتىلىرىنى، كىندىكىنى، كۆكرەك، قولتۇق، دۈمبىلىرىنى ئوچۇق قويۇپ ماڭغان قىز ـ چوكانلارغا يىرگىنىش بىلەن نەزەر تاشلايتتى. ئىختىيارسىز ھالدا ھېلىقى قوشاقنى ئۈنلۈك



ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تەكرارلايتتى، گويا پاتمە ئانىمىزنىڭ كۆڭلىنىڭ خاسىيىتىنى پۈتكۈل شەھەرگە جاكارلىماقچى بولغاندەك.

پاتمە ئانامنىڭ كۆڭلەكى،
يەتمىش يەردە ياماقى.
توققۇز ئوغۇلغا باشپاناھ،
يۇرت ـ قوۋمغا غەمخانا.
يېڭى كۆڭلەك كىيەلمەي
ئەنجۈرنىڭ ياپراقىدا
ياماپ كىيگەن پاتمە ئانام.
...

2006 ـ يىلى ئاۋغۇست، يەكەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تاز ۋە چۋن

— خەلق چۆچەكلىرى ئىزىدىن

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا بىر يۇرتتا ئىككى ئاغىنە بولغانىكەن. ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ ئىسمى ئەمەت، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى سەمەت ئىكەن. ئۇلار شۇنچىلىك ئىجىل - ئىناق ئۆتىدىكەنكى، ھەر كۈنى بىرەر ۋاخ تاماقنى بىللە يېمەي كۈنى ئۆتمەيدىكەن. ئەل - يۇرت ئۇلارنىڭ ساداقەت، ئەقىدە ئۈستىگە قۇرۇلغان دوستلۇقىغا قايىل بولۇپ ئاپىرىن ئوقۇيدىكەن. ئۇلارنىڭ شۇنچىلىك يېقىنلىقىغا قاراپ كىشىلەر ئۇلار توغرۇلۇق ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىشىدىكەن. بەزىلەر بۇلارنى ئاكا - ئۇكا دېيىشسە، يەنە بەزىلەر: ياق، ئاكا - ئۇكا ئەمەس، دېيىشىدىكەن، ياق، ئۇلار ئانا بىر، دادا باشقا ئاكا - ئۇكىلار دېيىشكۈچىلەرمۇ ۋە ياكى نەۋرە تۇغقانلار دېيىشكۈچىلەرمۇ بار ئىكەن. ئىشقىلىپ، كىشىلەر نېمىلا دېيىشمىسۇن ئۇلارنىڭ بىر قوۋم ئىكەنلىكى راست ئىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. بۇ ئىككى يىگىتنىڭ دوستلۇقى يىلدىن - يىلغا چىڭىيىپ بېرىپتۇ. ئۇلار ھەر كۈنى ئۆزلىرىنىڭ دېھقانچىلىقىنى تۈگەتكەندىن كېيىن بىر يەرگە كېلىشىدىكەن - دە، بىرسى قولىغا دۇتارنى ئالسا، يەنە بىرسى داپنى ئېلىپ نەغمە قىلىشىدىكەن. بىر كۈنلۈك دېھقانچىلىق ئەمگىكىدىن قولى بوشىغان يۇرت خەلقىمۇ ئۇلارنىڭ قېشىغا جۇغلىشىدىكەن - دە، پۇخادىن چىققۇچە مەشرەپ ئوينايدىكەن. مەشرەپتە دوستلۇق، ئەقىدە، ساداقەتمەنلىك، ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق مەدھىيەلەنگەن ناخشىلار تاڭ كېچىگىچە جاراڭلايدىكەن.

بىر جۈپ يىگىتنىڭ دوستلۇق، ساداقەتمەنلىكىدىن تەسىرلەنگەن يۇرت خەلقى ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىپ، بىر ـ بىرى بىلەن بولغان نىزا ـ ئاداۋەتلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، شۇنچىلىك ئىناق ـ ئىتتىپاق ياشاشقا باشلاپتۇكى، ئاخىرىدا بۇ يۇرتتا «سەن ـ پەن» دېيىشىپ قالغان بىرمۇ ئادەمنى تاپقىلى بولمايدىغان ھالەت شەكىللىنىپتۇ. ئىناقلىق، بىرلىك يۇرت خەلقىنىڭ ئىش ـ ئوقىتىگە بەرىكەت، باياشاتلىق ئاتا قىپتۇ. زىرائەتلەر ئوخشاپ، چارۋا ماللىرى قوتانلارغا پاتماي قاپتۇ. ئېتىزلىقلاردا ئەمگەك ناخشىلىرى جاراڭلىسا، يايلاقلاردا چارۋا ماللارنىڭ مۆرەش ـ مەرەشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. ھەر كۈنى كەچتە ئەمەت بىلەن سەمەتنىڭ باشچىلىقىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان مەشرەپلەر شۇنچىلىك قىزىيدىكەنكى، مۇقام كۈيلىرى تاڭ كېچىلەرگىچە ئۈزۈلمەيدىكەن. قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئايال ھەممەيلەن ئۇسسۇل ئويناپ ھېرىپ قالمايدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللارمۇ ھەم ئۆتۈپتۇ. ئون كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى بار، دېگەندەك، كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى بۇ يۇرتنىڭ بېگى تۇيۇقسىز ئاغرىمايلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. يۇرت خەلقى زار ـ زار يىغلىشىپ، ھازا قوشاقلىرىنى قېتىشىپ، بەگنى ئاخىرەتكە ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي پادىشاھ بۇ يۇرتقا ئوردىسىدىن شاۋاز ئاتلىق بىر مەھرىمىنى بەگ قىلىپ ئەۋەتىپتۇ.

يۇرت خەلقى يېڭى بەگنى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ ـ دە، مەرھۇم بەگنىڭ قىرىق نەزىرىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىن يەنىلا ئاۋۋالقىدەك خۇشال ـ خۇرام، ئېجىل ـ ئىناق ھاياتىنى باشلاپتۇ. بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغان مەشرەپ يەنە باشلىنىپ، مۇقام سادالىرى پەلەكنى قۇچۇپتۇ. ئەمەت بىلەن سەمەت بۇ مەشرەپ سورۇنىنىڭ يىگىتبېشى بولۇپ يېڭىدىن ـ يېڭى دوستلۇق، ساداقەت ناخشىلىرىنى ئوقۇۋېرىپتۇ:

www.uyghurkitap.com

سىنىڭ جانىڭ، مېنىڭ جانىم بىر جان ئەمەسمۇ؟
سىنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جانىم قۇربان ئەمەسمۇ؟
...

ئەمدى گەپنى شاۋاز بەگدىن ئاڭلايمىز.

پادىشاھ ئوردىسىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك بەگلەر يۇقىرى دەرىجىلىك بەگلەرگە، ئەمىرلەر پادىشاھ، شاھزادىلەرگە خۇشامەت قىلىدىغان، قۇللۇق بىلدۈرىدىغان، پارا - سوۋغا تەقدىم قىلىدىغان، ھاجەتمەنلەردىن پارا - سوۋغا ئالماي تۇرۇپ ئىش بېجىرمەيدىغان مۇھىتتا خىزمەت قىلىپ كۆنۈپ قالغان شاۋاز بەگكە بۇ يۇرتتىكى كىشىلەرنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن، مەرتىۋە - نەسەب ئايرىماي، تەڭ - باراۋەر مۇئامىلە قىلىشىپ ھايات كەچۈرۈشى پەقەتلا ياقماپتۇ.

ھەئە، يۇرت خەلقىنىڭ جەڭگى - جېدەل قىلىشىپ مەھكىمىگە ئەرز - دەۋا قىلىپ كەلمەسلىكى، يۇقىرى - تۆۋەنلىك تالىشىپ ئاداۋەتلەشمەسلىكى، بىر - بىرىگە ئورا كولاپ ماجىرالاشماسلىقى، شۇ سەۋەبلىك تەمە قىلغان دەۋا ھەققى، پارا، سوۋغا - سالاملارغا ئېرىشەلمەسلىكى ئۇنىڭ يۈرىكىنى قۇرتتەك غاجىلاپتۇ.

ئەل - يۇرتنىڭ ئىناق - ئىجىللىقىدىن ئىچى ئاداپ، يۈرىكى ئۇغىغا تولغان شاۋاز بەگ بىر ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ يۇرت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش كويىغا چۈشۈپتۇ - دە، ئوردىدىكى ۋاقتىدا تولا ئىشلىتىپ نۇرغۇنلىغان رەقىبلىرىنى كۆزدىن يوقىتىشقا مۇۋەپپەق بولغان مىكىر خالتىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئەپسۇن ئوقۇشقا باشلاپتۇ. شۇ ھامان مىكىر خالتىسىدىن قاپقارا ئىس لەيلەپ چىقىپتۇ - دە، ئىس - تۈتەك ئارىسىدىن يەكچەشمە - بەتبەشىرە بىر مەخلۇق پەيدا بولۇپ زۇۋانغا كەپتۇ.

— ئېيتقىنا، ئى شاۋاز بەگ، قانداق ھاجىتىڭ چۈشتى ماڭا؟

بەگ دەرھال تىزلىنىپ يەر سۆيگىنىچە دەردىنى تۆكۈپ، مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى بايان قىپتۇ.

— مەقسىتىڭنى چۈشەندىم، — دەپتۇ بەتبەشىرە مەخلۇق، — ئەل ـ يۇرتنىڭ ئىناقلىقىنى بۇزۇپ بەر، دېمەكچىمۇسەن؟

— شۇنداق، — دەپتۇ بەگ يەر سۆيۈپ.

— ئىتتىپاقلاشقان خەلقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى چەكسىزدۇر، — دەپتۇ بەتبەشىرە مەخلۇق، — بۇنداق قۇدرەتلىك كۈچكە ھېچنېمە تەڭ كېلەلمەيدۇ.

— ئەمىسە قانداق قىلىش كېرەك؟ تەدبىر كۆرسەتكەن بولساڭ، ئەقىلدار ئەۋلىيا پىرىم.

— بۇنىڭ پەقەت بىرلا چارىسى بار، — دەپتۇ بەتبەشىرە مەخلۇق پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر تال قىپقىزىل — قان قۇيۇلغاندەك كۆزىدىن يالت ـ يۇلت ئوت چاقنىتىپ، — سەن بارلىق يۇرت خەلقى ئېتىراپ قىلىپ ھۆرمەتلەيدىغان ئادەمدىن بىرسىگە ھارام نېمەت يېگۈزۈۋەت. ھارامغا ئېغىز تېگىپ قالغان ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ساداقەت، ئەقىدە سۇسلىشىدۇ، ئىمانى بۇلغىنىدۇ. بۇنداق ئادەم دوستىغا ئاسانلا قارا سانايدىغان، قوۋمغا خىيانەت قىلىدىغان بولىدۇ. مەقسىتىمنى چۈشەنگەنسەن، شاۋاز بەگ، پەقەت ئىككى دوستنىڭ ئارىسىنى بۇزماق، ئاداۋەت تىكىنىنى ئۇندۇرمەك ئانچە تەس ئەمەس.

بەتبەشىرە مەخلۇق گېپىنى تۈگىتىپ بىر سىلكىنىپلا ئىسقا ئايلىنىپتۇ ـ دە، مىكىر خالتىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

مىكىر خالتىسىدىن ئەقىل تاپقان شاۋاز بەگ ئانچە باش قاتۇرمايلا بۇ يۇرتتىكى خەلق بىردەك ئېتىراپ قىلىپ ھۆرمەتلەيدىغان، يۇرت خەلقى ئۈچۈن دوستلۇق، ساداقەتنىڭ ئۈلگىسى بولغان ئىككى دوست ئەمەت بىلەن سەمەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ. «توغرا، مۇشۇ ئىككىسىنىڭ دوستلۇقىنى بۇزۇپ، ئارىسىغا دۈشمەنلىك ئۇرۇقىنى چاچالىسام يۇرت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزالايمەن» دېگەنلەرنى كۆڭلىگە

www.uyghurkitap.com

پۈكۈپتۇ بەگ. ئۇ دەرھاللا ئورنىدىن بىللە ئەكەلگەن خىزمەتكارنى بۇيرۇپ، تۇل خوتۇننىڭ بىر پاقلىنىنى ئوغرىلىتىپ ئەكەپتۇ ـ دە، پاقلاننى ھارام قىلىپ ئۆلتۈرگۈزۈپ، گۆشنى ئەقلنى بۇلغايدىغان نەرسىلەر بىلەن مەينەت قازانغا سېلىپ پىشۇرۇپتۇ، ئاندىن سەمەتنى ھۇزۇرىغا چىللاپ چاپارمەن ئەۋەتىپتۇ.

بەگ سەمەت بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ئالدىغا داستىخان سېلىپ، ھېلىقى ھارام پاقلاننىڭ بىر پۇتىنى لېگەنگە سېلىپ ئەكەپتۇ.

— سەمەت ئاخۇن، ئۆزلىرى بىلەن بىللە غىزالانغاچ مۇلاقەتتە بولاي، دەپ ئويلىشىدىم. ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام دېيىشكەن، قېنى، ئاۋۋال گۆشكە باقسىلا، — دەپتۇ بەگ.

گەرچە شۇ تاپتا سەمەتنىڭ قورسىقى ئېچىپ ئاغزىغا سېرىقسۇ جۇغلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، دوستى ئەمەتنى ئېسىگە ئېلىپ، گۆشنى يېيىشكە قولى بارماپتۇ.

— ئەپۇ قىلسىلا، بېگىم، — دەپتۇ سەمەت، — ھەرقانداق ياخشى تائامنى دوستۇم ئەمەت بىلەن بىللە يەپ كۆنۈپ قاپتىكەنمەن. شۇڭلاشقا، داستىخاندىكى نېمەتلەرگە كۆڭلۈم تارتمايۋاتىدۇ. خۇدا خالىسا باشقا بىر كۈنى دوستۇم ئەمەت بىلەن بىللە كېلىپ مۇلاقەتتە بولاي.

سەمەت شۇنداق دەپتۇ ـ دە، بەگنىڭ داستىخىنىدىن قوپۇپ كېتىپتۇ.

نائىلاج سەمەتنى ئۇزىتىپ قويغان شاۋاز بەگ دەرھال ئەمەتكە چاپارمەن ئەۋەتىپتۇ. لېگەندىكى گۆشتىن ئىككى لوقما كەلگۈدەك يەرنى كېسىپ ئېلىۋېتىپ، گۆشنى ھازىرلا بىر كىشىم يېگەندەك ھالەتكە كەلتۈرۈپتۇ.

بەگ ئەمەتنىمۇ بىرمۇنچە ياغلىما گەپ ـ سۆزلەر بىلەن داستىخانغا تەكلىپ قىپتۇ. شۇ تاپتا ئەمەتنىڭمۇ قورسىقى ئاچ ئىكەن. ئۇ، لېگەندىكى گۆشكە شۇنداقلا قاراپ، بىردىنلا دوستى

سەمەتنى ئىسىگە ئاپتۇ.

— كەچۈرسىلە، بېگىم، — دەپتۇ ئەمەت، — ھەرقانداق ئىسىل نازۇنېمەتنى دوستۇم سەمەت بىلەن بىللە يەپ كۆنۈپ قاپتىكەنمەن. بۇ گۆش ئاشۇ دوستۇمسىز گېلىمدىن ئۆتمىگۈدەك.

— دوستلۇققا بولغان ساداقەتمەنلىكلىرىگە قايىل بولدۇم، ئەمەت ئاخۇن، — دەپتۇ بەگ ھىيلىگەرلىك بىلەن، — مەن ئىككىڭلارنىڭ دوستلۇق ئەقىدىلىرىگە قايىل بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ مېھماندارچىلىققا بىللە چاقىرغانىدىم. بايا سەمەت ئاخۇن كەلگەنىدى. زۆرۈر ئىشى چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن سىلىنى ساقلىيالماي گۆشتىن ئىككى لوقما يەپلا كېتىپ قالدى.

بەگ شۇنداق دەپ گۆشنىڭ كېسىپ پارچىلانغان يېرىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. ئەمەت گۆشنىڭ پىچاق تەگكەن يېرىگە شۇنداقلا قاراپ بەگنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپتۇ ـ دە، «دوستۇم ئېغىز تەگكەن بولسا مەنمۇ بىرەر لوقما ئېغىز تېگىپ قوياي» دەپ ئويلاپ گۆشتىن بىرنەچچە لوقما يەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بەگ يەنە هارام يېگۈزۈش مەقسىتىگە تولۇق يېتىپتۇ.

ھەپتە ئۆتكەندە بەگ يەنە تۇل خوتۇننىڭ بىر توخۇسىنى ئوغرىلىتىپ ئەكەپتۇ ـ دە، توخۇنىمۇ هارام قىلىپ ئۆلتۈرۈپ، نىجاسەتلىرى بىلەن پىشۇرغۇزۇپ ئەمەتكە چاپارمەن ماڭدۇرۇپتۇ. ئەمەت داستىخاندىكى توخۇ گۆشىگە شۇنداقلا قاراپ قويۇپ قول ئۇزارتماپتۇ.

— ھەرقاچان دوستلىرى سەمەت ئاخۇنغا سىقىنىپ قالدىلىغۇ دەيمەن، — دەپتۇ بەگ ھىيلىگەرلىك بىلەن ھىجىيىپ، — خاتىرجەم يەۋەرسىلە. سەمەت ئاخۇننىڭمۇ نېسىۋىسى بار. چاپارمەن ئەۋەتكەن، ھېلىغىچە كېلىپ قالار.

ئەمەلىيەتتە، بۇ قېتىم باي ئەمەتنىلا چاقىرغان بولۇپ،

ئۇنىڭغا «دوستۇڭنىمۇ چاقىردىم» دەپ يالغان ئېيتقانىكەن.

ئەمەت بەگنىڭ تەكلىپىگە يۈز كېلەلمەي دوستىنى ئارتۇقچە ساقلاشقا تاقىتى تاق بوپتۇ ـ دە، توخۇنىڭ پاچىقىغا قول ئۇزارتىپتۇ.

بەگنىڭ سارىيىدىكى ئۈچىنچى قېتىملىق مېھماندارچىلىقتا بولسا ئەمەت دوستى سەمەتنى ئېغىزغىمۇ ئېلىپ قويماپتۇ. داستىخاندىكى ھارام نېمەتلەرنى تويغۇچە يەپ ـ ئىچىپ، بەگكە ئىچ ـ قارنىنى تۆكۈپ كەڭتاشا مۇڭدىشىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. ئەمەتكە ھارام يېگۈزۈۋېتىش مەقسىتىگە تولۇق يەتكەن بەگ ئەمدى ئارىنى بۇزۇش ھىيلىسىنى ئىشلىتىشكە ئۆتۈپتۇ.

— پادىشاھ ئالىيلىرىدىن يارلىق كەلدى، — دەپتۇ بەگ بىر كۈنى ئەمەتنى مېھماندارچىلىققا چاقىرتىپ، — يۇرتقا بىر ئورۇنباسار بەگ تەيىنلەيدىغان ئىش ئىكەن. مۇۋاپىق بىر كىشىنى تەۋسىيە قىلىشىمنى بۇيرۇپتۇ.

بەگنىڭ بۇ گېپى ئەمەتنى خېلىلا قىزىقتۇرۇپتۇ.

— ئېيتسىلا، مۆھتەرەم بېگىم، كىمنى تەۋسىيە قىلاي دەيدىلا؟

بەگ تەڭلىكتە قالغان قىياپەتتە بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بېرىپتۇ.

— سىلى بىلەن دوستلىرى سەمەت ئاخۇننى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. ئەمما، ئورۇندا قايسىلىرىنىڭ ئىسمىلىرىنى يوللاشنى بىلەلمەي قىينىلىۋاتىمەن.

بەگنىڭ داستىخىنىدىكى ھارام نەرسىلەرنى يەۋېرىپ ئىمان، ساداقەت ئەقىدىسى سۇسلاشقان ئەمەتنىڭ ۋۇجۇدىغا بىردىنلا ھەسەت ئوتى تۇتىشىپتۇ، كۆڭلى قارا بولۇشقا باشلاپتۇ.

— دوستۇم سەمەت ياخشى ئادەم، — دەپتۇ ئەمەت ئىمكان بار ئىچكى تۇيغۇسىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ، — ئەمما ئۇنىڭ تاماقنى تولىمۇ ئۇزاق چايناپ يەيدىغان ئادىتى بار. بۇنىڭغۇ ئەيىبى

دىگىلى بولماس. سۇغا كىرگەندە ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى تىزىغىچە تۈرۈۋېلىشنى دېمىنا.
— مۇنداق گەپمۇ بار دېسىلە، — دەپتۇ بەگ مۇھىم بىر ئىشنى بىلىپ قالغاندەك بارلىق دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، — بۇ قانداق قىلىق ئەمدى؟
ئەمەت تېخىمۇ ئەزۋەيلەشكە باشلاپتۇ:
— مەشرەپلەردە نەغمە قىلساق دۇتارنىڭ پەدىسىنى بەكمۇ ئۇزاق تۈزەيدۇ تېخى.
بەگ دەرھال ئەمەتكە يەل بېرىشكە باشلاپتۇ.
— شۇنچىۋالا ئادەمنى ساقلىتىپ نېمە قىلغىنى بۇ سەمەت ئاخۇننىڭ؟
ئەمەت سەمەتنىڭ يەنە ئاللىقانداق ئەيىب - نۇقسانلىرى ھەققىدە بىرمۇنچە دادخورلۇق قىلغاندىن كېيىن بەگ بىلەن كۆڭلى غەش ھالدا خوشلىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە قېتىملىق مەشرەپتە داپنى قالايمىقان چېلىپ دوستى سەمەتنىڭ چالغان دۇتارىغا پەقەتلا ماسلىشىپ بەرمەپتۇ. يۇرت خەلقى مەشرەپتىن كۆڭۈلسىز تارقىشىپتۇ.
بىر كۈنى بەگ ئەمەتنى سارىيىغا چاقىرتىپتۇ.
— بايا سەمەت ئاخۇن كەپتىكەن، ئۆزلىرىنى داپنى ئوڭشاپ چالالماي مەشرەپنىڭ پەيزىنى ئۇچۇردى، دەپ بىرمۇنچە دادلاپ بەردى، — دەپتۇ بەگ ئەمەتكە.
— مېنى شۇنداق دېدىمۇ ئۇ خوتۇن تالاق! — دەپ غەزەپلىنىپتۇ ئەمەت.
— بۇ كىچىك ئىش، — دەپتۇ بەگ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، — سەمەت ئاخۇننىڭ ئورۇنباسار بەگ بولۇشتىن تەمەسى بار ئوخشايدۇ. بۈگۈن سارىيىمغا خىل قوچقاردىن بىرنى ئەكەپتىكەن، قوبۇل قىلمىدىم.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەمەتنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپتۇ ۋە شۇ كۈنىلا بەگكە بىر كالا تەقدىم قىپتۇ. بەگ بۇ يۇرتقا بەگ بولۇپ

www.uyghurkitap.com

تۇنجى قېتىم ئالغان بۇ پايدىسىدىن تولىمۇ مەمنۇن بوپتۇ.

— ئەتىلىككە يېقىن ئۆتكەن بۇرادەرلىرىدىن بىرنەچچىنى باشلاپ كەلسىلە، داستىخان سېلىۋالاي، — دەپتۇ بەگ ئەمەتكە.

شۇنداق قىلىپ بەگ يۇرت خەلقىگە هارام يېگۈزۈپ ئەقلىنى بۇلغاش، ئىمان، ساداقەت ئەقىدىسىنى سۇسلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يېتىشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، ئەمەت ئورۇنباسار بەگلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپ بەگنىڭ ساداقەتمەن غالچىسىغا ئايلىنىپتۇ. جانجىگەر دوستى سەمەت بىلەن بولغان دوستلۇق چەك - چېگراسىنى ئاجرىتىپتۇ. يۇرت ئىچىدە پىتنە - پاسات، جەڭگى - جېدەل ئاۋۇپتۇ، ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق بۇزۇلۇپتۇ.

شۇنداقتىمۇ، سەمەت دوستى ئەمەتنى هەرقاچان ئېسىدىن چىقارماپتۇ. ئىلگىرىكى دوستلۇق ئەقىدىسىنى ئەسلەپتۇ. ئاندا - ساندا ئۆيۈشتۇرغان مەشرەپلەردە داپ چېلىپ سازلارنىڭ رىتىمىنى تەڭشەپ بېرىدىغان دوستى ئەمەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن نەغمە - ناۋالار تازا قىزىمايدىكەن. بۇنىڭدىن قاتتىق ئىچى پۇشقان سەمەت كۆزىگە هەسرەت بىلەن ياش ئالىدىكەن.

ئەل - يۇرتنىڭ ئىناقلىقىنى بۇزۇش مەقسىتىگە يەتكەن بەگ ئەمدى تۈرلۈك ئالۋان - سېلىقلارنى كۆپەيتىپ خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇ زۇلۇم - تەڭسىزلىككە ئورۇنباسار بەگلىك مەرتىۋىسىگە ئىگە بولغان ئەمەت يانتاياق بوپتۇ. ئەل - يۇرتنىڭ ئاه - زارىغا چىدىمىغان سەمەت بىر كۈنى ئەمەتنى ئىزدەپ بېرىپ، خەلقنىڭ دەردۇ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنۇ قوشاقنى ناخشا قىلىپ ئوقۇپتۇ:

«ئەل كۆرمىدى نۇرلۇق زامان، ئۇلار قالاق دەۋرانىدا،
هەسرەت بىلەن غۇربەتتە خەلق دەردمەن بولۇپ هەيرانىدا.

يۇرتلار خاراب، تارقاق ماكان تۇرغان بۇ ئەل ۋەيرانىدا،
ئالۋان ـ ياساق سانسىز چىقار زالىمنىڭ پەرمانىدا.»①

...

ئەمما، بۇ ھەسرەتلىك ناخشا ئەمەتنىڭ قارا يۈرىكىنى ئېرىتەلمەپتۇ. ئۇ دوستى سەمەتكە بىرنى ئالىيىپ قويۇپ پېشىنى قېقىپ كېتىپ قاپتۇ ـ دە، ئۇدۇل بېرىپ بەگكە سەمەتنى چېقىشتۇرۇپتۇ.

گەرچە بەگ ئەمەتنى ئۆزىگە ئەل قىلدۇرغان بولسىمۇ، سەمەتنىڭ يۇرت خەلقىنى قايتا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئۆزىگە قارشى چىقىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن. شۇڭلاشقا، ئۇ ئەمەتنى بىرمۇنچە سوۋغا ـ سالاملار بىلەن سەمەتكە نەسىھەت قىلىشقا ئەۋەتىپتۇ.

سەمەت بەگ ئەۋەتكەن سوۋغا ـ سالاملارغا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويماي دەپتۇ:

— ئەل ـ يۇرت خارۇزار، ئاچ ـ يالىڭاچلىقتا قالدى. مەن نېمە كۆرسەم ئەل ـ يۇرت بىلەن تەڭ كۆرىمەن. ئۇلارغا زۇلۇم سېلىش بەدىلىگە كەلگەن سوۋغىنىڭ ماڭا لازىمى يوق.

— ئى قەدىرلىك دوستۇم، — دەپتۇ ئەمەت نەسىھەت قىلىپ، — خەق بىلەن نېمە كارىڭ؟ بېگىم بەرگەن بۇ ئىنئاملارنى بىمالال ئېلىۋەر ھەمدە مەن بىللە بېگىمنىڭ ھۇزۇرىغا بار. بىز ئۇ يەردە خالىغانچە يەپ ـ ئىچىپ، نېمە قىلغۇمىز كەلسە شۇنى قىلىپ، بۇرۇنقىدەك نەغمە ـ ناۋا، ئويۇن ـ مەشرەپلەر بىلەن كۈن ئۆتكۈزىمىز.

ئەمەتنىڭ قارا كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن سەمەت قىلچىلىك يۈز ـ خاتىر قىلماي مۇنۇ قوشاق ئارقىلىق جاۋاب بېرىپتۇ.

«كىم قورساقنىڭ بەندىسى، يۇرسە ھاياتى قارنى توق،
قوي گۆشى بىرلە ئېشەكنىڭ گۆشىنى تېتىشتا پەرقى يوق.

① بۇ مىسرالار ئىمىر ھۇسەيىن قازى ئاخۇنۇمنىڭ شېئىرلىرىدىن.

قاغىلارغا ئۇچرىسا ئالتۇن تاۋاقتا قەنت ـ گېزەك،
پەرقى يوقتۇر قاغىلارغا قىغدا تۇرغان توك تېزەك.»①

...

سەمەتتىن بۇرنى ـ قۇلىقىغىچە دەشنەم ئىشىتكەن ئەمەت، سالپايغان ھالدا قايتىپ كەپتۇ.

— ئى مۆھتەرەم بېگىم، ياخشىلىق قىلغاننى بىلمىگەن ئۇ گەدەنكەش سەمەتكە بۇنچىۋالا ھۆرمەت كۆرسىتىپ نېمە كەپتۇ؟ — دەپ ھال دادلاپتۇ ئەمەت، — ئول بەتبەختسىزمۇ جانابلىرىنىڭ خىزمىتىدە پەرمانبەردار بولۇپ تۇرىدىغان بىزدەك ساداقەتمەن قۇللىرى تۇرۇپتۇ، خالىسىلا سەمەتتىن باشقا ھەرقانداق ئادەمنى خىزمەتلىرىگە تەييار قىلاي...

ئەمەتنىڭ بۇ سۆزلىرى بەگنىڭ قۇلىقىغا كىرمەپتۇ. ئۇ سەمەتتەك ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ۋىجدان ـ غۇرۇرلۇق، ئىمان ـ ئېتىقادلىق ئىنسانغا ھارام يېگۈزۈپ ۋۇجۇدىدىكى ئىمان ـ ئەقىدە، ساداقەت، ۋاپادارلىقنى سۇسلاشتۇرمىغۇچە ئۆزىگە خاتىرجەملىك يوقلۇقىنى بىلىدىكەن ھەمدە سەمەتنى بەگلىك سەلتەنەتى ئۈچۈن ھەرقاچان خەۋپ ھېسابلايدىكەن. شۇڭلاشقا، ئۇ ئەمەتكە يەنە بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.

— ياخشى گەپ تاشتىمۇ ئېرىتىدۇ، دەيدىغان گەپ بار. سەن سەمەتنى يەنە بىر مەرتەم ئۆيۈڭگە مېھماندارچىلىققا چاقىرغىن. قالغان ئىشلارنى ماڭا قويۇپ بەر.

بەگ ئەمەتكە بىر داستىخانغا ھارام نازۇنېمەتلەرنى بېرىپ يەنە تاپىلاپتۇ:

— ئېسىڭدە بولسۇن، ئەمەت بەگ، سەن ھەرقانداق ئاماللارنى ئىشلىتىپ بۇ نازۇنېمەتلەردىن سەمەتكە بىر لوقما چاغلىق بولسىمۇ بىر نەرسە يېگۈز. سەمەت بۇ نەرسىلەرگە ئېغىز تەگسىلا قالغان ئىشلارنى جۆندىمەك ئاسان.

---

① بۇ مىسرالار ئىمىر ھۆسەيىن قازى ئاخۇنۇمنىڭ شېئىرلىرىدىن.

گەرچە ئەمەت بەگنىڭ پەرمانىنى ئورۇنلاشنى خالىمىسىمۇ، ئىلاجسىز سەمەتنى ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا چاقىرىپتۇ ۋە بەگ سوۋغا قىلغان هارام نازۇنېمەتلەرنى داستىخانغا كەڭرى تىزىپتۇ.

قايتا ـ قايتا تەكلىپ قىلىشقا يۈز كېلەلمىگەن سەمەت ئەمەتنىڭ ئۆيىگە يەنە كەپتۇ. ئۇ ئەمەتنىڭ داستىخىنىدىكى ئېسىل نازۇنېمەتلەرنى كۆرۈپ يۇرتتىكى يوقسۇزلۇق، ئاچ ـ يالىڭاچلىقتا قالغان خەلقنى ئەسلەپ گېلى غىققىدە بوپتۇ ـ دە، داستىخانغا قول ئۇزارتقۇسى كەلمەپتۇ.

— ئال، دوستۇم، داستىخاندىكى نېمەتلەردىن يېگەچ پاراڭلىشايلى، — دەپتۇ ئەمەت سىپايىلىك بىلەن.

— كەچۈرگىن، دوستۇم، — دەپتۇ سەمەت، — سېنىڭ داستىخىنىڭدا ئېسىل نازۇنېمەتلەر ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇ، ئەمما ئەل ـ يۇرت شۇ تاپتا بىر بۇردا نانغا زار. ئۇلار بەگنىڭ تۈگىمەس ئالۋان ـ سېلىقلىرى دەستىدىن نامراتلىشىپ كەتتى. سەن ئورۇنباسار بەگلىك مەرتىۋىسگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئەل ـ يۇرت بىلەن قىلچىلىك كارىڭ بولمىدى، بەلكى زالىم بەگكە هەمدەم بولۇپ ئەل ـ يۇرتنى قاڭغىر قاقشاتتىڭ، مۇشۇنداق ئەھۋالدا مەن سېنىڭ داستىخىنىڭدا بەھۇزۇر غىزالىنالايمەن؟

— ئەل ـ يۇرتلا دەيدىكەنسەن، — دەپتۇ ئەمەت تېرىككەن هالدا، — ساڭا ئەل ـ يۇرت نېمە قىلىپ بېرەتتى؟ نادانلىق قىلما، دوستۇم. كونىلار: «ئېشىكىڭنىڭ دۈمبىسىگە ئاپتاپ چۈشسە، قولۇڭنى ئىسسىت» دەپتىكەن. بىگىم بىلەن دوست بولۇپ ئۆلپەتلەشسەڭ، سېنىڭ داستىخىنىڭدىمۇ مۇشۇنداق مول نازۇ نېمەتلەر بولىدۇ. يوقسۇزلۇق، موھتاجلىقنىڭ دەردىنى تارتماي خاتىرجەم كەيپ ـ ساپا سۈرىسەن. قېنى ئارتۇقچە ئوي ـ خىياللاردا بولماي داستىخاندىكى نېمەتلەرگە ئېغىز تەگ.

ئەمەتنىڭ قارا كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن سەمەت مۇنۇ قوشاقنى ئوقۇپتۇ:

www.uyghurkitap.com

«قەدرى بىلمەس ‹زات›لىنىڭ قولىدىن ئىچكۈنچە مەي،
ئىت يالاقىدا قۇيۇلغان قىپقىزىل قان ياخشىراق.
قەدرى بىلمەس ئادىمىنىڭ گۈلچىمەنلىك باغىدىن،
دەشت ـ باياۋان كەڭ دالا، جاڭگالە مەيدان ياخشىراق.
قەدرى بىلمەس كىبىرى مەغرۇرلۇق تەمەننا ئەھلىدىن،
بىر ۋاپادار ئىت بىلەن ئۆلپەتكە ھايۋان ياخشىراق.
شەخسىيەت، نەپسانىيەتچىلىك ‹ئىلىم بىلگەن› زاتىڭدىن،
بولسا كەمتەر ـ كىبىرسىز ئەخلاقتا نادان ياخشىراق.»①
...

سەمەت قوشاقنى ئوقۇپ بولۇپ، دەس ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە:

— كەچۈرگىن، سەن بىلەن بولغان دوستلۇقىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، قىيامەتتە كۆرۈشەيلى، — دېگىنىچە چىقىپ كېتىپتۇ.

بۇ ھېيلىسىنىڭمۇ مەغلۇپ بولغانلىقىنى بىلگەن بەگ ئىلاجسىز مىكىر خالتىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئەپسۇن ئوقۇپ ئىلتىجا قىپتۇ. شۇ ھامان مىكىر خالتىسىدىن قاپقارا ئىس لەيلەپ چىقىپتۇ ـ دە، ئىسنىڭ ئارىسىدىن ھېلىقى بەتبەشىرە مەخلۇق پەيدا بوپتۇ.

— ئېيتقىنا، ئى شاۋاز بەگ، يەنە قانداق ھاجىتىڭ چۈشتى ماڭا؟

شاۋاز بەگ دەرھال تىزلىنىپتۇ ـ دە، بولغان ئىشلارنى بىر قۇر بايان قىپتۇ.

— سەمەتكە هارام يېگۈزەلمىگەن بولساڭ مېنىڭمۇ باشقا ئامالىم يوق، — دەپتۇ بەتبەشىرە مەخلۇق.

— تەدبىرلىرىنى ئايىمىغايلا، ئەقىلدار ئەۋلىيا پىرىم، — دەپ

① بۇ مىسرالار ئىمىر ھۇسەيىن قازى ئاخۇنۇمنىڭ شېئىرلىرىدىن.

ئىلتىجا قىپتۇ بەگ.

— ئۇنداق بولسا چاپارمەنلىرىڭنى ئەۋەتىپ سەمەتنى جازالا، — دەپتۇ بەتبەشىرە مەخلۇق.

— سەمەتنى جازالىسام ئۇنى قوللايدىغان يۇرت خەلقى قوزغىلىپ ماڭا قارشى چىقىدۇ. بۇ يۇرتتا ماڭا ئەل بولغانلار ئاز، ئۇنى قوللايدىغانلار كۆپ.

— ئۇنداقتا مەن ساڭا بىر ئەپسۇن ئۆگىتىپ قوياي، سەن ئۇنى بىرەر ھاشارات ياكى ھايۋانغا ئايلاندۇرۇپ قوي، — دەپتۇ بەتبەشىرە مەخلۇق.

— ھەممەتلىرىگە ھەشقاللا، ئەقىلدار ئەۋلىيا پىرىم، — دەپتۇ بەگ يەر سۆيۈپ.

— بىراق، بۇ ئەپسۇننى سەن ئۆزۈڭ ئوقۇساڭ كار قىلمايدۇ، — دەپتۇ بەتبەشىرە مەخلۇق، — ئەپسۇننى چوقۇم مۇشۇ يۇرتتىكى سىنىڭ داستىخىنىڭدىكى ھارامغا ئېغىز تەگكەن بىرەرسى ئوقۇشى كېرەك.

بەتبەشىرە مەخلۇق گېپىنى تۈگىتىپ بەگكە ئەپسۇننى دەپ بېرىپتۇ.

بەگ شۇ ھامان ئورۇنباسارى ئەمەتنى چاقىرىپتۇ ـ دە، ئەپسۇننى ئۇنىڭغا دەپ بېرىپتۇ.

— ئەپسۇننى ئېسىڭدە مەھكەم تۇتۇۋالدىڭمۇ، ئەمەت بەگ؟

— تۇتۇۋالدىم، بېگىم.

— ئۇنداق بولسا ماڭ يۈگۈر، ھازىرلا سەمەتنى ئىزدەپ تاپقىن ـ دە، خالىغىراق بىر يەرگە چاقىرىپ ئەپسۇننى ئۇنىڭغا ھۇرگىن. ئاندىن بار ئاۋازىڭ بىلەن بىرەر ھايۋان ياكى ھاشاراتنىڭ ئىسمىنى ئۇنلۇك تووۋلا. سەمەتنى قەستلىگىنىڭنى ھېچكىم بىلىپ قالمىسۇن.

ئەمەت بەگنىڭ ھۇزۇرىدىن يېنىپ چىقىپ ئۇدۇل سەمەتنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا خالىغىراق بىر يەردە دەيدىغان گېپى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئاق كۆڭۈل سەمەت «بەلكىم دوستۇم

www.uyghurkitap.com

نىيىتىدىن يېنىپ، ئەقلىنى تاپقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر ئەسكى تاملىقنىڭ كەينىگە ئۆتۈپتۇ. ئەمەت ئەتراپقا تازا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئەپسۇننى ئىچىدە بىر قېتىم ئوقۇپتۇ ـ دە، بەخىرامان تۇرغان سەمەتكە ھۆررۈپ، «چىۋىنگە ئايلىنىپ كەتكەيسەن!» دەپ بار ئاۋازى بىلەن توۋلاپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە سەمەت چىۋىنگە ئايلىنىپ قاپتۇ.

دوستىنى چىۋىنگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئەمەت خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن شاۋاز بەگنىڭ ھۇزۇرىغا يۈگۈرۈپتۇ، ئەمما يولدا ئۇچرىغانلىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشتىن كۆڭلىگە شەك چۈشكەن ئەمەت ئۆزىگە قاراپ تېلىقىپ كۈلۈۋاتقانلاردىن سوراپتۇ:

— نېمە بولدۇڭلار، نېمىشقا ماڭا قاراپ كۈلىسىلەر؟

كىشىلەر كۈلكىسىنى ئاران توختىتىپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— ۋاي ئەمەت بېگىم، ئەينەككە قاراپ باقسىلا. باشلىرىنى قوماق بېسىپ كېيمە تاز بولۇپ قاپلا ئەمەسمۇ؟

ئەمەت بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي بېشىنى شۇنداقلا سىلاپ باققانىكەن، قولىغا چاچ دەيدىغان نەرسە ئۇرۇنماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يۈگۈرگەن پېتى ئۆيىگە كەپتۇ ـ دە، ئەينەككە شۇنداق قاراپ قورققىنىدىن كەينىگە دىرىڭڭىدە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. چۈنكى، ئۇ گەدىنىگىچە ئاپپاق قوماق باغلاپ، بەئەينى كونا تۇزلۇق قاپىقىغا ئوخشاپ قالغان بېشىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتكەنىكەن.

ئەسلىدە شاۋاز بەگ ئەمەتكە ئۆگىتىپ قويغان ئەپسۇننى كىم ئوقۇسا مەقسىتىگە يەتكەن ھامان بېشى تاز بولۇپ قالىدىكەن ـ دە، ئەپسۇنمۇ شۇ ھامان كۈچىدىن قالىدىكەن. ئىككىنچى بىر ئادەمگە ئۆتمەيدىكەن. شاۋاز بەگ ئەپسۇننىڭ بۇ سىرىنى ئەمەتتىن يوشۇرۇپتىكەن.

تاز بولۇپ قالغان ئەمەت كىشىلەردىن نومۇس قىلىپ بىر

ھەپتىگىچە ئۆيدىن تالاغا چىقماي يېتىپتۇ. كېيىن يوغان بىر تۇماقنى گەدىنىگىچە چۆكۈرۈپ كىيىپ سىرتقا چىقىپتۇ. ئەمما، چىۋىنگە ئايلىنىپ قالغان سەمەت بولسا نۇرغۇنلىغان چىۋىنلەرنى ئەگەشتۈرۈپ ئەمەتنىڭ دەرۋازىسىنى بېقىپ تۇرغانىكەن. ئەمەت دەرۋازىدىن شۇنداقلا چىقىشى ھامان چىۋىنگە ئايلىنىپ قالغان سەمەت بىر توپ ھەمراھلىرى بىلەن ئەمەتنىڭ باش - كۆزىگە قونۇشقا باشلاپتۇ. ئەمەت چىۋىنلارنىڭ گىژىلدىشىدىن ئىچى پۇشۇپ قولىنى شۇنداقلا شىلتىپ چىۋىننى قورۇۋغانىكەن، بېشىدىن تەلپىكى چۇشۇپ كېتىپتۇ - دە، تاز بېشىدىكى ئالا - بۇلىماچ قۇماقلار كۆرۈنۈپ قاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ كىشىلەر مازاق قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ. ئۈششاق باللار قوشاق قېتىپ توۋلىشىپتۇ...

«ئەمىتىم - ئەمەت بېگىم،
نەگە كەتتى چاچلىرى؟
ئايلىخاننىڭ تۈزلۈقىدەك
ئالىپاساق باشلىرى.»

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. چىۋىنلەر ئەمەت بەگكە ئارام بەرمەي بېشىغا قونۇۋالىدىكەن. ئەمەت بەگ چىۋىننى قوندۇرماسلىق ئۈچۈن تىنىم تاپماي چىۋىن قورۇيدىكەن ۋە بېشىدىن تەلپىكى چۇشۇپ كېتىپ كۈلكىگە قالىدىكەن. گەرچە چىۋىن ئاجىز بولسىمۇ ئەمەت بەگكە قىلچىلىك ئارام بەرمەيدىكەن. ئەمەت ئورۇنباسار بەگلىك تەختىدە چىۋىن قورۇپلا ئولتۇرىدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئال ئارىسىدا «تاز چىۋىننى قوندۇرماس، چىۋىن تازنى تىندۇرماس» دېگەن تەمسىل ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشى تادرىسى

# ئامەت — ئىشچانغا يار

ھورۇندىن خۇدامۇ بىزار

— خەلق ماقالى

## 1

ئۇ توكلىرى قالمىغان قاشلىرىنى يىمىرىپ، نۇرسىز قىسىق كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، سۆگەت قوۋزىقىدەك قاداقلىشىپ كەتكەن قوپال ئالىقانلىرى بىلەن، ئۈزمەي چەككەن چىلىمنىڭ تەسىرىدە سارغىيىپ كەتكەن ئۆچكە ساقىلىنى سىلاپ، ھويلىنىڭ ئالدىدىكى بىخلىنىشقا باشلىغان مەجنۇنتالنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغىنىچە قاق يېرىم كۈن خىيال سۈردى. ئەتىگەندىلا قولىغا ئېلىۋالغان چىلىم ھېلىغىچە قولىدا تۇراتتى. كۈن چۈش بولغۇچە چىلىمنىڭ سەيخانىسى ئالتە قېتىم يەڭگۈشلەندى. ئۇ خىيالغا شۇنداق قاتتىق بېرىلىپ كەتكەنىدىكى، ھەتتا بالدۇرلا چىلىدىن چىققان ھۆپۈپلەرنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى، قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقان قوشچىلارنىڭ كۆتۈرەڭگۈ ناخشىلىرى، پات - پات تۈۋلاپ قويىدىغان «ھۆش - كە»، «قىرتاپ»لىرى، تىراكتورلارنىڭ تاتىلداشلىرى ئۇنىڭ خاتىرجەم خىيال سۈرۈشىگە پەقەتلا تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى. ئۇنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەن، شاپتۇل قېقىدەك قورۇلغان قارامتۇل چىرايى قىيىن بىر مەسىلىنى مۇلاھىزە قىلىۋاتقاندەك جىددىي تۈس ئالغانىدى.

«زادىلا شۇنداق قىلماي بولمىدى، دەپ خىيالىنى

داۋاملاشتۇردى بوۋاي، — مەن ئۇلارنى يەنە نە ۋاقىتقىچە باقىدىكەنمەن. ئاخىرقى ھېسابتا خۇدايىم قوچقاردەك ئۇچ ئوغۇل بەردى دەپ سۆيۈنگىنىم شۇ بولدىمۇ؟ يەرلەر پۇتۇنلەي كۆتۈرە بېرىلگەن بۇ يەتتە ـ سەككىز يىلدىن بېرى، ئوغۇل بالىسى يوقلارمۇ بىر قۇر تېرە يەڭگۈشلىدى. ئۆز ۋاقتىدا ‹يوق›لا دەپ يۈرىدىغان ھېزىم ‹قەرز›مۇ مانا ئەمدى يېڭى سېتىۋالغان تىراكتورنى قىزىغا ھەيدىتىپ، بىقىنىدا خۇددى ھاكىم ـ بەگلەردەك غادىيىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭمۇ دىلى سۆيۈنگەندەك بىرەر ئوغۇل بالىسى يوققۇ؟ — بوۋاي ئېغىر بىرنى تىنىپ قويۇپ چىلىمنىڭ سەيخانىسىغا تاماكا يەڭگۈشلىدى ـ دە، سەرەڭگە يېقىپ بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن بىرنەچچىنى شورىۋالغاندىن كېيىن يەنە خىيالىنى داۋاملاشتۇردى، — چوڭىنى ئۆيلىۋالغان ۋاقتىمدىغۇ قولۇمدا تۇزۇك پۇل بىرنەرسە بولمىغىنى بىلەن، ھازىرقىدەك بۇنچە كۆپ توي، رەسىم ـ قائىدىلىرىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بەرىكەتسىز ئۇ يىللاردا ھەممە ئادەمنىڭ ھالالغا بىرەر توخۇسى، ھارامغا بىرەر مۈشۈكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھېچنېمىسى يوق ئىدى. سىياسەتمۇ ئۇنىڭدىن كۆپ مال ـ دۇنيا جۇغلاشقا يول قويمايتتى. مانا ئەمدى سىياسەتمۇ كەڭرى بولۇپ كەتتى. كادىرلارنىڭ ئاغزىغىمۇ ‹باي بولۇڭلار›دىن باشقا گەپ كەلمەيدۇ. سىياسەتمۇ بەرىكەتلىك، يەرمۇ بەرىكەتلىك، پەقەت ھارماي تەر تۆكسەڭلا ئەجرىڭ بىكار كەتمەيدۇ. قوتىنىڭ قانچىلىك قوي ـ كالىغا، ئامبىرىڭ قانچىلىك بۇغداي ـ قوناققا، يېنىڭ قانچىلىك پۇل ـ پۇچەككە تولسا ھەممىسى ئۆزۈڭگە تەئەللۇق بولىدۇ. ھېلىقى يىللاردىكىگە ئوخشاش ھۆكۈمەت سېنى ‹كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈشكە ئۇرۇنغان بۇزۇق ئۇنسۇر›، ‹خۇسۇسىيلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلىنى كولاشقا ئۇرۇنغان بۇرژۇئازىيە قۇيرۇقچىسى› دەپ ئەيىبلەپ، ئارتۇق مال ـ دۇنيالىرىڭنى تارتىۋېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە شۇنچە ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭنى قىلىدۇ. شەرت ـ

شارائىتتىنى يەتكۈچە ھازىرلاپ بېرىپ، «تېخىمۇ باي بول، تېخىمۇ كۆپ بايلىق جۇغلا» دەيدۇ. بىراق، مانا مۇشۇنداق بەلەن چاغدا راسا بىر ئىشلەي دېسەڭ پۇت ـ قولۇڭدا ماغدۇر يوق. ئۆيدە گۇسىمەستەك ئۈچ ئوغۇل تۇرۇپمۇ يەنىلا باشقىلارنىڭ يارىدىمىگە تايانغان. ھايۋان يارامسىز چىقسا بازارغا ئاپىرىپ سېتىۋەتكىلى بولىدىكەن. لېكىن، پەرزەنتنىڭ يارامسىز چىقسا ھېچنېمە قىلغىلى بولمايدىكەن. چوڭىمۇ ئۆلە ـ تىرىلىشىگە باقماي ئىشلەيدۇ، لېكىن تاپقىنى ئۆزىدىن ئاشمايدۇ. ھالىغا تۇشلۇق بالا تاپماي ئارقىمۇئارقا بەشنى تۇغدۇرۇپ قويۇپ ئولتۇردى. مانا ئەمدى تولا تۇغۇتنىڭ دەردىدە كېسەلگە چۈشۈپ قالغان خوتۇنى بىلەن باللىرىنى بېقىپ بولالماي مەندىنمۇ بەك مۈكچىيىپ كەتتى. ئىككى ئىنىسىنىڭمۇ توي قىلىدىغان ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى. ئۆيلەپ قوياي دېسەم تۇزۇك بىساتنىڭ تايىنى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىز تويلۇقىنىڭ بارغانچە كۆپىيىپ ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقىنىنى دېمەمدىغان. ئۇلارمۇ ماڭا، بىزنى تېزرەك ئۆيلەپ قوي دېگەننى قىلىپ، قەستەن ئالدىمدىن ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىگە چوكان مىندۇرۇپ ئۆتكۈزىدۇ. ئەمما، پۇل تېپىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈشمەيدۇ. قىلىدىغان ئىشى ئوتتۇرانچىسىنىڭ ئىت تالاشتۇرۇش، توخۇ سوقۇشتۇرۇش، كەنجىسىنىڭ كەپتەر ئۇچۇرۇش، ئاندىن باشقا ۋاقىتلاردا ئۇخلاش، بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپلەرگە بېرىش. «ئوغۇل پەرزەنتنى تۇنجى قېتىم ئۆيلەپ قويۇش ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلارنىڭ بەجا كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك پەرزى ئىمىش، بۇ پەرزنى قاچان ئادا قىلىسىلەر؟» دەپتۇ تېخى ئانىسىغا ئىزا تارتىشماي. ھىم، بۇ ھەرقانچە بەجا كەلتۈرمىسە دوزىخى بولۇپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، مانا مەن بەجا كەلتۈرمەيمەن. قېنى ئۇلارنىڭ بىرەر خوتۇننىڭ كۆڭلىنى ئالالىغۇدەك ماغدۇرى بولسا ئاۋۋال ئۆزلىرى ئىشلەشسۇن، پۇل تېپىشسۇن. ئاندىن مەن ئاتا بولۇپ كۆڭلى خالىغىنى بىلەن ئۆيلەپ قوياي. ئۇلارغا دادا بولغان گۇناھىم ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك

باقىمەندە ئەمەسمەن. ھەركىم ئۆز ئەجرىنىڭ مېغىزىنى چاقسۇن. بۇ ئىشنى بۇگۈندىن قالدۇرماي بىر تەرەپ قىلىۋېتەي.»

بوۋاي ئەنە شۇلارنى ئويلىغاندىن كېيىن، قەتئىي بىر قارارغا كەلگەندەك دەس ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ھويلىغا كىرىپ ئۇزۇم تېلىنىڭ تۇۋىگە ئوغۇت كۆمۈۋاتقان مومىيىغا دېدى:

— بولدى قوي، خوتۇن، بۇگۈنچە بۇ ئىشلار تۇرۇپ تۇرسۇن. سەن ھازىردىن باشلاپ ئۆيدىكى ئورغاق، كەتمەن، ئوتىغۇچ، تاغار... قاتارلىق نەرسىلەرنى بىرمۇبىر رەتلەپ چىق.

— بۇ نەرسىلەر نېمىگە لازىم بولۇپ قالدى؟ — ھەيرانلىق بىلەن سورىدى ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن موماي.

بوۋاي ئايالىنىڭ بۇ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ سىرتقا ماڭدى. ئۇ كۆڭلىگە پۈككەن ھەرقانداق ئىشنى ئايالىغا ئالدىراپ ئاشكارىلىمايتتى. بۇ ئۇنىڭ كونا ئادىتى ئىدى. موماي ئۇنىڭ بۇ خۇيىنى ئوبدان چۈشىنەتتى، ئەلۋەتتە.

بوۋاي ئۆيدىن چىقىپ باغنى بىر قۇر ئارىلىدى. ھەربىر تۈپ مېۋىلىك دەرەخنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ساناپ چىقتى. ئاندىن خېلىلا كۆكلەپ چىققان يايپېشىل بۇغداي ئېتىزلىقىغا باردى. بۇغدايلىقنى بىر قۇر ئايلانغاندىن كېيىن، كېۋەز تېرىش ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويغان ئاختارمىلىقىقا يول ئالدى. ئۇ ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان بارلىق يەرلەرنى بىر قۇر ئايلاندى. تەخمىنەن ئۆلچىدى. كۆڭلىدە نېمىنىدۇر ھېساب قىلدى. ئۇ باشقىلارنىڭ كېۋەز تېرىيدىغان يېرىگە ئالدىراش ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ تېخىچىلا قاغجىراپ، ئەتىياز كەلگەندىن بېرى تېخى بىر كەتمەن چېپىلمىغان ئېتىزلىرىغا كۆزى چۈشكەندە قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كەتتى. «خەپ، بۇ ھۆرۈن ئېشەكلەرنىڭ ئەمدى ئىشلىمەي لاغايلاپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ باقاي. قېنى بۇنىڭدىن كېيىن ئىشلىمەي بوسۇغامغا ئاش ـ نان دەپ كەلسۇنچۇ.» ئۇ ئەنە شۇلارنى پىچىرلىغىنىچە گۈس ـ گۈس دەسسەپ ئۆيىگە قايتتى.

## 2

بوۋاي ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، مومىيىغا تاپىلىغان ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلانغان، كەتمەن، ئورغاق، تاغار، ئارغامچا، ئوتىغۇچ... قاتارلىق دېھقانچىلىق قوراللىرى خۇددى كۆرگەزمىگە قويۇلغاندەك رەتلىك تىزىلغانىدى. بوۋاي بۇلارنى مەمنۇنىيەتلىك بىلەن كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ سارغۇچ ئۆچكە ساقىلىنى تۇتاملاپ بىر ئاز خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ئەمدىلا ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، ئۆگزىدە ئىسقىرتقىنىچە كەپتەر ئۇچۇرۇۋاتقان كەنجىسىنى توۋلىدى:

— ھاي خۇنپەر، چۈش پەسكە.

بار ئەس ـ يادى كەپتەر ئۇچۇرۇش بىلەن بولۇپ كەتكەن كەنجى ئوغلى دادىسىنىڭ ئاۋازىنى پەقەتلا ئاڭلىمىدى. بوۋاي غەزەپ بىلەن يەردىن بىر تال چالمىنى ئېلىپ، كەنجىسىنى نىشانلاپ ئاتتى ـ دە، يەنە ۋارقىرىدى:

— ھوي، سېنى پەسكە چۈش دەۋاتىمەن نان قېپى. ھېلى بوينىدىن ئۈزۈپ تاشلايمەن بۇ نەرسىلىرىڭنىڭ بىكار.

كەنجى دۈمبىسىگە تەگكەن چالمىدىن چۆچۈپ كەينىگە قارىدى ـ دە، دادىسىنىڭ غەزەپلىك ئەلپازىنى كۆرۈپ، قولىدىكى قاپاقنى شاراقشىتىپ، كەپتەرلىرىنى ئۆگزىگە قوندۇرغاچ پەسكە چۈشتى.

— قېنى ئاكاڭ؟ — دېدى بوۋاي شوتىدىن چۈشۈۋاتقان كەنجىسىگە ۋارقىراپ.

— ئۇخلاۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى كەنجى بوشقىنا.

— كېچىدىن ئۇخلىماي نەگە بېرىپتىكەن؟

— ...

— قاچان پەيدا بولدى؟

— ھېلى...

— ماڭ، ئويغات ئۇ بەزگەكنى...

كەنجى ئوغلى دادىسىنىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپلا، ئوتتۇرانچى ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. بوۋاينىڭ هويلىسىدا ئىككى ئېغىز ئېغىلنى چىقىرىۋەتكەندە، يەنە ئالتە ئېغىز ئۆي بولۇپ، بۇنىڭ ئىككى ئېغىزىدا چوڭ ئوغلى بىلەن كېلىنى، قالغان ئىككى ئېغىز ئۆيدە ئوتتۇرانچى ئوغلى بىلەن كەنجى ئوغلى تۇراتتى. كەنجى ئوغلى ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپلا يېنىپ چىقتى.

— بىر دەم ئۇخلىۋالاي دەيدۇ.

— ئۇخلىۋالاي؟ — بوۋاي كەنجى ئوغلىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپلا يەردىن بىر تال شۇپۇڭنى ئالدى ـ دە، ئوتتۇرانچىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

— هۇ هۇرۇن ئېشەك. مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئۇيقۇغا تويماپتۇمۇ.

ئۆيدىن شۇپۇڭنىڭ شاق ـ شۇق قىلغان ئاۋازى بىلەن تەڭ ئوتتۇرانچى ئوغۇل ئوقتەك ئېتىلىپ سىرتقا قېچىپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزارغانىدى.

— ماڭ، گۆشىيىپ تۇرماي يۈزۈڭنى يۇيۇپ ئۆيگە كىر، گەپ بار، — دېدى بوۋاي ئۆزىدىن تېخىچىلا هەزەر ئەيلەپ تۇرغان ئوتتۇرانچى ئوغلىغا ۋە تاماشا كۆرۈپ هىجىيىپ تۇرغان كەنجىسىگە بۇيرۇق قىلدى:

— سەن چاپسان بېرىپ چوڭ ئاكاڭنى باشلاپ كەل. هەرقانداق زۆرۈر ئىشى بولسىمۇ قويۇپ دەرهال كەلسۇن. ئۆزۈڭمۇ يېنىپ كەتمەي بىللە كەل. ئەگەر يوقاپ كەتسەڭ ئۇشۇقۇڭنى چېقىۋېتىمەن.

يېرىم سائەت ئۆتمەيلا بارلىق ئائىلە ئەزالىرى جەم بولدى. ئۇلار داستىخاندا بىرلىكتە ئولتۇرۇپ مومايىنىڭ ئەتكەن مەززىلىك نېرىن چۆپىنى ئىشتىها بىلەن يېيىشتى. بوۋاي داستىخان ئۈستىدە ئوغۇللىرىغا ئاق ـ كۆك گەپ قىلمىدى. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئوغۇللار بۇرۇنقى ئادىتى

بويىچە دۈئادىن كېيىنلا قوزغىلىپ سىرتقا ماڭماي، دادىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ جىمجىت ئولتۇرۇشتى. بوۋاي ئۆزىدىن جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان ئوغۇللىرىغا تەكشى بىر قۇر قاراۋالغاندىن كېيىن، چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ، كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى.

— بالىلىرىم، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى يۇمشاقراق چىقىرىشقا تىرىشىپ، — ئاناڭلار بىلەن مەن سىلەرنى تۇغۇلغان ۋاقتىڭلاردىن تارتىپ تاكى هازىرغىچە يېمەي يېدۈرۈپ، كىيمەي كىيدۈرۈپ، موهتاجلىقنىڭ دەردىنى تارتقۇزماي چوڭ قىلدۇق. ئوقۇتتۇق، مانا ئەمدى ئالدىڭلارنىڭ يېشى ئوتتۇز بەش، كەينىڭلارنىڭ يېشىمۇ يىگىرمە بەش، ئوتتۇزغا ئولىشىپ، ئۆزۈڭلارنىڭ كۈنىنى ئۆزۈڭلار ئالغۇدەك بولدۇڭلار. ئاناڭلار بىلەن مەنمۇ قېرىپ‌كەتتىمىز. پۇت - قولىمىزدىن ماغدۇرىمىز قېچىپتۇ. بىز سىلەر تۇغۇلغان ۋاقىتتا هەرنېمە بولسا بالىمىز ئوغۇل تۇغۇلدى دەپ سۆيۈنگەن، نى - نى ئارزۇ - ئارمانلارنى كۆڭلىمىزگە پۈككەندۇق. سىلەرمۇ كۆردۈڭلار. يەتتە - سەككىز يىلدىن بېرى سىياسەت كەڭرى، ئادەملەر ئەركىن بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە هۆكۈمەت تېرىلغۇ يەرنىمۇ پۈتۈنلەي قولىمىزغا بېرىۋېتىپ، خالىغىنىڭچە ئىشلەپ باي بول، ۋەج، ئوقەت تاپ، ئادەمدەك ياشا دەپ، بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى هازىرلاپ بەردى. بىراق، سىلەر تا هازىرغىچە ئويۇن - تاماشا بىلەن ئۇيقۇدىن باش ئالالمىدىڭلار، تەڭتۇشلىرىڭلارغا قاراپ بېقىڭلار، بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئۇلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ سىلەر نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ بۇ هەقتە ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟ ئويۇن - تاماشا دېگەن ئىت تالاشتۇرۇش، كەپتەر ئۇچۇرۇش، راهەت دېگەن ياستۇقتىن باش كۆتۈرمەي ئۇخلاش ئەمەس. قاراڭلار، تەڭتۇشلىرىڭلارنىڭ ئالدى موتەك (موتوسىكلىت) كەينى تاي مىنىۋاتىدۇ. ئوغلاق تارتىش، ئات بەيگىلىرىگە چۈشۈۋاتىدۇ. تىراكتور - ماشىنىلارنى هەيدەۋاتىدۇ. بىراق، سىلەرچۇ؟ سىلەر

تا ھازىرغىچە دەماللىققا مىنگىلى بىر مايماق ئىشەككىمۇ ئۈلىشالمىدىڭلار. ئوغۇل بالا دېگەن ئۇنداق تارتسا سوزۇلىدىغان، قويۇپ بەرسە يىغىلىدىغان لىڭتاسما بولمايدىغان. ئىشنىمۇ گۈرسۈلدىتىپ قىلىپ، پۇلنىمۇ سىقىملاپ تېپىپ، كىيىم - كېچەكنىمۇ نوچى كىيىپ، تاماشىنىڭمۇ ئىسىلىنى قىلىپ يۈرگۈلۈك. ھازىر سىلەرگە قارىسام نومۇسۇم كېلىدۇ. بىرسىگە ئوغلۇم بار دېيىشكىمۇ تىلىم بارمايدۇ. يېشىڭلار بىر يەرگە بېرىپ قالدى. تېخىچىلا سايەڭلەر ئىككى بولمىدى. خوتۇن ئېلىش ئۈچۈنمۇ پۇل لازىم بولىدۇ. يېنىڭ توم بولسا خەقنىڭ قىزلىرىغىمۇ يۈرەكلىك كۆز قىسقىلى بولىدۇ، ھۆرۈن، گاداي ئادەمدىن ھازىر ھۆكۈمەتمۇ، ئەل ـ جامائەتمۇ، ھەتتا خۇدامۇ بىزار. مەن ئەتىگەندىن بېرى ئۇزاق ئويلىنىپ، ئاخىر ھەرقايسىڭلارنىڭ تېگىشلىك يېرىنى ئۆزۈڭلەرگە بۆلۈپ بېرىشنى قارار قىلدىم. ھەرقايسىڭلارغا تېگىشلىك دېھقانچىلىق قوراللىرىنىمۇ ئايرىپ بېرىمەن. بۈگۈندىن باشلاپ ئاناڭلار چوڭ ئۆيدە ئوپچە تاماق ئەتمەيدۇ. ھەرقايسىمىز ئۆزىمىزنىڭ يېرىگە ئۆزىمىز ئىشلەيمىز. چىققان مەھسۇلاتقىمۇ ئۆزىمىز ئىگە بولىمىز. تاماقنىمۇ ئايرىم ئېتىپ يەيمىز. ئۆيگە قورسىقىڭلار ئېچىپ كىرسەڭلار بىر توغرام نان بەرمەيمەن. ئىشلەشكە خۇشياقماي ئاچ قالساڭلار ۋىجدانىڭلار كۆتۈرسە نان تىلەپ يەڭلار، ھەققىي يىگىتتەك ياشايمىز دېسەڭلار كۆپرەك مېھنەت قىلىڭلار. شۇنىمۇ ئوچۇق دەپ قويايكى، مېنىڭ سىلەرنى ئۆيلەپ قويغۇدەك پۇلۇم يوق. ئەگەر خوتۇن ئالالىغۇدەك ماغدۇرۇڭلار بولسا ئىشلەڭلار. ھالال مېھنىتىڭلاردىن پۇل تېپىڭلار. ئەنە شۇ چاغدا تويۇڭلاردا ئاتا بولۇپ تۇرۇپ بېرىمەن. گەپ شۇ بالىلىرىم. ھازىر ئەتىياز پەسلى. بىر يىللىق ئىشنى باشلايدىغان پەيت. قېنى سىرتقا چىقىپ ھويلىدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى بىردىن ئېلىڭلار، ھەرقايسىڭلارغا ئورمىغىچە يەتكۈدەك ئاشلىق بېرىمەن. قېنى ئەمدى ئېتىز بېشىغا بېرىپ يەر ئۈلىشەيلى.

ئۈچ ئوغۇل دادىسىنىڭ تۇيۇقسىز ئېيتقان بۇ سۆزلىرىدىن دەسلەپ ھەيران قالدى. كېيىن خىجىللىقىنىمۇ ئەيتاۋۇر پوكاندەك قىزاردى. موماي دەسلەپ بوۋاينىڭ سۆزىدىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي ھەيران قالغان بولسىمۇ، كېيىن بىر نەرسىنى ھېس قىلغاندەك رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتتى.

يەر، ئاشلىق، دېھقانچىلىق قوراللىرى ھەركىم رازى بولغۇدەك تەقسىملەندى. بوۋاي ئاخىرىدا، كىمكى ئىشلىمەي يېرىنى ئاق تاشلاپ قويسا، شۇنىڭ يېرىنى كەنت باشلىقىنى تېپىپ كېلىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتتى.

بۇ كۈنى كەچ ھويلىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. چوڭ ئوغۇل ئايالى بىلەن ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ خېلى ئۇزاق كۇسۇرلاشتى. ئوتتۇرانچى ئوغۇل ئەتىۋارلىق ئىتىغا تاماقمۇ بەرمەستىن، كارىۋاتتا ئوڭدىسىغا ياتقىنىچە چوڭقۇر خىيالغا پاتتى. كەنجىسى بولسا كەپتەرلىرىنى ئۇچۇرۇپ ئويناشنىمۇ ئۇنتۇغانىدى. ھازىر ئۇلارنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. پۈتكۈل ھويلا سۈكۈتكە چۆمگەنىدى.

## 3

ئەتىسى تاڭ سەھەردىلا ھويلىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭى بىر مەنزىرە بارلىققا كەلدى.

چوڭ ئوغۇل يىل بويى كۆرپىدىن مىدىرلىماي ياتىدىغان كېسەل ئايالىنى ئېلىپ، ئېتىز بېشىغا چىقىپ كەتكەنىدى. كۈندە بۇ چاغدا ھېچنېمىنى تۇيماي ئۇخلايدىغان ئوتتۇرانچى ئوغۇل بىلەن كەنجى ئوغۇل ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، ئوتتۇرانچى ئوغۇل ئۆينىڭ ئىچىدە بىرنېمىلەر بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى. كەنجى ئوغۇل بولسا ئالدىراش ھالدا كەپتەر خانىنىڭ ماياقلىرىنى سىرتقا چىقىرىۋاتاتتى. بامدات نامىزىدىن

يانغان بوۋاي بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ رازىمەنلىك بىلەن كۈلدى ۋە ئۆزىمۇ كېۋەز يېرىگە ئىشلەش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى.

كەچ تەرەپتە ئىشتىن قايتىپ كەلگەن بوۋاي ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭ ئىشىكىنىڭ قۇلۇپلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئەجەبلەندى. نېمە ئىشلىقىنى بىلەلمەي قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە چاي قاينىتىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقان كەنجىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ سورىدى:

— ئاكاڭ نەگە كەتتى؟ — دېدى ئۇ ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭ ئۆيىنى قولى بىلەن ئىما قىلىپ تۇرۇپ.

— شەھەرگە كەتتى، — دېدى كەنجى ئوغلى پەرۋاسىزلا.

— شەھەرگە؟ — بوۋاينىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى، — نېمىگە كەتتى؟

كەنجى ئوغلى دادىسىنىڭ چىرايىدىكى ئالامەتلەرنى كۆرۈپ، بىر ئاز ئويلىنىۋالدى ـ دە، ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشنى زۆرۈر تاپتى.

— ئاكام شەھەرگە ئىشلەشكە كەتتى، — دېدى ئۇ ئوچاققا ئوتۇن سالغاچ، — بىز ئاخشام ئاكام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كېلىشكەن. ئاكامنىڭ يەر تېرىغۇسى يوق ئىكەن. كىچىككىنە يەرگە ھەممەيلەن باغلىنىپ تۇرمايلى. مېنىڭ يېرىمنى سەن قوشۇپ تېرىغىن، مەن شەھەرگە كىرىپ قۇرۇلۇشلاردا ئىشلەيمەن. ھازىر شەھەرلەردە قۇرۇلۇش كۆپىيىپ كەتتى. سوغۇق چۈشۈپ بولغۇچە بىر ـ ئىككى مىڭ يۈەنگە ئىشلىۋالغىلى بولىدۇ دەيدۇ، — كەنجى ئوغلى سۆزىدىن توختاپ دادىسىنىڭ چىرايىغا سەپسالدى. ئۇ بوۋاينىڭ چىرايىدىن ھېچقانداق ئالامەتنى سەزمىگەندىن كېيىن ئاستا يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاكام ماڭا، دادام كەلسە دەپ قويغىن، خوشلاشماي كەتكەنلىكىم ئۈچۈن خاپا بولمىسۇن، كۈزلۈككە دادامنىڭ ئالدىغا باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ كەلمىسەم ھېساب ئەمەس، دەيدۇ.

كەنجى ئوغلىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى بوۋاينىڭ يۈرىكىدە قاتتىق بىر داۋالغۇش پەيدا قىلدى. ئۇ ۋۇجۇدىدا كۈچلۈك بىر ھاياجاننىڭ قوزغالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— ئاكاڭنىڭ يېرىنى سەن تېرىپ كېتەلەمسەن؟ — دەپ سورىدى بوۋاي ئىچكى ھېسسىياتىنى زورغا بېسىپ تۇرۇپ.

— تېرىيالايمەن، — دېدى كەنجى ئوغلى ئويلىنىپ تۇرمايلا، — مەن چوڭ ئاكام بىلەن كېلىشتىم. ئىككىمىزنىڭ كېۋەز تېرىيدىغان يېرىمىزنى چوڭ ئاكام قوشۇپ تېرىيدىغان، ئۇنىڭ قوغۇن تېرىيدىغان يېرىنى مەن تېرىيدىغان بولۇپ كېلىشتۇق. چوڭ ئاكام پۈتكۈل ياز بويى كېۋەز بىلەنلا ھەپىلىشىدۇ، مەن يالغۇز قوغۇن بىلەنلا بولىمەن.

— قوغۇن تېرىش ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس، — دېدى بوۋاي كەنجى ئوغلىغا گۇمانلىق نەزىرى بىلەن قاراپ، — يەممىچە، قوغۇن تېرىپ ئوخشىتىشقا كۆزۈڭ يېتەمدۇ؟

— بۇ تەرەپلىرىدىن خاتىرجەم بولۇڭ، دادا، — دېدى كەنجى ئوغلى ئويلىنىپ تۇرمايلا، — بىلمىگەن يەرلىرىمگە سىز بار ئەمەسمۇ؟

بوۋاي شۇنچە يىلدىن بېرى كەنجى ئوغلى بىلەن پاراڭلىشىپ، بۈگۈن تۇنجى قېتىم كۈلدى.

— ئاكاڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى تولۇق ئالدىمۇ؟ — دېدى ئۇ بىر نەرسىدىن خاتىرجەم بولالمىغاندەك ئويلىنىۋېلىپ.

— تولۇق ئالدى.

— يوتقان - كۆرپىسىنىچۇ؟

— ئۇنىمۇ ئالدى.

بوۋاي كۆڭلى تىنغاندەك خاتىرجەم ھالدا ئۆز ئۆيى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

## 4

ۋاقىت بۇ ھويلىدىكىلەرگە تولىمۇ تېز ئۆتكەندەك بىلىنەتتى. ھەممەيلەن ئالدىراش، كۈنبويى بىرمۇ بىكار ئادەمنى ئۇچراتقىلى

بولمايتتى. چوڭ ئوغۇل ئايالى بىلەن كىيىۋەزلەرنى ئوتاش، تاقلاش، ئۇللاش، پەرۋىش قىلىش بىلەن كۈنبويى مەشغۇل. كەنجى ئوغلى بولسا تورغاي چۈچىلىماستىلا ئويغىنىپ كېتىدۇ ـ دە، چاي بىلەن قۇرۇق ناننى ناشتا قىلىپلا قوغۇنلۇققا يۈگۈرەيدۇ. دادىسىنىڭ ئۆگىتىپ قويغىنى بويىچە ياۋا شاخلارنى پۇتايدۇ. چۆنەكنى بوشىتىدۇ. گاھى ئەتىگەنلىرى ئويغىنالماي ئۇخلاپ قالغۇدەك بولسا بوۋاي ئاستا ئىشىكنى چېكىپ قويىدۇ. بۇ يېنىككىنە ئىشىك چېكىشتىن گويا بىرسى بېشىغا كېلىپ ۋارقىرىغاندەك چۆچۈپ ئويغىنىدۇ ـ دە، قوغۇنلۇققا يۈگۈرەيدۇ. گاھى ـ گاھى دادىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ ئۆيىدە تاماق يېگىنىدىن باشقا ۋاقىتلاردا پۈتۈنلەي ئۆزى تاماق ئېتىپ يەيدۇ، كىمىر ـ قاتلىرىنى ئۆزى يۇيىدۇ. تېخى توسقىنىغا ئۇنىماي دادىسىنىڭ ئوتۇن يېرىش، ئانىسىنىڭ سۇ ئەكىرىش ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. بوۋاي بىلەن موماينىڭ چىرايىدا مەمنۇنىيەت كۈلكىسى جىلۋە قىلىدۇ.

ئەنە شۇ تەرىقىدە ئۇلار سېخىي ئالتۇن كۈزنى خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋېلىشتى. چوڭ ئوغۇل ئەللىك تاغاردىن ئارتۇق كېۋەز ساتتى. پۇلىغا ئىككى غۇنجىن ئېلىپ سۈنئىي ئەسلىلەندۈردى. قالغان پۇللىرىنى بانكىدا قويدى. كەنجى ئوغلىنىڭ قوغۇنلىرى تېخىچىلا شەھەرگە ماشىنا ـ تىراكتورلار بىلەن يۆتكەلمەكتە.

بوۋاينىڭ هازىرقى غېمى پەقەت ئوتتۇرانچى ئوغلىدىلا، چۈنكى ئۇ پۈتۈن بىر ياز ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاپ چىقىپمۇ قويمىدى. كۆرگەن ـ ئۇچرىغانلار بوۋاينىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلغۇدەك خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا دېگەندەك، يەنىلا بوۋاينىڭ كۆڭلىنىڭ مەلۇم جايلىرى گۇمانلىق، تەشۋىشلىك، موماينىڭ خەقىشلىرى بولسا ئاندىن يامان.

www.uyghurkitap.com

ئىنسان ئۆچۈن ئۆز ئەجرىنىڭ مېۋىسىنى كۆرگەندىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق بولمىسا كېرەك. نويابىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى بوۋاينىڭ بۇ ئۆيى باشقىچە تۈس بىلەن يەنە بىر جانلاندى. چوڭ ئوغۇل بالىلىرى بىلەن ئۆگزىگە تېلېۋىزور ئانتېنناسى تىكلىمەكتە. كەنجى ئوغلىنىڭ ئۆيىدە قوش كانايلىق ئۈنئالغۇدىن «چىمەن ئىچىدە» دېگەن ناخشا يېقىملىق جاراڭلىماقتا. ئۇچىسىغا كاستۇم - بۇرۇلكا، پۇتىغا شىبلىت، چىرايلىق چاچ قويۇپ ياسىنىۋالغان بېشىغا كەپكە كىيىۋالغان ئوتتۇرانچى ئوغلى بىلەن بوۋاي قانماي پاراڭلاشماقتا. موماي بولسا پولۇ دەملەش ھەلەكچىلىكىدە.

— شۇنداق قىلىپ، نەق ئۈچ مىڭ يۈەن تېپىپ كەلدىم، دېگىن، — دېدى بوۋاي ئوغلىغا رازىمەنلىك بىلەن قاراپ، — بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇلۇشقا ئىشلىگەن ھەققىڭمۇ؟

— شۇنداق، دادا.

— بىرەر ھارام سودا ئارىلىشىپ قالغان بولمىسۇن يەنە.

— ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز قەسەم قىلىپ بېرەي، دادا. بۇ پۇللارنىڭ ئارىسىدا ھارام پۇل يوق. ھەممىسى ھالال ئەمگىكىم بەدىلىگە كەلگەن.

— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟ ئۆيلەپ قويامدۇق؟

— ھازىرچە ئۆيلەنمەي تۇرايمىكىن. كاللامغا مۇنداق بىر ئوي كېلىۋاتىدۇ. شەھەردە يېقىندا بىر قىسقا مۇددەتلىك ئېلېكتىر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش كۇرسى ئېچىلىدىكەن. مەن بۇياققا مېڭىش ئالدىدا شۇ كۇرسقا تىزىملىتىپ قويۇپ كەلگەن. ئاۋۋال ئوقۇپ، قورسىقىمغا ئازراق ھۈنەر سولىۋېلىپ، پۇلنىڭ بىر قىسمىغا كېتەرلىك رېمونت سايمانلىرىنى سېتىۋېلىپ، يېزا بازىرىدا بىر رېمونتچىلىق دۇكىنى ئاچايمىكىن دەيمەن. ھازىر يېزىلاردا ئۈنئالغۇ، كىرئالغۇ، تېلېۋىزورلار كۆپىيىپ كەتتى. ئەمما، ئۇ نەرسىلەر بۇزۇلۇپ قالسا، جاپا تارتىپ شەھەرگە ئەكىرمىسە، يېزىدا رېمونت قىلغۇدەك بىرمۇ دۇكان يوق ئىكەن.

— شۇ ھۇنەرنى ئۆگىنىشكە كۆزۈڭ يېتەمدۇ؟

— يېتىدۇ، مەنمۇ تولۇق ئوتتۇرىغىچە ئوقۇغان ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ ھۇنەرگە ئائىت يېزىلغان ئۇيغۇرچە كەسپىي كىتابلارمۇ بار ئىكەن.

كۆن ئولتۇرغۇچە قىلىشقان بۇ سۆھبەت بوۋاينىڭ كۆڭلىگە شادلىق بېغىشلىدى. ئاخشاملىرى يېزا مەدەنىيەت ئۆيىدىن كېلەلمەيدىغان بولۇپ قالغان كەنجى ئوغلىمۇ، دادىسىنىڭ توينى قىلىپ قويۇش ئۈچۈن سالغان مەسلىھەتىگە: «ئاۋۋال بىر - ئىككى يىل يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىغا ئائىت كەسپىي بىلىملەرنى ئىگىلىۋېلىپ، ئاندىن توي قىلساممىكىن، دادا» دەپ سىلىققىنا جاۋاب بەرگەندى. مانا ئەمدى ئوتتۇرانچىسىمۇ ئۇنىڭغا كۆڭۈلنى خۇش قىلغۇدەك جاۋابلارنى بېرىۋاتاتتى.

ئاشنى پىشۇرۇپ بولغان ئانا ئوغۇللىرىنى، كېلىنىنى، نەۋرىلىرىنى باشلاپ كىردى.

— قېنى ھېلىقى بۇلبۇلۇڭنى ئەكىرىپ سايرىتىۋەتمەمسەن؟ — دېدى بوۋاي ئەمدىلا كىرگەن كەنجى ئوغلىغا چاقچاق قىلىپ. كەنجى ئوغۇل ئۇنتۇلغۇنى ئەكىرىپ داستىخان ئۈستىدە قويۇپ قويدى. ئۇنىڭدىن يېقىملىق، لەرزان بىر كۈي ياڭرىماقتا ئىدى.

— رەھمەت، بالىلىرىم، — دېدى بوۋاي ئالدىدا ئەدەپ بىلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ئوغۇللىرىغا رازىمەنلىك بىلەن قاراپ، — ئەمدى ھەقىقەتەن ئاتاڭلارنىڭ ئوغلى بولدۇڭلار، مەن سىلەردىن رازى.

— مەنمۇ ئاق سۈت بەرگىنىمگە رازى.

لېگەندە ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان پولۇنى ئەكىرىۋاتقان ئانا بوۋاينىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى - دە، ئاشنى داستىخانغا قويدى. ئۆينىڭ ئىچىنى مەززىلىك پولۇنىڭ ھىدى قاپلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇھەببەت گۈلگە ئوخشايدۇ

ئادەملەر ئالدىراش مېڭىشىدۇ، خۇددى ھاشار چۈمۈلىلىرىدەك. چوڭ ـ كىچىك ئاپتوموبىللار تىنىمسىز ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ، خۇددى ئەزرائىلنىڭ مۇدھىش سايىسىدەك. ئېگىزلىرى تەكەببۇر كىشىلەردەك غادايغان، پاكارلىرى ھاجەتمەن، موھتاج كىشىلەردەك تۈگۈلگەن. سانجاق ـ سانجاق ئىمارەتلەر شەھەرنى بەئەينى ھەرە كۆنىكىگە ئوخشىتىپ قويغان. غەمسىز، شاد ـ خۇرام كىشىلەر ئۇچۇن بۇ بەلكىم ھەسەل ھەرىسىنىڭ كۆنىكىدۇر. ئەمما، موھتاجلار ئۈچۈن، ۋۇجۇدقا ھەسرەت ـ نادامەتلىك تۇيغۇلارنى ھاپاش ئەتكەنلەر ئۈچۈن يەنىلا ئوششۇك ھەرىسىنىڭ كۆنىكى، خالاس.

تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ھاشار چۈمۈلىسىگە، ھەسەل ھەرىسىگە، ھەتتا ئوششۇك ھەرىسىگە ئايلانمىغان كىم بار؟! مەنمۇ ھەم شۇلارنىڭ بىرسى. يۈرىكىمگە تاتلىق ئەسلىمە، ھەسرەتلىك كەچمىش، شېرىن ئارمانلار توختىماي ئېكەك سېلىۋاتىدۇ. ئازاب ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ ياشاش كېرەك. ھاياتنى سۆيمىگەن، كەلگۈسىگە ئۈمىد باغلىمىغان ئىنسان ئەمەسقۇ ئاخىر...

قۇلاق تۈۋىمگە مۇشت بىلەن ئۇرغاندەك ئاڭلىنىدىغان ماشىنا سىگنالى باش ـ ئاخىرى يوق خىياللىرىمغا بەرھەم بەردى. ئېسىمنى يىغىپ ئەتراپىمغا ئەلەڭلەپ قارىدىم. ئاپپاق پىكاپتا رولنى مەھكەم تۇتۇپ ئولتۇرغان چىرايلىق جۇۋاننىڭ نەشتەردەك تىكىلگەن كۆزلىرى يۈرىكىمنىڭ قات ـ قېتىدىن تىتىپ ئۆتتى. خورلۇقتىنمۇ ياكى غۇرۇرۇمنىڭ ھاقارەتلىنىشىدىنمۇ ئاچچىق

تولغاندىم. شوپۇر جوۋاننىڭ كۆزلىرى ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى. خۇددى سىنىڭ كۆزۈڭدەكلا، پەرقى، ئۇنىڭ كۆزىدىن دەھشەت ياغاتتى. سىنىڭ كۆزۈڭدىن بولسا مېھىر - ئاتەش بالقىيتتى، ھەرقانداق نەرسە چىرايلىق بولسىلا ھېساب ئەمەس ئىكەن دېسە.

— ماڭا قارىسىلا، يولدىن يېتىلەپ ئۆتكۈزۈپ قويامدىم يا؟ تېخىچىلا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغىنىمنى بىلدىم.

كىممۇ ئۇنىڭ كۆزىنى سىنىڭ كۆزۈڭدەك چىرايلىق بولسۇن دەپتۇ؟! ئاز كەلگەندەك ئۇنىڭ لېۋىمۇ سىنىڭ لېۋىڭدەك چىرايلىق ئىدى. ئەمما، بۇ چىرايلىق لەۋدىن زەھەر تامدى. «ماڭا قارىسىلا، يولدىن يېتىلەپ ئۆتكۈزۈم قويامدىم يا؟» جاھاندا بۇنىڭدەك ئاڭلىماقا سىپايە، ئەمما زەھەردەك گەپ بولامدۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە توپتوغرىلا ھاقارەتلىگەن بولسا بۇنچىلىك جان - جىنىمدىن ئۆتۈپ كەتمەس ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ ياخشى - يامان سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى ئاشۇنداق تولىمۇ سىپايە. ئۇنىڭ قېتىغا يوشۇرۇنغان ھەسەل بىلەن زەھەرنى ئايرىمىقىڭ تەس، چىدىماي ئامالىڭ يوق.

قەدەملىرىمنى تېز - تېز يۆتكەپ يولنىڭ چېتىگە چىقىۋال-دىم. چىرايلىق جوۋان ئاپپاق پىكاپنى قوزغىغىنىچە كۆزدىن غايىب بولدى.

شەھەردە ئادەملەر شۇنچىلىك ئالدىراش، ئاللىقانداق مەقسەت - مۇددىئالارنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى يوق. ھېچكىمنىڭ دەردى ھېچكىمنىڭ دەردىگە، ھەسرىتى ھەسرىتىگە ياماق بولالمايدۇ، يىغلىغىنىڭغا بۇلۇت ياش تۆكمەيدۇ، ئاھ ئۇرغىنىڭغا زېمىنغا ئوت كەتمەيدۇ، غەزەپلەنگىنىڭگە دەريا - كۆللەر مۇزلىمايدۇ. كىملەردۇر ئالدىراش ھەسەل يىغىدۇ، كىملەردۇر دەردى بىلەن نەشتەر ئۇرۇپ زەھەر چاچىدۇ. گاھى ھەسەل تېتىساڭ، گاھى زەھەر تېتىيسەن، ھارساڭمۇ، ئاچساڭمۇ، ھالىڭدىن كەتسەڭمۇ ئىككى پۇتۇڭنى

ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرۇشۇڭ كېرەك. ھەسرەت ئۇچۇنمۇ مېڭىش كېرەك، ھەسرەتتىن قۇتۇلۇش ئۇچۇنمۇ مېڭىش كېرەك؛ مەلۇم مەنزىلگە يەتكەندە بەلكىم ھەسرەتنى ۋاقىتلىق ئۇنتۇپ قالىسەن. شۇنداق، ھەسرەتمۇ، خۇشاللىقمۇ مەڭگۈلۈك ئەمەس، غالىبىيەت بىلەن مەغلۇبىيەت مەڭگۈلۈك بولمىغىنىغا ئوخشاش.

ھەئە، ھېلىقى شوپۇر جۇۋان كەتتى، ئاپپاق پىكاپنى ھەيدەپ غايىب بولدى. ئەمما، كۆز ئالدىمغا سىنىڭ ھاۋا رەڭ رومال، ھاۋارەڭ كۆڭلەككە ئورالغان نازاكەتلىك قامىتىڭ كېلىۋالدى.

سەن ھاۋا رەڭ كىيىم كىيىشكە ئامراق ئىدىڭ، بۇ رەڭ سېنى تېخىمۇ لاتاپەتلىك، تېخىمۇ نازاكەتلىك كۆرسەتتەتتى. ھاۋا رەڭ رومال بىلەن ناۋات رەڭ جامالىڭ تېخىمۇ جۇلا تاپاتتى، شۇڭىمۇ ھاۋا رەڭ كىيىم كىيگەن قىز – جۇۋانلار كۆزۈمگە باشقىچە سۆيۈملۈك كۆرۈنەتتى، خۇددى ئالدىمدا سەن پەيدا بولۇپ قالغاندەك.

يەنە ھاڭۋىقىپ قالدىم. ياق، غەزەپلەندىم، يۈرەك – باغرىمنى ئاچچىق بىر تۇيغۇ تىلغاپ ئۆتتى...

قىز ياڭاشتاق ئىدى. خېنە قويۇۋالغان قىزغۇچ بۇدۇر چاچلىرى ئاق قۇدەك بويۇنلىرىنى ياپقان، مەجنۇنتال نوتىلىرىدەك زىلۋا قامىتىگە ھاۋا رەڭ كۆڭلەك شۇنداق ياراشقانىدى. ئۇ سەن ئىدىڭ، ياق، ئۇ ساڭا ئوخشايتتى. سەندەك تولىمۇ نازاكەتلىك ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئالدىدىكى غادىيىپ تۇرغان تەكەببۇر يىگىت مەن ئەمەس ئىدىم.

ھەئە، يىگىت رەھىمسىزلىك بىلەن قىزغا قول شىلتىيتتى. قارچىغا كۆزلىرىدىن بىر خىل كۆرەڭلىك بالقىيتتى. قىز ئەتراپقا نومۇس، ھايا ئارىلاش تەرزدە قاراپ قويۇپ يىگىتكە يېلىناتتى، سېنىڭكىدەك چىرايلىق كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ قالغانىدى، ھازىرلا يامغۇر بولۇپ تۆكۈلۈپ چۈشىدىغاندەك.

سۆيگۈ سەۋەبىدىن قىزنى يىغلاتقان يىگىت ئەر ئەمەس، سۆيگۈ سەۋەبىدىن قىزغا گىدىيگەن يىگىت ئەر ئەمەس.

سۆيگۈ سەۋەبىدىن يىگىت قىزغا يېلىنىشى كېرەك.
سۆيگۈ سەۋەبىدىن قىز يىگىتنىڭ ئالدىدا مەغرۇر تۇرۇشى كېرەك.
سۆيگۈ سەۋەبىدىنلا قىز لاتاپەتلىك، نازاكەتلىك، ھايالىق، جەلپكار ھەم ئۇلۇغ...
سۆيگۈ سەۋەبىدىن قىزنى يىغلاۋاتقان يىگىت نامەرد يىگىت، پۇچەك يىگىت، ياق، يىگىتلىك ئۆلچىمىگە توشمايدىغان ئەركەك جىنس، خالاس.
گۈل! بىلىۋاتامسەن؟ مۇشۇ مەنزىرە سەۋەبىدىن يۈرەك ـ باغرىم پۇچىلاندى، خۇددى ئىككىمىز قوقاسقا كۆمۈپ يېگەن ئاقبالداقتەك.
ئالدىڭدا تىترەپ تۇرۇپ سۆيگۈمنى ئىزھار قىلغىنىمدىن پەخىرلىنىمەن، گۈل.
ساڭا سۆيگۈ تەلىپى قويۇپ تالاي قېتىملاپ يېلىنغىنىمنى پەخىرلىنىپ ئەسلەيمەن، گۈل.
ھاۋا رەڭ رومال، ھاۋا رەڭ كۆڭلەك ئارىسىدىكى گۈزەل قامىتىڭنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن كوچاڭنىڭ دوقمۇشىدا سائەت ـ سائەتلەپ كۈتكىنىمدىن پەخىرلىنىمەن، گۈل. ئەنە ئاشۇ كۈتۈشلىرىمدە گاھى ياغقان يامغۇرلار، گاھى ياغقان قارلار، گاھى سوققان جۇت ـ شاماللار ۋۇجۇدۇمغا ھېلىھەم جەننەت ھۇزۇرى بېغىشلايدۇ.
مەن ئاشۇنداق ئاشىق بولغان دەپ جار سالغۇم كېلىدۇ جاھانغا.
مەن ئاشۇنداق بىر قىزغا ئاشىق بولغان دەپ جار سالغۇم كېلىدۇ جاھانغا.
مېنى ئاشۇنداق بىر قىز كۆيدۈرگەن دەپ جار سالغۇم كېلىدۇ جاھانغا.
مەن ئاشۇنداق بىر قىز بىلەن سۆيۈشكەن دەپ جار سالغۇم كېلىدۇ جاھانغا.

ناھايەت، بۇدۇر چاچلىق، ھاۋا رەڭ كۆڭلەكلىك قىزنىڭ كۆزىدىن تارامالاپ ياش تۆكۈلدى. نازۇك قەددى جۇدۇن سوققان ياپراقتەك تىترىدى. سۇندۇرۇۋېتىلگەن تال چىۋىقتەك ئېگىلىپ، بىئىلاجلىق، قىيالماسلىق ئىلكىدە قەدەملىرىنى ئېغىر - ئېغىر يۆتكەپ كېتىپ قالدى، خۇددى چىرايلىق پۇتلىرىغا ئېغىر كۆتەك ئېسىپ قويغاندەك. قارچىغا كۆزلۈك كۆرەڭ يىگىت جايىدا ھېلىمۇ بىپەرۋا تۇراتتى. ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز ئەركەكلىكىنى نامايىش قىلماقچى بولغاندەك لېۋىگە بىر تال تاماكا قىستۇردى، ئوت تۇتاشتۇرۇپ ھۇزۇرلىنىپ شورىدى، ئاندىن يانفونىنى ئېلىپ ئالدىرىماي نومۇر باستى، قۇلىقىغا تۇتۇپ سۆزلەشتى؛ ھاياجانلىنىپ، ھىجىيىپ تۇرۇپ سۆزلەشتى. بۇ تۇرقى تولىمۇ يىرگىنچلىك ئىدى. ھەئە، بۇدۇر چاچلىق، ھاۋا رەڭ كۆڭلەكلىك قىزنىڭ كۆز ياشلىرى قىلچىلىك تەسىر قىلمىغاندەك ئىدى.

ئەبلەخ يىگىت!
ھاياسىز يىگىت!
نامەرد يىگىت!
ماز يىگىت!

ئۇنى بىرىپلا ئەدەپلەپ قويسام بولاتتى. ئاشۇ تۇرقى بىلەن ئىككى پەشۋاغىمۇ يارىمايتتى، لېكىن... لېكىن ئۇنداق قىلالمىدىم.

يىگىتلىك پەزىلەت، يىگىتلىك مەسئۇلىيەتچانلىقنى بىلگەنىكەنمەن، باشقىلارغىمۇ بىلدۈرۈشۈم، ھېس قىلدۇرۇشۇم كېرەك ئىدىغۇ، گۇل. شۇنداق، بۇ ئۆزىنى ئەر — يىگىت چاغلىغانلارنىڭ مەجبۇرىيىتى ئىدى. ئەمما، ئۇنداق قىلالمىدىم. چۈنكى، مۇشۇ سەۋەبلىك ئۇ قارچىغا كۆزلۈك يىگىت بىلەن ئارازلىشىپ قالسام شەھەر تەرتىپىنى ساقلىغۇچىلار ئۇنى ئەمەس

مېنى ئەيىبلەيتتى. «كارىلىرى نېمە؟ ئۇ قىز سىلىنىڭ سىڭىللىرىڭىزمىدى»، «كارىلىرى نېمە؟ بۇ يىگىت سىلىنىڭ ئىنىلىرىمىدى»، «ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشقۇچە ئىشلىرىنى قىلسىلا بولمامدۇ» دېيىشەتتى. قېرىنداشلىق نۇقتىسىدىن ھەر ئىككىسى مېنىڭ ئىنى ـ سىڭىللىرىم ئىدى. مۇشۇ شەھەر جامائەتىنىڭ پەرزەنتى ئىدى. بۇنى چۈشەندۈرسەم مېنى كاللىسىنىڭ سۈيى بار دەپ مەسخىرە قىلاتتى. بەلكىم شەھەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپىنى بۇزدۇڭ دەپ جازاغا تارتىشى مۇمكىن ئىدى.

شۇ كۈنلەردە يىگىتلىرىمىزگە يىگىتلىك مەسئۇلىيەت ھەققىدە سۆزلەش تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قېلىۋاتاتتى، گۈل.

ساڭا بەرگەن ۋەدەم ئېسىڭدىمۇ، گۈل؟

بىر ئۆمۈر چېكەمگە گۈل قىلىپ قىسىمەن، دېگەنىدىم.

بىر ئۆمۈر بۇلبۇلدەك قەھ ـ قەھ ئۇرۇپ كۈلدۈرىمەن، دېگەنىدىم.

بىر ئۆمۈر يۆلىنىدىغان تېغىڭ، ياپلايدىغان بېغىڭ بولىمەن، دېگەنىدىم.

بىر ئۆمۈر يامان كۆزلەردىن قوغدايدىغان پاسىبانىڭ بولىمەن، دېگەنىدىم.

سېنى نېمىشقىمۇ گۈل دەپ ئاتىغان بولغىيدىم؟ نېمىشقىمۇ ئۆمرى تولىمۇ قىسقا ئاشۇ گىياھقا ئوخشاتقان بولغىيدىم؟

ئاغزىمدىن سائەت چىقىپ كېتىشىنى بىلگەن بولسام، سېنى مەڭگۈلۈك تىك قىيالارغا، ئۆزۈمنى ئاشۇ تىك قىيالارغا ماكان تۇتىدىغان بۈركۈتكە ئوخشاتماسمىدىم؟!

سەن چۈشتەك، تولىمۇ شېرىن چۈشتەك مەڭگۈلۈك غايىب بولدۇڭ. گۈلدەك توزۇپ كەتتىڭ.

ھەسرەت ـ نادامەتلىرىمگىمۇ پەرۋا قىلمىدىڭ.

سەن ھېلىقى مەرھۇم شائىرنىڭ مۇنۇ ئىككى مىسرا شېئىرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىڭ.

www.uyghurkitap.com

«پەلەكنىڭ چاقى تۈگمەنمۇ،
ئۇن تارتامدۇ ئادەمدە.»

نېمە ئۈچۈن بۇ ئىككى مىسرا شېئىرنى شۇنچە ياخشى كۆرىدىغان بولغىيدىڭ، گۈل؟

نېمە ئۈچۈن بۇنىڭ سەۋەبىنى سەندىن سورىمىغان بولغىيدىم؟

شۇنداق، ھاياتتا تۇغۇم بار ئىكەن، ئەلۋەتتە ئۆلۈممۇ بار. ئەمدى بىلسەم، سەن ئۆلۈمگە، ئۆلۈمنىڭ قىممىتىگە، ئۆلۈمنىڭ مەنىسىگە ئاشۇ مەرھۇم شائىرغا ئوخشاش سوئال قويۇپ ياشىغانىكەنسەن.

بىلىمەن، ئاشۇ قىسقىغىنا ھاياتىڭدا ئەل - جامائەتنى، جاھاننى تاڭ قالدۇرغۇدەك ئىشلارنى قىلالمىدىڭ. ئەمما، بۇنىڭ بىلەن ھاياتىڭنى مەنىسىز، ئۆلۈمۈڭنى قىممەتسىز دېيىشكە ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق. چۈنكى، قىزلىق لاتاپەت، شەرم - ھايا، ساداقەت، ۋاپا بىلەن ياشىدىڭ. ئاشۇ پەزىلەتلىرىڭ بىلەن مەندەك بىر يىگىتنىڭ يۈرىكىگە ئىشق ئوتى تۇتاشتۇردۇڭ. ۋۇجۇدۇمنى گۈلخان قىلىپ ياندۇردۇڭ. بۇمۇ ھەرقانداق ئۇلۇغلۇقتىن قېلىشمايدۇ.

ھەئە، قىزلىق پەزىلىتىنى بىلىش، قىزلىق نازاكىتى بىلەن ياشاشمۇ ئۇلۇغلۇقتۇر.

بىلەمسەن، گۈل، مەن ئاپتوموبىللارغا، ئاپتوموبىل رولىنى تۇتقان ھالدا غادىيىپ ئولتۇرغانلارغا ئۆچ بولۇپ كەتتىم. ئۇلار ھېلىھەم ئاپتوموبىل سىگنالىنى بولۇشىغا بېسىپ، ماي تەپكىسىنى بولۇشىغا دەسسەپ ئەزرائىلدەك چېپىشىدۇ. سۆيۈملۈك گۈلۈمنى ئاشۇنداق سوقۇپ توزۇتۇۋەتكىنىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمەيدۇ، شۇڭا ئۇلارغا نەپرەتلىنىمەن.

ئاپتوموبىل سىگناللىرىنىڭ قۇلىقىمغا ئەزرائىلنىڭ ئاۋازىدەك مۇدھىش ئاڭلىنىدىغانلىقىنى ئۇلار ھەرگىز بىلمەيدۇ.

شۇڭا، ئۇلارغا ئۆچلۈكۈم كېلىدۇ.

دوستلىرىم مەندىن «شۇنچە يىراقتىكى قەبرىستانلىقتا نېمىشقا پىيادە چىقىسەن؟» دەپ سورىشىدۇ.

بەلكىم سەنمۇ شۇنداق ئويلىغانسەن.

ئاڭلا، گۈلۈم، بۇ مېنىڭ قەسىمىم، سېنى ئاشۇ قەبرىستانلىققا دەپنە قىلغان كۈنى قىلغان قەسىمىم، جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، قەبرەڭگە مانا مۇشۇنداق پىيادە چىقىمەن، ھېلىقى مۇدھىش ئاپتوموبىللارغا ھەرگىز ئولتۇرمايمەن.

كىشىلەر قەبرىستانلىقنى سۈرلۈك، قورقۇنچلۇق بولىدۇ، دېيىشىدىكەن. ئەمما، مەن ئۇچۇن ئۇنداق ئەمەس، بولۇپمۇ سېنى دەپنە قىلغان كۈندىن باشلاپ.

ھەر قېتىم قەبرەڭ بېشىغا چىققىنىمدا يۈيۈنىمەن، چاچ ـ ساقاللىرىمنى ياسىتىمەن، پاكىز كىيىملىرىمنى كىيىمەن، ئۇستىبېشىمغا سەن ئامراق ئەتىرنى چاچىمەن تېخى، خۇددى گۈل ـ گۈلىستانلىق باغى ئىرەمگە سەيلىگە چىققاندەك.

گۈلۈمنىڭ روھى بۇ تۇرقۇمنى كۆرسە، ھاياتنى ھېلىھەم ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن سۆيۈپ ياشاۋاتقانلىقىمنى بىلسۇن، ئەمىن تاپسۇن، دەيمەن.

سىزىۋاتامسەن، گۈلۈم، سەن ماكان تۇتقان چىمەنلىككە ئاخىر يېتىپ كەلدىم. نېمىشقىكىن قەبرەڭ جايلاشقان بۇ مازارلىققا يېقىنلاشسام قەلبىمدىكى ئازابلىق تۇيغۇلار بىردىنلا غايىب بولۇپ كېتىدۇ. خاتىرجەم، ئازادە بولۇپ قالىمەن، چۈنكى بۇ يەردە سەن بار، سۆيگەن ئاشىقى بىلەن دىدارلىشىشتىن كىممۇ خۇشاللىق تاپمىسۇن؟ ! قەبرەڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى ساڭا ئەڭ يېقىن تۇرغاندەك ھېس قىلىمەن، خۇددى نازۇك قامىتىڭنى قۇچاقلىغاندەك، ئەنبەر تىنىقىڭنى ھىدلىغاندەك، بۇلبۇلدەك يېقىملىق ئاۋازىڭنى ئاڭلىغاندەك، مۇلايىم، ھايالىق كۆزلىرىڭنى تاماشا قىلغاندەك.

مانا سۆيۈملۈك قەبرەڭگە يېقىنلىشىۋاتىمەن، گۈلۈم، ئاشۇ

www.uyghurkitap.com

بىر دۆۋە تۇپراق كۆزۈمگە سەن بولۇپ كۆرۈنۈۋاتىدۇ...

ياق! ياق! بۇ مۇمكىنمۇ؟

قەبرەڭنىڭ بېشىدا ئۆزۈڭ تۇرىسەنغۇ، گۈلۈم، بېشىڭدا ھاۋا رەڭ رومال، ئۇچاڭدا ھاۋا رەڭ كۆڭلەك، يەنە تېخى قولۇڭدا بىر بوۋاق ۋە بىر دەستە گۈل.

ئاھ، تەڭرىم، بۇ راستلا سەن. ياق، سەن ئەمەس، ياق، سەن! سەن ئۆزۈڭ، گۈلۈم!

ئاياغلىرىم مىخلىنىپ بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇپ قالدىم. ھاياجىنىمنى بېسىپ، كۆزۈمنى يوغان ئېچىپ، تەمكىنلىك بىلەن نەزەر تاشلىدىم.

راست كۆرۈپتىمەن، گۈلۈمنىڭ قەبرە بېشىدا ھاۋا رەڭ رومال، ھاۋا رەڭ كۆڭلەكلىك بىر گۈل تۇراتتى، ئوڭ قولىدا بوۋاق، سول قولىدا بىر دەستە گۈل.

ھەرقانداق ئازابلار ئالدىدا يىگىتلىك غۇرۇرۇمغا ئېلىپ يىغلىمىغانىدىم، شۇ تاپتا بولدۇقلاپ چىقىۋاتقان كۆز ياشلىرىمنى توختىتىۋېلىشقا ئامالسىز قالدىم. چۈنكى، گۈلۈمنىڭ قەبرە بېشىدا تۇرغان گۈل باشقا بىرسى ئەمەس، دەل مېنىڭ خوتۇنۇم — يارىلانغان يۈرىكىمگە بەرگىلىرىدىكى شەبنەملىرى بىلەن مەلھەم بولۇپ تۇرۇۋاتقان سۆيۈملۈك گۈلۈم ئىدى.

بىلىپ تۇرۇپتىمەن، گۈلۈم، بۇ گۈلنىڭ قەبرەڭ بېشىغا چىققىنىدىن روھىڭ قىلچىلىك قورۇنمىدى. چۈنكى، سەن سۆيگەن كىشىسىگە بەخت تىلەشنى بىلىدىغان، سۆيگەن كىشىسىنىڭ بەختىدىن ھېس قىلىدىغان پەزىلەتلىك گۈل ئىدىڭ.

راستىنى ئېيتسام، شۇ دەقىقىدە بىر ئاز خىجىللىق ھېس قىلىۋاتىمەن، گۈلۈم. چۈنكى، شۇ چاغقىچە قەبرەڭ بېشىغا يالغۇز چىققانىدىم، قەبرەڭنى ھەر دائىم يوقلاۋاتقىنىمنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپ كەلگەنىدىم. سەۋەبى ئۇنىڭ ئاياللىق

غۇرۇرىنى ئايىغان، ھۆرمەت قىلغانىدىم.

مانا بۈگۈن قەبرەڭ بېشىغا ئۈمۈ چىقىپتۇ، مەندىن يوشۇرۇنچە چىقىپتۇ تېخى.

ئەمدى قەبرەڭنى يالغۇز يوقلىمايدىغان ئوخشايمەن.

ساڭا ئوخشاش بۇ ۋاپادار گۈلۈم بىلەن، يەنە تېخى ئۈنىڭ قۇچىقىدىكى سۆيگۈمىزدىن شاخ ئايرىغان غۇنچە گۈلۈم — پەرزەنتىم بىلەن بىللە يوقلايدىغان ئوخشايمەن.

گۈلۈمنىڭ قەبرىسى يېنىغا قانداق مېڭىپ كەلگىنىمنى بىلمەيمەن.

گۈلۈمنىڭ قەبرە بېشىدا گۈلۈمنى ھەم ئۈنىڭ قۇچىقىدىكى ئوماق غۇنچە گۈلۈمنى قوشۇپ باغرىمغا باستىم. گۈلۈمنىڭ كۆز يېشى كۆز ياشلىرىمغا قوشۇلۇپ، گۈلۈمنىڭ قەبرىسىدىن ئۈنۈپ چىققان يۇمران كوكاتلارغا تۆكۈلدى.

ھەئە، ئەمدى چۈشەندىم. سۆيگۈ - مۇھەببەت گۈلگە ئوخشايدۇ. گەرچە گۈلنىڭ ئۆمرى قىسقا بولسىمۇ، ساداقەت، ۋاپا بېغىدا ئايىنغان گۈللەر مەڭگۈ توزۇماي ئېچىلىپ تۇرىدۇ.

2010 - يىلى ئاپرېل، يەكەن

www.uyghurkitap.com

# يۇلتۇز، كۆزۈڭنى قىسما (ھېكايىلەر)


ئاپتورى: ياسىنجان سادىق

مەسئۇل مۇھەررىرى: زىلەيخا ئەزىز

مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەۋەر ئىبراھىم

تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تېلېفون: 0991 - 2827472

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830001

باسقۇچى: بېيجىڭ شۇنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى

تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 14.25

نەشرى: 2013 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى

باسمىسى: 2013 - يىلى 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىراژى: 1 - 3000

كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 17044 - 9

باھاسى: 40.00 يۈەن